国家出版基金项目
دۆلەتنىڭ نەشر
فوندى تۈرى

«قەشقەر» مەجمۇئەسى (12)

# قەشقەر

# ئۇيغۇر فولكلور مەدەنىيىتى



قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى

دۆلەت نەشرىياتچىلىق فوندىنىڭ ياردەم
مەبلىغىگە ئېرىشكەن ئەسەر

国家出版基金资助项目

国家出版基金项目
NATIONAL PUBLICATION FOUNDATION

«قەشقەر» مەجمۇئەسى (12)

# قەشقەر

# ئۇيغۇر فولكلور مەدەنىيىتى

تۈزگۈچى: ئابدۇكېرىم رەھمان
ئادىل مۇھەممەت

قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى

丛书的本册科学系统地价绍了喀什噶尔维吾尔民俗文化的概况，及其各时代和地域的差异、特点等内容。


مەسئۇل مۇھەررىرى: **ئابلىز ئۆمەر ئەنجانى**

مەسئۇل كوررېكتورى: **بەختىيار ئابلىمىت**


**«قەشقەر» مەجمۇئەسى (12)**

# قەشقەر ئۇيغۇر فولكلور مەدەنىيىتى


تۈزگۈچىلەر: **ئابدۇكېرىم رەھمان**
**ئادىل مۇھەممەت**


---


قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى نەشر قىلىپ تارقاتتى
(قەشقەر شەھىرى تاربوغوز يولى 14 - قورۇ، پوچتا نومۇرى: 844000)
جايلاردىكى شىنخۇا كىتابخانىلىرىدا سېتىلىدۇ
قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى باسما زاۋۇتىدا بېسىلدى
فورماتى: 880×1230 م م 1 / 32
باسما تاۋىقى: 13.125 قىستۇرما ۋارىقى: 2
2012 - يىلى 7 - ئاي 1 - نەشرى
2012 - يىلى 7- ئاي 1 - بېسىلىشى
تىراژى: 1 — 3000

---

ISBN 978 –7 –5373 – 2711 – 4
باھاسى: 39.00 يۈەن
سۈپەتتە مەسىلە كۆرۈلسە ئالماشتۇرۇپ بېرىلىدۇ
تېلېفون: 0998 — 2653927

## «قەشقەر» مەجمۇئەسىنى تۈزۈش ھەيئىتى

باش پىلانلىغۇچى: ئىسمائىل تىلىۋالدى

مۇدىرلار: لىيۇ چاڭمىڭ

مىجىت قادىر

مۇئاۋىن مۇدىرلار: جاڭ شىنتەي

گۈلشەن تۇراخۇن

ئىمىن ئەھمىدى

جاۋ شىنيۇ

مۇتەللىپ توختى

ھەيئەتلەر: ئابدۇكېرىم راخمان

ئادىل مۇھەممەت

نىيې گۇاڭيۇ

كېرىمجان ئابدۇرېھىم

ئابلاجان سىيىت

ئەركىن ئەمەت

باش تۈزگۈچى: ئادىل مۇھەممەت

# 《喀什噶尔》系列丛书编委会

总策划：司马义·铁力瓦尔地

主　任：刘长明
米吉提·卡德尔

副主任：张新泰
古力先·吐拉洪
依明·艾合买提
赵新尉
木太力甫·托合提

委　员：阿布都克力木·热合曼
阿迪力·穆罕默德
聂光玉
克力木江·阿布都热依木
阿布拉江·色依提
艾尔肯·艾麦提

主　编：阿迪力·穆罕默德

# كىرىش سۆز

قەشقەر ئاسىيا - ياۋروپا چوڭ قۇرۇقلۇقىنىڭ ئوتتۇرىسىغا، ۋەتىنىمىزنىڭ غەربىي شىمالىغا، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ غەربىي جەنۇبىي قىسمىغا جايلاشقان. قەشقەر ۋىلايىتىگە 12 ناھىيە (شەھەر) تەۋە بولۇپ، ئۇ ئۇيغۇرلار ئاساسىي گەۋدە قىلىنغان، كۆپ مىللەت توپلىشىپ ئولتۇراقلاشقان رايون. ئومۇمىي يەر كۆلىمى 137 مىڭ 600 كىۋادرات كىلومېتىر، نوپۇسى 3 مىليون 690 مىڭدىن كۆپرەك.

قەشقەر قەدىمدىن تارتىپ ئېلىمىزنىڭ ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك رايونى بىلەن ئىقتىساد، مەدەنىيەت ئالاقىسى قىلىپ كەلگەن. غەربىي خەن سۇلالىسىنىڭ شىنجۆ 2- يىلى (مىلادىيەدىن ئىلگىرىكى 60- يىلى) خەن سۇلالىسى شىنجاڭدا غەربىي يۇرت قورۇقچىبەگ مەھكىمىسى تەسىس قىلغاندىن كېيىن، قەشقەر رايونى غەربىي يۇرتنىڭ بىر قىسمى سۈپىتىدە ۋەتىنىمىزنىڭ خەرىتىسىگە رەسمىي كىرگۈزۈلگەن. 15- ئەسىردە دېڭىز يولى ئېچىلىشتىن ئىلگىرى قەشقەر ئىزچىل تۈردە قەدىمىي «يىپەك يولى» دىكى قاتناش تۈگۈنى سۈپىتىدە، شەرق بىلەن غەربنىڭ ئىقتىساد، مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇشىدا مۇھىم رول ئوينىغانىدى.

قەشقەر ئۇيغۇرلارنىڭ قەدىمىي كىلاسسىك مەدەنىيەت - سەنئىتىنىڭ بۆشۈكى. قەشقەردە بارلىققا كەلگەن «سۇلى نەغمىلىرى» ئوتتۇرا تۈزلەڭلىككە تارقىلىپ، ئېلىمىزنىڭ نەغمە ۋە ئۇسسۇلىنىڭ تەرەققىياتىغا چوڭقۇر تەسىر كۆرسەتكەن؛ «قۇتادغۇبىلىك»، «تۈركىي تىللار دىۋانى»، «تارىخى رەشىدىي»، «ئون ئىككى مۇقام» قاتارلىق ئۆلمەس مەدەنىيەت - سەنئەت جەۋھەرلىرى دۇنياغا مەشھۇر بولۇپ، جۇڭخۇا مىللەتلىرىنىڭ مەدەنىيەت خەزىنىسىنى بېيىتقانىدى. قەشقەرنىڭ شارائىتى ئەۋزەل، بايلىقى مول، ئۆزگىچە يەرلىك مەدەنىيەت ئالاھىدىلىكىگە ئىگە «سېۋە - چېۋە ماكانى» ۋە «ناخشا - ئۇسسۇل

ماكانى» دېگەن ئېسىل نامى بار. قەشقەر ئۆزىنىڭ مول ۋە كۆپ قاتلاملىق، يەرلىك ۋە قويۇق مىللىي ئالاھىدىلىككە ئىگە تارىخى، مەدەنىيەت ئاساسى بىلەن شىنجاڭنىڭ ئىخچام كۆرۈنۈشىگە سىمۋول بولۇپ قالغانىدى. «قەشقەرگە بارمىسىڭىز شىنجاڭغا بارغان بولمايسىز» دېگەن سۆز دەل مۇشۇ ئاساستا بارلىققا كەلگەن بولۇپ، بۇ سۆز قەشقەرنى دۆلەت ئىچى ۋە سىرتىدىكى ساياھەتچىلەر تەلپۈنىدىغان سىرلىق بىر جايغا ئايلاندۇرغانىدى.

يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن مەركەز ۋە شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم، خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ توغرا رەھبەرلىكىدە قەشقەردىكى ھەر مىللەت خەلقى جاپاغا چىداپ ئىگىلىك يارىتىپ، ئىتتىپاقلىشىپ كۈرەش قىلىپ، پۇختا ۋە ساغلام بولغان، ھاياتىي كۈچكە تولغان سوتسىيالىستىك ماددىي مەدەنىيلىك ۋە مەنىۋى مەدەنىيلىك قۇرۇلۇشىنى بەرپا قىلدى، بولۇپمۇ ئىسلاھات ئېلىپ بېرىلغان، ئىشىك ئېچىۋېتىلگەن 30 يىلدىن بۇيان قەشقەرنىڭ قىياپىتىدە مەملىكىتىمىز ۋە ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ باشقا جايلىرىغا ئوخشاشلا غايەت زور ئۆزگىرىشلەر بولدى. ھازىر قەشقەر مەملىكەت بويىچە ئەڭ چوڭ ۋىلايەت دەرىجىلىك تاۋار پاختا ئىشلەپچىقىرىش بازىسىغا ئايلاندى؛ ئاشلىق جەھەتتە ئۆزىنى تەمىنلەپ ئېشىنىدىغان بولدى؛ نېفىت، توقۇمىچىلىق، ئېلېكتىر، خىمىيە سانائىتى، كۆمۈر، قۇرۇلۇش ماتېرىياللىرى ۋە يېزا ئىگىلىك قوشۇمچە كەسىپ مەھسۇلاتلىرىنى پىششىقلاپ ئىشلەشنى ئاساس قىلىدىغان سانائەت سىستېمىسى دەسلەپكى قەدەمدە شەكىللەندى؛ مول ۋە رەڭدار ساياھەت بايلىقى، چاقناپ تۇرىدىغان پارلاق تارىخىي مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى، ھەيۋەتلىك تەبىئىي مەنزىرىلەر ۋە ئۆزگىچىلىككە ئىگە مىللىي ئۆرپ-ئادەتلىرى قەشقەرنى مەملىكەت ئىچى ۋە سىرتىغا تونۇتۇپ، ساياھەتچىلىكنى تەرەققىي قىلدۇرىدىغان قايناق زېمىنغا ئايلاندۇردى؛ قەشقەردە سىياسىي، ئىجتىمائىي ۋەزىيەت مۇقىم، ئىقتىساد راۋاجلانغان، مىللەتلەر ئىتتىپاق، چېگرا مۇداپىئەسى مۇستەھكەم بولغان، ئىشىك سىرتقا يەنىمۇ كەڭ ئېچىۋېتىلگەن، خەلقىنىڭ تۇرمۇش سەۋىيەسى

ئۆزۈكسىز يۇقىرى كۆتۈرۈلگەن ۋەزىيەت بارلىققا كەلدى. دۆلەتنىڭ غەربىي كەڭ ئېچىش ئىستراتېگىيەسىنى يولغا قويۇشى قەشقەرنىڭ تەرەققىياتى ئۈچۈن مىسلىسىز ياخشى تارىخىي پۇرسەت ئېلىپ كەلدى. مەن قەشقەردىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ بۇ پۇرسەتنى چىڭ تۇتۇپ، ئېچىۋېتىش دائىرىسىنى يەنىمۇ كېڭەيتىپ، جۇغراپىيەلىك ئەۋزەللىك بىلەن بايلىق ئۈستۈنلۈكىنى جارى قىلدۇرۇپ، قەشقەردە كەڭ ئېچىۋېتىش، كەڭ تەرەققىي قىلدۇرۇشتەك يېڭى ۋەزىيەت يارىتىپ، قەشقەردىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئورتاق تىرىشىشى ۋە جاپالىق ئەمگىكى ئارقىلىق قەشقەردىن ئىبارەت «يىپەك يولىدىكى مەرۋايىت» نى تېخىمۇ جۇلالاندۇرىدىغانلىقىغا قەتئىي ئىشىنىمەن.

«قەشقەر» مەجمۇئەسى قەشقەرنىڭ سوتسىيالىستىك مەنىۋى مەدەنىيلىك قۇرۇلۇشىنىڭ يەنە بىر مول مېۋىسى بولۇپ، بۇ مەجمۇئەدە تارىخىي ماتېرىيالىزملىق، دىيالېكتىكىلىق ماتېرىيالىزملىق نۇقتىئىنەزەردە چىڭ تۇرۇش ئاساسىدا قەشقەرنىڭ تەبىئىي جۇغراپىيەسى، ھەرقايسى دەۋرلەردىكى تارىخى، مەدەنىيەت - سەنئىتى، سىياسىي - ئىقتىسادى ۋە ئىجتىمائىيىتى قاتارلىق جەھەتلەردىكى ئەھۋاللار ئوبيېكتىپ ۋە چىنلىق بىلەن بايان قىلىنغان، بولۇپمۇ بۇ مەجمۇئەدە جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغاندىن بۇيان، قەشقەردىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ مەركەز ۋە شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم، خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ رەھبەرلىكىدە قەلبداش، ھەمنەپەس، تەقدىرداش بولۇپ، قولنى قولغا تۇتۇشۇپ سوتسىيالىستىك يېڭى قەشقەر قۇرۇپ چىققانلىقىدەك شانلىق تارىخى نۇقتىلىق بايان قىلىنغان. بۇ مەجمۇئەنىڭ مەزمۇنى مول، ماتېرىياللىرى ئەينەن، سان - سېپىرلار توغرا بولۇپ، ئۇ قەشقەرنىڭ يەرلىك ئەھۋالىنى سىستېمىلىق ۋە ئومۇمىيۈزلۈك ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرىدىغان، قەشقەرنى چۈشىنىش ۋە قەشقەرنى مەملىكەت ئىچى ۋە سىرتىغا تونۇشتۇرۇشتا كەم بولسا بولمايدىغان، بىرقەدەر يۇقىرى ئىلمىي ۋە پايدىلىنىش قىممىتىگە ئىگە «قامۇس» بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

مەن كۆپچىلىكنىڭ، بولۇپمۇ ھەر دەرىجىلىك كادىرلارنىڭ

قەشقەرنىڭ يەرلىك تەزكىرە — قامۇسى ھېسابلانغان بۇ مەجمۇئەنى ئوقۇپ، ئۇنىڭدىن پايدىلىنىپ ۋە ئىلھام ئېلىپ، شۇ ئارقىلىق يەرلىك تەزكىرىنىڭ «ھاكىمىيەت يۈرگۈزۈشكە ياردەم بېرىش، تارىخنى ساقلاش، خەلقنى تەربىيەلەش» تىن ئىبارەت ئىجتىمائىي رولىنى ئەڭ زور دەرىجىدە جارى قىلدۇرۇپ، ئۇنى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ ئىككى مەدەنىيلىك قۇرۇلۇشى، جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش ئىشلىرى ئۈچۈن تېخىمۇ ياخشى خىزمەت قىلدۇرۇشنى ئۈمىد قىلىمەن.



2009- يىلى 1- يانۋار، بېيجىڭ

(مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى)

# نەشرىياتتىن

«‹يىپەك يولى› دىكى مەرۋايىت» دەپ نام ئالغان قەشقەرنىڭ تارىخى ئۇزاق، مەدەنىيىتى مول ھەم رەڭگارەڭ بولۇپ، ئۆزگىچە يەرلىك ئالاھىدىلىكى بىلەن داڭ چىقارغان. قەشقەر بوستانلىقى بولسا ئۇيغۇر مەدەنىيەت بۆشۈكلىرىنىڭ بىرى ھەم ئۇزاق ئەسىرلىك تارىخي تەرەققىيات جەريانىدا قەدىمكى ئەنئەنىۋى مەدەنىيەت ئۈزۈلمەي جۇغلانغان، ئىزچىللاشقان ۋە يېڭىلىق يارىتىپ، تەرەققىي قىلىپ كەلگەن جاي.

قەشقەرنىڭ تارىخ ـ مەدەنىيىتىنى سىستېمىلىق، تولۇق تونۇشتۇرۇش نۆۋەتتە شىنجاڭ ئاخبارات ـ نەشرىياتچىلىق ساھەسىدىكى مۇھىم، تەخىرسىز خىزمەت بولۇپ، نەشرىياتىمىز نەشر قىلىۋاتقان «قەشقەر» مەجمۇئەسى مۇشۇ ساھەدىكى بوشلۇقنى تولدۇرىدىغان، قەشقەرنىڭ قويۇق مىللىي ئالاھىدىلىكى ۋە يەرلىك ئالاھىدىلىكىنى نامايان قىلىدىغان مەجمۇئە بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

«قەشقەر» مەجمۇئەسى جەمئىي 30 كىتاب بولۇپ، ئۇ قەشقەرنىڭ تارىخى، جۇغراپىيەسى، مەدەنىيىتى، مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى، ئارخېئولوگىيەسى، ئېكسپېدىتسىيەسى، قەدىمكى ئەسەرلىرى، مائارىپى، سەنئىتى، فولكلور مەدەنىيىتى، مىللەتلەر، دىن، ئۇيغۇر تېبابەتچىلىكى، قاتنىشى، ساياھەتچىلىكى، يەر ناملىرى، ئاخبارات ـ نەشرىياتچىلىقى، تەبىئىي جۇغراپىيەسى، كىلاسسىك ئەدەبىياتى، خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى، ئەدىبلىرى، ئۇيغۇر دولان مەدەنىيىتى، قول ھۈنەرۋەنچىلىك سەنئىتى، مەشھۇر شەخسلەر، چوڭ ئىشلار خاتىرىسى، ئىلمىي مەنبەلىرىدىكى قەشقەر ۋە چەت ئەللىكلەر نەزەرىدىكى قەشقەر قاتارلىق مەزمۇنلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. پۈتۈن مەجمۇئەدىن قەشقەرنىڭ ئۆتمۈشى، يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىنكى غايەت زور ئۆزگىرىشلەر، ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش جەريانىدا قولغا كەلگەن نەتىجىلەر ۋە قەشقەرنىڭ كەلگۈسىنى

كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ.

«قەشقەر» مەجمۇئەسى مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى ئىسمائىل تىلىۋالدىنىڭ غەمخورلۇقى ۋە پىلانلىشى، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق ئاخبارات - نەشرىيات ئىدارىسى باشلىقلىرىنىڭ بىۋاسىتە يېتەكچىلىك قىلىشى ۋە ئۇيۇشتۇرۇشى، بىر تۈركۈم ئالىم، مۇتەخەسسىسلەرنىڭ تەكشۈرۈپ بېكىتىشى ئارقىسىدا ۋۇجۇدقا چىققان ئەل رايى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشى بولۇپ، ئۇ قەشقەرنى دۆلەت ئىچى - سىرتىغا تەشۋىق قىلىدىغان، قەشقەرنى چۈشىنىشنى ئىلگىرى سۈرىدىغان، «شىنجاڭ كىتاب خەزىنىسى»دىكى نۇقتىلىق تۈردۇر.

بىز بۇ مەجمۇئەنىڭ نەشر قىلىنىش مۇناسىۋىتى بىلەن «قەشقەر» مەجمۇئەسىنى تۈزۈش ھەيئىتىدىكى رەھبەرلەرگە، ئالىم، مۇتەخەسسىسلەرگە ۋە ئاپتورلارغا ئالاھىدە رەھمەت ئېيتىمىز.

2009 - يىلى 1 - ماي، قەشقەر

# تۈزگۈچىدىن

فولكلور مەدەنىيىتى — خەلق ئاممىسى تەرىپىدىن ئىجاد قىلىنغان ھەم تارقىتىلغان ماددىي بايلىق ۋە مەنىۋى بايلىقلارنىڭ ھەرقايسى تەرەپلىرىدە ئىپادىلەنگەن ئاممىۋى مەدەنىيەت ھادىسىسىدۇر. بۇ خىل مەدەنىيەت ھادىسىلىرى ئىنسانلارنىڭ پۈتكۈل ئىجتىمائىي پائالىيەتلىرى بىلەن زىچ باغلىنىپ، ئۇلارنىڭ كۈندىلىك تۇرمۇش مەزمۇنىنىڭ تەركىبىي قىسمىغا ئايلانغاچقا، «فولكلور مەدەنىيىتى» («culture folkloriehtic») دەپ ئاتالغان، فولكلورلۇق تۈسكە ئىگە بۇ خىل مەدەنىيەتنىڭ شەكىللىنىشى ئىقتىسادىي، سىياسىي، ئىجتىمائىي، دىن، پسىخىكا، جۇغراپىيە، مۇھىت ۋە تىل- ئەدەبىيات قاتارلىق كۆپ تەرەپلىملىك ئامىللارغا باغلىق بولىدۇ. ئۇنىڭدىن تاشقىرى، بەلگىلىك تارىخىي جەريانمۇ بىرەر يېڭى فولكلورلۇق مەدەنىيەت ھادىسىسىنىڭ پەيدا بولۇشىنى ئوبيېكتىپ جەھەتتىن مۇئەييەن ئاساس بىلەن تەمىنلەيدۇ.

ئۇيغۇرلار — قەدىمىي، مەدەنىيەتلىك مىللەتلەرنىڭ بىرى. ئۇيغۇر خەلقى ئۆزىگە خاس فولكلور مەدەنىيەت ئەنئەنىسىگە ئىگە. ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ ئۇزاق ئەسىرلىك تارىخىي تەرەققىياتى جەريانىدا پارلاق ۋە يۈكسەك بولغان كۆپ قاتلاملىق مىللىي مەدەنىيىتىنى بەرپا قىلىپ، دۇنيانىڭ مەدەنىيەت خەزىنىسىگە مۇناسىپ تۆھپە قوشقان.

ئۇيغۇرلارنىڭ باي ۋە رەڭدار فولكلور مەدەنىيىتىنى ۋە ئۇنىڭ تارىخىي ئۆزگىرىش جەريانلىرىنى ئۆگىنىش، تەتقىق قىلىش بىر تەرەپتىن ئۇيغۇرلارنىڭ فولكلور مەدەنىيىتىنى قوغداش، ۋارىسلىق قىلىش ۋە تەرەققىي قىلدۇرۇشتا ئاكتىپ رول ئوينايدۇ؛ يەنە بىر تەرەپتىن پۈتكۈل ئىنسانىيەت مەدەنىيەت مىراسلىرىنى قوغداش ۋە ئېچىش خىزمىتىنىڭ تەركىبىي قىسمى سۈپىتىدە ئىنتايىن مۇھىم

ئەھمىيەتكە ئىگە.

قەشقەرنىڭ فولكلور مەدەنىيىتى ئۇيغۇرلارنىڭ ماددىي فولكلور مەدەنىيىتى، ئىجتىمائىي فولكلور مەدەنىيىتى، ئېتىقاد فولكلور مەدەنىيىتى ۋە ئەدەبىيات - سەنئەت فولكلور مەدەنىيىتى قاتارلىق مەزمۇنلاردىن تەركىب تاپقان. بۇ كىتابتا قەشقەر ئۇيغۇر فولكلور مەدەنىيىتىنىڭ بارلىققا كېلىشى، تەرەققىي قىلىشى ۋە ئىزچىللىقى، ئۇيغۇر فولكلور مەدەنىيىتىنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالى، ماكان - زاماندىكى پەرقى، شۇنداقلا رايون ئالاھىدىلىكى ئىلمىي، سىستېمىلىق ھالدا بايان قىلىنغان. بۇ مەزمۇنلار ئۇيغۇر تارىخ - مەدەنىيىتىنى ئۆگىنىش، تەتقىق قىلىش، كەڭ ياشلار - ئۆسمۈرلەرگە ئۇيغۇر ئۆرپ - ئادەت مەدەنىيىتى ئارقىلىق غايە، ئەخلاق تەربىيەسى ئېلىپ بېرىشتا مۇھىم بىر پايدىلىنىش ماتېرىيالى بولالايدۇ.

2012 - يىلى 19 - فېۋرال

# مۇندەرىجە

## بىرىنچى بۆلۈم ئۇيغۇرلارنىڭ ماددىي فولكلور مەدەنىيىتى


بىرىنچى باب ئۇيغۇرلارنىڭ ماددىي ئىشلەپچىقىرىش ئادەتلىرى 3

1. ئوۋچىلىق ..................... 4

2. بېلىقچىلىق ..................... 15

3. چارۋىچىلىق ..................... 18

4. دېھقانچىلىق ..................... 25

5. باغۋەنچىلىك ..................... 30

6. كۆكتاتچىلىق ..................... 36

ئىككىنچى باب ئۇيغۇرلارنىڭ ھۈنەر ـ كەسىپ ئادەتلىرى.... 37

1. قول ھۈنەر كەسپى ۋە ئۇنىڭ تەرەققىياتى.......... 37

ئۈچىنچى باب ئۇيغۇرلارنىڭ سودا، تاۋار ئالماشتۇرۇش ئادەتلىرى 54

1. سودا ـ سېتىق ئادىتى.......... 58

تۆتىنچى باب ئۇيغۇرلارنىڭ قاتناش ـ تىرانسپورت ئادەتلىرى... 66

1. يول قاتنىشى ..................... 66

2. قاتناش قوراللىرى ..................... 72

3. سۇ قاتنىشى ..................... 75

بەشىنچى باب ئۇيغۇرلارنىڭ ئولتۇراقلىشىش ئادەتلىرى......... 78

1. تۇرالغۇلىرى ۋە ئۇنىڭ تەرەققىياتى ............ 78

2. ئۆي بىساتلىرى ..................... 91

3. ئۆي سايمانلىرى ..................... 95

ئالتىنچى باب ئۇيغۇرلارنىڭ كىيىنىش ئادەتلىرى............ 99
1. كىيىم ـ كېچەك تۈرلىرى ................................ 102
يەتتىنچى باب ئۇيغۇرلارنىڭ يېمەك ـ ئىچمەك ئادەتلىرى....... 116
1. ئاساسلىق يېمەكلىكلىرى.................................... 119
2. قوشۇمچە يېمەكلىكلىرى ..................................... 124
3. ئىچىملىكلىرى ................................................ 125
4. يېمەك ـ ئىچمەك ئادىتى ۋە ئۇلارنىڭ تۈرلىرى............... 127
5. يېمەك ـ ئىچمەك ئارقىلىق كېسەل داۋالاش.................. 133

## ئىككىنچى بۆلۈم ئۇيغۇرلارنىڭ ئىجتىمائىي فولكلور مەدەنىيىتى

بىرىنچى باب ئۇيغۇرلارنىڭ ئائىلە ـ نىكاھ، ئىجتىمائىي
مۇناسىۋەت ئادەتلىرى.................................. 141
1. ئائىلە قۇرۇلمىسى........................................... 141
2. توي ـ تۆكۈن ئادەتلىرى ................................... 153
3. ئۇيغۇرلاردا «توي» .......................................... 167
4. پەرزەنتلىك بولۇش............................................. 175
5. ئۆلۈم ـ يېتىم ئادەتلىرى..................................... 177
ئىككىنچى باب ئۇيغۇرلارنىڭ مۇراسىم ۋە ھېيت ـ بايرام
ئادەتلىرى.................................................... 191
1. ئىشلەپچىقىرىش مۇراسىملىرى ............................... 192
2. ھۈنەر ـ كەسپ مۇراسىملىرى ................................ 195
3. ئۆي سېلىش مۇراسىملىرى..................................... 198
4. دىنىي مۇراسىملار............................................. 200
5. ھېيت ـ بايرام ............................................... 209
ئۈچىنچى باب ئۇيغۇرلارنىڭ ئىجتىمائىي ئالاقە ئادەتلىرى..... 213

1 . ئىجتىمائىي ئالاقە ئادىتى......................... 213
2 . جامائەتچىلىك ئادىتى ......................... 227
تۆتىنچى باب ئۇيغۇرلارنىڭ گۈزەللىك ئادەتلىرى.......... 240
1 . گۈزەللىك ئادىتى ......................... 241
2 . تازىلىق ۋە ساغلاملىق ئادەتلىرى ......................... 247
3 . سىمۋوللۇق رەڭ چۈشەنچىلىرى ......................... 248
بەشىنچى باب ئۇيغۇرلارنىڭ ئىسىم قويۇش ئادەتلىرى.......... 255
1 . ئۇيغۇر ئىسىملىرىنىڭ تارىخى ۋە مەدەنىيەت قاتلىمى... 255
2 . ئۇيغۇرلارنىڭ ئىسىم قويۇش ئادىتى ۋە ئىسىملىرىدىكى ئالاھىدىلىك......................... 259

## ئۈچىنچى بۆلۈم ئۇيغۇرلارنىڭ ئېتىقاد فولكلور مەدەنىيىتى

بىرىنچى باب ئۇيغۇرلارنىڭ ئېتىقاد ئادەتلىرى.......... 267
1 . ئىپتىدائىي دىنىي ئېتىقاد ئادەتلىرى ......................... 267
2 . توتېم ئېتىقادى ......................... 279
ئىككىنچى باب ئۇيغۇرلارنىڭ دىنىي ئېتىقاد ئادەتلىرى.......... 284
1 . شامان دىنى ......................... 285
2 . بۇددا دىنى......................... 288
3 . زورو ئاستېر (ئاتەشپەرەسلىك) دىنى ......................... 289
4 . مانى دىنى......................... 291
5 . ئىسلام دىنى ......................... 291
6 . خىرىستىيان (نېستورى) دىنى ......................... 297
ئۈچىنچى باب ئۇيغۇرلارنىڭ ئېتىقاد تۈسىنى ئالغان خۇراپىي ئادەتلىرى......................... 399
1 . سېھرىي ئادەتلەر ......................... 300

تۆتىنچى باب ئۇيغۇرلارنىڭ ئېتىقاد ئادەتلىرىدىكى مۇقەددەسلىك 323
1. سان مۇقەددەسلىكى ........ 323
2. مۇقەددەس تەرەپلەر ................ 335
بەشىنچى باب ئۇيغۇرلاردا ئېتىقاد تۈسىنى ئالغان پەرھىزلىك ئادەتلەر................... 339

## تۆتىنچى بۆلۈم ئۇيغۇرلارنىڭ ئەدەبىيات ـ سەنئەت فولكلور مەدەنىيىتى

بىرىنچى باب ئۇيغۇرلارنىڭ تىل ئادەتلىرى.......... 353
1. ئاغزاكى تىل ئادەتلىرى ................. 354
2. نەزمىي تىل ئادەتلىرى ................. 364
3. بىر قىسىم تىل ـ يېزىق ئادەتلىرى ........ 370
ئىككىنچى باب ئۇيغۇرلارنىڭ كۆڭۈل ئېچىش ئادەتلىرى ۋە خەلق ئويۇنلىرى.................... 377
1. كۆڭۈل ئېچىش ئادەتلىرى ............... 377
2. ئۇيغۇرلارنىڭ ئەنئەنىۋى تەنتەربىيەسى ۋە خەلق ئويۇنلىرى.................... 380
ئۈچىنچى باب ئۇيغۇرلارنىڭ سەنئەت ئادەتلىرى.......... 381
1. ناخشا ـ ئۇسسۇل ئادەتلىرى............... 381
2. مۇزىكا ئادەتلىرى.......................... 389
3. ئۇيغۇر چالغۇلىرى ۋە ئۇلارنىڭ تۈرلىرى............. 395
4. ھۈنەر ـ سەنئەت ئادەتلىرى.................. 399

## بىرىنچى بۆلۈم

# ئۇيغۇرلارنىڭ ماددىي فولكلور مەدەنىيتى

# بىرىنچى باب

## ئۇيغۇرلارنىڭ ماددىي ئىشلەپچىقىرىش ئادەتلىرى

شىنجاڭدا ياشايدىغان ھەرقايسى مىللەتلەر ئۆزلىرىنىڭ ئۇزاق تارىخىي جەريانلىرىدا رەڭمۇرەڭ ئىشلەپچىقىرىش مەدەنىيىتىنى ياراتقان. ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ ئىشلەپچىقىرىش ئادىتى ئۇلار ياشىغان تەبىئىي ۋە ئىجتىمائىي مۇھىت بىلەن زىچ باغلىنىشلىق بولۇپ، قەدىمدىن ھازىرغىچە شىنجاڭنىڭ بىر پۈتۈن ئىقتىسادىي گەۋدىسىدە تۆۋەندىكى تۆت خىل ئىپتىدائىي ئادەت شەكىللىرى كۆزگە چېلىقىدۇ:

تاغلىق (باياۋان) رايونلار ئىقتىسادىي گەۋدىسى (ئوۋچىلىق، تەبىئەتتىن تويلاپ يىغىش، ئورمانچىلىق، كانچىلىق، تېرە ۋە گۆش يېمەكلىكلىرى)؛

بېلىقچىلىق رايونلىرى ئىقتىسادىي گەۋدىسى (بېلىقچىلىق، قىسمەن دېھقانچىلىق، سۇ مەھسۇلاتلىرىنى پىششىقلاپ ئىشلەش)؛

چارۋىچىلىق رايونلىرى ئىقتىسادىي گەۋدىسى (چارۋىچىلىق، تېرە)- يۇڭ، سۈت ۋە گۆش يېمەكلىكىنى ئىشلەش، چارۋا يەم - خەشەكلىرىنى تەييارلاش)؛

دېھقانچىلىق رايونلىرى ئىقتىسادىي گەۋدىسى (ئاشلىق، ماي، پاختا- كەندىر، سەي - كۆكتات، تېرىقچىلىق، ئائىلە باقمىچىلىقى، ھۈنەر - كەسىپ).

ئۇلارنىڭ ئىچىدە دېھقانچىلىق رايونلىرى ئىقتىسادىي گەۋدىسى ئاساسلىق ئورۇندا تۇرغان بولۇپ، شىنجاڭدىكى ئاھالىلەرنىڭ مۇتلەق كۆپچىلىكى ناھايىتى قەدىمكى دەۋرلەردىن باشلاپ دېھقانچىلىق

ئىشلەپچىقىرىشى بىلەن شۇغۇللىنىپ، ئۆزىگە خاس بوستانلىق مەدەنىيىتىنى ياراتقان.

ئۇيغۇرلار ئۆزلىرىنىڭ قەدىمكى ئەنئەنىۋى ماددىي ئىشلەپچىقىرىش — تۇرمۇش شەكلى ۋە ئۆزلىرى جايلاشقان جۇغراپىيەلىك مۇھىت قاتارلىق ئالاھىدە سەۋەبلەر تۈپەيلى يۇقىرىدىكى ئىقتىسادىي گەۋدە ئىچىدىكى تۆت تۈرلۈك ئېتنىك ئادەتلىرىدىن باشقا، ئوۋچىلىقنى ئۆزلىرىنىڭ يەنە بىر خىل ئىگىلىك، تۇرمۇش شەكلى قىلىپ، ئەۋلادتىن - ئەۋلادقا ساقلاپ كېلىۋاتىدۇ. بۇ ئۇلارنىڭ مەنىۋى تۇرمۇش ئادەتلىرىدە دولان مەشرەپ - مۇقاملىرىدا ئۆز ئىپادىسىنى تاپقان، ئەكس ئەتكەن ھالدا بىر تۈرلۈك تارىخىي مەدەنىيەت قاتلىمى سۈپىتىدە ساقلىنىپ قالغان.

# 1. ئوۋچىلىق

ئوۋچىلىق — ئىپتىدائىي دەۋردىكى ئىنسانلارنىڭ ئۆزلىرىنىڭ مەۋجۇتلۇقىنى ساقلاش ۋە ئۆزلىرىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش ئېھتىياجى ئۈچۈن ئېلىپ بارغان تۇنجى تارىخىي پائالىيىتىگە ئەگىشىپ مەيدانغا كەلگەن ئىگىلىك شەكلى. ئۇ بىر خىل ئىگىلىك شەكلى سۈپىتىدە پۈتۈن ئىنسانىيەتكە ئورتاق بولغان جەمئىيەت تەرەققىيات تارىخىنىڭ بىر باسقۇچى ھېسابلىنىدۇ. ئۇ ئائىلىق ئۇرۇقداشلىق جەمئىيىتىنىڭ ئاساسىي بەلگىسى بولغان تەبىئەتتىن تېپىلاپ يىغىش باسقۇچىنىڭ داۋامى ۋە راۋاجى بولۇپ، كوللېكتىپ ئاڭنىڭ بارلىققا كېلىشىگە ئاساس بولغان. ئوۋچىلىق ئىگىلىكىنىڭ ئېھتىياجى ۋە ئۇنىڭ تەرەققىياتى، بولۇپمۇ كوللېكتىپ ئاڭنىڭ گەۋدىلىنىشى ئۇنى بىر خىل مەدەنىيەت ھادىسىسىگە ئايلاندۇرۇپ، قەدىمكى ئىنسانلارنىڭ ئىجتىمائىي تۇرمۇشىدىكى قېلىپلاشقان، سىستېمىلاشقان ۋە ئوبرازلاشقان تۇرمۇش ئادىتى تۈسىگە ئىگە قىلغان.

ئۇيغۇرلار ۋە ئۇلارنىڭ ئەجدادلىرى قەدىمدىن تارتىپ ئالتاي تېغى، تەڭرىتاغ ۋە قاراقۇرۇم تېغىدىن ئىبارەت ئۈچ چوڭ تاغ تىزمىسىنىڭ ئارىسىدا ياشاپ كەلگەن بولۇپ، بۇ كەڭ ۋادا ئوۋچىلىق ئىگىلىكى

ئۈچۈن ئەۋزەل شارائىتقا ئىگە رايونلار ئىدى. شۇڭا، ئۇيغۇرلار ئارىسىدا قەدىمكى زامانلاردىلا ئوۋچىلىق بىر پۈتۈن ئىگىلىك شەكلى سۈپىتىدە خېلى راۋاج تاپقان. بۇنى شىنجاڭدا ئېلىپ بېرىلغان ئارخېئولوگىيەلىك تەكشۈرۈشلەردە تېپىلغان كۆپلىگەن ئوۋچىلىق قوراللىرى ۋە قىيا تاش رەسىملىرىدىكى ئوۋچىلىققا ئائىت تەسۋىرىي رەسىملەر ئىسپاتلاپ بېرىدۇ. ئوۋچىلىق ئىگىلىكىنىڭ بىۋاستە مەقسىتى، ئىنسانلارنىڭ ئوزۇقلىنىش ۋە كىيىنىش ئېھتىياجىنى قامداشتىن سىرت، يەنە ھايۋانلار بىلەن دائىملىق ئۇچرىشىش نەتىجىسىدە ھايۋانات دۇنياسىنىڭ بىيولوگىيەلىك خۇسۇسىيەتلىرى بىلەن تونۇشۇپ، بىر قىسىم ھايۋانلارنى قولغا كۆندۈرۈش ئىمكانىيىتىنى ياراتتى. ھەممىدىن بۇرۇن قولغا ئۆگىتىلگەن ھايۋان ئىت، ئۇنىڭدىن كېيىنكىسى قوي ھەمدە كالا، ئات، ئۆچكە بولغانلىقى مەلۇم. ھايۋانلارنى قولغا كۆندۈرۈش باشلانغاندىن كېيىن ئۇنىڭغا ئەگىشىپ يەنە بۈركۈت ۋە قارچىغىنى قولغا ئۆگىتىش باشلانغان. مانا بۇ ئوۋچىلىق ئىگىلىكىنىڭ بىر يېڭى تەرەققىيات باسقۇچى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. ئوۋچىلىق ئىگىلىكى يەنە ئەڭ دەسلەپكى مىللىي تېبابەتچىلىكنىڭ بارلىققا كېلىشى ۋە تەرەققىي قىلىشىغا يول ئېچىپ بەرگەن. ئۇيغۇرلارنىڭ قەدىمكى دەۋرگە ئائىت دورا - دەرمەكلەر رېتسېپلىرىدىن قارىغاندا، دورا - دەرمەكلەرنىڭ مۇتلەق كۆپ قىسمى ئوۋچىلىق مەھسۇلاتلىرى ئىكەنلىكى مەلۇم. بۇغا مۈڭگۈزى، بۆكەن مۈڭگۈزى، يولۋاس سۆڭىكى، ئېيىق تاپىنى ۋە يېغى، مەستىكى، قۇندۇزقەرى، ئىپار...... قاتارلىقلار ئۇيغۇر تېبابىتىدىكى ئېسىل دورا-دەرمەكلەر ھېسابلانغان.

ئوۋچىلىق ئىگىلىكىنىڭ بارلىققا كېلىشى ۋە تەرەققىياتى ئۇيغۇرلارنىڭ ئىقتىسادىي فولكلورىدا خىلمۇخىل ئادەتلەرنى بارلىققا كەلتۈرگەن ۋە تەبىئەت بىلەن ئادەمنىڭ بىر گەۋدىلىشىشىگە ئىدىيەۋى ئاساس ياراتقان. ئۇيغۇر خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىدا ھايۋانات چۆچەكلىرىنىڭ چوڭ سالماقنى ئىگىلىشى، بىر قىسىم ھايۋانلارنى ئۇلۇغلاش ئاساسىدا شەكىللەنگەن توتېملىق ئېتىقاد ئادەتلىرىنىڭ بارلىققا كېلىشى، باتۇرلۇققا ئىنتىلىدىغان، باتۇرلۇقنى قەدىرلەيدىغان پىسخىكىلىق

روھىنىڭ يېتىلىشى قاتارلىق روھىي ھالەتلىرىمۇ بىۋاسىتە ھالدا ئوۋچىلىق ئىگىلىكىنىڭ ئىقتىدارىغا باغلىنىدۇ.

ئۇيغۇرلار كېيىنچە كۆچمەن چارۋىچىلىق ۋە ئولتۇراق دېھقانچىلىق ئىگىلىكىگە قەدەم قويغاندىن كېيىنمۇ ئەنئەنىۋى ئوۋچىلىق ئىگىلىكىنى بۇ يېڭىچە ئىگىلىك شەكىللىرى بىلەن گىرەلەشتۈرۈپ، قوشۇمچە ئىگىلىك سۈپىتىدە داۋاملاشتۇرۇپ كەلدى. يېقىنقى يىللارغا كەلگەندە، بولۇپمۇ 20 - ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدىن كېيىن ئۇيغۇرلارنىڭ ئىقتىسادىي ئىگىلىك قۇرۇلمىسىدا يۈز بەرگەن زور ئۆزگىرىشلەرگە ئەگىشىپ ئوۋچىلىق بىر خىل ئىگىلىك شەكلىدە ئۆز مەۋجۇتلۇقىنى يوقاتقان بولسىمۇ، ئوۋچىلىقنىڭ قولاي تەبىئىي شارائىتىغا ئىگە بولغان بىر قىسىم تاغلىق رايونلار ۋە شەھەردىن چەت يېزا - قىشلاقلاردا تۇرمۇشتىكى بىر خىل زوق - ھەۋەس ۋە قوشۇمچە كەسىپ سۈپىتىدە يەنىلا داۋاملىشىپ كەلمەكتە. شۇنىڭ بىلەن بىللە بۇ رايونلاردا ئەجدادلىرىمىزنىڭ ئوۋچىلىق دەۋرىدىكى ئادەت - ئەنئەنىلىرىمۇ ئەينەن ياكى ئۆزگەرگەن ھالەتتە ساقلىنىپ كەلمەكتە. مەسىلەن، قاغىلىق ناھىيەسىنىڭ چوپان، ئۇششاقباش ھەمدە پامىر ئېگىزلىكى بىلەن تەڭرىتاغ تىزمىلىرىنىڭ تۇتاشقان بۇرجىكىگە جايلاشقان ئويتاغ قاتارلىق تاغلىق رايونلاردا ئوۋچىلىق قوشۇمچە ئىگىلىك شەكلىدە ئۆزىنىڭ رولىنى جارى قىلدۇرۇپ كەلمەكتە. بۇ رايونلاردا 20 - ئەسىرنىڭ 40 - يىللىرىدىن بۇرۇن ئېيىق، يىلپىز، مارال، ئارقار، بۆرە، تۈلكە، جەرەن (كېيىك)، مولۇن، ياۋا تۆگە، سۇغۇر، سۆسەر، توشقان قاتارلىق ھايۋانلار ھەمدە بۈركۈت، لاچىن، قارچىغا، قۇرغۇي، تۇرۇمتاي، جاغالماي، ئۇلار (ئۇلاي)، جورتەك، كەكلىك، ياۋا كەپتەر، جىگدىچى، چۇلاڭ، سېرىق ئالاكۆتەن، سۇڭگۈچ، چىمچىق، تورغاي، تورۇلغا، ھۇۋقۇش، چۇغۇندەك، سايە سېغىزخىنى، سار، قاغا، قارا قۇشقاچ، ئاق قۇشقاچ، پاختەك، ياۋا ئۆردەك قاتارلىق ئۇچار قۇشلار ياشىغان[1].

گەرچە ئوۋچىلار تۇرمۇش، تىرىكچىلىكىنىڭ ئېھتىياجى ھەمدە بەزى

---

[1] ئابدۇكېرىم رەھمان: «20 - ئەسىر ئۇيغۇر ماددىي فولكلور مەدەنىيىتى»، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى 2006 - يىلى 5 - ئاي نەشرى، 25 - ، 27 - بەتلەر.

يىرتقۇچ ھايۋانلارنىڭ ئىنسانلارغا كەلتۈرگەن خېيىم - خەتىرىدىن ساقلىنىش ئۈچۈن ئوۋ ئوۋلاشقا مەجبۇر بولسىمۇ، لېكىن ئۇلارنىڭ روھىيىتىدە «ھايۋانلارنى رەھىمسىزلەرچە قىرغىن قىلىش تەبىئەتكە، ئىنسانلارغا خىيانەت قىلغانلىق بولۇپ ھېسابلىنىدۇ» دېگەن قاراش ئۈستۈن ئورۇندا تۇرۇپ كەلگەن. مەسىلەن، ئوۋچىلار كېيىك ۋە باشقا ئوۋ ھايۋانلىرىنىڭ كۆپىيىش ۋە بوغاز بولۇش مەزگىللىرىنى ئەتراپلىق بايقاپ، بۇ مەزگىللەردە ئوۋغا چىقىشنى قاتتىق چەكلىگەن. ناۋادا بۇنىڭغا ئەمەل قىلماي ئوۋغا چىققان مەرگەنلەرنى نائىنساب، مۇناپىق مەرگەن دەپ قاتتىق ئەيىبلەشكەن ۋە بۇنداق مەرگەنلەرنىڭ ھامان بىر كۈنى پېشكەللىككە ئۇچرايدىغانلىقىغا ئىشەنگەن، شۇنداقلا يەنە ئوۋچىلار بىر توپ كېيىكنى بىر جىراغا قاپسىۋالدىغان قولاي شارائىتقا دۇچ كەلگەندە، بۇ كېيىكلەرنىڭ بىرقانچىسىنى مەجبۇرىي قاچۇرۇۋېتىشنى ئوۋچىلىقتىكى بىر ئىرىمگە يەنى قائىدە - يوسۇنغا ئايلاندۇرغان، بۇنىڭدا «نەسلى قۇرۇپ كەتمىسۇن، ئەۋلادى داۋاملاشسۇن» دېگەن قاراش ئەكس ئېتىلگەن.

بىر قىسىم گۆشخور قۇشلارنى قولغا كۆندۈرۈپ، ئۇلاردىن ئوۋ قوراللىرى سۈپىتىدە پايدىلىنىش قەدىمدىن تا ھازىرغىچە ئىزچىل داۋاملىشىپ كېلىۋاتقان بىر خىل ئوۋچىلىق ئەنئەنىسى ھېسابلىنىدۇ. بۇ ھەقتە ئۇيغۇر خەلق داستانلىرى ۋە خەلق ھېكايىلىرىدە ناھايىتى كۆپ خاتىرىلەر ئۇچرايدۇ. بۈگۈنكى كۈندىمۇ لوپنۇر، ئاۋات، مەكىت، مارالبېشى، قاغىلىق، يەكەن، خوتەننىڭ تاغلىق رايونلىرى قاتارلىق كۆپلىگەن جايلاردا قۇش ئوۋچىلىقى باتۇرلۇق ۋە جەسۇرلۇقنى نامايان قىلىدىغان ئاممىۋى تەنتەربىيە ۋە كۆڭۈل ئېچىش پائالىيەتلىرىنىڭ بىر مەزمۇنى سۈپىتىدە ئىزچىل داۋاملاشماقتا. ئوۋ قۇشلىرى ئادەتتە قارا قۇش (بۈركۈت، لاچىن، ھۇۋقۇش) ۋە ئاق قۇش (قارچىغا، قۇرغۇي، تۇرۇمتاي) دەپ ئىككى تۈركۈمگە ئايرىلىدۇ. قۇشچىلار بۇ ئوۋ قۇشلىرىنىڭ تەبىئىتى ۋە ئالاھىدىلىكىگە ئاساسەن، ئوخشاشمىغان ئۇسۇللارنى قوللىنىپ قولغا كۆندۈرگەندىن كېيىن، ئۇلارنى ۋاستە قىلىپ، ئوۋ ئوۋلاشنىڭ ئاجايىپ قىزىقارلىق ئۇسۇللىرىنى ئىجاد

قىلغان[1].

ئۇيغۇرلارنىڭ ئوۋچىلىقى تاغ - ئورمانلاردا، قىر - داللاردا ياۋايى ھايۋانلارنى ئوۋلاشتىن تاشقىرى، دەريا - كۆللەردىن بېلىق تۇتۇش، ئۇچار قۇشلارنى ئوۋلاشنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ئەجدادلىرىمىز قەدىمكى زامانلاردا ئۆزىنىڭ كۈندىلىك تۇرمۇش ئېھتىياجىنى ئوۋچىلىق ئارقىلىق قاندۇرۇپ كەلگەن. بۇ جەرياندا ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ ئەقىل - پاراسىتىنى ئىشقا سېلىپ، ئوۋچىلىق ئەمگىكىنىڭ خۇسۇسىيىتىگە مۇناسىپ ھالدا تاياق - توقماق، چوماق، نەيزە، ئىلمەك، گۆلمە، مانجا، مانتۇ، سانجاق، ئوقيا ۋە ھەر خىل تاش قاتارلىق ئوۋچىلىق قوراللىرىنى ياساپ چىققان.

ئۇيغۇرلارنىڭ ئەجدادلىرى ئوۋچىلىقتا ئىشلەتكەن، بىزنىڭ دەۋرىمىزگىچە يېتىپ كەلگەن قوراللاردىن تاپان تۇزاق، قىلتاق، مۆڭگۈز قاپقان، تۆمۈر قاپقان، تور، چەتمەك، لەخمە، كەپتەر قىسمىقى، توشقان قىسمىقى، باسماق، سوغان، تاختىمۇشۇك، مىلتىق، نەيزە ۋە ئوۋغا ئۆگىتىلگەن ھەر خىل قۇشلار ۋە ئىت قاتارلىقلار بار.

دەۋر تەرەققىياتىغا ئەگىشىپ ئەڭ دەسلەپكى مۆڭگۈز، يۇلغۇن، ئۇجمە ياغاچلىرىدىن ئېگىپ ئىشلىنىدىغان قاپقان - قىسماقلار بارا - بارا مىس، تۆمۈر، كۈمۈشتىن ئىشلىنىپ، ئۈزۈكسىز ئىسلاھ قىلىنىپ مۇكەممەللەشتۈرۈلگەن.

ئۇيغۇرلار ئۆزلىرىنىڭ ماددىي ئىشلەپچىقىرىش ئادەتلىرى ئىچىدە قەدىمكى ئەجدادلارنىڭ ئوۋچىلىقتىن ئىبارەت ئىپتىدائىي ئىشلەپچىقىرىش، تۇرمۇش ئادەتلىرىگە ۋارىسلىق قىلغان. بۇ بىر تەرەپتىن ئۇيغۇرلارنىڭ ئەجدادلىرىنىڭ مىللىي ئەنئەنىسىنى تاشلىماي، ۋارىسلىق قىلىپ تەرەققىي قىلدۇرۇپ كەلگەنلىكى، ئەڭ مۇھىمى بىر قىسىم ئۇيغۇرلار ئولتۇراقلاشقان جۇغراپىيەلىك مۇھىت چەكسىز كەتكەن چۆل، دالا، توغراق، يۇلغۇنلۇق قاتارلىق تەبىئىي شارائىتنىڭ ھەم مۇشۇ تەبىئىي شارائىت تۈپەيلىدىن ئۇلارنىڭ ماددىي ئىشلەپچىقىرىش،

---

[1] ئابدۇكېرىم رەھمان: «20- ئەسىر ئۇيغۇر ماددىي فولكلور مەدەنىيىتى»، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى 2006 - يىلى 5 - ئاي نەشرى، 28 - ، 29 - بەتلەر.

ئوۋچىلىق ئىگىلىكى ۋە ئىشلەپچىقىرىش ئادەتلىرىنىڭ ئازراق تەسىر قىلغانلىقىدىن بولسا؛ يەنە بىر تەرەپتىن ئوۋچىلىقتىن ئىبارەت بۇ ئىشلەپچىقىرىش، تۇرمۇش ئادىتىنىڭ ئۇيغۇرلارنىڭ مەنىۋىيىتىگە ئۆتۈپ، ئۇلارنىڭ مەشرەپ ـ مۇقاملىرى، ئۇسسۇللىرىدا ئەكس ئەتكەنلىكى، توغرىسى ئۇلارنىڭ مەنىۋى دۇنياسى بىلەن بىرلىشىپ، پۈتۈن جىسمىغا سىڭىپ كەتكەنلىكىدىن بولغانىدى.

ئوۋچىلىق ئىگىلىكىنى ئاساس قىلغان رايونلاردىكى ئۇيغۇرلار ئۇن يېمەكلىكلىرىنى ئاز ئىستېمال قىلىدۇ (ئىلگىرى تېخىمۇ شۇنداق ئىدى)، گۆش يېمەكلىكلىرى كۆپرەك ئىستېمال قىلىنىدۇ. بۇ ھال ئۇيغۇر ئەجدادلىرىنىڭ قەدىمكى چارۋىچىلىق، ئوۋچىلىق تۇرمۇش ئادەتلىرىنىڭ ئەكس ئېتىشى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. ئۇلار مېھمانلارنى ياۋا توشقان، قىرغاۋۇل، ياۋا كەپتەر، جەرەن، قىرقىمىغان ئوغلاق، پاقلان گۆشلىرى بىلەن مېھمان قىلىشنى ياخشى كۆرىدۇ. ئۇيغۇر دولانلىرىنىڭ ئەزىز مېھمانلارنىڭ ئالدىغا قوينى پۈتۈن پېتى پىشۇرۇپ «ئۇچا» قىلىپ ئېلىپ چىقىشى كۆچلۈك بولغان يايلاق چارۋىچىلىق تۇرمۇش پۇرىقىنى نامايان قىلىدۇ. بۇ خىل تۇرمۇش ئادەتلىرى ئۇيغۇر دولانلىرىنىڭ دولان مەشرەپ ـ مۇقاملىرىدا ئەكس ئېتىپ، ئۇيغۇر ئەجدادلىرىنىڭ بىرقانچە مىڭ يىل ئىلگىرىكى تۇرمۇش، ئۆرپ ـ ئادەتلىرىنى ئەينەن ئىپادىلەپ بېرىدۇ[1].

دولانلارنىڭ ئوۋچىلىق تۇرمۇش ئادەتلىرى ئۇلارنىڭ ماددىي، مەنىۋى تۇرمۇشىغا چوڭقۇر سىڭگەن بولۇپ، بۈركۈت، قارچىغىنى ئەتىۋارلاش، مېھمانغا ئەركەك قوينىڭ سېنىنى تەقدىم قىلىش قاتارلىق ئادەتلەر ھېلىمۇ يوقالغىنى يوق. بىر قىسىم ھازىرقى زامان ئوۋچىلىرى يەنىلا ئوقيا ئىشلىتىدۇ ياكى ئوقيانى سۇندۇرۇپ قەسەم قىلىشىدۇ، ئەھدە تۈزۈشىدۇ. توغراقلارغا ھاياتلىق بەلگىسى سېلىپ قويۇشىدۇ، بۆرە ئوشۇقىنى توتېم (تەۋەررۈك) ھېسابىدا ساقلايدۇ[2].

---

[1] ئادىل مۇھەممەت تۇران: «مەكىت تارىخىدىن تېزىسلار»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 2001 ـ يىلى 10 ـ ئاي نەشرى، 134 ـ بەت.

[2] مۇختار قادىر: «دولان، دولى، دىلى، لولى سۆزلىرىنىڭ باغلىنىشچانلىقى ۋە قەدىمكى دولان دىيارى، دولان سەنئىتى توغرىسىدا»، «شىنجاڭ سەنئىتى»، 1986 ـ يىلى 4 ـ سان، 36 ـ بەت.

تەكلىماكـان قۇملۇقىنىـڭ غەربىـي شـىمالىغا ۋە غەربىـي قىـسمىغا، يەكەن دەرياسـىنىڭ ئوتتـۇرا، ئاياغ ئېقىنىغا، تـارىم دەرياسـىنىڭ بـاش ئېقىنىغا جايلاشقان رايونلاردىكى ئۇيغۇر دولانلىرى ئارىسىدا ئوۋچىلىق مـاددىي ئىشلەپچىقىرىـشتىكى ئاساسـلىق ئىگىلىـك شـەكلىدە سـاقلىنىپ قالغان بولۇپ، بۇ خىل ئادەت ھازىرغىچە داۋام قىلىپ كەلمەكتە.

مەكىـت دولانلىـرى كۆنـدىلىك تۇرمـۇش ئېھتىيـاجىنى قامـداش، ئۆزىنىڭ مەۋجۇتلۇقىنى ساقلاش، شۇنداقلا مەنىۋى تۇرمۇشـىنى بېيىـتىش ئۈچۈن، ئـۇزاق زامـانلاردىن بۇيـان ئىزچىـل تـۈردە ئوۋچىلىـق ئـادىتىنى داۋاملاشتۇرغان.

ئەيىنـى زامانـدا ئوۋچىلىـق باتۇرلۇقىنـىڭ، پەم ـ پاراسـەتنىڭ، ئـۆز مەۋجۇتلۇقىنى قوغداشنىڭ مۇھىم بەلگىسىگە ئايلانغان. شۇڭا، ئەقىـل ـ پاراسـەتلىك دولانـلار ئەۋلادمۇئەۋلاد ئوۋچىلىـق قىلىـش داۋامىـدا ئـۆزىگە خاس ئـوۋ قـوراللىرىنى ياسـاپ، بىـر يۈرۈش ئـوۋ ئـوۋلاش ئۇسـۇللىرىنى كەشىپ قىلغان.

ئـوۋچى ئۈچـۈن ئـوۋ قـوراللىرى ئىنتـايىن مـۇھىم بولـۇپ، مەكىـت دولانلىرىمۇ ئـوۋ مىلتىقى، ئوقيـا، نەيـزە، چاچقـاق، چومـاق، قاپقـان، تۇزاق، قىلتاق، قىساماق، تور، چەتمەك، لەخمە، باسماق قاتـارلىق ئـوۋ قوراللىرىنى ياساپ ئىشلەتكەندىن باشـقا، بۈركـۈت، قارچىغـا، ئـوۋ ئىتـى قاتارلىقلارنىمۇ كۆندۈرۈپ ئوۋغا سالغان. بۇ ئوۋ قوراللىرىدىن ئوۋ مىلتىقى ئىـستوۋۇل ئۈچـىدىن پـۈرۈخ قويـۇپ چىڭـدىلىپ، ئۇنىـڭ ئۈسـتىگە مىشەكسىز يۇملاق قوغۇشۇن ئوقنى سېلىپ ئاتىدىغان يەرلىـك ئۇسـۇلدا ياسىلىدىغان ئىپتىدائىي مىلتىق بولۇپ، ئۇنىڭ ئاستى تەرىپىـدە يۇلغۇن ياغىچىدىن ياسالغان ئىككى پۇت بولىـدۇ. بـۇ خىـل مىلتىـق بىـلەن ئـوۋ ئوۋلايـدىغانلار مەكىـت دولانلىـرى ئارىـسىدا «پـاۋان» دەپ ئاتىلىـدۇ. پاۋانلار ئاتلىق ياكى پىيادە ئوۋغا چىقىپ نىشاننى بايقىغانـدىن كېيىن، چاتقـاللار ئارىـسىدا يوشـۇرۇنۇپ ئـۆملەپ مېڭىـپ، نىـشانغا تۈيـدۇرماي يېقىنلىـشىدۇ، ئانـدىن مىلتىقنىـڭ ياغـاچ پـۇتىنى يەرگە دەسـسىتىپ مۇقىملاشتۇرغاندىن كېيىن قارىغا ئالىدۇ. ئوۋچىلىـق پاۋانلاردىن يـۇقىرى ماھارەتلىـك مەرگەنلەردىـن بولۇشـىنى تەلەپ قىلىـدۇ. گەرچە 21 ـ

ئەسىرگە قەدەم قويغان بۈگۈنكى كۈندە كۈندىن - كۈنگە ئازىيىپ كېتىۋاتقان ياۋايى ھايۋانلارنى قوغداش ۋە باشقا ئېھتىياجلار بىلەن ملتىق كۆتۈرۈپ ئوۋچىلىق قىلىدىغانلار قالمىغان بولىسمۇ، لېكىن ئالدىنقى ئەسىرنىڭ 50 - يىللىرىنىڭ ئالدى - كەينىدە مەكىت دولانلىرى ئارىسىدا سايىت پاۋان، ئاۋۇت پاۋان قاتارلىق 10 غا يېقىن داڭلىق پاۋان بولغان ۋە ئۇلار تەكلىماكان گىرۋەكلىرىدىكى يۇرتلاردا ئوۋچىلىق قىلغان.

مەكىت دولانلىرىنىڭ ئوۋچىلىق ئادىتىدە قۇش ۋە قارچىغا ئارقىلىق ئوۋچىلىق قىلىش نوقۇل ھالدىكى ئوۋچىلىق پائالىيىتىدىن ھالقىپ، سەنئەت دەرىجىسىگە كۆتۈرۈلگەن بولۇپ، بۇنى تۆۋەندىكى تەپسىلاتلاردىن كۆرۈۋېلىش مۇمكىن. قۇش ۋە قارچىغا كۆندۈرۈش قىيىنلىق دەرىجىسى ئىنتايىن يۇقىرى بولغان مۈشكۈل ئىش بولۇپ، ئاسماندا ئەركىن پەرۋاز قىلىپ يۈرىدىغان گۆشخور قۇشنى ئادەمنىڭ كۆڭلىدىكى مۇددىئاسىنى چۈشىنىدىغان ۋە ئۆزىگە ئىتائەت قىلىدىغان ھالغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن ئەقىل - پاراسەت ۋە سەۋر - تاقەت كېرەك. ھازىر مەكىت دولانلىرى ئارىسىدا قۇش — قارچىغا باقىدىغانلارنىڭ سانى كۆرۈنەرلىك ئازىيىپ بېرىۋاتقان بولىسمۇ، لېكىن ئالدىنقى ئەۋلاد قۇشچىلاردىن ئابدۇرەھىم بەختى، قايىم پازىل، ئۆمەر داڭ، ئوبۇل نۇرەك قاتارلىقلار قۇش بېقىپ كۆندۈرۈپ، ئوۋچىلىق قىلىش بىلەن بىللە قۇشنى ھاياتىدىكى مۇھىم ھەمراھ سۈپىتىدە ئەتىۋارلاپ، ئۆمۈر بويى قۇشتىن ئايرىلمىغان. قۇش — قارچىغا بېقىپ ئوۋچىلىق قىلىش مەكىت دولانلىرى ئارىسىدا ئەۋلادمۇئەۋلاد داۋاملىشىپ، ئوۋچىلىق مەدەنىيىتىنىڭ مۇھىم مەزمۇنىغا ئايلىنىپ كەتكەنلىكتىن، قۇش — قارچىغا كۆندۈرۈشنىڭ بىر يۈرۈش ئۇسۇللىرى مەيدانغا كەلگەن، ھەتتا ئاتىنىڭ ئېگىرىگىمۇ مەخسۇس قۇش قوندۇرىدىغان ئورۇنلار لايىھەلىنىپ، «قۇشبېشى» دەپ ئاتالغان. ئائىلىلەردە قۇشنى تۆلەككە سالىدىغان مەخسۇس قاراڭغۇ ئۆيلەر، قۇش قوندۇرىدىغان مەخسۇس قونداقلار بولغان ۋە قۇشنىڭ مايىقىغا قاراپ شۇ قۇشنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالىغا ھۆكۈم قىلالايدىغان، قۇش كۆندۈرۈش تەجرىبىسى مول قۇشچىلار «باخشى»

دەپ ئاتالغان.

ئوۋچىلىق گەرچە بۈگۈنكى زامان كىشىلىرىنىڭ نەزىرىدە ئىنسانپەرۋەرلىككە مۇخالىپ بىر خىل شەپقەتسىز ھەرىكەت بولسىمۇ، لېكىن مەكىت دولانلىرى ئوۋچىلىقنى ياۋايى ھايۋانلارنىڭ نەسلىنى قۇرۇتىدىغان نەپسانىيەتچىلىك ھەرىكىتى قىلىۋېلىشتىن ساقلىنىپ، تەبىئىي تەڭپۇڭلۇقنى ساقلايدىغان ئىلمىي ھەرىكەت سۈپىتىدە ئېلىپ بېرىشقا ئەھمىيەت بەرگەن. شۇڭا، ياۋايى ھايۋانلار ئەۋلاد قالدۇرۇپ كۆپىيىدىغان ئەتىياز كۈنلىرى، شۇنداقلا بۇغا - مارااللارنىڭ بوغاز بولغانلىقى بىلىنسە ئوۋ قىلىشنى توختاتقان.

ئوۋچىلىق ئۇزاق تارىختىن بۇيان دولان خەلقىنىڭ ئىجتىمائىي ھاياتىدا خۇددى چارۋىچىلىق ۋە دېھقانچىلىققا ئوخشاش مۇھىم ئورۇندا تۇرۇپ كەلگەن بولسىمۇ، لېكىن زامانىۋىلىشىش، يەر شارىلىشىش قەدىمىنىڭ تېزلىشىشى، تەكلىماكان بىلەن دولان يۇرتلىرى ئارىسىدىكى ياۋايى ھايۋانلار ماكان قىلغان بوشلۇقنىڭ تارىيىشى، شۇنداقلا ئىجتىمائىي ھاياتتىكى تۈرلۈك مۇناسىۋەتلەرنىڭ بارغانچە مۇرەككەپلىشىپ، زىددىيەتلەرنىڭ ئۆتكۈرلىشىشى قاتارلىق خىلمۇخىل سەۋەبلەر تۈپەيلى نۆۋەتتە مەكىت دولانلىرى ئارىسىدا ئوۋچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىدىغانلار بارغانسېرى ئازايماقتا.[1]

خەلق ئارىسىدا ئوۋ قۇشلىرى ناھايىتى ئەتىۋارلىنىدۇ ۋە ئۇلۇغلىنىدۇ، ھەتتا بەزى ئوۋ قۇشلىرىنى سىرلىقلاشتۇرۇپ «ئىلاھىي قۇدرەت»كە ئىگە دەپ قارايدىغان ئادەتلەرمۇ مەۋجۇت. بىر قىسىم مۇتەخەسسىسلىرىمىز 1987 - يىلى قاغىلىق ناھىيەسىدە ئېلىپ بېرىلغان فولكلور تەكشۈرۈشلىرىدە مۇنداق بىر ئالاھىدە ئۈچۈرغا ئىگە بولغان: قاغىلىقنىڭ چوپان ۋە ئۆشتاقباش قاتارلىق تاغلىق رايونلىرىدا «قۇش باخشى» دەپ ئاتىلىدىغان بىر فولكلورلۇق ئادەت بار ئىكەن. بۇ رايونلار شەھەردىن چەت بولغانلىقى ۋە سەھىيە - داۋالاش ئىشلىرىنىڭ ئارقىدا

---

[1] ئېلى ئەقىل: «دولانلاردا ئوۋچىلىق»، «ئۈرۈمچى كەچلىك گېزىتى»، 2009 - يىلى 5 - مارت سانى، 6 - بەت.

قالغـانلىقى قاتـارلىق سـەۋەبلەر تـۈپەيلى ئايـاللاردا تۇغـۇتتىن كېـيىن قانسىراشتىن پەيدا بولىدىغان بىر خىل كېسەللىك كۆپ ئۇچرايدىكەن.
يەرلىك كىشىلەر بۇ كېسەلنى «ھەل» ياكى «ئال» كېسىلى دەپ ئاتايدىكەن. بۇ كېسەلنىڭ بەلگىسى كۆپرەك تۇنجى تۇغقان ئاياللاردا يۈز بېرىپ، تۇغۇتتا كۆپ قان كېتىش نەتىجىسىدە ئايال ھالسىزلىنىپ، مادارسىزلىقتىن رەڭگىرويى سارغىيىپ كۆنسېرى ئورۇقلاپ كېتىدىكەن. بۇ كېسەلگە گىرىپتار بولغان ئاياللار ئاستا - ئاستا شوك، جىمغۇر بولۇۋېلىپ، ئەقىل - ھوشىدىن ئادىشىدىكەن، بەزىلىرى شۇ كېسەل بىلەن ئۆلۈپ كېتىدىكەن. يەرلىك كىشىلەرنىڭ چۈشەنچىسىدە «ئال» كېسىلىگە ھېچقانداق دورا - دەرمەك شىپالىق بېرەلمەيدۇ، پەقەت «قۇش باخشى»لا بۇ كېسەلگە داۋا بولالايدۇ دەپ قارىلىدىكەن. شۇنىڭ بىلەن بۇنداق كېسەللەرنى داۋالاشقا «قۇش باخشى» چاقىرتىلىپ، مەخسۇس ئەم - ئىرىم قىلىنىدىكەن.
«قۇش باخشى» دېگىنىمىز، قولىغا كۆندۈرۈلگەن قارا قۇش (بۈركۈت) ئارقىلىق «ئال» كېسىلىنى داۋالىغۇچى باخشىنى كۆرسىتىدۇ. «قۇش باخشى»نىڭ داۋالاش جەريانى مۇنداق بولىدىكەن: «ئال» كېسىلىگە گىرىپتار بولغۇچىنىڭ ئاتا - ئانىسى ئوۋ قۇشلىرىغا كېرەكلىك يېمەكلىكلەردىن داستىخان تەييارلاپ، «قۇش باخشى» نىڭ ئۆيىگە بېرىپ كېسەلگە ئەم - ئىرىم قىلىپ قويۇشنى ئىلتىماس قىلىدىكەن. «قۇش باخشى» ئىلتىماسنى قوبۇل كۆرگەندىن كېيىن، داۋالاشنىڭ ۋاقىت - سائىتىنى بەلگىلەپ بېرىدىكەن. بۇ ئارىلىقتا بىرەر ھەپتىگىچە قۇشنى ياخشى پەپىلەپ باقىدىكەن ۋە «داۋالاش» قائىدىسى بويىچە مەشىق قىلدۇرىدىكەن. قەرەل توشقاندىن كېيىن «قۇش باخشى» كېسەلنىڭ ئۆيىگە بارىدىكەن. تەلەپ بويىچە «ئال» كېسىلىگە گىرىپتار بولغۇچى ئايالنى دېرىزە - تۈڭلۈكى يوق چوڭ ئايۋان سارايغا ئېلىپ كىرىپ، ئۆينىڭ ئوتتۇرىسىدا ياتقۇزۇپ ھەممە يېرىنى قېلىن كىگىز- شىرداق بىلەن مەھكەم چۈمكەپ قويىدىكەن. ئۇنىڭدىن كېيىن «قۇش باخشى» بۇ قاراڭغۇ، تەنھا سارايغا كىرىپ، قولىدىكى قارا قۇشنىڭ كۆزلۈكى ۋە پۇتىدىكى زەنجىرىنى ئېلىۋېتىپ، «باشپاناھ، يا مەدەت»

دەپ دۇرۇت ئوقۇپ قويۇۋېتىدىكەن. قارا قۇش سۇرلۇك قىياپەتتە ئۆي ئىچىدە ئەگىپ ئۇچۇپ، ئاخىر ئۆينىڭ ئوتتۇرىسىدىكى قارا كىگىزگە ئورالغان «جەسەت» ئۈستىگە قونىدىكەن - دە، ئۆتكۈر تىرنىقى ۋە تۇمشۇقى بىلەن كىگىزنى تىرناپ باشتىن - ئاخىرغىچە قاتتىق مۇجۇشقا باشلايدىكەن، ھەتتا كىگىزنىڭ بەزى جايلىرى تىتىلىپ كېتىدىكەن، قۇش چارچاپ ھالىدىن كەتكۈچە مۇجۇشنى داۋاملاشتۇرىدىكەن، ئاخىر ھالسىزلىنىپ قاناتلىرىنى قېقىشقىمۇ ماجالى قالمىغان چاغدا قۇشچى (باخشى) دۇئا - تەكبىر قىلىپ قۇشنى قولىغا قوندۇرۇپ قايتىدىكەن. چىلىق - چىلىق تەر ئىچىدە ھوشىنى بىلمەي ياتقان بۇ كېسەلنى كىگىزدىن ئاجرىتىپ ئەركىن ھاۋادا نەپەسلەندۇرگەندىن كېيىن، يېڭى سويۇلغان قارا پاقلاننىڭ ئىسسىق تېرىسىگە ئېلىپ، گەجگىسىگە ياۋا كەپتەرنىڭ قېنىنى ئاقتۇرىدىكەن، شۇنداق قىلىپ ئىككى - ئۈچ ھەپتە بۇ كېسەلنى شورپىلاپ ياخشى باقىدىكەن. نەتىجىدە بۇ «ئال» كېسىلى تەدرىجىي ساقىيىپ قالىدىكەن. دەرۋەقە، بۇ ئادەت مېدىتسىنا يۈكسەك تەرەققىي قىلغان بۈگۈنكى ئىلىم - پەن دەۋرىگە نىسبەتەن بىر خىل خۇراپىي قاراش ھېسابلانسىمۇ، لېكىن بۇ «قۇش باخشى» ئادىتىدە پسىخىكىلىق غىدىقلىنىش بىلەن فىزىيولوگىيەلىك غىدىقلىنىشنىڭ بىر گەۋدىلىشىشى ئاساسىدا ھاسىل بولىدىغان بىر خىل غەيرىي تەبىئىي ئىممۇنىتېتلىق كۈچنى ئىنكار قىلغىلى بولمايدۇ.

دېمەك، ھازىرغىچە باشقا خەلقلەرنىڭ تۇرمۇش ئادىتىدە تېخى سېزىلمىگەن قۇش ئارقىلىق ئادەم داۋالاش ئادىتىنىڭ ئۇيغۇرلارنىڭ ھاياتىدا مەۋجۇت بولغانلىقى بۇ خەلقنىڭ ئىقتىسادىي ۋە ئىجتىمائىي تارىخىدا ئۇۋچىلىق ئىگىلىكىنىڭ خېلى چوڭقۇر يىلتىزغا ئىگە ئىكەنلىكىنى چۈشەندۈرىدۇ[1].

ئەجدادلىرىمىز قەدىمكى زامانلاردا ئۆزىنىڭ كۈندىلىك تۇرمۇش ئېھتىياجىنى ئۇۋچىلىق ئارقىلىق قاندۇرۇپ كەلگەن. بۇ جەرياندا ئۇلار

[1] ئابدۇكېرىم رەھمان: «20 - ئەسىر ئۇيغۇر ماددىي فولكلور مەدەنىيىتى»، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى 2006 - يىلى 5 - ئاي نەشرى، 30 - ، 32 - بەتلەر.

ئۆزلىرىنىڭ ئەقىل - پاراسىتىنى ئىشقا سېلىپ، ئوۋچىلىق ئەمگىكىنىڭ خۇسۇسىيىتىگە مۇناسىپ ھالدا تاياق - توقماق، چوماق، نەيزە، ئىلمەك، گۆلمە، مانجا، مانتۇ، سانجاق، ئوقيا ۋە ھەر خىل تاش قاتارلىق ئەمگەك قوراللىرىنى ياساپ چىققان.

ئۇيغۇرلارنىڭ ئەجدادلىرىنىڭ ئوۋچىلىقتا يۇقىرىدا ئىسمى تىلغا ئېلىنغان قوراللاردىن باشقا، يەنە قانداق قوراللارنى ئىشلەتكەنلىكى بىزگە نامەلۇم. ئۇيغۇرلارنىڭ ئەجدادلىرى ئوۋچىلىقتا ئىشلەتكەن بىزنىڭ دەۋرىمىزگىچە يېتىپ كەلگەن قوراللاردىن تاپان تۇزاق، قىلتاق، مۇڭگۈز قاپقان، تۆمۈر قاپقان، تور، چەتمەك، كەپتەر قىسمىقى، توشقان قىسمىقى، باسماق، سوغان، تاختىمۇشۇك، مىلتىق، نەيزە ۋە ئوۋغا ئۆگىتىلگەن ھەر خىل قۇشلار ۋە ئىت قاتارلىقلار بار.

دەۋر تەرەققىياتىغا ئەگىشىپ ئەڭ دەسلەپكى مۇڭگۈز، يۇلغۇن، ئۇجمە ياغاچلىرىدىن ئېگىپ ئىشلىنىدىغان قاپقان - قىسماقلار بارا - بارا مىس، تۆمۈر، كۈمۈشتىن ئىشلىنىپ، ئۈزلۈكسىز ئىسلاھ قىلىنىپ مۇكەممەللەشتۈرۈلگەن. بۇ جەرياندا مەخسۇس قاپقان ۋە قىسماق ياسايدىغان ئۇستىلار ئارقا - ئارقىدىن يېتىشىپ چىققان. ھازىر يېزا - قىشلاقلاردا مەخسۇس ئوۋچىلىق قوراللىرىنى ياسايدىغانلار، پالانى قىسماق، پۇستانى سىرتماق، پوكۇنى چەتمەك قاتارلىق لەقەملەر بىلەن ئاتىلىپ كېلىۋاتقان نۇرغۇن كىشىلەر بار[1].

## 2. بېلىقچىلىق

بېلىقچىلىق ئادىتى سۇ ھايۋانلىرىنى ئوۋلاشنى ئاساسىي مەزمۇن قىلغان كۆپ خىل شەكىلدىن تەركىب تاپقان ئىقتىسادىي پائالىيەت بولۇپ، قەدىمكى ئوۋچىلىق ئىشلەپچىقىرىش ئادەتلىرىنىڭ بىر خىلى ھېسابلىنىدۇ. بۇ خىل ئىشلەپچىقىرىش ئادىتى ئاساسەن يېڭى تاش

---

[1] ئابدۇكېرىم رەھمان قاتارلىقلار تۈزگەن «شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى مىللەتلەر فولكلور مۇزېيى»، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى 2005 - يىلى 4 - ئاي نەشرى، 25 -، 26 - بەتلەر.

قورال دەۋرىنىڭ ئوتتۇرا مەزگىللىرىدە پەيدا بولغان. بۇ دەۋر تارىختا «بىلىق تۇتۇش مەدەنىيىتى دەۋرى» دەپ ئاتىلىدۇ.

سۇ ھايۋانلىرىنى تۇتۇشنىڭ ئەڭ بۇرۇنقى شەكلى بىۋاستە قول بىلەن تۇتۇش ئىدى. كېيىنچە ئوۋچىلىق ئىشلەپچىقىرىش قوراللىرىنىڭ تەرەققىياتىغا ئەگىشىپ كونا تاش قورال دەۋرىنىڭ ئاخىرقى مەزگىللىرىدىن باشلاپ تاشنى يونۇپ سىلىقلاش ئارقىلىق سانجىغاق قاتارلىق بىلىق تۇتۇشقا ئىشلىتىدىغان ئىپتىدائىي قوراللار كەشىپ قىلىنغان. بارا - بارا ئۇچىغا ئەگمە يىڭنە بېكىتىلگەن قارماق قاتارلىق قوراللار بارلىققا كەلگەن. شۇنداق قىلىپ بىلىق قاتارلىق سۇ ھايۋانلىرىنى تۇتۇشمۇ ئوۋچىلىق ئىشلەپچىقىرىشى بىلەن بىرلەشكەن ھالدا تەرەققىي قىلغان.

بىلىق تۇتۇشتا تورنىڭ بارلىققا كېلىشى بىلىقچىلىق ئىشلەپچىقىرىش ئادىتىدىكى بىر يېڭى تەرەققىيات باسقۇچى بولۇپ، ئوۋچىلىق دەۋرىگە قارىغاندا ئىنسانلارنىڭ ئىشلەپچىقىرىش تەرەققىياتىدىكى ئەقىل- پاراستىنىڭ تەرەققىي قىلغانلىقىنى نامايان قىلىدۇ.

سۇ ھايۋانلىرىنى تۇتۇش ئىشلەپچىقىرىش ئادىتى جۇغراپىيەلىك ئالاھىدىلىككە قاراپ بارلىققا كەلگەن بولۇپ، دېڭىز - ئوكيانلاردىن يىراق ئىچكى قۇرۇقلۇق مۇھىتىدا ئولتۇراقلاشقان ئۇيغۇرلارنىڭ ماددىي ئىشلەپچىقىرىش ئادەتلىرىدە بىلىقچىلىق چوڭ سالماقنى ئىگىلىمەيدۇ. بىلىقچىلىق پەقەت ئۇيغۇرلار جايلاشقان جايلاردىكى ئانا دەريالار بويلىرىدا، چوڭ كۆللەر ئەتراپىدا ئولتۇراقلاشقان خەلقلەردىلا شەكىللەنگەن. ئۇيغۇر دولانلىرى بولسا دولان، تىزناپ، قەشقەر، ئاقسۇ، تارىم دەريا ۋادىلىرى ۋە بۇ ۋادىلار ئەتراپىدىكى چوڭ كۆللەر بويىغا ئولتۇراقلاشقان بولغاچقا، بىلىقچىلىقتىن ئىبارەت ئىشلەپچىقىرىش ئادىتىنى بارلىققا كەلتۈرگەن ھەم ساقلاپ كەلگەن[1].

ئۇيغۇرلارنىڭ ئوۋچىلىق ئىگىلىكى يەنە بىلىقچىلىقنىمۇ ئۆز ئىچىگە

[1] ئادىل مۇھەممەت تۇران: «مەكىت تارىخ - مەدەنىيىتى»، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى 2006- يىلى 4 - ئاي نەشرى، I توم، 344-، 345 - بەتلەر.

ئالغان، بولۇپمۇ لوپنۇر ئۇيغۇرلىرى ۋە تارىملىقلار 20 - ئەسىرنىڭ 50 - يىللىرىغىچە ئاساسەن بېلىقچىلىق ئىگىلىكىگە تايىنىپ ياشىغان. لوپنۇرلۇقلار ئەسىرلەردىن بۇيان ئۆزلىرىنىڭ جۇغراپىيەلىك ئەۋزەللىكىگە تايىنىپ لوپنۇر كۆلى ئەتراپىدىكى ئاراللاردا كۆچۈپ يۈرۈپ بېلىق ئوۋلاشنىڭ بىر يۈرۈش قائىدە - قانۇنىيەتلىرىنى ياراتقان.

ئالدىنقى ئەسىرنىڭ باشلىرىدا يەنى 1905 - يىلى ئۆكتەبىردە گېرمانىيەنىڭ شىنجاڭ ئېكسپېدىتسىيەسى ئەترىتىنىڭ 2 - قېتىملىق يىراقتا يۈرۈش قىلغان ئەترىتى تەركىبىدە شىنجاڭغا كەلگەن ئالبېرت فون لېكوك مۇنداق خاتىرە قالدۇرغان:

پۇتكۈل جەنۇبىي شىنجاڭدا ئىككى جايدىكى خەلقلا دائىم بېلىق يەيتتى، بىرى بارچۇقنىڭ ئەتراپى بولۇپ، تارىم دەرياسىدا بېلىق كۆپ ئىدى، يەرلىك دولانلارنىڭ (Dolans) دائىملىق تامىقى ئىدى؛ يەنە بىرى لوپنۇر ئەتراپى بولۇپ، بېلىق يەرلىكلەرنىڭ ئاساسلىق ئوزۇقى ئىدى. ئۇلار بېلىقنى يېگى ۋاقتىدىلا تازىلاپ پىشۇرۇپ يەيتتى ياكى قۇرۇتقاندىن كېيىن يەيتتى[1].

بېلىقچىلىق ئىشلەپچىقىرىش ئادىتىنىڭ پەسىل خاراكتېرى ناھايىتى كۈچلۈك بولىدۇ. يەكەن (دولان) دەرياسىنىڭ ئوتتۇرا، ئاياغ ئېقىنى، تارىم دەرياسى ۋادىسى رايونىدىكى دەريا - كۆللەردە بېلىق تۇتۇش كۆپرەك 7 - ئايدا (كەلكۈن پەسلىدە) ۋە كۈز ۋە قىش پەسىللىرىدە ئېلىپ بېرىلىدۇ. ئەتىياز ۋە ياز پەسلىنىڭ باشلىرى دەريا - كۆللەرگە يېڭى سۇ، كەلكۈن سۈيى كەلگەن چاغلار بولۇپ، بېلىقلار سۇنىڭ ئۈستۈنكى قاتلىمىدا توپ - توپ بولۇپ ھەر تەرەپكە ياكى سۇ ئېقىنىنىڭ يۇقىرى تەرىپىگە قاراپ ھەرىكەتلىنىدۇ. بۇ بېلىق تۇتۇشنىڭ ئەڭ قولايلىق ۋاقتى بولۇپ، ھەممە كىشى چىقىپ خالىغانچە بېلىق تۇتىدۇ. قىش پەسلىدە بېلىق تۇتۇشنىڭ ئۆزىگە خاس ئادەتلىرى بار: بۇ پەسلىدە بېلىقلار سۇنىڭ ئوتتۇرا ۋە ئاستىنقى قاتلىمىدا ناھايىتى شالاڭ

---

[1] ئالبېرت فون لېكوك: «شىنجاڭنىڭ يەر ئاستى مەدەنىيەت بايلىقلىرى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 2003 - يىلى 10 - ئاي نەشرى، 176 - بەت.

ھەرىكەت قىلىدۇ. مۇز قاتقان مەزگىلدە بولسا سۇنىڭ ئەڭ ئاستىدا بولىدۇ. بېلىق تۇتقۇچىلار قىش كۈنلىرى قېلىن مۇز بىلەن قاپلانغان دەريا ـ كۆللەرگە بېرىپ، بىرقانچە جايغا لىنىيە بويىلاپ كاچكۇل ئاچىدۇ. كېچىسى كاچكۇل ئەتراپىغا گۈلخان ياقىدۇ ياكى چىراغ يورۇتىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بېلىقلار يورۇقلۇققا ئىنتىلىپ كاچكۇلغا يىغىلىدۇ. نەتىجىدە بېلىقچىلار قولىدىكى چويلا بىلەن بېلىقلارنى ئاسانلا سۇزۇۋالىدۇ. بۇ ئۇسۇل قىشتا بېلىق تۇتۇشنىڭ ئەڭ ئۈنۈملۈك شەكلىدۇر.

ئۇيغۇرلارنىڭ خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىدىمۇ بېلىقچىلىق ئىشلەپچىقىرىش ئادەتلىرىگە ئائىت مەزمۇنلار ۋە ئىجادىيەتلەر خېلى سالماقنى ئىگىلەيدۇ. «بېلىقچى بوۋاي»، «ئالتۇن بېلىق» ھەققىدىكى چۆچەكلەر كەڭ ئومۇملاشقان. ئۇيغۇرلارنىڭ «بېلىق ئەقلىنى تازىلايدۇ، ئادەم ھەر يىلى ئەڭ ئاز بولغاندا بىر قېتىم بېلىق يېيىشى كېرەك» دېگەن ئادەت سۆزى بار. ئۇنىڭدىن باشقا، كىچىك باللار تىللىرى ئاستىدىكى سىزىقچىلارنى ئۆزئارا سېلىشتۇرۇپ «سەن مانچە بېلىق يەپسەن» دېيىشىپ سۆز ئويۇنى قىلىشىپ ئوينايدۇ.

## 3. چارۋىچىلىق

ئوۋچىلىق ئىگىلىكى دەۋرىدە باشلانغان ھايۋانلارنى قولغا كۆندۈرۈش تەرەققىياتى چارۋىچىلىق ئىگىلىكىنى شەكىللەندۈردى. چارۋىچىلىق ئىگىلىكى دەسلەپكى مەزگىللەردە ئوۋچىلىق ئىگىلىكى بىلەن بىر گەۋدىلىشىپ، گىرەلەشكەن ھالدا ئورتاق تەرەققىي قىلغان. چارۋىچىلىق ئىگىلىكىنىڭ تەرەققىياتى جۇغراپىيەلىك شارائىت تەرىپىدىن بەلگىلىنىدۇ. قەدىمكى زامانلاردا ئۇيغۇرلار ۋە ئۇلارنىڭ ئەجدادلىرى ياشىغان ھىنگان تاغلىرى، ئالچى (چىلەنشەن) تاغلىرى، پامىر تاغلىرى قاتارلىق تاغلارنىڭ ئېتەكلىرىدىكى چەكسىز يايلاقلار، يېنسەي دەرياسى، ئونغور (ئۇيغۇر) دەرياسى، سېلىنگا دەرياسى، قۇرۇلۇن دەرياسى، ئورخۇن دەرياسى، تۇغلا دەرياسى، ئېرتىش دەرياسى، ئىلى دەرياسى،

تارىم دەرياسى قاتارلىق دەريا - ئېقىن ۋادىلىرى، ئۆتۈكەن يايلىقى، كۆكنۇر يايلىقى، ئېرىن يايلىقى، بارىكۆل يايلىقى، ئىلى يايلىقى، جۇڭغار يايلىقى قاتارلىق رايونلاردا كۆچمەن چارۋىچىلىق ئىگىلىكى ئالاھىدە تەرەققىي تاپقان بولۇپ، ئۇيغۇرلارنىڭ 10 - ۋە 11 - ئەسىردىن ئىلگىرىكى ئىقتىسادىي ئىگىلىكىدە ئاساسلىق مۇھىم ئورۇننى ئىگىلىگەن، بولۇپمۇ ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقى دەۋرىدە قاغانلىقتىكى ئىگىلىك پائالىيىتىنىڭ ئاساسىي تۈرى چارۋىچىلىق بولۇپ، يىلقا، كالا ۋە قوي ئاساس قىلىنغان. يىلقىچىلىق ھەممىدىن تەرەققىي قىلغان بولۇپ، ئەتراپتىكى قوشنىلىرىغا لازىملىق يىلقىلارنى ئاساسەن ئۇيغۇرلار تەمىنلەپ بەرگەن، ھەتتا قوشنا ئەللەر بىلەن تاۋار ئالماشتۇرۇشتا ئات پۇل بىرلىكى قىلىنغان. چارۋىچىلىقنىڭ تەرەققىياتى ئۇيغۇرلاردا تاۋار ئالماشتۇرۇش ۋە قول ھۈنەر - سەنئىتىنىڭ بۇرۇنراق روناق تېپىشىغا پايدىلىق ئىمكانىيەتلەرنى يارىتىپ بەرگەن. شۇنىڭ بىلەن ئۇيغۇرلار غەربكە كۆچۈشتىن ئىلگىرىلا كىگىزچىلىك، تېرە مەھسۇلاتلىرىنى پىششىقلاپ ئىشلەش، يۇڭ توقۇمىچىلىق، ئېگەر، توقۇم، يۈگەن، نوختا قاتارلىق ئات جابدۇقلىرىنى ياساش قاتارلىق چارۋىچىلىق ھۈنەر - كەسىپلىرى ئالاھىدە جانلىنىپ، شەھەرلىشىش قەدىمىنى تېزلەتكەن.

ئۇيغۇرلار غەربكە كۆچكەندىن كېيىن يەنى مىلادىيە 9 - ئەسىردىن باشلاپ ئۇلارنىڭ جەمئىيەت تۈزۈلمىسى ۋە ئىقتىسادىي ئىگىلىك قۇرۇلمىسىدا تۈرلۈك ئۆزگىرىشلەر يۈز بەردى. ئۇلار غەربكە كۆچۈشتىن ئىلگىرى شىمالىي قۇملۇقتا ياشىغان مەزگىللەردە ئوت، سۇ قوغلىشىپ كۆچمەن چارۋىچىلىقنى ئاساس، تېرىقچىلىقنى ئىككىنچى ئورۇندىكى قوشۇمچە ئىگىلىك سۈپىتىدە ئېلىپ بارغان بولسا، غەربكە كۆچكەندىن كېيىن بۇ رايونلاردىكى ئېتنىك قېرىنداشلىرىنىڭ شەھەرلەشكەن بوستانلىق مەدەنىيەت چەمبىرى ئىچىدە تېرىقچىلىقنى ئاساس قىلغان ئولتۇراقلاشقان ئىگىلىك شەكلىگە قەدەم قويدى. بۇنىڭ بىلەن چارۋىچىلىق ئىككىنچى ئورۇنغا چۈشتى. تەڭرىتاغنىڭ شىمالىدا ياشايدىغان ئۇيغۇرلار ئارىسىدا كۆچمەن چارۋىچىلىق ئەنئەنىسى خېلى كېيىنكى دەۋرلەرگىچە داۋاملىشىپ كەلگەن بولسىمۇ، تەڭرىتاغنىڭ

جەنۇبىدىكى ئۇيغۇرلارنىڭ ئاساسىي گەۋدىسى مۇقىم ئولتۇراقلاشقان مەدەنىيەت مۇھىتى ئىچىدە تېرىقچىلىق، ئائىلە باقمىچىلىقى ئاساسىدىكى چارۋىچىلىق ۋە قول ھۈنەر ئىگىلىكىنى ماس قەدەمدە راۋاجلاندۇردى.

ئۇيغۇرلاردىكى چارۋىچىلىق ئىگىلىكىنىڭ بىۋاسىتە مەقسىتى خەلقنىڭ گۆشلۈك يېمەكلىكلەرگە بولغان ئېھتىياجىنى قاندۇرۇش، يېزا ئىگىلىك ۋە قاتناش - ترانسپورت ۋاسىتىلىرىنى ھەل قىلىش ۋە يۈڭ، تېرە، ئۈچەي قاتارلىق چارۋىچىلىق مەھسۇلاتلىرىنى پىششىقلاپ ئىشلەش ئاساسىدا قول ھۈنەر كەسپى ۋە بازار سودىسىنى جانلاندۇرۇشتىن ئىبارەت. شۇڭلاشقا، ئۇيغۇرلار ئولتۇراق دېھقانچىلىق ئىگىلىكىنى يولغا قويغاندىن كېيىنمۇ چارۋىچىلىق ئىگىلىكىگە يۈكسەك ئېتىبار بىلەن قاراپ، بۇ ئىككى خىل ئىگىلىكنى مۇستەھكەم بىر گەۋدىگە ئايلاندۇردى[1].

ئەجدادلىرىمىزدىن قالغان ئۇدۇم بويىچە ئۇيغۇرلار چارۋىچىلىقتا ئات، قوي، كالا، ئۆچكە، تۆگە، ئېشەك قاتارلىق جانىدارلارنى بېقىشنى ئاساس قىلغان ۋە بۇ كۆندۈرۈلگەن ھايۋانلارنى ئۆزلىرىنىڭ ھەر خىل ئېھتىياجلىرىنى قاندۇرۇشنىڭ مۇھىم مەنبەسىگە ئايلاندۇرغان. قولغا كۆندۈرۈلگەن بۇ ھايۋانلارنى كۆشىيدىغان ۋە كۆشىمەيدىغان دەپ ئىككى تۈركۈمگە ئاجرىتىپ، كۆشەيدىغان ھايۋانلار (قوي، ئۆچكە، كالا، تۆگە، قوتاز قاتارلىقلار) نىڭ گۆشىنى يېيىشكە بولىدۇ، دەپ قاراپ، ئۇنى ئوزۇقلۇق ئاساسى قىلغان. ئەكسىچە، كۆشىمەيدىغان ھايۋانلارنىڭ گۆشىنى يېيىشتىن پەرھىز تۇتقان. مۇشۇ پەرھىز بويىچە ئۇيغۇرلار مەلۇم زۆرۈرىيەت تۇغۇلمىغۇچە ئاسانلىقچە ئات ئۆلتۈرۈپ يېمەيدۇ. چۈنكى، ئەجدادلىرىمىز ئاتنى ئالاھىدە قەدىرلەيدۇ ۋە ئۇلۇغلايدۇ، «ئەر قانىتى ئات» دېگەن تەمسىلگە چوقۇنىدۇ. ھازىرقى زامان ئۇرۇش قوراللىرى كەشىپ قىلىنمىغان ئۆتمۈش دەۋرلەردە ئات ھەل قىلغۇچ جەڭ قورالى بولغان. ئۇيغۇرلاردا ئاتنى ئۆلتۈرۈپ يېمەسلىك ئادىتى ئېھتىمال ئاتنىڭ

---

[1] ئابدۇكېرىم رەھمان: «20 - ئەسىر ئۇيغۇر ماددىي فولكلور مەدەنىيىتى»، شىنجاڭ ئۈنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى 2006 - يىلى 5 - ئاي نەشرى، 35 - ، 37 - بەتلەر.

ئەجدادلىرىمىز تۇرمۇشىدا ئەنە شۇنداق يۈكسەك ئىقتىدارغا ئىگە ھايۋان بولغانلىقى بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولسا كېرەك. ۋاھالەنكى، سانائەتلىشىش ۋە زامانىۋىلىشىش ئەمەلگە ئېشىۋاتقان بۈگۈنكى دەۋردە بۇنىڭغا ماس ھالدا ئۇيغۇرلارنىڭ يېمەك - ئىچمەك مەدەنىيەت ئېڭىدا بەلگىلىك ئۆزگىرىش ھاسىل بولۇپ، شەھەر ئاھالىلىرى ئىچىدە قىش كۈنلىرى ئات گۆشى يېيىش ئادىتى شەكىللەنمەكتە. ئەمما، ئۇيغۇرلار توپلىشىپ ئولتۇراقلاشقان جەنۇبىي شىنجاڭ يېزىلىرىدا ھازىرمۇ ئات گۆشىنى ئاساسىي جەھەتتىن يېمەيدۇ.

ئۇيغۇرلار ئۇزاق ئەسىرلىك چارۋىچىلىق ئەمەلىيىتىدە ھايۋانلارنىڭ ئوخشاشمىغان تەبىئىي خۇسۇسىيەتلىرى، ئوزۇقلۇق قىممىتى، سالامەتلىككە پايدىلىق ۋە پايدىسىزلىقى، ئىچكى ئەزالىرىنىڭ ئىچىدە يېيىشكە بولىدىغان ياكى بولمايدىغان تۈرلىرى قاتارلىقلار ھەققىدە كۆپلىگەن جانلىق تەجرىبىلەرگە ئىگە بولغان ۋە مۇشۇ ئەمەلىي تەجرىبىلىرى ئاساسىدا گۆشلۈك يېمەكلىكلەرنى ھالال ۋە ھارام دەپ ئىككى تۈرگە ئايرىپ، «ھارام» گۆشنى يېيىشنى مەنئىي قىلغان. بۇ چەكلەنگەن پەرھىز ئادەتلىرى بويىچە، بىرىنچىدىن، كۆشىمەيدىغان ھايۋانلارنىڭ گۆشىنى يېمەسلىك؛ ئىككىنچىدىن، چوشقا، يولۋاس قاتارلىق گۆشخور، يىرتقۇچ ھايۋانلارنىڭ گۆشىنى يېمەسلىك؛ ئۈچىنچىدىن، تىغ تەگمەي ئۆزى ئۆلۈپ قالغان، سۇدا ۋە باشقا ھادىسىلەردە ئۆلۈپ قالغان چارۋىلارنىڭ گۆشىنى يېمەسلىك؛ تۆتىنچىدىن، «ھالال» ماللارنى ئۆلتۈرگەندە ئۇنىڭ ئىچىدىكى چوڭ - كىچىك بەز، ئاچچىق ئۈچەي، ئۆت، كۆتەن ئۈچەي، كۆز قارىچۇقى، قان قاتارلىق زىيانلىق ئەزالىرىنى يېمەسلىك (يېيىشكە بولمايدىغان ئەزالار ھەققىدە خەلق ئارىسىدا مۇنداق نەقىل بار: ئىككى كۆزنىڭ قاراسى، ئىككى شىراق ئاراسى، بىرسى كۆتەن، بىرسى ئۆت، بىرسى پوداق، بىرسى كۆت). بۇ پەرھىز ئادەتلىرى ئەجدادلىرىمىزنىڭ ئۇزاق ئەسىرلەر مابەينىدىكى ئىزدىنىش سىناقلىرى ئارقىسىدا شەكىللەنگەن بولۇپ، بەلگىلىك ئىلمىي ئاساسقا ئىگە.

چارۋىچىلىق ئۇيغۇرلارنىڭ مۇھىم ئىجتىمائىي، ئىقتىسادىي ئىگىلىك

شەكىللىرىدىن بىرى بولغاچقا، چارۋا ماللارنى پەرۋىش قىلىش، ئاينىتىش، ئۆزئارا پەرقلەندۈرۈش جەھەتلەردە مول تەجرىبە ۋە ئۇسۇللارنى ياراتقان. مەسىلەن، چارۋا ماللارغا شەرتلىك بەلگە سېلىش؛ شۇ بەلگىلەر بويىچە ئۆزىگە تەۋە چارۋىلارنى قەيەردە بولسا ئىزدەپ تېپىۋېلىش ياكى باشقا مال پادىلىرىغا قوشۇلۇپ كەتكەن چارۋا ماللارنى شۇ مال پادىلىرىنىڭ ئىگىلىرى شۇ بەلگىلەرگە قاراپ ئىگىسىگە خەۋەر قىلىشتەك بىر قاتار ئادەت ۋە ياخشى خىسلەتلەرنى شەكىللەندۈرگەن. چارۋا ماللارغا بۇنداق بەلگە (ئەن) سېلىش ئادىتى 20 - ئەسىرنىڭ 50 - يىللىرىغا قەدەر ئۇيغۇر چارۋىچىلىرى ئارىسىدا داۋاملىشىپ كەلگەن. بۇنداق ئەن سېلىش ئادىتى قەدىمكى كۆچمەن چارۋىچى قوۋملارغا ئورتاق بولۇپ، مەھمۇد كاشغەرىي «تۈركىي تىللار دىۋانى» دا ئوغۇز تۈركمەنلىرىنىڭ ئارىسىدىكى چارۋا ماللارغا بېسىلىدىغان 22 ئۇرۇق- قەبىلە تامغىلىرىنى تەپسىلىي كۆرسىتىپ ئۆتكەن. بۇنداق تامغا- بەلگىلەر قىزدۇرۇلۇپ چارۋىلارنىڭ ساغرىسىغا، كىچىك چارۋىلار (قوي- ئۆچكە) نىڭ قۇلىقى ياكى قاڭشىرىغا بېسىلىدۇ. كۆچمەن چارۋىچىلىقتىن ئائىلە باقمىچىلىقىغا يۈزلەنگەن بوگۈنكى دەۋردە چارۋىلارغا ئەن سېلىش ئادىتى بارغانسېرى يوقالماقتا.

ئۇيغۇرلار مال ئۆلتۈرۈپ گۆش تەييارلاشتىمۇ ئۆزىگە خاس بىر يۈرۈش قائىدە- يوسۇنغا ئەمەل قىلىپ كەلگەن. ئالدى بىلەن ئۆلتۈرمەكچى بولغان مالنىڭ بېشى قىبلە تەرەپكە قارىتىلىپ ياتقۇزۇلۇپ، ئۈچ پۇتى گىرەلەشتۈرۈلۈپ مەھكەم چىگىلىدۇ، ئاندىن «بىسمىللا» دېيىلىپ، «ئاللاھۇ ئەكبەر» دەپ تەكبىر ئېيتىلىپ، ئۆتكۈر پىچاق بىلەن قۇلىقىنىڭ ئاستى قىسمىدىن بوغۇزلىنىدۇ، قان ئاساسەن ئېقىپ بولغاندىن كېيىن يۇلۇنغا پىچاق ئۇرۇلىدۇ، مالنىڭ جېنى چىقىپ بولغاندىن كېيىن، بوغۇشلانغان پۇتى يېشىۋېتىلىدۇ، ئاندىن ئارقا ئوڭ پۇتىنىڭ توپۇقى ئاستىدىن تېرىسى كىچىك كېسىلىپ، ئۇ يەرگە چوكا چوڭلۇقىدا ئۇزۇنراق ياغاچ تىقىپ، تېرە بىلەن ئەت ئارىلىقىدا يەل ماڭغۇدەك بىر بوشلۇق ھاسىل قىلىنىدۇ، بۇ تۆشۈكتىن ئېغىز ئارقىلىق پۈۋلەپ، خۇددى توپقا يەل بەرگەندەك، مالنىڭ ئىچىگە يەل

ماڭدۇرۇلىدۇ، تېرە بىلەن ئەت ئارىسى ھۆپپىدە كۆپكەندىن كېيىن، ھېلىقى پۈۋلەنگەن تۆشۈكتىن پىچاق سۇرۇپ قېرىن تېرىسى ۋە پۇتلىرىنىڭ تېرىسى تىلىنىدۇ، تېرە سىرىق ئەتتىن ئاجرىتىلغاندىن كېيىن، تېرىنىڭ زېدە بولۇپ كەتمەسلىكى ئۈچۈن مۇشت بىلەن تېرە ئارىسىغا تىقىملاپ تېرە دۈمبىگە قەدەر سىرىق ئەتتىن ئاجرىتىلىدۇ، ئاندىن قىزىلئۆڭگەچ تارتىپ چىقىرىلىپ، يىن (ژىن) چىقىپ كېتىشتىن ساقلىنىش ئۈچۈن بوغۇپ تاشلىنىپ، بېشى ۋە ئالدى ئىككى پۇتى (شىرىقى) كېسىپ تاشلىنىدۇ، ئۇنىڭدىن كېيىن مالنى ئاۋايلاپ كۆتۈرۈپ، تەييارلانغان ئىلغۇچقا ئارقا پۇتىدىن ئېسىپ قويۇلىدۇ، شۇنىڭ بىلەن تېرە قۇيرۇق تەرەپتىن ئاجرىتىلىپ، تۆۋەنگە قارىتىپ سويۇپ ئېلىنىدۇ، قورساق يېرىلىپ، بىرىنچى قەدەمدە ئاچچىق ئۈچەي ئاۋايلاپ سىيرىپ ئېلىنىدۇ، ئىككىنچى قەدەمدە قالغان ئىچكى ئەزالىرى تەرتىپلىك چىقىرىلىدۇ. ئۇيغۇرلار قوينىڭ ئۆپكە - ئۈچەيلىرىنى قۇيۇپ ئېسىل يېمەكلىك ھازىرلايدىغان بولغاچقا، قوي سويغاندا ئۆپكىگە پىچاق تېگىپ كېتىشتىن بەك ئېھتىيات قىلىنىدۇ. قېرىن چىقىرىلىش بىلەن دەرھال يىن تۆكۈپ چىقىرىلىپ، قېرىنغا تۇتاش تۇرىدىغان كۆتەن ئۈچەي («بۆرە يېمەس» دەپ ئاتىلىدىغان ئەزا) كېسىپ تاشلىنىدۇ. شۇنىڭ بىلەن تېرىدىن ئاجرىتىلىپ پاكىزلانغان گۆش ئۇستىخان يوللىرى بويىچە پارچىلىنىدۇ. ئادەتتە مال سويغاندا ئۇيغۇرلار ئارىسىدا بەزى ئىرىملىك ئادەتلەر مەۋجۇت، يەنى قوي سويغۇچى ئائىلىنىڭ بالىۋاقىلىرى سويۇلىدىغان قوينىڭ ئەتراپىغا جەم بولىدۇ، قويغا پىچاق سۇرگەن قاسساپ ياكى ئائىلە باشلىقى پىچاقنىڭ بىسىدىكى قاننى ئەڭ كىچىك ئوغۇل بالىسىنىڭ پېشانىسىگە سۇرۇپ ئىرىم قىلىدۇ، قوينىڭ جىگىرى ۋە بۆرىكى ئاجرىتىلغاندىن كېيىن، بۆرەك يېغىنى ئىسسىق ھالىتىدە يۇلۇپ ئېلىپ بالىلىرىنىڭ ئاغزىغا سېلىپ قويىدۇ ھەمدە جىگەرنىڭ بىر قىسمىنى كېسىپ، بالىلىرىنى كاۋاپ قىلىپ يېيىشكە بۇيرۇيدۇ، ۋەھاكازالار. دېمەك، مال سويۇش ھەممە كىشىنىڭ قولىدىن كېلىدىغان ئادەتتىكى ئىش بولماستىن، بەلكى ئۇيغۇرلار ئارىسىدا قاسساپلىق مەخسۇس بىر ھۈنەر - كەسىپ

تۇرى بولۇپ شەكىللەنگەن. شۇنداق بولۇشىغا قارىماي، ئۇيغۇرلاردا «مال سويۇشنى بىلىش ئوغۇل بالىنىڭ بىر شەرتى» دەپ قارالغاچقا، بۇ «ھۈنەر» نى ئەرلەرنىڭ كۆپچىلىكى بىلىدۇ. ئۇيغۇرلاردا كېيىنكى مەزگىللەردە ئاياللارنىڭ مال ئۆلتۈرۈشى پەرھىز قىلىنغان[1].

ئۇيغۇرلارنىڭ چارۋىچىلىقى ئاساسلىقى قوي، ئۆچكە، ئۇنىڭدىن قالسا ئات، كالا، ئېشەك بولۇپ، ئۇنىڭ گۆشى، يۇڭى، كۆنچى ۋە تېرىسىدىن تولۇق پايدىلىنىدۇ. شۇڭا، ئۇلار قوي، ئۆچكىنى جېنىدەك ئاسراپ كەلگەن. بۇرۇنقىلارنىڭ رىۋايەت قىلىشىچە، ئۇلارنىڭ ئەجدادلىرى بىر ساغلىقنى ئۇرۇقلاندۇرۇش ئۈچۈن نەچچە كۈنلۈك يول يۈرۈشتىن قورقماي ئۇرۇقلاندۇرۇپ كېلىپ، تۆل ئالغاندا قوزىلارنى قوينىغا سولاپ يېتىپ، كۈندۈزى ئىسسىق ئۆيدە بېقىپ، شۇنداق جاپا-مۇشەققەتچىلىكتە تەدرىجىي چارۋا مال قىلغانىكەن. دولان (مەكىت) چوڭ قۇيرۇقلۇق قويى مانا مۇشۇنداق ئەجىر-مېھنەتنىڭ نەتىجىسىدە بارلىققا كەلگەن. ئۇلار كالىنىڭ سۈتى، گۆشى، تېرىسىدىن تولۇق پايدىلىنىدۇ. ئەمما، كالىنى ئاسانلىقچە ئۆلتۈرۈپ يېمەيدۇ، بولۇپمۇ ئاتنى مەخسۇس يېيىش ئۈچۈن ئۆلتۈرمەيدۇ، يال، قۇيرۇقلىرىنى كەسمەيدۇ، ساغلىق ۋە بايتالنى ساغمايدۇ. ئۇلار سۈيى، ئوتى مول دەريا، كۆل بويلىرىغا جايلاشقانلىقى ئۈچۈن، چارۋا ماللارنى ئوت-سۇ قوغلىشىپ يۈرۈپ باقمايدۇ، ئەتىياز، ياز كۈنلىرى مەھەللە-كەنتلەردىن بىرەر كۈنلۈك يىراقلىقتىكى يايلاقلاردا، قىش، كۈز كۈنلىرى مەھەللە ئەتراپىدا باقىدۇ. ياز، كۈز كۈنلىرى يېتەرلىك ئوت ئورۇپ زاپاس قىلىۋالىدۇ. چوڭ چارۋىلارنى ئەتىياز، ياز پەسىللىرىدە دەريا توقايلىرى، كۆللەر ئارىلىقلىرىدىكى يىپىقلارغا ھەيدەپ چىقىرىۋېتىپ، مەخسۇس ئادەم باقمايدۇ، كۈزدە ياندۇرۇپ ئەكېلىۋالىدۇ. ھەر ئائىلىنىڭ ئۆز ئالدىغا ئايرىم ئەن-بەلگىلىرى بولغاچقا، ئارىلىشىپ كېتىش ئەھۋاللىرى يۈز بەرمەيدۇ.

---

[1] ئابدۇكېرىم رەھمان: «20-ئەسىر ئۇيغۇر ماددىي فولكلور مەدەنىيىتى»، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى 2006-يىلى 5-ئاي نەشرى، 40-، 43-بەتلەر.

## 4. دېھقانچىلىق

ئۇيغۇرلار ئوتتۇرا ئاسىيا، مەركىزىي ئاسىيا مىللەتلىرى ئىچىدە ئولتۇراق شەھەر- كەنت ھاياتىنى ئەڭ بۇرۇن باشلىغان مىللەتلەرنىڭ بىرى بولۇپ، ئولتۇراق تۇرمۇش تەقەززالىقى ئۇلارنىڭ دېھقانچىلىق ئىگىلىك تەرەققىياتىنى ئالدىنقى شەرت قىلغان. ئۇيغۇرلار توپلىشىپ ئولتۇراقلاشقان تارىم بوستانلىقى ۋە مۇنبەت جۇڭغار ۋادىلىرى مىلادىيەنىڭ ئالدى - كەينىدە ئېلىمىزنىڭ مۇھىم «ئاشلىق ئامبىرى» ئىدى. شىنجاڭنىڭ تۇپراق، سۇ ۋە ئىقلىم شارائىتى دېھقانچىلىق ئىگىلىكى ئۈچۈن تولىمۇ ماس كېلىدىغان بولغاچقا، ئۇيغۇرلار قەدىمكى دەۋرلەردىن باشلاپ بۇغداي، ئارپا، قوناق (ئاق قوناق، كۆممىقوناق)، شال، تېرىق، ھەر خىل پۇرچاق، كېۋەز، زىغىر، كۇنجۇت، قىچا، زاراڭزا، كەندىر، ئاپتاپپەرەس، تاماكا قاتارلىق ئاشلىق تۈرلىرى ۋە ئىقتىسادىي زىرائەت تۈرلىرىنىڭ ھەممىسىنى تېرىپ ئۆستۈرۈشكە ئادەتلەنگەن. بۇ جەرياندا زىرائەتلەرنى قانداق تېرىش، قانداق پەرۋىش قىلىش، ئاشلىق زىرائەتلىرىنى ساقلاش ۋە پىششىقلاپ ئىشلەش، شۇنىڭدەك زىرائەت تۈرلىرىنىڭ ئۆسۈش قانۇنىيىتىگە مۇناسىپ يەر، پەسىل، مۇچەللەرنى بەلگىلەش، سۇغىرىش ئەسلىھەلىرىنى قۇرۇش قاتارلىق جەھەتلەردە مول فولكلورلۇق تەجرىبىلەرنى ياراتقان. ئۇيغۇرلارنىڭ ئارىسىدىن ھەرقايسى تارىخىي دەۋرلەردە داڭلىق ئاگرونوملار ۋە دېھقانچىلىق تېخنىكىسىغا ئائىت مەشھۇر ئەسەرلەر بارلىققا كەلگەن. مەسىلەن، 13 - ، 14 - ئەسىرلەردە ياشىغان مەشھۇر ئۇيغۇر يېزا ئىگىلىك ئالىمى لۇ مىڭشەنىڭ «تېرىقچىلىق، پىلىچىلىك ئاساسلىرى» ناملىق ئەسىرى بۇنىڭ بىر مىسالى.

ئۇيغۇرلار توپلىشىپ ئولتۇراقلاشقان رايونلاردىكى دېھقانچىلىق ئاساسەن سۈنئىي سۇغىرىش ئەسلىھەلىرىگە تايىنىدىغان بولغاچقا، بۇ ساھەدە ئەجدادلىرىمىز ئېرىق - ئۆستەڭ قېزىش، دەريالارغا تۇغان سېلىش، تاغ سۇلىرى ۋە يەر ئاستى سۇلىرىدىن پايدىلىنىش بويىچە مول

تەجرىبىلەرنى ياراتقان، بولۇپمۇ تۇرپانغا ئوخشاش قۇرغاق رايونلاردىكى خەلقلەر ئەقىل - پاراسىتىنى جارى قىلدۇرۇپ، سۇغىرىش ئەسلىھەلىرى قۇرۇلۇشىدا ئاجايىپ كەشپىياتلارنى ياراتقان. كارىز بۇنىڭ ئەڭ جانلىق دەلىلى[1].

ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىكى يېزا - كەنتلەرنىڭ «تۈگمەن» نامى بىلەن ئاتىلىدىغانلىرى ئاز ئەمەس. تولۇقسىز مەلۇماتقا قارىغاندا، ئاپتونوم رايونىمىزدا «تۈگمەن بېشى»، «كونا تۈگمەن»، «تۈگمەن مەھەللە»، «تۈگمەن ئېرىق»، «قوش تۈگمەن»، «ساي تۈگمەن»، «يار تۈگمەن»، «بەش تۈگمەن»، «تۈگمەن بويى»، «جاڭگال تۈگمەن»...... قاتارلىق تۈگمەنگە ئالاقىدار نامى بار يېزا- كەنتتىن 50 ى بار ئىكەن. بۇ نامىلارنىڭ كېلىپ چىقىشى شۇ جايلاردا تۈگمەننىڭ ياسىلىشى ۋە ئىشلىتىلىشى بىلەن مۇناسىۋەتلىك. بۇنىڭدىن سىرت، تۈگمەننىڭ تۈرى، تۈگمەن سۈيىنىڭ شارقىرىشى، تۈگمەن كۆتۈرمىسىگە باغلىنىشلىق بولغان «نور بېشى»، «شاقۇر» (شاھكور— تۈگمەننىڭ سۈيى چۈشىدىغان شارقىراتما) دېگەنگە ئوخشاش ناملار بىلەن ئاتالغان يەر - جايلارمۇ بار[2].

ئۇيغۇرلار مۇقىم ئولتۇراقلىشىپ شەھەرلىشىپ، ئوۋچىلىق، چارۋىچىلىقتىن تەدرىجىي دېھقانچىلىق، قول ھۈنەرۋەنچىلىك كەسپىگە يۈزلەنگەن ۋە ئىپتىدائىي تېرىقچىلىقتىن تەدرىجىي ھالدا ئۆزىگە خاس ئولتۇراقلاشقان دېھقانچىلىق ئىگىلىكى بەرپا قىلىپ، بۇغداي، قوناق، ئارپا، تېرىق، ماش قاتارلىق دانلىق زىرائەتلەرنى تېرىغان ۋە تېرىقچىلىق سايمانلىرىنى ئىختىرا قىلغان. ئۇيغۇرلار گەرچە ئۆزلىرى جايلاشقان جۇغراپىيەلىك مۇھىتنىڭ تەسىرى بىلەن ئۆزلىرىنىڭ ئەنئەنىۋى تىرىكچىلىك شەكىللىرىدىن بولغان ئوۋچىلىق، چارۋىچىلىق، بېلىقچىلىق قاتارلىقلار بىلەن شۇغۇللانغان بولسىمۇ، بىراق دېھقانچىلىق

---

[1] ئابدۇكېرىم رەھمان: «20- ئەسىر ئۇيغۇر ماددىي فولكلور مەدەنىيىتى»، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى 2006 - يىلى 5 - ئاي نەشرى، 44 - ، 45 - بەتلەر.

[2] ئابدۇكېرىم رەھمان: «20 - ئەسىر ئۇيغۇر ماددىي فولكلور مەدەنىيىتى»، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى 2006 - يىلى 5 - ئاي نەشرى، 59 - بەت.

يەنىلا ئۈلارنىڭ ئاساسلىق ئىگىلىك شەكلى ھېسابلىنىدۇ.

دېھقانچىلىق سايمانلىرى: قوش، بوقۇسا، سۆرەتمە تاختاي (سۆرەم)، تارماق، تۇلۇق، كەتمەن، ئورغاق، ئوتىغۇچ، ئارا، كۈرەك، غەلۋىر، ئۆتكەمە، موما ياغاچ، شامالدۇرغۇچ، سوقا قاتارلىقلاردىن ئىبارەت.

تېرىقچىلىق ئۇسۇلى: ئۇيغۇرلار يەرلىك ئۇسۇلدا تېرىقچىلىق قىلىدۇ، كۈزگى بۇغداينى قوناق يىغىۋېلىنغاندىن كېيىن يەرنى تاختىلاپ (تۈزلەپ) ئوغۇتلاپ، ئوسا قىلىپ ئاغدۇرۇپ ئاپتاپقا سالغاندىن كېيىن، نەملىك تەڭشەلگەندە قايتا ئاغدۇرۇپ ئۇرۇق سالىدۇ، ئۇرۇق ئۈستىنى دەسسەپ ياكى سۆرەم سېلىپ چىڭدايدۇ (ئۇرۇقنى باستۇرىدۇ). بۇغداي ئۈنگەندە بەزىلەر مالغا يېگۈزىدۇ، بەزىلەر مايسا ئۈستىدىن تۇلۇق سۆرەپ مايسىنىڭ قەرەلسىز ئۆسۈشىنى چەكلەيدۇ، ئەتىيازدا يەرگە تارماق سېلىپ بوشىتىدۇ، ئەخلەت - چاۋارلارنى تازىلايدۇ، مايسا بىخ سۈرۈپ 10 — 15 سانتىمېتىر ئۆسكەندە سېپىل ياكى كونا تام توپىسى بىلەن توپىلايدۇ، ياۋا ئوت - چۆپلەر ئوتىغۇچ بىلەن ئېلىپ تاشلىنىدۇ.

يازغى بۇغداي 2 - ئاينىڭ ئاخىرلىرىدا يۇقىرىقى ئۇسۇل بىلەن تېرىلىدۇ. كۈزگى بۇغداي بۇرۇن، يازغى بۇغداي كېيىن پىشىدۇ.

ئاشلىق يىغىش: بۇغداينى دەل ۋاقتىدا ئورغاق بىلەن ئورۇپ باغ قىلىپ باغلايدۇ، مەخسۇس خامان راسلايدۇ. خامان ئورنى تۈزلىنىپ چىڭدىلىدۇ، ئوتتۇرىغا موما ياغاچ قاداپ، يەرگە ئەنجۈ (باغلانغان بۇغداي) نى چۇۋۇپ سېلىپ، ئۇلاغقا تۇلۇق سۆرىتىپ مومنى ئايلاندۇرۇپ بۇغداينى باشاقتىن ئاجرىتىدۇ. بىر ئادەم ئۇلاغ ھەيدەشكە، يەنە بىر ئادەم ئەنجۈنى ئۆرۈپ ئۇلاغ ۋە تۇلۇق ئاستىغا تاشلاپ بېرىشكە مەسئۇل بولىدۇ. باشاقتىن ئايرىلغان بۇغداي ئاستىدا قالىدۇ. پاخالنى ئېلىپ تاشلاپ، ياغاچ گۈرجەك بىلەن شامالدا سورۇپ سامنى ئايرىلىدۇ، شامال بولمىسا ئەدىيال بىلەن گۈپپاڭ ئېتىپ شامال چىقىرىدۇ.

قوناق بۇغداي ئورۇلۇپ بولغاندىن كېيىن تېرىلىدۇ. تېرىش جىددىي بولىدۇكى، ئەتىگەندە سالغان ئۇرۇق بىلەن چۈشتىن كېيىن سالغان ئۇرۇقنىڭ پىششىدا پەرق بولىدۇ، ئوتاش، سۇغىرىش ۋاقتىغا قاراپ بەلگىلىنىدۇ. قوناق پىشقاندا ئۈزۈۋېلىپ، پاتىقىنى (پالىكىنى) سويۇپ

تاشلاپ، كالتەك بىلەن سوقۇپ مەدەكتىن ئاجرىتىدۇ.

قائىدە - يوسۇنلار: خامان ئېلىنغاندا شۇ مەيداندا بولغان، قارىشىپ بەرگەن كىشىلەرگە هوسۇل خۇشاللىقى بىلەن كەپسەن بېرىلىدۇ. ئومۇمي مەھسۇلات سەدىقىسى ئۈچۈن مەدرىسە، مەسچىت، ئىمام، مەزىن، خاتىپلارنىڭ راسخوتىنى مەقسەت قىلىپ، مەھسۇلاتنىڭ ئوندىن بىرىنى ئۆشرە بېرىدۇ. بۇغداي، قوناقلار ئورۇلۇپ خامانغا توشۇپ بولۇنغاندىن كېيىن، ئېگىزلىقتا يوقسۇللارنىڭ باشاق تېرىۋېلىشىغا يول قويىدۇ، جان - جانىۋارلار ھەققى دەپ توپىلارنى ئېتىزغا چېچىپ قويىدۇ.

دېھقانچىلىقنىڭ پەسىل خاراكتېرى ناھايىتى كۈچلۈك بولغاچقا، يىغىم - تېرىم مەزگىلىدە ئۇيغۇرلار ئۆزئارا لاپقۇتلىشىش تۈزۈمىنى يولغا قويغان.

### تېرىم ۋە يىغىم ئادەتلىرى

ئۇيغۇرلار دېھقانچىلىق ۋاقتىنىڭ يېتىپ كېلىش ۋاقتى، قايسى خىل ئۇرۇقنى قايسى ۋاقىتتا سالسا (تېرىسا) ياخشى بولىدىغانلىقىنى ھېسابلاپ تۇرىدۇ ۋە شۇ يىلقى قىشلىق قار، جۇملىدىن ئەتىياز ۋە يازدا بولىدىغان يامغۇرلارنى مۆلچەرلەپ تۇرىدۇ. مۇبادا ھۆل - يېغىن ئاز بولۇپ، قۇرغاقچىلىق يۈز بېرىش شەپىسى بولىدىغان بولسا، كونا قائىدىسى بويىچە پۈتۈن يۇرت خەلقى ئۇلۇغ مازارلار ياكى قەدىمكى جايلارغا يىغىلىپ كالا، قوي ئۆلتۈرۈپ، ھەربىر ئادەم خالىغان نەرسە ئېلىپ چىقىدۇ، قان قىلىپ، ياغ پۇرىتىپ سۇ تەلەپ قىلىپ دۇئا - تەكبىر قىلىپ تەڭرىگە سېغىنىدۇ، بۇ مۇراسىمنى «زاراخەتمە» دەپ ئاتايدۇ.

زاراخەتمىدىن كېيىن ھەربىر دېھقان ئۆز ئېتىزلىرىنى تۈزەپ، سۇ كېلىشنى كۈتىدۇ ۋە ئۆزىگە قاراشلىق ئېتىز بېشىدا قوي، كالا دېگەندەك جانلىقلارنى سويۇپ «قان قىلىپ» نەزىر قىلىدۇ، جامائەت يىغىلىدۇ، بۇ يىغىلىشتا دېھقانچىلىق رىسالىسى ئوقۇلۇپ، دېھقانلارنىڭ ئېتىز - ئېرىق ئىشلىرىدا رىئايە قىلىشقا تېگىشلىك بولغان قائىدىلەر تەشۋىق قىلىنىدۇ، بولۇپمۇ رىسالىدىكى بەدەننى پاكىز، پاك تۇتۇش، تېرىقچىلىق

ۋاقتىدا پىرلارغا سېغىنىش، شەرىئەت ئەمرىنى بەجا قىلىش، ئېتىقادىنى پاك قىلىش، ئاللانى ياد ئېتىش، ئۇرۇقنى ئوڭ قول بىلەن سېلىش، خاپىلىق ـ ئاچچىقلىنىشتىن خالىي بولۇش، كەڭ قورساق بولۇش، ئالىملارنى دوست تۇتۇش، قوش قېتىش، تاپ بېشىدىن يېنىش ئۇسۇلى، دېھقانچىلىق سايمانلىرىنى ئاسراش ۋە قەدىرلەش، ئۆشرە، كەپسەن بېرىش، يالغۇز بۇغداي، قوناقلا تېرىماي، قوغۇن ـ تاۋۇز، ماش، پۇرچاق، كۆكتات قاتارلىق ھەر خىل زىرائەتلەرنىمۇ تېرىش، باغ بىنا قىلىش ۋە ئاسراش قاتارلىق قائىدىلەر تەشۋىق قىلىنىدۇ.

يىغىم ۋاقتىدا خامان بېشىدا بەرىكەت تىلەپ يەنە بىر قېتىم قان قىلىپ دۇئا ـ تەكبىر ئوقۇلىدۇ.

خامان چەشلىنىپ بولغاندا ئالدى بىلەن «چەش بۇرنى» دەپ بىر غەلۋىر ئاشلىقنى ئايرىم قويىدۇ، ئاندىن ھەر ئون غەلۋىردىن بىرىنى ئۆشرە دەپ ئايرىپ قويۇپ، مەسچىت، مەدرىسەلەرگە بېرىدۇ.

ئائىلە باشلىقى «كەپسەن» دەپ ئائىلە ئەزالىرى ۋە يېقىن ئۇرۇق-تۇغقانلىرىغا، خامان ئۈستىگە كەلگەن يوقسۇللارغا مۇۋاپىق ئۆلچەمدە ئاشلىق بۆلۈپ بېرىدۇ. جان ـ جانىۋارلار ھەققى دەپ خاماندا قالغان چار بۇغداينى ئەتراپقا چېچىپ قويىدۇ. يوقسۇللارنىڭ باشاق تېرىۋېلىشىغا يول قويىدۇ. بۇلارنى سەدىقە، ئەلگە نەپ، دەپ بىلىدۇ.

قوغۇن تېرىغان دېھقانلار ئۇرۇق سېلىش ۋاقتىدا نەزىر (قان) قىلىپ ئۇرۇق سالىدۇ.

باغۋەنلەرمۇ مېۋىلەر بىخ ئۇرۇش ۋاقتىدا دۇئا ـ تەكبىر ئۆتكۈزىدۇ. مېۋە پىشقاندا ھەرقانداق كىشى باغقا كىرسە خالىغانچە يېيىشكە رۇخسەت قىلىنىدۇ. بېغى يوق قولۇم ـ قوشنا ۋە ئۇرۇق ـ تۇغقانلىرىنىڭ ئائىلىسىگە داۋاملىق مېۋە كىرگۈزۈپ تۇرىدۇ.

### ئاشلىق ساقلاش

ئۇيغۇرلار ئادەتتە ئاشلىقنى تاغار، خانپا (ياغاچ ساندۇق)، باداڭ (چىۋىق توقۇلما سېۋەت) قاتارلىقلاردا ساقلايدۇ. يۆتكەش ئىمكانىيىتى بولمىغان كۆپرەك يىرىك ئاشلىقنى ئۇزاق مۇددەت ساقلاشقا توغرا

كەلگەندە مەخسۇس ئورا ياساپ ساقلايدۇ. ئاشلىق ئورىسى ئۈچۈن قۇرۇق يەر تاللىنىدۇ. ئاشلىق ئورىسى ئىككى خىل بولىدۇ. بىرى، تۈز كولانغان ئۈستى ئوچۇق ئورا، يەنە بىرى، ئىچ گۈر قازغانغا ئوخشاش ياسالغان گەمە. ھەر ئىككىسىنىڭ ئىچ تەرىپى ھاك، تۈز ئارىلاشتۇرۇلغان كاكىل لاي بىلەن سۇۋىلىدۇ. بۇنداق سۇۋاقتىن چاشقان، ئاغمىخان قاتارلىق ئاشلىق «ئوغرى»لىرى ئۆتەلمەيدۇ ۋە ئاشلىق بۇزۇلمايدۇ. ئورىنىڭ ئاغزى توپا چۈشمەيدىغان ۋە ھاۋا كىرمەيدىغان قىلىپ مەھكەم ئېتىلىدۇ. تەكلىماكان قۇملۇقىغا يېقىن جايغا جايلاشقان كەنتلەردە دېھقانلار ئېشىنچا ئاشلىقلىرىنى تال ياكى توغراق چىۋىقلىرىدىن ياسالغان چوڭ باداڭ (گۈمبەز شەكلىدە توقۇلغان سېۋەت) غا قاچىلاپ ئاغزىنى مەھكەم بېكىتىپ، ئۇنى قۇم ئاستىغا كۆمۈپ ساقلايدۇ. بۇنداق ساقلانغان ئاشلىق نەچچە يىللار تۇرسىمۇ بۇزۇلمايدۇ.

## 5. باغۋەنچىلىك

شىنجاڭ قەدىمدىن تارتىپ مېۋە-چىۋە ماكانى دېگەن نامى بىلەن دۇنياغا مەشھۇر. ئۇيغۇرلار ھاياتىدا باغۋەنچىلىك ئىگىلىكىنىڭ تۇتقان ئورنى خېلى يۇقىرى بولۇپ، خەلق ئارىسىدىكى «بېغى يوقنىڭ جېنى يوق» دېگەن ماقال بۇ پىكرىمىزنىڭ ئوبرازلىق دەلىلىدۇر. ھەقىقەتەن ئۇيغۇرلاردا باغۋەنچىلىك بىر خىل زور قوشۇمچە ئىگىلىك سۈپىتىدە ناھايىتى تەرەققىي قىلغان. ئۇيغۇر جەمئىيىتىنىڭ ئەزاسى بولمىش ھەر-قانداق بىر دېھقان ئۆزىنىڭ شارائىتىغا ئاساسەن باغىباراڭ بىنا قىلىشقا، ھەتتا يەر-زېمىنى يوق كەمبەغەللەرمۇ تۇرالغۇسىنىڭ ئالدى-كەينىگە بىرەر-يېرىم تۈپتىن ئۈجمە، جىگدە ئۆستۈرۈشكە ياكى كاۋا-قاپاق قاتارلىقلارنى تېرىپ باراڭ قىلىشقا ئادەتلەنگەن.

ئۇيغۇرلارنىڭ ئەنئەنىۋى باغۋەنچىلىكىدە ئالاھىدە تىلغا ئېلىشقا ئەرزىيدىغان بىر نۇقتا بار، ئۇ بولسىمۇ مېۋە-چىۋىلەرنى ساقلاش، ھەر خىل قۇرۇق يېمىش ۋە گۈلە-قاق تەييارلاش ھەمدە ھەممە مېۋە تۈرلىرىدىن ئۆزگە لايىق شەربەت ۋە مۇراببا ياساش ئەنئەنىسىدىن

ئىبارەت.

ئۇيغۇرلار تۇرمۇش ئادىتىدە كۆكەرتىشكە ناھايىتى ئەھمىيەت بېرىدۇ. ئۇلارنىڭ ئېتىقادىدا بىرەر تۈپ دەرەخ تىكىپ پەرۋىش قىلىش ناھايىتى چوڭ ساۋابلىق ئىش دەپ قارىلىدۇ. بوستانلىق ئۇيغۇر تەبىئىتىنى خاراكتېرلەيدىغان مۇھىم بەلگىلەرنىڭ بىرى. ئۇيغۇرلار ئولتۇراقلاشقان ھەرقانداق يېزا ـ مەھەللىدە بوك ـ باراقسان باغ بولىدۇ. بۇ ھال ئۇيغۇرلارنىڭ تۇرمۇش ئادىتىدە دېھقانچىلىقتىن قالسىلا باغۋەنچىلىك ئىككىنچى ئورۇندا تۇرىدىغان مۇھىم ئىگىلىك شەكلى ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلايدۇ. شۇنداق بولغاچقا، شىنجاڭ «مېۋە ـ چېۋە ماكانى» دەپ قارىلىدۇ.

مېۋە تۈرلىرىنىڭ كۆپلۈكى، سۈپىتىنىڭ ياخشىلىقى بىلەن مەشھۇر. باغۋەنچىلىك ئىگىلىكىگە دائىر مەلۇماتلاردىن قارىغاندا، بۇ جايدىن چىقىدىغان يەرلىك مېۋىلەرنىڭ تۈرلىرى بىرقانچە ئون خىلدىن ئاشىدۇ. بىرقەدەر كەڭ ئومۇملاشقانلىرى ئۈزۈم (ئاق ئۈزۈم، تۈكلۈك ئۈزۈم، ئاچچىق ئۈزۈم، مانتا ئۈزۈم، جانانە، توغاچ ئۈزۈم، گۈلە ئۈزۈم، خۇۋەينى ئۈزۈم، مايسەن ئۈزۈم، ياغلىق ئۈزۈم، خەششەك ئۈزۈم، سەمەت ئۈزۈم، كىشمىش ئۈزۈم، كۆك ئۈزۈم يەنى كۆك پىشار قاتارلىقلار)، شاپتۇل، توغاچ، ئۆرۈك، ئانار، ئەنجۈر، ئالما، قوتۇر ئامۇت، نەشپۈت ئامۇت، چىلان، جىگدە، ئۈجمە، بادام، ياڭاق قاتارلىقلاردىن ئىبارەت. 6 ـ ئايدا ئۈجمە پىشقان مەزگىلدىن تارتىپ تاكى 10 ـ ئايغىچە بولغان 3 ــ 4 ئاي ھەر خىل مېۋىلەر بىر ـ بىرىگە ئۇلىشىپ مەي باغلىغان «ئالتۇن پەسىل» ھېسابلىنىدۇ. بۇ ئايلاردا ئۇيغۇرلار ئۆيىگە كىرگەن مېھمانىنىڭ ئالدىغا ئالدى بىلەن مۇرادىغا يېتىپ پىشقان ھەر خىل مېۋىلەرنى قويىدۇ ياكى بېغىغا باشلاپ ئۆز قولى بىلەن ئۈزۈپ يېيىشكە تەكلىپ قىلىدۇ. ئۇيغۇرلارنىڭ ئەنئەنىۋى ئادىتىدە باغقا كىرىپ يېگەن مېۋە ئۈچۈن ھەق تەلەپ قىلمايدۇ. ئادەتتە شەھەر ئىچىدە باغ بىنا قىلىش شارائىتى بولمىغاچقا، شەھەر ئاھالىلىرى مېۋە ـ چېۋە راسا مەي باغلىغان مەزگىلنى تاللاپ، شەھەر ئەتراپىدىكى يېزىلارغا چىقىپ «باغ سەيلىسى» ئۆتكۈزىدۇ. بۇ ۋاقىتلاردا باغبارانلار يىراق ـ يېقىندىن

كەلگەن مېھمانلارنىڭ سەيلىگاھىغا ئايلىنىدۇ.

مۇشۇ خىل مېۋە - چېۋە قاتارىدا يەنە قوغۇن - تاۋۇزنىمۇ ئالاھىدە تىلغا ئېلىشقا ئەرزىيدۇ، بولۇپمۇ قوغۇن ئۇيغۇرلارنىڭ ئالاھىدە مەھسۇلاتى بولۇپ، ئۇيغۇرلار قوغۇن تېرىشقا ناھايىتى ئەھمىيەت بېرىدۇ. قوغۇننىڭ تۈرى ۋە تەمى جەھەتتە خېلى داڭقى بار. قوغۇننىڭ سورتلىرى ئىچىدە قارا كۆسەي، كۆكچە، بىشەكشېرىن، شېكەر سۈيى، پوستىپياز، بوز كۆكچە، تېكىر قوغۇن، كۆك بەرىي، ئالا بەرى قوغۇن، ناشپېكەر، مامۇت قازى، قارا كۆكچە، چىلگە، خانىش قاتارلىق قوغۇنلار مەشھۇر بولۇپ، ئۇلار يازلىق قوغۇن ۋە قىشلىق قوغۇن دەپ ئايرىلىدۇ. يېزىلاردا ھەربىر ئائىلە دېگۈدەك ئۆزىگە يەتكۈدەك بىرەر پارچە يەرگە قوغۇن - تاۋۇز تېرىشقا ئادەتلەنگەن. ئۇلار قوغۇن - تاۋۇز تېرىشتا ئۇرۇق تاللاشقا ناھايىتى ئەھمىيەت بېرىدۇ. قوغۇنچىلار ئۇرۇقى بۇزۇلمىغان سورتلۇق ۋە تەملىك قوغۇنلارنىڭ ئۇرۇقىنى شۇ قوغۇننىڭ شاپىقىغا ئېلىپ، ئاپتاپتا قۇرۇتۇپ، مەخسۇس ساقلايدۇ ياكى ئېسىل ئۇرۇقنى تام - تورۇسقا چاپلاپ قۇرۇتۇپ، تېرىيدىغان چاغقىچە ئالماي ساقلايدۇ. شۇ ئارقىلىق قوغۇنلارنىڭ يەرلىك سورتىنى ئەۋلادتىن - ئەۋلادقا ساقلاپ كەلگەن. ئۇلارنىڭ ئادىتىدە ۋايىغا يەتمىگەن (پىشمىغان) قوغۇنلارنى ھەرگىز ئۈزمەيدۇ.

شىنجاڭدا مېۋە - چېۋىلەرنىڭ ھەم كۆپ، ھەم تەملىك بولۇشى بۇ رايوننىڭ ئەۋزەل جۇغراپىيەلىك شارائىتقا ئىگە بولغانلىقى بىلەن مۇناسىۋەتلىك. شىنجاڭ، بولۇپمۇ مېۋە - چېۋە ئەڭ كۆپ چىقىدىغان جەنۇبىي شىنجاڭ ئىقلىم جەھەتتىن قۇرغاق رايون بولۇپ، بۇ جايلارغا كۈن نۇرىنىڭ چۈشۈش ۋاقتى ئەڭ ئۇزاق، تۇپرىقى مېۋە - چېۋە ئۆستۈرۈشكە تولىمۇ ماس كېلىدۇ، لېكىن ئەڭ مۇھىمى، ئەمگەكچان ئۇيغۇر خەلقىنىڭ مېۋە - چېۋە ئۆستۈرۈشكە ماھىرلىقى ھەمدە يېشىللىقنى سۆيۈشتەك گۈزەللىك تەبىئىتى ئاساسىي ئامىل بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

ئۇيغۇرلار ھۆل مېۋىلەردىن قۇرۇق يېمىش ياكى مېۋە قېقى تەييارلاشتىمۇ ئۆزىگە خاس ئالاھىدىلىككە ئىگە. شۇڭا، ھەرقانداق ئائىلىدە يىلنىڭ ھەممە پەسىللىرىدە دېگۈدەك ھەر خىل قۇرۇق

يېمشلەر بولىدۇ.

**مېۋە قۇرۇتۇش**

يېپەك يولىنىڭ تۈگۈنى بولغان قەشقەر مېۋە ـ چېۋە ماكانى دېگەن نامى بىلەن دۇنياغا مەشھۇر بولۇپ، ئوتتۇرا ئاسىيا، ياۋروپا، ئوتتۇرا شەرق، ھەتتا ئەرەب يېرىم ئارىلى ۋە ئىچكى ئۆلكىلەرنى قۇرۇتۇلغان ئۈزۈم، گۈلە، قاق، جىگدە، ياڭاق، ھەر خىل بادام، چىلان، ئەينۇلا، قارىئۆرۈك، پىستە، ئەنجۈر، قوغۇن قېقى، مېغىز ۋە ھەر خىل خورمىلىرى بىلەن تەمىنلەپ كەلگەن.

ئۇيغۇرلاردا مېۋە تۈرى كۆپ، ئۇلارنى قۇرۇتۇش ئۇسۇلمۇ مىللىي ۋە يەرلىك ئالاھىدىلىككە ئىگە. قەشقەر باغۋەنلىرى ئادەتتىكى ئۆرۈك ۋە شاپتۇلنى كاۋاكشىغان مەزگىلدە ئۈزۈپ ئاپتاپقا سېلىپ قۇرۇتىدۇ. ئۆرۈكتىن قاق (گۈلە) تەييارلاش ئۇسۇللىرى خىلمۇخىل بولۇپ، سۈپەتكە ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرىدۇ. بىرىنچى دەرىجىلىك خۇۋەينى ئۆرۈكنى مەي باغلاش ئالدىدا قېقىۋېلىپ، ئۇنى شامال ئۆتۈشۈپ تۇرىدىغان جايدا كۈنگە كۆرسەتمەي، نەم تەگكۈزمەي قۇرۇتىدۇ. بۇ خىل گۈلە سۈزۈك، قارامتۇل، گۆشلۈك قۇرۇيدۇ، قۇرۇش جەريانىدا شىرە باغلايدۇ. يەنە بەزىدە ئادەتتىكى خۇۋەينى ئۆرۈك ياكى باشقا سورتتىكى ئۆرۈكلەرنى مەي باغلاش ئالدىدا قېقىۋېلىپ، شور تۇزنى قاينىتىپ سوۋۇتۇپ، چويلا بىلەن تۇزغا سېلىپ بورىغا يېيىپ قۇرۇتىدۇ. بۇ خىل گۈلىگە چىۋىن قونمايدۇ، قۇرتلىمايدۇ، ئۇنىڭ ئۈستىگە سۈزۈك قۇرۇيدۇ. قۇرت چۈشمەسلىك ئۈچۈن، قۇرۇتۇلغان گۈلە قاچىسىغا شور تۇزنى چوقۇپ سېلىپ قويىدۇ.

گۈلىدىن باشقا، ئۆرۈك خورمىسى تەييارلاش ئۇيغۇر باغۋەنچىلىك ئىگىلىكىدە بىرقەدەر كەڭ ئومۇملاشقان بولۇپ، ئېكسپورت تاۋارلىرىنىڭ ئىچىدە مۇھىم سالماقنى ئىگىلەيدۇ. ئۆرۈك خورمىسىنىڭ تۈرى كۆپ خىل بولۇپ، ئاساسەن مېغىزلىق خورما، مېغىزسىز خورما، ئىسلانغان خورما، ئىسلانمىغان خورما دەپ تۆت خىلغا بۆلۈنىدۇ.

ئۆرۈك شىرنە يىغىشتىن ئىلگىرى قېقىۋېلىنىپ، سېۋەت بىلەن

يۇيۇپ، سۈيى ساقىپ بولغاندىن كېيىن بورا ئۈستىگە تەكشى يېيىتىلىدۇ. ئىككى - ئۈچ كۈن ئاپتاپتا تۇرۇپ سولاشقاندىن كېيىن ئۈچكىسى ئاجرىتىۋېلىنىپ، قول بىلەن يۇمىلاقلاپ يەنە بورا ئۈستىگە تىزىلىدۇ، ئۇنىڭ ئىچىگە بىر تالدىن مېغىز سېلىپ قۇرۇتۇلسا مېغىزلىق خورما بولىدۇ. بۇنداق خورما توق جىگەر رەڭ بولۇپ، تەمى تاتلىق، تەبىئىتى ئىسسىق بولىدۇ. مېغىزلىق خورمىنىڭ قىممىتى مېغىزسىز خورمىغا قارىغاندا يۇقىرى بولىدۇ. ئىسلانغان خورمىنى قۇرۇتۇش ئۇسۇلى مۇنداق بولىدۇ: ئالدى بىلەن قۇرۇتۇش خۇمدىنى ياسىلىدۇ. خۇمدان ئوتتۇرىسىغا قازان ئېسىپ قويۇلىدۇ. يۇيۇپ قۇرۇتۇلغان ئۆرۈكنى سېۋەت بىلەن 0.5 مېتىر ئېگىزلىكتە تىزىلغان تاختاي ئۈستىگە دەستىلەپ تىزىدۇ، بىر خۇمدانغا 30 — 40 سېۋەت، ھەربىر سېۋەتتە 40 — 50 كىلوگىرام ئۆرۈك بولىدۇ. سېۋەت تىزىلىپ بولغاندىن كېيىن 800 گىرام ئەتراپىدا گۈڭگۈرت پوقىنى خۇمداندىكى قازانغا سېلىپ، خۇمدان ئىشىكىنى شامال كىرمەيدىغان قىلىپ ھىم ئېتىپ لاي بىلەن سۇۋاپ، خۇمدان ئاستىدىن ئوت يېقىلىدۇ. قازان قىزىپ گۈڭگۈرت پوقى ئىس چىقىرىدۇ. گۈڭگۈرت پوقى بىر سوتكىدا كۆيۈپ بولىدۇ. ئۇنىڭ ئىسىدا ئۆرۈكلەر ئىسلىنىپ سارغىيىدۇ. بىر سوتكىدىن كېيىن خۇمداننىڭ ئاغزىنى ئېچىپ، سېۋەتتىكى ئىسلانغان ئۆرۈكلەر كۈن چۈشۈپ تۇرىدىغان مەيدانغا سېلىنغان بورا ئۈستىگە تەكشى يېيىتىلىدۇ. ئىككى- ئۈچ كۈن ئاپتاپتا تۇرغاندىن كېيىن ئۈچكىسىنى ئېلىۋېتىپ، تەڭگىسمان قىلىپ خورما ياسىلىدۇ. كۈن ياخشى بولسا بىر ھەپتىدە خورما قۇرۇپ سارغىيىدۇ. بۇنداق خورما رەڭدار ۋە سۈپەتلىك بولۇپ، تەمى چۈچۈمەل، تەبىئىتى مۆتىدىل بولىدۇ.

شاپتۇل قېقى تەييارلاشمۇ ئىسلانمىغان ئۆرۈك خورمىسى تەييارلاشقا ئوخشىشىدۇ. شاپتۇل قېقىنىڭ تەبىئىتى سوغۇق بولۇپ، ئىسسىق ئۆتۈپ كەتكەن كىشىلەر ئۇنى يېسە ياكى قايىنتىپ سۈيىنى ئىچسە داۋالاش رولىنى ئوينايدۇ.

ئۇنىڭدىن باشقا، ئۇيغۇرلار قوغۇن، ئەنجۈر، قارىئۆرۈك، ئۈزۈم، ئەينۇلا، چىلان، ئۈجمە قاتارلىق ھەر خىل مېۋىلەرنى ئوخشاشمىغان

ئۇسۇللار بىلەن قۇرۇتۇپ، ئۇنىڭدىن قاق تەييارلايدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن، قۇرۇق يېمىش قەدىمدىن تارتىپ ھازىرغىچە ئۇيغۇرلارنىڭ ئاساسلىق ئېكسپورت تاۋارلىرىدىن بىرى بولۇپ كەلگەن.

قەشقەر ئۇيغۇرلىرى باغۋەنچىلىك ئەمەلىيىتىدە ئۇزۇكسىز ئىزدىنىپ، مېۋىلەرنىڭ سورتى ۋە تۈرلىرىنى يېڭىلاشقا ئالاھىدە ئەھمىيەت بەرگەن. ئالايلۇق، ئۇلارنىڭ تۇرمۇشىدا ئەڭ كەڭ ئومۇملاشقان قوغۇننى ئالساق، تېرىلىش ۋاقتى، پىشىش ۋاقتى، تەمى ۋە شەكىل ئالاھىدىلىكلىرىگە ئاساسەن، چىلگە تۈرىدىكى يازلىق قوغۇنلار، كۆكچى تۈرىدىكى كۈزلۈك قوغۇنلار ۋە قارا كۆسەي تۈرىدىكى قىشلىق قوغۇنلاردىن ئىبارەت ئۈچ چوڭ تۈرگە ئايرىلىدۇ.

چىلگە تۈرىدىكى يازلىق قوغۇنلارغا سەمەن چىلگىسى، قارا چىلگە، چار چىلگە، ئاق چىلگە، پوستىپىياز، بىشەكشىرىن، خامانچى، شېكەر سۈيى، سەبزىنازۇك قاتارلىقلار كىرىدۇ.

كۆكچە تۈرىدىكى كۈزلۈك قوغۇنلار ئاساسەن قوتۇر كۆكچە، ئاق كۆكچە، قارا كۆكچە، ئەنجان كۆكچىسى، سېرىق كۆكچە، كۇچا كۆكچىسى، قومۇل كۆكچىسى، كۆك تونى، چارچۇرۇك، يازلىق قارا كۆسەي، ئاقناۋات، قاپاق كۆكچە، رەنويلا، بەگزادە، مۇكارەنايى قاتارلىقلاردىن ئىبارەت.

قىشلىق قوغۇن تۈرىگە كۆك بەھرى، قىزىل پىسەن، يۇمىلاق پىسەن، قاراقاش، ناشېكەر، بىجىگەن، ئاق بەھرى، قارا كۆسەي، ھۆدەيلى، سېرىق شاپاق، ئىچى قىزىل بەھرى، تارىم قاتارلىقلار كىرىدۇ.

دېمەك، ئۇيغۇرلار ئارىسىدا قوغۇننىڭ تۈرى 40 نەچچە خىلدىن ئاشىدۇ. شۇڭلاشقا، ئۇيغۇرلار ئارىسىدا قوغۇن تېرىش ۋە ئۆستۈرۈشكە مۇناسىۋەتلىك نۇرغۇنلىغان ئۆرپ ـ ئادەتلەر، ئاممىۋى تېخنىكىلىق بىلىملەر ۋە قوغۇن سەيلىسى...... قاتارلىق سەيلە ـ مۇراسىملار بارلىققا كەلگەن[1].

---

[1] ئابدۇكېرىم رەھمان: «20 ـ ئەسىر ئۇيغۇر ماددىي فولكلور مەدەنىيىتى»، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى 2006 ـ يىلى 5 ـ ئاي نەشرى، 62 ـ ، 64 ـ بەتلەر.

# 6. كۆكتاتچىلىق

قەشقەر ئۇيغۇرلىرى ئىستېمال قىلىدىغان كۆكتاتنىڭ تۈرى كۆپ، تارىخى ئۇزاق. ئۇيغۇرلار قوشۇمچە كۆكتاتچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىدىغان بولۇپ، ئاساسەن ئۆزلىرىگە لازىملىق يازلىق كۆكتاتلارنى تېرىشتىن باشقا، كۈزلۈك كۆكتات تېرىپ بازارنى قىشلىق كۆكتات بىلەن تەمىنلەيدۇ، يەنى بازار كۈنلىرى دېھقانلارنىڭ سەۋزە، پىياز، چامغۇر، تۇرۇپ، يېسىسۋېلەك قاتارلىق سەي ـ كۆكتاتلىرى بازارغا كىرىدۇ.

كۆكتاتچىلىق بىلەن قوشۇمچە شۇغۇللىنىدىغان دېھقانلار ئورمىدا بۇغداي ئورۇلۇپ بولغاندىن كېيىن، ئورنىغا سەۋزە، پىياز، كۆك تۇرۇپ، چامغۇر، يېسىسۋېلەك، كاللەكبەسەي قاتارلىق قىشلىق كۆكتاتلارنى تېرىيدۇ. بۇ خىل كۆكتات تېرىش بىلەن شۇغۇللىنىش ئۇيغۇر دېھقانلىرىغا ئومۇملاشقان.

قەشقەر دېھقانلىرى 10 ـ ئايدىن باشلاپ 11 ـ ئايغىچە كۆكتاتلىرىنى يىغىشتۇرۇپ، سەۋزە، چامغۇر، تۇرۇپلىرىنى تېرىغان ئېتىزىغا كۆمۈپ، باشقا كۆكتاتلارنى گەمىدە ساقلايدۇ.

دېھقانلار كۈزدىن باشلاپ ئەتىيازغىچە ھەربىر بازارغا ئۆزلىرى تېرىغان كۆكتاتلىرىنى ئەكېلىپ توپ ۋە پارچە ساتىدۇ. بازار كۈنلىرى ھەممە بازاردا قىشلىق كۆكتات سېتىلىدۇ. مۇشۇ قوشۇمچە كىرىم بىلەن دېھقانلار ئۆزلىرىنىڭ ھەر خىل تۇرمۇش ئېھتىياجلىرىنى قامدايدۇ.

ئادەتتە شەھەرلەردە ھەربىر كوچا ياكى مەخسۇس ئورۇنلاردا كۆكتات دۇكانلىرى بولىدۇ. بۇ دۇكانلار يىل بويى كۆكتاتلارنى توپ ئېلىپ، پارچە سېتىش تىجارىتى قىلىشىدۇ. ئۇلارنىڭ سودا قىلىش ئۇسۇلى يەرلىك ئۆرپ ـ ئادەتكە ماسلاشقان. ئۇلار خېرىدارلارنىڭ پۇلىنىڭ ئاز ـ كۆپلۈكىگە قارىماي، بار كۆكتاتلارنىڭ ھەممە تۈرىدىن ئاز ـ ئازدىن بېرىپ، خېرىدارغا ئىللىق مۇئامىلە قىلىدۇ. توپ ئېلىپ، پارچە ساتىدىغان مۇنداق كەسپىي كۆكتاتچىلار كۆكتاتنىڭ پاكىزلىقى ۋە كۆركەملىكىگە ئالاھىدە ئېتىبار بېرىدۇ.

# ئىككىنچى باب

## ئۇيغۇرلارنىڭ ھۈنەر ـ كەسپ ئادەتلىرى

### 1. قول ھۈنەر كەسپى ۋە ئۇنىڭ تەرەققىياتى

خەلق ئارىسىدا مەۋجۇت بولغان ھەر خىل ئىقتىسادىي قۇرۇلمىلار ئىچىدە ئەۋلادتىن ـ ئەۋلادقا داۋاملىشىپ كەلگەن يەنە بىر خىل ئىشلەپچىقىرىش كۆچى بار. بۇ بولسىمۇ يۇرت ئارىلاپ ھۈنەر مەشغۇلاتى ئېلىپ بارىدىغان ھەر خىل ئۇستىكارلار گۇرۇھىدىن ئىبارەت. ئۇلار خەلق تۇرمۇشىدا كەم بولسا بولمايدىغان بىر ئىشلەپچىقىرىش قوشۇنىدۇر. تاغلىق رايونلار ئىقتىسادىدىكى ئوۋچىلىق قوراللىرى ۋە كانچىلىق قوراللىرىنىڭ ياسىلىشى، بېلىقچىلىق رايونلىرى ئىقتىسادىدىكى كېمە، قولۋاق ۋە بېلىق تۇتۇش تورلىرىنىڭ كەشىپ قىلىنىشى؛ چارۋىچىلىق رايونلىرى ئىقتىسادىدىكى ئات ـ ئۇلاغ جابدۇقلىرى، تېرە ـ خۇرۇم ئىشلەش قوراللىرى ۋە ھارۋىلارنىڭ بارلىققا كېلىشى؛ دېھقانچىلىق رايونلىرى ئىقتىسادىدىكى خىلمۇخىل دېھقانچىلىق مەھسۇلاتلىرىنى پىششىقلاپ ئىشلەش قوراللىرىدىن تارتىپ كىشىلەرنىڭ كۈندىلىك تۇرمۇشى ئۈچۈن زۆرۈر بولغان ھەر خىل قوراللارنىڭ ياسىلىشى قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسى ئەنە شۇ خەلق ئارىسىدىكى ئۇستىكارلار بىلەن مۇناسىۋەتلىك. ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ قول ھۈنەر تېخنىكىسىدىن پايدىلىنىپ ھەر خىل ئىقتىسادىي ئىشلەپچىقىرىش تارماقلىرىدا ئايلىنىپ ھەرىكەت قىلىپ، خەلق ئارىسىدىكى ئەنئەنىۋى ئىقتىسادنى تەرەققىي قىلدۇرۇشنىڭ مۇھىم كۈچىگە ئايلاندى.

ئۈستىكارلارنىڭ كەسپىي ئىشلەپچىقىرىشى ناھايىتى قەدىمكى دەۋرلەردىن باشلانغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇ ئەينى دەۋردە تېخى باشقا ئىشلەپچىقىرىش كەسىپلىرىدىن ئايرىلىپ چىقمىغان. دۇنيانىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىن قېزىۋېلىنغان ئارخېئولوگىيەلىك بايلىقلار ئىچىدە قەدىمكى كونا تاش قورال دەۋرىگە تەئەللۇق ھەر خىل ئىشلەپچىقىرىش قوراللىرى ناھايىتى كۆپ سالماقنى تەشكىل قىلىدۇ.

نەچچە ئون يىلدىن بۇيان ئوتتۇرا ئاسىيادا ئېلىپ بېرىلغان ئارخېئولوگىيەلىك تەكشۈرۈشلەردە يازما تارىختىن ئاۋۋالقى كونا تاش قورال دەۋرى ۋە بىرونزا دەۋرىدە ياشىغان ئىنسانلارنىڭ پائالىيەت ئىلىپ بارغان خارابىلىرى تېپىلدى.

دەل كونا تاش قورال دەۋرىنىڭ ئاخىرقى مەزگىلى ئىنسانلار ياۋايىلىق باسقۇچىدىن مەدەنىيەتلىك باسقۇچىغا قەدەم قويغان بولۇپ، يېڭى ئادەملەر بارلىققا كەلگەن دەۋر بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

ئوتتۇرا ئاسىيا رايونى ئۆزىنىڭ تەبىئىي مۇھىتتىكى ئەۋزەللىكى بويىچە ئېيتقاندا، دېھقانچىلىق ئىگىلىكىنىڭ ئەڭ قەدىمكى مەنبەلىرىدىن بىرى ھېسابلىنىدۇ. بۇ ئوتتۇرا تاش قورال دەۋرىنىڭ ئاخىرقى مەزگىلىدىن يېڭى تاش قورال دەۋرىگىچە بولغان ئارىلىقتا يەنى مۇنداقچە ئېيتقاندا، جاھالەت دەۋرىنىڭ ئەڭ يۇقىرى باسقۇچىدىن ياۋايىلىق دەۋرى (ۋارۋارلىق)گىچە بولغان ئارىلىققا توغرا كېلىدۇ. خارابىدىن ھەر خىل ئۇسۇلدا ياسالغان سېپتا تاش قوراللار (قىرغۇچى قورال، چاقماق تاشتىن ياسالغان پىچاق، سۆڭەك يىڭنە ۋە ئوقيا باشقى......) ھەمدە گېئومېترىيەلىك سىزىقچىلار بىلەن نەقىشلەنگەن نۇرغۇن ساپال قاچىلار (نەقىشلەرنىڭ بەزىلىرى قېلىپتا بېسىلىپ چىققان، بەزىلىرى سىزىلغان، بەزى ساپاللاردىكى رەڭلىك سىزىقچىلار يىپقا ئۆتكۈزۈلگەن مارجان شەكلىدە)، بېلىق، ياۋايى ھايۋان، جۇملىدىن ياۋا چوشقا، ياۋا بۇغا، ياۋا قوي قاتارلىقلارنىڭ سۆڭەكلىرى تېپىلدى. بۇ مەدەنىيەت ئىزلىرى ئەينى چاغدىكى بىر قىسىم قەبىلىلەرنىڭ دېھقانچىلىق بىلەن چارۋىچىلىق بىرلەشتۈرۈلگەن ئىگىلىك بىلەن

شۇغۇللانغانلىقىنى؛ ئوتتۇرا ئاسىيا يايلاقلىرىغا، قۇملۇقلىرىغا ۋە دەريا ئەتراپىغا ماكانلاشقان يەنە بىر قىسىم قەبىلىلەر گەرچە ئوۋچىلىق ۋە بېلىقچىلىق ئىگىلىكىدە تۇرغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇلارنىڭ ھايۋانلارنى كۆندۈرۈشكە باشلىغانلىقىنىمۇ چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ، شۇنداقلا بۇ ئىگىلىككە مۇناسىپ قوراللارنى ياسايدىغان ئىپتىدائىي ئۇستىكارلارنىڭمۇ بارلىققا كەلگەنلىكىنى كۆرسىتىدۇ[1].

ئاتنىڭ كۆندۈرۈلۈشى كۆچمەن چارۋىچىلارنىڭ تۇرمۇشىدا ئىنتايىن مۇھىم رول ئوينىغانلىقى ئېنىق. ئارخېئولوگىيەلىك تەكشۈرۈشلەر نەتىجىسى شۇنى ئىسپاتلىدىكى، ھازىر دۇنيانىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىكى ئاتلار ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ ئوتتۇرا قىسمىدىن تارالغان، شۇ سەۋەبتىن ئاتنى ئەڭ ئاۋۋال ئوتتۇرا ئاسىيالىق كۆچمەن چارۋىچىلار كۆندۈرگەن دېگىلى بولىدۇ. ئات كىشىلەرنىڭ ھارۋىغا قېتىش، تىرانسپورت، ئۇرۇش قىلىش، كۆچۈش ئىشلىرىغا سېلىنىپ، بىر مەزگىل «ئاتلىقلار مەدەنىيىتى» دەپ ئاتالغان مەدەنىيەت دەۋرى بارلىققا كەلگەنىدى. ئاتنىڭ كۆندۈرۈلۈشى بىلەن تەڭ ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ جەنۇبىي ۋە شەرقىي قىسمىنى ئاساس قىلغان دېھقانچىلىق ئىگىلىكى بارلىققا كەلدى.

كىشىلەر دېھقانچىلىق بىلەن شۇغۇللانغاندا ياۋا ئات، ياۋا چوشقا، تۈلكە، بۇغا، بۆكەن ۋە بۆرە قاتارلىقلارنى ئوۋچىلىق ئوبيېكتى قىلغان. ئۇلار ئولتۇراق ئۆيلەرنى خام كېسەكتە قوپۇرغان بولۇپ، خىش پىشۇرۇشنى تېخى بىلمىگەن. يېڭى تاش قورال دەۋرىدە ئىنسانلار ساپال قاچا ئىشلىتىشنى بىلگەن. ساپال قاچىلارغا رەڭلىك سىزىقچىلار ئارقىلىق ھەر خىل گېئومېترىيەلىك شەكىللەر چىقىرىلغان ۋە رەسىملەر ئويۇلغان. شەكىل ۋە ئۇسلۇب جەھەتتىن ئۆزىگە خاس ئالاھىدىلىككە ئىگە بولغان بۇ مەدەنىيەت ئىزلىرى بېلىقچىلىق، چارۋىچىلىق ۋە دېھقانچىلىق ئىگىلىكلىرىگە خاس بولغان كۆپ خىل قوراللارنىڭ كەشىپ قىلىنغانلىقى

---

[1] ئابدۇكېرىم رەھمان: «ئۇيغۇر فولكلورى ھەققىدە بايان»، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى 1989 - يىلى 7 - ئاي نەشرى، 118 -، 122 - بەتلەر.

بىلەن خاراكتېرلىنىدۇ. شۇنداق قىلىپ قەدىمكى تاش قورال دەۋرى تاشنى يونۇپ سىلىقدايدىغان مەخسۇس ئۇستىكارلار (تاشچىلار)نى يېتىشتۈرۈپ چىقتى؛ رەڭلىك ساپال قاچىلار دەۋرى بولسا ئۆزىنىڭ ئۇستىكارلىرى بولغان كۇلالچىلارنى يېتىشتۈردى؛ دېھقانچىلىق ئىگىلىكى ئۆزىنىڭ كۆپ تەرەپلىمىلىك ئېھتىياجىغا ئاساسەن ھەر خىل دېھقانچىلىق قوراللىرىنى ياسايدىغان (كۆپىنچە ياغاچتىن) ياغاچچىلارنى يېتىشتۈردى؛ مىس ۋە تۆمۈرنىڭ كەشىپ قىلىنىشى بىلەن ئۇنىڭدىن تېخىمۇ ئۆتكۈر ۋە مۇستەھكەم قوراللارنى ياساش تېخنىكىسى بارلىققا كېلىپ، مىسكەر ۋە تۆمۈرچى ئۇستىكارلار گۇرۇھى يېتىشىپ چىقتى. شۇنداق قىلىپ بۇ ئۇستىكارلارنىڭ جەمئىيەتنىڭ بىر پۈتۈن ئىقتىسادىي ئىشلەپچىقىرىش تەرەققىياتىنى ئىلگىرىلىتىشتە ئوينىغان رولى ئىنتايىن زور بولدى. ئۇلارنىڭ ئۆزىگە خاس ھۈنەر - سەنئەت ئادەتلىرى قول سانائەت ئىگىلىكىنىڭ تەرەققىياتىنى ئەڭ ياخشى پايدىلىق ئىمكانىيەتلەر بىلەن تەمىنلىدى.

خەلق ئارىسىدا ئەۋلادتىن - ئەۋلادقا تارقىلىپ كېلىۋاتقان ئۇستىكارلارنىڭ ھۈنەر - سەنئەت ماھارىتىگە ئائىت كۆپلىگەن ئەپسانە - رىۋايەت ۋە ھېكايىلەر بار. ئۇنىڭدا ئۇستىكارلارنىڭ تېخنىكىسى يۇكسەك دەرىجىدە مەدھىيەلىنىدۇ. قەدىمكى ئۇيغۇرلارنىڭ قەھرىمانلىق ھەققىدىكى تارىخىي داستانى «ئوغۇزنامە»دە ئۇيغۇرلار ئارىسىدا ياغاچچىلىق ھۈنەر - سەنئىتىنىڭ ناھايىتى قەدىمكى دەۋرلەردىلا خېلى يۇقىرى دەرىجىدە تەرەققىي قىلغانلىقىنى ئىسپاتلاپ بېرىدىغان رىۋايەتلەر بار.

ياغاچچىلىق كەسپىنىڭ ئىش تۈرى ئوخشاشمىغاچقا، ئۇنىڭغا ئائىت ئادەتلەرمۇ پەرقلىق بولىدۇ. قەدىمكى دەۋرلەردىلا ياغاچچىلىق كەسپىدە «نەپىس ھۈنەر» ۋە «يىرىك ھۈنەر» دەپ ئىككى خىل ئىش تۈرى شەكىللەنگەن. ئالدىنقىسىدا ئاساسەن ئىنچىكە ۋە نەپىسلىكنى تەلەپ قىلىدىغان ياغاچ سايمانلار (ئىشىك، دېرىزە، ئۆي جاھازلىرى، ساندۇق، ياغاچ ئويما قاتارلىقلار)نى ياساش ئاساس قىلىنسا، كېيىنكىسىدە دېھقانچىلىق قوراللىرى (كەتمەن، گۈرجەك، بوقۇسا، يالغۇز ئوغۇل،

ھارۋا...... قاتارلىقلار)نى ياساش ئاساس قىلىنغان.

ئۇنىڭدىن تاشقىرى، قەشقەردىكى ئەنئەنىۋى ھۈنەر-كەسپلەردىن كۇلالچىلىق، تۆمۈرچىلىك، مىسكەرچىلىك، زەر كەشتىچىلىك، توقۇمىچىلىق (بۆزچىلىك، گىلەمچىلىك......) موزدۇزلۇق...... قاتارلىق ھۈنەر تۈرلىرىنىڭ ھەممىسىدە ئۆزىگە خاس ئەنئەنىۋى ئادەتلەر بولۇپ، ئۇلارنىڭ ھەر بىرى بىر خىل مەدەنىيەت تىپىغا ۋەكىللىك قىلىدۇ.

كۇلالچىلىق سەنئىتى ئىپتىدائىي ساپالچىلىق دەۋرىنىڭ مەھسۇلى سۈپىتىدە ئانىمىزم (ئانىلىق ئۇرۇقداشلىق) جەمئىيىتىنىڭ كەشپىياتى ھېسابلىنىدۇ. تارىخىي جەھەتتىن يېڭى تاش قورال دەۋرىگە مەنسۇپ بولۇپ، تاش قوراللار ۋە كۇلالچىلىق سەنئىتىنىڭ مەيدانغا كېلىشى ئىنسانىيەت مەدەنىيەت تارىخىدا يۈكسەك ئەھمىيەتلىك بىر تەرەققىيات باسقۇچى ھېسابلىنىدۇ. يېڭى تاش قورال دەۋرىنىڭ تۈپ ئالاھىدىلىكى، ئانىلىق سىستېمىسىدىكى قەبىلىلەر ئىتتىپاقىدا ئاياللارنىڭ تەشكىللىگۈچى ۋە رەھبەرلىك قىلغۇچى ئاساسىي كۈچ بولغانلىقىدۇر. شۇڭلاشقا، شۇ دەۋرنىڭ ئاساسىي ئەمگەك ئىشلەپچىقىرىشى بولغان قورال-سايمان ياساش، تېرىقچىلىق، قول ھۈنەرۋەنچىلىك، كۇلالچىلىق، ئۆي ھايۋانلىرىنى بېقىش ۋە كۆندۈرۈش، ئوزۇقلۇق تەييارلاش قاتارلىق ئىشلەپچىقىرىش ۋەزىپىسىنى پۈتۈنلەي ئاياللار ئورۇنلايتتى، بولۇپمۇ كۇلالچىلىق سەنئىتى ئاياللارنىڭ ئىجادىي ئەمگىكىنىڭ نەتىجىسى بولغاچقا، قەدىمكى ئەپسانىلەر ئىچىدە ئايال ئىلاھلارنىڭ ئىجادكارلىق روھى مەدھىيەلەنگەن ھېكايىلەر ئاساسىي سالماقنى ئىگىلەيدۇ. ئەپسانىشۇناسلىقتا «...... ئاياللارنى ئىلاھىيلاشتۇرۇش ئەرلەرنى ئىلاھىيلاشتۇرۇشتىن بۇرۇن بولغان. مېتال پىششىقلاپ ئىشلەشتىن باشقا، سەنئەت ۋە قول ھۈنەرۋەنچىلىكتىكى بىرىنچى تۈركۈم ئىجادىيەتلەرنىڭ ھەممىسى ئەر ئىلاھلارغا ئەمەس، بەلكى ئايال ئىلاھلارغا مەنسۇپتۇر» دەپ قارىلىدۇ. بۇنداق بولۇشىنىڭ سەۋەبىنى ئەلۋەتتە ئاشۇ ئانىمىستىك ئۇرۇقداشلىق جەمئىيىتىنىڭ ئوبيېكتىپ تۇرمۇش شارائىتى بەلگىلىگەن. شۇنداق ئېيتىشقا بولىدۇكى،

كۇلالچىلىق سەنئىتىنىڭ كەشىپ قىلىنىشى ئادەمنىڭ يارىلىشى ھەققىدىكى ئەپسانىلەرنىڭ بارلىققا كېلىشىگە ئاساس بولغان. كۇلالچىلىقنىڭ ئىنسانلار تۇرمۇشى بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى ناھايىتى قويۇق. شۇ سەۋەبتىن، ئارخېئولوگىيەلىك قېزىلمىلار ئىچىدە ساپال بۇيۇملار ھەممىدىن كۆپ كۆزگە چېلىقىدۇ. دەرۋەقە، ئىلىم - پەن تېخى تەرەققىي قىلمىغان ئۆتمۈش زامانلاردا تۇرمۇشقا كېرەكلىك بۇيۇملارنىڭ كۆپچىلىكى ماتېرىيالى مول، تەننەرخى تۆۋەن، ئىشلەپچىقىرىش سەرپىياتى ئاز، تېخنىكىلىق مەشغۇلاتى يەڭگىل بولغان لايدىن ياسالغان. خەلق ئارىسىدا ئومۇملاشقان بۇنداق ھۈنەر - سەنئەت ئەنئەنىسى ئۈزۈكسىز تەرەققىي قىلىپ تېخىمۇ نەپىسلەشتى. ھازىرقى زامان كۇلالچىلىق سەنئىتىدىكى كۆزنى چاقنىتىدىغان خىلمۇخىل فارفور بۇيۇملار ئەنە شۇ خەلق ئارىسىدىكى ئەنئەنىۋى كۇلالچىلىق تېخنىكىسىنىڭ داۋامى ۋە راۋاجىدىن ئىبارەت[1].

خەلق ئارىسىدىكى ھۈنەر - كەسىپ ئادىتىنىڭ ئېتىقاد خاراكتېرى كۈچلۈك بولىدۇ. بۇنى قەدىمكى ئىنسانلارنىڭ ئېڭىدا پەيدا بولغان ئىپتىدائىي ئىلاھىيەتچىلىك قارىشىنىڭ تەسىرى دېيىش مۇمكىن. چۈنكى، ئىپتىدائىي جەمئىيەت كىشىلىرى سىرتقى مۇھىتنىڭ كۈچىگە بېقىنغان ھەمدە تەبىئەتنىڭ «كۈچى»نى چۈشىنىشكە قادىر بولالمىغان. شۇ سەۋەبتىن، تەبىئەت كۈچلىرى ئالدىدا ئاجىزلىق قىلىپ، ئۇنىڭغا نىسبەتەن ۋەھىمە پەيدا بولغان. ئەنە شۇ ۋەھىمىدىن ئىنسانلارنىڭ ئېڭىدا «ئىلاھ» ھاسىل بولغان. شۇنىڭ ئۈچۈن، «ئىلاھ» بىر خىل ئاڭ فورمىسى بولۇپ، كۈندىلىك تۇرمۇشتا كىشىلەرنى بېقىندۇرىدىغان سىرتقى كۈچنىڭ ئىنسانلارنىڭ ساددا ھېسسىياتىدىكى ئابستراكت چۈشەنچە بولماستىن، بەلكى ھەممىگە قادىر ۋە قابىل بولغان كونكرېت ئوبرازى ھېسابلىناتتى. ئىنسانلار تەبىئەتنىڭ قارام كۈچلىرى ئۈستىدىن غالىب كېلىش ئۈمىدىنى شۇ سەۋەبتىن ئەنە شۇنداق «ئىلاھ» لارغا

---

① ئابدۇكېرىم رەھمان: «ئۇيغۇر فولكلورى ھەققىدە بايان»، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى 1989 - يىلى 7 - ئاي نەشرى، 124 - ، 126 - بەتلەر.

بىغىشلىدى ۋە ئۆز غايىسىنى شۇ «ئىلاھ» نىڭ كۈچى بىلەن رېئاللىققا ئايلاندۇرۇشقا تىرىشتى. بۇ يەردىكى «ئىلاھ» ئىپتىدائىي ئەمگەك نەتىجىسىنىڭ بەدىئىي ئومۇملاشتۇرۇلۇشى بولۇپ، ئەمگەك قورالىغا ئىگە بولغان ئىنتايىن رېئال شەخسلەردۇر.

دېمەك، ھەرقايسى ھۈنەر - كەسىپكە باغلىق بولغان «ئىلاھ»لارمۇ شۇ خىل ھۈنەر - سەنئەتنىڭ بەدىئىي ئومۇملاشتۇرۇلۇشى سۈپىتىدە كاسىپلارنى ئۆزىگە رام قىلىپ تۇرىدىغان روھىي مەبۇدتۇر.

ئۇيغۇرلار تارىخىدىكى كۆپ خىل قول ھۈنەرۋەنچىلىكنىڭ تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈشتە مېتاللچىلىقنىڭ رولى ناھايىتى زور بولدى. ئارخېئولوگىيەلىك مەنبەلەرگە ئاساسلانغاندا، ئۇيغۇرلار مىلادىيەدىن ئىلگىرىلا مېتاللچىلىق دەۋرىگە (ئاساسەن تۆمۈر قوراللار دەۋرىگە) كىرگەنلىكى مەلۇم. ئۇلار دەسلەپ تۆمۈردىن ئوقيا باشاقلىرىنى، قىلىچ، خەنجەر، ساۋۇت، دۇبۇلغا، نەيزە، بۇقۇسا چىشى (دېھقانچىلىق قورالى)، يۈگەن، ئۈزەڭگە،پالتا، ھەرە، ئۈشكە، رەندە، ئىسكىنە، دەرەش، قازان، داڭقان قاتارلىق كۆپ خىل قوراللارنى ياسىغان، ھەتتا ئالتۇن ئېرىتىپ ئالتۇن چاپان، ئالتۇن تاج، ئالتۇن كەمەر قاتارلىق نەپىس سەنئەت بۇيۇملىرىنى ياسىغان. شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق موزېيدا ساقلىنىۋاتقان ئالتايدىن تېپىلغان ساۋۇتلار بۇنىڭغا ئىسپاتتۇر[1].

قەشقەردىكى ئۇيغۇر قاتارلىق مىللەتلەرنىڭ قول ھۈنەر - سەنئىتى كۆزنى قاماشتۇرغۇدەك كۆركەم. ئۇ مەملىكىتىمىزنىڭ گۈزەل سەنئەت سەھنىسىدىكى پارلاپ تۇرغان گۈلدۇر.

كەشتىچىلىك، گۈل چېكىش، كىمخاپ، زەرباب، سەگەز، ماتا، ئەتلەس، گىلەم توقۇش قاتارلىقلار ئاز سانلىق مىللەتلەر ئارىسىدا ناھايىتى كەڭ ئومۇملاشقان ھۈنەر - سەنئەت ھېسابلىنىدۇ. بىراق، ئۇلارغا ئىشلىتىلىدىغان خام ئەشيا ماتېرىياللىرى ۋە ئىشلەش ئۇسلۇبلىرى

---

① ئابدۇكېرىم رەھمان: «ئۇيغۇر فولكلورى ھەققىدە بايان»، شىنجاڭ ئۈنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى 1989 - يىلى 7 - ئاي نەشرى، 118 - ، 129 - بەتلەر.

جەھەتتە ھەرقايسىسىنىڭ ئۆزگىچە ئالاھىدىلىكلىرى بار. ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ كۆڭلەك، چاپان، ياغلىق، ياستۇق، تەكىيە، بەلباغ، ئىشىك - دېرىزە پەردىلىرى، خۇرجۇن، ھەر خىل ئورۇن - كۆرپە ياپقۇچلىرى قاتارلىق نەرسىلەرنىڭ ھەممىسىگە كۆركەم گۈللۈك نۇسخىلار كەشتىلىنىدۇ. شۇ ئارقىلىق قويۇق مىللىي ئۇسلۇب شەكىللىنىدۇ.

ئۇيغۇر، ئۆزبېك، تاتار، ئافغان (مەكتىتە كاررۇك، كايتۇڭ دەيدىغان پۇشتۇلارنىڭ ئەۋلادى بار) قاتارلىق مىللەتلەر مۇقىم ئولتۇراقلىشىپ، دېھقانچىلىق، قول ھۈنەرۋەنچىلىك قاتارلىق ئىشلەپچىقىرىش مەشغۇلاتى بىلەن كۆپرەك شۇغۇللانغاچقا، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇلاردا شەھەر مەدەنىيىتى بۇرۇن باشلانغاچقا، ئائىلە تۇرمۇش سايمانلىرىنى ياساش، قول ھۈنەرۋەنچىلىك ناھايىتى تەرەققىي قىلغان.

ئۇيغۇرلار قول ھۈنەرۋەنچىلىكتە ئالاھىدە ئالغا كەتكەن مىللەتلەرنىڭ بىرى. ئۇلاردا توقۇمىچىلىق، بوياقچىلىق، كەشتىچىلىك، تۆمۈرچىلىك، ياغاچچىلىق، قۇيمىچىلىق، كۇلالچىلىق، زەرگەرلىك، گەجخالىق، جۇۋازچىلىق، بىناكارلىق قاتارلىق ھۈنەر - كەسىپ ئالاھىدە ئومۇملاشقان. ئۇيغۇر ھۈنەرۋەنلىرىنىڭ چېۋەر قوللىرى بىلەن ياسالغان ھەرقانداق بىر بۇيۇم كىشىنىڭ دىققىتىنى تارتماي قالمايدۇ.

ئۇيغۇرلار ھۈنەر - كەسىپكە تولىمۇ ھېرىسمەن خەلق بولغاچقا، ئۆز پەرزەنتلىرىنى تەربىيەلەشتە ھۈنەر ئىگىلەش ۋە ئۇنىڭ خاسىيىتىنى كۆپ تەكىتلەيدۇ. ئۇلاردا قەدىمدىن تارتىپ ھازىرغىچە «ئوغۇل بالىغا 72 تۈرلۈك ھۈنەر ئازلىق قىلىدۇ» دېگەنگە ئوخشاش نۇرغۇن ھېكمەتلىك ئىبارىلەر ساقلىنىپ كەلمەكتە. بىر قىسىم ئۇيغۇر كىلاسسىك شائىرلارنىڭ ئەسەرلىرىدە ۋە بىر قىسىم ھۈنەرۋەنچىلىك رىساللىرىدە ئۇيغۇر قول ھۈنەرۋەنچىلىكى ھەققىدە ئالاھىدە مەلۇماتلار بار. تولۇقسىز مەلۇماتلارغا قارىغاندا، ئۇيغۇرلار ئارىسىدا 260 نەچچە خىل ھۈنەر - كەسىپ تۈرلىرىنىڭ بولغانلىقى مەلۇم[1].

---

[1] ئابدۇكېرىم رەھمان قاتارلىقلار تۈزگەن «شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى مىللەتلەر فولكلور مۇزېيى»، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى 2005 - يىلى 4 - ئاي نەشرى، 30 - ، 31 - بەتلەر.

قەشقەردىكى ئۇيغۇرلار قەدىمكى ئەجدادلىرىنىڭ قول ھۈنەر ـ سەنئىتىنىڭ پۈتكۈل جەۋھەرلىرىنى ئۆزىگە جەم قىلغاندىن باشقا، ئۆزلىرىنىڭ تۇرمۇش مۇھىتىغا ماس كېلىدىغان ۋە قەدىمكى ئەنئەنىلىرى ھېسابلىنىدىغان چارۋىچىلىق، ئوۋچىلىققا ئائىت بۇيۇملارنى ياساشنى ئادەت، كەسىپ قىلغان. ھازىر ئۇيغۇرلارنىڭ ئىجتىمائىي تۇرمۇشىدا ئۇيغۇرلارنىڭ قەدىمكى زاماندىن باشلانغان ھۈنەر ـ كەسىپ ئادەتلىرى ۋە ھۈنەر ـ كەسىپ سەنئەت بۇيۇملىرى خېلى مول ساقلانغان.

ئۇيغۇرلارنىڭ ھۈنەر ـ كەسىپ ئادەتلىرى ۋە ھۈنەر ـ سەنئىتىگە ئائىت مۇنتىزىم ماتېرىياللار كۆپ بولمىسىمۇ، بىراق دۆلەت ئىچى ۋە سىرتىدىكى سەيياھلار، ئارخېئولوگ، مەدەنىيەت تەتقىقاتچىلىرىنىڭ ئەسەرلىرىدە بىر قىسىم مەلۇماتلارنى ئۇچرىتىشقا بولىدۇ.

گېرمانىيەلىك شەرقشۇناس ئا. لېكوك 20 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرى بىرقانچە قېتىم گېرمانىيەنىڭ ئېكسپېدىتسىيە ئەترىتىگە مەسئۇل بولۇپ شىنجاڭغا تەكشۈرۈشكە كەلگەن. ئۇ، بۇ بىرنەچچە قېتىملىق تەكشۈرۈش جەريانىدا ئۇيغۇر مەدەنىيىتىگە، جۈملىدىن ئۇيغۇر ھۈنەر ـ سەنئىتىگە دائىر قىممەتلىك ماتېرىياللارنى توپلىغان. دۆلىتىگە قايتقاندىن كېيىن، بۇ ئېرىشكەن ماتېرىياللار ئاساسىدا 1916 ـ يىلدىن 1928 ـ يىلغىچە بولغان ئارىلىقتا ئۈچ كىتاب نەشر قىلدۇرغان. بىرىنچى كىتابى بولسا ئۇيغۇرلارنىڭ نەپىس قول ھۈنەر ـ سەنئەت بۇيۇملىرى (ئاساسلىقى زىننەت بۇيۇملىرى)نىڭ رەسىملىك ئالبومى ھېسابلىنىدۇ. ئىككىنچى، ئۈچىنچى كىتابلىرىدا ئاپتور كۇچا، تۇرپان ئۇيغۇرلىرىنىڭ كىيىملىرى (تىككۈچىلىك ھۈنىرى)، دولانلىقلارنىڭ ئۆزىگە خاس ئىشلەپچىقىرىش پائالىيەتلىرى (جۈملىدىن قول ھۈنەر ـ سەنئىتى) ۋە تۇرالغۇ ئۆيلىرى (بىناكارلىق ھۈنەر ـ سەنئىتى) توغرۇلۇق بەزى مەلۇماتلارنى بېرىدۇ[1].

---

[1] ل. ئا. چېۋىر: «19 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرى، 20 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرىدىكى شىنجاڭ ئۇيغۇرلىرى ۋە قوشنا خەلقلەر»، «نائۇكا» نەشرىياتى موسكۋا، 1990 ـ يىلى رۇسچە نەشرى، 17 ـ بەت (پەخرىدىن ھېسامىدىن: «چەت ئەللەردىكى ئۇيغۇر ھۈنەر ـ سەنئەت مەدەنىيىتى تەتقىقاتى»، «مىراس» ژۇرنىلى، 2001 ـ يىلى 3 ـ سان، 27 ـ، 28 ـ بەتلەردىكى نەقىل.

ئۇيغۇرلاردا قول ھۈنەرۋەنچىلىك دېھقانچىلىق ئىشلەپچىقىرىشى ئىگىلىكىدىن قالسىلا كۆلىمى ۋە ئومۇملىشىش دائىرىسى كەڭ بولغان بىر خىل قوشۇمچە ئىگىلىك شەكلىدۇر.

ئۇيغۇرلار قەدىمكى يىپەك يولىنىڭ تۈگۈنىگە ماكانلاشقان. غەرب ۋە شەرق مىللەتلىرى بىلەن مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇشتىكى بۇنداق قولاي شارائىت ئۇلارنىڭ ھۈنەر ـ كەسىپ ۋە سودا ئىگىلىكىنىڭ بۇرۇنراق تەرەققىي قىلىشىغا پايدىلىق ئىمكانىيەتلەرنى يارىتىپ بەرگەن.

رايونىمىزدىن تېپىلغان قول ھۈنەر ـ سەنئەتكە ئائىت ئارخېئولوگىيەلىك قېزىلمىلاردىن قارىغاندا، يېڭى تاش قوراللار دەۋرىدىن باشلاپ بىرقەدەر سىلىقلاشقان قول ھۈنەر ـ سەنئىتىنىڭ بارلىققا كەلگەنلىكىنى كۆرگىلى بولىدۇ.

ئۇيغۇرلار ئولتۇراق شەھەر ـ كەنت ھاياتىغا كۆچۈشتىن ئىلگىرى قول ھۈنەر ئىگىلىكى تېخى باشقا ئىشلەپچىقىرىش كەسىپلىرىدىن تولۇق ئايرىلىپ چىقمىغانلىقى مەلۇم. پەقەت شەھەرلەشكەن ئولتۇراق ھايات ئېھتىياجى قول ھۈنەر كەسپىنىڭ بىر خىل مۇقىم ئىگىلىك شەكلى سۈپىتىدە تەرەققىي قىلىشىغا ۋە ھۈنەر تۈرلىرىنىڭ كۆپ خىللىشىشىغا ئاساس بولغان.

قاراخانىيلار دەۋرىدە قول ھۈنەرۋەنچىلىك بۇرۇنقى دەۋرلەرگە قارىغاندا تېخىمۇ جۇش ئۇرۇپ تېز راۋاجلانغانىدى. قاراخانىيلار سۇلالىسىنىڭ دەسلەپكى مەزگىللىرىدە سۇلالىنى قۇرغان ئۇيغۇرلار ئاساسەن قەدىمكى ئەنئەنە بويىچە چارۋىچىلىق مەھسۇلاتلىرى ۋە ئاز ساندىكى دېھقانچىلىق مەھسۇلاتلىرىنى پىششىقلاپ ئىشلەش ھۈنەرۋەنچىلىك تېخنىكىسىغىلا ئىگە بولغان ۋە ئۇلار بىرقەدەر نەپىس قول ھۈنەرۋەنچىلىكتە ئاساسەن ئوتتۇرا ئاسىيا سوغدلىرى ۋە تاڭ سۇلالىسىنىڭ قول ھۈنەرۋەنلىرىگە يۆلەنگەنىدى. قاراخانىيلار سۇلالىسىدە ئىسلام دىنى ئومۇملاشقاندىن كېيىن، تەرەققىي تاپقان ئىسلام قول ھۈنەر ـ سەنئىتى ۋە سىرتقى مەدەنىيەتلەرنىڭ ئاكتىپ تەسىرى ئاستىدا قاراخانىيلارنىڭ قول ھۈنەرۋەنچىلىكى تېز تەرەققىي قىلىپ، قول

ھۈنەرۋەنچىلىك قاراخانىيلارنىڭ بىر پۈتۈن ئىقتىسادىي، ئىجتىمائىي ئىگىلىكىنىڭ مۇھىم تەركىبىي قىسمىغا ئايلاندى، تۆر جەھەتتىن كۆپىيىپ، سۈپەت جەھەتتىن تېخىمۇ كۆركەملەشتى ۋە بىر قىسىم قول ھۈنەر بۇيۇملىرى ئەينى ۋاقىتتىكى يىپەك يولى سودىسى ئارقىلىق غەرب ۋە شەرققە تارالدى. قەشقەر، يەكەن، خوتەن ۋە ماۋارە ئۈننەھردىكى بۇخارا، سەمەرقەنت، ئوترار، بالاساغۇن قاتارلىق شەھەرلەر يىرىك قول ھۈنەر مەركەزلىرىگە ئايلاندى. جۈملىدىن قەشقەر شەھىرىدە قول ھۈنەرۋەنچىلىكنىڭ بىرقەدەر تىپىك ئۈلگىلىرىدىن كاھىشچىلىق، نەققاشـ ـچىلىق، تاش ئويمىچىلىق، فارفۇرچىلىق، ئەينەكچىلىك، قازانچىلىق، تۆمۈرچىلىك، كۇلالچىلىق، مىسكەرچىلىك، زەرگەرچىلىك، ياغاچچىلىق، چىغىرىقچىلىق، باپكارلىق، تىككۈچىلىك، موزدۇزلۇق، تۇماقچىلىق، كۆنچىلىك، كەشتىچىلىك، بوياقچىلىق، سوپۇنچىلىق، تاشچىلىق، چىشچىلىق، تۈگمەنچىلىك، تاقىچىلىق، قۇيمىچىلىق، تۈنىكىسازلىق ۋە قۇلۇپسازلىق، پىلىچىلىك، قاشتاش ئويمىچىلىقى، پىچاقچىلىق، چالغۇچىلىق، باققالچىلىق، جۇۋىچىلىق، ساتىراشلىق، قاسساپچىلىق، سەرراپچىلىق، گىلەمچىلىك، كىگىزچىلىك، شامچىلىق...... قاتارلىق نەچچە ئونلىغان قول ھۈنەرۋەنچىلىك تۈرلىرى مەيدانغا كەلگەنىدى، ھەتتا بەزى قول ھۈنەرلەر كۆلەملىشىپ، «ئىشخانا» دەپ ئاتالغان قول ھۈنەر كارخانىلىرىنى شەكىللەندۈرگەنىدى. قەشقەر شەھىرىدىكى شەھەر ئاھالىسىنىڭ مۇتلەق كۆپچىلىكى قول ھۈنەرۋەنچىلىكنى تۇرمۇش ئاساسى قىلغان بولۇپ، قاراخانىيلار دەۋرىدىلا بۇ شەھەر ئوتتۇرا ئاسىيادىكى قول ھۈنەرۋەنچىلىك ۋە سودىنىڭ يىرىك مەركىزى بولۇپ قالغان. شەھەردىكى خېلى كۆپلىگەن كوچا ـ مەھەللىلەرنىڭ ناملىرى مەلۇم ھۈنەر ـ كەسىپنىڭ نامى بىلەن ئاتالغان. مەسىلەن، «قاسقان بازىرى»، «زەرگەرچى كوچىسى»، «تاغارچى كوچىسى»، «قوناق بازىرى»، «ئېگەرچى كوچىسى»، «چاپان بازىرى»، «كوزىچى بازىرى»، «ساندۇق بازىرى»...... دېگەنگە ئوخشاش.

بولۇپمۇ ئەينەكچىلىك قاراخانىيلار قول ھۈنەرۋەنچىلىكىدە پارلاق ئورۇن تۇتىدۇ. ئارخېئولوگىيەلىك تەكشۈرۈشلەر داۋامىدا قاراخانىيلار

سۇلالىسى دەۋرىدىكى نۇرغۇن ئەينەكچىلىك دۇكانلىرى ۋە زور مىقداردىكى ئەينەك قاچىلار ۋە ئۇلارنىڭ پارچىلىرى بايقالدى. ئەينەك قاچىلارنىڭ تۈرلىرى ئىنتايىن كۆپ بولۇپ، ئاساسلىقى يېمەك - ئىچمەك قاچىلىرى، ئەينەكتىن ياسالغان چىنە - تەخسە، ئېگىز پۇتلۇق جام (قەدەھ)، بوتۇلكا، كومزەك، دۇۋەت، قەلەمدان، ئەتىر قۇتىسى، زىننەت بۇيۇملىرى، فارفۇر بۇيۇملار قاتارلىقلاردىن ئىبارەت. بۇ خىل بۇيۇملارنىڭ كۆپچىلىكى رەڭسىز ئەينەكتىن ياسالغان بولۇپ، بەزىلىرى يېشىل، كۆك، ھاۋا رەڭ، قىزغۇچ ئەينەكلەردىن ياسالغانىدى. بۇ ئەينەك بۇيۇملارنىڭ ئۈستىگە ھەل بېرىش ئۇسۇلىدىن پايدىلىنىپ ھەر خىل نەقىشلەرنى سىزغاندىن سىرت، يەنە قول ياكى ئەينەك سىملار بىلەن ھەر خىل قاپارتمىلىق گۈل - نەقىشلەر چىقىرىلغان. مەسىلەن، قەشقەر شەھىرىنىڭ شەرقىي شىمالىدىن 30 كىلومېتىر يىراقلىقتىكى «خانئۆي قەدىمكى شەھەر خارابىسى» ۋە قەشقەر كوناشەھەر ناھىيەسىنىڭ غەربىي جەنۇبىدىن 30 كىلومېتىر يىراقلىقتىكى «سوسەر قەدىمكى قەلئە» خارابىسىدىن كۆپلىگەن ئەينەك بۇيۇم پارچىلىرى تېپىلغان بولۇپ، ئۇنىڭ ئىچىدە ئاچ يېشىل، ئاچ سېرىق، كۆك، قىزغۇچ رەڭلىكلىرىمۇ بار[1]. مارالبېشىدىكى «توققۇز ساراي خارابىسى» دىن تېپىلغان ئاچ سېرىق رەڭدىكى قەدەھ ئىنتايىن سىپتا، چىرايلىق ياسالغان بولۇپ، قاراخانىيلار سۇلالىسى دەۋرىگە تەئەللۇق قىممەتلىك سەنئەت بۇيۇمى ھېسابلىنىدۇ.

10 - ، 11 - ئەسىرلەردىلا دېرىزىگە ئىشلىتىلىدىغان ئەينەكلەر ياسىلىشقا باشلىغان. تەكشى يۈزلۈك دېرىزە ئەينىكى قاراخانىيلار سۇلالىسى تەۋەلىكىدىكى نۇرغۇن شەھەرلەردىن كۆپلەپ تېپىلدى. ئۇلارنىڭ ئىچىدە رەڭلىك ئەينەكلەرمۇ بار بولۇپ، ئۇلار ئوردا - قەسىرلەرنى زىننەتلەشكە ئىشلىتىلگەن. ئەينەكچىلىكتە ئوخشاش ئىنچىكە ھۈنەر - تېخنىكىنى تەلەپ قىلىدىغان كەسىپلەرنىڭ شۇ

[1] ۋېي لياڭتاۋ: «قاراخانىيلار تارىخىدىن بايان»، قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى 2000 - يىلى نەشرى، 283 - بەت.

دەربجەدە تەرەققىي قىلىغانلىقى قاراخانىيلار دەۋرىدىكى قول ھۈنەرۋەنچىلىكنىڭ خېلى گۈللەنگەنلىكىدىن دېرەك بېرىدۇ. قاراخانىيلار دەۋرىدىكى قول ھۈنەرۋەنچىلىكنىڭ تەرەققىي قىلىشىدا ئوتتۇرا ئەسىردە تېخىمۇ گۈللەنگەن يىپەك يولى مەدەنىيىتىنىڭ تۈرتكىسى بىلەن جانلىنىۋاتقان سىڭكرېتىك مەدەنىيەت ئامىللىرىدىن ئىبارەت سىرتقى ئەسىردىن باشقا، يەنە يېڭىدىن بارلىققا كەلگەن ئۇيغۇر ئىسلام مەدەنىيىتىنىڭ ئىچكى ئىنېرتسىيە كۈچىدىن ئىبارەت ئىچكى تەلەپ مۇھىم رول ئوينىغان. چۈنكى، يېڭىچە ئۇسلۇبتىكى ئۇيغۇر ئىسلام مېمارچىلىقى ئەينەكچىلىك، سىرچىلىق، ياغاچچىلىق، بېزەكچىلىك، ھۆسنخەتچىلىك، كۈلالچىلىق، كىگىزچىلىك، گىلەمچىلىك قاتارلىق كۆپ خىل قول ھۈنەرۋەنچىلىك بۇيۇملىرىغا ھەممىدىن كۆپ ئېھتىياجلىق ئىدى. قاراخانىيلار سۇلالىسى دەۋرىدە كۈلالچىلىق (ساپالچىلىق)مۇ تازا يۈكسەلگەن. ئارخېئولوگلار قاراخانىيلار سۇلالىسى دەۋرىدىكى بارلىق شەھەر خارابىلىرىدىن زور مىقداردا خۇمدان ۋە ساپالچىلىق ئەسۋابلىرىنى تاپتى. بۇ دەۋردىكى ساپال بۇيۇملار رەڭلىك ۋە رەڭسىز دەپ ئىككى خىلغا ئايرىلغان. رەڭلىك (سىرلانغان) ساپال بۇيۇملارغا ھەر خىل گېئومېترىيەلىك شەكىللەر، دەل - دەرەخ، گۈل - گىياھلار، ئۇچار قۇشلارنىڭ رەسىملىرى، شۇنداقلا ئەرەب يېزىقىدىكى ھۆسنخەت ئۈلگىلىرى چۈشۈرۈلگەن. سىرلانمىغان (رەڭسىز) ساپال بۇيۇملارنىڭ كۆپچىلىكى سۇيۇقلۇق قاچىلىنىدىغان ھەر خىل كومزەكلەر ۋە تاماق ئۈچۈن ئىشلىتىلىدىغان قاچا - قۇچىلار بولۇپ، ئۇ ئاۋام خەلق ئارىسىدا كەڭ ئومۇملاشقان. بۇنداق بۇيۇملارغىمۇ قاپارتما نەقىشلەر ئىشلەنگەن. شەرقىي قاراخانىيلار تەۋەلىكىدە پاختا ۋە يىپەك توقۇمىچىلىقى گۈللەنگەن بولۇپ، ئاق شايى رەخت ۋە گۈللۈك رەختلەر ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتە داڭ چىقارغانىدى. «شەرقىي خەن سۇلالىسى دەۋرىدە ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكنىڭ پىلىچىلىك تېخنىكىسى غەربكە تارالغاندىن باشلاپ غەربىي يۇرتتا يىپەك توقۇمىچىلىقى ئىنتايىن گۈللەنگەنىدى». «قاراخانىيلار سۇلالىسىدىن سۇڭ سۇلالىسىگە توشۇلغان تاۋارلار ئىچىدە ‹غۇز (ئۇيغۇر) كىمخابى› ۋە ‹غەرب كىمخابى› بار ئىدى» («سۇڭ

سۇلالىسى تارىخى. ئۇدۇن تەزكىرىسى»)[1]. مارالبېشى ناھىيەسىدىكى «توققۇز ساراي خارابىسى»دىن ئىنتايىن نەپىس توقۇلغان پاختا، يۇڭ، يىپەك توقۇلمىلار تېپىلدى. خارابىنىڭ 9- ئەسىرگە تەۋە توپا قاتلىمىدىن تېپىلغان يۇڭ گىلەم ۋە گۈللۈك يۇڭ گىلەم ئۆزىنىڭ نەپىسلىكى بىلەن ئالاھىدە دىققەت - ئېتىبارغا سازاۋەر. شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق مۇزېيدا ساقلىنىۋاتقان BT — 374 نومۇرلۇق بۇ گۈللۈك يۇڭ گىلەم دۇكان ئىشلىتىلمەي، ئالدىغا ئاتىدىغان موكا ۋە قايتىدىغان ئەسۋابلار بىلەن توقۇلغان بولۇپ، ئۆرۈش يىپ ئارىلىقى تەخمىنەن 3 مىللىمېتىر، زىچلىقى 4 تال/ سانتىمېتىر، ئارقان ئارىلىقى تەخمىنەن 1 مىللىمېتىر، زىچلىقى 11 تال/ سانتىمېتىر. ئۇ، قىزىل، كۆك گۈللەر چىقىرىلغان، گۈل چېچەكلىرى سېرىق ۋە قىزىل رەڭلىك بولۇپ، گۈل بەرگى جىگەر رەڭ ياكى يېشىل يىپلار بىلەن توقۇلۇپ، ئىستېرېئولۇق تۈيغۇ بېرىدىغان قىلىنغان[2].

يەكەن خانلىقى دەۋرىدە قول سانائەت ئىگىلىكى جۇش ئۇرۇپ راۋاجلاندى، بولۇپمۇ بۇ دەۋردە كانچىلىق بىلەن مېتالچىلىق كەسپى ئالاھىدە تەرەققىي قىلدى. كۇچا، ئاقسۇ، قەشقەر، يەكەن، خوتەن، بۈگۈر قاتارلىق جايلار شۇ مەزگىلدە كانچىلىق ۋە مېتالچىلىق كەسپلىرىنىڭ مەركەزلىرى بولۇپ، بۇ رايونلاردا ئالتۇن، كۈمۈش، مىس، قەلەي، تۆمۈر، قاشتاش، تۇز، سىماب، نۆشۈدۈر، گۈڭگۈرت قاتارلىق كان مەھسۇلاتلىرى قېزىلاتتى ۋە پىششىقلاپ ئىشلىنەتتى. بۇ كان مەھسۇلاتلىرىدىن كەتمەن، گۈرجەك، ئورغاق، ساپان چىشى قاتارلىق ھەر خىل دېھقانچىلىق سايمانلىرىنى ئىشلەشتىن باشقا، يەنە ھەرە، ئۈشكە، رەندە، پالتا، تۈگمەن تېشىنىڭ ئوقى، ھەر خىل ئۆلچەملىك مىخ، تاقا قاتارلىق ھۈنەر - كەسىپ قوراللىرى، قىلىچ، نەيزە، خەنجەر،

---

[1] ۋېي لياڭتاۋ: «قاراخانىيلار تارىخىدىن بايان»، قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى 2000 - يىلى نەشرى، 290- بەت.

[2] ئابدۇكېرىم رەھمان: «20 - ئەسىر ئۇيغۇر ماددىي فولكلور مەدەنىيىتى»، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى 2006 - يىلى 5 - ئاي نەشرى، 76 - ، 78 - بەتلەر.

ئاي پالتا، ئوقيا ئوقىنىڭ بېشى، قالقان، دۇبۇلغا، ملتىق قاتارلىق قورال - ياراغلارنى ۋە ئالتۇن - كۈمۈشتىن ھەر خىل زىننەت بۇيۇملىرىنى ئىشلەيتتى. يەكەن خانلىقى دەۋرىدە كانچىلىق ۋە مېتالچىلىق ئاساسەن خانلىقنىڭ ئىلكىدە بولۇپ، خان كاننىڭ ئىگىلىك ھوقۇقىنى كان سودىگەرلىرىگە ئىجارىگە بېرىش ياكى سېتىپ بېرىش ئۇسۇلىنى قوللانغان. كانلارنى ئىجارىگە ئالغان مەزگىلدە ئىجارىگە ئالغۇچى سودىگەرنىڭ رۇخسىتىسىز باشقىلارنىڭ خالىغانچە قېزىشىغا يول قويۇلمايتتى. ئۇلار ئىشچىلارنى ياللاپ ناھايىتى ئەرزان باھادا ئىشلىتەتتى. يەكەن خانلىقى دەۋرىدىكى گۈللەنگەن كانچىلىق ۋە مېتالچىلىق كەسپى بۇ دەۋرنىڭ قول ھۈنەر - سەنئىتىنىڭ راۋاجلىنىشىغا ئاساس بولدى. بۇ دەۋردە ھۈنەر - كەسىپ ئىشلەپچىقىرىشى بىر تەرەپتىن كارخانىلىشىش يولىغا قاراپ ماڭغان بولسا، يەنە بىر تەرەپتىن ئىشلەپچىقىرىش تېخنىكىسى نەپىسلىككە ۋە يۇقىرى سەۋىيەگە قاراپ يۈزلەندى. بۇ چاغدا توقۇمىچىلىق، گىلەمچىلىك، خارەتلىك (ياغاچچىلىق)، تاش ئويمىچىلىق، تۆمۈرچىلىك، مىسكەرچىلىك، زەرگەرچىلىك، تىككۈچىلىك، باقمىچىلىق، جۇۋازچىلىق، سوپۇنچىلىق، ساتىراشلىق، چاقچۇقچىلىق (كۇلالچىلىق)، قازانچىلىق، موزدوزلۇق، كاھىشچىلىق، پىچاقچىلىق، قۇلۇپسازلىق قاتارلىق نەچچە ئون خىل قول ھۈنەرۋەنچىلىك ئىشلەپچىقىرىشى خېلى يۇقىرى سەۋىيەدە راۋاجلاندى، ھەتتا بۇ دەۋردە خېلى سۈپەتلىك ئالتۇن پۇل (تىللا) ياسىلىپ، خەلقئارا سودا ئوبوروتىغا قاتناشتۇرۇلغان. يەكەن خانلىقى مەزگىلىدە سۇلتان سەئىدخاننىڭ نامى بىلەن ياسالغان تىللانىڭ شىنجاڭدىن، شۇنداقلا ئوتتۇرا ئاسىيا، ئافغانىستان، كەشمىر رايونلىرىدىن خېلى كۆپلەپ تېپىلغانلىقى يۇقىرىقى پىكرىمىزگە دەلىل بولىدۇ[①].

20 - ئەسىردىكى ئۇيغۇر قول ھۈنەرۋەنچىلىكىنىڭ تەرەققىياتى ۋە

---

① ليۇ زىشياۋ: «ئۇيغۇر تارىخى» 1 - قىسىم، مىللەتلەر نەشرىياتى 1987 - يىلى ئۇيغۇرچە نەشرى، 773 - بەت.

ئۆزگىرىش جەريانلىرىنى ئىككى باسقۇچقا ئايرىش مۇمكىن:

1 ـ باسقۇچ: 20 ـ ئەسىرنىڭ ئالدىنقى يېرىمى يەنى ئازادلىققىچە بولغان دەۋر. ئومۇملۇق نۇقتىسىدىن ئېيتقاندا، بۇ باسقۇچتا ئۇيغۇرلارنىڭ قول ھۈنەر ئىگىلىكى كۆلەم جەھەتتىن كېڭەيدى، تۈر جەھەتتىن كۆپەيدى، سۈپەت جەھەتتىن تېخىمۇ نەپىسلىككە قاراپ يۈزلەندى، يېڭى سودا بازارلىرىنى ئېچىپ، مەركىزىي شەھەر سودىسى بىلەن چار بازار (يېزا بازارلىرى) سودىسىنىڭ بىر گەۋدىلىشىشىگە تۈرتكە بولدى، بولۇپمۇ مۇشۇ يىللاردا قەشقەردىكى ئۇيغۇرلارنىڭ قول ھۈنەر مەھسۇلاتلىرىنى ئاساس قىلغان چار بازارچىلىق سودا ئىگىلىكى ئالاھىدە جانلىنىپ، ھەپتىنىڭ ھەممە كۈنلىرىدە بازار بولىدىغان سودا تورى شەكىللەندى. تولۇقسىز مەلۇماتلارغا قارىغاندا، ئازادلىقتىن بۇرۇن ئۇيغۇرلار ئارىسىدىكى قول ھۈنەر تۈرى 350 خىلدىن ئېشىپ كەتكەن. بۇنداق كۆپ خىل ھۈنەر تۈرى ئىچىدە رايون ئىچى ۋە سىرتىدا ئىقتىسادىي ئۈنۈمى كۆرۈنەرلىك بولغىنى كانچىلىق ۋە كان مەھسۇلاتلىرىنى پىششىقلاپ ئىشلەش قول ھۈنەر ـ سەنئىتى، تېرە ـ يۇڭ، كۆن ـ خۇرۇمچىلىق ھۈنەر ـ سەنئىتى، توقۇمىچىلىق ھۈنەر ـ سەنئىتى، قۇرۇلۇش ـ بىناكارلىق ھۈنەر ـ سەنئىتى قاتارلىقلاردىن ئىبارەت.

2 ـ باسقۇچ: 20 ـ ئەسىرنىڭ كېيىنكى يېرىمىدىكى ئۆزگىرىش ۋە تەرەققىيات. 1949 ـ يىلى 10 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغاندىن كېيىن، پۈتكۈل جۇڭگو خەلقى تولۇق ئازادلىققا ئېرىشىپ، ھەممە تەرەپلەردە يېڭى گۈللىنىش مەنزىرىسى بارلىققا كەلدى. بىر تەرەپتىن چەت ئەل سودىگەرلىرىنىڭ قاقتى ـ سوقتى قىلىشى، يەنە بىر تەرەپتىن ئېغىر باج ـ سېلىق ۋە بازار كاساتچىلىقى تۈپەيلىدىن قەددى پۈكۈلگەن ئۇيغۇر قول ھۈنەرۋەنلىرى پارتىيە ـ ھۆكۈمەتنىڭ چەكسىز غەمخورلۇقىغا ئېرىشىپ، قايتىدىن قەددىنى رۇسلىدى، خەلق تۇرمۇشىنىڭ ياخشىلىنىشىغا ئەگىشىپ مىللىي قول ھۈنەر بۇيۇملىرىغا بولغان ئېھتىياج ئۆستى. شۇنىڭ بىلەن قەشقەر ۋىلايىتىنىڭمۇ ھەرقايسى شەھەر ـ ناھىيەلىرىدە قول سانائەت بىرلەشمىلىرى قۇرۇلۇپ، قول ھۈنەر ئىگىلىكىنىڭ تەرەققىياتىغا پايدىلىق

پۇرسەت يارىتىپ بېرىلدى، بۇ يىللاردا ئۇيغۇر قول ھۈنەر - سەنئىتى ئىككى لىنىيە بويىچە يەنى شەھەرلەردە ھەرقايسى قول ھۈنەر تۈرلىرى بويىچە ھۈنەرۋەن - كاسىپلار گۇرۇھى (جەمئىيىتى) ۋە يېزا - كەنتلەردە قوشۇمچە قول ھۈنەرۋەنلەر ئىگىلىكى زىچ گەۋدىلىشىپ بازار سودىسىنى جانلاندۇردى، بولۇپمۇ 1983- يىلى ئېچىلغان پارتىيە 12- نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 3- ئومۇمىي يىغىنىدىن كېيىن يولغا قويۇلغان ئىسلاھات، ئىشىكنى ئېچىۋېتىش سىياسىتىنىڭ پارلاق نۇرى ئاستىدا ئۇيغۇر قول ھۈنەر - سەنئىتى يېڭى ھاياتىي كۈچكە ئىگە بولۇپ، سان ۋە سۈپەت جەھەتتىن خەلقئارا بازاردا رىقابەتلىشەلەيدىغان ۋەزىيەتنى شەكىللەندۈردى، ھۈنەر - كەسىپ مەھسۇلاتلىرىدا ئەنئەنىۋىلىك بىلەن زامانىۋىلىق، قول ئەمگىكى بىلەن ماشىنا كۈچى زىچ بىرلەشتۈرۈلگەچكە، ھۈنەر - سەنئەتنىڭ مىللىي ئىگىلىكتە تۇتقان ئورنى كۆرۈنەرلىك دەرىجىدە ئۆستى، خوتەننىڭ ئەنئەنىۋى گىلەمچىلىك ھۈنەر- سەنئىتى، قاشتاش ئويمىچىلىقى، ئەتلەسنى گەۋدە قىلغان يىپەك توقۇمىچىلىقى، قەشقەرنىڭ زەرگەرچىلىك، مىسكەرچىلىك قاتارلىق نەپىس بۇيۇملار ھۈنىرى، دوپپىچىلىق، تۇماقچىلىق ھۈنەر - سەنئىتى، ساندۇقچىلىق، سىرچىلىق، نەققاشچىلىق قاتارلىق گۈزەل سەنئەت بۇيۇملىرى، يېڭىسارنىڭ تىغچىلىق (پىچاقچىلىق) ھۈنەر - سەنئىتى، كۇچانىڭ ئەلتېرە ھۈنەر - كەسپى...... قاتارلىق مىللىي ھۈنەر - كەسىپلەر ئۆزىنىڭ سېھىرلىك كۈچىنى نامايان قىلىپ، بازار ئىگىلىكىدە پۈت تىرەپ تۇرالايدىغان تۈۋرۈكلۈك كەسىپكە ئايلاندى[1].

[1] ئابدۇكېرىم رەھمان: «20 - ئەسىر ئۇيغۇر ماددىي فولكلور مەدەنىيىتى»، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى 2006 - يىلى 5 - ئاي نەشرى، 72 - ، 78 - ، 103 - ، 104 - ، 107- ، 109 - بەتلەر.

# ئۈچىنچى باب

## ئۇيغۇرلارنىڭ سودا، تاۋار ئالماشتۇرۇش ئادەتلىرى

ھەرقانداق ئىقتىسادىي ئىشلەپچىقىرىش ئادەتلىرى نوقۇل ھالدا مۇستەقىل تەرەققىي قىلغان بولماستىن، بەلكى ئۆزى ئىشلەپچىقارغان تاۋارلارنى ئالماشتۇرۇش جەريانىدا تەرەققىياتقا ئېرىشىدۇ. ناھايىتى ئېنىقكى، ماددىي ئىشلەپچىقىرىشنىڭ كەسپلىشىشى بىلەن ھۈنەرۋەنچىلىك ئىشلەپچىقىرىشنىڭ كەسپلىشىشى ئالماشتۇرۇشنىڭ تەرەققىياتىغا يول ئاچقان. تاغلىق رايونلارنىڭ ئىشلەپچىقىرىشىدا تەبىئەتتىن توپلاپ يىغىۋالغان بۇيۇملار ۋە ئوۋ غەنىيمەتلىرىنىڭ بىر قىسمىنى ئۆز رايوندا كەم بولغان ئاشلىق، رەخت، قاچا - قۇچا قاتارلىق كۈندىلىك تۇرمۇش لازىمەتلىرىگە ئالماشتۇرۇشقا توغرا كەلگەن، ئوخشاشلا، دېھقانچىلىق رايونلىرى ئىشلەپچىقارغان ئارتۇق ئاشلىقنى تاغلىق رايونلار ئىقتىسادىدىكى چارۋا، تېرە - يۇڭلارغا ئالماشتۇرۇشقا ئېھتىياج تۇغۇلغان. بېلىقچىلىق رايونلىرى تۇتقان بېلىقلارنى ئاشلىق ۋە باشقا كېرەكلىك تاۋارلار بىلەن ئالماشتۇرۇش؛ قول ھۈنەرۋەنلەر ئۆزلىرى ئىشلەپچىقارغان بۇيۇملارنى خىلمۇخىل تاۋارلارغا ئالماشتۇرۇش ئادەتلىرى تەبىئىي ھالدا شەھەر سودا سىستېمىسىنى بارلىققا كەلتۈرگەن. لېكىن، ئۆزئارا تەبىئىي ھالدىكى مال ئالماشتۇرۇشنىڭ ئەڭ بۇرۇنقى شەكلى تېخى سودىدىكى قىممەت خاراكتېرىنى ئالمىغانىدى. كېيىنچە ھەرقايسى ساھەلەردىكى ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنىڭ تەرەققىي قىلىشىغا ئەگىشىپ سودىدا مەخسۇسلىشىش بارلىققا كەلدى. بۇنىڭ بىلەن تەبىئىي ئالماشتۇرۇشنىڭ ئىپتىدائىي جەريانلىرى يوقىلىپ، تاۋار ئالماشتۇرۇش ئۇسۇلىدا ئېلىم - سېتىم (سودىلىشىش) شەكلى پەيدا بولدى. قىممەت

كۆزقارىشىنىڭ بارلىققا كېلىشىگە ئەگىشىپ تاۋار ئالماشتۇرۇش پرىنسىپلىرىنى ئەكس ئەتتۈرىدىغان بىر يۈرۈش ئۆرپ - ئادەتلەر شەكىللەنگەن. تاۋار ئالماشتۇرۇش ئېھتىياجى ئۆزىگە مۇناسىپ ھالدا سودا بازارلىرىنى پەيدا قىلدى. سودا بازارلىرى تاۋار ئالماشتۇرۇشنىڭ ئەڭ قەدىمكى شەكلى — ئىقتىسادىي قىممەت سۈرۈشتە قىلىنمايدىغان تاۋار ئالماشتۇرۇش شەكلىدىن تەرەققىي قىلىپ، ئوخشاش قىممەت يارىتىدىغان ئىقتىسادىي مەقسەتكە يۈزلەنگەن دەۋردە پەيدا بولدى[①].

سودا - تىجارەت ئۇيغۇرلارنىڭ ئىقتىسادىي مەدەنىيىتى بويىچە بىرقەدەر بۇرۇن تەرەققىي قىلغان ساھە. تارىخىي خاتىرىلەردىن مەلۇم بولۇشىچە، ئۇيغۇرلاردىكى تاۋار قارىشىنىڭ يېتىلىشى ۋە تاۋار ئىگىلىكىنىڭ تەرەققىياتى فېئودال ناتۇرال ئىگىلىكى ئاساسىدا ئەمەس، بەلكى كۆچمەن چارۋىچىلىق ئىگىلىكى ئاساسىدا باشلانغان، ئەجدادلىرىمىزنىڭ تارقالغان جايى ناھايىتى كەڭ، جۇغراپىيەلىك شارائىتى ھەر خىل بولغاچقا، ئۇيغۇرلارنىڭ ئىقتىسادىي مەدەنىيىتىنىڭ تەرەققىياتىمۇ تەكشى بولمىغان. موڭغۇلىيە يايلاقلىرىدا ياشىغانلارنىڭ ئىجتىمائىي ئىگىلىكىدە چارۋىچىلىق خېلى ئۇزاققىچە ئاساسلىق ئورۇندا تۇرۇپ كەلدى. تەڭرىتاغ ئەتراپلىرىدا ياشىغانلاردا سوغد قاتارلىق قوۋملارنىڭ تەسىرى ئارقىسىدا چارۋىچىلىقتىن دېھقانچىلىققا ئۆتۈش جەريانى ۋە قول سانائەت، سودا ئالاقە ئىشلىرىنىڭ تەرەققىياتىمۇ بالدۇر ۋە تېز بولدى. شىمالدا ياشىغانلاردا ئۇزاققىچە ئاساسلىق ئورۇندا تۇرۇپ كەلگەن چارۋىچىلىق ئىگىلىكى ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقى دەۋرىگە كەلگەندە ناھايىتى تېز تەرەققىي قىلدى. بۇ تەرەققىيات قوشنا رايونلار بىلەن بولغان ھەر جەھەتتىكى ئالاقىنىڭ تەرەققىياتىنى تېخىمۇ ئىلگىرى سۈردى. نەتىجىدە ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ ئىجتىمائىي ئىگىلىكىدە يېڭى بىر تارماق — سودا ئىگىلىكى ۋە مەخسۇس سودا - تىجارەت بىلەن شۇغۇللىنىدىغان بىر توپ ئىجتىمائىي گۇرۇھ شەكىللەندى. بۇ

① ئابدۇكېرىم رەھمان: «ئۇيغۇر فولكلورى ھەققىدە بايان»، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى 1989 - يىلى 7 - ئاي نەشرى 130 - ، 131 - بەتلەر.

تەرەققىيات خانلىق ھۆكۈمران گورۇھىدىكىلەر بىلەن يېڭىدىن شەكىللەنگەن سودىگەر - تىجارەتچىلەر تەبىقىسىنىڭ بايلىققا بولغان قارىشىنى ئۆزگەرتىۋەتتى. ئۇلار شۇ دەۋرگىچە چارۋا مالنى بايلىق ھېسابلاپ كەلگەن بولسا، ئەمدىلىكتە ئالتۇن - كۈمۈش، ئۈنچە - مەرۋايىت، تاۋار - دۇردۇن قاتارلىقلارنى مۇھىم بايلىق ھېسابلايدىغان بولدى. بۇ يۈزلىنىش تەدرىجىي ئاۋام خەلقىمۇ تەسىر كۆرسىتىپ، كىشىلەردە تاۋار قارىشىنىڭ يېتىلىشىگە زېمىن ھازىرلاپ بەردى. مەيدانغا كەلگەن بۇ بىر قاتار يېڭى ئامىللار پۈتۈن خانلىق تەۋەسىدە سودا ئالماشتۇرۇش پائالىيىتىنىڭ كۆلىمىنى، سۈرئىتىنى تېخىمۇ تېزلەتتى. مەملىكىتىمىز تارىخىدا تاڭ دەۋرىدىكى بىر ئەسىردەك داۋاملاشقان مەشھۇر «ئات — يىپەك سودىسى»، «ئات — چاي سودىسى» ۋە ئۇيغۇر سودىگەرلىرىنىڭ ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك بىلەن ئوتتۇرا ئاسىيا رايونىدىكى كەڭ كۆلەملىك سودا پائالىيىتىدە ئۆز دەۋرىدىكى ئۇيغۇرلارنىڭ ئىقتىسادىي مەدەنىيىتىدە زور يۈكسىلىش بولغانلىقىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ.

تارىخىي خاتىرىلەردىن مەلۇم بولۇشىچە، ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقى بىلەن تاڭ سۇلالىسىنىڭ ئوتتۇرىسىدا 7 - ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدىلا ھەر يىلى بىر قېتىم چوڭ كۆلەملىك ئات سودىسى بولۇپ تۇرغان. قەشقەر ئۇيغۇرلىرى شايى، تاۋار - دۇردۇننى ئۆز ئېھتىياجىغا ئىشلەتكەندىن تاشقىرى، ئوتتۇرا ئاسىيا رايونلىرىغا ئاپىرىپ ساتقان. ئۇ جايلاردىن تاڭ سۇلالىسىگە ئېھتىياجلىق يۇڭ - تېرە، دورا - دەرمەك ماتېرىياللىرى ۋە قاشتاش قاتارلىقلارنى ئېلىپ كېلىپ ساتقان[1].

شۇ دەۋردە پەقەت چاڭئەن (ھازىرقى شىئەن) دە دائىم تۇرۇشلۇق ئۇيغۇر سودىگەرلىرىنىڭ سانى بىرنەچچە مىڭ كىشىگە يەتكەن. مىلادىيە 634 - يىلى ياغلاقار ئىسىملىك بىر ئۇيغۇر ئەمەلدار ئۆز ئالدىغا بىر قېتىمدىلا 70 مىڭ توپ يىپەك مال سودىسى قىلغان. ئۇلارنىڭ بەزىلىرى

---

[1] ليۇ زىشياۋ: «ئۇيغۇر تارىخى»، 1 - قىسىم، مىللەتلەر نەشرىياتى 1987 - يىلى ئۇيغۇرچە نەشرى، 77 - بەت.

ساراي ئاچقان، كارۋانچىلىق قىلغان[1] مۇشۇ تارىخىي خاتىرىلەرلا ئەجدادلىرىمىزنىڭ يىپەك يولىنىڭ ئېچىلىشى، راۋانلىشىشىدا باشتىن-ئاخىر مۇھىم رول ئوينىغانلىقىنى چۈشەندۈرىدۇ.

ئۇيغۇرچە مەنبە، ئارخېئولوگىيەلىك تېپىلمىلار ۋە مۇناسىۋەتلىك خاتىرىلەردىن مەلۇم بولۇشىچە، ئوتتۇرا ئەسىردە يەنى قاراخانىيلار دەۋرى ۋە ئۇنىڭدىن كېيىنكى دەۋرلەردە ئۇيغۇرلارنىڭ دېھقانچىلىق، قول سانائەت مەھسۇلاتلىرى سودىسى پۈتۈنلەي دېگۈدەك پۇل ۋاستىسى ئارقىلىق بولۇشتىن تاشقىرى، مەخسۇس ئالتۇن-كۈمۈش، ئۈنچە-مەرۋايىت قاتارلىق ئېرىغ مال سودىسىمۇ راۋاجلانغان. ئۆز دەۋرىدە سودا-سېتىق، ئېلىم-بېرىمدە ئۇيغۇر خانلىرىنىڭ تامغىسى بېسىلغان «قامدۇ»[2] ناملىق لاتا پۇل، ئىچكىرىدە قۇيۇلغان «باقىر»[3] دېگەن مىس پۇل ئىشلىتىلىدىغان بولغان. «تاۋار»[4] دېگەن ئاتالغۇ مۇشۇ دەۋردە مەيدانغا كەلگەن. بۇلاردىن مەلۇم بولىدىكى، ئۇيغۇر جەمئىيىتىدە تاۋار ئىگىلىكى شۇ دەۋرلەردىلا تەرەققىي قىلىشقا باشلىغان. سەئىدىيە خانلىقى دەۋرىگە كەلگەندە پۇل مۇئامىلە، سودا-تىجارەت تېخىمۇ تەرەققىي قىلىپ، دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق، قول سانائەت مەھسۇلاتلىرىنىڭ تۈرى بويىچە تۇراقلىق بازار سودىسى ۋە سانائەت مەركەزلىرى شەكىللەنگەن. شام، باغداد، كونستانتىنپول (ھازىرقى ئىستانبۇل)، بەدەخشان، كەشمىر، لاداق، بومباي، پەرغانە، سەمەرقەنت، دۇنخۇاڭ، گەنجۇ، لەنجۇ قاتارلىق جايلار ئارىلىقىدا قەشقەرنىڭ ئۇيغۇر سودىگەرلىرى ئۈزۈلمەي قاتنايدىغان بولغان.

سودا-تىجارەتنىڭ تەرەققىياتىغا ئەگىشىپ مەخسۇس پۇل مۇئامىلە كەسپى، ۋاكالەت سودا كەسپى، مەخسۇس سودا سارايلىرى، يېزا سودا

[1] «قەدىمكى دەۋردە جۇڭگونىڭ شىمالىدا ياشىغان مىللەتلەرنىڭ قىسقىچە تارىخى»، 152 ـ، 153 ـ بەتلەر (ئابدۇرەھىم ھەبىبۇللا: «ئۇيغۇر ئېتنوگرافىيەسى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 2000 ـ يىلى 4 ـ ئاي نەشرى، 106 ـ بەتتىكى نەقىل).

[2] «تۈركىي تىللار دىۋانى»، I توم، 546 ـ بەت.

[3] «تۈركىي تىللار دىۋانى»، I توم، 468 ـ بەت.

[4] «تۈركىي تىللار دىۋانى»، I توم، 533 ـ بەت.

بازىرى، ھەرقايسى كەسىپلەر بويىچە دۆكا سودىگەرلەر تەبىقىسى شەكىللىنىپ تەرەققىي قىلدى. يەكەن، قەشقەر، كۇچا قاتارلىق سودا مەركەزلىرىدە مەيدانغا كەلگەن گەزمال سارىيى، گىلەم سارىيى، تىللا سارىيى قاتارلىق كەسىپىي سارايلار ۋە ئاياغ بازىرى، ئاشلىق بازىرى، پاختا بازىرى، مال بازىرى، ياغ بازىرى، دوپپا بازىرى...... قاتارلىق ھەر خىل كەسىپىي بازارلار (قەشقەردە شۇنداق بازارلارنىڭ تۈرى 30 — 40 تىن ئاشاتتى) ۋە كەڭ يېزىلاردىكى ھەپتىنىڭ ھەر كۈنى يېزىلار بويىچە قاتارى بولىدىغان بازار سودىسىمۇ تەرەققىي قىلدى. بۇنىڭ بىلەن شۇنداق بازار بولىدىغان يېزىلارنىڭ نامى شۇ يەردە بازار بولىدىغان كۈننىڭ نامىدا ئاتىلىدىغان بولغان. جەنۇبىي شىنجاڭدىن تېپىلغان 17 - ئەسىرگە ئائىت «ھۆججەت - ۋەسىقە»لەردىن مەلۇم بولۇشىچە، ئۆز دەۋرىدە يەر - زېمىن، يەر - سۇ سودىسى ئومۇملاشقان بولۇپ، سودا - سېتىق قەغەز پۇل، ئالتۇن (تىللا) بىلەن يۈرگۈزۈلىدىغان بولغان. 17 - ئەسىردە شىنجاڭ ئارقىلىق ئىچكىرىگە ئۆتكەن پورتۇگالىيەلىك مىسسىيونېر (دىن تارقاتقۇچى) ئوبىن يەكەننى سودىگەر - تىجارەتچىلەرنىڭ ۋە ھەر خىل تاۋارنىڭ كۆپلۈكى، ئەلۋەكىلىكىگە قاراپ مەشھۇر سودا سارايلىرىغا ئوخشاتقان. چۈن يۈەن «غەربىي دىياردا كۆرگەن - ئاڭلىغانلىرىم» دېگەن ئەسىرىدە يەكەن بازىرىنىڭ ئون نەچچە چاقىرىم كېلىدىغانلىقىنى، بازار كۈنلىرى شەھەرنىڭ مالغا تولۇپ كېتىدىغانلىقىنى؛ ئالتۇن - كۈمۈش، ئۈنچە - مەرۋايىت سودىسىمۇ قىزىپ كېتىدىغانلىقىنى بايان قىلغان[①].

## 1. سودا - سېتىق ئادىتى

سودا بازارلىرى تاۋار ئالماشتۇرۇشنىڭ ئەڭ قەدىمكى شەكلى بولغان ئىقتىسادىي قىممەت سۈرۈشتە قىلىنمايدىغان تاۋار ئالماشتۇرۇش

---

① ئابدۇرەھىم ھەبىبۇللا: «ئۇيغۇر ئېتنوگرافىيەسى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 2000 - يىلى 4 - ئاي نەشرى، 107 - ، 109 - بەتلەر.

شەكلىدىن تەرەققىي قىلىپ، ئوخشاش قىممەت يارىتىدىغان ئىقتىسادىي مەقسەتكە يۈزلەنگەن دەۋردە پەيدا بولدى. ئەنە شۇ قەدىمكى تاۋار ئالماشتۇرۇش پائالىيىتىدە ئۇيغۇرلارنىڭ تۆۋەندىكىدەك بىر يۈرۈش ئادەت شەكىللىرى بولغان:

1. تىلسىز ۋە كېلىشمىسىز ئالماشتۇرۇش ئادىتى. بۇ خىل تاۋار ئالماشتۇرۇش شەكلىدە تاۋار ئالماشتۇرىدىغان ئىككى تەرەپ ئۆزئارا ئۇچراشماي، پەقەت ئۆزلىرى ئالماشتۇرماقچى بولغان تاۋارلىرىنى بەلگىلەنگەن ئورۇنغا ئەكېلىپ قويىدۇ. تاۋار ئالماشتۇرماقچى بولغان قارشى تەرەپ بۇ ئورۇندىن ئۆزىگە ھاجەت بولغان تاۋارنى ئېلىپ، ئورنىغا ئۆزى ئېلىپ كەلگەن تاۋارنى قويۇپ كېتىدۇ. بۇ خىل ئالماشتۇرۇشتا تاۋارنىڭ ئىقتىسادىي قىممىتى سۈرۈشتە قىلىنمايدۇ. بۇنداق تاۋار ئالماشتۇرۇش بىر خىل ئىپتىدائىي ئېتىقادقا تايانغان بولۇپ، بۇنىڭدا ھەر ئىككى تەرەپ تاۋارنىڭ ئىقتىسادىي قىممىتىنى ئەمەس، بەلكى ئۆزلىرىنىڭ ئېھتىياجىنىلا كۆزدە تۇتىدۇ. ئىدېئولوگىيە جەھەتتە ئۇنىڭغا «ئۆز - ئۆزىنى سوراش»، «ئىنسابلىق بولۇش» تەك مۇقەددەس ئاڭ يېتەكچىلىك قىلغان.

2. ئېھتىياجغا ئاساسەن ئېلىپ بېرىلىدىغان تەبىئىي ئالماشتۇرۇش شەكلى. بۇمۇ تاۋار ئالماشتۇرۇشتىكى قىممەت ئۇقۇمىغا ئىگە بولمىغان ئالماشتۇرۇش شەكلى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. ئۇنىڭدا تاۋار ئالماشتۇرماقچى بولغان A ۋە B تەرەپ ئۆزئارا ئۇچرىشىدۇ. ئەگەر A تەرەپ B تەرەپنىڭ ئېلىپ كەلگەن تاۋىرىغا ئېھتىياجلىق بولسا ھەمدە B تەرەپمۇ A تەرەپنىڭ تاۋىرىغا ئېھتىياجلىق بولسا، ھېچقانداق ئىقتىسادىي قىممەت سۈرۈشتە قىلماي، رازىمەنلىك بىلەن تاۋارلىرىنى ئۆزئارا ئالماشتۇرىدۇ. تاۋارنىڭ سانى، سۈپىتى جەھەتلەردە باشقىچە تەلەپ ۋە تالاش-تارتىش بولمايدۇ. بۇ شەكىل بىرىنچى خىل تاۋار ئالماشتۇرۇش ئادىتىدىن بىرئاز تەرەققىي قىلغان.

3. سان ۋە سۈپەتكە ئاساسەن تەڭ قىممەتتە ئالماشتۇرۇش. تاۋار ئالماشتۇرۇش جەريانىدا تاۋارلارنىڭ سانى ۋە سۈپىتى جەھەتتىكى پەرق تاۋار ئالماشتۇرۇشتىكى قىممەت (باھا) ئۇقۇمىنى پەيدا قىلدى. بۇنىڭغا

ئەگىشىپ بازار سودىسىمۇ شەكىللەندى. بۇنىڭ ئەڭ دەسلەپكى شەكلى ئىككى تەرەپنىڭ ئالماشتۇرماقچى بولغان تاۋارلىرىنى باھاغا سۇندۇرۇپ قىممەت نىسبىتى بويىچە ئالماشتۇرۇش. ئەمما، بۇ شەكىلدىمۇ ئىقتىسادىي قىممەت جەھەتتىن مۇتلەق تەڭ نىسبەتتە بولۇش تەلەپ قىلىنمىغان. ئەگەر ئىككى تەرەپ ئېھتىياجىنى چىقىش قىلىپ پۈتۈشكەن بولسىلا، تاۋارنىڭ ئىقتىسادىي قىممىتىنى سۈرۈشتۈرۈش قاتتىق تەلەپ قىلىنمىغان.

ئۆتمۈشتە چارۋىچىلىق رايونلىرى ئاشلىق، كۆندىلىك تۇرمۇش لازىمەتلىكلىرى (چاي، تۇز، يىپ - يىڭنە قاتارلىقلار)، كىيىم- كېچەك، قاچا - قومۇچ قاتارلىق تاۋارلارنى ئۆزلىرى ئىشلەپچىقىرالمىغاچقا، ئۇلارنى چارۋىچىلىق مەھسۇلاتلىرى بىلەن ئالماشتۇرۇشقا ئېھتىياجلىق ئىدى. ئاشۇ ئېھتىياج تۈپەيلى، يۇقىرى ئىقتىسادىي قىممەتكە ئىگە بولغان مەھسۇلاتلىرىنى تۆۋەن قىممەتلىك تاۋارلارغا ئالماشتۇرۇشقا مەجبۇر ئىدى. بۇنداق ئالماشتۇرۇشتىكى قىممەت ئۆلچىمى مۇقىم بولماستىن، ئەھۋالغا قاراپ ئۆزگىرىپ تۇراتتى. شەھەردىن يىراق يېزا- قىشلاقلاردىكى چارۋىچىلىق رايونلىرىدىكى خەلقلەر ئارىسىدا ئۆزلىرى ئىشلەپچىقارغان بۇيۇملارغا (بولۇپمۇ يېمەك - ئىچمەكلىكلەرگە) باھا سۇندۇرۇپ سېتىشنى نومۇس دەپ قاراپ ئەيىبلەش ئادىتى بار ئىدى. لېكىن، كۆپچىلىك دېھقانچىلىق رايونلىرىدىكى تاۋار ئالماشتۇرۇشتا ئاشلىق پۇل ئورنىدا بىرلىك ئۆلچىمى قىلىنىدۇ. مەسىلەن، ئۆتمۈشتە بىر جىڭ بۇغدايغا بىر جىڭ گۆش، ئىككى چارەك بۇغدايغا بىر خىش چاي، بىر خىش چايغا بىر پاقلان، ئىككى چارەك قوناقخا بىر ماتا (بۆز)، تۆت چارەك بۇغدايغا بىر چەكمەن...... ئالماشتۇرۇلغان.

4. تاۋارنى پۇلغا سۇندۇرۇش ئۇسۇلى بىلەن ئېلىپ بېرىلىدىغان ئالماشتۇرۇش. تاۋارلارنى تەڭ قىممەتتە ئالماشتۇرۇش ئۇسۇلى ئاستا- ئاستا مۇقىم باھاغا سۇندۇرۇپ پۇل قىممىتىدە ئالماشتۇرۇش ئادىتىنى پەيدا قىلدى. بۇ ئادەت تاۋار ئالماشتۇرۇشنىڭ يۇقىرى باسقۇچى ھېسابلىنىدۇ. بۇنداق ئالماشتۇرۇشتا ئىككى تەرەپ تاۋارلىرىنى ئالدى بىلەن پۇلغا سۇندۇرىدۇ، ئاندىن كېلىشكەن باھا بويىچە ئالماشتۇرۇش

ئېلىپ بارىدۇ. بۇنىڭ ئەڭ قەدىمكى شەكلى مەلۇم بىر خىل تاۋارنىڭ بېكىتىلگەن مۇقىم باھاسىنى بىرلىك قىلىپ ئالماشتۇرۇش ئىدى. مەسىلەن، قەدىمكى ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقى دەۋرىدە ئات مۇقىم باھا بىرلىكى ئىدى. ئىچكى ۋە تاشقى سودىدا مۇشۇ بىرلىك ئۆلچەم قىلىنغان. پۇل بىرلىكىگە ئەنە شۇنداق چارۋا ئاتالغۇسىنى قوللىنىشنىڭ ئۆزى قەدىمكى دەۋرلەردە كۆپرەك چارۋا ماللارنى تاۋار ئالماشتۇرۇشنىڭ پۇل بىرلىكى سۈپىتىدە قوللانغانلىقىدىن دېرەك بېرىدۇ. كېيىنچە بۇ ئادەت ئاقچا (پۇل)نى بىرلىك قىلىپ ئېلىپ ـ سېتىشقا تەرەققىي قىلغان.

يۇقىرىقىلارنىڭ ھەممىسىدە تاۋارنى تاۋارغا ئالماشتۇرۇش ئاساس قىلىنغان. كېيىنچە تاۋار پۇلغا سۇندۇرۇلۇپ، پۇلنى ۋاستە قىلىشتەك تاۋار ئالماشتۇرۇشنىڭ يۇقىرى باسقۇچى بارلىققا كەلدى، شۇنىڭ بىلەن ئىنسانلار جەمئىيىتىدە يېڭى بىر خىل مەدەنىيەت دەۋرى — ئاقچا مەدەنىيىتى دەۋرى باشلاندى[1].

ئۇيغۇرلار ئۇزاق ئەسىرلىك سودا ـ سېتىق پائالىيىتىگە قاتنىشىش جەريانىدا سودا ـ سېتىققا ئائىت نۇرغۇن تەرەپلەرنى ئۆزلىرىنىڭ ئىقتىسادىي ئىگىلىك ئادەتلىرىگە ئايلاندۇرۇپ بۈگۈنگىچە ساقلاپ كەلدى.

بازار سودىسى جەريانىدا تاۋار ئالماشتۇرۇشنىڭ تەرەققىياتىغا ئەگىشىپ سودا ئىشىدا ئىككى تەرەپنى كېلىشتۈرگۈچى بىردىك (دەللال) پەيدا بولدى. بۇ خىل كىشىلەر ئۆزئارا تاۋار ئالماشتۇرۇشتىكى بارلىق كونا ئادەتلەرگە خاتىمە بېرىپ، تاۋار ئالماشتۇرۇشنىڭ مەخسۇس باشقۇرغۇچىسى سۈپىتىدە ئوتتۇرىغا چىقتى. ئۇلار سودا بازارلىرىدا ئايلىنىپ يۈرۈپ، ئىشلەپچىقارغۇچىلار قولىدىكى تاۋارلارنى ئۆتكۈزۈۋېلىپ، ئۇنىڭغا ئېھتىياجلىق بولغان ئىستېمالچىلارغا يېڭى باھادا سېتىپ بېرىش ئارقىلىق ھېچقانداق دەسمايە سالماي ئارىلىقتىن پايدا

---

[1] ئابدۇكېرىم رەھمان: «ئۇيغۇر فولكلورى ھەققىدە بايان»، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى 1989 ـ يىلى 7 ـ ئاي نەشرى، 131 ـ ، 135 ـ بەتلەر.

تاپىدۇ. بۇنىڭ بىلەن سودا ـ سېتىق جەريانىدا بۇرۇنقى شەكىلگە ئوخشاشمايدىغان يېڭى ئالماشتۇرۇش ئادىتى شەكىللەندى، يەنى تاۋار ئالماشتۇرۇشتىكى بىۋاستە شەكىلدىن ۋاستىلىك شەكىلگە ئۆزگەردى. باشقىچە ئېيتقاندا، كىشىلەر ئۆزلىرىنىڭ ئالماشتۇرماقچى بولغان تاۋارلىرىنى ئالدى بىلەن ئاشۇ دەللاللارغا ئۆتكۈزۈپ بېرىپ، ئاندىن كېيىن يەنە ئۆزلىرىگە كېرەكلىك تاۋارلارنى ئاشۇ دەللاللارنىڭ قولىدىن ئالىدىغان بولدى. قەشقەردە ئادەتتە سودا بازارلىرى تاۋارلارنىڭ تۈرى بويىچە مەخسۇس ئورۇنغا جەملەنگەن بولۇپ، ھەرقايسى بازارنىڭ ئۆزىگە خاس سودا باشقۇرغۇچىلىرى (سودىگەرلىرى) بولغان. ئۇيغۇرلار ئارىسىدا چارۋا مال بازىرىدىكى سودا ـ سېتىقنى باشقۇرغۇچىلار «بېدىك» دەپ ئاتالغان. ئۇلار سودا ـ سېتىق ئىشلىرىغا چېۋەر ھەم سۆزمەن بولۇپ، چارۋا مال بازىرىغا كەلگەن ھەر خىل چارۋىلار شەرتسىز ھالدا «بېدىك»نىڭ قولىغا تاپشۇرۇلغان. بېدىكلەرنىڭ باشقۇرۇش ئادىتى ئادەتتە ئىككى خىل شەكىلدە بولاتتى: بىرى، مال ئىگىسى بىلەن «بېدىك» ئوتتۇرىسىدا باھا كېلىشىمى تۈزۈلىدۇ. مال ئىگىسى ئۇنىڭدىن كېيىن ئۆز مېلىنىڭ تەننەرخىگە ئارىلاشمايدۇ. «بېدىك» ئۇ مالغا ئېھتىياجلىق ئىستېمال قىلغۇچىنى ئىزدەپ، كۆڭلىگە پۈككەن باھاغا كەلتۈرۈپ ساتقاندىن كېيىن، مال ئىگىسى بىلەن تۈزگەن باھا كېلىشىمى بويىچە نەقلەشتۈرۈپ پايدىسىنى ئۆزى ئالىدۇ. ئىككىنچى خىل شەكىل، مال ئىگىسى بىلەن «بېدىك» مەخسۇس باھا كېلىشىمى تۈزمەستىنلا، «بېدىك» ئۇنىڭ مېلىنى ئۆتكۈزۈۋالىدۇ. سودا ئۈستىدە مال ئىگىسمۇ بىرگە بولىدۇ. مال ساتقۇچى بىلەن ئالغۇچىنى تەننەرخ جەھەتتە «بېدىك» ئۆزئارا كېلىشتۈرىدۇ. كېلىشتۈرۈش ئۇسۇلى كۆپىنچە «يەڭ سودىسى» ئارقىلىق بولىدۇ، ئاغزاكى باھا قويۇش ئادىتى بولمايدۇ. «بېدىك» بىردەم مال ساتقۇچى بىلەن يەڭ ئىچىدە بارماق ئارقىلىق مالنىڭ باھاسىنى توختىتىدۇ. خەلق ئىچىدە ھەربىر بارماقنىڭ مۇقىملاشقان پۇل قىممىتى بولۇپ، بارماق مەلۇم پۇل بىرلىكىنىڭ رولىنى ئوينايدۇ. شۇنداق قىلىپ «بېدىك» ئىككى تەرەپنى كېلىشتۈرگەندىن كېيىن، ئادەت بويىچە مال ساتقۇچى بىلەن سېتىۋالغۇچىنىڭ ئوڭ قولىنى

تۇتۇپ، «ھەر ئىككىڭلارغا قۇتاتسۇن!» دەپ ئالقانلىرىنى تۇپراققا سۈرىدۇ. بۇ، تۇپراقنى شۇ سودىغا گۇۋاھچى قىلغانلىقىنىڭ بىشارىتى. بۇ ئۇيغۇرلارنىڭ تۇپراقنى ئۇلۇغلاش ئېتىقادىنىڭ ئۆرپ - ئادەتتىكى ئىپادىسى ھېسابلىنىدۇ. بۇنىڭ بىلەن سودا تاماملىنىدۇ. «بېدىك»نىڭ «ئەجرى» ئۈچۈن ھەر ئىككى تەرەپ مەلۇم نىسبەتتە شىرىنكانە بېرىدۇ. بەزى رايونلاردا «بېدىك» نىڭ «سالاچىلىق ھەققى» شۇ مالنىڭ بېكىتىلگەن باھاسىغا قاراپ مەلۇم نىسبەتكە مۇقىملاشقان. خۇددى يۇقىرىقىغا ئوخشاش، ئاشلىق بازارلىرىدا، مېۋە - چېۋە بازارلىرىدا، ئالتۇن - كۈمۈش بازارلىرىدا، پاختا - يىپ بازارلىرىدىمۇ دەللال، بېدىك ۋە باشقا سالاچىلار تاۋار ئالماشتۇرۇش بازارلىرىنىڭ تەبىئىي باشقۇرغۇچىلىرى بولۇۋالغان. سودا - سېتىقتىكى بۇ ئادەت ھازىرغىچە يەرلىك بازارلاردا داۋاملىشىپ كەلمەكتە[①].

تاۋار ئالماشتۇرۇش ئۇسۇلىنى ئايرىم - ئايرىم ھالدا ئومۇملاشتۇرۇپ تۆۋەندىكىدەك ئۈچ خىل ئېتنىك ئادەتكە بۆلۈشكە بولىدۇ:

1. ئوتتۇرىدىكى «ۋاكالەتچىلىك سودا» شەكلى. بۇنداق سودا بىلەن شۇغۇللانغۇچىلارنىڭ ئېلىپ - ساتىدىغان ئۆزىگە تەئەللۇق تاۋىرى بولمايدۇ. ئۇ پەقەت مال ئالماشتۇرىدىغان ئىككى تەرەپنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى ۋاكالەتچى (خەلق تىلىدا دەللال) سۈپىتىدە ۋاكالىتەن سېتىپ بېرىشكە ھاۋالە قىلغان مەھسۇلاتلارنى ئىستېمالچىلارغا ئالماشتۇرۇپ بېرىپ، شۇنىڭ بەدىلىگە تاپاۋەت قىلىدۇ. بۇنداق ۋاكالەتچىلەرنىڭ ئۆزىگە خاس سودا دەسمايىسى بولمايدۇ. بۇنىڭ ئەڭ ئىپتىدائىي شەكلى مال ئالماشتۇرغۇچى ئىككى تەرەپنى كېلىشتۇرۇپ قويۇشتىن باشلانغان، كېيىنچە مەخسۇسلىشىپ سودا ساھەسىدىكى ئايرىم بىر ساھە بولۇپ شەكىللەنگەن. خەلق ئارىسىدا يەنە بىر خىل «ۋاكالەتچىلىك سودا» شەكلى بولۇپ، ئۇنىڭدا ۋاكالەتچى سودىگەر مەلۇم دەسمايە سېلىپ، يېزا - قىشلاقلار تورمۇشىغا لازىملىق بولغان

---

① ئابدۇكېرىم رەھمان: «ئۇيغۇر فولكلورى ھەققىدە بايان»، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى 1989 - يىلى 7 - ئاي نەشرى، 138 - ، 141 - بەتلەر.

چەرچىنمااللار (يىپ - يىڭنە، رەخت، قەغەز - قەلەم، چاي، تۇز قاتارلىقلار) نى سودىگەرلەردىن ئارىيەت ئېلىپ دۇكان ئاچقان. بۇ نەرسىلەرنى پۇلغا ساتماستىن، بەلكى يېزا - قىشلاقتىكى خەلقلەرنىڭ يەرلىك ئالاھىدە مەھسۇلاتلىرى (چارۋا مەھسۇلاتلىرى، ئاشلىق، ياغلىق دان، پاختا، دورا - دەرمەك خام ئەشيالىرى......) بىلەن ئالماشتۇرۇشنى مەقسەت قىلغان. بۇنداق ۋاكالەتچىلەر كۆپرەك چەرچىنماللارنى ھارۋا ياكى كىچىك تەنزىگە قاچىلاپ يېزا - قىشلاقلارنى ئارىلاپ يۈرۈپ ۋاكالىتەن تاۋار ئالماشتۇرۇپ بېرىش رولىنى ئوينىغان. شۇنداق قىلىپ ئۇلار ۋاكالىتەن ئېلىش، ۋاكالىتەن سېتىش (ماھىيەتتە ئالماشتۇرۇش) ھەمدە ۋاكالىتەن توشۇش ۋەزىپىسىنى ئاتقۇرغان. بۇ خىل ئادەت تەبىئىي ھالدا تاۋار ئالماشتۇرۇشنىڭ راۋاجلىنىشىنى ئىلگىرى سۈرۈپ، يېزا - قىشلاقلارنىڭ ئىشلەپچىقىرىشنى گۈللەندۈرگەن.

2. سەييارە تىجارە شەكلى. «چار بازار» ھەپتىنىڭ ھەرقايسى كۈنلىرىدە باشقا - باشقا يەردە بولۇپ تۇرىدىغان سودا - سېتىق بازىرىنىڭ نامى. ھەربىر يۇرتتا ھەرقايسى كۈنلەرنىڭ نامى بىلەن بازار بولۇپ تۇرىدۇ. مۇشۇنداق بازارلاردا ئايلىنىپ يۈرۈپ تىجارەت قىلغۇچى «چار بازارچى» دەپمۇ ئاتىلىدۇ. ئۇلار ئۇلاغ ياكى باشقا قاتناش ۋاستىلىرىنىڭ ياردىمىدە ھەرقايسى بازارلاردا سەييارە تىجارەت قىلىدۇ.

بازار كۈنى ئايرىم - ئايرىم بەلگىلەنگەن ئورۇنلاردا چارۋا مال بازىرى، جۇۋا (ئاشلىق بازىرى)، گەزمال بازىرى، چەرچىنمال بازىرى، كۆكتات بازىرى، ئاياغ كىيىم بازىرى، باش كىيىم بازىرى، ئوتۇن بازىرى، سامان بازىرى، ياغ بازىرى قاتارلىقلار بولۇشتىن تاشقىرى، يەنە ئاشخانا، ناۋايخانا، قاسساپ دۇكانلىرى بولىدۇ. ئەتراپتىكى دېھقانلار ئۆزى ئىشلەپچىقارغان نەرسىلەرنى بازار كۈنى ساتىدۇ ۋە ئۆزىگە كېرەكلىك نەرسىلەرنى سېتىۋالىدۇ. بەزىلەر سودا - سېتىق ئۈچۈن بازارغا كېلىدۇ. بەزىلەر بولسا ئۆزى ياخشى كۆرىدىغان سامسا، گۆشگىردە، كاۋاپ قاتارلىقلارنى يېيىش ئۈچۈن كېلىدۇ.

چار بازاردا تۇرمۇشقا كېرەكلىك نەرسىلەرنىڭ ھەممىسى بولىدۇ. شۇڭا، بەزىلەر چار بازار كۈنى يەنە بىر بازار كۈنى بولغۇچە يەتكۈدەك

نەرسە - كېرەكلەرنى سېتىۋېلىپ قايتىدۇ.

چار بازار ناھايىتى قىزىپ كېتىدۇ. مەدداھلار ئالاھىدە سورۇن تۈزۈپ داستان ۋە جەڭنامىلەرنى سۆزلەپ كىشىلەرنى ئۆزىگە جەلپ قىلىدۇ. بەزىلەر باشقا سورۇن تۈزۈپ قوچقار سوقۇشتۇرىدۇ، توخۇ سوقۇشتۇرىدۇ، كازالار.

3. مۇقىم تىجارەت شەكلى. بۇ، شەھەر - بازارلاردىكى مال ئالماشتۇرۇش شەكلىنىڭ تەرەققىياتى نەتىجىسىدە شەكىللەنگەن، مۇقىم ئېلىپ بېرىلىدىغان سودا - تىجارەت شەكلى. بۇنداق تىجارەت ئادىتى ئالدى بىلەن سودا قىلىدىغان يەرنىڭ مۇقىملىقى، ۋاقىتنىڭ مۇقىملىقى، تاۋارنىڭ مۇقىملىقىدىن ئىبارەت «ئۈچ مۇقىم» لىقتا ئىپادىلىنىدۇ. مۇنداق مۇقىم تىجارەت كۆپىنچە شەھەر - بازارلارنى ئاساس قىلغان بولۇپ، بۇ ھال تارىختا كۆپلىگەن ئاۋات شەھەرلەرنىڭ بارلىققا كېلىشىگە ئاساس بولغان. شەھەر - بازارلارغا مەركەزلەشكەن مۇقىم تىجارەت شەكلى ئوخشاش كەسىپتىكىلەر ئوتتۇرىسىدا بولىدىغان سودا رىقابىتى نەتىجىسىدە بىر يۈرۈش سودا ئادەتلىرىنى پەيدا قىلغان. بۇنىڭ ئىچىدە تاۋار سۈپىتىنىڭ يۇقىرىلىقى، مال باھاسىنىڭ ئەرزانلىقىنى كۈچەپ تەشۋىق قىلىش ئارقىلىق خېرىدارلارنىڭ پسىخىكىسىغا تەسىر كۆرسىتىش ئاساسلىق ئورۇندا تۇرىدۇ.

# توٓتىنچى باب

## ئۇيغۇرلارنىڭ قاتناش ـ تىرانسپورت ئادەتلىرى

### 1. يول قاتنىشى

مەلۇمكى، شەھەرلەردىكى سودا ـ تىجارەت ئىشلىرىنىڭ قانات يېيىشى تاۋار ئالماشتۇرۇشنى تەقەززا قىلىدۇ، تاۋار ئالماشتۇرۇش جەريانىدا قاتناش ـ تىرانسپورتقا بولغان ئېھتىياج تۇغۇلىدۇ. قاتناش ـ تىرانسپورت ئەنئەنىسى بولمىسا، شەھەر سودىسىدىن سۆز ئاچقىلى بولمايدۇ. چۈنكى، سودا دۇكانلىرى ئېھتىياجلىق بولغان تاۋارلار پەقەت قاتناش ـ تىرانسپورت ئارقىلىق يەتكىلىپ تولۇقلىنىدۇ. شۇ سەۋەبتىن، ئىشلەپچىقىرىش ۋە ئىستېمال ئادەتلىرى بىلەن قاتناش ـ تىرانسپورت جەريانىدا بارلىققا كەلگەن ئادەتلەر ئۆزئارا مۇناسىۋەتلىك.

تېخى قاتناش قوراللىرى بارلىققا كەلمىگەن ئىپتىدائىي دەۋردە پىيادە يۈرۈپ يۈك توشۇش ئىنسانلارنىڭ ئەڭ بۇرۇنقى قاتناش شەكلى بولۇپ، ئۇنىڭ ئۆزىگە خاس بىر يۈرۈش ئۆرپ ـ ئادەتلىرى بولغانلىقى مەلۇم. قەدىمكى ئوۋچىلىق دەۋرىدە ئۇرۇق ـ قەبىلىلەر بويىچە مۇناسىپ ئىش تەقسىماتى يولغا قويۇلۇپ، بىر قىسىم كىشىلەر ئوۋ ئوۋلىسا، بىر قىسىملىرى ئوۋ غەنىيمەتلىرىنى بەلگىلەنگەن يول لىنىيەسى بويىچە پىيادە ئۆز قەبىلىسى ئورۇنلاشقان جايغا يەتكەپ كېلەتتى. ئۇنى كۆپىنچە ئاياللار پىششىقلاپ ئىشلىگەندىن كېيىن، ئاشۇ «پىيادە قاتناش ئەترىتى» ئېھتىياجلىق ئورۇنلارغا يەتكەپ، لازىملىق باشقا بۇيۇملارغا ئالماشتۇراتتى. كېيىنچە ئىنسانلار تەرىپىدىن بىر قىسىم هايۋانلارنىڭ قولغا كۆندۈرۈلۈشى بىلەن قاتناش ـ تىرانسپورت شەكلىدە ئۆزگىرىش

ياساپ، قولغا ئۆگىتىلگەن ئات، كالا، ئېشەك، بۇغا، تۆگە قاتارلىق ھايۋانلار قاتناش قورالىغا ئايلاندۇرۇلدى. بۇنىڭ بىلەن قاتناش-ترانسپورت ئەنئەنىسى يېڭىچە قىياپەتكە كىرىپ، ئالدى بىلەن قۇرۇقلۇق قاتناش يولى ئېچىلدى، ئۇنىڭدىن كېيىن سۇ يولى بارلىققا كەلدى. ھاۋا يولىنىڭ ئېچىلىشى بولسا ھازىرقى زامان پەن-تېخنىكىسىنىڭ مەھسۇلىدۇر[1].

شىنجاڭ دائىرىسىدىنلا ئالساق، تەڭرىتاغنىڭ جەنۇبىي ۋە شىمالىي ئېتەكلىرى، تارىم دەرياسىنىڭ ئىككى ساھىلىدىكى سانسىز چوڭ-كىچىك بوستانلىقلارنى بىر-بىرىگە تۇتاشتۇرۇپ تۇرغان ئۆمۈچۈك تورىدەك يوللار ئەجدادلىرىمىزنىڭ شۇ بوستانلىقلارنى بەرپا قىلىش جەريانىدا باسقان ئىزىدىن ھاسىل بولغان. بەدەندىكى قان تومۇرلار ئادەمنىڭ ھاياتىدا ھەل قىلغۇچ رول ئوينىغاندەك، بۇ يوللارمۇ مۇشۇ ماكاندا ياشاپ كېلىۋاتقان ھەر مىللەت خەلقىنىڭ تىرىكچىلىكىدە مۇھىم رول ئويناپ كەلگەن. ئەجدادلىرىمىز يول ئېچىش جەريانىدا چوڭ-چوڭ دەريا-ئېقىنلارغا داۋاملىق دۈچ كېلىپ تۇرغان. بۇنىڭ بىلەن ئۇلار دەريالارنىڭ ئىككى قىرغىقىنى تۇتاشتۇرۇش ئۈچۈن يولنى سوزۇشقا مەجبۇر بولۇپ، قايتا-قايتا تەجرىبە-سىناق قىلىش ئارقىلىق ياغاچ بىلەن سوزۇش چارىسىنى تاپقان ۋە يولنىڭ بۇ سوزۇلغان قىسمىنى «كۆۋرۈك» دەپ ئاتاشقان. ئەڭ بۇرۇن مۇنداق كۆۋرۈكلەر ناھايىتى ئاددىي بولۇپ، بىر تال ياغاچتىن ياسالغان، مۇنداق ئاددىي كۆۋرۈك «سالغا» ئاساسىدا تەدرىجىي ئىككى تال، ئۈچ تال، بارا-بارا ئالتە-يەتتە تال ياغاچنى قاتار قويۇپ، ئۈستىنى شاخ-شۇمبا، توپا بىلەن كۆمۈپ ياسايدىغان بولغان، كېيىنچە پۈتۈنلەي قېلىن تاختاي بىلەن ئىككى يانغا رېشاتكا چىقىرىپ ياسايدىغان بولغان، مۇنداق كۆۋرۈكلەرنى «تاختا كۆۋرۈك» دەپ ئاتىغان. بۇ تاختا كۆۋرۈكلەر ئۆز دەۋرىدە ھازىرقى سېمونت-بېتون كۆۋرۈكلەرنىڭ رولىنى ئويناپ كەلگەن.

---

[1] ئابدۇكېرىم رەھمان: «ئۇيغۇر فولكلورى ھەققىدە بايان»، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى 1989-يىلى 7-ئاي نەشرى، 144-، 145-بەتلەر.

رايونىمىزدىكى دەريالارنىڭ كۆپ قىسمىدا ھەر يىلى تاشقىن بولۇپ تۇرغاچقا، كۆۋرۈكلەرنىڭ ئۆمرى قىسقا بولۇش بىلەن ئەجدادلىرىمىز ھەر يىلى دېگۈدەك كۆۋرۈك سېلىشقا مەجبۇر بولۇپمۇ كەلگەن. ئەمما، ئەجدادلىرىمىز بەزى «خۇيى يامان» دەريالارنىڭ ئالاھىدىلىكىگە ئاساسەن قايتا ـ قايتا تەجرىبە قىلىپ ئارال ھاسىل قىلىش، ئارالنى توغراقزار ـ جىگدىزارلىققا ئايلاندۇرۇش، ئورمان يىلتىزلىرى ئارقىلىق دەريا ئاستىدىكى قۇم قاتلىمىنى تىزگىنلەش بىلەن كۆۋرۈكنىڭ ئۆمرىنى ئۇزارتىپ، قاتناشنىڭ راۋانلىقىنى كاپالەتلەندۇرۇپ كەلگەن[1].

قەشقەرنىڭ ئەنئەنىۋى قاتناش ـ ترانسپورتىدا تۆگە كارۋىنى بىلەن ئات ـ ئېشەك كارۋانلىرى ئاساسلىق ئورۇندا تۇرىدۇ. تۆگە ئۇسسۇزلۇق ۋە ئاچلىققا بەرداشلىق بېرەلەيدىغان، ياۋاش، ئەمما كۈچتۈڭگۈر ھايۋان بولۇپ، ئۇ شىنجاڭنىڭ جۇغراپىيەلىك شارائىتىغا ناھايىتى ماسلاشقان. شۇنىڭ ئۈچۈن، ئۆتمۈشتە ئۇزۇن يوللۇق قاتنىشىدا تۆگە ئاساسلىق رول ئوينىغان. ھەرقايسى يۇرتلاردا ئۇيغۇرلاردىن ئاتاقلىق تۆگىچىلەر (كارۋان بېشى) چىققان. بۇ جايلاردا تۆگە بېقىش ۋە يېتىشتۈرۈشنىڭ ئۆزىگە خاس بىر يۈرۈش ئادەتلىرى شەكىللەنگەن.

قەدىمكى قاتناش ئادىتى ئۈستىدە سۆز ئاچقاندا، ئۇيغۇرلارنىڭ تارىخىي ئېپوسى «ئوغۇزنامە» دىكى ئوغۇزخاننىڭ لەشكەرلىرى ئېچىدە بارماقلىق يوسۇن بىللىگ دېگەن چېۋەر بىر ئادەم بولۇپ، ئوغۇزخاننىڭ ئۇرۇش غەنىيمەتلىرىنى توشۇشقا ئېگىز بىر ھارۋا ياسىغان، ھارۋىغا جانسىز غەنىيمەتلەرنى قاچىلاپ، ھارۋىنى جانلىق غەنىيمەتلەرگە تارتقۇزغان. ئېگىز ھارۋا ماڭغاندا «قانغا، قانغا» دېگەندەك ئاۋاز چىقارغانلىقى ئۈچۈن، ئۇنىڭغا «قانغا» دەپ نام قويۇشقان. ئوغۇز خاقان بۇ ھارۋىنى كۆرۈپ كۈلگەن ۋە: «قانغا بىلەن جانسىز غەنىيمەتنى جانلىق غەنىيمەت سۆرەپ ماڭىدىكەن. ئېگىز ھارۋىنى مەڭگۈ ئۇنتۇپ قالماسلىق ئۈچۈن قانغۇلۇق ساڭا ئات بولسۇن» دېگەن. قەشقەردىكى

---

[1] ئابدۇرەھىم ھەبىبۇللا: «ئۇيغۇر ئېتنوگرافىيەسى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1993 ـ يىلى 4 ـ ئاي نەشرى، 205 ـ، 206 ـ بەتلەر.

ئۇيغۇرلار ئارىسىدا ئىشلىتىلىپ كېلىۋاتقان «يارىيار هارۋا» شەكىل جەھەتتىن «قانغا» بىلەن ئوخشاشلىققا ئىگە.

«يارىيار هارۋا» غا ئات ياكى ئۆكۈز قېتىلىدۇ. چاقىنىڭ دىيامېتىرى 1.5 مېتىر ئەتراپىدا بولۇپ، چەمبىرى سېرىق سۆگەتنىڭ ياغىچىدىن ياسىلىدۇ. هارۋا ئوقىنىڭ ئۇزۇنلۇقى 2 مېتىر ئەتراپىدا بولۇپ، هارۋىنىڭ جازىسى شۇ ئوق ئۈستىگە ئورنىتىلىدۇ. بۇنداق هارۋا توپىلىق يوللارغا ماس كەلگەچكە، يېزا قاتنىشىدا ئاساسلىق رول ئوينىغان.

كارۋانچىلىق — شارائىتى مۇرەككەپ يول ئارىلىقىدا قىلىنىدىغان مەخسۇس تىرانسپورت شەكلى. ئۇنىڭدا مەيلى ئات، قېچىر ياكى تۆگە بولسۇن، ئاز دېگەندە يەتتە - سەككىزى، كۆپ دېگەندە ئون نەچچىسى بىر بىرلىك هېسابلىناتتى. مۇنداق توپ ياكى شۇ توپ ئىگىسى «كارۋان» دەپ ئاتىلاتتى.

### ئەر قانىتى — ئات

ئات — ئىنسانلار تەرىپىدىن ئەڭ دەسلەپ قولغا ئۆگىتىلگەن هايۋانلارنىڭ بىرى. ئاتنىڭ كۆندۈرۈلۈشى كۆچمەن چارۋىچىلارنىڭ تۇرمۇشىدا ئىنتايىن مۇهىم رول ئوينىغانلىقى ئېنىق. كۆپلىگەن ئارخېئولوگىيەلىك تەكشۈرۈشلەر نەتىجىسى شۇنى ئىسپاتلىدىكى، هازىر دۇنيانىڭ هەرقايسى جايلىرىدىكى ئاتلار ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ ئوتتۇرا قىسمىدىن تارقالغان. ئاتنى كۆندۈرۈشمۇ ئەڭ ئاۋۋال مۇشۇ رايوندىن باشلانغان. شۇنىڭ ئۈچۈن، مۇشۇ رايوندا تارىختىكى «ئاتلىقلار مەدەنىيىتى» دەپ ئاتالغان مەدەنىيەت دەۋرى بارلىققا كەلگەن.

ئات يالغۇز چارۋىچىلىق ئىگىلىكىدە كەم بولسا بولمايدىغان بىردىنبىر ئىشلەپچىقىرىش قورالى بولۇپلا قالماستىن، بەلكى يەنە دېهقانچىلىق ئىگىلىكىدىمۇ ئاساسلىق قورالدۇر. شۇنىڭ ئۈچۈن، ئۇيغۇرلار قەدىمدىن تارتىپ ئاتنى ئىنتايىن ئۇلۇغلاپ كەلگەن. قەدىمكى ئۇيغۇر ئېپوسلىرىدا ئاتنىڭ ئوبرازى هەممىدىن يۇقىرى تۇرىدۇ. «ئوغۇزنامە» ئېپوسىدا ئاتمۇ خۇددى «كۆك ياللىق بۆرە» گە ئوخشاش مۇقەددەسلەشتۈرۈلگەن ۋە ئىلاهىيلاشتۇرۇلغان. ئۇيغۇرلارنىڭ قەدىمكى پالچىلىق كىتابى «ئىرق

پوتۇك» تە ئات ئومۇمەن ياخشىلىق، بەختنىڭ بەلگىسى قىلىپ تەسۋىرلەنگەن. ئۇنىڭدىن تاشقىرى، خەلقىمىز ئارىسىدا قەدىمدىن تارتىپ بۈگۈنگىچە «دۇلدۇل» ھەققىدە ناھايىتى كۆپ قىزىقارلىق ئەپسانە - رىۋايەت ۋە چۆچەكلەر ئېقىپ يۈرمەكتە. دۇلدۇل چۈشەنچىسى ۋە ئېتىقادى ماھىيەتتە ئاتنىڭ ئىلاھىيلاشتۇرۇلۇشى ھېسابلىنىدۇ. ئات ھەقىقەتەن ھەممە ھايۋانلاردىن كۈچلۈك ۋە ئەقىللىق. ئەجدادلىرىمىز قەدىمدىلا ئاتنىڭ ئاشۇ ماھىيەتلىك ئالاھىدىلىكىنى چوڭقۇر ھېس قىلىپ، ئۇنى ئۆزلىرىنىڭ قانىتى دەپ ھېسابلىغان. قەدىمكى ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقى دەۋرىدىلا ئاتنى ئۇلۇغلاش ئېتىقادى تۈپەيلى خان ياكى سەركەردىلەر ئۆلسە، ئۇلارنىڭ مىنىدىغان ئېتىنىمۇ قوشۇپ بىرگە دەپنە قىلىش ئادىتى بولغان. كۆپلىگەن ئۇيغۇر قەبرىستانلىقلىرىدا ئاتنىڭ باش سۆڭىكىنى مەڭگۈتاش ئورنىدا بېكىتىپ قويۇش ئادىتى ھازىرغىچە داۋاملىشىپ كەلمەكتە. قەدىمكى دەۋرلەردە يەنە خەلقىمىز ئاتنى مۇقىم پۇل بىرلىكى ئورنىدا ئىشلەتكەن.

ئۇيغۇرلار ئاتنى ھەقىقەتەن قەدىرلەيدۇ. ئاتنى ئۇرۇش ياكى خارلاشنى ئەڭ چوڭ گۇناھ دەپ قارايدۇ. ئۇلار ئاتنى مەخسۇس ئېغىلدا ئەتىۋارلاپ باقىدۇ. ئات ئېغىلىغا پات - پات ئىسرىق سېلىپ تۇرىدۇ، بولۇپمۇ مىنىدىغان ئاتنى تاللاشقا ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرىدۇ. بۇنداق ئاتلارنى داۋاملىق ئۆستەڭلەرگە ئاپىرىپ يۇيۇپ - تاراپ تۇرىدۇ. يۈگەن، ئېگەر - جابدۇقلىرىنىمۇ خىللاپ، ئاتقا تېخىمۇ سالاپەت كىرگۈزىدۇ. ھارۋىغا قاتىدىغان ئاتلارنى ئالاھىدە بېزەيدۇ. ئات گۆشى يېيىش ئۇيغۇرلارنىڭ ئېتىقادىدا گەرچە مەنئى قىلىنمىغان بولسىمۇ، لېكىن ئاتنى ئۆلتۈرۈپ يېيىش ئومۇملاشمىغان، بولۇپمۇ قەشقەر ئۇيغۇرلىرى ئات گۆشىنى ئاساسەن يېمەيدۇ.

دەۋر تەرەققىياتىغا ئەگىشىپ بۈگۈنكى كۈندە قاتناش ئىشلىرى ئاساسەن ماشىنىلاشقان بولسىمۇ، لېكىن ئات ئۆزىنىڭ رولىنى يوقاتقىنى يوق، بەلكى يېزا - قىشلاقلاردا، ھەتتا شەھەرلەردە ئات ھارۋىلىرى ئاساسلىق قاتناش قورالى سۈپىتىدە خىزمەت قىلماقتا.

ئېشەك — ئەجدادلىرىمىزنىڭ ئاتتىن قالسا ئىككىنچى ئورۇندا

تۇرىدىغان مۇھىم قاتناش قورالى. ئەجدادلىرىمىز ئېشەكنى ئاتتىن كېيىن كۆندۈرۈپ ئۆزلەشتۈرگەن بولۇشى مۇمكىن. ئەمما، يېزا ـ قىشلاقلاردا ئېشەكنىڭ رولى ئاتنىڭ رولىدىن چوڭ. شەھەر قاتناش قوراللىرى ئىچىدە ۋېلىسىپىت نەقەدەر ئومۇملاشقان بولسا، كەڭ يېزا ـ قىشلاقلاردا ئېشەك شۇ قەدەر ئومۇملاشقان. بۇ مەنىدىن ئېشەكنى يېزا ـ قىشلاقلاردىكى «جانلىق ۋېلىسىپىت» دەپ ئاتاشقا بولىدۇ .شۇڭا، ھەربىر ئائىلىدە دېگۈدەك ئىككى ـ ئۈچتىن ئېشەك بولىدۇ. ئەجدادلىرىمىز ئېشەكتىن بىر تەرەپتىن قاتناش قورالى سۈپىتىدە پايدىلىنىپ كەلگەن بولسا، يەنە بىر تەرەپتىن خامان تېپىش، ئاشلىق، ئوت ـ سامان، ياغاچ ـ تاش، ئېتىزغا قىغ ـ ئوغۇت توشۇشتا پايدىلىنىشتىن تاشقىرى، ئۇزۇن يوللۇق ترانسپورت ۋاستىسى سۈپىتىدىمۇ پايدىلىنىپ كەلگەن. ئېشەك ترانسپورتى ئۇيغۇرلادا مەخسۇس ترانسپورت شەكلى بولۇپ، ئۇنىڭ بىلەن شۇغۇللانغۇچىلار «ئېشەكچى» دەپ ئاتىلىدۇ. ئېشەك ترانسپورتى بىلەن شۇغۇللانغۇچىلارنىڭ ئاز دېگەندە 8 ـــ 10دىن، كۆپ دېگەندە 10 ـــ 20دىن، ھەتتا، 20 ـــ 30دىن ئېشكى بولىدۇ. ئېشەك ترانسپورتىنىڭ باشقا ترانسپورت ۋاستىلىرىگە قارىغاندا جاپاسى كۆپ. پايدىسى ئاز. شۇڭا، «ئۆزىنىڭ ئۆزىگە، توپىسى كۆزىگە» دېگەن ماقال كېلىپ چىققان.

بۇنىڭدىن باشقا، ئەجدادلىرىمىز بالىلارنىڭ كەلگۈسىدە ئات بەيگىسىگە، ئوغلاق تارتىشىشقا قاتنىشىشقا ئاساس يارىتىش ئۈچۈن ئېشەكتىن تەنتەربىيە ۋاستىسى سۈپىتىدىمۇ پايدىلىنىپ كەلگەن. شۇڭا، بالىلار ئېشەك بەيگىسى ئۆتكۈزىدۇ، كونا تۇماقنى «ئوغلاق» قىلىپ تارتىشىپ ئويناپ مەشىق قىلىدۇ.

قېچىردىن ئەجدادلىرىمىز مىنىشنى ئاساس، ھارۋىغا قوشۇشنى قوشۇمچە قىلىپ پايدىلىنىپ كەلگەن. قېچىر ئەمەلىيەتتە ئېشەكنى بايتال ئاتقا چېتىشتۇرۇش ئارقىلىق يېتىشتۈرۈلگەن ئەلا سورتلۇق ئېشەك. ئۇنىڭ ئالاھىدىلىكى، تۇغماس، جاھىل، يولغا چىداملىق كېلىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن، قېچىر ئۇزۇن يولغا مىنىلىدۇ ۋە تۇغماس ئاياللارمۇ

قېچىرغا تەقلىد قىلىنىدۇ[1].

تۆگىمۇ ئۇيغۇرلارنىڭ قەدىمكى قاتناش ۋاستىلىرىدىن بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. ئۇيغۇرلار تۆگىدىن ئۇزۇن يوللۇق ترانسپورت ۋاستىسى سۈپىتىدە ئاساسلىقى دەشت، قۇملۇق يوللاردا پايدىلىنىپ كەلگەن. تۆگە كارۋىنى يولغا چىققاندا ترىلىپ ماڭىدۇ. تۆگە ئۇسسۇزلۇق، ئاچلىققا بەرداشلىق بولغاچقا، «چۆل كېمىسى» دەپمۇ ئاتىلىدۇ. تۆگە كارۋىنى ماڭغاندا ئالدىدىكى ۋە كەينىدىكى تۆگىنىڭ بوينىغا قوڭغۇراق ئېسىلىدۇ.

ئەجدادلىرىمىز كالىنىڭ كۈچىدىن پايدىلىنىشتا ئالدى بىلەن دېھقانچىلىقتا پايدىلانغان، ئەجدادلىرىمىز ساپانى كالىغا سۆرىتىپ يەر ھەيدەپ تېرىقچىلىق قىلغان. قىزىل مىڭئۆي تام رەسىملىرىدىكى كالىغا ساپان سۆرىتىپ يەر ھەيدەۋاتقان ئادەم رەسىمى بۇنى ئىسپاتلايدۇ. كېيىنچە تەدرىجىي ھالدا ھارۋىغا قوشۇش، يۈك توشۇش قاتارلىق ترانسپورت ۋاستىسى سۈپىتىدىمۇ، شۇنىڭدەك جوۋازغا قوشۇپ ياغ تارتىشتىمۇ پايدىلىنىپ كەلگەن.

## 2. قاتناش قوراللىرى

### ھارۋا ۋە ئۇنىڭ تۈرلىرى

ھارۋا ئەجدادلىرىمىزنىڭ قاتناش قورالى ئىچىدە يىرىك قاتناش قورالى ھېسابلىنىدۇ. ھارۋا ياسالغان ماتېرىيالىغا قاراپ «ياغاچ ھارۋا»، «كۆتەك ھارۋا»؛ چاق شەكلىگە قاراپ «يارىيار ھارۋا»، «غالتەك ھارۋا» دەپ ئىككى خىل؛ قوشۇلىدىغان ئۇلاغ تۈرىگە قاراپ «ئات ھارۋىسى»، «كالا ھارۋىسى»، «ئېشەك ھارۋىسى» دەپ ئۈچ خىل ئاتىلىدۇ.

«يارىيار ھارۋا» نىڭ چاقى يوغان، ئېگىز بولۇپ، ئۇ سۆگەت

---

[1] ئابدۇرەھىم ھەبىبۇللا: «ئۇيغۇر ئېتنوگرافىيەسى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1993 - يىلى 4 - ئاي نەشرى، 212 -، 213 - بەتلەر.

ياغىچىدىن قاسقان شەكلىدە ئېگىز ياسىلىدۇ، گۇڭگىلىرىمۇ ئۇزۇن، گۇڭگە ئارىلىقىمۇ كەڭ كېلىدۇ. يارىيار هارۋىنىڭ بىر ئالاھىدىلىكى، يېنىك، تەننەرخى تۆۋەن، چاقىنىڭ ئايلىنىش كۆلىمى كەڭ، شۇڭا يول ئاينىيدۇ. ئەمما، كۆتەك هارۋىدەك پۇختا ئەمەس. يارىيار هارۋىنىڭ چاقىنىڭ ئېگىز، يوغانلىقى، ئايلىنىش كۆلىمىنىڭ كەڭلىكىگە ئاساسەن، ئۇ تارىخىي ھۆججەتلەردە «ئېگىز هارۋىلىقلار» دەپ ئاتالغان ئەجدادلىرىمىز تېپىلار ياساپ ئىشلەتكەن ئېگىز چاقلىق هارۋىنىڭ بىزنىڭ دەۋرىمىزگە يېتىپ كەلگەن بىر شەكلى دېيىشكە بولىدۇ.

**غالتەك هارۋا:** بۇ توغراقنىڭ يوغان بېشىنى ھەرىلەپ غالتەك قىلىش ياكى قېلىن ئۈچ تال شالنى جىپسىلاپ، ئاندىن قاسقان شەكلىدە چۆرۈلدۈرۈپ ھەرىلەر غالتەك قىلىش ئارقىلىق ياسىلىدۇ. غالتەك هارۋا ئاساسەن ئېتىزغا قىغ، ئوغۇت توشۇش، تۈگمەنگە ئۈگۈت ئاپىرىش قاتارلىق يېقىن ئارىلىقتا ئىشلىتىلىدۇ، بۇنىڭغا ئادەتتە كالا ياكى ئېشەك قوشۇلىدۇ.

**كۆتەك هارۋا:** بۇنىڭ ياسىلىشى بىرقەدەر مۇرەككەپ، تەننەرخىمۇ ئۈرە. ئۇ ئۈجمە ياغىچى ياكى چىڭ ياغاچتىن تىلىنغان شالنى تەخمىنەن 35 سانتىمېتىر ئۇزۇنلۇقتا، مۇۋاپىق كەڭلىكتە ۋە قېلىنلىقتا يا شەكلىدە توغراپ قاسقان شەكلىدە چېتىپ ياسىلىدۇ. چاقىنىڭ ئېگىزلىكى تەخمىنەن 160 سانتىمېتىر بولۇپ، گۇڭگىلىرى قېلىن كېلىدۇ، بېشى پۈتەي ياغاچ تۈگۈنغا ئوخشاش ئىككى باشتىن چەمبەرلەنگەن بولۇپ، ئىچىگە چويۈن چوم ئېلىنىدۇ، چاق مەلۇم توملۇقتىكى تۆمۈر ئوققا مىندۈرۈلىدۇ، ئوقنىڭ ئۈستىگە يەنە مەلۇم توملۇقتىكى ياغاچ قويۇلۇپ، ئىككى باشتىن چىڭ چەمبەرلىنىدۇ. شۇڭا، كۆتەك هارۋا يارىيار هارۋا، غالتەك هارۋىلارغا قارىغاندا پۇختا بولۇپ، تەخمىنەن يېرىم تونىنغا يېقىن يۈك كۆتۈرىدۇ.

**تۆمۈر هارۋا:** تۆمۈر هارۋىنىڭ ياسىلىشى كۆتەك هارۋىغا ئوخشاش. بىر پەرقى، چاق ئۈلتىڭىغا تەخمىنەن 1.5 — 2 سانتىمېتىر قېلىنلىقتا تۆمۈر تارتىلىپ، ياڭاق چوڭلۇقىدىكى مودۇر باش تۆمۈر مىخ بىلەن مىخلاپ تاشلىنىدۇ. ھەربىر مىخ ئارىلىقى تەخمىنەن 7 — 8 سانتىمېتىر ياكى 10

سانتىمېتىر كېلىدۇ. بۇ خىل ھارۋا ئادەتتە بىر تونىنغا يېقىن يۈك كۆتۈرىدۇ.

**ئات ۋە كالا ھارۋىسى:** كالا ھارۋىسىغا كەلسەك، ئادەتتە تۆمۈر ھارۋىغا ئات، كالا ھارۋىسىغا كالا قوشۇلىدىغان پەرقىگە قاراپ «ئات ھارۋىسى»، «كالا ھارۋىسى» دەپ ئايرىلغان. مەيلى ئات ھارۋىسى ياكى كالا ھارۋىسى بولسۇن، ئۇنىڭغا قوشۇلىدىغان ئات ياكى كالا سانى ھارۋىغا بېسىلىدىغان يۈك ئېغىرلىقىغا قاراپ بەلگىلىنىدۇ. تۆمۈر ھارۋىغا ئادەتتە 3 ــ 4 كە قەدەر ئات قوشۇلىدۇ، زۆرۈرىيەت تۇغۇلغاندا بەش ئات قوشۇلىدۇ. كالا ھارۋىسىغا ئادەتتە ئۈچ كالا قوشۇلىدۇ، زۆرۈرىيەت تۇغۇلغاندا تۆت كالا قوشۇلىدۇ. يارىيار ھارۋىغا ئادەتتە بىر ئات ياكى بىرلا كالا قوشۇلىدۇ.

**ئېشەك ھارۋىسى:** ئېشەك ھارۋىسىنىڭ ياسىلىشى كۆتەك ھارۋىغا ئوخشاش. پەرقى، چاقى كۆتەك ھارۋىغا قارىغاندا كىچىك، شوتىلىرىمۇ ئىنچىكىرەك كېلىدۇ.

يۇقىرىقىلاردىن باشقا، قەشقەردىكى ئۇيغۇرلار ئارىسىدا كېيىنرەك پەيدا بولغان يەنە بىر خىل قاتناش قورالى بولۇپ، ئۇ «مەپە» دەپ ئاتىلىدۇ. بۇنىڭدا مەخسۇس ئادەم توشۇلىدۇ. ئادەتتە شەھەر ئىچى ۋە شەھەر ئەتراپلىرىغا قاتنايدۇ. ئالاھىدە زۆرۈرىيەت تۇغۇلۇپ قالغان تەقدىردە ئۇزۇن يولغىمۇ قاتنايدۇ. مەپىنىڭ ياسىلىشى ئادەتتىكى ھارۋىغا ئوخشاش. پەرقى، ئېشەك ھارۋىسىدىن ئېگىزرەك، كۆتەك ھارۋىدىن پەسرەك، ئۈستى يا شەكلىدە يېپىقلىق كېلىدۇ. مەپىگە ئادەتتە بىرلا ئات قوشۇلىدۇ. ئەمما، ئاتنىڭ جابدۇقلىرى ناھايىتى چىرايلىق بېزەلگەن بولۇپ، بويىنىغا كىچىك تۇچ قوڭغۇراقلار ئېسىلىدۇ.

**خادىك:** خادىك ھارۋا ئىككى خىل بولۇپ، تۆت چاقلىق، ئۇزۇن كېلىدۇ. چاقى تۆمۈر ھارۋىنىڭ چاقىدەك، ئەمما چاقىنىڭ تاپىنى تار، توم، گۇڭگىلىرى ئۇزۇن، شالاڭراق، بېشى چاققان كېلىدۇ. خادىك ھارۋىنىڭ بىر خىلى ھەرىكەتچان ئىككى شوتىلىق، يەنە بىر خىلى ھەرىكەتچان بىر شوتىلىق كېلىدۇ. شوتا ئالدى چاق ئوقىغا تۇتاشتۇرۇلىدۇ. ئارقا چاق بىلەن ئالدى چاق ئىككى ياندىن ئايرىم تۆمۈر

بالداق بىلەن تۇتاشتۇرۇلۇپ، ئۇستىگە تۈز ياكى ئۇلۇق شەكىللىك تۆپىلىك ياسىلىدۇ.

ئىككىنچى شوتىلىقىغا بىر ئات قوشۇلىدۇ. بۇ ئاساسەن شەھەر كوچىلىرىدا ئادەم كىرا قىلىشقا ئىشلىتىلىپ كەلگەن. بۇ ئۆز دەۋرىدە هازىرقى كوچا ئاپتوبۇسى ۋە تاكسىنىڭ رولىنى ئويناپ كەلگەن. بىر شوتىلىققا ئىككى ئات قوشۇلۇپ، ئاساسلىقى يېزا ـ قىشلاق، تاغ ـ ئېدىرلاردىن ئاشلىق، ئوت ـ سامان، ياغاچ ـ تاش توشۇشقا ئىشلىتىلىپ كەلگەن.

يەنە «پوچتا» ياكى «پەيتۇن»، «پوۋسكا» دەپ ئاتىلىدىغان بىر خىل قاتناش قورالى بولۇپ، بۇنىڭدىن كونا جەمئىيەتتىكى هۆكۈمران ئەمەلدارلار، بايلار ۋە ئۇلارنىڭ ئائىلىلىرى بەھرىمەن بولۇپ كەلگەن، بۇنىڭغىمۇ ئات قوشۇلىدۇ.

يۇقىرىقىلاردىن باشقا، 40 ـ يىللاردىن كېيىن رېزىنكە چاقلىق هارۋا ئومۇملىشىشقا باشلىدى. ئۇنىڭ چاقى ئاپتوموبىل چاقى بولغاچقا، كىشىلەر «يەل چاق هارۋا» دەپمۇ ئاتايدۇ. بۇ خىلدىكى هارۋا ئۇرۇمچى قاتارلىق چوڭ شەھەرلەردە ئىستېمالدىن قالغان بولسىمۇ، ناھىيە، يېزا ـ قىشلاقلاردا تا هازىرغا قەدەر ترانسپورت ساھەسىدە يەنىلا مۇھىم رول ئويناپ كەلمەكتە. 60 ـ يىللاردىن كېيىن كىچىك تىپتىكى يېنىك رېزىنكە چاقلىق هارۋا ئومۇملىشىپ، كەڭ يېزا ـ قىشلاق، ھەتتا شەھەرلەردىمۇ ئۇنىۋېرسال قاتناش ـ ترانسپورت ۋاستىسىگە ئايلىنىپ قالدى. هازىر قەشقەردىكى يېزا ـ قىشلاقلاردا ھەر ئائىلىدە دېگۈدەك بىردىن مۇشۇنداق هارۋا بار[1].

## 3. سۇ قاتنىشى

ئۇيغۇرلار ئارىسىدا قۇرۇقلۇق قاتنىشىدىن باشقا، سۇ قاتنىشىمۇ

---

[1] ئابدۇرەھىم ھەبىبۇللا: «ئۇيغۇر ئېتنوگرافىيەسى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1993 ـ يىلى 4 ـ ئاي نەشرى، 215 ـ، 216 ـ بەتلەر.

قەدىمكى زامانلاردىلا بارلىققا كەلگەن. ئىلى دەرياسى، ئېرتىش دەرياسى، تارىم دەرياسى، قاراشەھەر دەرياسى، توشقان دەرياسى، قىزىل دەرياسى، تارىم دەرياسى، زەرەپشان ۋە يورۇڭقاش دەرياسى قاتارلىق شىنجاڭنىڭ ئىچكى دەريالىرىدا ئۆزىگە خاس يەرلىك ئالاھىدىلىككە ئىگە بولغان سال قاتنىشى ناھايىتى ئۇزاق تارىخقا ئىگە. بۇ ھەقتە «ئوغۇزنامە» داستانىدىمۇ مەلۇماتلار بار: «شۇنىڭدىن كېيىن ئوغۇز خاقان لەشكەرلىرى بىلەن بىللە ئېتىل دەرياسىغا كەلدى، ئېتىل دەرياسى چوڭ بىر دەريا ئىدى، ئوغۇز خاقان ئۇنى كۆرۈپ ئېيتتىكى: ‹ئېتىلنىڭ سۈيىدىن قانداق ئۆتەرمىز؟› لەشكەرلەر ئىچىدە ئۇلۇس ئوردا بەگ دېگەن بىر بەگ بار ئىدى. ئۇ قابىلىيەتلىك ۋە ئەقىللىق ئادەم ئىدى. ئۇ دەريا بويىدا نۇرغۇن تال - ياغاچلارنىڭ تۇرغانلىقىنى كۆردى- دە، ياغاچلارنى...... كەستى، ئۇنى سۇنىڭ ئۈستىدە لەيلىتىپ، ئۆزلىرى ئۇنىڭ ئۈستىگە چىقىپ ئېتىل دەرياسىدىن ئۆتتى. ئوغۇز خاقان شادلىنىپ كۈلدى، ئېيتتىكى: ‹ھەي، سەن بۇ يەرگە بولغىن بەگ، قىپچاق ساڭا ئات بولسۇن.› »[①]

قەشقەردىكى ئۇيغۇرلارنىڭ سۇ قاتنىشىدا ئاساسلىق قاتناش قوراللىرى تۆۋەندىكىلەردىن ئىبارەت ئىدى:

**كېمە:** ئۇيغۇرلار كېمىدىن بېلىقچىلىق قورالى سۈپىتىدە پايدىلانغاندىن تاشقىرى، قاتناش قورالى سۈپىتىدىمۇ پايدىلىنىپ كەلگەن. مۇنداق كېمە چوڭ، ئىچى ئويمان، قورساقلىق، چوڭقۇر كېلىدۇ. بۇ چوڭ توغراق ياغىچىدىن ئويۇپ ياسالغان بولۇپ، ئاساسلىقى دەريادىن ئۆتۈشكە ئىشلىتىلىدۇ. مۇنداق كېمىدە ئادەتتە ئادەم ئۆتكۈزۈلىدۇ. يۈك، ھارۋا قاتارلىقلارنى ئۆتكۈزۈشتە چېتىق كېمە ئىشلىتىلىدۇ. بۇ ئادەم ئۆتكۈزۈلىدىغان كېمىدىن 3 — 4 نى قاتار چېتىپ، ئۈستىگە تاختاي مىخلاپ ياسىلىدۇ، ئۈستى تۈز كېلىدۇ.

**سال:** بۇ ئاساسلىقى دەريانىڭ ئېقىشىغا قاراپ ئىشلىتىلىدىغان ئاددىي

---

[①] ئابدۇكېرىم رەھمان: «ئۇيغۇر فولكلورى ھەققىدە بايان»، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى 1989 - يىلى 7 - ئاي نەشرى، 149 - بەت.

قاتناش قورالى بولۇپ، ئادەتتە ئادەم، ئوتۇن قاتارلىقلار توشۇلىدۇ. سال ئادەتتە 2 ــ 3 تال ياكى ئۇنىڭدىن كۆپ ياغاچ قاتار چېتىلىپ ياسىلىدۇ.

**لەيلىمە كۆۋرۈك:** بۇ بىرقانچە سال ياكى كېمىنى قاتار قىلىپ چېتىپ، ئۈستىگە ياغاچ تاختاي مىخلاپ، قىرغاققا باغلاپ ياسالغان ۋاقىتلىق لەيلىمە كۆۋرۈك بولۇپ، ئۇيغۇرلار، بولۇپمۇ دەريا ـ ئېقىن بويلىرىغا ئولتۇراقلاشقان ئۇيغۇرلار كەلكۈن پەسلى (ھەر يىلى 5 ـ ئايدىن 10 ـ ئايغىچە) دىن قىش، كېلەر يىلى ئەتىياز پەسلى (شۇ يىلى 10 ـ ئايدىن كېلەر يىلى 5 ـ ئايغىچە) گىچە دەريا يولى (مۇقىم بېكىتىلگەن دەريا كېچىكى) غا سالىدىغان پەسىللىك كۆۋرۈك.

# بەشىنچى باب

## ئۇيغۇرلارنىڭ ئولتۇراقلىشىش ئادەتلىرى

### 1. تۇرالغۇلىرى ۋە ئۇنىڭ تەرەققىياتى

قەدىمكى مەدەنىيەت ئىزلىرى تەمسىلىگەن يىپتەرلىك پاكىتلار ئىنسانلارنىڭ ئولتۇراقلىشىش ئادىتى ئەڭ دەسلەپكى ئىپتىدائىي دەۋردىلا پەيدا بولغانلىقىنى ئىسپاتلايدۇ، ئەمما بۇ ئىپتىدائىي ئولتۇراق جايلار پەقەت تاغ - ئېدىرلاردىكى تەبىئىي ئۆڭكۈرلەر، دەرەخلەرنىڭ كاۋاكلىرى ۋە دەرەخلەرنىڭ تەبىئىي ئاچا شاخلىرىدىن پايدىلىنىپ كىرىشتۈرۈلگەن ساتمىلاردىن ئىبارەت ئىدى. بۇلار ئاشۇ قەدىمكى زامان كىشىلىرىنىڭ ئولتۇراق ئۆيى سۈپىتىدە ھەر خىل تەبىئىي ئاپەتلەر ۋە يىرتقۇچ ھايۋانلارنىڭ ھۇجۇمىدىن پايدىلىنىدىغان جايلار ئىدى. لېكىن، بۇنداق پاھانلىنىش جايلىرى ئىنسان ئەقىل - پاراستى ۋە قول ئەمگىكىنىڭ نەتىجىسى بولماستىن، بەلكى ئىنسانلارغا تەبىئەت ئاتا قىلغان «ئىلتىپات» بولغاچقا، ئۇنىڭدا تېخى ئولتۇراقلىشىشنىڭ ئۆزىگە خاس بىر يۈرۈش ئۆرپ - ئادەتلىرى شەكىللەنمىگەن.

مەيلى قانداق بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، ئۆڭكۈر ھاياتىنى ئىنسانلارنىڭ ھايۋانلار دۇنياسىدىن بۆلۈنۈپ چىقىپ، ئىنسانغا خاس ياشاش ئادىتىگە قەدەم قويغانلىقىنىڭ بىر خىل بەلگىسى دېيىش مۇمكىن.

ئىپتىدائىي مەدەنىيەتكە دائىر تارىخىي ماتېرىياللارغا ئاساسلانغاندا، ئەينى دەۋردىكى ئىنسانلار بادرا (چەنزە) ۋە دەرەخ قوۋزاقلىرىدىن پايدىلىنىپ، ئۇلارنى بىر - بىرىگە چېتىپ بوران ۋە يامغۇردىن پاناھلىنىدىغان ساتما ئۆيلەرنى ياسىغان، قىش پەسىللىرى ئۆچۈن

توپا ـ لاي ۋە قورام تاشلاردىن تام ئۆيلەرنى ياساپ، ئۈستىنى ياغاچ بىلەن يېپىپ ئولتۇرغان. ئەنە شۇ دەۋردىن باشلاپ ئولتۇراقلىشىش ئادىتى شەكىللەنگەن. بۇ جەريان ناھايىتى ئۇزاق بىر تارىخىي باسقۇچنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ[1].

ئۇيغۇرلارنىڭ تۇرالغۇ جاي تەرەققىياتىنى ئۈچ باسقۇچقا بۆلۈشكە بولىدۇ:

**ئىپتىدائىي باسقۇچ:** ئۇيغۇرلارنىڭ بۇ باسقۇچتىكى تۇرالغۇ جاي شەكلىنىڭ قانداقلىقى توغرىسىدا ھېچقانداق تارىخىي مەلۇمات يوق، ئەمما لوپنۇر ئۇيغۇرلىرىنىڭ قەدىمكى ساتما ئۆيلىرىنىڭ شەكلى ۋە قەدىمكى ئۇيغۇر قەبىلىلىرىدىن بولغان بۇگۇنكى ئالتاي رايونىدا ياشاۋاتقان تۇۋالارنىڭ قېلىن ئورمان ـ تاغ جىلغىلىرىدا ساقلىنىپ قالغان قەدىمكى ئۆي ئىزلىرىدىن پەرق ئېتىشكە بولىدىغان شەكلىگە ئاساسەن ئۇنىڭ شەكلىنى چېدىر ياكى تاغ شەكلىدە بولغان دەپ پەرەز قىلىشقا بولىدۇ. لوپنۇر ئۇيغۇرلىرىنىڭ ئەڭ ئاددىي ساتمىلىرى ئىككى ئاچىغا بىر لىم قويۇلۇپ، ئىككى يېنىغا بېلىق سىرتى شەكلىدە قومۇش يۆلەپ، ئالدى ـ كەينىگە، تېگىگە قومۇش تىكلەش بىلەن ياسىلىدىكەن. تۇۋالارنىڭ ئۆي شەكلىمۇ خۇددى شۇنداق بولۇپ، پۈتۈنلەي ياغاچ بىلەنلا ياسىلىدىكەن. يەنە بىر پەرقى، ئۆينىڭ ئىچى مەلۇم چوڭقۇرلۇقتا ئويۇلۇپ، سىرتىدا ياغاچنىڭ يەرگە تىركەلگەن قىسمى توپا بىلەن كۆمۈپ تاشلىنىدىكەن. روشەنكى، بۇ يامغۇر سۈيىدىن قىلىنغان مۇداپىئە. بۇنداق شەكىل ئېھتىمال ئەجدادلىرىمىزنىڭ تەبىئەت شەيئىلىرىنى ئۇلۇغلاپ چوقۇنغان ئىپتىدائىي ئىدېئولوگىيەسى بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولۇشى مۇمكىن. ئەجدادلىرىمىز ئاسمان ۋە ھەيۋەتلىك تاغلارنىمۇ تەڭرى قاتارىدا ئۇلۇغلاپ چوقۇناتتى. ھازىرقى تەڭرىتاغ ئەزەلدىنلا كاتتا تاغ بولۇپ، ئەجدادلىرىمىز ئۇنىڭ جەنۇبىي، شىمالىي باغرىنى، ئىچىدىكى جىلغىلارنى ۋە بۇ تاغدىن ئېقىپ چىققان دەريا

---

[1] ئابدۇكېرىم رەھمان: «ئۇيغۇر فولكلورى ھەققىدە بايان»، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى 1989 ـ يىلى 7 ـ ئاي نەشرى، 215 ـ، 216 ـ بەتلەر.

ۋادىلىرىنى بويلاپ ئوۋچىلىق ۋە كۆچمەن چارۋىچىلىق بىلەن تىرىكچىلىك قىلغان. كېيىنچە دەريا ۋادىلىرىدىكى تۈزلەڭلىكلەردە دېھقانچىلىق بىلەنمۇ شۇغۇللانغان. ئۇلار ئاشۇ ئوۋچىلىق، كۆچمەن چارۋىچىلىق بىلەن تىرىكچىلىك قىلىۋاتقان دەۋرلەردە بۇ تاغنى ئۆزلىرىنىڭ هاياتلىق مەنبەسى، تەقدىرىنىڭ ئىگىسى دەپ چۈشىنىپ، ئۇنىڭغا «تەڭرىتاغ» دەپ نام بېرىپ، ئۇنى ئۇلۇغلاپ چوقۇنىدىغان بولغان. شۇڭا، ئەجدادلىرىمىز ئىپتىدائىي تۇرالغۇ جايلىرىنىڭ شەكلىنى تاغ ۋە كۆككە (ئاسمانغا) سىمۋول قىلغان دېيىشكە بولىدۇ. ئىپتىدائىي جەمئىيەتنىڭ ئوتتۇرا باسقۇچلىرىغا كەلگەندە يۇقىرىدا بايان قىلغىنىمىزدەك يايلاق كۆچمەن تۇرمۇشىغا يارىشا ياغاچ، تېرە-كىگىزدىن چۈۋۈشقا، ئېلىپ يۈرۈشكە ۋە قايتا قۇرۇشقا ئەپلىك بولغان ئاددىي ئاق ئۆي (كىگىز ئۆي) ياساپ، شۇنىڭدا يېتىپ-قوپىدىغان بولغان، هازىرمۇ چارۋىچىلىق تۇرمۇشىنى كەچۈرۈۋاتقان قېرىنداش مىللەتلەردە ساقلىنىپ كېلىۋاتقان ئەڭ ئاددىي ئاق ئۆيلەرنىڭ شەكلى ۋە قۇرۇلمىسىغا ئاساسەن ئىپتىدائىي ئاق ئۆيلەرنىڭ شەكلى، قۇرۇلمىسى مۇنداق دېيىشكە بولىدۇ:

ئەجدادلىرىمىز قۇرماقچى بولغان ئۆينىڭ چوڭ-كىچىكلىك ئېھتىياجىغا قاراپ ئالدى بىلەن ئۇزۇن-قىسقىلىقى، ئىنچىكە-توملۇقى تەكشى بادرا (چەنزە) ۋە چۆلۈك، تال چىۋىقلىرىنى ئېشىپ «تۈگۈلۈك»لۈك چەمبىرەك تەييارلىغان، ئىككىنچى قەدەمدە بادرىلارنىڭ ئىنچىكە بېشىنى چەمبىرەككە قاتارى تېڭىپ، ئۇنى تىكلەپ، يوغان بېشىنى بىر تەكشى ئارىلىق قويۇپ كېرىپ گۈمبەز شەكلىدە سوقىچاق قىلىپ يەرگە كۆمگەن، ئاندىن ئۇ بادرىلار ئۈستىگە تېرە ياكى كىگىز ياپقان. بۇنىڭ بىلەن مۇنداق ئاق ئۆينىڭ ئۈستى تەرىپى كىچىك ئېدىر چوققىسىغا ئوخشاش، ئاستى تەرىپى گۈمبەزگە ئوخشاش شەكىل ئالغان. مۇنداق ئاق ئۆينى ئۆز دەۋرىگە نىسبەتەن تۇرالغۇ جاي بويىچە ياراتقان بىر ئىجادىيەت دېيىشكە مۇناسىپ. شۇ باسقۇچنىڭ ئاخىرلىرىغا كەلگەندە ئىپتىدائىي ئاق ئۆي قۇرۇلمىسىدىن مۇرەككەپ بولغان هازىرقىدىن ئاددىي تۈرلىرى مەيدانغا كەلگەن. هازىر قازاق، قىرغىز

قاتارلىق قېرىنداش مىللەتلەر ئولتۇرۇپ كېلىۋاتقان ھەشەمەتلىك ئاق ئۆيلەر ئاشۇ ئاددىي ئاق ئۆيلەرنىڭ تەرەققىي قىلىپ مۇكەممەللەشتۈرۈلگەن تۈرى دېيىشكە بولىدۇ. زامانىۋى ھەرىكەتچان چېدىر شەكىللىك ئۆيلەرمۇ ئاق ئۆينىڭ ياسىلىش قانۇنىيىتى ئاساسىدا ياسالغان. بۇ باسقۇچنىڭ ئاخىرقى مەزگىلىدە يەنە ئاددىي، مۇقىم تام ئۆيلەرمۇ بارلىققا كېلىشكە باشلىغان.

**ئىككىنچى باسقۇچ:** ئۇيغۇرلارنىڭ تۇرالغۇ جاي قۇرۇلۇشىدا بۇ باسقۇچقا قاچان كىرگەنلىكى توغرىسىدا ئېنىق بىر ۋاقىت ئۇقۇمىنى ئوتتۇرىغا قويۇش قىيىن، ئەمما ئاراتۈرۈك ناھىيەسىنىڭ نوم يېزىسىدىكى «ئۇغۇر چۇقا» دېگەن قەدىمكى جامە خارابىلىقىنىڭ توپا قاتلاملىرىدىن، جەنۇبىي شىنجاڭنىڭ بەزى جايلىرىدىن تېپىلغان قەدىمكى شەھەر - قەلئە خارابىلىرى، تۇرپان ئىدىقۇت خارابىلىقىدىن چىققان سوقما تام، كېسەك ۋە سوقما تام كېسەك قۇرۇلمىسىدىكى ئۆيلەرگە ئاساسەن، ئۇنى مىلادىيەدىن ئىلگىرى ۋە كېيىنكى دەۋرلەردە مەيدانغا كەلگەن بولسا كېرەك، دېيىشكە بولىدۇ. بۇ دەۋرلەردە يەنە دەريا ۋادىلىرىدىكى سېغىز توپىلىق يار، دۆڭلۈكلەرنىڭ قاپتاللىرىنى ئويۇپ ئۆڭكۈر قىلىپ ياسالغان تۇرالغۇ ئۆيلەرمۇ مەيدانغا كەلگەن. مۇنداق ئۆيلەرنىڭ كىرىش قىسمى تۈز، كىچىك، ئىچكى قىسمى ئاساسەن چاسا قىلىپ ئويۇلغان. بەزىلىرىنىڭ ئۈستى ئېگىز بولۇپ، ئۇنىڭغا لىم سۈپىتىدە بىرنەچچە ياغاچ تىركەپ قويۇلغان. ئۈستى كاكىل لاي بىلەن سىلىق سۇۋالغان. تۆت تېمىمۇ سۇۋالغان. بۇ خىلدىكى ئۆڭكۈر ئۆيلەر ئىچىنىڭ كەڭلىكى، تورۇسىنىڭ ئېگىزلىكى، يورۇقلۇقى بىلەن كىشىگە بىر خىل ھۇزۇر بېغىشلايدۇ. شۇڭا، بۇنى ئۆڭكۈر ئۆي قۇرۇلۇشى بويىچە ئۆز دەۋرىدە مەيدانغا كەلگەن بىر تەرەققىيات دېيىشكە بولىدۇ.

ئەجدادلىرىمىز تۇرالغۇ جاي بويىچە ئىككىنچى تەرەققىيات باسقۇچىغا كەلگەندە بىر ئېغىز ئۆيدىن ئادەم ياتىدىغان ئۆي ۋە ئۆيدە بېقىلىدىغان مال - جانىدارلارنىڭ «قوتان - ئېغىلى» سۈپىتىدە پايدىلانغان. كېيىنچە ئۆينىڭ ئارقا ياكى يان تەرىپىگە شاخ - شۇمبا، قومۇشتىن قوتان قىلىپ مال - جانىدارنى ئايرىم قويىدىغان بولغان. جەنۇبىي

شىنجاڭ يېزىلىرىدا، بولۇپمۇ قەشقەردە ئۆيدە بېقىلىدىغان قوي، ئۆچكىنى قىش كۈنلىرى كېچىسى ئايۋان يەنى ئارىلىق ئۆيدە قويۇش ئادىتى شۇ قەدىمكى ئادەتنىڭ بىر خىل ئىپادىسى. بۇنىڭدا ئوغرى - يالغاندىن خالىي بولۇشمۇ مەقسەت قىلىنغان، ئەلۋەتتە. مۇشۇ باسقۇچنىڭ دەسلەپكى مەزگىللىرىدە ئەجدادلىرىمىز قومۇش، پىچان ۋە قوي، ئۆچكە، ئوۋلانغان يۇمشاق يۇڭلۇق هايۋانلارنىڭ تېرىلىرىنى سېلىنچا قىلىپ، ئۆي ئەزالىرى بىر ئۆيدە يېتىپ - قوپاتتى، غىزا - تاماقمۇ شۇ ئۆيدە ئېتىلەتتى. كېيىنچە ئايۋانلىق ئۆي سېلىشنى، هايۋان تېرىلىرىدىن قىلىنغان سېلىنچا - يېپىنچىلار ئورنىغا يوتقان - كۆرپە (قوي يۇڭىدا) قىلىپ ئۆيگە سۇپا، ئىسسىنىش، غىزا - تاماق ئېتىش ئۈچۈن مورىلىق ئوچاق ياساپ بۆلۈنۈپ ياتىدىغان بولدى. ئۇيغۇرلاردىكى چوڭلار (ئاتا - ئانا) بىلەن باللار (ئوغۇل - قىزلار) بۆلۈنۈپ، كېچىلىرى يېشىنىپ ياتىدىغان ئادەتمۇ مۇشۇ دەۋردە شەكىللەنگەن. ئۆي تاملىرىغا جەرەن مۈڭگۈزى ۋە ياغاچ قوزۇق قېقىپ، لازىمەتلىك نەرسىلەرنى ئېسىپ قويىدىغان، تامغا يانداپ تورۇسقا ئاسقۇ، شالدا ئۇزۇن تاختا ياساپ چىنە - قاچا، سۇت - قايماقلىرىنى قويىدىغان بولدى. هازىرقى يېزا - قىشلاقلاردا ئۆيلەرنىڭ ئىشىك تېمىغا بىر - ئىككى قوزۇق قىلىش، قازان بېشىغا بارىڭ، قالىق ئاستىغا تاختا قىلىش شۇ ئادەتلەرنىڭ داۋامى.

مۇشۇ باسقۇچنىڭ ئاخىرقى مەزگىللىرىدە ئەجدادلىرىمىزنىڭ تۇرالغۇ جاي قۇرۇلمىسى بويىچە يېڭى تەرەققىياتلار بارلىققا كەلدى. ئۇلا سوقما تاملىق، كېسەك تاملىق ۋە سوقما - كېسەك تاملىق ئۆيلەردە يېتىپ - قوپىدىغان بولدى. ئەمما، مۇنداق ئۆيلەر ناهايىتى ئاددىي ئىدى.

سوقما تام. كېسەك ۋە سوقما - كېسەك تاملىق ئۆيلەرنى بۇرۇن جەنۇبىي شىنجاڭ يېزىلىرىدا كۆپ ئۇچراتقىلى بولاتتى. هازىر قەشقەرنىڭ بىر قىسىم يېزا - كەنتلىرىدە مۇنداق ئۆيلەرنىڭ ئىز - نىشانلىرى ئاز - تولا ساقلىنىپ قالغان. بۇ يەردىكى شۇنداق ئۆيلەرنىڭ بىر ئالاهىدىلىكى شۇكى، سوقما تام ئۈستىگە قوپۇرۇلىدىغىنى كېسەك بولماستىن، «ئويما كېسەك» تىن ئىبارەت. مۇنداق كېسەك سېغىز توپىلىق يەرنىڭ ئۈستى

تەكشى تۈزلىنىپ سۇ قويۇلۇپ، يەر مۇۋاپىق دەرىجىدە قۇرۇغاندىن كېيىن، كېسەكسىمان تۆت چاسا قىلىپ ئويۇپ ئېلىپ قۇرۇتۇش ئارقىلىق ياسىلىدىكەن. مۇنداق كېسەك ئادەتتە چوڭ، قېلىن كېلىدىكەن. سوقما تاملىق ياكى سوقما تام، كېسەك، ياغاچ قۇرۇلمىسىدىكى مۇنداق ئۆيلەرنىڭ ئىپتىدائىي شەكلىدىكى ئۆيلەردىن بىر پەرقى، چوڭ، ئىشىك قويۇلۇشى، شەكلىنىڭ تىك، ئۇزۇن، چاسا بولۇشى، ئۈستىنىڭ تۈز بولۇپ، لىم، چەنزە قويۇلۇپ، قومۇش ياكى شاخ - شۇمبىلار بىلەن لاي سېلىنىپ يېپىلغىنىدا ئىپادىلىنىدۇ. دېمەك، بۇ باسقۇچقا كەلگەندە ئۆينىڭ ياسىلىش شەكلى ۋە قۇرۇلمىسىدا تۈپتىن ئۆزگىرىش ھاسىل بولغان. مۇنداق ئۆيلەرنى ئىپتىدائىي ئۆيلەرگە نىسبەتلەشتۈرگەندە مۇرەككەپ بولسىمۇ، كېيىنكى تەرەققىياتلارغا نىسبەتلەشتۈرگەندە يەنىلا ئاددىي دېيىشكە بولىدۇ.

مۇشۇ باسقۇچنىڭ ئوتتۇرىلىرىدىن كېيىن ئەجدادلىرىمىز ئۆيلىرىگە ئىشىك قىلىشنى ئۆگەنگەن. ئۇلار ئەڭ دەسلەپ ئۈچ تاملىق قومۇش، ياغاچ كەپە - ساتمىلىرىغا ياغاچ، قومۇشنى ئىشىك ئورنىدا تىكلەپ قوياتتى. كېيىنچە ئادەم پاتقۇدەك بوشلۇق قالدۇرۇپ، تۆتىنچى تامنىڭ قالغان قىسمىنى قومۇش، ياغاچنى تىكلەپ، ئاستىنى كۆمۈش بىلەن مۇقىم تام قىلىپ، شۇ بوشلۇقتىن كىرىپ - چىقىدىغان بولغان. شۇ ئاساستا بارا - بارا، قومۇش ياكى تال، ئىرغاي نوتىلىرىنى بالداققا چىگىپ ياكى ئىككى بالداق ئارىسىغا ئېلىپ بىر قاناتلىق ئىشىك ياساپ كىرىپ - چىقىدىغان بولدى. مۇشۇ باسقۇچنىڭ ئاخىرلىرىدا يۇقىرىقى ئاساستا پۈتۈنلەي چۇلۇك - ئىرغاي ياكى يۇلغۇن نوتىلىرىدا ئۈچ بالداقلىق توقۇلما ئىشىك ياساپ، يان ياغاچقا باغلاپ ئېچىپ - ياپىدىغان بولدى. ھازىر يېزىلاردىكى شاخشا ئىشىكلەر شۇ ئىشىكنىڭ تەرەققىي قىلغان شەكلى.

**ئۈچىنچى باسقۇچ:** بۇ باسقۇچنىڭ ئالاھىدىلىكى شۇكى، تۇرالغۇ جاي تۇرمۇشى بويىچە يېتىلگەن گۈزەللىك قارىشىنىڭ تېخىمۇ كۈچىيىپ، تۇرالغۇ جاي تۇرمۇشىغا چوڭقۇر تەسىر كۆرسىتىشكە باشلىغانلىقى بىلەن خاراكتېرلىنىدۇ. بۇنىڭ نەتىجىسىدە ئەجدادلىرىمىزنىڭ ماددىي

ئىشلەپچىقىرىش تەرەققىياتىغا ئەگىشىپ تۇرالغۇ ئۆيلەر بويىچە ئالدى بىلەن پۇختا ، كەڭ - ئازادە بولۇش، كېيىنچە ئىستېمالچانلىقى ئۇستۇن، كۆركەم بولۇشتەك تەلەپ، ئېھتىياجلار كېلىپ چىقتى. بۇنىڭ بىلەن ئۆي تام - تورۇسلىرىنى پۇختا، كۆركەم قىلىش، تامغا ئويۇق- تەكچە، مېھراب، لىمتاق چىقىرىپ كۆپ تەرەپلىمە پايدىلىنىش، ئويۇق- لىمتاق، مورا بېشى، پەنجىر - روجەك بېشى، تورۇس ۋە تۈۋرۈكلەرگە نەقىش چىقىرىش، تاملارنى ئاقارتىش قاتارلىق ئادەتلەرمۇ شەكىللەندى ۋە شۇنىڭغا مۇناسىپ ھەر خىل ئىجتىمائىي كەسىپ، ئۇستىكارلار مەيدانغا كەلدى.

ئۇيغۇرلارنىڭ بىناكارلىق سەنئىتىگە يۇنان، ئوتتۇرا شەرق ئەللىرى، ھىندىستان ۋە ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكنىڭ بىناكارلىق سەنئەت ئۇسلۇبىمۇ تەسىر كۆرسەتكەن. چۈنكى، ئۇيغۇرلار بۇددا دىنىغا ئېتىقاد قىلغان دەۋرلەردە بۇددا ئېتىقادى ئۈچۈن ئىبادەتخانا سېلىشقا، ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلغاندىن كېيىن مەسچىت، جامە قاتارلىقلارنى سېلىشقا توغرا كەلگەن. بۇ جەرياندا ھىندىستان، ئوتتۇرا شەرق ئەللىرىنىڭ ۋە ئۇلار ئارقىلىق يۇنان بىناكارلىق سەنئەت ئۇسلۇبىنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىشى تەبىئىي ئىدى. ئەمما، ئۇ سەنئەت ئۇسلۇبلىرى ئۇيغۇر ئۇستىلىرىنىڭ قولىدا ئۆزىگە خاس ھېسسىيات ئاساسىدا ئۆزلەشتۈرۈلۈپ، ئۇيغۇرلارنىڭ بىناكارلىق تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈردى. نەتىجىدە ئۇيغۇرلارنىڭ بىناكارلىق سەنئەت ئۇسلۇبىدا ئۆزىگە خاس ئالاھىدىلىكلەر شەكىللەندى. مەسىلەن، شىنجاڭ دائىرىسىدىكى مىڭئۆيلەردىكى تام رەسىملىرىدە يەرلىك ئۇسلۇبنىڭ ئالاھىدە گەۋدىلىنىپ تۇرۇشى، يەكەن چوڭ جامەسى، قەشقەردىكى ھېيتگاھ جامەسى، ئاپاق خوجا ۋە «قومۇل ۋاڭ» مەقبەرىسى، كۇچادىكى مەۋلانا راشىدىن جامەسى بىلەن قىغ دۆڭ ئۇيغۇرلارنىڭ ئۆز دەۋرىدىكى بىناكارلىق سەنئىتىنىڭ نامايەندىلىرى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

ئۇيغۇرلاردا ئۆي - ئىمارەت قۇرۇلۇشىدا تىلغا ئېلىپ ئۆتۈشكە ئەرزىيدىغان يەنە بىر ئادەت — ئۆي - ئىمارەت ئىشىكىنى جەنۇبقا قارىتىپ قوپۇشتىن ئىبارەت. بۇنىڭ نېمە ئۈچۈنلۈكى توغرىسىدا

ئۇيغۇرلاردا «كۈن ئۇلۇغ، ئۇ ئاللانىڭ نۇرى، جامالى. كىشى ئەتىگەندە يۈزى يۇيۇقسىز ئىشكتىن چىقىپ كۈنگە قارىسا ۋە كۈنگە قاراپ سىيسە، تۈكۈرسە يامان بولىدۇ» دەيدىغان ئاڭ - ئەقىدە مەۋجۇت. بۇ ئاڭ- ئەقىدە ئەجدادلىرىمىزنىڭ ئىپتىدائىي ئېتىقادى بىلەن مۇناسىۋەتلىك. چۈنكى، كۈن ئەجدادلىرىمىزنىڭ ئىپتىدائىي ئېتىقادىنىڭ مۇھىم مەزمۇنى ئىدى. ئۇلار كۈننى ئۇلۇغلاپ ئۇنىڭغا چوقۇناتتى. ئەجدادلىرىمىزنىڭ بۇ ئىپتىدائىي ئېتىقادى بويىچە ئۆي ئىشىكى شەرققە قارىتىلىشى تېگىشلىك ئىدى. بۇ توغرىدا بىز بىرەر تارىخىي مەلۇماتقا ئىگە ئەمەسمىز. ئەمما، كۆنچى دەرياسىنىڭ تۆۋەن ئېقىنى ۋادىسىدىن تېپىلغان يەرلىك قوۋملارغا ئائىت قەبرىلەرگە كۆمۈلگەن جەسەتلەرنىڭ بېشى شەرققە، پۇتى غەربكە، يۈزى كۆككە قارىتىپ قويۇلغانلىقىغا، تارىختا ئۆتكەن ئۇيغۇر خاقانلىرىنىڭ توي ۋە مۇراسىملاردا راۋاقتا شەرققە قاراپ ئولتۇرىدىغان ئادىتىگە ئاساسەن ئەجدادلىرىمىزنىڭ تۇرالغۇ جايلىرىنىڭ ئىشىكلىرى ياكى سورۇنلارنىڭ كىرىپ - چىقىدىغان ئاغزى شەرققە قارىتىلاتتى دەپ پەرەز قىلىشقا تامامەن بولىدۇ.

ئىشىكنى جەنۇبقا قارىتىپ قويۇش ئادىتىگە كەلسەك، مۇنۇ ئامىللارغا ئاساسەن ئۇنى كېيىنكى دەۋرلەردە شەكىللەنگەن دېيىشكە بولىدۇ:

1. ئۆينىڭ قىش پەسلىدىكى يورۇقلۇق ۋە ئىسسىقلىق ئېھتىياجى. ئەجدادلىرىمىز تۇرمۇش تەجرىبىلىرى ئاساسىدا ئىشىك جەنۇبقا قارىتىپ قويۇلغاندا قىش پەسلىدە ئۆينىڭ يورۇق ۋە شامالغا دالدا بولىدىغانلىقىنى تونۇپ يەتكەن. بۇنىڭ بىلەن تەدرىجىي جەنۇبقا قارىتىپ قويىدىغان بولغان.

2. ئىسلام ئېتىقادىنىڭ ئېھتىياجى. ئۇ ئۇيغۇرلارنىڭ يۇقىرىدا بايان قىلىنغان ئاڭ - ئېتىقادىغا ئىسلام روھى سىڭدۈرۈلۈپ، «كۈن» ئاللانىڭ نۇرى، جامالى سۈپىتىدە ئۇلۇغلانغان. دېمەك، ئۇيغۇرلار ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلغاندىن كېيىن ئۆزلىرىنىڭ قەدىمكى ئادەت ئەنئەنىسىنى ئىسلامنىڭ ئاشۇ ئەقىدىسىگە ماسلاشتۇرۇپ داۋاملاشتۇرۇش مەقسىتىدە ئىشىكنى جەنۇبقا قويۇشقا ئۆزگەرتىش ئارقىلىق ئۆز ئادەتلىرىنى داۋاملاشتۇرۇپ كەلگەن. ھازىر بۇ ئادەت - ئەنئەنىنىڭ

يېزىلاردا قىسمەن ساقلىنىپ كېلىۋاتقانلىقىنى ھېسابقا ئالمىغاندا، ئۇ ئاساسىي جەھەتتىن ئۆز ئەھمىيىتىنى يوقاتتى، شۇنىڭدەك ئۆي - ئىمارەت قۇرۇلمىسىدىمۇ زور ئۆزگىرىشلەر بارلىققا كېلىپ، خىش - كېسەك، ياغاچ قۇرۇلمىسىنى ئاساس قىلىپ ئۆي سېلىش ئومۇمىي ئادەتكە ئايلاندى[1].

ئۇيغۇرلار ئاساسەن ھۆل - يېغىن مىقدارى ئاز بولغان قۇرغاق رايون قەشقەرگە ماكانلاشقاچقا، ئۇلارنىڭ ئولتۇراق ئۆيلىرىمۇ مۇشۇنداق تەبىئىي شارائىتقا ماس ھالدا قۇرۇلغان. گەرچە ئىقتىسادىي ۋە تۇرمۇش شارائىتىنىڭ ئوخشاشماسلىقى، جۇغراپىيەلىك شارائىتىنىڭ ئوخشاشماسلىقى قاتارلىق سەۋەبلەر تۈپەيلى ئۇيغۇرلارنىڭ ئولتۇراق ئۆي قۇرۇلمىسىدا بەلگىلىك دەرىجىدىكى رايون پەرقى بولۇشى سەۋەبلىك، ئۆي قۇرۇلما شەكىللىرى شەرتلىك ھالدا بىرقانچە خىلغا بۆلۈنىدۇ.

بۇنىڭ ئىچىدىكى بىر خىلى، ئۆگزىسى تۈز، چاسا شەكىللىك كېسەك - ياغاچ قۇرۇلمىلىق ئۆيلەر بولۇپ، بۇ ئۆيلەر تەڭرىتاغنىڭ جەنۇبىدىكى ھۆل - يېغىن ئاز رايونلاردا تارىم ۋادىسىدىكى ئۇيغۇرلارنىڭ ئولتۇراقلىشىش ئادەتلىرىدە ئاساسىي ئورۇندا تۇرىدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە بۇ رايوننىڭ تۇپرىقى ناھايىتى بوش، قۇمساڭغۇ، تۈت پەسىل ناھايىتى روشەن، قۇم بوران كۆپ، بىر قىسىم يەر ئاستى سۇ ئورنى نىسبەتەن يۇقىرىراق بولغان جايلىرىدا تۇپراقنىڭ زەيلىشىش دەرىجىسى يۇقىرى. كىشىلەر ئولتۇراق ئۆي قۇرۇلۇشىدا مۇشۇ تەرەپنى ئالاھىدە ئويلىشىپ، توقۇم تاملىق ئۆي، كېسەك تاملىق ئۆي، لاي تاملىق ئۆي قاتارلىق قۇرۇلۇش شەكلىنى ئىشلەتكەن، بۇنىڭ ئىچىدە بولۇپمۇ توقۇم تاملىق ئۆي ئۇيغۇر دولانلىرىنىڭ ئۆزىگە خاس كەشپىياتى بولۇپ، بۇنداق ئۆينىڭ ئەڭ چوڭ ئالاھىدىلىكى، زەڭگۈندە، تۇۋرۇك، چېتىق، لىم قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسىنى تۇرۇملاش ئۇسۇلى ياكى ئەركەك - چىشى قىلىپ چېتىش ئۇسۇلى ئارقىلىق قوراشتۇرۇلغانلىقىدا. بۇ خىل ئۆي يەر

---

[1] ئابدۇرەھىم ھەبىبۇللا: «ئۇيغۇر ئېتنوگرافىيەسى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1993- يىلى 4- ئاي نەشرى، 150-، 163- بەتلەر.

تەۋرىسمۇ ياكى ئۆي ئورنىدىن زەي چىقىپ كەتسىمۇ ئاسان ئۆرۈلۈپ كەتمەيدۇ. تۇپرىقى زەي، بوش ۋە يەر تەۋرەش بەلبېغىغا يېقىن رايونلارغا تازا ماس كېلىدۇ[1].

بۇنداق ئۆيلەرنى ياساشتا ئۆينىڭ ئۇلى قالاق بىلەن چىڭدىلىدۇ، شارائىتى بار جايلاردا ئۆينىڭ ئۇلىغا تاش ياكى پىششىق خىش قويۇلىدۇ. پىششىق خىش ئۇستىگە موملانغان قوش زەگۇندە چاسلاپ قويۇلىدۇ، ئۇنىڭ ئۇستىگە خام كېسەك تام قوپۇرۇلىدۇ. بەزى ئۆيلەرگە تام ئارىسىغا ئارىلاپ ياغاچ تۈۋرۈك قويۇلىدۇ. ئۆينىڭ ئۇستى ياغاچ بىلەن يېپىلىدۇ. ئادەتتە ئۆينىڭ چوڭ - كىچىكلىكىگە قاراپ 7 تال، 9 تال، 11 تال مەزمۇت ياغاچ (لىم) قويۇلىدۇ. لىم ياغاچ ئارىلىقى ئەھۋالغا قاراپ 40 سانتىمېتىردىن 60 سانتىمېتىرغىچە كەڭلىكتە بولىدۇ. لىم ياغاچ ئارىلىقى ۋاسا جۇپ ياكى ۋاسا دىميان قىلىپ يېپىلىدۇ. ۋاسا بىلەكتەك چوڭلۇقتىكى تال سۆگەت بادرىسىنى ئوتتۇرىدىن تىلىپ ئوخشاش چوڭلۇقتا ياسىلىدۇ. بالا بېشى دېيىلىدىغان ئارىلىقىغا جەگە ياغىچى، جەگە بىلەن ۋاسا ئارىلىقىغا ناۋا ياغىچى، پەرمان ياغىچى قويۇلىدۇ. ئۇنىڭ ئۇستىگە بورا سېلىپ، پاخال بىلەن چۈمكىگەندىن كېيىن قارا لاي بىلەن تەكشى باستۇرۇلىدۇ. قارا لاي قۇيغاندىن كېيىن، كاكىل لاي بىلەن تەكشى سۇۋىلىدۇ. ئۆينىڭ ئىچىمۇ قارا سۇۋاق ۋە ئىنچىكە سۇۋاق قىلىنىدۇ. ئۆينىڭ قىبلە تەرىپىگە ئورۇن - كۆرپە يېغىلىدىغان مېھراب (يەرلىك تىلدا «مەرمەب» دېيىلىدۇ) ئويۇلىدۇ. قالغان تاملىرىغا بىر كىۋادرات مېتىر چوڭلۇقتا بىرقانچە تەكچە ياساپ، ئۇنىڭغا چىنە - قاچا ۋە زىننەت بۇيۇملىرى تىزىلىدۇ. دېھقان ئائىلىلىرى يەنە تەكچىلىرىگە قىشلىق قوغۇن - تاۋۇز، كاۋىلارنى تىزىپ ساقلايدۇ. بۇنداق چاسا شەكىللىك ئۆيلەر بىر - بىرىگە تۇتاشقان ھالدا مېھمانخانا، ئايۋان ياكى دەھلىز ئۆي، ياتاق ئۆي ۋە ئاشخانىغا بۆلۈنىدۇ. مېھمانخانا ئۆينىڭ بىر بۇرجىكىگە قازناق ئۆي سېلىنىدۇ. قازناق تازىلىق ئۆيى بولۇپ، ئۇنىڭ

---

[1] ئابدۇراخمان ئىبراھىم: «ئۇيغۇرلارنىڭ ئولتۇراقلىشىش ئادىتىگە تەسىر كۆرسەتكەن ئاساسلىق ئامىللار»، «شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى» 2003 - يىلى 2 - سان، 59 - بەت.

ئاستى كولىنىپ ئەۋرەز ياسىلىدۇ. ئەۋرەز يەرلىك ئۇسۇلدا يۇندى-سۇلارنى بىر تەرەپ قىلىش ئورنى ھېسابلىنىدۇ. دەھلىز ئۆيگە تۈۋرۈك قويۇلۇپ، تۈۋرۈك بىلەن پاراللېل تەكشىلىكتە سۇپا ياكى كاڭ ئورنىتىلىدۇ. مېھمانخانا ئۆيدىن باشقا ئۆيلەرگە ئاساسەن دېرىزە قويۇلماي، ئۈستىدىن تۈڭلۈك قويۇلىدۇ. ئۆينىڭ ئىشىكى ئاساسەن جەنۇب تەرەپكە قارىتىلىدۇ. ئۆيلەرنىڭ ئالدىغا كەڭ سۇپا سېلىپ، ئۈستى پېشايۋان قىلىنىدۇ. پېشايۋان ئالدىغا ئۈزۈم بارىڭى ياسىلىپ، ھويلىغا قويۇلغان ئۈزۈم تالى باراڭ ئارقىلىق پېشايۋانغا ياماشتۇرۇلىدۇ. ھەرقانداق ئۆينىڭ ئالدى كەڭ ھويلا بولۇپ، ھويلىنىڭ ئىشىكى (دەرۋازا) چوڭ ۋە ھەيۋەتلىك بولىدۇ.

قەشقەردە ئۇيغۇرلار ئۆي سېلىشتا ئومۇمەن كۆنگەي جاينى تاللايدۇ. ئۇيغۇرلارنىڭ ئۆيلىرى ئۆزىگە خاس بىناكارلىق سەنئىتىگە ئىگە. ئىسلامىيەتتىن كېيىن ئۇيغۇرلارنىڭ ئۆي - ئىمارەت قۇرۇلمىسىدا قەدىمكى مىللىي ئەنئەنە ئاساسىدا مەلۇم ئۆزگىرىشلەر بولۇپ، ئىسلام مېمارچىلىق ئۇسلۇبىدىكى ئۆي - ئىمارەتلەر ئومۇملىشىشقا باشلىدى، بولۇپمۇ جامە، مەسچىت، مازار، زىيارەتگاھلارنىڭ ئىمارەت قۇرۇلمىسىدا بۇ خۇسۇسىيەت روشەن ئەكس ئەتتى، بولۇپمۇ ئۇيغۇر مېمارچىلىقىدىكى مۇنار، گۈمبەز، قۇببە، مېھراب، بالابېشى، ئىشىك بېشى، تەكچە ئويۇقى، مورا، پېشايۋان، تۈۋرۈكلەرنىڭ قۇرۇلۇش سەنئىتى ئۇلارنىڭ دىنىي ئېتىقادى ۋە رەڭ تاللاشتىكى ئېستېتىك قارىشىنى قويۇق ئەكس ئەتتۈرۈپ، مىللىي مەدەنىيەتنىڭ ماددىي ئاساسى سۈپىتىدە ئۇيغۇر بىناكارلىق ھۈنەر-سەنئىتىنى بېيىتتى.

ئۇيغۇر دولانلىرىنىڭ ماددىي تۇرمۇشىدا ئوۋچىلىق، چارۋىچىلىق، دېھقانچىلىق ئاساسىي ئورۇننى ئىگىلەيدۇ. ئەڭ دەسلەپكى ئىگىلىك چارۋىچىلىق ۋە ئوۋچىلىق بولۇپ، دولانلار ئولتۇراقلاشقان يەكەن، تىزناپ دەريا بويلىرى، ئاقسۇ، تارىم دەريا ۋادىلىرى چەكسىز كەتكەن ئىپتىدائىي توغراق ئورمان ۋە يايلاق بولغان. دولانلارنىڭ ماددىي تۇرمۇش ئېھتىياجىنىڭ ئېشىشى ئۇلارنىڭ ئىگىلىك شەكلىگە ئۆزگەرتىش كىرگۈزۈشنى تەلەپ قىلغان بولغاچقا، دولانلار قوشنا جايلار ۋە

ئەجدادلىرىنىڭ دېھقانچىلىق ئەنئەنىسىنى داۋاپ دېھقانچىلىق ئىگىلىكىنى تەدرىجىي ماددىي تۇرمۇشىنىڭ ئاساسى قىلغان، بولۇپمۇ بۇ ۋاقىتتا ئولتۇراق قۇرۇلۇشىدا زور دەرىجىدە يېڭىلىنىش بارلىققا كەلگەن بولۇپ، ئىلگىرىكى تەبىئىي شارائىت ئاساسىدا بارلىققا كەلگەن ئولتۇراق جايلار مانا ئەمدى يېڭى بىر تۇرمۇش شارائىتىغا ماس ھالدا ئۆزگەرگەن. ئىلگىرى ئۇلار توغراق ياغاچلىرىنى ئۆزئارا باغلاپ «لاڭقا» ياساپ تۇرالغۇ جاي قىلغان (بۇ ئۆيلەر ياغاچتىن ياسالغان بولغاچقا، دولانلارنى سىرتتىن كەلگەنلەر «ياغاچ ئۆيلۈك دولان»، «ئون سەككىز مىڭ ياغاچ ئۆيلۈك دولان» دېگەن ناملار بىلەن ئاتىغان. كېيىن بۇ ناملار دولانلار ئىچىدىمۇ ئادەتكە ئايلانغان) بولسا، كېيىن «قوشام» ئۆيلەر (بۇ ئۆيلەر مەكىت، مارالبېشى، ئاۋات قاتارلىق جايلاردا «تۆيۈزە»، «توقۇلما» تام ياكى «تۆيۈزە تاملىق ئۆي»، «توقۇلما تاملىق ئۆي» دەپمۇ ئاتىلىدۇ) بارلىققا كەلگەن[1]. بۇ ئۆيلەرنىڭ قۇرۇلمىسىدىن قارىغاندا، تام ئۇلىغا زەگۇندە (تام ئۇلىغا قويۇلغان ياغاچ لىمدىن ئىبارەت بولۇپ، قوشام ئۆيلەردە ئۇنىڭ ئۈستىگە تۈۋرۈك، ئاراچ تۈۋرۈكلەر قويۇلىدۇ. توپا تاملىق ئۆيلەردە ئۆينىڭ قۇرۇلمىسىنى پۇختىلايدۇ. ئۆي تېمىنىڭ ئولتۇرۇشۇپ كېتىشىنىڭ ئالدىنى ئالىدۇ ھەمدە يەر تەۋرەشكە تاقابىلچانلىقىنى ئاشۇرىدۇ) قويۇلىدۇ. زەگۇندىنىڭ ئۈستىگە تۈۋرۈك، تۈۋرۈك ئارىلىقىغا ئاراچ تۈۋرۈك، ئاراچ تۈۋرۈك ئارىلىقىغا چېتىق (تۈۋرۈكلەرنى بىر - بىرىگە تۇتاشتۇرۇپ تامنىڭ مۇقىملىقىنى ئاشۇرىدۇ)، قىيپاش چېتىق ئورنىتىلىدۇ. چېتىق بىلەن تۈۋرۈكلەرنىڭ ئارىلىقىدىكى بوشلۇق تام چېتىقلار بىلەن توقۇپ، باغلاپ چېتىلغان، ئاندىن ئىككى تەرىپى كاكىل لاي بىلەن سۇۋالغان، قېلىنلىقى ئادەتتە 10 سانتىمېتىر (بەزىدە 15 — 20 سانتىمېتىر) كېلىدۇ. لىم بىلەن تۈۋرۈكلەر ئۆزئارا تۇرۇملانغان. ئۆگزىسى ۋاسا، ۋاسا ئۈستىگە بورا ياكى تال چىۋىقتىن توقۇلغان چىتلاق، ئۇنىڭ ئۈستىگە سامان، سامان ئۈستىگە لاي، توپا،

---

[1] ئادىل مۇھەممەت تۇران: «مەكىت تارىخىدىن تېزىسلار»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 2001- يىلى 10- ئاي نەشرى، 130- بەت.

كاكىل لاي بىلەن سۇۋاش ئارقىلىق يېپىلغان بولۇپ، بۇ نىيە قەدىمكى شەھىرىدە ساقلىنىپ قالغان «قوشام» ئۆيلەرنىڭ قۇرۇلمىسى[1] بىلەن ئوخشاش. «كىروران قەدىمكى شەھىرىدىكى ياغاچ قۇرۇلمىلىق ئۆيلەرنىڭ قۇرۇلمىسى تېخىمۇ ئۆزگىچە بولۇپ، تۈۋرۈك بىلەن سوقۇما، زەگۇندە، چېتىق، لىم قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسى تۇرۇملاش ئۇسۇلى بىلەن ياكى ئەركەك - چىشى قىلىپ چېتىش ئۇسۇلى بىلەن قۇراشتۇرۇلغان»، بۇ خىل قۇرۇلما يەنى «قوشام» ئۆي ياساش ئۇسۇلى مەكتىتىكى «قوشام» (توقۇلما) ئۆي ياساش ئۇسۇلىغا تېخىمۇ يېقىن كېلىدۇ. بۇ خىل ئۆي پەقەت تەكلىماكان قۇملۇقىنىڭ شەرقىي جەنۇبىغا ۋە غەربىي تەرىپىگە جايلاشقان نىيە، كىروران ۋە مەكىت، مارالبېشى، ئاۋات قاتارلىق جايلارنىڭ تەبىئىي جۇغراپىيەلىك مۇھىتىغا ماس كېلىدىغان بىناكارلىق شەكلىدۇر. «ئۇنىڭ قۇرۇلمىسى، ھۈنەر - سەنئىتى ۋە ئىشلىتىلىشچانلىقى مۇشۇ جايلارنىڭ جۇغراپىيەلىك مۇھىتىغا ئاساسەن تاللانغان ھەمدە ئۈزلۈكسىز تەرەققىي قىلىپ ھازىرقى كۆركەم ۋە ھەشەمەتلىك ھالىتىگە يەتكەن.»[2]

دېمەك، بۇ يەردە نىيە، كىروران قاتارلىق قەدىمكى شەھەرلەردىكى بىناكارلىق ئۇسلۇبى بىلەن دولانلارنىڭ بىناكارلىق ئۇسلۇبىدا ئوخشاشلىق ھەم بىر خىل ئىزچىللىق ساقلانغان بولۇپ، ئەمەلىيەتتە بۇ مۇشۇ جايلار ئوتتۇرىسىدىكى ئېتنىك باغلىنىشنى، مەدەنىيەت ئەنئەنىسىدىكى ئورتاقلىقنى، قەدىمكى چاغدا تەكلىماكان ئىچىدىكى ھەرقايسى بوستانلىقلاردىكى خەلقلەرنىڭ يىلتىزداشلىقىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ[3].

ئۇيغۇرلار تارىختا تۆپىزە تام، يالاڭ تۆپىزە تام، قوش تۆپىزە تام، قىسما تام، قوشام تام، سوقما تام، چالما تام، كېسەك تاملاردا ئولتۇرۇپ كەلگەن. كېيىنكى ۋاقىتلاردا ئەنجان تام (قىستۇرما تام) پەيدا بولغان.

---

[1] ئالىمجان مەخسۇت، ئابدۇشۈكۈر مەخسۇت: «ئۇيغۇر بىناكارلىق تارىخى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 2000- يىلى 12 - ئاي نەشرى، 138 -، 139 -، 143 - بەتلەر.

[2] ئالىمجان مەخسۇت، ئابدۇشۈكۈر مەخسۇت: «ئۇيغۇر بىناكارلىق تارىخى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 2000 - يىلى 12 - ئاي نەشرى، 143 - بەت.

[3] ئادىل مۇھەممەت تۇران: «مەكىت تارىخىدىن تېزىسلار»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 2001- يىلى 10- ئاي نەشرى، 132 - بەت.

چارۋىچىلار گەمە، يېرىم گەمە شەكىلدىكى ئۆيلەردە ۋە ياغاچ تىزما ئۆيلەردە ئولتۇرۇپ كەلگەن. ئۆيلىرىنىڭ قۇرۇلۇشى بىر خىل بولۇپ، ھەممە ئائىلىدە بىردىن چوڭ مەشرەپخانا ۋە مەشرەپ سۇپىسى، چوڭ دالانلار بولىدۇ. بۇنى مېھمانخانا دەپ ئاتايدۇ. مەيلى ئۇ قايسى خىلدىكى ئۆي بولسۇن، ھەممىسىگە تۈگلۈك قويىدۇ. بۇنداق ئۆيلەر دېرىزىلىك ئۆيلەرگە نىسبەتەن بىرقەدەر بىخەتەر بولۇپ، كۆن نۇرى ئۆيگە تۈگلۈكتىن چۈشىدۇ. تۈگلۈكتىن كىرىپ تامغا چۈشكەن قۇياشنىڭ شولىسىغا بەلگە قىلىپ ۋاقىتنى ۋە پەسىلنى بىلىدۇ. ئادەم ئۆلسە مېيىت ھەققىنى تۈگلۈكتىن سۇنۇپ بېرىدۇ. ئۆينىڭ ئۆگزىسى تۈز بولىدۇ. گاسا (ۋاسا) سېلىپ بورا ياكى يېكەن بىلەن ياپىدۇ. ئالاھىدە ئۆيلەرنى گاسا (ۋاسا) جۈپ قىلىپ ياپىدۇ. ئۆينىڭ تاملىرىغا مېھراب (ئەگمە) شەكىللىك ئويۇق چىقىرىپ، نەرسىلەرنى ئېلىپ قويىدۇ. «ئاسقا» قىلىپ كىيىم-كېچەكلەرنى ئېلىپ قويىدۇ. بەزىلەر «چۇقا» — كۆپ پۇتاقلىق دەرەخ شېخىنى كېسىپ، ئۇنىڭ پۇتاقلىرىدىن ئوتتۇرىدىكى بىرسىنى تورۇسقا ئاسىدۇ. ئەتراپىدىكى شاخلىرىنى 20 سانتىمېتىر ئۇزۇنلۇقتا قالدۇرۇپ ئۇچىنى ئۇچلاپ قويىدۇ. ئۇنىڭغا ئاساسەن باش كىيىمنى ئاسىدۇ. ئۆينىڭ يان مورا چىقارغان تەرەپكە بىر مېتىر ئېگىز، بىر گەز كەڭلىكتە چاپلىما تام قوپۇرۇپ، ئىچىنى ئويۇق قىلىپ، 2 — 3 جايدىن تۆشۈك قويىدۇ. ئۇنى «لىمتاق» (لىمتاق — پارسچە يېرىم تام ياكى يېرىم پەلە، پەي دېگەن بولىدۇ) دەيدۇ. لىمتاقنىڭ ئۈستىگە ئورۇن - كۆرپە تىزىدۇ، ئاستىدىكى ئويۇقتىن ئېھتىياجىغا قاراپ پايدىلىنىدۇ[①].

## 2. ئۆي بىساتلىرى

ھەربىر مىللەتنىڭ ئۆزىگە خاس گۈزەللىك قارىشى بولىدۇ. ئۆي-ئىمارەت قۇرۇلۇشىنىڭ شەكلى، ئىچكى بېزەكلىرى ۋە ئۇنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇلۇشى گۈزەللىك زوقىنىڭ مۇقىم ئىپادىلىرىدىن بىرى.

---

① مۇھەممەت ئوسمان ئەمرى: «ئاۋات دولان مەدەنىيىتىدىكى تارىخىي نامايەندىلەر»، «ئاۋات تارىخ ماتېرىياللىرى» جۇڭگو خەلق سىياسىي مەسلىھەت كېڭىشى ئاۋات ناھىيەلىك كومىتېتى تۈزگەن. 2004 - يىلى 4 - ئاي، 4 - قىسىم، 23 - ، 24 - بەتلەر.

قەشقەردىكى ئۇيغۇرلارنىڭ ئۆيىنىڭ ئىچكى بېزەكلىرى ۋە ئۇنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇلۇشى مەركەزلىك ھالدا تۆۋەندىكى جەھەتلەردە ئىپادىلىنىدۇ:

ئۇيغۇرلارنىڭ بىرقەدەر قەدىمكى ئۆي بىساتلىرىنىڭ قانداقلىقى توغرىسىدا تارىخىي مەلۇمات يوق. خەنزۇچە مەنبەلەرگە ئاساسلانغاندا ئەجدادلىرىمىز ھايۋانلارنىڭ تېرىسىنى سېلىنچا - يېپىنچا قىلغان. روشەنكى، بۇ كۆچمەن چارۋىچى قوۋملارغا ئورتاق قىسمەن ئادەتلەرنى ئومۇملاشتۇرۇش ئاساسىدا بېرىلگەن مەلۇمات. ئارخېئولوگىيەلىك تېپىلمىلاردىن كەلگەن مەلۇماتلارغا ئاساسلانغاندا، ئەجدادلىرىمىز يىراق ئۆتمۈشتىلا قوي يۇڭىدا توقۇلغان كىيىم كىيگەن ۋە يېپىنجا - سېلىنچا ئىشلەتكەن دېيىشكە بولىدۇ. كۆنچى دەرياسىنىڭ تۆۋەن ئېقىنىدىن ۋە چەرچەننىڭ زاغۇنلۇقتىن تېپىلغان بۇنىڭدىن 3000 — 4000 يىل بۇرۇنقى دەۋرگە ئائىت قەبرىلەردىن چىققان كىيىم، پالاس، كىگىز، بۇيۇم قاتارلىقلار ۋە شۇ بۇيۇملارنىڭ، بولۇپمۇ پالاس، كىگىزنىڭ بۇگۈنكى تەرەققىيات شەكلى — تۇرلۇك خاس يۇڭ ياكى يۇڭ - پاختا ئارىلاش ياكى خاس پاختا يىپتا توقۇلغان رەڭدار پالاس، سىدام، رەڭدار كىگىز، گىلەم قاتارلىق بۇيۇملار بىزنىڭ شۇ قارىشىمىزنى ۋاستىلىك ھالدا ئىسپاتلايدۇ. دېمەك، پالاز، كىگىز، گىلەم ئۇيغۇرلارنىڭ ئۇزاق زامانلاردىن بۇيان ئاساسلىق ئۆي بىساتلىرى بولۇپ كەلگەن.

ئەجدادلىرىمىز بۇ بىساتلاردىن يېتىپ - قوپۇش ئۇچۇن يەرگە سېلىش، ئۆي بېزىكى ئۇچۇن تامغا ئېسىشتەك ئىككى خىل ئۇسۇلدا پايدىلىنىپ كەلگەن. يەرگە سېلىشتا ئالدى بىلەن ئادەتتە تېگىگە بورا ئۇستىگە پالاس، ئۇنىڭ ئۇستىگە تۆر تەرەپتىن پەگاھ تەرەپكە قارىتىپ گىلەم، كىگىز سالىدۇ، سۇپىلىق، كاڭلىق ياكى كارىۋاتلىق ئۆي بولسىمۇ ئاساسىي جەھەتتىن شۇنداق سېلىنىدۇ. ئۆي بېزىكى ئۇچۇن تامغا ئاساسلىقى گىلەم ئېسىلىدۇ، بەزىلەر رەڭدار پالاسمۇ ئاسىدۇ. مەيلى گىلەم، مەيلى پالاس بولسۇن، تامغا ئېسىش - ئاسماسلىق ھەربىر ئادەمنىڭ ئىقتىسادىي ئەھۋالىغا قاراپ بولىدۇ.

ئۇيغۇرلاردا بۇ ئۇچ خىل بۇيۇمنى ئاساسلىق ئۆي بىساتى قىلىشىمۇ

ئۇلارنىڭ ناھايىتى ئۇزاق زامانلار داۋامىدىكى تۇرمۇش تەجرىبىلىرىدىن كەلگەن. ئەجدادلىرىمىز ئۆزلىرىنىڭ تۇرمۇش ئەمەلىيەتلىرىدە كىگىز، پالاس، گىلەمنىڭ كۆركەم، چىداملىق ۋە كىر كۆتۈرۈشلۈك، ئاسان نەم ئۆتمەيدىغان ئالاھىدىلىكلىرىنى خۇلاسىلەش ئاساسىدا ئۇلارنى ئاساسلىق بىسات قىلىپ تاللىغان. چىداملىققا كەلگەندە گىلەم ئەڭ چىداملىق بولۇپ، 30 — 40 يىلغىچىمۇ ئۈزۈلۈپ توزۇمايدۇ. شۇڭا، ئۇيغۇرلاردا «كەمبەغەل بولساڭ گىلەم قىل» دېگەن ماقال مەيدانغا كەلگەن. بۇنىڭدىن باشقا، ئوۋچىلىق ۋە كۆچمەن چارۋىچىلىق تۇرمۇش ئادەتلىرىنىڭ قالدۇق ئىزلىرىنى ھازىرمۇ ئۇچراتقىلى بولىدۇ. مەسىلەن، ئېيىق تېرىسى، ئىت تېرىسىدىن كۆرپە قىلىش؛ ئوچاق ئالدى، سۇپا، لېۋىگە ئولتۇرۇش ئۈچۈن ئۆچكە تېرىسى سېلىپ قويۇشقا ئوخشاش. ئېيىق ۋە ئىت تېرىسىنى رېماتىزمغا داۋا دەپ، ئۇنىڭدىن سېلىنچا ئورنىدا پايدىلىنىشمۇ ئەمەلىيەتتە ئاشۇ قەدىمكى ئادەتنىڭ داۋامى.

ئۇيغۇرلاردا ئۆينى چىرايلىق سەرەمجانلاشتۇرۇشنى ھۇزۇر دەپ بىلىش ناھايىتى ئۇزاق يىللاردىن بۇيان داۋاملىشىپ كېلىۋاتقان ئادەت. «دىۋان» نىڭ 1 - تومىدا «چارچاپ» دېيىلىدىغان زەدىۋال ياكى پالاس ئورنىدا تامغا ئېسىلىدىغان بىر خىل بېزەكلىك بايان قىلىنغان. بۇ ئۆينى چىرايلىق زىننەتلەش ئادىتىنىڭ «دىۋان» دەۋرىدىلا ئەمەس، ئۇنىڭدىنمۇ بۇرۇنقى دەۋرلەردىلا مەۋجۇتلۇقىدىن دېرەك بېرىدۇ. زەدىۋالمۇ شۇ دەۋردە مەيدانغا كەلگەن مەھسۇلات. زەدىۋال تارتىشنى «دىۋان» دەۋرىدىن بۇرۇنلا شەكىللەنگەن ئادەت دېيىشكە بولىدۇ. بۇ ئادەت بۈگۈنگە قەدەر داۋاملىشىپ كەلمەكتە.

قەشقەردە ئۇيغۇرلار ئورۇن - كۆرپىگە ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرىدۇ. شۇڭا، ئاز - تولا شارائىتى بارلىكى ئائىلىلەردە مۇمكىنقەدەر چوڭ - كىچىك دېمەي، ئادەم بېشىغا ئايرىم يوتقان - كۆرپە قىلىدۇ. يوتقان تېشى چىرايلىق، گۈللۈك نەقىش رەختلەردىن، ئەستىرى سىدام رەختلەردىن، كۆرپىنىڭ تېشى، ئەستىرى پىششىق، كىر كۆتۈرۈشلۈك رەختلەردىن قىلىنىدۇ. تەكىيە - ياستۇقلارغا كەشتە قىلىنىدۇ.

ئۇيغۇرلارنىڭ كۆرپىسىنىڭ ئالاھىدىلىكى، كۆرپىگە چۆرۈلدۈرۈلۈپ

زىغزىق تۇتۇش ياكى ماشىنىدا شوخ، رەڭدار يىپتا چىرايلىق نۇسخىلار چۈشۈرۈلگەن قارا رەخت تۇتۇشتا ئىپادىلىنىدۇ.

قەشقەردىكى بۇ ئادەت ئۆي بېزەش ئادىتى بىلەن بىۋاسىتە مۇناسىۋەتلىك. چۈنكى، ئۇيغۇرلار ئورۇن - كۆرپىنى ئۆينىڭ تۆر تېمىغا مەخسۇس چىقىرىلغان لىمتاق (مەرەپ)، يەنى چوڭ ئويۇققا چىرايلىق قاتلاپ يىغىدۇ. بۇنداق مەخسۇس لىمتاق چىقىرىلمىغان ئۆيلەردە بولسا، ئۆينىڭ تۆر تېمىنىڭ بۇلۇڭ تەرىپىگە يىغىپ، تەكىيە - ياستۇقلارنى ئۇنىڭ ئۈستىگە تىزىپ قويىدۇ. ھازىر زامانىۋى بىنالاردا ئۇنداق شارائىت بولمىغانلىقتىن، بەزىلەر مەخسۇس ئورۇن - كۆرپە ئىشكاپى ياستىپ شۇنىڭغا تىزىدىغان ياكى بىر تۇتاش تەكشى كارىۋات قىلىپ، ئۇنىڭدا يېتىپ - قوپىدىغان ۋە ئورۇن - كۆرپىنى ئۇنىڭ بىر بۇلۇڭىغا تىزىپ، ئۈستىگە ئەدىيال، ئەدىيال ئۈستىگە تور يېپىپ قويىدىغان بولدى ياكى بىر تەرەپكە ئايرىم بىر كارىۋات قويۇپ ئۇنىڭغا يىغىدىغان بولدى.

ئۇيغۇرلار مېھماندوست كەلگەچ، ھەربىر ئائىلىدە مۇمكىنقەدەر بىر- قانچە كىشىلىك، ھېچبولمىغاندا بىر - ئىككى كىشىلىك مېھمانلىق يوتقان - كۆرپە قىلىپ قويۇش ۋە ئادەتتىكى كۈنلەردە كېلىپ- كېتىدىغان مېھمان، يار - بۇرادەرلەرنىڭ ئاستىغا سېلىشقا ئاتاپ مەخسۇس كۆرپە قىلىپ قويۇش ئومۇميۈزلۈك بىر ئادەت. مۇنداق كۆرپە ئىككى خىل بولۇپ، بىرىنچى خىلى ئادەتتىكى كۆرپىگە ئوخشاش. ئىككىنچى خىلى ئادەتتىكى كۆرپىدىن بىر ھەسسە ئۇزۇن بولىدۇ. بۇ ئادەتتە ئۆينىڭ تۆرىگە سېلىقلىق تۇرىدۇ. مۇنداق كۆرپە «يېكەنداز» دەپ ئاتىلىدۇ. بۇ ئادەت ھازىرمۇ داۋاملاشماقتا. ئۇيغۇرلاردىكى «كۈن كېلەر - كېتەر، ئۆمۈرنىڭ يېرىمى تۈندە ئۆتەر» دېگەن ماقالدا ئۇيغۇرلارنىڭ نېمە ئۈچۈن ئورۇن - كۆرپىگە ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرىدىغانلىقى ناھايىتى ئوبرازلىق ئىپادىلەنگەن.

قەشقەردە ئۇيغۇرلار تەكىيە - ياستۇقلارنى ئالاھىدە ھازىرلايدۇ، ئۇنىڭغا چىرايلىق گۈل نۇسخىلىرىنى كەشتە قىلىدۇ. يېڭى توي قىلغان قىز - يىگىتلەرگە تويغا مەخسۇس كەشتىلەنگەن ياستۇق - تەكىيە

تويلۇق قىلىپ ھەيياارلىنىدۇ .

## 3. ئۆي سايمانلىرى

ئۇيغۇرلارنىڭ ئۆي سايمانلىرى مۇنداق ئىككى جەھەتتىكى سايمانلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. بىرىنچى، كۈندىلىك تۇرمۇشتا كەم بولسا بولمايدىغان سايمانلار. مەسىلەن، قازان - قومۇچ، چىنە- قاچا.

1. قازان. شەكىل جەھەتتىن پۇتسىز، پۇتلۇق ئىككى خىلغا ئايرىلىدۇ. پۇتلۇقى داڭقان دەپ ئاتىلىپ، ئاساسەن ئۈچ پۇتلۇق كېلىدۇ. ھەجمىنىڭ چوڭ - كىچىكلىكىگە قاراپ چوڭ داڭقان، كىچىك داڭقان دەپ ئاتىلىدۇ. پۇتسىزى ئادەتتە قازان دەپ ئاتىلىپ، ئەڭ چوڭى «داش قازان» دېيىلىدۇ. قازان ئۆزىنىڭ ياسالغان ماتېرىيالىغا قاراپ چويۇن قازان، مىس قازان، ئاليۇمىن قازان دەپ ئاتىلىدۇ. مىس قازان جىمبىللىق، جىمبىلسىز ئىككى خىل بولۇپ، ھەجمى ھەر خىل بولىدۇ. بۇ قازانلار داڭقاننى ھېسابقا ئالمىغاندا، كېسەك ئوچاق، مېتال ئوچاقلارغا ئېسىپ ئىشلىتىلىدۇ. داڭقان پۇتلۇق بولغاچ، مەخسۇس ئوچاق ھازىرلانمايدۇ. ئوچاق ئىككى خىل بولۇپ، ئۆرە ئوچاق، يەر ئوچاق دەپ ئاتىلىدۇ. ئۆرە ئوچاق كېسەك ياكى خىشتا ياسىلىپ، تۇرخۇنلۇق كېلىدۇ. يەر ئوچاق يەرنى ئويۇپ ياسىلىدۇ. بۇ خىل ئوچاق ئاساسەن ھويلا ۋە دالىدا ئىشلىتىلىدۇ، شۇڭا مەخسۇس تۇرخۇن چىقىرىلمايدۇ. مېتال ئوچاق (تۆمۈر، چويۇندىن ياسالغان) ئۈچ پۇتلۇق كېلىدۇ.

2. چۆگۈن، چۆمۈچ، كوزا، ئۇرىق، قاپاق، چېلەك. ئۇيغۇرلار ئەڭ بۇرۇن ھازىرقى مىس (تۆمۈر) چۆمۈچ ئورنىدا ياغاچ چۆمۈچ، چېلەك ئورنىدا سوغا (ياغاچتىن ياسىلىدۇ) ئىشلىتەتتى. ئۇرىق مەخسۇس قول

① ئابدۇرەھىم ھەبىبۇللا: «ئۇيغۇر ئېتنوگرافىيەسى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1993 - يىلى 4 - ئاي نەشرى، 163 - ، 166 - بەتلەر.

يۇيۇش، چىنە ـ قاچا يۇيۇش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدىغان بولۇپ، ساپالدىن ياسىلاتتى. ھازىر قاڭالتىر، مىستىن ياسالغان تۈرلىرى چىقتى. چۆگۈن مىستىن ياسىلىدۇ، ھەجمى، شەكلى ھەر خىل بولۇپ، مەخسۇس سۇ قاينىتىش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدۇ. كوزا، قاپاق، چېلەك، كۆكۈر سۇ توشۇش ۋە سۇ ساقلاش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدۇ. چېلەك قاڭالتىردىن ياسالغان بولۇپ، ئۇ 19 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىدىن كېيىن ئومۇملىشىشقا باشلىغان، ئۇنىڭدىن بۇرۇن كوزا، قاپاق ئىشلىتىلىپ كەلگەن. چېلەك قەشقەرنىڭ يېزا ـ قىشلاقلىرىدا ھازىرمۇ ئۆز رولىنى يوقاتقىنى يوق. كۆكۈر مىستىن ياسالغان بولۇپ، ياپىلاق شەكىلدە كېلىدۇ.

3. چىنە ـ قاچا. ئۇيغۇرلارنىڭ ئىشلىتىپ ئادەتلەنگەن چىنە ـ قاچىلىرىنى تۆت خىلغا بۆلۈشكە بولىدۇ:

بىرىنچى خىلى، ياغاچ، ساپالدىن ياسالغان چىنە ـ قاچىلار بولۇپ، ياغاچتا ياسالغانلىرى چۆچەك، ئاياق، تەڭنە، ياغاچ تاۋاق دەپ ئاتىلىدۇ. ساپالدىن ياسالغانلىرى غىدىر ياكى ھېجىر دەپ ئاتىلىدۇ. بۇ تاش سىرلىق، سىدام ئىككى خىل كېلىدۇ. تەڭنىنىڭ ئاساسلىقى خېمىر يۇغۇرۇش ۋە كىر يۇيۇش ئۈچۈن (كىر يۇيىدىغان تەڭنە ئايرىم بولۇپ، قەدىمكى نامدا ئاتىغاندا «چارا» دەپ ئاتىلىدۇ) ئىشلىتىلىدىغانلىقىنى ھېسابقا ئالمىغاندا، قالغانلىرى مەخسۇس تاماق يېيىش، ئۇسسۇلۇق ئىچىش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدۇ. بۇلار ئۇيغۇرلارنىڭ ئەڭ قەدىمكى قاچا ـ قومۇچلىرىدىن بولۇپ، بۇنىڭ ئىچىدە تەڭنىدىن باشقىلىرى ھازىر ئاساسىي جەھەتتىن ئىستېمالدىن قالدى.

ئىككىنچى خىلى، مىستىن ياسالغان بولۇپ، مىس تاۋاق (لېگەن)، مىس چەينەك، مىس چىنە قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. بۇلارنىڭ ئىچىدە مىس چەينەكتىن باشقىلىرى ھازىر ئاساسىي جەھەتتىن ئىستېمالدىن قالدى.

ئۈچىنچى خىلى، فارفۇردىن ياسالغان قاچىلار. بۇ چوڭ ـ كىچىك چىنە، ھەر خىل چىنە، تەخسە، چىنە تاۋاق (لېگەن)، چىنە چەينەك، چىنە پىيالە قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. پىيالە سىركايە دەپ ئاتىلىدۇ.

تۆتىنچى خىلى، تۇنىكىدىن ياسالغان سىرلىق قاچىلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. مەسىلەن، تۇنىكە چىنە، تۇنىكە چەينەك، تۇنىكە لېگەن، تۇنىكە چۆمۈچ، تۇنىكە ساپلىق، تۇنىكە كوزا، سىرلىق ۋە سىرسىز ھەر خىل داس (جاۋۇر) قاتارلىقلار.

بۇنىڭدىن باشقا، شىشىدىن ياسالغان ھەر خىل قەنتدان، ۋازا، ئىستاكان ۋە شىشە، فارفۇردىن ياسالغان ھەر خىل مۇراببا قاچىلىرى، چايدان قاتارلىقلارمۇ ئومۇيۈزلۈك ئىشلىتىلىدۇ. بۇ تىپتىكى قاچىلار 20 ـ ئەسىرنىڭ 50 ـ يىللىرىدىن كېيىن ئومۇملاشقان.

ئۇيغۇرلار ئادەتتە فارفۇردىن ياسالغان چىنە ـ قاچىلارنى ئەتىۋارلاپ ئىشلىتىدۇ. مېھمان ئالدىغا چىنە ـ قاچىدا غىزا، تاماق قويىدۇ. شۇڭا، مېھمانغا ئاتاپ زاپاس چىنە ـ قاچا ساقلايدۇ، شۇنىڭدەك فارفۇر، شىشىدىن ياسالغان چىنە ـ قاچا، قەنتدان، ۋازا قاتارلىقلارنى ئۆي زىنىنتى سۈپىتىدە ئويۇق ـ تەكچىلەرگە ياكى دېرىزە ئالدىدىكى شىرە ئۈستىگە تۈرى بويىچە ھەر خىل شەكىلدە چىرايلىق تىزىپ قويىدۇ. ھازىر شەھەر ـ بازار رايونلىرىدا مەخسۇس بۇلۇڭ ئىشكاپ، تىك ئىشكاپ ئىچىگە تىزىش ئومۇميۈزلۈك ئادەتكە ئايلاندى. مۇشۇ قاتاردا يەنە ساماۋار، لوڭقىنى ئالاھىدە كۆرسىتىپ ئۆتۈشكە ئەرزىيدۇ. ساماۋار ئۇيغۇرلارنىڭ ئۇزاقتىن بۇيان ئەتىۋارلاپ ئىشلىتىپ كېلىۋاتقان ئۆي سايمانلىرىدىن بولۇپ، چاي قايىتىش ۋە زىننەت بۇيۇمى سۈپىتىدە پايدىلىنىپ كەلمەكتە. ئىشلەتمىگەن چاغدا ئويۇق تەكچىگە ياكى دېرىزە ئالدىدىكى شىرەگە تىزىپ قويۇلىدۇ. لوڭقا مەخسۇس زىننەت بۇيۇمى بولۇپ، ياز كۈنلىرى يېڭى ئېچىلغان گۈللەر چىلاپ قويۇلۇش بىلەن ئۇمۇ ئويۇق ياكى تەكچىگە تىزىپ قويۇلىدۇ.

ئىككىنچى، ئادەتتىكى سايمانلار. ئادەتتىكى سايمانلار قوشۇق (ياغاچ قوشۇق، مىس ۋە قەلەي قوشۇق)، چوكا، چويلا، سۈپرا، ئاشتاختا، نوغۇچ، كۆمەچدان، تاۋا، ئاپتۇۋا ـ چىلاپچا، ئۇرىق، ئىدىش، پالتا، كەكە، ھاۋانچا، ئەلگەك، تارتقۇ قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. بۇلارنىڭ ئىچىدە ئاپتۇۋا ـ چىلاپچا بىرقەدەر ئەلا، نەپىس بۇيۇملاردىن بولۇپ، ئادەتتە مېھمانلارنىڭ قولىغا سۇ بېرىشكە ئىشلىتىلىدۇ. ئۇرىق

كۆپىنچە ھاللاردا ناماز ئۇچۇن تاھارەت ئېلىشقا ئىشلىتىلىدۇ. ئېۋرىق ئادەتتە قول يۇيۇشقىمۇ ئىشلىتىلىدۇ. فارفۇردىن ياسالغان چىنە ـ قاچىلار ئۇيغۇرلارنىڭ ئەنئەنىۋى ئۆي سايمانلىرىدىن بولۇپ، ئۇزاق تارىخقا ئىگە. فارفۇر قاچىلار يىپەك يولىنىڭ ئېچىلىشى، تەرەققىي قىلىشىغا ئەگىشىپ ئىچكى ئۆلكىلەردىن ئۇيغۇرلار ئىچىگە ۋە ئۇيغۇرلار ئارقىلىق غەربكە تارقالغان[1].

[1] ئابدۇرەھىم ھەبىبۇللا: «ئۇيغۇر ئېتنوگرافىيەسى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1993 ـ يىلى 4 ـ ئاي نەشرى، 167 ـ، 170 ـ بەتلەر.

# ئالتىنچى باب

## ئۇيغۇرلارنىڭ كىيىنىش ئادەتلىرى

كىيىم ـ كېچەكلەر ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ فولكلور مەدەنىيىتىدىكى ناھايىتى چوڭ بىر ساھە بولۇپ، ئۇنى ھەرقايسى خەلقلەرنىڭ جۇغراپىيەلىك شارائىتى، ئەنئەنىۋى تۇرمۇش ئۆرپ ـ ئادىتى، گۈزەللىك قارىشى، دىنىي ئېتىقادى ۋە پسىخىكىلىق ئالاھىدىلىكى ئىپادىلىگەن رەڭگارەڭ دۇنيا دېيىشكە بولىدۇ. تەگرىتاغنىڭ جەنۇبى ۋە شىمالىدىكى كەڭ ۋادىلاردا ياشاپ كېلىۋاتقان ھەر مىللەت خەلقى ئۆزىگە خاس مىللىي كىيىم ـ كېچەك مەدەنىيىتىگە ئىگە بولۇپ، تۈر ۋە رەڭگىنىڭ كۆپ خىللىقى، مىللىي سەنئەت ئۇسلۇبىنىڭ گەۋدىلىكلىكى، جىنس، ياش ۋە پەسىل پەرقىنىڭ روشەنلىكى، لايىھەلەش تېخنىكىسىنىڭ كۆركەملىكى ۋە ئىلمىيلىكى قاتارلىق ئالاھىدىلىكلىرى بىلەن كىشىلەرنى ئۆزىگە جەلپ قىلىدۇ. بولۇپمۇ ھېيت ـ بايرام، توي ـ تۆكۈن، ئۆلۈم ـ يېتىم، مەشرەپ، قىزقۇۋۋار، ئاقىنلار ئېيتىشى، ئوغلاق تارتىشىش، ئات بەيگىسى قاتارلىق تۈرلۈك ئەنئەنىۋى مىللىي مۇراسىم پائالىيەتلىرىدە ئۆزلىرىنىڭ مىللىي كىيىم ـ كېچەكلىرىنى كىيىشكە ئادەتلەنگەن بولۇپ، بۇ خىل سورۇنلارنى مىللىي كىيىم ـ كېچەك كۆرگەزمىسى دېيىشكە بولىدۇ.

ئۇيغۇر كىيىم ـ كېچەكلىرىنىڭ تۈرى ناھايىتى كۆپ، شەكلى ھەر خىل ۋە رەڭگارەڭ. ئۇيغۇرلارنىڭ كىيىم ـ كېچەك ئالاھىدىلىكى ھەققىدىكى تەتقىقات نەتىجىلىرىدىن قارىغاندا، ئۇلار تەبىئىي ئېھتىياج بىلەن ئېستېتىك ئېھتىياجنى بىرلەشتۈرۈپ كىيىنىش جەھەتتە روشەن مىللىي ئالاھىدىلىكنى گەۋدىلەندۈرۈشكە باشلىغان دەۋرى ناھايىتى

قەدىمكى دەۋرلەرگە تەئەللۇق. بۇنىڭدىن 1000 يىللار بۇرۇنقى دەۋرلەرگە ئائىت ئارخېئولوگىيەلىك تېپىلمىلار ۋە ھەر خىل يازما ماتېرىياللارغا ئاساسلانغاندا، ئۇيغۇرلارنىڭ ئەنئەنىۋى كىيىم-كېچەكلىرىنىڭ تۈرلىرىنى تاش كىيىم، ئىچ كىيىم دەپ ئىككى چوڭ تۈرگە، شەخسنىڭ پائالىيەت ئېھتىياجىنى چىقىش نۇقتىسى قىلغان ھالدا ئۆي ئىچىلىك كىيىم، تالالىق كىيىم، ئەمگەك كىيىمى، كەسپىي كىيىم ۋە مۇراسىم كىيىملىرى قاتارلىق تۈرلەرگە بۆلۈشكە بولىدۇ. ئومۇمەن، ماددىي تۇرمۇش شارائىتى يار بەرگەن ئەھۋال ئاستىدا ھەر خىل ئېھتىياج تۈپەيلى پەرقلىق كىيىنىش ئادىتى ئۇيغۇرلار ئارىسىدا ئۇزاق زامانلاردىن بۇيان بىر خىل ئەنئەنە بولۇپ داۋاملىشىپ كەلگەن.

قاراخانىيلار دەۋرىگە تەئەللۇق ئىككى بۈيۈك ئەسەر «قۇتادغۇبىلىك» بىلەن «تۈركىي تىللار دىۋانى» دا ئۇيغۇرلارنىڭ ئەنئەنىۋى كىيىم-كېچەكلىرى ھەققىدە خېلى ئەتراپلىق مەلۇماتلار بار. مۇشۇ مەنبەگە ئاساسلانغاندا، ئۇيغۇر كىيىم - كېچەكلىرىنىڭ مەلۇماتىغا قاراپ، تېرە كىيىم، يۇڭ كىيىم، يىپەك كىيىم ۋە پاختا رەخت كىيىم دەپ تۆت خىلغا بۆلۈنىدۇ.

ئۇيغۇرلارنىڭ كىيىم - كېچەك ئەنئەنىسىدە گۈللۈك يىپەك رەخت كىيىملەر چوڭ سالماقنى ئىگىلەيدۇ، بولۇپمۇ قەشقەرنىڭ ئۇيغۇر ئاياللىرى ھەر خىل گۈللۈك ۋە نەقىشلىك يىپەك رەخت كىيىملەرنى ياخشى كۆرىدۇ ۋە ئەتىۋارلايدۇ. ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ئۆزىگە خاس گۈزەللىك قارىشىدا نىسپىي ھالدا قىزىل رەڭ خۇشاللىق ۋە شادلىقنىڭ، ئاق رەڭ ساپلىق ۋە قۇتنىڭ، سېرىق رەڭ پەرىشانلىق ۋە غەمكىنلىكنىڭ، كۆك رەڭ ياشلىق ۋە بەخت - سائادەتنىڭ، قارا رەڭ قايغۇ - ئەلەم ۋە مۇسىبەتنىڭ سىمۋولى قىلىنغان. مۇشۇ قاراشلارغا ئاساسەن، جىنسىي پەرقىگە، ياش قۇرامىغا، كەسپىي ئالاھىدىلىكىگە، ئورۇن-مەرتىۋىسىگە، پەسىل خاراكتېرىگە ۋە تۇرمۇش ئېھتىياجىغا ئاساسەن پەرقلىق كىيىنىش ئادەتلىرى شەكىللەنگەن.

ئەر - ئاياللارغا قارىتا ئىش تەقسىماتى جەھەتتىكى ئوخشاشماسلىق،

گۈزەللىك تەلپىي ۋە پسىخولوگىيەلىك ھالىتى جەھەتتىكى ئوخشاشماسلىق، دىنىي ئېتىقاد جەھەتتىكى پەرز ئادەتلىرى قاتارلىق سەۋەبلەر تۈپەيلى قەدىمدىن تارتىپ ئەر ۋە ئاياللارنىڭ كىيىنىش ئادىتىدىمۇ روشەن پەرق بارلىققا كەلگەن. مەسىلەن، ئادەتتە ئۇيغۇر ئاياللىرى گۈللۈك رەختلەردىن ئۇزۇن كۆڭلەك ۋە ئوشۇقنى يېپىپ تۇرىدىغان ئىشتان، كۆڭلەك ئۈستىگە تىك ياقىلىق جىلىتكە ياكى تاۋار جىلىتكە، ئىزمىلىك كەمزۇل چاپان قاتارلىق گۈللۈك كىيىملەرنى كىيىشكە ئادەتلەنگەن؛ ئەرلەر بولسا، گۈلسىز سىدام رەختلەردىن (كۆپرەك ئاق، قارا، قارا كۆك، كۈل رەڭ) تىزىنى يېپىپ تۇرىدىغان، ئالدى ئوچۇق تونچە كۆڭلەك ياكى ئەستەرلىك تونچە چاپان، ئۇزۇن ئىشتان، كاشا (تۆگە يۇڭىدا توقۇلغان 5 ــ 10 سانتىمېتىر كەڭلىكتىكى بەلباغ) ياكى رەخت بىلەن بېلىنى باغلاپ، سول يېنىغا غىلاپلىق پىچاق ئاسىدۇ. بالىلار ۋە ياشلار كۆپرەك تىك ياكى بۆرەك ياقىلىق خالتا كۆڭلەك ۋە كەمزۇل چاپان كىيىدۇ. كۆڭلەكنىڭ ياقىسى ۋە ئالدى پېشىگە مىللىي ئۇسلۇبتا رەڭلىك يىپ بىلەن كانۋا ئىشلىگەن كۆڭلەكلەرنى ياشلار تېخىمۇ ياخشى كۆرىدۇ.

كىيىنىش ئادىتى دەۋرىيلىككە ئىگە بولۇپ، دەۋرنىڭ ئۆزگىرىشىگە ئەگىشىپ، كىيىم - كېچەكتىمۇ نىسپىي ھالدا ئۆزگىرىش ھاسىل بولىدۇ، جۈملىدىن جۇغراپىيەلىك شارائىت ۋە تۇرمۇش سەۋىيەسى جەھەتتىكى پەرقلەر تۈپەيلى كىيىم - كېچەك جەھەتتىمۇ بەزى پەرقلەر پەيدا بولىدۇ. مەسىلەن، ئۇيغۇرلارنىڭ ھازىرقى كىيىنىش ئادىتى بىلەن ئۆتمۈشتىكى كىيىنىش ئادىتى، شەھەردىكىلەر بىلەن يېزىدىكىلەرنىڭ كىيىنىش ئادىتى مەلۇم پەرقلەرگە ئىگە.

قەشقەردىكى ئۇيغۇرلار ئۆزلىرىنىڭ ئورۇنلاشقان ئالاھىدە جۇغراپىيەلىك مۇھىتى ۋە تۇرمۇش، كىيىم - كېچەك ئادىتىدە ئۇيغۇر ئەنئەنىۋى كىيىم - كېچەكلىرىگە ۋارىسلىق قىلغان، ساقلىغان بولسا، ئۆزلىرىنىڭ گۈزەللىك قاراشلىرىدا ئۇيغۇر كىيىم - كېچەكلىرىنىڭ ئەڭ ئېسىل، نادىر ئۈلگىلىرىنى قوبۇل قىلغان ھەم ئۆزلىرىگە خاس ھالەتتە راۋاجلاندۇرغان.

## 1. كىيىم ـ كېچەك تۈرلىرى

### باش كىيىم

ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ تۇرمۇش ئالاھىدىلىكى، جۇغراپىيەلىك شەرت ـ شارائىتى، دىنىي ئېتىقادى، مەدەنىيەت سەۋىيەسى ۋە گۈزەللىك قارىشى قاتارلىق تەرەپلەرنىڭ ئوخشاشماسلىقى سەۋەبلىك، ئۇلارنىڭ كىيىنىش ئادىتىدە روشەن مىللىي پەرق كېلىپ چىقىدۇ.

ئۇيغۇرلارنىڭ مىللىي كىيىنىش ئادىتىدە باش كىيىمنىڭ رولى ناھايىتى چوڭ. ئۇيغۇرلار تۆت پەسىلنىڭ ھەممىسىدە ئوخشاشمىغان باش كىيىملەرنى كىيىشكە، ئاياللىرى ئومۇمەن بېشىغا ياغلىق سېلىشقا ياكى دوپپا كىيىشكە ئادەتلەنگەن، ئىشقىلىپ باش كىيىمسىز يۈرۈشنى يامان كۆرىدۇ، بولۇپمۇ نەزىر ـ چىراغقا بارغاندا مەيلى ئەر ياكى ئايال بولسۇن، چوقۇم باش كىيىم كىيىشى شەرت. خەلقىمىزنىڭ ئەنئەنىۋى قارىشىدا ئاممىۋى سورۇنلاردا باش كىيىمسىز بېرىش بىر خىل ھۆرمەتسىزلىك ۋە ئەدەپسىزلىك ھېسابلىنىدۇ.

رايون پەرقى، كەسپىي پەرق ۋە ياش قۇرام پەرقى تۈپەيلىدىن ئۇيغۇرلارنىڭ باش كىيىملىرى ناھايىتى كۆپ خىللىشىپ كەتكەن. شۇنىڭ ئۈچۈن، كىيگەن باش كىيىمگە قاراپ شۇ كىشىنىڭ قەيەرلىك ئىكەنلىكىنى، قانداق كەسىپ بىلەن شۇغۇللىنىدىغانلىقىنى ھەمدە ياش قۇرامىنى بىلگىلى بولىدۇ.

ئۇيغۇرلارنىڭ باش كىيىمى شەكىل جەھەتتىن ئومۇمەن قىشلىق تېرە تۇماق، سىدام دوپپا ۋە گۈللۈك دوپپىدىن ئىبارەت ئۈچ خىل بولىدۇ. بۇ باش كىيىملەرنىڭ ھەرقايسى تۈرىدە يەرلىك رايون پەرقى روشەن گەۋدىلەنگەن.

### بۆك

بۆك ئۇيغۇر كىيىم ـ كېچەكلىرىنىڭ ئىچىدىكى ئەڭ مۇھىم بىر تەركىب بولۇپ، بۆك كىيىش چوڭ ـ كىچىك، قېرى ـ ياش، ئەر-

ئايال، قىز - ئوغۇللارنىڭ مۇھىم ئادىتىدۇر. بۆك قەدىمكى دەۋرلەردە «بۆرك تۆپە» دەپ ئاتالغان. بۆكنىڭ قىشلىقى ۋە يازلىقى بولۇپ، قىشلىقى تۇماق، يازلىقى دوپپا دەپ ئاتىلىدۇ. تۇماقلار ھەر خىل بولۇپ، قۇلاقچا، كۇلا، قالپاق دەپ؛ دوپپىلار سىدام دوپپا، گۈللۈك دوپپا، گىلەم دوپپا، كەشتە دوپپا، ئۇنچە دوپپا، قاداق دوپپا، تاجى دوپپا، شاپاق دوپپا دەپ؛ بىرنەچچە تۈرگە ئايرىلىدۇ. قىشتا ھەر خىل تېرىدىن ئىشلەنگەن تۇماقلارنى كىيىدۇ. جەنۇبىي شىنجاڭنىڭ بەزى يەرلىرىدە ئەر- ئاياللار ئوخشاشلا يازدىمۇ تۇماق كىيىدىغان ئادەتلەرمۇ بار. بۇنىڭ باشنى سالقىن تۇتۇش، ئىسسىق ئۆتۈشتىن ساقلاش خۇسۇسىيىتى بار. ئەرلەر ئەتىياز، ياز، كۈزلەردە كۆپىنچە دوپپا كىيىدۇ. ياشانغان ئاياللارمۇ ئادەتتە رومال ئۈستىگە بىرئاز ساددىراق گۈل - كەشتە چېكىلگەن ئايالچە دوپپىلارنى كىيىدۇ. ياش قىز - چوكانلار روماللىق ياكى رومالسىز ھەر خىل رەڭدار ئايالچە دوپپىلارنى كىيىدۇ، بولۇپمۇ ھېيت- بايراملاردا تېخىمۇ رەڭدار دوپپىلار بىلەن ياسىنىدۇ. ھازىر كۆپ ئەرلەر ئۆزىنىڭ ياسىنىش ئارزۇسى بويىچە ھەممە پەسىلدە شىلەپە كىيىشنى ئادەتكە ئايلاندۇرماقتا. ئاياللارمۇ ھەر خىل مودا شىلەپىلەر بىلەن ياسىنىشقا قاراپ يۈزلەنمەكتە.

دوپپا ئۇيغۇرلارنىڭ ئېستېتىك قارىشىدا ئەكس ئەتكەن تەبىئەت گۈزەللىكىنىڭ ئوبرازى سۈپىتىدە روشەن مىللىيلىككە ئىگە بولغان يازلىق باش كىيىم ھېسابلىنىدۇ. ئۇيغۇر دوپپىلىرى نۇسخىسىنىڭ كۆپ خىللىقلىقى، ھۈنەر - سەنئەت جەھەتتىكى نەپىسلىكى بىلەن دۇنياغا مەشھۇر. ئۇيغۇرلار ئەنئەنىۋى باش كىيىملىرىگە ۋارىسلىق قىلىپ، ئۇنى ساقلاپ قېلىش بىلەن بىرگە يەنە ئۇيغۇر دوپپىلىرىنىڭ ئەڭ ئېسىل نەمۇنىلىرىنى ئۆزىنىڭ باش كىيىم ئادەتلىرىگە سىڭدۈرۈۋەتكەن.

ئۇيغۇر دوپپىلىرىنىڭ تۈرى ناھايىتى كۆپ، بادام دوپپا، تاشكەنت دوپپا، گىلەم دوپپا، مەنپۇ دوپپا، تۈگۈچ مەنپۇ دوپپا، ئۇنچە دوپپا، كالۇۋتۇن دوپپا، ئىلمە گۈللۈك دوپپا، چىمەن دوپپا، تور باسقان دوپپا، مارجان دوپپا، ئالتۇن قاداق دوپپا، سىدام دۇخاۋا دوپپا، شاپاق دوپپا قاتارلىق 100 خىلدىن ئاشىدۇ. بۇ دوپپىلار نوقۇل باش كىيىملا

بولۇپ قالماستىن، ئۇ يەنە بىر خىل گۈزەل سەنئەت بۇيۇمى ھېسابلىنىدۇ.

ئۇيغۇر دوپپىلىرى ئىچىدە قەشقەردە ئەڭ كەڭ ئومۇملاشقىنى بادام دوپپا بولۇپ، ئۇ ئۇيغۇرلارنىڭ سىمۋولى ھېسابلىنىدۇ. بادام دوپپىنىڭ تۆرلىرىمۇ بىرقانچە خىل بولۇپ، ھەممىسىگە تۆت دانە بادام شەكىللىك يېرىم ئاي نۇسخىسى ۋە جىيەكنىڭ ئۈستىگە چۈشۈرۈلگەن گۈمبەز شەكىللىك گۈل نەقش قىلىپ جۇلالىق ئاق مەشۇت بىلەن تىكىلگەن. بۇ گوياكى ئاي ئەتراپىدا جىمىرلاپ تۇرغان سانسىز يۇلتۇزلارنى ئەسلىتىدۇ. گۈللۈك ۋە زەر باسقان دوپپىلار ئاياللارغا خاس بولۇپ، ئۇنىڭ نۇسخىلىرىمۇ كۆزنى چاقنىتىدۇ.

قىزىل ۋە يېشىل دۇخاۋىدىن تىكىلگەن سىدام دوپپىلار كۆپرەك شىمالىي شىنجاڭ ئۇيغۇرلىرى ئارىسىدا ئومۇملاشقان بولۇپ، بۇ دوپپىلارنىڭ رەڭگى ئۇيغۇرلارنىڭ رەڭ ھەققىدىكى ئەنئەنىۋى چۈشەنچىلىرى بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك.

ئەجدادلىرىمىز ياراتقان تۇماق ۋە دوپپىلار 60 خىلدىن كۆپ بولۇپ، بۇگۈنكى دەۋرگە كەلگەندە ماتېرىياللارنىڭ رەڭگى، ئالاھىدىلىكى ۋە گۈل نۇسخىلىرىنىڭ ئۆزگىچىلىكى بويىچە ئايرىغاندا 200 خىلدىن ئاشىدىغانلىقى دەلىللەنمەكتە.

دوپپا ۋە تۇماقلار ئۇزاق دەۋرلەردىن بۇيان يالغۇز كىيىم قاتارىدا ئىشلىتىلىپلا قالماستىن، يەنە دوستلار، ئاشىق - مەشۇقلار ئۆزئارا سوۋغات سۇپىتىدە بىر - بىرىگە تەقدىم قىلىدىغان، ئەل ئىچىدىكى تۆھپىكارلار ۋە مەشھۇر زاتلارغا تون كىيدۈرۈش يۈزىسىدىن ئۇيۇشتۇرۇلغان ھەر خىل پائالىيەتلەردە تون بىلەن بىرگە دوپپىنىمۇ بىباھا بۇيۇم سۈپىتىدە تەقدىم قىلىدىغان ياخشى ئادەت ھېلىغىچە داۋاملىشىپ كېلىۋاتىدۇ.

دوپپا، تۇماقلارنىڭ ئاساسلىقلىرى تۆۋەندىكىچە:

**بادام دوپپا:** بۇ بادام ئۇرۇقىنىڭ ئۆزگەرگەن شەكلىنى رەخت ئۈستىگە كەشتىلەش ئارقىلىق تەييارلىنىدۇ. رەختى ئاساسىي جەھەتتىن تاۋار-دۈردۈندىن بولۇپ، تەكتى قارا، كەشتە گۈلى ئاق بولىدۇ. كىيگۈچىگە

ناھايىتى سالاپەت، پاكلىق، ئوچۇق - يورۇقلۇق تۇيغۇسى بېرىدۇ. بۇ ئۇيغۇر ئەرلىرىنىڭ ياقتۇرۇپ كىيىدىغان دوپپىسى بولۇپ، قېرى - ياشلارغا ئوخشاشلا ماس كېلىدۇ.

**زەر دوپپا:** بۇ ئالتۇن رەڭلىك يىپەك رەختكە كۈمۈش رەڭلىك يىپتا ھەر خىل گۈل چېكىپ تەييارلانغان دوپپا بولۇپ، قىزلار ۋە ئوتتۇرا ياش ئاياللارغا ماس كېلىدۇ.

**چىمەن دوپپا:** بۇ ئادەتتە ئۇيغۇرلار ناھايىتى كۆپ كىيىدىغان دوپپا بولۇپ، سۇس يېشىل ۋە ئاقۇچ يېشىل سىدام تاۋار - دۇردۇنلاردىن تىكىلىدۇ. دوپپا تالاسىغا بۇغدايىنىڭ شەكلىدىن ئۆزگەرتىلگەن باشاق ۋە باشاق ياپراقلىرىنى گېئومېترىيەلىك سىزىقچىلار بويىچە كەشتىلەش ئارقىلىق تەييارلىنىدۇ. كۆپىنچە زىيالىيلار ۋە زىيالىيلارغا ئوخشاش ياسىنىشنى ئارزۇ قىلىدىغانلار كۆپ كىيىدۇ.

**شاپاق دوپپا:** ئەرلەرنىڭ، بولۇپمۇ جەنۇبىي شىنجاڭدىكى چوڭ - كىچىك، قېرى - ياش ئەرلەرنىڭ يازدا كىيىدىغان دوپپىسى بولۇپ، ئەستەرلەنگەن ئاق خەسىنى ئۇششاق سىيرىش ۋە گېزىكىگە مەشۇت يىپتا دولقۇنلاۋاتقان چېچەك تۇيغۇسىنى بېرىدىغان بىر نەچچە تال سادا گۈل نۇسخىسى ئىشلەش ئارقىلىق تەييارلىنىدۇ. بۇ دوپپىنى يەنە قىشتا ھەر خىل تۇماقلارنىڭ ئەستىرىنىڭ پاكىزلىقىنى ساقلاش ئۈچۈن تۇماق ئىچىگە كىيىدۇ. شاپاق دوپپا قوغۇن - تاۋۇزنىڭ ئىككى پارچە قىلىنغان شاپىقىغا تەقلىد قىلىپ كەشىپ قىلىنغان باش كىيىمى بولۇپ، تارىخى ئىنتايىن ئۇزاق دەۋرلەرگە مەنسۇپ.

**ئۈنچە دوپپا:** تېشى دۇخاۋا ياكى دۇخاۋىسىمان رەختلەردىن ئىشلىنىدۇ، دوپپا تالاسىغا ھەر خىل ئۈنچە - مارجانلارنى تىزىش ئارقىلىق كۆپ خىل گۈل - كەشتە ئۆرنەكلىرىنى ھاسىل قىلىپ تەييارلىنىدۇ. بۇ خىل دوپپىنى قىز - چوكانلار كۆپ كىيىدۇ.

**گىلەم دوپپا:** بۇ خىل دوپپا تېشىنى گىلەم توقۇش ئۇسۇلىغا ئوخشاش ئىلما كەشتە ماھارىتى بىلەن كەشتىلەپ ئىشلىنىدىغان دوپپىدۇر. بۇ دوپپىنىڭ ئەمگەك سەرپىياتى ۋە قىيىنلىق دەرىجىسى بىرقەدەر يۇقىرى بولغانلىقى ئۈچۈن، بازارلاردا كۆپ بولىسمۇ، ھەقىقىي قول بىلەن

ئىشلەنگەنلىرى ناھايىتى ئاز ئۇچرايدۇ. ياش قىز - چوكانلار ناھايىتى ئەتىۋارلاپ كىيىدۇ.

**مەنپۇ دوپپا:** ھەر خىل مەخمەللەردىن گىرىكىگە تۆت گۇرۇپپا، تۆپىلىكىگە تۆت گۇرۇپپا چاسا ياكى يۇملاق شەكىللىك گۈل - چېچەكلەر كەشتىلىنىپ تەييارلىنىدۇ. بۇ دوپپا چوڭ - كىچىك، قېرى - ياش، ئەر - ئاياللارغا مۇناسىپ كېلىدۇ.

**ئالتۇن قاداق دوپپا:** بۇ ئۆتمۈشتىن تارتىپ بىر قىسىم پۇلدار ئاياللار ئۈچۈن ساپ ئالتۇندىن ھەر خىل چېچەك نۇسخىلىرىغا تەقلىد قىلىپ ياسىغان، قاداقلارنى تەييارلاپ دوپپا گىرىكى ۋە تۆپىلىكىگە تىزىش ئارقىلىق تەييارلايدىغان دوپپا بولۇپ، ئىنتايىن ئاز ساندىكى ئاياللار بۇ دوپپىنى كىيىپ ئۆزىنىڭ ئېسىلزادىلىكىنى نامايان قىلىدىغان ئادەتلەر بار ئىدى. ئارىلىقتا ھەر خىل سەۋەبلەر تۈپەيلى يوقالغان بولسىمۇ، لېكىن يېقىنقى يىللاردىن بۇيانقى خەلق تۇرمۇشىنىڭ ئۇزلۇكسىز ئۆسۈشى ئالتۇن قاداق دوپپىنىڭ قايتىدىن باش كۆتۈرۈشىگە سەۋەبچى بولۇپ، نۆۋەتتە نۇرغۇن ئاياللار، بولۇپمۇ قەشقەردىكى ھاللىق ئائىلە ئاياللىرى ئالاھىدە زاكاز قىلدۇرۇپ، توي - تۆكۈن، ھېيت - بايرام ۋە زىياپەت سورۇنلىرىدا ئالتۇن قاداق دوپپا بىلەن ياسىنىدىغان ۋە ئەزىزلىرىگە تەقدىم قىلىدىغان ھالەت شەكىللەنمەكتە.

**بەش تالا دوپپا:** بۇ دوپپا ئاساسىي جەھەتتىن بەش تالانىڭ بىرلەشتۈرۈلۈشى بىلەن تەييارلىنىدۇ. بۇ دوپپا بالىلارغا ئاتاپ غەيرىي ۋە رومانتىك گۈل نۇسخىلىرىنى چۈشۈرۈش ئارقىلىق تەييارلىنىدۇ. بالىلارنى ئىنتايىن ئۇماق ۋە جۇشقۇن كۆرسىتىدۇ.

**سەرپۇش دوپپا:** بۇ بىر خىل ئېگىز گىرەكلىك دوپپا بولۇپ، «سەللە دوپپا» دەپمۇ ئاتىلىدۇ. دىنىي ئۆلىمالار، ئاخۇن - مولىلار ئىسسىق كۈنلەردە بۇ دوپپىنى كىيىپ، ئۈستىگە ئاق خەسە ياكى داكىدىن تەييارلانغان سەللە ئوراپ ھەر خىل پائالىيەتلەرگە قاتنىشىدۇ.

**ئاق دوپپا:** بۇ گىرىكى چوڭقۇرراق، تۆپىلىكى كەڭرەك ئېلىنىدىغان شاپاق دوپپىغا ئوخشىشىپ كېتىدىغان دوپپا بولۇپ، ئەرلەر ھەر ۋاقىت ۋە ناماز سورۇنلىرىدا كىيىدۇ.

بۇلاردىن باشقا، دوپپا - تۇماقلارنىڭ تۈرلىرىمۇ ناھايىتى كۆپ بولۇپ، دوپپىلاردىن يەنە تاج دوپپا، كېرىيە دوپپىسى (مەللە دوپپا)، تۇرپان دوپپىسى، قومۇل دوپپىسى، ئاتۇش دوپپىسى، ئىلى سىدام دوپپىسى، ئىلى گۈللۈك دوپپىسى قاتارلىقلار بار. تۇماقلاردىن ئاق تۇماق، سەرپۇش تۇرماق، پاپاخ تۇماق، كۇلا تۇماق، قاسقان گېزەك تۇماق، قەشقەر تۇمىقى، يېڭىسار تۇمىقى، خوتەن تۇمىقى، سالۋاي تۇماق، سۆسەر تۇماق، كەمچەت تۇماق، قۇندۇز تۇماق، بابۇر تۇماق، تۈلكە تۇماق، بۆلغۈن تۇماق، مالىخاي تۇماق، كىگىز قالپاق، چىغ قالپاق، كەتمەن شەپكە، تالا شەپكە، قاسقان شەپكە، قۇلاقچا، نوركا قۇلاقچا...... قاتارلىقلار بار.

بىزنىڭ دوپپا كىيىشىمىزدە ھەر خىل ئوخشاشماسلىق مەۋجۇت. خېلى ئۇزاق يىللاردىن بۇيان بىزنىڭ بىر قىسىم ئەرلىرىمىز، بولۇپمۇ ياشلىرىمىز دوپپىنىڭ تالا قىرىنى پېشانىسىنىڭ ئوتتۇرىغا توغرىلاپ كىيىۋاتىدۇ. يەنە بىر قىسىم ئەرلىرىمىز، بولۇپمۇ پېشقەدەم ئەرلىرىمىز دوپپىنىڭ چاسا ھالىتىنى پېشانىسىنىڭ ئوتتۇرىغا توغرىلاپ كىيىۋاتىدۇ. ئاياللىرىمىز خېلى ئۇزاق يىللاردىن بۇيان دوپپىنىڭ چاسا ھالىتىنى پېشانىسىنىڭ ئوتتۇرىغا توغرىلاپ كىيىۋاتىدۇ. بۇ خىل كىيىنىش ئەر- ئاياللارنىڭ دوپپا كىيىشتىكى جىنسىي پەرقىنىڭ مۇھىم بىر ئايرىمىسى دەيدىغان توغرا بولمىغان قاراشلارمۇ بار. لېكىن، يېقىندىن بېرى ئاياللاردىمۇ بەزىلىرى قىرىنى، بەزىلىرى چاسا ھالىتىنى پېشانىسىگە توغرىلاپ كىيىدىغان ئوخشاشماسلىق پەيدا بولماقتا، ھەتتا يەنە ئەر- ئاياللاردا ئوخشاشلا دوپپىنىڭ قىرىنى ئوڭ چېكىسى ياكى سول چېكىسىگە سىڭايان قىلىپ كىيىدىغان ئادەتلەرمۇ ئاز ئەمەس. بۇ بىر كىيىنىشتىكى تەرتىپسىزلىك بولۇپ، بۇنداق ياسىنىش داۋاملىشىۋەرسە، بىزنىڭ دوپپىدىن ئىبارەت بۇ بۈيۈك مەدەنىيىتىمىزنىڭ گۈزەل ئوبرازىغا ھەم مىللىتىمىزنىڭ ياسىنىش گۈزەللىكى ۋە ساپاسىغا ئوخشىمىغان يامان ئىللەتلەرنى ئېلىپ كېلىدۇ. شىنجاڭنىڭ جەنۇبى ۋە شىمالىغا بارغىنىمىزدا مەخسۇس شەھەر - بازارلاردىكى، يېزا- قىشلاقلاردىكى دوپپا كىيگەن كىشىلەرگە، تېلېۋىزور تەشۋىقاتلىرىدىكى

پېشقەدەملەر زىيارەتلىرىگە، ئوتتۇرا ئاسىيادىن رايونىمىزغا كەلگەن قېرىنداش مىللەتلەرنىڭ دوپپا كىيىش ئالاھىدىلىكىگە چوڭقۇر دىققەت قىلدۇق ۋە ئىنچىكىلىك بىلەن كۆزەتتۇق. بۇنىڭدىن شۇنى بىلدۇقكى، بىزنىڭ پېشقەدەم ئەجدادلىرىمىز ئەزەلدىن دوپپىنىڭ چاسا ھالىتىنى پېشانىسىنىڭ ئوتتۇرىغا توغرىلاپ كىيىپ كەلگەنىكەن.

گۈزەللىك نۇقتىسىدىن قارىغاندىمۇ ئوخشاش دوپپىنى ئوخشىمىغان ھالەتتە كىيگەن ئىككى كىشىنى ئىنچىكە كۆزەتكەندە، چاسا ھالىتىنى پېشانىسىنىڭ ئوتتۇرىغا توغرىلاپ كىيگەن كىشىنىڭ ئوبرازى كىشىلەرگە يېقىملىق ۋە نەپىسلىك تۇيغۇسى بېرىدىكەن[1].

**تۇماق:** تۇماق ئادەتتە ئۇيغۇرلارنىڭ قىشلىق باش كىيىمى بولۇپ، ئاساسەن تېرىدىن ئىشلىنىدۇ. نۇسخا جەھەتتىن ئاق تۇماق، سالۋا تۇماق، سوغا تۇماق، كولا تۇماق، مۇغەمبەر تۇماق، دومچە، كەمچەت تۇماق، بەگچە تۇماق، كۆرپە تۇماق، قارا كۆرپە تۇماق، قولاقچا، ھاكىم تۇماق، كۆرەك تۇماق، ئەلتېرە تۇماق، غىجىم تۇماق، جىيەك تۇماق، پىپى تۇماق، زىغزىق تۇماق، سەللا تۇماق، بۆك تۇماق، تەلپەك ۋە يېڭىسار تۇمىقى، كېرىيە تۇمىقى، ساغان تۇمىقى، ھەربىيچە تۇماق، سۆسەر تۇماق، قاما تۇماق قاتارلىق ئون نەچچە خىلدىن ئاشىدۇ. ھەرقايسى خىلدىكى تۇماقنىڭ ئۆزىگە خاس ئالاھىدىلىكى بولۇپ، نەپىس ۋە كۆركەم ئىشلەنگەن. بۇ تۇماقلارنىڭ كۆپچىلىكى ئاشلانغان يۇمشاق تېرىدىن ئىشلىنىپ، ئېغىز گىرۋىكىگە سۈپەتلىك كۆرپىدىن چوڭ- كىچىك زىغىزىق تۇتۇلغان، بەزى تۇماقلارنىڭ ئۈستىگە قارا ياكى باشقا رەڭلىك رەختلەردىن بىر قەۋەت تاشلىق تۇتۇلۇپ، ئەستىرىگە تېرە ئېلىنغان. ھەر خىل تۇماقلارنىڭ ئۆزىگە خاس قېلىپى بولۇپ، ئۇنىڭغا تۇماقچىلىقنى كەسىپ قىلغان ھۈنەرۋەنلەرنىڭ يۈكسەك ماھارىتى سىڭدۈرۈلگەن. ئۇيغۇر دولان تۇماقلىرىنىڭ ئېگىزلىكى ئادەتتە 20 — 40 سانتىمېتىر ئەتراپىدا بولىدۇ.

---

[1] ئابدۇرېشىت زۇنۇن: «ئۇيغۇر بۆكلىرى»، «مىراس» ژۇرنىلىنىڭ 2008- يىللىق 2 - سانى، 21 - ، 24- بەتلەر.

ئايالّلارنىڭ تۇمىقى پەرقلىق بولۇپ، كۆپرەك ياشانغان ئايالّلار ياكى بىرقەدەر مەرتىۋىلىك ئايالّلار ھەر خىل مۇراسىملارغا قاتناشقاندا تۇماق كىيىدۇ. بۇ «قاما تۇماق» دېيىلىپ، ئۈستى قارا مەخمەل ياكى قارا دۇخاۋا بىلەن قاپلىنىدۇ. قاسقىنىغا بۆرەكچە شەكلىدە 3 ــ 4 سانتىمېتىر كەڭلىكتىكى ئەتىۋارلىق قامىدىن گىرۋەك ئورنىتىلىدۇ. ئىچىگە يۇمشاق ئەلتېرىدىن ئەستەرلىك ئېلىنىدۇ. بۇ تۇماقنىڭ تەننەرخى خېلى يۇقىرى بولغاچقا، ھاللىق شەھەر ئاياللىرى ئىچىدە كۆپرەك ئومۇملاشقان.

قۇلاقچىمۇ ئۇيغۇرلار كېيىنچە قوبۇل قىلغان ھازىرقى زامان قىشلىق باش كىيىملىرىدىن بىرى. بىراق، قەشقەرنىڭ يېزا - قىشلاقلىرىدا ئۇيغۇرلارنىڭ يۇقىرىقى ئەنئەنىۋى تۇماقلىرى يەنىلا ئاساسلىق باش كىيىم ھېسابلىنىدۇ.

## ئاياغ كىيىم

ئۇيغۇرلارنىڭ ئاياغ كىيىمى روشەن ئالاھىدىلىككە ئىگە بولۇپ، ئاساسەن قىشلىق ۋە يازلىق دەپ ئىككى خىلغا بۆلۈنىدۇ. ئۇيغۇرلارنىڭ خىلمۇخىل ئاياغ كىيىملىرى ئىچىدە ئۆتۈك ئاساسلىق ئورۇننى ئىگىلەيدۇ. ئۆتۈك ئىنسانىيەت جەمئىيىتىنىڭ «قەھرىمانلىق دەۋرى» دەپ ئاتالغان ئاتلىقلار مەدەنىيەت دەۋرى بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولۇپ، ئۇ ئەسلىدە ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ، بولۇپمۇ شىنجاڭنىڭ ئەنئەنىۋى مەھسۇلاتى. شۇنىڭ ئۈچۈن، ئۇيغۇرلار ئارىسىدا موزدۇزلۇق قەدىمكى ئەنئەنىۋى قول ھۈنەر - كەسپلىرى ئىچىدە ناھايىتى كەڭ ئومۇملاشقان. ئادەتتە ئۇيغۇر قول ھۈنەر - سەنئىتى كۆپرەك شەھەرلەرگە مەركەزلەشكەن. ئەمما، موزدۇزلۇق شەھەرلەردىن تاشقىرى، يېزا - قىشلاقلارغىچە كەڭ يېيىلغان.

ئۇيغۇرلارنىڭ ئەنئەنىۋى قارىشىدا پۇتنى ئىسسىق، قۇرۇق تۇتۇش ۋە نەمدىن خالىي ساقلاش ساغلاملىقنىڭ مۇھىم ئامىلى دەپ ھېسابلايدۇ. شۇ سەۋەبتىن، ئەر - ئايالّلار دېگۈدەك ئۆيدىن تالاغا چىقىپلا تۆت پەسىلنىڭ ھەممىسىدە ئۆتۈك ياكى مەسە - كالاچ كىيىپ يۈرۈشكە

ئادەتلەنگەن. ئۇيغۇرلارنىڭ كالىچى ئۆتۈك ياكى مەسىگە مۇۋاپىقلاشتۇرۇلۇپ، كۆن (بۇلغار) ياكى خۇرۇمدىن مەخسۇس ئىشلەنگەن بولۇپ، ئۇيغۇرلارنىڭ تۇرمۇش ئادىتىگە ناھايىتى ماسلاشقان، يەنى ئۇيغۇرلار ئادەتتە ئۆيگە كىلەم، شىرداق ياكى كىگىز سېلىپ، ئۈستىگە مېھمان كۆرپىسى سېلىپ قويىدۇ. ئۆيگە كىرگەن ھەرقانداق بىر كىشىنى ھۆرمەت بىلەن كۆرپە ئۈستىگە باشلايدۇ. ئۇيغۇرلاردا مېھمانغا بارسا ئاياغ كىيىمنى سېلىپ كۆرپە ئۈستىگە چىقىدىغان ئادەت بولۇپ، بۇنىڭ رولىنى ئەنە شۇ كالاچ ئوينىغان. دېمەك، كالاچنى سېلىۋېتىپ، پاكىز ئۆتۈك ياكى مەسە بىلەن ئولتۇرىدۇ. نەتىجىدە، ئۆي ئىگىسىنىڭ كىگىز-كېچەكلىرى بۇلغانمايدۇ. يەنە بىر تەرەپتىن بۇ خىل كالاچ ئۆتۈك، مەسىنى ئاسراش رولىنى ئوينايدۇ. ئادەتتە ياشلار مەسە - كالاچ كىيمەيدۇ. بۇنداق ئىسكىلاچ مەسىنى ياشانغان مويسىپىتلەر قىش - ياز دېگۈدەك پۇتىدىن ئاجراتمايدۇ. ھەرقانداق ئۆتۈك ياكى مەسە كىيگەنلەرنىڭ ھەممىسى يۇمشاق ئاق ماتادا پۇتىغا پايتىما ئورايدۇ. بۇ خىل پايتىما پۇتنى نەملىكتىن ساقلاپ، پۇت تەرلەشنىڭ ئالدىنى ئالىدۇ.

ياشلار ئادەتتە كالاچسىز ئۆتۈك كىيىدۇ. بۇ خىل ئۆتۈك نەپىس ۋە مەزمۇت ئىشلەنگەن بولۇپ، كۆپىنچە كالا خۇرۇمىدا تىكىلىدۇ. قونچى ئۇزۇن بولۇپ، تىزغا چىقىدۇ. رەڭگى قارا ياكى قىزغۇچ بولۇپ، بەزىلىرىنىڭ پاشنىسى ئېگىز (3 ـــ 4 سانتىمېتىر)، بەزىلىرىنىڭ ئارا پاشنا (1 ـــ 2 سانتىمېتىر) بولىدۇ. تۇمشۇقى بۆرەكچە ئارا پاشنىلىق ئۆتۈك خەلق تىلىدا ئورۇسچە ئۆتۈك دېيىلىدۇ. تۇمشۇقى يۇقىرىغا قاراپ تۇرىدىغان قۇش تۇمشۇقلۇق ئۆتۈك كاۋكازچە ئۆتۈك دېيىلىدۇ. ئۇيغۇر موزدۇزلىرى ئۆتۈكنىڭ چەمنى چاپلىغاندا قېيىن مىخ قاقىدۇ ياكى موملانغان پىششىق يىپ بىلەن قوش بېخى قىلىپ تىكىدۇ. بەزى ئۆتۈكلەرنىڭ چەمى بىلەن پېتەكنىڭ ئارىسىغا غاچ - غاچ (غاچىلداق) قويىدۇ. ئۇيغۇرلاردا ئۆتۈك ۋە پايپاق، پېتەككە ئالاقىدار ئاتالغۇلاردىن ئۇك خۇرۇم ئۆتۈك، تەتۈر خۇرۇم ئۆتۈك، چورۇق، تېرە پايپاق، يۇڭ پايپاق، كىگىز پايپاق، سەندەل، لېپەك، پېتەك، تىزلىق قاتارلىقلار بار.

## ئىچ كىيىم

ئىچ كىيىمنىڭ تۈرلىرى خېلى كۆپ بولۇپ، قەدىمدىن تارتىپلا ئەجدادلىرىمىز ئىچ كىيىمگە ئىنتايىن ئەھمىيەت بېرىپ كەلگەن.

**جىلىتكە:** جىلىتكە ئومۇملاشتۇرۇلۇپ ئاتىلىشى بولۇپ، شەكلى ھەر خىل بولىدۇ. ئادەتتە كۆڭلەكنىڭ ئۈستىگە كىيىلىدۇ. مەيلى قايسى خىلدىكى جىلىتكە بولسۇن، كەچ كۈز، ئەتىياز پەسىللىرىدە كىيىلىدۇ. «دىۋان» دا «ئارتىغ» — ئايالچە جىلىتكە، «ئىچمەك» — ئەرەنچە تىرە جىلىتكە دەپ بېرىلگەن، بىراق شەكلى توغرىسىدا مەلۇمات بېرىلمىگەن.

**باغىرداق (لىپتىك):** قەدىمدە ئاياللارنىڭ باغىرداق تاقايدىغانلىقى مەدەنىيەتنىڭ يۈكسەك دەرىجىدە تەرەققىي قىلغانلىقىنى چۈشەندۈرىدۇ. چۈنكى، باغىرداق مەدەنىيىتى ئىنسانىيەت كىيىم - كېچەك تارىخىدىلا ئەمەس، كىيىم - كېچەك غايەت زور دەرىجىدە تەرەققىي قىلغان بۈگۈنكى كۈندىمۇ ئىنتايىن مۇھىم ئورۇندا تۇرماقتا. بىز بۇنىڭدىن بۇ مەدەنىيەتنىڭ قەدىمكى ئۇيغۇرلارنىڭ كىيىم - كېچەك مەدەنىيىتىگە قوشقان مۇھىم بىر تۆھپىسى ئىكەنلىكىنى كۆرۈۋالايمىز.

**ئۆم ئىشتان، تامبال:** تامبال ئاساسەن پاختا رەخت، تاۋار - دۇردۇن قاتارلىق رەختلەردىن تىكىلىدۇ. ئەرلەر ئاساسەن پاختا رەختتە تىكىلگەننى، ئاياللار پاختا ۋە تاۋار - دۇردۇندا تىكىلگەن تامباللارنى كىيەتتى.

**كۆڭلەك:** كۆڭلەك ئۇيغۇرلارنىڭ ئىچ كىيىمنىڭ بىر تۈرى بولۇپ، ياز كۈنلىرى ئاساسەن كۆڭلەك كىيىلىدۇ. شەكلى ئون نەچچە خىل بولىدۇ. بەزى كۆڭلەكلەرنىڭ ياقىسى ياكى بېلىگە لېنتا شەكىللىك بوغقۇچ چىگىلىدۇ. بۇ «بوغماق» (كۆڭلەك بوغقۇچى) دەپ ئاتىلىدۇ.

## تاشقى كىيىم

ئۇيغۇرلاردا تاشقى كىيىم چاپان، ئىشتان دەپ ئاتىلىدۇ. چاپان تاشقى كىيىمنىڭ ئومۇمىي ئاتىلىشى بولۇپ، شەكلىگە قاراپ يەنە خاس نامدا ئاتىلىدۇ. قەدىمدە قىشلىق ۋە يازلىق ھەر خىل ئاساسلىق كىيىملەر بارلىققا كەلگەن. مەسىلەن:

**ئىچۈك بۆلغۆن، سۆسەر ۋە شۇنىڭغا ئوخشاش نەرسىلەرنىڭ تېرىسىدىن تىكىلگەن جوۋا:** ئەجدادلىرىمىز قەدىمكى دەۋرلەردە بۆلغۆن، سۆسەر، قاما قاتارلىق هايۋانلارنىڭ تېرىسىدىن ئەلا سۈپەتلىك ئېسىل جوۋىلارنى تىكىپ كىيگەن. بۇ هازىرمۇ بىزنىڭ مۇھىم قىشلىق كىيىملىرىمىزدىن بىرى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

**قوراق جوۋا:** هەر خىل هايۋان تېرىلىرىدىن ئىچلىك قىلىنىپ تىكىلىدىغان جوۋا: بۇ ئاساسەن بۆلغۆن، تىيىن تېرىلىرىدىن ئىچلىك قىلىنىپ تىكىلىدۇ. جوۋا تىكىش ئۈچۈن تەييارلانغان تېرە «ئەمشەن» دېيىلىدۇ.

**قارس يۇڭ چەكمەن چاپان:** تۆگە ياكى قوي يۇڭىدىن ئىشلەنگەن رەختتە تىكىلگەن كىيىم. ئۇ بۇرۇن ئاساسلىق قول سانائەت مەھسۇلاتى بولۇپ، يۇڭ ياكى پاختىدىن توقۇلغان چەكمەندىن تىكەتتى.

**قافتان تون:** توننىڭ قەدىمكى شەكلىنىڭ قانداقلىقى نامەلۇم. توننىڭ ياقا ۋە پېشىنىڭ شەكلىگە قارىغاندا ئۇنىڭ ئەسلى شەكلىنى يەكتەككە ئوخشاش دەپ پەرەز قىلىشقا بولىدۇ. بەلباغ ئورنىدا تۆت بۇرجىكىگە گۈل ئىشلەنگەن ياغلىق چىگىلىدۇ. بۇنداق كەشتىلەش «چەكىنەدى» دېيىلىدۇ. مەسىلەن، قىز چەكىن چەكىنەدى — قىز كەشتە كەشتىلىدى، قىز زەر يىپ بىلەن يىپەك رەخت ئۈستىگە كەشتە تىكتى. يەنە بەزى تونلارغا چۆچا تۇتۇلىدۇ، بۇ «ساچۇ» دېيىلىدۇ.

ئەجدادلىرىمىز بۇلاردىن باشقا يەنە ئىككى بېقىنىدىن ئىزما بېكىتىپ، توپچىلاپ قويىدىغان تونلارنىمۇ كىيگەن. بۇنداق ئىزمىلاش «چىرغۇي» دەپ ئاتىلىدۇ.

بۇرۇن مەيلى ئەرەنچە ياكى ئايالچە بولسۇن، ئەجدادلىرىمىز قاما، كەمچەت، سۆسەر، قۇندۇز، بۆلغۆن تېرىلىرىدىن تىكىلگەن هەر خىل قىشلىق كىيىملەرنى كېيگەن. بۇنداق تېرىلەردىن تىكىلگەن كىيىملەر ھېلىھەم ئالىي تاۋارلاردىن ھېسابلىنىدۇ.

**ئوتران ئىشتان:** پاختا رەخت، قوي تېرىسى قاتارلىق مەھسۇلاتلاردىن تىكىلىدۇ. ئىشلەتكەن خام ئەشياسىغا قاراپ بىرنەچچە خىلغا ئايرىلىدۇ، ئىشتانمۇ ئەرەنچە، ئايالچە بولىدۇ. ئەرەنچە ئىشتان ئايالچە ئىشتاندىن

سەل كالتىراق، پۇچقىقى تازراق بولۇپ، ئۇزۇنلۇقى ئوشۇق ئۇستىگە تەگلىشىدۇ. ئايالچە ئىشتانىنىڭ پۇچقىقى كەگرەك بولۇپ، ئۇزۇنلۇقى ئوشۇق بىلەن تەگلىشىدۇ، شەكلى ھەر خىل بولىدۇ.

ئۇيغۇرلاردا قەدىمدىن تارتىپ بەزى خاس كىيىم - كېچەكلەر بىر-بىرىدىن پەرقلىنىدۇرۇلگەن. چۈنكى، كىيىم - كېچەك يالغۇز بىر مىللەتنىڭ ئالاھىدىلىكىنى ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرىدىغان ئومۇمىي ئالاھىدىلىكلەر بىلەنلا چەكلىنىپ قالماستىن، يەنە شۇ چاغلاردا ھەرقايسى تەبىقىلەرنىڭ، يۇقىرى - تۆۋەن مەرتىۋىدىكىلەرنىڭ، ئىجتىمائىي، سىياسىي ئورنىدىكى كىشىلەرنىڭ ئۆزىگە خاس كىيىم-كېچەكلىرى بولغان. مەسىلەن:

**چەكرەك:** يۇڭ رەختتىن تىكىلگەن يانچۇقسىز تون، بۇنى قۇللار كىيىدۇ.

**ياپتاچ كېپىنەك تون:** پادىچىلار قار - يامغۇردىن ساقلىنىش ئۈچۈن يېپىنىۋالىدىغان يەڭسىز تون.

**كەدۇك:** يۇڭدىن توقۇلۇپ، دۇبۇلغىنىڭ ئىچىگە كىيىدىغان بىر خىل باش كىيىم. ئۇنىڭ ئۆزىمۇ دۇبۇلغىغا ئوخشايدۇ.

**كەرۇت كىيىت:** كۆپىنچە تويدا ئىشلىتىدىغان كىيىم - كېچەك، يەنى كۇيئو ئوغۇلنىڭ ۋە كېلىننىڭ يېقىنلىرىغا سوۋغا قىلىپ كىيدۇرىدىغان كىيىم - كېچەك.

## ئاياغ كىيىم

ئوتتۇرا ئاسىيا، جۇملىدىن شىنجاڭ رايونى مۆتىدىل بەلباغنىڭ قۇرغاق ھاۋا ئىقلىم رايونىغا مەنسۇپ بولۇپ، تۆت پەسىلنىڭ ئايرىلىشى روشەن. شۇڭا، بۇ رايوندا ياشىغان ئۇيغۇرلار بۇ خىل مۇھىتقا ماس ھالدا تۆت پەسىلدە ئوخشاشلا كىيگىلى بولىدىغان ھەر خىل مىللىي كىيىم-كېچەكلەرنى ئىجاد قىلغان.

ھايۋان تېرىلىرىدىن ئاياغ كىيىم ئىشلەش ناھايىتى يۇقىرى تېخنىكا تەلەپ قىلىدۇ. ئاياغ كىيىم خېلى بۇرۇنلا پۈتنى ئاسراش ئېھتىياجىدىن ھالقىپ، كىشىلەرنىڭ گۈزەللىك، نەپىسلىك ئۆلچىمى، جىنسى ۋە پەسىل جەھەتتىكى ئۇيغۇنلۇقى قاتارلىق تەرەپلەرگە ئالاھىدە ئەھمىيەت

بىرىلگەن. ئۇيغۇرلار پەسىللەرگە ماسلاشتۇرۇپ، ئەر ـ ئاياللارغا خاس، بەدەن قىياپىتىگە ماس كېلىشتەك ئالاھىدە زۆرۈرىيەت بىلەن يۇڭ ۋە تېرىنى ماتېرىيال قىلىپ ئاياغ كىيىمنى ئىشلەپ چىققان، ئۆتۈكنىڭ تۈرلىرىمۇ كۆپ بولغان. مەسىلەن، جەنۇبىي ۋە شىمالىي شىنجاڭ رايونىدا ياز پەسلىدىمۇ ئۇزۇن قونچلۇق ئۆتۈك كىيىدىغان كىشىلەر ھازىرمۇ بار.

شىنجاڭدا ياشىغان قەدىمكى ئەجدادلىرىمىز ئەڭ كېچىككەندىمۇ بۇنىڭدىن 4000 يىل بۇرۇن ئۆتۈكنى ئىختىرا قىلغان، بۇ ئارخېئولوگىيەلىك تەكشۈرۈشلەردىمۇ تەكرار ئىسپاتلاندى.

ئەجدادلىرىمىزنىڭ ئەنئەنىۋى ئاياغ كىيىمى ئۆتۈك، چورۇق، كەش بولۇپ، ئۆتۈك كىيىش ئادىتى ھازىرغا قەدەر داۋاملىشىپ كەلمەكتە.

ئۇ دەۋرلەردە ئاياللارچە ئۆتۈك «بۆكۈم» دەپ ئاتالغان بولۇپ، ئاياللارنىڭ ئۆتۈكى ئەرلەرنىڭكىگە قارىغاندا تېخىمۇ نەپىس، چېكىلگەن گۈللىرى تېخىمۇ كۆركەم ئىشلەنگەن. ئۆتۈكلەر ئىنتايىن سىپتا، نەپىس ئىشلىنىپلا قالماي، كەشتە قىلىنغان شەكىللىرى يەنى ئۆتۈكنىڭ تۇمشۇقى ۋە پاشنىلىرىغا زىننەت ئۈچۈن ھەر خىل تەڭگىلەر قادالغان. بۇ «تىزىلدۇرۇك» دەپ ئاتالغان.

**يىشىم ساپما:** سوغۇق ئۆتمەسلىك ئۈچۈن ئاياغ كىيىم ئۈستىگە تىزغىچە كىيىۋالىدىغان ئۆتۈككە ئوخشاش نەرسە.

**ئىزلىق چورۇق:** ھايۋان تېرىسىدىن قىلىنىدۇ، چورۇق ئەيلەنگەن تېرىدە ھازىرلىنىدۇ. چورۇقمۇ قىشلىق، يازلىق ئىككى خىل كېلىدۇ. قىشلىق چورۇق ئۇزۇن قونچلۇق كىگىز پايپاق ئۈستىگە تارتىلىدۇ. مەسىلەن، چورۇقلادى ـــ چورۇق كىيدى. ئاياغ ياكى چورۇق قىلىش ئۈچۈن تەييارلانغان تېرە «پۇچغاق» دەپ ئاتىلىدۇ.

**باشماق كەش:** ئەجدادلىرىمىزنىڭ ئەنئەنىۋى يازلىق ئاياغ كىيىمى بولۇپ، كۆندىن تىكىلىدۇ. كەش يازلىق ئاياغ سۇپىتىدە كىيىلىشتىن تاشقىرى، ئەجدادلىرىمىزنىڭ ئۇزاق يىللىق تۇرمۇش ئەمەلىيىتى نەتىجىسىدە ھاسىل بولغان سوغۇق يەلدىن كېلىپ چىقىدىغان پۇت ئاغرىقىنىڭ ئالدىنى ئېلىش تەجرىبىلىرى ئاساسىدا شەكىللەنگەن بولۇشى مۇمكىن. ئەجدادلىرىمىز يەنە «كۆركە» دېگەن ياغاچ ئاياغنىمۇ كىيگەن.

**قوشۇمچە كىيىملەر**

قوشۇمچە كىيىملەر ئاساسلىق كىيىملەر بىلەن تەڭ ئورۇندا تۇرۇپلا قالماي، مەدەنىيەتلىك دەرىجىسى جەھەتتە ئاساسلىق كىيىملەردىن يۇقىرى تۇرىدۇ. قوشۇمچە كىيىملەر ئاساسلىق كىيىملەردىن خېلى كېيىن بارلىققا كەلگەن بولسىمۇ، تۈرى ناھايىتى كۆپ. قوشۇمچە كىيىملەرنىڭ كۆپ خىل بولۇشىمۇ شۇ خەلقنىڭ مەدەنىيەت سەۋىيىسى بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك.

ئۇلانۇ — بۇرۇن ئېرىتىدىغان يېپەك قول ياغلىق، قويۇندا ساقلىنىدۇ.

يالما (يېپىنچا، يامغۇرلۇق) — پارسلار بۇنى تۈركلەردىن قوبۇل قىلىپ «يەلمە» دەپ ئاتىغان، ئەرەبلەر پارسلاردىن قوبۇل قىلىپ «يەلمۇق» دەپ قوللانغان.

ياقۇ — يامغۇرلۇق. كەزۈك — يامغۇرلۇق. بۇ يامغۇرلۇقلار ئېھتىياجغا ئاساسەن سۇغۇر تېرىسىدىن، يەنە ھەر خىل گۈللۈك رەختلەردىن تەييارلىنىدۇ.

كەمەك — بىر خىل گۈللۈك يىپ رەخت. يېپىنچا قىلىنىدۇ. قىپچاقلار بۇ رەختتىن يامغۇرلۇق تەييارلايدۇ.

دەدەك — كېلىننىڭ يات كىشىلەرگە كۆرۈنمەسلىك ئۈچۈن بېشىغا ئارتىدىغان پۈركەنجىسى.

بورونچوق پۈركەنجە. تەرىنچەك — پەرەنجە. ئەلىكلىك — قولقاپ. سۈۋلۇق — قول ياغلىق. ئەتەكلىك — پەشتاما.

قەشقەردىكى ئۇيغۇرلارنىڭ قول سانائىتى ئەھۋالىدىن قارىغاندا، قول ھۈنەر توقۇمىچىلىقى، كۆن - خۇرۇمچىلىقى ناھايىتى تەرەققىي قىلغان. بۇ ئىككى خىل مەھسۇلات ئەينى ۋاقىتتا ئۇيغۇرلارنىڭ، جۈملىدىن ئەتراپتىكى باشقا مىللەت خەلقىنىڭ كىيىم - كېچەك مەنبەسىنىڭ ئاساسى بولۇپ قالغان[1].

[1] تۇرنىسا روزى: « ‹تۈركىي تىللار دىۋانى› دىكى كىيىم - كېچەك، زىبۇ - زىننەت مەدەنىيىتىگە نەزەر» ، «شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى»نىڭ 2007 - يىللىق 1 - سانى، 77 - بەت.

# يەتتىنچى باب

## ئۇيغۇرلارنىڭ يېمەك - ئىچمەك ئادەتلىرى

يېمەك - ئىچمەك مىللىي تۇرمۇش مەدەنىيىتىنىڭ چوڭ بىر تۈرىدۇر. ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ يېمەك - ئىچمەك جەھەتتىكى ئالاھىدىلىكلىرى ئۇلار شۇغۇللىنىدىغان ئىشلەپچىقىرىش پائالىيەتلىرى، ياشاۋاتقان تەبىئىي شارائىتى، دىنىي ئېتىقادى ۋە پىسخىكىلىق ئادىتى قاتارلىقلار بىلەن زور دەرىجىدە مۇناسىۋەتلىك بولىدۇ. شىنجاڭدىكى مىللەتلەر يۇقىرىقى ئالاھىدىلىكلەرگە ئاساسەن ئۆزلىرىگە خاس يېمەك - ئىچمەك مەدەنىيىتىنى يارىتىپ، ئۆزلىرىنىڭ تۇرمۇش ئالاھىدىلىكلىرىگە ماس كېلىدىغان لەززەتلىك ۋە مەززىلىك تاماقلارنى ئىجاد قىلغان.

قەشقەردە ئۇيغۇرلارنىڭ ئەنئەنىۋى يېمەك - ئىچمەك ئادىتىدە قورۇلغان سەيلىك تاماقلار ئانچە كۆپ ئىستېمال قىلىنمايدۇ، بېلىقتىن باشقا دېڭىز مەھسۇلاتلىرىنىمۇ يېيىشكە ئادەتلەنمىگەن.

ئۇيغۇرلارنىڭ يېمەك - ئىچمىكى تۈرىنىڭ كۆپ خىللىقى، ئوزۇقلۇق قىممىتىنىڭ يۇقىرىلىقى بىلەن مەشھۇر، بولۇپمۇ يەرلىك قوناق تاماقلىرى (يوبدان، چوڭقۇرچەك، سىقماق، يارما، ئۇماچ، سەي زاڭ، سۈت زاڭ، يارما پولۇ، كۆجە ئاشلىرى)؛ ئوغلاق، پاقلان كاۋاپلىرى، بېلىق گۆشى (مايدا پىشۇرغان، سۇدا پىشۇرغان ۋە ئوتتا كاۋاپ قىلغان) تائاملىرى داڭلىق.

1985 - يىلى شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى نەشر قىلغان «ئۇيغۇر تائاملىرى» دېگەن كىتابتا ئۇيغۇر تائاملىرىنىڭ تۈرى خېلى تەپسىلىي تونۇشتۇرۇلغان. ئۇنىڭدا ناننىڭ تۈرى 21 خىل، پولۇنىڭ تۈرى 26

خىل، كاۋاپنىڭ تۈرى 19 خىل، مانتىنىڭ تۈرى 11 خىل، سامسىنىڭ تۈرى 12 خىل، شورپىنىڭ تۈرى 11 خىل، ھالۋىنىڭ تۈرى 6 خىل، چۆچۈرىنىڭ تۈرى 11 خىل، چۆپنىڭ تۈرى 6 خىل، لەگمەننىڭ تۈرى 8 خىل، سۇيۇقئاشنىڭ تۈرى 21 خىل، ئۆپكە ـ ھېسىپ، كاللا ـ پاقالچاق خام ئەشيا قىلىنغان تاماقلارنىڭ تۈرى 7 خىل، يۇتازا (ھور قاتلىما)نىڭ تۈرى 10 خىل، قورۇما سەيلەرنىڭ تۈرى 64 خىل، سوغۇق سەي خاراكتېرىدىكى يېمەكلىك تۈرى 20 خىل، ياغدا داغلاپ پىشۇرۇلىدىغان قۇيماق قاتارلىق تاماقلارنىڭ تۈرى 14 خىل، ھەسەل ۋە شېكەر ئارىلاشتۇرۇلغان تاماقلار ۋە مۇراببالارنىڭ تۈرى 25 خىل، جەمئىي 360 خىلغا يېقىن تاماق تۈرلىرى ۋە ئۇنىڭ تەييارلىنىش ئۇسۇلى، خۇرۇجى قاتارلىقلار تونۇشتۇرۇلغان.

ئۇيغۇرلاردا يېمەك ـ ئىچمەك ئارقىلىق كېسەل داۋالاش ئەنئەنىۋى ئۇيغۇر تېبابىتىنىڭ مۇھىم مەزمۇنلىرىدىن بىرى ھېسابلىنىدۇ. ئۇيغۇر تېبابىتىدە كېسەللىكنىڭ مەنبەسى مىزاجنىڭ بۇزۇلۇشى ۋە تۆت خىلتنىڭ زىددىيىتى دەپ قارىلىدۇ ۋە شۇنىڭغا ئاساسەن مىزاجنىڭ تەڭپۇڭلۇقىنى ساقلاشتا يېمەك ـ ئىچمەكنىڭ مۇھىم ئامىل بولىدىغانلىقى تەكىتلىنىدۇ[1].

ئۇيغۇرلار تاماق ئېتىش سەنئىتىگە، تاماقنىڭ تازىلىقىغا ۋە تەملىك بولۇشىغا ئەزەلدىن ئەھمىيەت بېرىپ كەلگەن. ئۇيغۇرلارنىڭ يېمەك ـ ئىچمەك ئادىتىدە گۆش ۋە ئاشلىق بىلەن قىلىنغان تاماق ئاساسىي ئورۇندا تۇرىدۇ.

ئۇيغۇرلار ئۆزلىرىنىڭ دىنىي ئېتىقادىغا ئاساسەن ئىسلام شەرىئىتىدە «ھالال» قىلىنغان يېمەكلىكلەرنى ئىستېمال قىلىدۇ. ئىسلام شەرىئىتىدە «ئات» جەڭگە يارالغان، يېسىمۇ بولىدۇ، يېمىسىمۇ بولىدۇ دەپ قارالغان بولغاچقا، ئاساسىي جەھەتتىن ئۆزلۈكىدىن ئۆلتۈرۈپ يېمەيدۇ، مەلۇم سەۋەب بىلەن بوغۇزلانغان بولسا، خامتالاش (خام پېتى پارچىلاپ تارقىتىدۇ) قىلىدۇ. گۆشنى يېگىلى بولىدىغان چارۋىلارنى ئۆلتۈرگەندە

[1] ئابدۇكېرىم رەھمان قاتارلىقلار تۈزگەن: «شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى مىللەتلەر فولكلور مۇزېيى»، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى 2005 ـ يىلى 4 ـ ئاي نەشرى، 77 ـ بەت.

پۇتىنى چۈشەپ ياتقۇزۇپ، بېشىنى جەنۇب تەرەپكە قارىتىپ، يۈزىنى قىبلىگە (غەربكە) قارىتىپ، ئەر كىشى دۈرۈت ئوقۇپ بوغۇزلىشى شەرت. پاقلان، ئوغلاق گۆشلىرىنى ئەتىۋارلىق گۆش ھېسابلايدۇ. ياۋايى ھايۋاناتتىن قىرغاۋۇل گۆشىنى ئالىي گۆش ھېسابلايدۇ. تۆگە گۆشىنى ئەڭ ناچار گۆش، ئات گۆشىنى زىيانلىق گۆش ھېسابلايدۇ.

ئاشلىقلاردىن قوناق، بۇغداي، گۈرۈچ قاتارلىقلارنى دائىملىق ئىستېمال قىلىدۇ.

گۈرۈچ بىلەن بۇغداي ئەتىۋارلىق ئاشلىق ھېسابلىنىدۇ. ئۆتمۈشتە ئاساسەن قوناق ئىستېمال قىلىناتتى، ھازىر بۇغداي ئىستېمال قىلىنىدۇ.

ياغلاردىن كەندىر يېغى، قوغۇن ئۇرۇقى يېغى، زىغىر يېغى، قىچا يېغى، كۈنجۈت يېغى، مېغىز (ياڭاق، گازىر، ئۆرۈك، شاپتۇل) يېغى، قوي يېغى قاتارلىقلارنى ئىستېمال قىلاتتى. ئازادلىقتىن كېيىن چىگىت يېغىمۇ ياغنىڭ قىس چاغلىرىدا قوشۇلۇپ ئىستېمال قىلىنىدىغان بولغان.

گۈرۈچتىن پولۇ، شويلا، شوۋىگۈرۈچ، نەزىر ئېشى ئېتىدۇ.

بۇغداي ئۇنىدىن مانتا، چۆچۈرە (پۇرچاق چۆچۈرىسى، قوناق چۆچۈرىسى، گۆش چۆچۈرىسى، قىزىل بۇغداش چۆچۈرىسى قاتارلىق)، جۇۋاۋا (تۈگۈر)، لەڭمەن، سۇيۇقئاش، چۆپ، ھالۋا قاتارلىق تاماقلارنى ئېتىدۇ.

قەشقەردىكى ئۇيغۇرلارنىڭ يېمەك - ئىچمەك ئادىتىدىكى كۆرۈنەرلىك ئالاھىدىلىكلەرنىڭ بىرى شۇكى، مەلۇم ئائىلىدە ياخشىراق تاماق ئېتىلسە، ئۇنىڭدىن نېسۋە قىلىپ، يېقىن قولۇم - قوشنىلارغا ئۆزئارا تاماق چىقىرىپ تۇرۇش ئادىتى بار، شۇنداقلا بەزى يېڭى تاماقلارنى، مەسىلەن باشقىلاردىن بۇرۇن تەييارلىغان كۆك چۆچۈرىسى، كۈدە مانتىسى، قاپاق مانتىسى، يالپۇز جۇۋاۋىسى قاتارلىق تاماقلارنى تۇغقانلار ياكى يېقىن ئەل - ئاغىنىلەرنىڭ ئۆيىگە «يېڭىلىق تۇتىدىغان» ئادەت بولۇپ، «يېڭىلىق تۇتۇش» ياخشى كۆڭۈل ۋە ئىززەت - ھۆرمەتنىڭ ئىپادىسى.

ئۇيغۇرلاردا تاماققا قوشۇپ ئىچىتقۇلۇق ئىچىملىكلەرنى ئىچىش ئادىتى ئومۇملاشمىغان، بولۇپمۇ ئىسلام شەرىئىتىدە هاراققا ئوخشاش مەست قىلغۇچى ئىچىملىكلەرنى ئىچىش مەنئى قىلىنغاچقا، ئىسلامىيەتتىن كېيىن ئۇيغۇرلارمۇ بۇ قانۇنىيەتكە ئىزچىل ئەمەل قىلىپ كەلگەن. ئەمما، ئوزۇقلۇق سۈپىتىدە يەرلىك ئۇسۇلدا قۇرۇق ياكى ھۆل ئۈزۈمدىن مۇسەللەس، مەيزاپ ئىشلەش ئەنئەنىسى ھازىرغىچە بەزى رايونلاردا، بولۇپمۇ ئاۋات رايونىدىكى خەلقلەر ئارىسىدا داۋاملىشىپ كەلگەن. بۇ خىل ئىچىملىكلەرگە غەيرىي ئىسپىرتلىق ئىچىتقۇ ئارىلاشتۇرمايدۇ.

ئۇيغۇرلارنىڭ يېمەك - ئىچمەك ئادىتىدىكى بۇنداق ئالاھىدىلىكلەر ئۇزاق تارىخىي جەريانلاردا شەكىللەنگەن بولۇپ، جەمئىيەت تەرەققىياتىغا ئەگىشىپ نىسپىي ھالدا ئۆزگەردى ۋە يېڭىلاندى. مەسىلەن، ئۇيغۇرلار قەدىمدىن تارتىپ قورۇما تاماقلارنى يېيىشكە ئادەتلەنمىگەن. مىللەتلەر ئارىسىدىكى مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇشنىڭ تەرەققىياتىغا ئەگىشىپ ئۇيغۇرلارنىڭ ھازىرقى يېمەك - ئىچمەك ئادىتىگە ماسلاشتۇرۇپ قورۇلغان سەي تۈرلىرىمۇ خېلى كەڭ سىڭىپ كىرىشكە باشلىدى، لېكىن قورۇما سەيلەرنىڭ تۈرى، ماتېرىيالى ۋە تەمى جەھەتتىن يەنە مەلۇم مىللىي ئالاھىدىلىك مەۋجۇت.

## 1. ئاساسلىق يېمەكلىكلىرى

ئەجدادلىرىمىزنىڭ ئاساسلىق يېمەكلىكى نان بولۇپ، ئۇ ناھايىتى ئۇزاق تارىخقا ئىگە. چەرچەننىڭ زاغۇنلۇق، قۇمۇلنىڭ لاپچۇق، قارا دۆۋەدىن بۇنىڭدىن 3000 يىل بۇرۇنقى دەۋرگە ئائىت قەبرىلەردىن تېپىلغان توقاچ نانلار ئۇز دەۋرىدىلا ئەجدادلىرىمىزنىڭ ئاساسلىق يېمەكلىكى ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلايدۇ. ئەجدادلىرىمىزنىڭ نانىنى ئۆز دەۋرىدە ئاساسلىق يېمەكلىك سۈپىتىدە ئىستېمال قىلىشقا ئادەتلەنگەنلىكى، بىرىنچىدىن، ئەجدادلىرىمىزنىڭ ئۆز دەۋرىدە ئۈۋچىلىق، كۆچمەن چارۋىچىلىق ئاساسىدا قوشۇمچە دېھقانچىلىق

بىلەنمۇ شۇغۇللانغانلىقىنى ئىسپاتلىسا؛ ئىككىنچىدىن، ئاشلىقنى پىششىقلاپ ئىشلەپ تۇراقلىق يېمەكلىك ھازىرلاش ئۇسۇلىنى ياراتقانلىقىنى ئىسپاتلايدۇ. چۈنكى، نان تەركىبىدە تۇز بولۇپ، تونۇردا بىۋاستە ئوتقا قاقلاپ سىڭدۈرۈپ پىشۇرۇلغانلىقى ئۈچۈن، ئۇزاق ساقلاش، ئېلىپ يۈرۈشكە ئەپلىك، سۇ بولسۇن - بولمىسۇن، خالىغاندا يېيىشكە قولايلىق. گەرچە گۆش، سۈت - قايماق ئۆز دەۋرىدە ئەجدادلىرىمىزنىڭ ئاساسلىق يېمەك - ئىچمىكى بولسىمۇ، ئۇنى ئۇزاق ساقلاشقا، جۈملىدىن خالىغاندا يېيىشكە بولمايتتى. ئەجدادلىرىمىز بۇ زىددىيەتنى نان بىلەن ھەل قىلغان.

تارىخىي يادىكارلىقلاردىن مەلۇم بولۇشىچە، نان 1000 يىلدىن بۇرۇنلا ئۇيغۇرلارنىڭ ئاساسلىق يېمەكلىكى سۈپىتىدە كەڭ ئومۇملاشقان، نان «دىۋان» دا «ئەتمەك» (I توم، 138 - بەت) نامى بىلەن تىلغا ئېلىنىپ، ئۇنىڭ «توقۇچ» — توقاچ (I توم، 464 - بەت)، «سىنجۇ» — خۇيلىما ياكى گىردە (I توم، 544 - بەت)، «پۈسكەچ» — كاكچا (I توم، 590 - بەت) قاتارلىق تونۇردا پىشۇرۇلىدىغان تۈرى؛ «چۇقمىق» (I توم، 578 - بەت) «كۆۋشەك» (I توم، 626 - بەت) دېگەن ھوردا يەنى جىمبىل، قاسقاندا پىشۇرۇلىدىغان تۈرى؛ «كۆمەچ» (I توم، 567 - بەت) دېگەن چوغقا كۆمۈپ پىشۇرىدىغان تۈرى؛ «يۇغان» — قاتلىما دېگەن ياغدا پىشۇرىدىغان تۈرى تونۇشتۇرۇلغان. ھازىرقى نان تۈرىدىن بولغان «ھەمەك» سۆزى «دىۋان» دىكى «ئەتمەك» (نان) سۆزىنىڭ بىرىنچى بوغۇمىدىكى «ئە» نىڭ «ھە» لىشىشىدىن كەلگەن.

ھازىر جۆۋەندىنىڭ بۇغداي، قوناق ئۇنىدىن قىلىنىدىغانلىقىنى ھېسابقا ئالمىغاندا، يۇقىرىدا بايان قىلىنغان نان تۈرلىرىنىڭ ھەممىسى بۈگۈنگە قەدەر داۋاملىشىپ كەلمەكتە. «دىۋان» دەۋرىدىن كېيىنكى تەرەققىيات جەريانىدا نان تۈرىگە گۆشنان، گىردە، گۆشگىردە، شىرمەنان، خۇيلىما، پوشكال، قۇيماق، ساڭزا، قېيىقچە قاتارلىقلارمۇ قوشۇلدى. ئالاھىدە تىلغا ئېلىشقا ئەرزىيدىغىنى شۇكى، «دىۋان»دا ناننىڭ بىر تۈرى سۈپىتىدە «توقۇچ (توقاچ) » دېگەن سۆزلەم

بىرىلىپ، ئۇ «توق سۆزىدىن ياسالغان، چۈنكى ئۇ ئادەمنى تويدۇرىدۇ» دەپ ئالاھىدە تەرىپلىنىش بىلەن نان - توقاچنى كۆركەملەشتۈرۈش ئۈچۈن تۆكچە (چەككۈچ) ئىشلىتىلگەنلىكى قەيت قىلىنغان[1]. «توقاچ» بىلەن «تۆكچە» سۆزى بۈگۈنگە قەدەر ئەينەن تەلەپپۇز قىلىنىپ كەلمەكتە. توقاچ — ناننىڭ ئەلا سۈپەتلىك تۈرى بولۇپ، ئۇنىڭ خېمىرى بەلگىلىك نىسبەت بويىچە سۇ، سۈت، ماي، تۇخۇم بىلەن يۇغۇرۇلۇپ تونۇردا پىشۇرۇلىدۇ، تېخىمۇ مەززىلىك بولسۇن ئۈچۈن ئىچىگە يەنە سىيادانمۇ سېلىنىدۇ.

نان ئاساسەن بۇغداي ۋە قوناق ئۇنىدىن ھازىرلانغاچقا، ئادەتتە بۇغداي نان، قوناق نان دەپ پەرقلەندۈرۈلىدۇ. قوناق نان «زاغرا» دەپمۇ ئاتىلىدۇ. بۇغداي نان قوناق نانغا قارىغاندا يۇمشاق، مەززىلىك، يېيىشلىك كېلىدۇ. شۇڭا، ئۇيغۇرلاردا كىشىلەرنىڭ سۆز - ئاغزىنىڭ يۇمشاق - قاتتىقلىقى بۇغدايغا تەقلىد قىلىنىپ، «بۇغداي نېنىڭ بولمىسا، بۇغداي سۆزۈڭ بولسۇن» دېيىلىدۇ.

ئومۇمەن ئېيتقاندا، ئۇيغۇرلار ناننى تىرىكلىكنىڭ سىمۋولى سۈپىتىدە ئۇلۇغلايدۇ. بۇ «نېنى يوقنىڭ جېنى يوق» دېگەن ماقالدا ناھايىتى ئوبرازلىق ئىپادىلەنگەن. يەنە ئەجدادلىرىمىز ئىككى تەرەپنىڭ ھەق - ناھەق، راست - يالغان تالىششىدا ناننى ئان (قەسەم) ئىچىش ۋاستىسى قىلىپ كەلگەن. مۇنداق ئان ئىچىش نان دەسسەش ئارقىلىق ئورۇنلىناتتى. ئۇيغۇرلارنىڭ بۈگۈنگە قەدەر داۋاملىشىپ كېلىۋاتقان يىراقتىكى ئۇرۇق - تۇغقان، دوست - بۇرادەرلىرىگە تىرىكلىك نىشانى سۈپىتىدە مەخسۇس توقاچ خالتا قىلىشى، سەپەرگە چىققاندا نان يوللۇق تۇتۇش ئادىتى ۋە زىياپەت - مېھماندارچىلىقتا مېھمانلارغا ئالدى بىلەن توقاچ، چاي قۇيۇش ئادىتىمۇ ناننى ئۇلۇغلاش ئەقىدىسى ئاساسىدا شەكىللەنگەن.

ئەجدادلىرىمىزدا «دىۋان» دەۋرىدىن بۇرۇنلا سېغىز ياساش ۋە ئىچ پۇشۇقى ئورنىدا سېغىز چايناش ئادىتىمۇ شەكىللەنگەن. ۋاھالەنكى،

---

[1] مەھمۇد كاشغەرىي: «تۈركىي تىللار دىۋانى»، I توم، 464 - بەت.

سىغىز بۇگۈن مەخسۇس كارخانىدا ئىشلەپچىقىرىدىغان جەزبىدار، بازىرى ئىتتىك بۇيۇملاردىن ھېسابلانماقتا. بۇگۈن بىز ئۇنى غەرب مەدەنىيىتى سۈپىتىدە قوبۇل قىلىۋالدۇق.

يۇقىرىدا تونۇشتۇرۇلغان ئاشلىقتىن ھازىرلىنىدىغان ئاساسلىق يېمەكلىكلەردىن ئەجدادلىرىمىز قايماقتىنمۇ كۆمەچ قىلىپ يەپ ئادەتلەنگەن. مۇنداق قايماق «كۆمەچ نان» ئاراتۇرۇك ئۇيغۇرلىرىدا مېھمان ھۆرمىتىگە ھازىرلىنىدىغان تائاملار قاتارىدا ھازىرغا قەدەر ساقلىنىپ كەلمەكتە. ئۇ مۇنداق ھازىرلىنىدۇ: كۆمەچدان ياكى تاۋا سۇس ئوتتا قىزدۇرۇلۇپ تۇرىدۇ. ئۇنىڭغا قايماق تەكشى، نېپىز يېيىتىلىپ سارغىيىپ كېلىشىگىلا ئېلىنىدۇ. شۇ تەقلىدتە پىشۇرۇلۇپ، ئىككى-ئۈچنى بىر جۈپلەپ لىگەن ياكى تەخسىگە سېلىپ مېھمان ئالدىغا ئېلىپ چىقىلىدۇ.

ئەجدادلىرىمىزنىڭ ئاساسلىق يېمەكلىكلىرى ئەڭ دەسلەپ قوقاس-چوغدا كۆمۈپ پىشۇرۇلاتتى. كېيىنچە تونۇر، كۆمەچدان، تاۋا، جىمبىل، قازاندىمۇ پىشۇرۇلىدىغان بولغان. مۇشۇنداق پىشۇرۇش ئۇسۇلى ھازىرمۇ ئەينەن داۋاملىشىپ كەلمەكتە. بۇنىڭ ئىچىدە تونۇر ئالاھىدە مىللىي تۈسكە ئىگە بولۇپ، مەلۇم تېخنىكىلىق قانۇنىيەت ئاساسىدا ياسىلىدۇ. بۇ تېخنىكىلىق قانۇنىيەت تونۇرنىڭ ئاستىنىڭ ھەممە تەرىپى مەركىزي نۇقتىغا تەڭ بولغان چەمبىرەك شەكلىدە بولۇشىدا ۋە شۇ ئاساستا تەكشى نىسبەتتە گۈمبەز شەكلىگە ئوخشاش كېمىرىلىپ ياسىلىشىدا ئىپادىلىنىدۇ. ئەگەر مۇشۇ قانۇنىيەتلەرگە خىلاپلىق قىلىنسا، تونۇر تەكشى قىزىمايدىغان، نان تەكشى پىشمايدىغان ئەھۋاللار كېلىپ چىقىدۇ، تونۇر ئادەتتە شور ۋە تۇز-يۇڭ ئارىلاشتۇرۇپ ئىشلەنگەن سىغىز لايدا ياسىلىدۇ. شوردا ياساشتا ئالدى بىلەن نەم توپىدا قېلىپ ياسىلىدۇ، ئاندىن شور كۇمىلاچ قىلىنىپ ئۇنىڭ ئۈستىگە چاپلىنىدۇ، ئاندىن شاخ-شۇمبا، چاۋار-سامان بىلەن ئىس سېلىپ قۇرۇتۇلىدۇ، قۇرۇغاندا قېلىپ قىلىنغان توپا قىرىپ ئېلىپ تاشلىنىدۇ، سىغىز لايدا ياسالغان تونۇر لايىنى مەلۇم تومۇقتا ئۇزۇن-ئۇزۇن يۇمىلاقلاپ، ئۈست-ئۈستىگە قوندۇرۇپ ياسىلىدۇ، ئىچىگە قېلىپ قىلىنمايدۇ.

بەزىلەر شۇ قائىدە ئاساسىدا خىشتىمۇ تونۇر ياسايدۇ.

كۆرسىتىپ ئۆتۈشكە تېگىشلىكى شۇكى، 50 - يىللاردىن كېيىن شەھەر رايونلىرىدا ئۇيغۇر تاماقلىرى قاتارىغا خۇيزۇ، خەنزۇلارنىڭ گۆشتىن هازىرلىنىدىغان قورۇما يېمەكلىكلىرىدىن گويورۇ، جاسا، لىجى، ۋەنزە ۋە هەر خىل سوغۇق سەي قاتارلىق يېمەكلىكلەر قوشۇلۇپ ئۆزلىشىشكە باشلاپ، بۇ خىل سەيلەرمۇ مېهمان كۈتىدىغان تاماقلار قاتارىدىن ئورۇن ئالدى، شۇنىڭدەك تاتار، ئۆزبېك قاتارلىق قېرىنداش مىللەتلەر ئارقىلىق قولداما، كاتلېت، بەلىش، كاپۇستا پۈرىسى قاتارلىق يېمەكلىكلەرمۇ ئۆزلىشىپ، ئۇيغۇرلارنىڭ يېمەكلىك تۈرى تېخىمۇ بېيىدى.

يېمەك - ئىچمەك ئادىتى بويىچە قىسمەن مەھەللىۋى ئالاهىدىلىكلەرمۇ مەۋجۇت. قەشقەر ۋىلايىتىنىڭ قىسمەن ياقا يۇرتلىرىدا قايناق سۇ ئورنىغا سوغۇق سۇ ئىچىلىدۇ. كۆكتات ئانچە ئىستېمال قىلىنمايدۇ، ئاساسىي جەھەتتىن قورۇغان تاماق ۋە ئات، تۆگە، غاز، ئۆردەك، توخۇ، بېلىق يېمەيدۇ، كۈنىگە تۆت ۋاق تاماق يېيىلىدۇ (سائەت 9 — 10 لاردا بىر ۋاق يېيىلىدۇ). هېيتلىق نازۇنېمەتلەر كەلگەنلەرگە ئۇدۇللۇق قويۇلىدۇ. يەپ بولالمىسا، زەللە قىلىپ ئېلىپ كېتىلىدۇ. يۇقىرىدا كۆرسىتىلگەن يېمەك - ئىچمەكلەر ئۇيغۇرلارنىڭ ئەنئەنىۋى يېمەك - ئىچمەكلىرى ئاساسىدا داۋاملىشىپ كەلگەن ۋە تۈرلىنىپ بېيىغان، ئەلۋەتتە. «دىۋان»دا بېرىلگەن مەلۇماتلارغا ئاساسلانغاندا، بۇنىڭدىن 1000 يىل بۇرۇنلا ئۇيغۇرلارنىڭ بۈگۈنكى ئاساسلىق يېمەكلىكى — نان ۋە ئۇنىڭ توقاچ قاتارلىق تۈرلىرى ھەم سۈيۈقئاش (I توم، 127 - ، 183 - بەتلەر)، كاۋاپ (I توم، 50 - بەت، III توم، 602 - بەتلەر)، چۆپ (I توم، 590 - بەت)، هېسىپ (I توم، 543 - بەت)، تۇرمەل (I توم، 622 - بەت)، قىزا قاتارلىق يېمەكلىكلەردىن باشقا، يەنە مۇنداق يېمەك - ئىچمەكلەر ئومۇملاشقان: «سۈرۈش» (I توم، 477 - بەت)، «توپىق» (I توم، 625 - بەت)، «بولدۇنى» (I توم، 640 - بەت)، «بولغاما» (I توم، 640 - بەت)، «يامانا» (I توم، 580 - بەت)، «قوۋۇت» (III توم، 223 - بەت)، بۇ «قاغۇت» دەپمۇ ئاتىلىدۇ. «يازۇق»

(III تــوم، 19 ـ بەت)، «ســم» (III تــوم، 187 ـ بەت) قاتــارلىق يــېمەكلىكلەر؛ «ئىپــرۇك» (I تــوم، 137 ـ بەت)، «قىمــز» (I تــوم، 631 ـ بەت)، «ئاغــارتقۇ» (III تــوم، 600 ـ بەت) قاتــارلىق ســۈت ۋە بۇغداي يارمىسى، تېرىق ھەم قولماق بىلەن ھەسەلدىن ياسالغان مەي قاتارلىق ئىچىملىكلەر ئومۇملاشقان. «دىۋان» دا يەنە ئوزۇقلۇق تەركىبى يۇقىرى، گۆش، ماي، شېكەر، سۈت، بۇغداي، تېرىق قاتارلىقلارنىڭ بىرىكمىسىدىن ھازىرلىنىدىغان يېمەك ـ ئىچمەكلىرىمىز تونۇشتۇرۇلغان. ئۇ يېمەكلىكلەر ئىچىدە نان، كاۋاپ، سۇيۇقئاش، ھېسىپ، قىزا، چۆپ، تــۇرمەل قاتــارلىقلار بىزنىــڭ دەۋرىمىــزگە يېتىــپ كەلــگەن. باشــقىلىرى ئۇنتۇلغان (باشقا تۈركىي قوۋملاردا بولۇشى مۇمكىن) ياكى بەزىلىرىنىڭ نامى ۋە ھازىرلىنىش ئۇسۇلى ئۆزگەرگەن.

بــىز يۇقىرىــدا ئۇيغۇرلارنىــڭ بىــرقەدەر ئومۇملاشــقان يــېمەك ـ ئىچمەكلىرىــدىن بىرقــانچە خىلىنــى ۋە ئۇلارنىــڭ بىــر قىــسمىنىڭ ھازىرلىنىش ئۇسۇلىنى تونۇشتۇردۇق. ئومۇمەن، ئۇيغۇرلارنىڭ يېمەك ـ ئىچــمەك ئــادىتى ۋە يــېمەك ـ ئىچــمەك قۇرۇلمىــسىدىن ئالغانــدا، ئەجــدادلىرىمىزنىڭ بۇنىڭــدىن كــۆپ زامــان بــۇرۇنلا ئوزۇقلــۇق قىممىتــى يــۇقىرى، كــۆپ تەركىبلىــك نەرســىلەرنىڭ بىرىكمىــسىدىن ھازىرلانغــان يــېمەكلىكلەر بىــلەن ئوزۇقلىنىــپ ئــادەتلەنگەنلىكى مەلــۇم بولىــدۇ. باشــقا مىلــلەت يېمەكلىكلىرىــدىنمۇ شــۇنداق ئوزۇقلــۇق قىممىتــى يــۇقىرى يېمەكلىكلەرنــى ئــۆگەنگەن. بــۇ ھــال ئۇيغۇرلارنىــڭ يــېمەك ـ ئىچــمەك جەھەتتىكــى مەدەنىيىتىنىــڭ بۇرۇنــدىنلا ئومۇميۈزلــۈك تەرەققىــي قىلغــانلىقىنى، ئــۆزىگە خــاس مىللىــي ئالاھىــدىلىككە ئىــگە ئىكەنلىكىنــى چۈشەندۈرىدۇ[1].

## 2. قوشۇمچە يېمەكلىكلەر

ئۇيغۇرلارنىــڭ ئەنئەنىــۋى قوشــۇمچە يېمەكلىكــى ســۈت ـ قايمــاق،

---

[1] ئابدۇرەھىم ھەبىبۇللا: «ئۇيغۇر ئېتنوگرافىيەسى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1993 ـ يىلى 4 ـ ئاي نەشرى، 146 ـ ، 148 ـ بەت.

قوي، كالا گۆشى ۋە يېغىدىن تاشقىرى، يەنە تۇخۇم، شېكەر، توخۇ، غاز، ئۆردەك، جەرەن - كېيىك، بۇغا - مارال، ئارقار، بۆكەن، كەكلىك، قىرغاۋۇل، بۆدۇنە، چىل قاتارلىق ئۇچار قانات، هايۋان گۆشلىرى، بېلىق ۋە سەۋزە، چامغۇر، پىياز، سامساق، كاۋا، تۇرۇپ، چامغۇر، شوخلا، پىدىگەن (چەيزە)، مۇچ (لازا)، كۇدە (جۇسەي)، پۇرچاق - ماش قاتارلىق كۆكتاتلارنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. بۇلارنىڭ ئىچىدە سۈت - قايماق، بولۇپمۇ گۆش - ياغ ئاساسلىق ئورۇندا تۇرىدۇ. بۇنداق بولۇشى ئەجدادلىرىمىزنىڭ ئۇۋچىلىق، كۆچمەن چارۋىچىلىق دەۋرىدىكى تۇرمۇش ئادىتى بىلەن بىۋاسىتە مۇناسىۋەتلىك. چۈنكى، ئەجدادلىرىمىز شۇ دەۋردە ئاساسلىقى سۈت - قايماق، گۆش- ياغ بىلەن ئوزۇقلىنىپ كەلگەن. ئەجدادلىرىمىز ئاشلىقنى پىششىقلاپ يېيىش ئۇسۇلىنى تاپقاندىن كېيىن، بولۇپمۇ ناننىڭ هەر جەھەتتىكى ئەۋزەللىكىنى بىلگەندىن كېيىن، نان ئۇلارنىڭ ئاساسلىق ئوزۇقلۇقىغا ئايلىنىش بىلەن سۈت - قايماق، گۆش تەدرىجىي قوشۇمچە ئوزۇقلۇق ئورۇنىغا چۈشۈپ قالغان. ئەمما، سۈت - قايماق، بولۇپمۇ گۆش هازىرمۇ قەشقەردە ئۇيغۇرلارنىڭ يېمەكلىكىدە يەنىلا مۇهىم ئورۇننى ئىگىلەپ كەلمەكتە[1].

## 3. ئىچىملىكلىرى

ئەجدادلىرىمىزنىڭ ئەنئەنىۋى ئىچىملىكلىرى چاي، سۈت، قېتىق، قىمىز، هەر خىل قاق سۇلىرى، مېۋە شەربەتلىرى، دوغ (دوغاپ)، سىركە، مۇسەللەس قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. مەي ئەسلىي ئەجدادلىرىمىزنىڭ ئەنئەنىۋى ئىچىملىكلىرىدىن ئىدى. ئىسلام دىنىدا مەنئى قىلىنغاچقا، بۇرۇن يوشۇرۇن ئىچىلىپ كەلگەن. كېيىنچە ئىجتىمائىي كەيپ سۈپىتىدە ئاشكارا ئىچىلىدىغان بولۇپ كەتتى. بۇ

---

[1] ئابدۇرەهىم هەبىبۇللا: «ئۇيغۇر ئېتنوگرافىيەسى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1993 - يىلى 4 - ئاي نەشرى، 116 - بەت.

ئىچىملىكلەر ئىچىدە مۇسەللەس، مەي كەيىپ سۈرۈش ئۈچۈن ئىچىلىدىغانلىقىنى ھېسابقا ئالمىغاندا، قالغانلىرى بەدەن قۇۋۋەتلەش، مىجەز تەڭشەش ۋە ئۇسسۇزلۇق سۈپىتىدە ئىچىلىدۇ. سۈت، ئانار شەربىتى، شاتۇت شەربىتى، ئۈجمە شەربىتى قان كۆپەيتىش، نېرۋا سىستېمىلىرىنى ياخشىلاش رولىنى ئوينىسا؛ قاق سۇلىرى (شاپتۇل قېقى، گۈلە، چىلان قاتارلىقلار) مىجەز تەڭشەش، ئۇسسۇزلۇقنى قاندۇرۇش رولىنى ئوينايدۇ. دوغ ئۇسسۇزلۇق (دوغقا قېتىق، قاق سۈيىمۇ ئارىلاشتۇرۇلىدۇ) ئۈچۈن ئىچىلىدۇ. سىركە (ئاچچىقسۇ) ئىشتىھا ئېچىش (ئۈزۈم غورىسىدىن قىلىنغان ئاق سىركە قىزىتما ياندۇرۇش) ئۈچۈن ئىشلىتىلىدۇ.

مۇسەللەس ئەجدادلىرىمىزنىڭ ئىسلامىيەتتىن بۇرۇنقى دەۋرلەردە ئىستېمال قىلىپ كەلگەن ئۈزۈم شەربىتىنىڭ ئىسلامىيەت شارائىتىغا ماسلاشتۇرۇلغان بىر خىل ئىچىملىكى. شۇنىڭ ئۈچۈن، كەيىپ ئىچىملىكلەر ئىچىدە ئىككىنچى ئورۇنغا قويۇلۇپ كەلگەن. مۇسەللەس جەنۇبىي شىنجاڭنىڭ بەزى جايلىرىدا، بولۇپمۇ ئاۋات ناھىيەسىدە ناھايىتى ئومۇملاشقان بولۇپ، مۇسەللەس سالمايدىغان ئائىلىلەر ناھايىتى ئاز ئۇچرايدۇ. مۇسەللەسنىڭ بەزى ئائىلىلەردە كۆك كەپتەر باچكىسىنىڭ قېنىنى قوشۇپ ئىشلىگەن تۇرىمۇ بولۇپ، ئۇ بەدەن قۇۋۋەتلەش رولىغا ئىگە. مۇسەللەسنى ئۇيغۇرلارنىڭ مەھەللىۋى ۋىنوسى دېيىشكە بولىدۇ.

چاي ئۇيغۇرلارنىڭ مەخسۇس ئىچىملىكلىرىدىن بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. شۇڭا، مەخسۇس چايخانا (ساماۋارخانا) ئېچىپ چاي ساتىدىغان (قوشۇمچە نان) كەسىپ شەكىللەنگەن. ئەجدادلىرىمىز چاي ئومۇملىشىشتىن بۇرۇن دالىدا ئۆسىدىغان يانتاقسىمان بىر خىل ئۆسۈملۈك يوپۇرمىقىنى قۇرۇتۇپ دەملەپ ئىچىپ كەلگەن (ئۇ زەھەرسىز بولۇپ، قايناق سۇ رەڭگىنى چاي رەڭگى ھالىتىگە كەلتۈرىدىكەن). ئۇيغۇرلار چاينى قارا چاي، پەملىچاي، كۆك چاي، كۇرەك چاي، تاش چاي دەپ بەش خىل ئاتايدۇ. بۇنىڭ ئىچىدە ئاساسلىقى قارا چاي كۆپ ئىچىلىدۇ. چاي ئۇيغۇرلارنىڭ كۈندىلىك تۇرمۇشىدا كەم بولسا بولمايدىغان

ئىچىملىك ھېسابلىنىدۇ. شۇڭا، ئۇيغۇرلار چايخۇمار، ھەرقانداق ئەھۋال ئاستىدا ئالدىدا مېھمانغا نان بىلەن قەنت چاي قويۇلىدۇ. چوڭلار ئادەتتە ناۋات بىلەن چاي دەملەپ ئىچىدۇ. بۇ ئۇسسۇزلۇقنى قاندۇرۇشتىن باشقا، ھاردۇق چىقىرىش، بەدەننى قۇۋۋەتلەش رولىنى ئوينايدۇ. «چاي قەنت بىلەن، ئىش پەم بىلەن (ئوخشايدۇ)» دېگەن ماقال مۇشۇ ئادەت ئاساسىدا مەيدانغا كەلگەن. بۇنىڭدىن باشقا، چايغا قۇرۇق زەنجىۋىل، قوۋزاقدارچىن، پىلپىل، مىخداچىن، ئاقمۇچ قاتارلىق دورا - دەرمەكلەرنى سېلىپ دەملەپ ۋە خاس زىرە دەملەپمۇ ئىچىلىدۇ. بۇ تاماق سىڭدۈرۈش، مىجەز تەڭشەش ۋە مەيدە سۇسلۇقنى داۋالاش رولىنى ئوينايدۇ. بەزىلەر خاس كۆكنار (ئەپيۇن غوزىكى)نى دەملەپمۇ ئىچىدۇ. بۇ نېرۋىنى خۇشلاشتۇرۇش رولىغا ئىگە. يېقىنقىلاردىن باشقا، كېيىنكى ۋاقىتلاردا پىۋا، كۇۋاس، لىمونات، ماروژنى قاتارلىق ئىچىملىكلەرمۇ ئۆزلىشىپ كەڭ ئىستېمال قىلىنىدىغان بولدى[1].

## 4. يېمەك - ئىچمەك ئادىتى ۋە ئۇلارنىڭ تۈرلىرى

### 1. ئائىلە تامىقى

ئۇيغۇرلارنىڭ تاماقلىنىش ۋاقتى ئەتىگەن، چۈش، كەچتىن ئىبارەت ئۈچ ۋاق بولىدۇ. يېمەك - ئىچمەك ئادىتى ھەربىر ئائىلىنىڭ ئىقتىسادىي شارائىتىغا قاراپ بەلگىلىنىدۇ. كۆنۈلۈك ئوزۇقلىنىش ئادىتى ئادەتتە ئىككى ۋاق ياكى بىر ۋاق نان بىلەن چاي ئىچىدۇ، ئەتىگەندە (دېھقانلار ئەتىگەندە تاماق ئېتىپ يەيدۇ)، كەچتە تاماق ئېتىپ يەيدۇ (ھازىر چۈشتە تاماق ئېتىپ يېيىش ئادىتى ئومۇملاشتى). ئۇيغۇرلار سەھەر تۇرۇپ يۈز - قوللىرىنى يۇيۇپ ساپ ھاۋادىن بەھرىمەن بولىدۇ (چوڭلار

[1] ئابدۇرەھىم ھەبىبۇللا: «ئۇيغۇر ئېتنوگرافىيەسى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1993 - يىلى 4 - ئاي نەشرى، 144 - ، 146 - بەت.

تاھارەت ئېلىپ ناماز ئوقۇيدۇ)، ئاندىن ئائىلە بويىچە يىغىلىپ ئولتۇرۇپ چاي ئىچىشكە باشلايدۇ. ئەتىگەنلىك چايدا ھەممەيلەن داستىخاننى چۆرىدەپ ئولتۇرىدۇ. چاي چوڭ چىنىگە قۇيۇلغان بولسا نانني چىلاپ، كىچىك چىنىدە بولسا توغۇراپ ئىچىلىدۇ. چۈشلۈك تاماق تارقاق بولۇپ، ئېتىزدا ياكى باشقا ئىش ئورنىدا چاي بىلەن نان ياكى قېتىق بىلەن نان يېيىلىدۇ. ياز پەسلىدە قوغۇن - تاۋۇز بىلەن يېيىلىدۇ. كەچتە ئائىلە ئەزالىرى ئەمگەكتىن قايتىپ يىغىلغاندىن كېيىن، قوللىرىنى يۇيۇپ، ئائىلە تەرتىپى بويىچە داستىخاننى چۆرىدەپ ئولتۇرۇپ تەييارلانغان تاماق كەلتۈرۈلىدۇ. تاماقتىن كېيىن، لەگمەن بولسا ئاش سۈيى، پولۇ، مانتا قاتارلىقلار بولسا سىنچاي ئىچىدۇ. ياز كۈنلىرى تاماقتىن كېيىن ھەر خىل مېۋىلەرنى يەيدۇ.

قەشقەردە ئۇيغۇرلارنىڭ ئائىلە قوشۇمچە يېمەكلىكلىرىدە ئائىلە ئىقتىسادىي ئەھۋالىغا قاراپ قۇرۇق ئۈزۈم، ياڭاق مېغىزى، بادام، قەنت، ناۋات بىلەن چاي ئىچىش، ھۆل ئۈزۈم بىلەن يۇمشاق توقاچ نان يېيىش ئادىتىمۇ خېلى ئومۇملاشقان. ئائىلە تاماقى گۆشلۈك ياكى گۆشسىز بولسۇن، تۈرى كۆپ خىل بولۇپ، ھەر كۈنى مۇمكىنقەدەر ئوخشاشمىغان تاماق ئېتىلىدۇ. سەيلىك قورۇما تاماقلار بىلەن قورۇمىغان تاماقلارنى كۈن ئارىلاپ ئىستېمال قىلىدۇ.

### 2. مېھمان تاماقى

ئۇيغۇر خەلقىدىكى مېھماندوستلۇق قەدىمدىن تارتىپ داۋاملىشىپ كېلىۋاتقان ئېسىل ئەنئەنىلەرنىڭ بىرى. ئۇيغۇر خەلقى مېھمان كەلسە «رىزقىنى ئېلىپ كېلىدۇ»، «بەخت كېلىدۇ» دەپ قارايدۇ. شۇڭا، ھەرقانداق شارائىت ئاستىدا مېھمان كەلسە قىزغىن قارشى ئالىدۇ، ئۆيدە بارىنى مېھمانغا ئاچىقىدۇ، يوقنى تەييارلايدۇ.

قەشقەردە ئۇيغۇرلار چاقىرىلغان مېھمان ياكى تاسادىپىي كېلىپ قالغان مېھمان بولسۇن، كىم بولۇشىدىن قەتئىينەزەر ئوخشاش قەدىرلەپ كۈتىدۇ. مېھماننى ئەڭ ئېسىل، ياخشى تاماق، ياتاقلار بىلەن كۈتۈشتىن تاشقىرى، ئات - ئۇلاغلىرى بولسا ئۇنىڭغا ياخشى قارايدۇ.

ھەرقانداق ئائىلىدە مېھمان كەلگەن ھامان مېھماننىڭ قولىغا سۇ بېرىپ، داستىخان سالىدۇ. ئالدى بىلەن سىنچاي، كاكچا نان ياكى قاتلىما نان قويىدۇ، چېيىغا قەنت ياكى ناۋات سالىدۇ، ئاندىن ئۆز ھالىغا قاراپ سۈتلۈك چاي ياكى قايماق چاي، ھالۋا ئېتىپ كىرىدۇ. چايدىن كېيىن، ياز بولسا ھۆل مېۋە كەلتۈرۈلىدۇ ۋە مۇشۇ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ مېھماندىن قانداق تاماق يېگۈسى بارلىقىنى سورايدۇ. مېھمان خالىغان تاماقنى ئېيتىدۇ، ئەگەر مېھمان تۈزۈت قىلىپ تاماق بۇيرۇمىسا، ئۆزلىرى ياخشى كۆرىدىغان تاماقلار، مەسلەن كاۋاپ، پېتىر مانتا، بولاق مانتا، پولۇ، ئۇگرە، چۆچۈرە، لەڭمەن دېگەندەك تاماقلاردىن بىرىنى ئېتىدۇ (بۇ ئەلۋەتتە ئائىلە ئىقتىسادىي ئەھۋالىغا قاراپ بەلگىلىنىدۇ). كۆپ ھاللاردا مېھمان تامىقى جۈپ بولۇپ، پولۇ ئەتىسە ئارقىدىن ئۇگرە، شورپا سالسا ئارقىدىن چۆچۈرە دېگەندەك تاماقلار قوشۇپ ئېتىلىدۇ، كاتتا بىلگەن مېھمانغا قوينى پۈتۈن پىشۇرۇپ «ئۇچا» قىلىپ، ئۈستىگە بىر توققۇز نان بېسىپ ئېلىپ چىقىدۇ.

ئۇيغۇرلارنىڭ ئادىتىدە ئەگەر مېھمان تۈن يېرىمدە كېلىپ قالسىمۇ، ھېچقانداق ئېرىنمەي ھاردۇق ئېشى دەپ ئۇگرە، مەنچىزە قاتارلىق سۇيۇق تاماق ئېتىپ بېرىش ئەنئەنىسى بار. چاقىرىلغان ئايال مېھمانلار بولسا ياخشى كۈتۈشتىن تاشقىرى، مېھمانلار قايتىش ۋاقتىدا پولۇ، مانتا قاتارلىق تاماقلاردىن زەللە قىلىدۇ (ئاش يۆگەيدۇ). ئەر مېھمانلارغا پىششىق گۆش بىلەن نان ئالدۇرۇش، ئەگ بولمىغاندا ئىككى نان تۇتۇش ئادىتى بار.

ئۇيغۇرلار ئارىسىدا يەنە بىرەر ئۆيگە مېھمان كەلسە، بۇنىڭدىن خەۋەر تاپقان قولۇم - قوشنىلىرى مېھمان ئالدىغا كىرىپ كۆرۈشكەندىن كېيىن، نۆۋەت بىلەن بۇ مېھمانلارنى ئۆيلىرىگە تەكلىپ قىلىدىغان ئادەت بار. تەكلىپ قىلغان قوشنىلار مېھمان ھۆرمىتىگە ئاتاپ بىرەر خىل ياخشى تاماق تەييارلايدۇ. بۇ ئادەت بولۇپمۇ قەشقەردە كەڭ ئومۇملاشقان. قىسقىسى، «تاپقىنى قوي ئۆلتۈرەر، تاپالمىغىنى بىر باش پىياز» دېگەندەك، ھەربىر كىشى ئۆزىنىڭ ھالىغا قاراپ، مېھماندىن ھېچ نەرسىنى ئايىماي ساخاۋەت بىلەن داستىخان سالىدۇ.

## 3. ھېيت ـ ئايەم يېمەكلىكلىرى

قەشقەردە ئۇيغۇرلارنىڭ يېمەك ـ ئىچمەك ئادەتلىرى ئىچىدە ھېيت ـ ئايەم، توي ـ تۆكۈن، مۇراسىملار ۋە سەيلە ـ باراۋەت يېمەك ـ ئىچمەكلىرى ئۆزىگە خاس ئالاھىدىلىككە ئىگە بولۇپ، روشەن مىللىي تۈسكە ئىگە.

ھەربىر ھېيت ـ ئايەمنىڭ ئۆزىگە خاس ئەنئەنىۋى تاماقلىرى بار. مەسىلەن، «نورۇز» كۈنى بۇغداي يارمىسىدىن قىلىنغان مەخسۇس «نورۇز كۆجىسى» ئىچىپ، كوللېكتىپ ئېغىز تەگكۈزىدۇ. دېھقانلار كالېندارى بويىچە ھوشۇر ئېيىدا مول ھوسۇل خاتىرىسى ۋە دىنىي ئەقىدە بويىچە كۆكباش يارمىسى بىلەن گۈلە، جىگدە، قاق، گۆش، ھەر خىل قۇرۇق گۈلە ـ قاق سېلىنغان «كۆجە» ئىچىدۇ ۋە شۇ مۇناسىۋەت بىلەن ياغ پۇرىتىپ زىت (پوشكال) سالىدۇ.

مەۋلۇت ئېيىدا ياغ پۇرىتىپ پولۇ ۋە باشقا تاماقلارنى ئېتىپ دۇئا ـ تەكبىر قىلىدۇ.

بارات ئېيىدا ھەربىر ئائىلە ياغ پۇرىتىپ قۇيماق سالىدۇ ۋە باشقا ئېسىل تاماقلارنى ئېتىپ تۈنەيدۇ.

رامىزان ئېيىدا روزا تۇتۇش مۇناسىۋىتى بىلەن زو ۋاقتى ۋە ئىپتار ۋاقتىدا خىلمۇخىل ياخشى تاماقلارنى ئېتىپ روزا تۇتىدۇ، ئىپتار قىلىدۇ.

روزا ھېيت كۈنى ئەتىگەندە ھەرقانداق ئائىلە ئەڭ ياخشى كۆرىدىغان تاماقلىرىنى ئېتىش بىلەن روزىنى ئۇزاتتۇق، دېيىشىدۇ. يەنە روزا ھېيت ئۈچۈن ساڭزا، پېچىنە ـ پىرەنىك، پوشكال، سامبۇسا، قەنت ـ گىزەك، ھۆل، قۇرۇق يېمىشلەرنى تەييار قىلىدۇ. ئۆيمۇئۆي يەتىلەپ، خىلمۇخىل نازۇنېمەتلەرگە ئېغىز تەگكۈزىدۇ. روزا ھېيتتا گەرچە قۇربانلىق قىلىنمىسىمۇ، ھەربىر ئائىلىدە ئۆزىنىڭ ھالىغا يارىشا ئەڭ ياخشى كۆرىدىغان تاماقلىرى بىلەن ئۇزۇۋقلىنىدۇ.

قۇربان ھېيت ئالاھىدە بولۇپ، قۇربى يەتكەن ئائىلىلەرنىڭ ھەممىسى قۇربانلىق قىلىدۇ. بۇ كۈندىكى تۇنجى تاماق قۇربانلىق

قىلىنغان قوينىڭ دۈمبە جىگىرى بولۇپ، ئاندىن پىشۇرۇلغان گۆش يېيىلىدۇ. قۇربانلىق قىلغان ئۆيلەرنىڭ ھەممىسىدە ئۆپكە ـ ھېسىپ قۇيۇلىدۇ. قۇربانلىق قىلىشقا قۇربى يەتمىگەن يوقسۇل ئائىلىلەر بولسا ھەرقايسى قوي سويغان ئائىلىلەر كىرگۈزگەن خامتاالاش (خام تارقىتىلغان) گۆشنى پىشۇرۇپ يەيدۇ. ھەرقانداق ئائىلە گۆشسىز قالمايدۇ.

باللارغا ئىسىم قويغان كۈنى ئۆمرى ئۇزاق بولسۇن ئۈچۈن لەگمەن قاتارلىق تاماقلارنى ئەتسە، قىرىقى توشقاندا باللار ئۈچۈن مەخسۇس ئاشلارنى ئېتىپ كىچىك توقاچلار بىلەن بېرىدۇ.

سۈننەت تويدا كۆپ مېھمان چاقىرىپ، قوي، كالا سويۇپ، پولۇ، قورداق ئېتىشتىن تاشقىرى، رېستورانلاردا توي چېيى بېرىدىغان ئادەت شەكىللەندى. ئائىلىدە تۇخۇم يېيىش ئەنئەنىسىمۇ بار. قىز ـ يىگىت تويلىرىدا ئاساسىي تاماق پولۇ، قورداق بولىدۇ. بىر لېگەن ئاش ئىككى كىشىگە قويۇلىدۇ. توي داستىخىنى ھەر خىل نازۇنېمەتلەر بىلەن تولىدۇ. ئاياللار داستىخىنى تېخىمۇ مولراق بولىدۇ. قەشقەردە ئاياللارغا نىشالا قويۇش، نان ئالدۇرۇش ئادەتلىرىمۇ بار. ھازىر بەزى جايلاردا توي تېخىمۇ ھەشەمەتلىك ئۆتكۈزۈلۈۋاتىدۇ.

تويىنىڭ ئالدى ـ كەينىدىكى مەرىكىلەردە شورپا، پولۇ، قورداق، مانتا، لەگمەن قاتارلىق تاماقلار ئېتىلىدۇ ۋە داستىخان ناھايىتى مول سېلىنىدۇ.

**تاماق سايمانلىرى**

ئۇيغۇرلارنىڭ تاماق سايمانلىرى دېگەندە، تاماق راسلاش سايمىنى ۋە تاماق يېيىش سايمىنى كۆزدە تۇتۇلىدۇ. بۇ خىل سايمانلارنىڭ تۈرى كۆپ بولۇپ، بەزىلىرى ئۆزىگە خاس مىللىي ئالاھىدىلىككە ئىگە. مەسىلەن، تونۇر، زىخ، ئوچاق، كۆسەي، لاخشىگىر، سۇپرا، ئاشتاختا، پوزا، نوغۇچ، تۈكچە، رېپىدە، گەزنە داس (تەگنە)، قازان، داڭقان، تاۋا، ياغلىغۇ (سەي قورۇيدىغان سايلىق)، مانتا قازىنى، چۆمۈچ، كەپكۈر، چويلا، قوشۇق، قوشۇقلۇق، پىلتە لېگىنى، سەي كورىسى،

چۆگۈن، چېلەك، كۇب، ياغ تۇڭى، تۇز قاچىسى، پىچاق، قىڭراق، كەكە، پالتا، ئەلگەك، بەل، پېچىنە - پىرەنىك قېلىپى، دۇخوپكا، پەشتاما قاتارلىقلار ئۇيغۇرلارنىڭ ئاساسلىق تاماق سايمانلىرى ھېسابلىنىدۇ.

چوكا، قوشۇق، پىيالە، چىنە، ھەر خىل تەخسە، لېگەن، تاماق ئۇستىلى، داستىخان قاتارلىقلار تاماق يېيىش سايمىنىغا كىرىدۇ. ئەمما، بۇ سايمانلارنىڭ ھەممىسى تاماق ئېتىش، يېيىشلەردە بىرگە خىزمەت قىلىدۇ. بۇ خىل تاماق يېيىش سايمانلىرى ئاساسەن يەرلىك قول ھۈنەرۋەنلەر تەرىپىدىن ياسىلىدۇ. ئۇيغۇر دولانلىرىدا قوشۇق ھەممىدىن كۆپ ئىشلىتىلىدىغان تاماق يېيىش سايمىنى بولۇپ، ئۇ ئۇجمە ياغىچى، ئۆرۈك، چىلان ياغاچلىرىدىن ئويۇپ، نەقىش چىقىرىپ ياسىلىدۇ. يېزىلاردا چوكا ئىشلىتىش ئانچە كۆپ ئومۇملاشمىغان، بەزى كىشىلەر (كۆپرەك ياشانغان ئاياللار) چوكا بىلەن يېيىلىدىغان لەڭمەن قاتارلىق تاماقلارنى قولى بىلەن يېيىشكە ئادەتلەنگەن.

### پەرھىزلىك تاماقلار

ئۇيغۇرلار تارىخىي تەجرىبىسىگە ئاساسەن، كېسەللەرنى شىپالىق ئوزۇقلۇق تاماق بىلەن داۋالاشتىن تاشقىرى، پەرھىزلىك تاماق بىلەنمۇ داۋالايدۇ.

پەرھىزلىك تاماقلار دېگىنىمىز، كېسەللىك خاراكتېرىگە ئاساسەن «زىيان قىلىدۇ» دېيىلىپ، يېيىش چەكلەنگەن تاماقلارنى كۆرسىتىدۇ. مەسىلەن، قان بېسىمى، جىگەر، بۆرەك، ئۆت، يۈرەك كېسەللىكلىرى مايلىق گۆشنى پەرھىز قىلىدۇ. ئۇششاق يارا، تەمرەتكە، دانىخورەك، بوۋاسىر قاتارلىق يەرلىك كېسەللىكلەرگە گىرىپتار بولغانلار ئاچچىقسۇ، لازا، جاڭيۇلاردىن پەرھىز قىلىدۇ.

يۇقىرى ھارارەتتىكى (ئىسسىق دەپ قارالغان) كېسەللەر ياغدا قورۇلغان گۆش، تۇخۇم، ئۆردەك، غاز، كەپتەر گۆشلىرىنى پەرھىز قىلىدۇ.

ئۇيغۇرلار كونا گۆش، ئورۇق قېرى كالا، قېرى ئۆچكە، قېرى ساغلىق، ئورۇق توخۇ گۆشلىرىنى زىيانلىق دەپ، ئۇنى يېيىشتىن پەرھىز

قىلىدۇ.

ئاشقازان كېسەللىرى ھۆل مېۋە ـ چېۋە يېيىشتىن پەرھىز تۇتىدۇ.

قەنت كېسىلى ۋە بۆرەك كېسىلىگە تاتلىق تاماق، بۇغداي ئۇنى بەرمەيدۇ.

زاغۇن يېغى، قىچا يېغى ۋە شىرنىلىك تاماقنى، كېزىك، زاتىل، سەرسام، زۇكام، زىققە، كېكىردەك، كاناي، قىزىتما كېسەللىكلىرىگە بەرمەيدۇ.

كېسەل داۋالاشتا قوي يېغى، قىچا يېغى، زىغىر يېغىدىن باشقا ياغلارغىمۇ شەرتلىك قارايدۇ.

ئۇيغۇرلار تاماق بىلەن كېسەل داۋالىغاندا، پەرھىز تۇتۇش بىلەن بىرگە يېتەرلىك ۋە مۇۋاپىق ئوزۇقلاندۇرۇش، تاماقنىڭ سىڭىشى، مىجەزنىڭ ئۆزگىرىشى قاتارلىقلارغىمۇ دىققەت قىلىدۇ ۋە كېسەلنىڭ ئىشتىھاسىنى ئېچىش ئۈچۈن، تاماقنىڭ رەڭگى، كۆرۈنۈشى، تۈرى، پۇرىقى، تەمى، تازىلىقى، تاماق تەييارلىغۇچىنىڭ مىجەز ـ خۇلقى قاتارلىقلارغىمۇ كۆڭۈل بۆلىدۇ.

قەشقەردە ئۇيغۇرلار ئادەتتىكى تۇرمۇشىدا ئۆز ـ ئۆزىنى تاماق بىلەن داۋالاشقا ئادەتلەنگەن. مەسىلەن، سوغۇق ئېشىپ قالسا يۇقىرى ھارارەتلىك، ئىسسىق تەبىئەتلىك تاماقلارنى يەپ مىجەزىنى تەڭشەيدۇ. ئىسسىقى ئېشىپ قىزىپ قالسا، سوغۇق تەبىئەتلىك تاماقلارنى يېيىش ئارقىلىق مىجەزىنى تەڭشەيدۇ.

ئومۇمەن، تاماقتىن پەرھىز تۇتۇش خەلق ئارىسىدا ئۇزاقتىن بۇيان داۋاملىشىپ كەلگەن بىر خىل ئەنئەنە بولۇپ، ئۇيغۇر تېبابىتىدىكى كېسەل داۋالاشنىڭ ئاساسلىق ئۇسۇللىرىدىن بىرى ھېسابلىنىدۇ.

## 5. يېمەك ـ ئىچمەك ئارقىلىق كېسەل داۋالاش

يېمەك ـ ئىچمەك ئارقىلىق كېسەل داۋالاش ھازىرقى زامان

تېبابەتچىلىكى بارلىققا كېلىشتىن خېلى بۇرۇن ئەمەلىيەت ئارقىلىق يەكۈنلەنگەن بىر خىل مىللىي (يەرلىك) داۋالاش شەكلى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

ئۇيغۇرلاردىكى تاماق بىلەن كېسەل داۋالاش كېسەل ئەھۋالىغا قاراپ يېمەك - ئىچمەكنى مۇۋاپىق تەڭشەش، پەرھىز تۇتۇش ئارقىلىق كېسەلگە خىل كەلمەيدىغان تاماقلارنى چەكلەش ئارقىلىق كېسەلنى يەڭگىللىتىش ۋە ھەر خىل شىپالىق يېمەك - ئىچمەكلەرنى بېرىش ئارقىلىق بەدەن قۇۋۋىتىنى ئاشۇرۇپ، تېززەك ساقىيىشنى ئىلگىرى سۈرۈشنى مەقسەت قىلغان.

ئۇيغۇرلار كېسەلنى تاماق بىلەن داۋالاشتا تاماقنى ئۈچكە بۆلىدۇ:

1. **غىزايى مۇتلەق:** ئوزۇقلۇق رولىنىلا ئوينايدىغان يېمەكلىكلەر.

2. **داۋائى غىزايى:** ئالدى بىلەن داۋالىق رولىنى، كېيىن ئوزۇقلۇق رولىنى ئوينايدىغان داۋالىق يېمەكلەر.

3. **غىزايى داۋائى:** ھەم ئوزۇقلۇق، ھەم داۋالىق رولىنى ئوينايدىغان يېمەكلىكلەر.

ئوزۇقلۇق رولىنىلا ئوينايدىغان يېمەكلىكلەر قاتارىغا ئادەتتە ئادەم بەدىنىگە قۇۋۋەت بولىدىغان ھەر خىل يېمەك - ئىچمەكلەر كىرىدۇ. ئۇلار تۆۋەندىكى بىرنەچچە خىلغا بۆلۈنىدۇ:

1. **ئاسان سىڭىدىغان تاماقلار (لەتىپ تاماقلار):** بۇنىڭغا سۇيۇق، يۇمشاق، ئاسان سىڭىدىغان، مىقدارى ئاز، قۇۋۋىتى كۆپ يېمەكلىكلەر كىرىدۇ. مەسىلەن، چالا پىشۇرۇلغان تۇخۇم، مەخسۇس ئۇسۇلدا تەييارلانغان كۆپ خىل دورىلىق گۆش شورپىسى، كەكلىك، قۇشقاچ، چۈجە گۆشلىرى، ئۈزۈم شارابى (ئۈزۈمنىڭ مۇجۇلغان سۈيى) قاتارلىقلار. بۇ خىلدىكى تاماقلار قۇۋۋىتى ئاجىزلاشقان كېسەللەر، ياشانغانلار، بالىلار، تاماق ھەزىم قىلىشى ناچار بولغان ئاشقازان كېسەللىرى، ئورۇقلاپ كەتكەن كېسەللەرگە مۇۋاپىق. ئانار سۈيى، ئالما سۈيى، ئامۇت، نەشپۈت سۈلىرى ۋە باشقا مېۋە سۈلىرى(شەربەتلىرى) مۇ مۇشۇ قاتارغا كىرىدۇ. بۇغداي ئۇنى تاماقلىرى، ئۇماچ، شوۋىگۈرۈچ، سېرىق ماي، كالا سۈتى، يۇمشاق، ئېزىپ پىشۇرۇلغان ياش قوي گۆشلىرى، پالەك، بەسەي،

پەمىدۇر، سۇگپىيازلار سىڭىشى ئاسان، ئۇزۇقلۇق كۈچى ئوتتۇرا ھال بولغان يېمەكلىكلەرگە كىرىدۇ. بۇخىل تاماقلار ھەزىم قىلىش كۈچى ناچار، ئورۇقلاپ كەتكەن، تېنى ئاجىز كېسەللەرگە بېرىلىدۇ.

**2. كۈچلۈك تاماقلار (كەسپ تاماقلار):** بۇ قۇۋۋىتى كۆپ، ئەمما سىڭىشى تەسرەك بولغان كۈچلۈك تاماقلارغا قارىتىلغان. مەسىلەن، ياغدا پىشۇرۇلغان تۇخۇم، چوڭ قويلارنىڭ گۆشى، كالا گۆشى، بەرەڭگى (ياڭيۇ)، تۇرۇپ، لازا، پىيازلار بىلەن قورۇلغان گۆشلەر، ياغ ۋە پىياز بىلەن قىيما قىلىپ ئېتىلگەن قىيملىق تاماقلار، قورۇتۇلغان بېلىق گۆشى، كاللا ـ پاقالچاق گۆشلىرى، ئۆپكە، قېرىن، ياغلىق ئۈچەي تاماقلىرى قاتارلىقلار. بۇ خىلدىكى تاماقلار ھەزىم قىلىشى ياخشى، پۈتۈن بەدىنى ئوزۇقلۇق تەلەپ قىلىدىغانلارغا بېرىلىدۇ.

كۆكتاتلاردىن چامغۇر، تۇرۇپ، سەۋزە قاتارلىقلار كۈچلۈك تاماقلار قاتارىغا كىرىدۇ. بۇلارنىڭ سىڭىشى تەسرەك بولسىمۇ، ئەمما قەۋزىيەتنى يۇمشاتقۇچى تاماقلار بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. يۇقىرى سورتلۇق بۇغداي ئۇنى، گۆشلۈك، ياغلىق تاماقلار، تۇخۇم قاتارلىقلار جىگەر كېسەللىكلىرى، قان بېسىمى يۇقىرىلاپ كېتىش كېسەلى، بەدىنى سېمىز، قان تومۇرى قاتقان كېسەللەر ۋە بۆرەك كېسەللىرىگە؛ لازا، ئاچچىقسۇ، پىياز، ئاچچىق ـ چۈچۈمەل تاماقلار ئاشقازان كېسەللىرىگە بېرىلمەيدۇ.

ئومۇمەن قىلىپ ئېيتقاندا، ئۇيغۇرلارنىڭ ئوزۇقلىنىش ئادىتىدە كېسەلگە زىيان قىلىدىغان، كېسەللىكنى ئېغىرلاشتۇرىدىغان يېمەك ـ ئىچمەكلەر چەكلىنىدۇ.

ئىككىنچى خىلدىكى يېمەكلىكلەر ئادەم بەدىنىگە كىرگەندىن كېيىن، ئالدى بىلەن داۋالاش رولىنى ئوينايدۇ، شۇنداقلا بەدەنگە ئوزۇقلۇق بولىدۇ. قىزىلگۈل، پىننە، رەيھان قاتارلىق ئۆسۈملۈكلەرنىڭ گۈل ـ چېچەك ۋە يوپۇرماقلىرىدىن تەييارلانغان ھەر خىل گۈلقەنت، قىيامىلار، ئەنجۈر، ئانار، ئالما، ئامۇت، بېھى، سەۋزە ۋە باشقا مېۋىلەردىن تەييارلانغان ھەر خىل مۇرابباlar، بادام، ياڭاق، نوقۇت ۋە

ھەر خىل مېغىزلاردىن تەييارلانغان تالقانلار داۋائى غىزايى قاتارىغا كىرىدۇ. بۇ يېمەكلىكلەر ئادەم بەدىنىگە كىرگەندىن كېيىن، ئالدى بىلەن داۋالىق رولىنى ئوينايدۇ، تەركىبىدىكى ھەر خىل شىپالىق ماددىلىرى ئارقىلىق كېسەللىكلەرگە بەلگىلىك شىپالىق تەسىرىنى كۆرسىتىدۇ، مەسىلەن، قىزىلگۈلدىن تەييارلانغان گۈلقەنتنى ئالساق، ئۇنى ئىستېمال قىلغاندىن كېيىن، ئالدى بىلەن ئاشقازان - ئۈچەي يوللىرىنىڭ ھەزىم قىلىش كۈچى ۋە جىگەر خىزمىتىنى ياخشىلاش بىلەن بىرگە يۈرەك ھەرىكىتىنى ياخشىلايدۇ، ئىشتىھانى ئاچىدۇ. ئۆپكە سىلى، ئۆپكە ھاۋا يوللىرىنىڭ كېڭىيىپ كېتىشى، ئۆپكە ئىششىقى، دەم سىقىلىش قاتارلىق كېسەللىكلەرگە پايدىلىق تەسىر كۆرسىتىدۇ، يەنى ئەينى ۋاقىتتا بەدەنگە ئوزۇقلۇق بولۇپ، بەدەننى ئوزۇقلۇق بىلەن تەمىنلەيدۇ.

ئوزۇقلۇق ھەم داۋالىق رولىنى ئوينايدىغان يېمەكلىكلەر (غىزايى داۋائى) تەركىبىگە چامغۇر، تۇرۇپ، سەۋزە، پەمىدۇر، پالەك، بەسەي ۋە باشقا كۆكتاتلار كىرىدۇ.

ئادەملەرگە كېرەكلىك ئوزۇقلۇقلار ئۈچ تۈرلۈك مەنبەدىن كېلىدۇ. بىرىنچى، ھايۋانلاردىن كېلىدۇ. مەسىلەن، گۆش، ياغ، تۇخۇم، سۈت قاتارلىقلار. ئىككىنچى، ئۆسۈملۈكلەردىن كېلىدۇ. مەسىلەن، بۇغداي، گۈرۈچ، قوناق، مايلىق دان، ئۈزۈم، ياڭاق، ھەر خىل پۇرچاق، مېۋە، كۆكتاتلار. ئۈچىنچى، كان - مەدەنلەردىن كېلىدۇ. مەسىلەن، ھەر خىل تۇزلار، شاخارلار، ھاك، فوسفور قاتارلىقلار. بۇ ئوزۇقلۇق ماددىلىرى مۇۋاپىق ئۇسۇللار بىلەن بەدەنگە كىرسە ھەم ئۆزلەشسە، بەدەننى نورمال ھاياتىي پائالىيەتلەر داۋامىدا زۆرۈر بولغان ئوزۇقلۇق ماددىلار بىلەن تەمىنلەيدۇ. بۇ ماددىلار بەدەندە گۆش پەيدا قىلغۇچى ماددىلار (مەۋادى مۇلەھھىمە)، ياغ پەيدا قىلغۇچى ماددىلار (مەۋادى شەھمىيە)، شېكەر ۋە نىشاستە پەيدا قىلغۇچى ماددىلار (مەۋادى سەكرىيە)، تۇز ۋە مەدەن ماددىلار (مەۋادى ئەرزىيە ۋە نەمكىياتلار)، سۇلار دەپ بەش تارماققا بۆلۈنىدۇ. مانا شۇ مەنبەلەردىن كېلىدىغان ئوزۇقلۇق ماددىلارنىڭ بەدەندە مۇۋاپىق مىقداردا بولۇشى ساقلىقنى ساقلاشنىڭ ئالدىنقى

شەرتلىرىدىن بىرى.

ئۇيغۇر تېبابىتى بېلىق گۆشىدىن باشقا گۆشلەرنىڭ ھەممىسىنى ئىسسىق دەپ قارايدۇ. لېكىن، ھەر خىل ھايۋان گۆشلىرىنىڭ ئادەم بەدىنىگە غىزالىق ۋە داۋالىق تەسىرى ئوخشاش بولمايدۇ. ئۇيغۇر تېبابىتىدە كونا گۆش، ئورۇق كالا، قېرى ئۆچكە، قېرى ساغلىق، ئورۇق توخۇ گۆشلىرى زىيانلىق، كېسەل بولۇپ ئۆلگەن ھايۋان گۆشى زەھەرلىك دەپ قارىلىدۇ.

قوي يېغى ھەممىدىن ياخشى ياغ بولۇپ، بەدەنگە ئاسان سىڭىدۇ. شۇڭا، گۆش زىيان قىلمايدىغان كېسەللىكلەرگە قوي يېغى چەكلەنمەيدۇ. سۇياغ (مايلىق دانلار يېغى) خۇسۇسەن زاغۇن، قىچا ياغلىرى كېسەل كىشىنىڭ قوقىقىغا تەگكەچكە، كېزىك، زاتىل، سەرسان، زۇكام، زىققە، كېكىردەك، كاناي كېسەللىكلىرى ۋە ئىسسىتما، جىددىي كېسەللىكلەردە سۇ يېغى بېرىش قەتئىي چەكلىنىدۇ، شۇنىڭ بىلەن بىرگە بۇ كېسەللەرگە گۆش - ياغ بېرىشمۇ چەكلىنىدۇ. ئەمما، ئىسسىتمىسى يۇقىرى، قول - پۇت، پەي - گۆشلىرى بوشىشىپ كەتكەنلەرگە، پالەچ كېسەللىكلىرىگە زاغۇن يېغى، ياڭاق يېغى پايدىلىق. پولۇ، مانتا، خوشاڭ، قورداق، نېرىن چۆپ قاتارلىقلار كۆچلۈك ۋە لەزىز تاماقلار ھېسابلىنىدۇ. شۇڭا، قىزىتمىسى يۇقىرى، جىددىي كېسەللەرگە بېرىش چەكلىنىدۇ.

ئىششىق كېسەللىكلىرىگە تۇز بېرىش چەكلىنىدۇ. قېنىق چاي، قەھۋە، ھاراق، لازا، ئاچچىقسۇ، جاڭيۇ قاتارلىقلارنى ئومۇمەن كېسەللەرنىڭ، بولۇپمۇ نېرۋىسى ئاجىز، يۈرەك ۋە ئاشقازىنى ناچارلارنىڭ ئىستېمال قىلىشى چەكلىنىدۇ.

غىزا بىلەن كېسەل داۋالاشتا يەنە رىئايە قىلىدىغان تۆۋەندىكى شەرتلەرمۇ ئوتتۇرىغا قويۇلغان:

1. كېسەللەرگە لايىقىدا پەرھىز بۇيرۇشقا، توغرا ۋە مۇۋاپىق ئوزۇقلاندۇرۇشقا ئالاھىدە كۆڭۈل بۆلۈش لازىم.

2. كېسەلنىڭ ئىشتىھاسىنى ئېچىشقا ئامال قىلىش لازىم. كېسەلنىڭ ئىشتىھاسى تۇتۇلۇپ قېلىشىدا گەرچە كېسەللىك ئاساسىي سەۋەب

بولسىمۇ، لېكىن بەزىدە ئۇنىڭدىن باشقا سەۋەبلەرمۇ بولىدۇ، يەنى تاماقنىڭ كۆرۈنۈشى، رەڭگى، تۈرى، پۇرىقى، تەمى، تازىلىقى، شۇنىڭدەك ھەرقايسى مىللەتنىڭ ئۆرپ - ئادەتلىرى ۋە دىنىي ئېتىقادلىرىغا مۇناسىۋەتلىك سەۋەبلەرمۇ ئىشتىھاغا بەلگىلىك تەسىر كۆرسىتىدۇ.

3. كېسەلگە تاماقنى پات - پات، ئاز مىقداردا بېرىش پايدىلىق، كېسەلنىڭ قورسىقى ئاچقانلىقى ياخشى ئالامەت، ئەمما ئۇنى يالغان ئىشتىھادىن پەرقلەندۈرۈش كېرەك.

4. تاماقلىنىش ئالدىدا كېسەلنىڭ قوللىرىنى يۇيۇش، ئىلمان سۇ بىلەن ئاغزىنى چايقىتىش، تاماقلىنىدىغانلىقىنى بىلدۈرۈش ئىشتىھا ئېچىشقا پايدىلىق بولۇپلا قالماي، باشقا جەھەتلەرگىمۇ پايدىسى كۆپ.

5. قەۋزىيەت — كېسەللىك پەيدا قىلغۇچى ئامىللارنىڭ بىرى. شۇڭا، كەچلىك ئۇخلاش ۋاقتىدا كۆچلۈك غىزانى كۆپ ئىستېمال قىلماسلىق، تاماق ئارىلىقلىرىدا، بولۇپمۇ كەچتە ھۆل مېۋە يېيىش — چوڭ تەرەتنى راۋان قىلىش، ئىشتىھا ئېچىش، بەدەننى كېرەكلىك ماددىلار بىلەن تەمىنلەشتە ئالاھىدە ئەھمىيەتكە ئىگە.

6. تاماقنى ياخشى پىشۇرۇپ يېيىش، كۆڭلى تارتمىغان تاماقنى زورلاپ يېمەسلىك لازىم.

7. پەرھىزدە بۇيرۇلغان تاماقلارنى بىر خىللا قىلىپ بېرىۋەرمەي، شۇ ماتېرىياللار ئاساسىدا خىلمۇخىل شەكىلدە ۋە ھەر خىل رەڭدە قىلىپ تەييارلاپ بېرىش كېرەك.

8. تاماقنى يەپ بولۇپلا دەرھال يېتىۋالماسلىق كېرەك.

9. ئىسسىق تاماقنىڭ ئارقىسىدىنلا سوغۇق يېمەكلىك - ئىچىملىكلەرنى بەرمەسلىك لازىم.

10. تاماق تۈرلىرىنى پەسىل ۋە كىلىماتقا قاراپ مۇۋاپىق تاللاش ۋە تەڭشەش لازىم.

# ئىككىنچى بۆلۈم

# ئۇيغۇرلارنىڭ ئىجتىمائىي فولكلور مەدەنىيىتى

# بىرىنچى باب

# ئۇيغۇرلارنىڭ ئائىلە ـ نىكاھ، ئىجتىمائىي مۇناسىۋەت ئادەتلىرى

كىشىلىك جەمئىيەت ھەر خىل كىچىك تىپتىكى ئىجتىمائىي ئومۇملۇقلاردىن ھاسىل بولغان. ئادەم، جۈملىدىن مىللەتمۇ ئاشۇنداق ئىجتىمائىي ئومۇملۇقلارغا مەنسۇپ. جەمئىيەت ئۇقۇمىدىن ئالغاندا، شۇنداق كىچىك ئومۇملۇقلار ئۆز ئالدىغا بىر جەمئىيەت ھېسابلىنىدۇ. ۋاھالەنكى، ئۇ ئىجتىمائىي ئومۇملۇقلار ئالاھىدە ئىقتىدارغا ئىگە سانسىز، ئەڭ تۆپكى بىرلىك — ئائىلىدىن تەركىب تاپقان. ئائىلە بولسا نىكاھ ئاساسىدا شەكىللەنگەن. شۇڭا، ئائىلە — جەمئىيەتنىڭ ھۈجەيرىسى، ئىنسانلارنىڭ ئۆزى ئىشلەپچىقىرىش بازىسى ھېسابلىنىدۇ.

مەلۇمكى، مىللەتلەرنىڭ مەدەنىيەت ئەنئەنىسى ئۆزىگە خاس ئالاھىدىلىكلەرگە ئىگە. بۇ ئالاھىدىلىكلەر ئائىلە ۋە نىكاھ تۈزۈم رەسمىيەتلىرىدە تىپىك ئىپادىلىنىدۇ[1].

## 1. ئائىلە قۇرۇلمىسى

### ئائىلە ۋە قېرىنداشلىق مۇناسىۋەت

ئائىلە — ئەڭ قەدىمكى ئىجتىمائىي كاتېگورىيە. ئىنسانىيەت پەيدا بولۇپ، جەمئىيەت شەكىلدە تەشكىللەنگەندىن كېيىن ئائىلە تەدرىجىي ئىجتىمائىي ئىنسان تۇرمۇشىنىڭ ئاساسىي پائالىيەت بىرلىكى بولۇپ قالدى. ئىنسانىيەت جەمئىيەتنى قايسى ئىجتىمائىي تۈزۈم قاتلىمىغا

---

[1] ئابدۇرەھىم ھەبىبۇللا: «ئۇيغۇر ئېتنوگرافىيەسى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1993ـ يىلى 4 ـ ئاي نەشرى، 227 ـ بەت.

كۆتۈرمىسۈن، ئائىلە شەكلى قايسى خىل خاراكتېردە راۋاجلانغان بولمىسۇن، ئائىلە ئىنسانىيەت بىلەن بىللە، ئىنسانىيەت جەمئىيىتى بىلەن بىللە ساقلىنىپ قالدى ۋە راۋاجلاندى[1].

كونكرېت قىلىپ ئېيتقاندا، ئائىلە نىكاھ مۇناسىۋىتىدىن شەكىللەنگەن ئورتاق گەۋدە بولۇپ، مۇشۇ ئورتاق گەۋدە ئىچىدىكى ئەزالارنىڭ مۇناسىۋىتى قېرىنداشلىق مۇناسىۋەت دېيىلىدۇ. ئۇيغۇرلارنىڭ ئىجتىمائىي تارىخىدا قېرىنداشلىق مۇناسىۋەت ئائىلە مۇناسىۋىتىنى شەكىللەندۈرىدىغان ئاساسىي ئامىل بولغاچقا، ئائىلە مۇناسىۋىتى كۆپلىگەن مۇرەككەپ ھادىسىلەرنى كونترول قىلىپ تۇرىدۇ. بۇنىڭ ئىچىدە ئەڭ گەۋدىلىك بولغىنى، ئائىلە ئەزالىرىنىڭ ئورنى ۋە دەرىجىسىدە كۆرۈلىدىغان رو ئەن پەرقلەردىن ئىبارەت.

خۇددى باشقا مىللەتلەرگە ئوخشاش، ئۇيغۇرلارمۇ ناھايىتى ئۇزاق بىر مەزگىل فېئوداللىق ھاكىمىيەت كونتروللۇقىدا ياشىغاچقا، ئۇلارنىڭ ئائىلىۋى ئادەتلىرىدە ئاتىلىق قانداشلىق مۇناسىۋىتىنىڭ تەسىرى قويۇق ئەكس ئېتىلگەن، يەنى ئائىلە باشلىقلىقى ئەرگە مەنسۇپ بولۇپ، ئۇنىڭ ئائىلىدىكى ئورنى ۋە ھوقۇقى چوڭ بولغان. قالغان ئائىلە ئەزالىرى ئەنە شۇ ئائىلە باشلىقىنىڭ ھۆكمىگە مۇتلەق بويسۇنۇش شەرت قىلىنغان. بۇ ھال ئائىلىنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى ئىش تەقسىماتى، ۋارىسلىق ھوقۇقى، ئائىلىنىڭ جەمئىيەت بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىنى بىر تەرەپ قىلىش ھوقۇقى قاتارلىق جەھەتلەردە ئەكس ئەتكەن. مەسىلەن، ئۇيغۇرلاردا بىر ئائىلىگە نىسبەتەن بارلىق ئىقتىسادىي ئېلىم - بېرىم ئىشلىرىنى باشقۇرۇش، بىر تەرەپ قىلىش، ئائىلىنىڭ پۈتۈن ئىقتىسادىي ئىشلىرىغا ئىگىدارچىلىق قىلىش ھوقۇقى ئائىلە باشلىقى بولغان ئەرگە خاس بولۇپ، باشقا ئائىلە ئەزالىرى ئۇنىڭغا ۋەكىللىك قىلالمايدۇ. ئەگەر ئائىلە باشلىقى دەپ ئېتىراپ قىلىنغان ئەر ئۆلۈپ كەتكەن بولسا ياكى مەلۇم سەۋەبلەر بىلەن سىرتقا چىقىپ كېتىپ، ئۇزاق مەزگىل قايتىپ

---

[1] ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىن: «ئائىلە»، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى 2002 - يىلى 10 - ئاي نەشرى، 1 - بەت.

كېلەلمىگەن بولسا، ئائىلىگە مۇناسىۋەتلىك يۇقىرىقىدەك ئىشلارنى جامائەتنىڭ كېپىللىكى ۋە گۇۋاھلىقى ئاستىدا شۇ ئائىلىنىڭ چوڭ ئوغلى (ئەگەر شۇ ئائىلىدە ئوغۇل بالا بولمىسا، ئائىلە باشلىقىنىڭ ئايالى) ۋاكالىتەن بىر تەرەپ قىلىش هوقۇقىغا ئىگە بولىدۇ.

ئائىلە ئىقتىسادىي مۈلكىگە ۋارىسلىق قىلىش جەھەتتە ئۇيغۇرلار ئومۇمەن ئىسلام شەرىئىتىدە بەلگىلەنگەن مىراس ئايرىش بەلگىلىمىلىرىنى ئىجرا قىلغان، يەنى ئائىلە ئەزالىرى ئىچىدىكى ئەر بىر ئوق، ئايال يېرىم ئوق نىسبىتى بويىچە مىراس ئايرىلغان. شۇ ئۆيىنىڭ بىر قىسىم پارچە مۈلۈكلىرى، دېھقانچىلىق سايمانلىرى، قاچا - قۇچا، قازان - قومۇچ، ئۆي جابدۇقلىرى مىراسىنىڭ سىرتىدا بولۇپ، ئۇ نەرسىلەر شۇ ئائىلىنىڭ چىرىغىنى يورۇتقان ئوغۇلغا قالدۇرۇلىدۇ. ناۋادا ئاتا - ئانا هاياتلىقىدا بېقىۋالغان نەۋرە - چەۋرىلەر ۋە باشقىلار بولسا، ئۇلار مۇشۇ ئائىلىنىڭ بىر ئەزاسى سۈپىتىدە قېرىنداش بىر تۇغقانلارغا ئوخشاش ئائىلە مۈلكىگە ۋارىسلىق قىلىش هوقۇقىغا ئىگە بولىدۇ.

ئۇيغۇرلار ئارىسىدا ئوغۇل بالا چوڭ بولۇپ ئۆي - ئوچاقلىق بولغاندىن كېيىن دەرهال ئۆي ئايرىمايدۇ. ئەگەر ئۆي ئايرىپ قويۇشقا توغرا كەلگەندە، ئاتا - ئانىسى هايات بولسىلا ئۇنىڭ ئىقتىسادىي كىرىم- چىقىمى ۋە هاياتلىق مەنبەسى چوڭ ئائىلىگە باغلانغان بولىدۇ. ئاتا - ئانىسى هايات تۇرۇپ مىراس تەلەپ قىلىش جامائەتچىلىك ئىچىدە قاتتىق ئەيىب هېسابلىنىدۇ. بالىلار چوڭ بولۇپ ئۆي ئايرىغاندا، كىچىك ئوغۇل (كەنجى ئوغۇل) ئاتا - ئانىسىغا هەمراھ بولۇپ شۇ ئائىلىنىڭ چىرىغىنى يورۇتىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن، كۆپلىگەن ئۇيغۇر چۆچەكلىرى ۋە داستانلىرىدا كەنجى ئوغۇلنى باتۇر ۋە دانىشمەن سۈپىتىدە ئۇلۇغلاش ئەنئەنىسى ئالغا سۈرۈلگەن.

ئۇيغۇر جەمئىيىتى بۇرۇنراق فېئودالىزمغا كۆچكەنلىكى ئۈچۈن، ئۇلارنىڭ ئائىلە قۇرۇلمىسىدا ئۇرۇقچىلىق ۋە قەبىلىچىلىك هاياتىنىڭ تەسىرلىرى كۆرۈنەرلىك ئورۇندا ئەمەس. شۇ سەۋەبتىن، ئەۋلاد - ئەجدادلارنىڭ نامىنى ۋە ئۇلار ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەت باغلىنىشىنى

پەرقلەندۈرىدىغان ئاتالغۇلارمۇ كۆرۈنەرلىك ئەمەس. ئۇيغۇرلار دادىسىنى «دادا» ياكى ئايرىم ھالدا «ئاتا» دەيدۇ، ئۇيغۇر دولانلىرى دادىسىنى «ئاتا» دەيدۇ، يەنە دولانلارنىڭ يەرلىك شېۋىسىدە «ئاتام باللا»، «ئانام باللا» دېگەن ئاتاشمۇ ساقلانغان. ئۇيغۇرلار ئارىسىدا ئەر ۋە ئايال تەرەپ تۇغقانلىرىنىڭ نامى مەخسۇس ئاتالغۇ بىلەن ئەمەس، بەلكى «چوڭ»، «كىچىك» دېگەنگە ئوخشاش سۈپەتلەرنى قوشۇش ئارقىلىق پەرقلەندۈرۈلگەن. مەسىلەن، دادىنىڭ ئاكىسى چوڭ تاغا (بەزى جايلاردا چوڭ ئاتا)، دادىنىڭ ئىنىسى كىچىك تاغا (بەزى جايلاردا كىچىك ئاتا)، دادىنىڭ ئاچىسى چوڭ ھامما (بەزى جايلاردا چوڭ ئاپا)، دادىنىڭ سىڭلىسى كىچىك ھامما (ھامما ئاچا، بەزى جايلاردا كىچىك ئاپا) دېگەنلەرگە ئوخشاش.

ئۇيغۇرلارنىڭ ئادىتىدە «مەن» نى مەركەز قىلىپ يۇقىرىغا سانىغاندا دادىسى بىلەن ئانىسىغىچە بىر ئەجداد، چوڭ دادىسى بىلەن چوڭ ئانىسىغىچە ئىككى ئەجداد، بوۋىسى بىلەن مومىسىغىچە ئۈچ ئەجداد، چوڭ بوۋىسى بىلەن چوڭ مومىسىغىچە تۆت ئەجداد ھېسابلىنىدۇ.

«مەن» دىن تۆۋەنگە سانىغاندا ئوغۇل - قىزلىرى بىر ئەۋلاد، نەۋرىلىرى ئىككى ئەۋلاد، ئەۋرىلىرى ئۈچ ئەۋلاد، چەۋرىلىرى تۆت ئەۋلاد، پەي نەۋرىلىرى بەش ئەۋلاد...... ھېسابلىنىدۇ. شۇنداق قىلىپ توققۇز ئەۋلاد بىۋاستە قېرىنداشلىق كاتېگورىيەسىنى تەشكىل قىلىدۇ. بۇ بىۋاستە قېرىنداشلار ئارا نىكاھلىنىش چەكلىنىدۇ.

### تۇغقانچىلىق مۇناسىۋىتى

ئۇيغۇرلارنىڭ تۇغقانچىلىق مۇناسىۋىتى مۇنداق تۆت سىستېمىغا بۆلۈنىدۇ:

1. قانداش تۇغقان: بىر ئاتا - ئانىدىن بولغانلار ۋە ئاتا بىر، ئانا باشقا ئاكا - ئۇكا، ئاچا - سىڭىللار؛

2. يېقىن تۇغقان: ئانا جەمەت تۇغقانلار ۋە بىر ئاتىدىن بولغان ئاكا- ئۇكا، ئاچا - سىڭىلنىڭ پەرزەنتلىرى ھەم ئانا بىر، ئاتا بۆلەك ئاكا - ئۇكا، ئاچا - سىڭىللار؛

3. يىراق تۇغقان: ئاتا جەمەت، ئانا جەمەت سىستېمىسىدىكى غەيرىي قانداش تۇغقانلارنىڭ ئەۋلادلىرى. مۇنداق تۇغقانلار پەرزەنتلەرنىڭ قېيىنئاتا، قېيىنئانا ۋە ئۇلارنىڭ پەرزەنتلىرى بولۇپ، ئادەتتە يۇقىرىقى ت-ۇغ-قانچىلىق مۇناسىۋەتتىكىلەرنىڭ ھەممىسى «تۇغقان» دەپ ئاتىلىدۇ[1].

**تۇغقان ناملىرى**

ئۇيغۇرلاردا بىر ئائىلە ئەزالىرى يەنى قانداش جەمەت بىرلىكى ئاساسىدىكى تۇغقانلار ئەجداد تەرتىپى، ئەۋلاد تەرتىپى، ياش تەرتىپى بويىچە خاس نام بىلەن پەرقلەندۈرۈلىدۇ.

1. ئەجداد تەرتىپى بويىچە: ئۇيغۇرلادا ئەنئەنە بويىچە ئەجداد تەرتىپىنىڭ خاس نامى ۋە شەخس ئىسمى يەتتىنچى ئەجدادقىچە خاتىرىدە تۇتۇلىدۇ: ① دادا (ئاتا)، ئانا (ئاپا)؛ ② چوڭ دادا (ئاتا)، چوڭ ئانا (ئاپا)؛ ③ بوۋا (م) موما (م)؛ ④ چوڭ بوۋا (م)، چوڭ موما (م)؛ ⑤ ئۇلۇغ بوۋا (م) ئۇلۇغ موما (م)؛ ⑥ بەشىنچى ئەجدادتىن يەنى ئۇلۇغ بوۋىدىن يۇقىرىدىكىلەر ئۇلۇغ بوۋامنىڭ بوۋىسى ياكى ئالتىنچى، يەتتىنچى بوۋام دەپ ئاتىلىدۇ. بۇرۇن ئالتىنچى، يەتتىنچى ئەجدادنىڭ خاس نامى بولغان بولۇشى مۇمكىن. ئەمما، بىزنىڭ دەۋرىمىزگە يېتىپ كەلگۈچە ئۇتنۇلغان بولسا كېرەك، شۇنگدەك ھازىر ئۈچىنچى ئەجدادلىرىدىن يۇقىرى ئەجدادىنىڭ خاس نامى ۋە شەخس ئىسىملىرىنى تولۇق ئېيتىپ بېرەلەيدىغانلار ئاز ئۇچرايدىغان بولۇپ قالدى.

2. ئەۋلاد تەرتىپى بويىچە: ئۇيغۇرلاردا دادا جەمەتى ئەۋلادى ئالتە بوغۇمدا يەنى ئالتە ئەۋلادىدا ئاخىرلىشىدۇ. ئۇلار: ① ئوغۇل ياكى قىز؛ ② نەۋرە؛ ③ ئەۋرە؛ ④ چەۋرە؛ ⑤ پەي نەۋرە؛ ⑥ كوكۇنە نەۋرە دېيىلىدۇ. نەۋرە ئوغۇل نەۋرە، قىز نەۋرە دەپ پەرقلەندۈرۈلىدۇ.

3. دادا، ئانا جەمەتى بويىچە: دادا، ئانىسىنىڭ ئاكا - ئۇكا، ئاچا-سىڭىللىرى ئومۇملاشتۇرۇلۇپ تاغا ياكى ئاغا، ئاكا، ھامما دەپ

[1] ئابدۇرەھىم ھەبىبۇللا: «ئۇيغۇر ئېتنوگرافىيەسى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1993 - يىلى 4 - ئاي نەشرى، 229 - ، 230 - بەتلەر.

پەرقلەندۈرۈلىدۇ. ئەمما، ئادەتتە يېقىنلىق، مېھىر ـ ھۆرمەت ئېتىبارى بىلەن ئۇلارنىڭ شەخس ئىسمىنىڭ ئاخىرىغا «م» تاۋۇشى قوشۇلۇپ، دادا(م)، ئانا (م)، ئاپا (م) دەپ ئاتىلىدۇ. بەزى رايونلاردا دادىنىڭ ئاكىسى چوڭ ئاتا، ئۇكىسى كىچىك ئاتا؛ ئانىنىڭ ئاچىسى چوڭ ئاپا، سىڭلىسى كىچىك ئاپا دەپمۇ ئاتىلىدۇ.

4. قۇدا تۇغقان ناملىرى: پەرزەنتلەرنىڭ نىكاھ مۇناسىۋىتى بىلەن شەكىللەنگەن غەيرىي قانداش سىستېمىسى ئاساسىدىكى تۇغقانچىلىق مۇناسىۋەت «قۇدا تۇغقان» دېيىلىدۇ ۋە خاس نام بىلەن پەرقلەندۈرۈلىدۇ. ① ئوغۇل ۋە قىز تەرەپ ئاتا ـ ئانىلىرى قۇدىلارنى پەرقلەندۈرۈش زۆرۈرىيىتى بولغاندا ئەر (ئەركەك) قۇدا، ئايال (چىشى) قۇدا دەپ ئاتىلىدۇ. ② ئوغۇلنىڭ ئايالى «كېلىن ياكى كېلىن بالا»؛ قىزنىڭ ئېرى «كۈيە ياكى كۈيئو ئوغۇل» دەپ ئاتىلىدۇ، ئەمما ئوغۇل تەرەپ ئادەتتە كېلىننى ئائىلىنىڭ رەسمىي ئەزاسى سۈپىتىدە «قىزىم ياكى بالام» دەپ ئاتايدۇ. قىز تەرەپ كۈيئو ئوغۇلنى «ئوغلۇم ياكى بالام» دەپ ئاتايدۇ. ③ ئوغۇلنىڭ ئايالىنىڭ، شۇنىڭدەك كېلىننىڭ ئېرىنىڭ دادا (ئاتا) سى، ئانا (ئاپا) سى «قېيىنئاتا»، «قېيىنئانا» دەپ ئاتىلىدۇ. ئادەتتە دادا (ئاتا)، ئانا (ئاپا) دەپ ئاتىلىدۇ. ④ كۆپ پەرزەنتلىك ئائىلىلەردە چوڭ ئوغۇلنىڭ ئايالى ئۇنىڭ ئاكا ـ سىڭىللىرى تەرىپىدىن «يەڭگە» ياكى «ئېگىچە»، تۇرپان قاتارلىق جايلاردا بولسا «ئايلا» دەپ ئاتىلىدۇ. كېلىنلەر ئارىدىن چوڭلىرىنى ئاكا ياكى ئاغا، تۇرپان قاتارلىق جايلاردا «موللاكا»، «ئاچا» ياكى «ھەدە»، «ئايلا»؛ كىچىكلىرىنى «ئۇكام»، «سىڭلىم» دەپ ئاتايدۇ. بىر ئائىلىدىكى ئاكا-ئۇكىنىڭ ئاياللىرى ئۆزئارا «ئېپى يەڭگە» دەپ ئاتىشىدۇ. ⑤ ئەرنىڭ ئايالىنىڭ ئاكا ـ ئۇكىسى «قېيىنئاغا»، «قېيىنئىنى»، ئاچا-سىڭىللىرى «قېيىنئېگىچە»، «قېيىنسىڭىل» دەپ ئاتىلىدۇ. ئادەتتە ئاكا ياكى ئاچا، ئېگىچە ياكى سىڭىل دەپ ئاتىلىدۇ. ⑥ بىر ئائىلىدىكى ياتلىق بولغان ئاچا ـ سىڭىلنىڭ ئەرلىرى، شۇنىڭدەك ئەر ـ ئايال ئىككى تەرەپنىڭ ئاكا ـ ئۇكا، ئاچا ـ سىڭىللىرى ئارىسىدا قۇدىلاشقانلارمۇ «باجا» دەپ ئاتىلىدۇ. ئۇلارنىڭ ئاتا ـ ئانىلىرى «قايچا

قۇدا» دەپ ئاتىلىدۇ.

ئۇيغۇر جەمئىيىتىدە قۇدا تۇغقانلار بىۋاسىتە تۇغقانلاردىن ھېسابلانمىسىمۇ، لېكىن ئۆزئارا قاتتىق ھۆرمەتلىنىشىدۇ. بۇ «قۇدا كەلدى، خۇدا كەلدى»، «كۆيۈ ئوغۇل كەلدى، خان كەلدى» دېگەن تەمسىلدە ناھايىتى ئوبرازلىق ئىپادىلەنگەن. ⑦ پەرزەنتلەرگە ئائىت خاس نام: يېڭىدىن دۇنياغا كۆز ئاچقان بىر جان ئىگىسى بىر تۇتاش «بالا»، جىنسىي پەرقىگە قاراپ «ئوغۇل»، «قىز» دەپ ئاتىلىدۇ. بالا تۇغۇلۇپ يېشىغا توشقۇچە «بوۋاق»، 6 — 7 ياشلىق بالىلار «نارەسىدە»، 7—8 ياشتىن 11 — 12 ياش ئارىلىقىدىكى بالىلار يەنى ئۇششاق يېشىدىكى بالىلار «ئۆسمۈر» دەپ ئاتىلىدۇ. بىر قېتىملىق تۇغۇتتا تۇغۇلغان ئىككى بالا «قوشكېزەك» دەپ ئاتىلىدۇ. ⑧ نەۋرىلەر: بىر جەمەتتىن بولغان نەۋرىلەر ئادەتتە تۇغقان دەپ ئاتالسىمۇ، ياش تەرتىپى بويىچە يەنىلا «نەۋرە ئاكا»، «نەۋرە ئىنى»، «نەۋرە ئاچا ياكى نەۋرە ھەدە»، «نەۋرە سىڭىل» دېگەن خاس نام ئارقىلىق پەرقلەندۈرۈلىدۇ. ئۇيغۇرلاردا تۇغقان ئۇقۇمىنى بىلدۈرىدىغان دادا، بوۋا، ئانا (ئاپا)، ئاكا-ئۇكا، ئاچا - سىڭىل، يەڭگە، ئايلا، بالا، قىز، ئوغۇل قاتارلىق ئاتالغۇلار ئادەتتە يېقىنلىق، مېھىر - مۇھەببەت، ھۆرمەت ئىپادىسىدە كەڭ قوللىنىلىدۇ. مەسىلەن، قولۇم - قوشنا، يار - بۇرادەرلەر ئۆزئارا ئۆزىدىن چوڭلارنى — ئەرلەرنى بوۋا، دادا، ئاكا؛ ئاياللارنى ئانا (ئاپا)، ئايلا، ئاچا، يەڭگە؛ كىچىكلەرنى ئۇكام، ئىنىم، بالام، ئوغلۇم، سىڭلىم، قىزىم دەپ ئاتايدۇ. ناتونۇش كىشىلەر مەلۇم زۆرۈرىيەت تۈپەيلى ئۇدۇل كەلگەن بىرىدىن گەپ سوراشقا توغرا كەلگەندە قارشى تەرەپنىڭ جىنسىي پەرقى بويىچە قىياسەن ياش قۇرامىغا قاراپ يۇقىرىدىكىناملاردا چاقىرىدۇ. بۇنىڭدىن باشقا، دىنىي زاتلارنىڭ ئاياللىرى «قۇشناچ»، يۇقىرى تەبىقىدىكىلەرنىڭ ئاياللىرى «ئاغىچا» دەپ ئاتىلىدۇ[1].

---

[1] ئابدۇرەھىم ھەبىبۇللا: «ئۇيغۇر ئېتنوگرافىيەسى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1993 - يىلى 4 - ئاي نەشرى، 230 - ، 233 - بەتلەر.

**مىراسخورلۇق**

ئۇيغۇرلار ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلغاندىن كېيىن، مىراسنى ئىسلام دىنى شەرىئەت قائىدىسى بويىچە تەقسىم قىلىشقا ئادەتلەنگەن. شەرىئەت قائىدىسىدە مىراس بۆلۈش نىزامى مۇنداق بەلگىلەنگەن:

مىراس قالدۇرغۇچىنىڭ ئوغۇل - قىزلىرى بىردىن بولسا، ئومۇمىي مىراسنى ئۈچكە بۆلۈپ، ئىككى ئۈلۈشى ئوغۇلغا، بىر ئۈلۈشى قىزغا تېگىدۇ. قىز ئىككى ياكى ئۇنىڭدىن كۆپ بولسا، ئومۇمىي مىراسنى ئۈچكە بۆلۈپ، ئىككى ئۈلۈشى قىزلارغا، بىر ئۈلۈشى ئوغۇلغا تېگىدۇ. ئەگەر ۋارىس قىز بالا بولسا، ئۇنىڭغا مىراسنىڭ يېرىمى تېگىدۇ.

مىراس قالدۇرغۇچىنىڭ بالىلىرى بولسا، ئۇنىڭ ئاتا - ئانىسىنىڭ ھەر بىرىگە ئومۇمىي مىراسنىڭ ئالتىدىن بىرى تېگىدۇ. بالىسى بولمىسا، مىراسنى ئۈچكە بۆلۈپ، ئۇنىڭ ئىككى ئۈلۈشى دادىسىغا، بىر ئۈلۈشى ئانىسىغا تېگىدۇ. ئەگەر مىراس قالدۇرغۇچىنىڭ ئاتا - ئانىسىدىن باشقا قېرىنداشلىرى بولمىسا، ئانىسىغا مىراسنىڭ ئالتىدىن بىر قىسمى تېگىدۇ، قالغىنى دادىسىغا تېگىدۇ.

ئايال ۋاپات بولسا، ئۇنىڭ بالىسى بولمىسا، ئۇ قالدۇرغان مىراسنىڭ يېرىمى ئەرگە تېگىدۇ. بالىلىرى بولسا، ئەرگە مىراسنىڭ تۆتتىن بىر قىسمى تېگىدۇ. ئەر ۋاپات بولسا، بالىلىرى بولمىسا، مىراسنىڭ تۆتتىن بىرى ئايالغا تېگىدۇ. بالىلىرى بولسا، ئايالغا مىراسنىڭ سەككىزدىن بىر قىسمى تېگىدۇ.

مىراس قالدۇرغۇچى ئاتا - ئانىسىز، بالىسىز ئەر ياكى ئايال بولۇپ، ئۇنىڭ پەقەت ئانا بىر قېرىندىشى ۋە ئانا بىر ھەمراھى بولسا، ئۇلارنىڭ ھەر بىرىگە ئومۇمىي مىراسنىڭ ئالتىدىن بىرى تېگىدۇ. ئەگەر مىراس قالدۇرغۇچىنىڭ ئانا بىر، ئاتا باشقا قېرىنداشلىرى، ھەمشىرىلىرى بىردىن كۆپ بولسا، مىراسنىڭ ئۈچتىن بىر قىسمى ئۇلارغا ئورتاق تەقسىم قىلىنىدۇ.

مۇبادا مىراس تەقسىم قىلغاندا ۋارىس ئەمەس تۇغقانلار ياكى تۇغقان ئەمەس يېتىم - يېسىر بولۇپ قالسا، ئۇلارنىڭ كۆڭلىنى ئېلىپ، ياخشى سۆز قىلىپ، ئاز - تولا بىرنەرسە بېرىش زۆرۈر، دەپ كۆرسىتىلگەن.

يۇقىرقى تەقسىمات مىراس قالدۇرغۇچىنىڭ ۋەسىيىتى ئورۇنلىنىپ بولغان، ھاياتلىقتىكى قەرزلىرى تۆلىنىپ بولغاندىن كېيىن ئىجرا قىلىنىدۇ. مىراس قالدۇرغۇچىنىڭ ۋەسىيىتى ۋارىسلارغا زىيان سالماسلىق شەرتى بىلەن ئورۇنلىنىشى لازىم. باللارغا بۆلۈنگەن مىراس باللار چوڭ بولغۇچە ساقلىنىپ تۇرۇشى، چوڭ بولغاندا قايتۇرۇلۇپ بېرىلىشى لازىم، دەپ كۆرسىتىلگەن.

بۇ بەلگىلىمە مۇشۇ ئەسىرنىڭ باشلىرىغىچە مىراس تەقسىم قىلغۇچى ئۆلىمالار تەرىپىدىن مىراس ۋە ئۇنىڭغا ۋارىسلىق قىلغۇچىلارنىڭ ئەمەلىي ئەھۋالىغا قاراپ نىسبەت (ئوق) كە بۆلۈپ، شەرىئەت قائىدىسى بويىچە تەقسىم قىلىنغان. كېيىنچە ئىسلام شەرىئىتىنىڭ مىراسخورلۇق توغرىسىدىكى بۇ بەلگىلىملىرى ئاددىيلىشىپ، «ئەرگە پۈتۈن، ئايالغا يېرىم» دېگەننى ئاساس قىلىپ مىراس بۆلۈش ئادەتكە ئايلانغان.

ئىسلام شەرىئىتى بويىچە مىراس بۆلىدىغان بۇنداق ئادەت 1950 ـ يىلىدىن كېيىن ئەمەلدىن قالدۇرۇلۇپ، ئۇنىڭ ئورنىغا دۆلىتىمىزنىڭ «ۋارىسلىق قىلىش قانۇنى» بويىچە مىراس بۆلۈش تۈزۈمى يولغا قويۇلدى.

ئۇيغۇرلارنىڭ ئائىلە قۇرۇلمىسى جەھەتتىكى ئالاھىدىلىكلەر نۇقتىسىدىن ئالغاندا، يەنە مىراسخورلۇقتا مۇنداق ئالاھىدىلىكلەرمۇ مەۋجۇت، يەنى ياتلىق قىلىنغان قىزلار يەنىلا ۋارىسلىق ھوقۇقىغا ئىگە بولىدۇ.

### ئائىلە ئىستىلى ۋە ئائىلە تەربىيەسى

ئۇيغۇرلار ئەزەلدىن ئائىلە ئىستىلىغا يۈكسەك ئېتىبار بىلەن قاراشقا ئادەتلەنگەن. چۈنكى، ئۇلار ئائىلە ئىستىلىنىڭ توغرا ياكى خاتا بولۇشى ئائىلىنىڭ روناق تېپىشى ياكى ۋەيران بولۇشىغا بىۋاسىتە تەسىر كۆرسىتىدۇ، دەپ قارايدۇ. شۇ سەۋەبتىن، ھەرقانداق بىر ئائىلىنىڭ ئەزاسى شۇ ئائىلىنىڭ ئورتاق ئىستىلى بەلگىلىگەن دائىرە ئىچىدە پائالىيەت ئېلىپ بارىدۇ. ئائىلىگە مەنسۇپ ئورتاق ئىستىل ھەربىر ئائىلىدە ئەنئەنىۋى ھالدا شەكىللەنگەن بىر خىل ئىجتىمائىي ئادەت

بولۇپ، ئائىلە ئەزالىرىنىڭ ئۇنىڭغا ئەمەل قىلىشى تەلەپ قىلىنىدۇ. ئائىلە ئىستىلى ئائىلە تەربىيەسىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ ۋە شۇ ئارقىلىق ۋۇجۇدقا كېلىدۇ. ئۇيغۇر دولانلىرىدا ئائىلە تەربىيەسى مۇنداق ئىككى مۇھىم مەزمۇننى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ: بىرى، ئەخلاقىي تەربىيەگە ئەھمىيەت بىلەن قاراش؛ يەنە بىرى، ئائىلە شەجەرىسىگە ۋارىسلىق قىلىپ، ئەۋلادلىرىنىڭ ئەمەلىي ئىقتىدارىنى يېتىلدۈرۈشكە دىققەت قىلىشتىن ئىبارەت.

ئائىلە ئەزالىرىغا ئەخلاقىي تەربىيە ئېلىپ بېرىش ئاتا - ئانىنىڭ باش تارتىپ بولمايدىغان مۇقەددەس بۇرچى بولۇپ، ئۇيغۇر دولانلىرىنىڭ ئائىلە كۆز قارىشىدا «ئاتىنىڭ ئىزى بالىغا قالىدۇ» دېگەن ئەقىدە ناھايىتى كۈچلۈك. شۇ سەۋەبتىن، قائىدە - يوسۇن بىلمەيدىغان ئەدەپسىز بالىلار چېلىقسا، ئالدى بىلەن ئۇنىڭ ئاتا - ئانىسىنى ئەيىبلەيدۇ، «چاقتا گۇناھ يوق، شادىسى بۇزۇق، قىزىدا گۇناھ يوق، ئانىسى بۇزۇق» دېگەن ماقال ئەنە شۇ ئەنئەنىۋى قاراشتىن چىققان.

ئۇيغۇرلار ئائىلىلىرىدە يۈرگۈزۈلىدىغان ئەخلاقىي تەربىيەنىڭ مەزمۇنى ۋە دائىرىسى ئىنتايىن كەڭ بولۇپ، ئومۇمەن ئائىلە ئەزالىرىنى ئەمگەكچان، راستچىل، ئۆزئارا كۆيۈمچان، ئاق كۆڭۈل، ئەقىل - پاراسەتلىك، ئەھلى مۇسۇلمان قىلىپ تەربىيەلەشنى مەقسەت قىلىدۇ. ئوغۇل بالىنى تەربىيەلەشنى ئاساسەن دادا، قىز بالىنى تەربىيەلەشنى بولسا ئانا ئۆز ئۈستىگە ئالىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن، دادا بولغۇچى ئوغلىنى كىچىك ۋاقتىدىن باشلاپ ئارقىسىغا ئەگەشتۈرۈپ جەمئىيەت بىلەن كۆپرەك ئۇچراشتۇرۇشقا ئەھمىيەت بېرىدۇ، ئەدەپ - ئەخلاق ئۆگىنىدىغان سورۇنلارغا بىرگە ئېلىپ بارىدۇ. ئۆيگە مېھمان كەلسە، بالىسىنى چاقىرىپ مېھمانغا ئەدەپ بىلەن سالام بېرىشكە دەۋەت قىلىدۇ، مېھماننىڭ قولىغا سۇ بېرىشنى مەقسەتلىك ھالدا بالىغا تاپشۇرىدۇ ۋە باشقىلار. ئۇلارنىڭ نەزىرىدە قىز بالا ھامان «تالانىڭ ئادىمى» يەنى باشقا ئائىلىگە «بالا» بولىدىغان بولغاچقا، قىز بالىنىڭ تەربىيەسىگە ئىنتايىن كۆڭۈل بۆلىدۇ. شۇ سەۋەبتىن، ئانا بولغۇچى قىز بالىغا كىچىك ۋاقتىدىن باشلاپ ئۆي تازىلىقى، كىر - قات يۇيۇش، تاماق ئېتىش،

تىككۈچىلىك قاتارلىق ئىشلارنى ئۆگىتىدۇ.

ئۇيغۇرلار ئارىسىدا قەدىمدىن تارتىپ ئەنئەنە سۈپىتىدە داۋاملىشىپ كەلگەن بىر يۇرۇش ئائىلە قائىدە ـ يوسۇنلىرى تۇرغۇزۇلغان بولۇپ، كېيىنچە ئىسلام دىنىنىڭ ئەدەپ ـ ئەخلاق مىزانلىرى بىلەن زىچ بىرلىشىپ، ئەمەل قىلىشقا تېگىشلىك مىللىي ئەخلاق ئادىتىگە ئايلانغان.

**ۋەسىيەت قالدۇرۇش ئادىتى**

ۋەسىيەت قالدۇرۇش ئادىتى ۋەسىيەت قالدۇرغۇچىنىڭ ئۆزى ئۆلۈپ كەتكەندىن كېيىن قالدۇرغان مىراسىغا ئەۋلادلىرىنىڭ قانداق ۋارىسلىق قىلىشى زۆرۈرلۈكى ھەققىدىكى ئارزۇسى ۋە تەلەپلىرىنى بىلدۈرۈش، يەنە بىرى ئۆزى ھايات ۋاقتىدا قىلغۇسى بولسىمۇ، شارائىتى ياكى ئۆمرىنىڭ يار بەرمىگەنلىكى سەۋەبىدىن قىلىپ بولالماي قالغان بىرەر ئىشنى ئۆزى بىلەن بىۋاستە ياكى ۋاستىلىك قانداشلىق مۇناسىۋىتى بار بولغان ياكى ئۆزى ئىشىنىدىغان بىرەرسىگە تاپىلاپ قويۇش زۆرۈرىيىتىدىن پەيدا بولغان. ۋەسىيەت شەكلى ئاساسەن ئاغزاكى ۋەسىيەت ۋە يازما ۋەسىيەت دەپ ئىككى خىل بولىدۇ. يازما ۋەسىيەتلەر ئاغزاكى ۋەسىيەتلەرگە قارىغاندا سەل كونكرېت، مۇرەككەپ ۋە رەسمىيرەك بولۇپ، گۇۋاھچىلار بولۇشى ۋە ۋەسىيەت يېزىلىپ بولغاندىن كېيىن گۇۋاھچىلارنىڭ قول قويۇشى تەلەپ قىلىنىدۇ.

ۋەسىيەت قالدۇرۇش پەقەت ئۆز ئارزۇسى بويىچە مىراسنى تەقسىملەشنى ئۈمىد قىلىدىغان كىشىلەرگىلا خاس ئادەت بولماستىن، بەلكى يىراق سەپەر ياكى جەڭگە كېتىپ قايتىپ كېلىش-كېلەلمەسلىكىگە ئىشەنچ قىلالمىغان ۋە ياكى ئاغرىپ قېلىپ، كېسىلىنىڭ ساقىيىشىغا كۆزى يەتمىگەن كىشىلەر ھەمدە نورمال ئەھۋالدىكى كىشىلەرمۇ قىلسا بولىدىغان ئىشتۇر.

ئەجدادلىرىمىز ۋەسىيەتنامىلەرنى پەقەت ئۆزى ئۆلۈپ كەتكەندىن كېيىن، مىراسلىرىنىڭ لىللا تەقسىملىنىشى ۋە ئۆزىنىڭ باشقىلار بىلەن بولغان ئېلىم ـ بېرىم مۇناسىۋىتىنى قانداق ھەل قىلىش ئېھتىياجى

تۇپەيلىدىنلا ئەمەس، بەلكى ئۆز قەبىلە - قوۋمىنىڭ ئىناق، ئۆم ياشىشى، باشقا خەلقلەر بىلەن قانداق مۇناسىۋەتتە بولۇشى كېرەكلىكى ۋە ئۇلارنىڭ ئىجتىمائىي تۇرمۇشىنىڭ ھەرقايسى تەرەپلىرى ھەققىدە قىممەتلىك ۋەسىيەتلەرنىمۇ قالدۇرغان.

ئىسلام دىنىدىمۇ ۋەسىيەت قالدۇرۇشنىڭ دۇرۇسلۇقى ۋە زۆرۈرلۈكى ئېنىق تەكىتلەنگەن بولۇپ، ئۇيغۇرلارنىڭ ۋەسىيەت قالدۇرۇش ئادىتى ئىسلام دىنىنىڭ بۇ ھەقتىكى بەلگىلىمىلىرى بىلەن بىرلىشىپ ئۇيغۇر جەمئىيىتىدە تېخىمۇ زور ئىجتىمائىي ئاساسقا ئىگە بولغان.

ئۇيغۇرلارنىڭ ۋەسىيەت قالدۇرۇش ئادىتىدە ياشىنىپ قالغان كىشلەر بالىلىرى ياكى ئۇرۇق - تۇغقانلىرىغا ئۆزىنىڭ ئۆلۈپ كەتكەندىن كېيىنكى دەپنە ئىشلىرىنىڭ قانداق ئورۇنلاشتۇرۇلۇشى ھەققىدىمۇ ۋەسىيەت قالدۇرىدىغان ئادەت بار. مەسىلەن، «مەن تۇگەپ كەتسەم، ئانامنىڭ (ياكى ئاتامنىڭ) قەبرىسىنىڭ يېنىدا قويۇڭلار!» ياكى «مېنىڭ مېيىت نامىزىمنى پالانچى (موللام ياكى ئاخۇن) چۈشۈرسۇن» دېگەندەك ۋەسىيەتلەرنى ھەم ئۇچرىتىمىز. پەرزەنتلەرنىڭ ئاتا - ئانىلارنىڭ ۋەسىيىتىنى شەرتسىز ئورۇنلىشى ۋە ئەمەلگە ئاشۇرۇشىغا ئۇلاردىكى ئەجدادقا تېۋىنىش ئىدىيەسىمۇ زور تۈرتكە بولىدۇ. ئۇيغۇرلاردا پەرزەنتلەر ئاتا - ئانىسىنىڭ ۋەسىيىتىنى بەجانىدىل ئورۇنلايدۇ. ئاتا - ئانىنىڭ ۋەسىيىتى ياخشى ئورۇنلانسا، ئۇلارنىڭ روھى خۇش بولىدۇ، پەرزەنتلىرىنى يۆلەيدۇ، دەيدىغان قاراش مەۋجۇت. ئۇيغۇرلاردا يەنە ئاتا- ئانىلار ئەگەر كۆپ پەرزەنتلىك بولسا، بالىلىرىنىڭ چوڭىغا ئۆزى تۈگەپ كەتكەندىن كېيىن، كىچىك ئىنى - سىڭىللىرىغا خۇددى ئۆز ئاتا - ئانىسىدەك كۆيۈنۈپ، ئاتا - ئانىسىنىڭ زىممىسىدىكى ئورۇنلاپ بولالمىغان ئىشلارنى (ئوغۇل بولسا خەتنىسىنى قىلدۇرۇش، دىنىي ئەھكاملارنى ئۆگىتىش، ئۆيلەپ قويۇش؛ قىز بولسا قولىنى تەشتۇرۇش، ئېغىر ئىشلارغا سالماسلىق ۋە بويىغا يەتكەندە تاللىق قىلىش...... قاتارلىق ئىشلارنى) ئۇلارغا ۋاكالىتەن قىلىپ قويۇشنى ۋەسىيەت قىلىشىدۇ. بۇنداق ۋەسىيەتلەر كۆپىنچە ئاغزاكى شەكىلدە بولىدۇ. مەلۇم مەنىدىن ئېيتقاندا، ۋەسىيەت قالدۇرغۇچىنىڭ

ئۆز زىممىسىدىكى مەسئۇلىيەتنى باشقىلارغا ھاۋالە قىلىشىدۇر.

ۋەسىيەتنامىلەر پۈتۈلگەندە كۆپىنچە ئۇنىڭغا ئىشەنچلىك ئادەمدىن بىرقانچىسى گۇۋاھ بولىدۇ ھەمدە ئىشەنچلىك كىشىلەر بۇ ۋەسىيەتنامىنى بىر نۇسخىدىن ساقلاپ قويىدۇ. ۋەسىيەتنامە ۋەسىيەت قىلغۇچى ئۆلۈپ كەتكەندىن كېيىن كۈچكە ئىگە بولىدۇ ۋە ئىجرا قىلىنىدۇ. ۋەسىيەت قىلغۇچى ئۆلۈپ كەتكەندىن كېيىن، ۋەسىيەت بويىچە ياش قۇرامىغا يەتمىگەن بالا ۋە روھىي كېسەللەرگە مىراس تەقسىملەنگەن بولسا، ئۇلارنىڭ كىشىلىك ھوقۇقىنى قوغداش، مال - مۈلۈك ۋە باشقا بارلىق قانۇنلۇق ھوقۇق - مەنپەئەتىنى نازارەت قىلىش، قوغداش ھەمدە ۋەسىيەتنامىلەرنىڭ ئەسلىي مەزمۇنى بويىچە ئىجرا قىلىنىشىنى نازارەت قىلىش ئۈچۈن ۋەسىي تەيىنلىنىدۇ.

ۋەسىيەتنامىلەردە ۋەسىيەت قالدۇرغۇچىنىڭ ھاياتىدا نېمە ئىشلارنى قىلغانلىقى ۋە ئۆزى ئۆلۈپ كەتكەندىن كېيىن نېمە ئىشلارنىڭ قىلىنىشىنى ئۈمىد قىلىدىغانلىقى ئەكس ئېتىدۇ. جەمئىيەتتە ئىجتىمائىي ئەخلاققا خىلاپ، جەمئىيەت تەرتىپىنى بۇزىدىغان، كىشىلەرنىڭ مەنپەئەتىگە زىيان سالىدىغان ۋەسىيەتلەر ئومۇم تەرىپىدىن چەكلىنىدۇ. ۋەسىيەت — قانداشلىق ۋە دوستلۇقنى ئاساس قىلىپ، ئەجدادلارنىڭ ئارزۇ - ئۈمىدلىرىنى ئەۋلادلارغا يەتكۈزىدىغان بۇرچ رىشتىسىدۇر.

ۋەسىيەت قالدۇرۇش ئادىتى جامائەت گۇۋاھلىقى، قانداشلىق، مىراس تەقسىملەش، مۈلۈك ۋارىسلىقى ۋە ھەق تەلەپ ئىشلىرىغا چېتىلىدىغان، شۇنداقلا ئىجتىمائىي تۈزۈملەرنى تېخىمۇ مۇكەممەللەشتۈرىدىغان بىر ياخشى ئادەتتۇر[①].

## 2. توي - تۆكۈن ئادەتلىرى

### نىكاھ رەسمىيەتلىرى

**نىكاھ تۈزۈمى:** ئازادلىقتىن بۇرۇن ئۇيغۇر جەمئىيىتىدە بىر ئەر بىر

[①] ئابدۇقەييۇم مىجىت: «ئۇيغۇرلاردا ۋەسىيەت قالدۇرۇش ئادىتى»، «مىراس» ژۇرنىلىنىڭ 2008 - يىللىق 3 - سانى، 44 - ، 47 - بەتلەر.

خوتۇنلۇق تۈزۈمى ئاساسلىق ھۆكۈم سۈرۈپ كەلگەن. ئۇنىڭ ئالاھىدىلىكلىرى: ئەرلەرنىڭ ئەرلىك ھوقۇق ـ ئىمتىيازى مۇقەددەس ئىدى. گەرچە بىر ئەر بىر خوتۇنلۇق تۈزۈم ھۆكۈم سۈرۈپ كەلگەن بولسىمۇ، ئەرلەر ئەرلىك ھوقۇق ـ ئىمتىيازىدىن پايدىلىنىپ ئىككى، ھەتتا ئۈچ ـ تۆت خوتۇن ئالىدىغان ئەھۋالمۇ تەڭ مەۋجۇت بولغان. مۇنداق ئەھۋال ئومۇميۈزلۈك بولمىسىمۇ، ئۇنىڭ شەكىللىنىشىگە مۇنداق ئەھۋاللار سەۋەب بولغان:

1. ئوتتۇرىدا پەرزەنت بولماسلىقى ياكى ئايالنىڭ تۇغۇت ئىقتىدارى بولماسلىقى سەۋەبى بىلەن ئەر خوتۇن ئۈستىگە يەنە بىر خوتۇن ئالغان. مۇنداق سەۋەب زۆرۈرىيىتى تۇغۇلغاندا ئەر ـ خوتۇن رازىلىشىش ئاساسىدا ئىش كۆرۈلىدۇ. كۆپىنچە ھاللاردا ئايال تەرەپ تەشەببۇسكارلىق بىلەن ئوتتۇرىغا چىقىپ لايىق تاللايدۇ ۋە توي ئىشىغا ئۆزى رىياسەتچىلىك قىلىدۇ. مۇنداق بىر ئەرلىك ئىككى خوتۇن «چوڭ خوتۇن»، «كىچىك خوتۇن» دەپ ئاتىلىدۇ. كىچىك خوتۇن ئادەتتە «توقال» دەپمۇ ئاتىلىدۇ.

2. تىجارەت بىلەن ياكى باشقا ئىشلار بىلەن سىرتتا ئۇزاق مۇددەت تۇرۇپ قېلىش ئەھۋالى بولغاندا ئەر يەنە بىر خوتۇنلۇق بولغان. بەزى ئەرلەر ئەرلىك ئىمتىيازى، جەمئىيەتتىكى نوپۇزى، بايلىقى، ھوقۇق- ئىمتىيازىغا تايىنىپ ئۆز خاھىشىچە توقال ئالىدىغانلارمۇ بولغان. ئەمما، بۇ خىلدىكى توقال ئالغۇچىلار بىرقەدەر ئاز بولغان، بولۇپمۇ ئۈچ ـ تۆت توقال ئېلىش ناھايىتى ئاز ساندىكى يۇقىرى تەبىقىدىكىلەر ئىچىدىلا مەۋجۇت بولغاچقا، ئۇنداق ئەھۋال تېخىمۇ ئاز كۆرۈلگەن.

پەرزەنتلەرنىڭ نىكاھ ئىشى ئاساسەن ئاتا ـ ئانىنىڭ ئىلكىدە بولۇپ كەلگەن. ئوغۇل ـ قىز ئۆزئارا تېپىشىپ رازىلاشقاندىن كېيىن، ئاتا- ئانىلارنىڭ ماقۇللۇقىنى ئېلىپ تويلىشىدىغان ئەھۋالمۇ تەڭ مەۋجۇت بولۇپ كەلگەن، ئەمما ئاتا ـ ئانىنىڭ پىكرى يەنىلا ھەل قىلغۇچ رول ئوينايتتى.

**نىكاھلىنىش دائىرىسى:** ئۇيغۇرلارنىڭ نىكاھلىنىشى ئادەتتە ئۆز مىللەت قوۋمى بىلەن چەكلىنىپ، ئاساسلىقى يات ئائىلىلەر ئوتتۇرىسىدا ئېلىپ

بىرىلىدۇ. بىۋاسىتە قانداش تۇغقانلار ياكى دادىغا يا ئانىغا ئۆگەي، جۈملىدىن ئاسراندى پەرزەنتلەر ئارا نىكاھلىنىشقا پەقەت بولمايدۇ، ئەمما تۇغقانچىلىق قوغلىشىپ يېقىن تۇغقانلار ئارا نەۋرىلەرنى ئۆزئارا چېتىش ئادەتلىرىمۇ مەۋجۇت بولۇپ كەلگەن. بۇ خىل ئەھۋالدا ئەۋلادنىڭ ئەيىناق تۇغۇلۇپ قېلىشى، ئەر - خوتۇن مۇناسىۋىتىنىڭ ياخشى بولماي ئاجرىشىپ كېتىشى بىلەن ئاتا - ئانىلارنىڭ تۇغقانچىلىق مۇناسىۋىتىنىڭ يىرىكلىشىپ، ھەتتا ياتلىشىپ كېتىش ھادىسىلىرىنىڭ سادىر بولۇشىدىن ساقلىنىش ئۈچۈن ناھايىتى ئېھتىياتچانلىق پوزىتسىيە تۇتۇلىدۇ. مۇمكىنقەدەر نەۋرىلەرنى چېتىشتىن ساقلىنىدۇ. شۇڭا، بۇ خىلدىكى نىكاھلىنىش ئاز ئۇچرايدۇ.

بۇنىڭدىن باشقا، ئۇيغۇرلاردا يەنە دىنداشلىق مۇناسىۋىتى ئارقىسىدا غەيرىي مىللەت قوۋمى بىلەن، جۈملىدىن مۇھەببەت تۈپەيلىدىن غەيرىي دىندىكى غەيرىي مىللەت قوۋمى بىلەن نىكاھلىنىش ئەھۋاللىرىمۇ مەۋجۇت بولۇپ كەلگەن.

ئۇيغۇرلاردا كېلىننىڭ كۈيئوغۇلنىڭ ئۆيىدە تۇرۇپ ئەتىكەن تەقدىردە ئاكىسى ياكى ئۇكىسى ئۇنىڭغا ئۆيلىنىشكە بولمايدۇ. ئەمما، بۇرۇنقى ۋاقىتلاردا ئاكىسى ۋاپات بولۇپ كېتىپ يەڭگىسى تۇل قالغان (ئۇلار بىللە ئۆي تۇتۇپ ئولتۇرغان تەقدىردە) بولسا، ئاكىسىنىڭ مال - مۈلكى، پەرزەنتلىرىنى دەپ ئۇكىسى يەڭگىسىگە ئۆيلىنىدىغان ئەھۋالمۇ مەۋجۇت بولۇپ ئۆتكەن، ئەمما جامائەتچىلىك تەرىپىدىن قاتتىق ئەيىبلىنىپ كەلگەچكە، ئۇنداق ئەھۋال كەمدىن - كەم ئۇچرايتتى. ئاكىسى ئۇكىسىنىڭ ئايالىغا ئۆيلىنىشكە پەقەت بولمايدۇ. ئايال ئۆلۈپ كەتسە، ئەر ئايالىنىڭ سىڭلىسىغا (تەڭ دېمەتلىك بولسا ئاچىسىغا) ئۆيلىنىشكە بولىدۇ. بۇنىڭدىمۇ تۇغقانچىلىق مۇناسىۋەت ئۈزۈلۈپ قالماسلىق، پەرزەنتلىرىنىڭ ياتسىراپ قالماسلىقى مەقسەت قىلىنىدۇ.

**نىكاھلىنىش يېشى:** ئۇيغۇرلار بالدۇر ئۆي - ئوچاقلىق بولۇشقا ئادەتلەنگەن. شۇڭا، ئوغۇللار ئادەتتە 16 — 18 يېشىدا ئۆيلىنىدۇ. قىزلار 15 — 17 ياشتا ياتلىق بولىدۇ. ھازىر بۇ ئادەت ئۆزگەردى. دۆلىتىمىزنىڭ «نىكاھ قانۇنى» بويىچە ئوغۇلنىڭ يېشى 20 گە، قىزنىڭ

يېشى 18 گە توشمىسا توي خېتى بېرىلمەيدىغان بولدى[1].

**تويلىشىش ئادەتلىرى**

ئۇيغۇرلار توي ئىشىنى «ئۆمۈر سودىسى» دەپ ھېسابلايدۇ. شۇڭا، توي ئىشى، توي مۇراسىمى، بولۇپمۇ لايىق تاللاشقا ئالاھىدە دىققەت قىلىدۇ. ئۇيغۇر جەمئىيىتىدە فېئوداللىق، يانچىلىق ئاساسىدىكى نىكاھ تۈزۈمى ھۆكۈم سۈرۈپ كەلگەچكە، تويلىشىشتىمۇ شۇنىڭغا مۇناسىپ بەزى فېئوداللىق ئەخلاقىي قاراشلار شەكىللەنگەن. «قىرغاق كۆرۈپ بوز ئال، ئانا كۆرۈپ قىز ئال» دېگەن ماقالدا ئەنە شۇنداق فېئوداللىق ئەخلاق قارىشى ئىپادىلەنگەن. ئۇيغۇرلاردا تويلىشىش جەريانى تۆۋەندىكىچە باسقۇچلاردا ئۆتىدۇ:

بىرىنچى، لايىق تاللاش: لايىق تاللاشتا ئادەتتە مۇنداق ئۈچ خىل ئۇسۇل قوللىنىدۇ:

1. ئاتا - ئانا ئالدى بىلەن ئەل - مەھەللە، قولۇم - قوشنا، يار- بۇرادەر، ئۇرۇق - تۇغقانلار ئىچىدىن، ئاندىن قالسا يات يېزا- قىشلاقلاردىن ئۆز پەرزەنتى (ئوغلى) ئۈچۈن لايىق كۆزلىتىدۇ. ئاتا- ئانىنىڭ پىكرى بىر يەرگە كەلگەندىن كېيىن، باشقىلار ئارقىلىق ئوغلىغا بېشارەت بېرىلىدۇ ياكى ئوغلىنىڭ رايى ئاڭلىنىدۇ. ئوغۇلدا باشقا ئىنكاس بولمىسا، ئاتا - ئانا كۆزلىتىپ تاللىغان لايىق نىشانلىنىدۇ. ئەگەر ئوغلىنىڭ ياقتۇرۇپ سۆزلىشىپ يۈرگەن لايىقى بولغان تەقدىردە بۇ لايىق ئاتا - ئانىغىمۇ مۇناسىپ كۆرۈلسە، ئاخىرقى ھېسابتا شۇ لايىق نىشانلىنىدۇ. ئادەتتە ئاتا - ئانىنىڭ پىكرى ھەل قىلغۇچ رول ئوينايدۇ. ئوغۇل بىلەن قىز بىر - بىرىنى ياقتۇرۇپ قالغان بولسا، ئۆز ئارزۇلىرىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشنىڭ سىمۋولى قىلىپ ئۆزئارا خاتىرە قالدۇرۇشىدۇ. ئوغۇللار ئادەتتە كۈمۈش ئۈزۈك (ھاللىق ئائىلىدىكىلەر ئالتۇن ئۈزۈك)، بويۇنتۇمار، قىزلار ئۆزى گۈل چېكىپ ئىشلىگەن قول ياغلىق تەقدىم

---

[1] ئابدۇرەھىم ھەبىبۇللا: «ئۇيغۇر ئېتنوگرافىيەسى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1993- يىلى 4- ئاي نەشرى، 235 - ، 237 - بەتلەر.

قىلىدۇ.

2. بەزى ئائىلىلەر مەلۇم بىرىنىڭ ئوغلىنى (قىزىنى) كىچىكىدىن ياخشى كۆرۈپ كەلگەن بولسا، ھەر خىل سورۇن - پۇرسەتلەردىن پايدىلىنىپ «بالا قىلىۋالىمەن»، «ئوبدان بالا بولدى» دېگەندەك سۆز- ئىبارىلەر بىلەن ئوغۇلغا (قىزغا)، جۈملىدىن ئوغۇل (قىز) نىڭ ئاتا- ئانىسىغا بېشارەت بېرىپ تۇرىدۇ. ئەگەر ئوغۇل (قىز) دا، ئوغۇل (قىز) نىڭ ئاتا - ئانىسىدا بۇ بېشارەتكە مۇناسىپ بىرەر ئىپادە كۆرۈلسە، ئوغۇل (قىز) تەرەپ تۇغقان، يار - بۇرادەرلىرى ئارقىلىق ئۆز ئىستەكلىرىنى بىلدۈرۈشىدۇ. ئىككى تەرەپ رەسمىي مۇناسىپ كېلىشسە، ئاندىن قۇدىلىشىش رەسمىيەتلىرىنى كۆرىدۇ.

3. بەزى ئائىلىلەر، بولۇپمۇ كۆپ قىزلىق ئائىلىلەر ئۆزلىرى بىۋاسىتە ياۋاش، تىرىشچان، ئاتىسىز ياكى ئانىسىز ياكى قارا يېتىم بالىلارنى تاللاپ قىزلىرىدىن بىرىنى ئۇنىڭغا چېتىپ قويىدۇ. ئۇ شۇ ئۆينىڭ ئوغلى ھېسابىدا بولىدۇ. بۇ ئادەتتە «ئوغۇلچىلاپ ئەكىرىش (كىرىش)» دەپ ئاتىلىدۇ.

4. مەخسۇس ئادەم ئارقىلىق تاللاش: ئۇيغۇر جەمئىيىتىدە ياش ئوغۇل - قىزلارغا، جۈملىدىن ئوتتۇرا ياشلىق بويتاق ياكى سويتاق (تۇل ئايال) لارغا لايىق تونۇشتۇرۇشنى كەسىپ قىلغان ئاياللار بولۇپ كەلگەن. بۇنداق ئايال «دەللال» دەپ ئاتىلىدۇ. بەزى ئائىلىلەر ئۆز ئوغلى، (قىز)لىرى ئۈچۈن، جۈملىدىن ئوتتۇرا ياشلىق بويتاق - سويتاقلار ئۆزلىرى ئۈچۈن شۇنداق ئاياللار ئارقىلىق لايىق تاللايدۇ. بۇنداق ئاياللار ھازىرقى «لايىق تونۇشتۇرۇش ئورنى» نىڭ رولىنى ئويناپ كەلگەن.

5. لوپنۇر ئۇيغۇرلىرىدا لايىق تاللاشتا مۇنداق ئالاھىدە ئۇسۇلمۇ قوللىنىپ كېلىنگەن:

ئوغۇل بىلەن قىزنى ئۆسمۈرلۈك ۋاقتىدىن باشلاپ كۆزىتىش: بالىلار بىللە ئويناپ، كېلىپ - كېتىپ يۈرگەن چاغلىرىدىن باشلاپ ئاتا - ئانىلار ئۇلارنى سۆز - ھەرىكىتىنىڭ چاققانلىقى، تۈرگۈن، جۇشقۇنلۇقى قاتارلىق جەھەتلەردىن كۆزىتىپ، شۇلاردىن بىرەرىنى نىشانلاپ، ئوغۇل تەرەپنىڭ ئانىسى شۇ نىشانلىغان قىزنىڭ كېلىپ - كېتىپ ئويناپ

يۇرگەن پۇرستىدىن پايدىلىنىپ، قىزغا تۇيدۇرماي ئۇنىڭ كۆڭلىكىنىڭ ئېتىكىنىڭ بىر يېرىنى قىيىپ قويىدۇ. قىز تەرەپنىڭ ئانىسى ئوغۇلنىڭ بېشىغا ياكى مۈرىسىگە بىر كالتە ئاق يىپنى يېپىشتۇرۇپ قويىدۇ. بالىلار ئۆيلىرىگە قايتقاندا بۇنى كۆرگەن ئاتا ـ ئانا: «ھە، قىزىمىزغا (ئوغلىمىزغا) لايىق چىقىپتۇ» دەپ ئەلچى (ئۇچۇر) كۈتىدۇ. ئوغۇل تەرەپ ئەلچى ئەۋەتىش تەرەددۇتىدا بولىدۇ. ئەلچى بىرىشتا توققۇز دانە بېلىق بېشىنى پىشۇرۇپ داستىخان قىلىپ بارىدۇ. ئوغۇل تەرەپ مۇناسىپ كۆرمىسە، قىز تەرەپ ئايرىم توققۇز دانە بېلىق بېشىنى پىشۇرۇپ داستىخانىنى ياندۇرىدۇ[1].

بۇرۇنقى چاغلاردا ئۇيغۇرلاردا قىيامەتلىك ئىككى دوست ئائىللىرى ھامىلىدار چاغدىلا كەلگۈسىدە پەرزەنتلىرىنى چېتىپ قويۇشنى ۋەدىلىشىدىغان ئادەتمۇ بولغان. ئەگەر ئائىللىرى ئۇلارنىڭ كۈتكىنىدەك بىرى ئوغۇل، بىرى قىز تۇغقان بولسا، ئۇلار ساغلام چوڭ بولۇپ بالاغەتكە يەتكەن ھامان ئۇلارنى چېتىپ قوياتتى.

ئومۇمەن قىلىپ ئېيتقاندا، لايىق تاللاشتا مەيلى قانداق ئۇسۇل قوللىنىلسۇن، ئاتا ـ ئانىنىڭ ئىرادىسى ھەل قىلغۇچ رول ئوينىغان ئىدى. بۇ ھۆكۈمرانلىقلارنىڭ فېئوداللىق ئەخلاق قارىشى بىلەن بىۋاستە مۇناسىۋەتلىك. بۇرۇن يەنە مۇنداق ئادەت ـ خاھىشلارمۇ مەۋجۇت بولۇپ كەلگەن: ① بالاغەتكە يېتىپ قالغان قىزلار ئۆزى يالغۇز يىراق ـ يېقىنلارغا بېرىشتىن، بولۇپمۇ يىگىتلەر بىلەن ئۇچرىشىشتىن، يىگىتلەرگە تىكىلىپ قاراشتىن ساقلىناتتى. بۇ قىزلاردا بولۇشقا تېگىشلىك ئەخلاق دەپ قارىلاتتى. ② لايىقنى ئاتا ـ ئانا تاللاپ بېكىتكەچكە، توي قىلىشىدىغان ئوغۇل ـ قىز ئوتتۇرىسىدا ئۇچرىشىش بولمايتتى، بولۇپمۇ باشقا مەھەللە، يېزىلاردىن تويلاشقۇچىلار تا توي بولۇپ قىز كۆچۈرۈپ كېلىنىپ كەچكى يۈز ئاچقۇسى بولغاندا ئاندىن يۈز كۆرۈشەتتى. ③ ياش ئوغۇل ـ قىزلاردا ئۆزئارا مۇھەببەتلىشىش خاھىشلىرى بولسىمۇ، ئەمما ناھايىتى خۇپىيانە

---

[1] ئابدۇرەھىم ھەبىبۇللا: «ئۇيغۇر ئېتنوگرافىيەسى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1993 ـ يىلى 4 ـ ئاي نەشرى، 238 ـ، 239 ـ بەتلەر.

بولاتتى. ئەگەر سېزىلىپ قالسا، ئۇلار، بولۇپمۇ قىزلار داپشاق، ئەخلاقسىز دەپ قارىلاتتى. ④ ئۆزئارا مۇھەببەت باغلىشىپ تويلىششقا ۋەدىلەشكەن ياش ئوغۇل - قىزلار ئاتا - ئانىسىنىڭ ئىرادىسى بويىچە باشقىلارغا ياتلىق بولۇش (ئۆيلىنىش)كە مەجبۇر بولغان تەقدىردە كېيىن ھەر خىل باھانە - سەۋەبلەر بىلەن ئاجرىشىپ كېتىپ، ئاخىر ئىككىسى تويلىشىپ بىرگە ئۆتىدىغان ياكى ئاتا - ئانىسىنىڭ ئىرادىسىگە بويسۇنماي، بىر - ئىككى كۈن بىللە قېچىپ كېتىپ ئاتا - ئانىسىنى ئۆزلىرىنىڭ تويلىششىغا مەجبۇر قىلىدىغان ئەھۋاللارمۇ مەۋجۇت بولۇپ كەلگەن.

ئىككىنچى، ئادەم (ئەلچى) قويۇش: لايىق مۇقىملانغاندىن كېيىن، ئوغۇل تەرەپ قىز تەرەپكە ئەلچى قويىدۇ. ئەلچى ئادەتتە ئىككى - ئۈچ كىشىدىن تەركىب تاپىدۇ. قىز تەرەپ بارغان ئەلچىلەرنى قىزغىن قارشى ئېلىپ، داستىخان سېلىپ چىرايلىق كۈتىدۇ. داستىخان ئۈستىدە ئەلچىلەر «ئەلچىگە ئۆلۈم يوق» دەپ سۆز باشلاپ، ئۆزلىرىنىڭ كېلىشتىكى مۇددىئاسىنى ئىزھار قىلىدۇ. قىز تەرەپ ئوغۇل تەرەپنى مۇناسىپ كۆرسە، «ھەرقايسىلىرىدىن قىزىمىزنى ئايىمايمىز»؛ مۇناسىپ كۆرمىسە، «قىزىمىزنىمىز تېخى كىچىك» ياكى «قىزىمىزنىڭ بېشى باغلاقلىق» ياكى «باشقىلارنىڭ داستىخىنىنى ئېلىپ قويغان» دەپ جاۋاب بېرىدۇ.

ئۈچىنچى، داستىخان تاشلاش: بۇ «كىچىك چاي» ياكى «رەھمەت چېيى» دەپمۇ ئاتىلىدۇ. بۇ باسقۇچتا ئوغۇل تەرەپ ئۆز ئىقتىسادىي ئەھۋالىغا قاراپ، يۇرت ئىچىدە ئېقىۋاتقان رەسمىيەتلەر بويىچە ئىككى - ئۈچ كىيىملىك رەخت، مەلۇم ساندا نان، قەنت - گېزەك، قارا چاي قاتارلىق نەرسىلەرنى ھازىرلاپ، ئوغۇلنىڭ ئانىسى ئۇرۇق - تۇغقان، قولۇم - قوشنىلىرىدىن تۆت - بەش ئايالنىڭ ھەمراھلىقىدا قىز تەرەپكە بارىدۇ. بۇ مۇناسىۋەت بىلەن ئىككى تەرەپنىڭ ئانىسى رەسمىي يۈز كۆرۈشىدۇ. قىز تەرەپ كەلگەن مېھمانلارنى قىزغىن كۈتۈۋالىدۇ. داستىخان يىغىلغاندىن كېيىن، ئوغۇل تەرەپ رەھمەت ئېيتىش يۈزىسىدىن ئەكەلگەن سوۋغاتلىرىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، تويلۇق توغرىسىدا

ئۈچۈر بېرىشنى سوراپ خوشلىشىپ قايتىدۇ.

تۆتىنچى، تويلۇق مەسلىھەت: تويلۇق — توي سۆزىدىن كەلگەن. تويلۇق خاس تويلۇق، قويۇمچا، ئاش - سۇدىن ئىبارەت ئۈچ تۈرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. خاس تويلۇق مەخسۇس قىزغا ئاتالغان بىر يۈرۈش ئۈستىباش، ئىككى - ئۈچ كىيىملىك ئەن رەخت ۋە زىننەت بۇيۇملىرىنى؛ قويۇمچا قىزنىڭ ئاتا - ئانىسى، بىۋاستە تۇغقان ۋە يېقىن تۇغقانلىرىغا قويۇلىدىغان قويۇمچا (ئاساسەن كىيىملىك رەخت)؛ ئاش - سۇ مەرىكە كۈنى مېھمان ئۈزىتىشقا كېرەكلىك گۆش - ياغ، ئۇن ياكى گۈرۈچ، سەۋزە، چاي، تۇز، قەنت - گېزەك، ئوتۇن قاتارلىق نەرسىلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

قىز تەرەپ ئوغۇل تەرەپكە يۇقىرىقى ئۈچ تۈر بويىچە تىزىملىك بېرىدۇ. ئىككى تەرەپ ۋەكىلى قىز تەرەپ ئۆيىگە جەم بولۇپ، تىزىملىكتىكى تەلەپ بىلەن ئوغۇل تەرەپنىڭ ھازىرلىقى ئوتتۇرىسىدىكى پەرق ئۈستىدە مەسلىھەتلىشىدۇ. قىز تەرەپ ئالدى بىلەن ۋەكىللەرنى چىرايلىق كۈتىدۇ. داستىخان يىغىلغاندىن كېيىن رەسمىي مەسلىھەت باشلىنىدۇ. مەسلىھەت ئارقىلىق جەمئىيەتتە ئېقىۋاتقان ئۆلچەم ئاساسىدا ئىككى تەرەپ رازى بولغۇدەك بىر قارارغا كېلىشىپ تارقىشىدۇ. مەسلىھەت جەريانىدا قىز تەرەپ دادىسى سۆز ئاچماي ئولتۇرۇپ، ئەڭ ئاخىرىدا پوزىتسىيە بىلدۈرىدۇ، شۇنىڭدەك مۇشۇ قېتىم ئىككى تەرەپنىڭ قويۇمچا ۋە ياندۇرۇق قويۇمچا قويۇلىدىغانلارنىڭ دائىرىسى، ئادەم سانى ئۈستىدىمۇ مەسلىھەت بولىدۇ. مەسلىھەت ئارقىلىق بەزى ئائىلىلەر ئىككى تەرەپ ئاتا - ئانىسىدىن باشقىلارغا قويۇمچا قويماسلىقنى ياكى بىۋاستە تۇغقانلىرىدىن بىرنەچچىسىگىلا قويۇشنى قارار قىلىشىدۇ. بەزىلەر تويلۇق ئۈستىدە بەھۇدە تالاش - تارتىش بولۇشى بىلەن بەزى كۆڭۈلسىزلىكلەرنىڭ سادىر بولۇپ قېلىشىدىن ساقلىنىش ئۈچۈن، ئىككى تەرەپ ئاتا - ئانىسى شەخسەن ئۆزلىرى يۈزتۇرا كېلىشىپ ھەل قىلىدۇ. چۈنكى، تويلۇق ئۈستىدىكى شۇنداق كۆڭۈلسىزلىكلەر تۈپەيلى بولۇش ئالدىدا تۇرغان توي بۇزۇلۇپ كېتىدىغان ئەھۋاللارمۇ سادىر بولاتتى.

كونا ئادەت بويىچە قىز ئۈچۈن ئەڭ كۆپ دېگەندە توققۇز قۇر، ئاز

دېگەنــدە بەش قــۇردىن يەتــتە قــۇرغىچە، ئەڭ ئــاز دېگەنــدە ئــۈچ كىيىملىــك، بىــردىن دوپپــا، يــاغلىق، بىــر جــۈپ ئۆتــۈك، زىنــنەت بۇيۇملىرىدىن بىر جۈپ ئالتۇن ياكى كۈمۈش ھالقا سېلىناتتى. ئەمما، يۇقىرى تەبىقىدىكى باي ئائىلىلەر ئوتتۇرىسىدا يــازلىق ـ قىشلىق بولۇپ ئون نەچچە قۇر كىيىملىك، جۈپلەپ ياغلىق، دوپپا، قاما تۇماق، ئۆتــۈك قاتــارلىق ئۇســتىباش، بىــر جــۈپ ئــالتۇن ھالقا، ئــالتۇن ئــۈزۈك، ئــالتۇن بىــلەزۈك ۋە ئــالتۇن تــاج، ئــالتۇن قــاداقلىق دوپپــا قاتــارلىق زىنــنەت بۇيۇملىرى سېلىناتتى. مەرىكە ئۈچــۈن 10 ــ 20 قــوي، 2 ــ 3 كــالا، نەچچە يۈز جىڭلاپ ئۇن، گۈرۈچ ئىشلىتەتتى.

تويلۇقنىڭ ئەڭ يــۇقىرى چېكىنىــڭ «9» بولۇشــىغا كەلــسەك، «9» نىــڭ قەدىمكــى ئەنئەنىمــىزدە «مــۇقەددەس ســان» دەپ قارىلىــپ كەلگەنلىكى بىلەن بىۋاستە مۇناسىۋەتلىك.

بەشىنچى، تويلۇق تاپشۇرۇش: تويلۇق تاپشۇرۇش ئۇسۇلى ئاساسەن ئىككى خىل: ① تويلۇق مەسلىھەتى پىشقاندىن كېيىن، تويلــۇقنى بــازار باھاسى بويىچە پۇلغا سۇندۇرۇپ پــۇل تاپــشۇرۇپ، تويلــۇقنى قىــز تەرەپ ئۆز خاھىشىچە ئېلىش؛ ② ئوغۇل تەرەپ قىــز تەرەپنىــڭ تەلىپــى بــويىچە تويلۇق ھازىرلاپ، چوڭ چاي كۈنى كۆپچىلىكنىڭ ئالدىدا قىزنىڭ ئاتــا ـ ئانىسىنىڭ ئالدىغا قويۇش. ئــادەتتە ئىككىنچــى خىــل ئۇســۇل بىــرقەدەر ئومۇميۈزلۈك قوللىنىپ كېلىنگەن.

ئــالتىنچى، چــوڭ چــاي: بــۇ باسقۇچتا قىزغــا ھازىرلانغــان تويلــۇق تاپــشۇرۇلىدۇ ۋە قىزنىــڭ ئاتــا ـ ئانىــسى قاتــارلىق ئــۇرۇق ـ تۇغقانلارغــا قويۇلــدىغان قويــۇمچىلار قويۇلــدۇ، تــوي كــۈنى رەســمىي بېكىتىلىــدۇ. شۇڭا، «چوڭ چاي» دەپ ئاتالغــان. بــۇ كــۈنى قىــز تەرەپنىــڭ ئــۇرۇق ـ تۇغقــان، قولــۇم ـ قوشــنا، يــار ـ بۇرادەرلىرىمــۇ ھــازىر بولــدۇ. ئوغــۇل تەرەپنىــڭ ئاتــا ـ ئانــسى، ئــۇرۇق ـ تۇغقــان، قولــۇم ـ قوشــنا، يــار ـ بــۇرادەرلىرى بولــۇپ 10 ــ 15 كىــشىنىڭ ھەمراھلىقىــدا ھازىرلىغــان تويلۇق، قويۇمچا قاتارلىقلارغا بەلگىلىك مىقداردا گۆش، ماي، گــۈرۈچ، سەۋزە، تۇز، قەنــت ـ گېــزەك، بىــرەر تاختــا چاي قوشــۇپ قىــز تەرەپكە داســتىخان قىلىــپ كېلىــدۇ. قىــز تەرەپ مېھمــانلارنى چىرايلىــق مېھمــان

قىلىدۇ. داستىخان يىغىلغاندىن كېيىن، ئوغۇل تەرەپ ۋەكىلى (ئايال) ئەكەلگەن داستىخاننى مېھمانلار ئالدىدا ئېچىپ، ئۆز تەرتىپى بويىچە بىر- بىرلەپ ئېلان قىلىدۇ. بۇ رەسمىيەت تۈگىگەندىن كېيىن، ئىككى تەرەپ ۋەكىللى (ئەرلەر) تويىنىڭ ئاش - سۈيى ۋە كەم نەرسىلەر ئۈستىدە مەسلىھەتلىشىپ بىر قارارغا كېلىپ، ئاش - سۇ ئەكېلىدىغان ۋاقىت بىلەن مەرىكە كۈننى بەلگىلەپ خوشلىشىپ قايتىدۇ.

ئومۇمەن قىلىپ ئېيتقاندا، ئۇيغۇرلاردا تويلۇق، چوڭ چاي، توي مەرىكىسىنىڭ كۆلىمى ھەر ئىككى تەرەپنىڭ ئىقتىسادىي ئەھۋالى ۋە جەمئىيەتتە ئېقىۋاتقان ئۆلچەم ئاساسىدا بولىدۇ. قىز تەرەپ ئارتۇقچە تەلەپ قويسا جامائەتچىلىكنىڭ نەپرىتىگە ئۇچرايدۇ. ئۇيغۇرلار ئىلاج بار تەڭ ئورۇندىكىلەر بىلەن تويلىشىدۇ[1].

ئۇيغۇرلار ئولتۇراقلاشقان ھەرقايسى رايونلارنىڭ ئىقتىسادىي، ئىجتىمائىي ئەھۋالى، مەدەنىيەت سەۋىيەسى تەكشى بولمىغىنى ئۈچۈن، ئوخشاش بولمىغان توي ئادەتلىرى شەكىللەنگەن. تۆۋەندە پۈتۈن ئۇيغۇرلارغا بىرقەدەر ئورتاق بولغان «نىكاھ توي» ئادىتى، قائىدە - يوسۇنى تونۇشتۇرۇلىدۇ. «نىكاھ توي» تۆۋەندىكىدەك باسقۇچلار بويىچە ئېلىپ بېرىلىدۇ:

### ئەلچى ئەۋەتىش

يىگىت بىلەن قىز بىر - بىرى بىلەن تونۇشۇپ، بىر مۇددەت سىنىشىپ، توي قىلىش قارارىغا كېلىشكەندىن كېيىن، ئۆز ئائىلىلىرىگە لايىق تېپىشقانلىقلىرىنى، توي قىلىش قارارىغا كېلىشكەنلىكىنى ئېيتىدۇ. ھەر ئىككى ئائىلە لايىقنى ماقۇل كۆرۈشكەندىن كېيىن، يىگىت تەرەپ قىز تەرەپكە ئەلچى ئەۋەتىدۇ. ھەر ئىككى ئائىلە دەيدىغان گەپ- سۆزىنى، تەلەپلىرىنى ئەلچىگە دەيدۇ. ئەلچى ئوتتۇرىدا خالىس تۇرۇپ ئۆزىنى قىسقا، قىسقىنى ئۇزۇن قىلىدۇ، قىز تەرەپنىڭ رازىلىقىنى

---

[1] ئابدۇرەھىم ھەبىبۇللا: «ئۇيغۇر ئېتنوگرافىيەسى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1993 - يىلى 4 - ئاي نەشرى، 243 - ، 245 - بەتلەر.

ئالغاندىن كېيىن، «چاي» ئەكېلىش ۋاقتىنى بەلگىلەپ قايتىدۇ.

**چاي ئاپىرىش**

چاي «كىچىك چاي»، «چوڭ چاي» دەپ ئىككىگە بۆلۈنىدۇ. «كىچىك چاي»، «ماقۇل چېيى» ياكى «تەزىم چېيى» دەپمۇ ئاتىلىدۇ. يىگىتنىڭ ئانىسى بىرقانچە ئايال ۋە ئوتتۇرىدا ماڭغان ئەلچىنى ئېلىپ قىزنىڭ ئائىلىسىگە «كىچىك چاي» ئاپىرىدۇ، يەنى يىگىت تەرەپ قىزنىڭ ئاتا - ئانىسى ۋە قىزغا ئاتاپ بىرەر قۇردىن كىيىملىك رەخت ۋە باشقا نەرسىلەردىن داستىخان قىلىپ بارىدۇ. قىز تەرەپ ئۆز رازىلىقىنى بىلدۈرگەندىن كېيىن، يىگىت تەرەپتىن بارغۇچىلار ئورۇنلىرىدىن تۇرۇشۇپ قول قوۋۇشتۇرۇپ تەزىم قىلىپ رەھمەت ئېيتىدۇ.

«چوڭ چاي» ئاپىرىلىدىغان كۈن بەلگىلەنگەندىن كېيىن «چوڭ چاي» ئاپىرىلىدۇ. «چوڭ چاي» قىز تەرەپتە بولىدۇ. چايغا يىگىت ۋە قىز تەرەپتىن ئەر - ئايال بولۇپ 50 — 60 ئادەم قاتنىشىدۇ. چوڭ چايدا قىزنىڭ كىيىم - كېچەكلىرى، قىزنىڭ ئاتا - ئانىسى ۋە باشقا يېقىن بىۋاستە تۇغقانلىرى ئۈچۈن كىيىملىك رەخت ئېلىپ بېرىلىدۇ. يەنە مال، مەلۇم مىقداردا گۈرۈچ، ماي، نان، قەنت - گېزەك، چاي، تۇز قاتارلىقلارمۇ ئېلىپ بېرىلىدۇ. ئېلىپ بېرىلگان تىرىك مالنىڭ بېشىغا قىزىل رەخت باغلىنىپ، يىگىت تەرەپتىن بىر ئادەم يېتىلەپ ئاپىرىدۇ. قىز تەرەپتىن بۇ مالنى قوبۇل قىلغاندا بىرنەرسە بېرىپ ئۇنى رازى قىلىدۇ. چوڭ چايدا ساندۇق ئېچىلىپ، ئېلىپ كېلىنگەن نەرسىلەر قويۇلىدۇ، ئۇنىڭدىن كېيىن ساندۇق ئاچقۇچى ئايال ئالدىن ھازىرلاپ قويغان «چاچقۇ» نى سورۇنغا چاچىدۇ. سورۇندىكىلەر ئۇنى «تەۋەررۈك» بىلىپ، بۇلاپ - تالاپ يەردىن تېرىۋالىدۇ. ساندۇق ئاچقۇچى ئايالنى يىگىت تەرەپ بەلگىلەيدۇ. يىگىت تەرەپ ئۇنىڭغا ئاتاپ بىرەر ياغلىق ياكى بىرەر كۆڭلەكلىك رەختنى ساندۇققا سېلىپ قويىدۇ. ئۇيغۇرلارنىڭ قارىشىچە، ساندۇق ئاچقۇچى ئايال بىر قېتىم نىكاھلانغان ئايال بولۇشى شەرت. كۆپ نىكاھلانغان ئايال بۇ ئىشنى باشقۇرسا، قىز ئەردىن چىقىپ ئەرگە تېگىدىغان، يىگىت خوتۇن

ئېلىپ، خوتۇن قويۇپ بېرىدىغان بولۇپ قالارمىش، شۇنداقلا يىگىت بىلەن قىزنىڭ قولداشلىرىمۇ ئۆيلەنمىگەن يىگىت، ياتلىق بولمىغان قىز بولۇشى شەرت. يىگىت بىلەن قىزنىڭ ئاتا - ئانىسى توينىڭ ئارا ئايدا (روزا ھېيت بىلەن قۇربان ھېيت ئارىلىقىدىكى ئاي) بولۇپ قالماسلىقىغا ئالاھىدە دىققەت قىلىدۇ. ئۇلارنىڭ قارىشىچە، توي ئارا ئايدا بولسا، يىگىت بىلەن قىز ئەپلىشەلمەي، قىز ئارىدا قالارمىش. «چوڭ چاي» ئاخىرلاشقاندا تويى بولماقچى بولغان قىزنىڭ يېقىن دوستلىرىدىن بىرىنىڭ ئانىسى ئالاھىدە داستىخان راسلاپ، قىزنى ئۆز ئۆيىدە ئولتۇرغۇزۇپ بېرىش ئۈچۈن سورۇۋالىدۇ ۋە توي كۈنى ئۇ شۇ ئائىلە قىزنى ۋە قىزنىڭ دوستلىرىدىن بولۇپ 30 — 40 قىزنى ئۆيىدە ئولتۇرغۇزۇپ مېھمان قىلىدۇ. «چوڭ چاي» كۈنى توي بولىدىغان كۈن بەلگىلىنىدۇ، ئاش-سۈيى توغرىسىدا مەسلىھەتلىشىپ بىر يەرگە كېلىدۇ. ئاش-سۈيى ئۈچۈن گۆش، ماي، گۈرۈچ، نان، چاي، تۇز، سەۋزە، يېقىلغۇ بېرىلىدۇ. بۇلار تويدىن بىر كۈن بۇرۇن قىزنىڭ ئۆيىگە يەتكۈزۈپ بېرىلىدۇ. توي بولۇشتىن بۇرۇن قىزنىڭ بىرنەچچە دوستى «ئۆي ياساش» قا كېلىدۇ. ئۇلار قىز تەرەپتىن ئەكەلگەن ۋە يىگىت تەييارلىغان نەرسىلەر بىلەن ئۆينى ياسايدۇ. قىزلار ئۆينى ياساپ بولغاندىن كېيىن، يىگىت تەرەپ ئۇلارنى مېھمان قىلىدۇ ۋە ھەربىر قىزنىڭ ئالدىغا سوپۇن، ئەتىر، قول ياغلىق قاتارلىق نەرسىلەرنى قويۇپ رازى قىلىپ يولغا سېلىپ قويىدۇ. «چوڭ چاي» تۈگىگەندىن كېيىن، يىگىت ۋە قىز ئۆزلىرىنى دوختۇرغا تەكشۈرتۈپ، دوختۇرنىڭ ئىسپاتى بىلەن توي خېتى ئېلىپ قانۇنىي رەسمىيەتنى ئۆتەيدۇ.

## نىكاھ

توي كۈنى سەھەردە نىكاھ ئوقۇلىدۇ (نىكاھ قونۇپ قالسا بولمايدۇ، دەپ، نىكاھ توي كۈنىدىن بۇرۇن ئوقۇلمايدۇ). نىكاھ ۋاقتىدا سورۇندا يىگىت بىلەن قىز ھازىر بولۇشى شەرت. نىكاھ ۋاقتىدا يىگىت قولدىشى بىلەن قىز قولداشلىرىمۇ بىللە بولىدۇ. ئۆتمۈشتە يىگىت مەلۇم سەۋەب بىلەن نىكاھ ئۈستىدە بولالمىسا، يىگىتنىڭ قەلەمترىشى ياكى پىچىقىغا

نىكاھ ئوقۇيدىغان ئەھۋال بار ئىدى. نىكاھ ۋاقتىدا يىگىت بىلەن قىزنىڭ «قوبۇل قىلدىم» دېگەن جاۋابىنى ھەممە ئادەم ئاڭلىشى شەرت. بەزىلەر «ئاڭلىدۇق» دەپ گۇۋاھلىقتىن ئۆتسە نىكاھ ئوقۇش داۋاملىشىدۇ. نىكاھ ئوقۇلۇپ بولغاندىن كېيىن سورۇندىكىلەر يىگىت بىلەن قىزنى تەبرىكلىشىدۇ. نىكاھتىن كېيىن يىگىت بىلەن قىزغا شاكىراب (تۇز) غا چىلانغان ئىككى بۇردا نان يېگۈزىدۇ. بۇرۇنقىلارنىڭ قارىشىچە، تۇز ئىككى ياشنىڭ مۇھەببىتىنى چىڭىتارمىش. شاكىرابقا چىلانغان نان بۇردىسىنى قاچىدىن ئېلىشتا يىگىت قولدىشى بىلەن قىز قولدىشى ناھايىتى چاققانلىق ئىشلىتىپ، بالدۇر ئېلىۋېلىشقا تىرىشىدۇ. ئۇلارنىڭ قارىشىچە، قايسى بالدۇر ئېلىۋالسا شۇ تەرەپ يەنە بىر تەرەپتىن قورقمايدىغان بولارمىش. توي كۈنى سەھەردە يىگىت تەرەپ قىز تەرەپكە قارىشىپ بېرىش ئۈچۈن 1 ــ 2 ئادەم ئەۋەتىدۇ، شۇنداقلا توي داۋاملىشىۋاتقان ۋاقىتتا يىگىت تەرەپ قىز تەرەپكە ھال سوراپ بىرنەچچە ئادەم ئەۋەتىدۇ.

### توي كۆچۈرۈش

قىز كۆچۈرگۈچىلەر نەغمە ـ ناۋا بىلەن قىز ئولتۇرغان ئائىلىگە بېرىپ قىزنى كۆچۈرۈپ، ئاتا ـ ئانىسىنىڭ ئالدىغا ئەكېلىدۇ. قىز پۈركەنگەن ھالدا يىغلاپ تۇرۇپ ئاتا ـ ئانىسى بىلەن خوشلىشىدۇ. ئاتا ـ ئانىسى قىبلە تەرەپكە قاراپ تۇرۇپ قول كۆتۈرۈپ دۇئا قىلىپ، ئۇلارنىڭ بەختلىك بولۇشىنى، «بېشى باش، ئايىغى تاش» بولۇشىنى ئۈمىد قىلىدۇ ۋە قىزنىڭ بېشىدىن نان، سۈپرا ئۆرۈيدۇ. قىزنى كۆچۈرۈپ يىگىتنىڭ ئۆيىگە ئەكەلگەندە قىزنى پاياندازغا دەسسىتىپ ئۆيگە ئەكىرىدۇ. قىز پاياندازنى دەسسەپ بولغاندىن كېيىن، ئەتراپتىكىلەر پاياندازنى تالىشىپ يىرتىپ پارچە ـ پارچە قىلىۋېتىدۇ ۋە «تەۋەررۈك» قىلىش ئۈچۈن ئېلىشىدۇ، كېلىن ئۆيگە پۈركەنگەن ھالدا كىرىدۇ. بىرئازدىن كېيىن قېيىنئانا كېلىننىڭ پۈركەنجىسىنى ئېلىۋېتىپ، كىچىك ياغلىق سېلىپ قويىدۇ ۋە پېشانىسىگە سۆيۈپ قويىدۇ. قىزنى كۆچۈرۈپ كېلىش جەريانىدا يولدا توي توسقۇچىلار بولىدۇ. بۇلارغا ماددىي

نەرسلەر بەرگەندىلا ئاندىن يول بېرىدۇ. بەزى يەرلەردە قىز كۆچۈرۈپ كېلىۋاتقانلارنىڭ قاتناش ۋاستىسىدىن چۈشۈپ ئۇسسۇل ئويناپ بېرىشى تەلەپ قىلىنىدۇ. ئۇلار ئۇسسۇل ئويناپ بېرىدۇ. قىزنى كۆچۈرۈپ كېلىپ ئۆيگە ئەكىرىشتىن بۇرۇن قىز ـ يىگىتكە ئىسسىق ئۆتىسۇن، دەپ كۆيۈۋاتقان ئوتتىن ئاتلىتىپ ئۆتكۈزۈلىدۇ. بۇ زەردۇشت دىنىنىڭ ئەقىدىسى بولۇپ، ئوتتىن مەدەت تىلىگەنلىكنىڭ ئىپادىسى. قىزنى كۆچۈرۈپ كەلگەندە تۆش سوراپ دەرۋازىنى ئاچقىلى ئۇنىمايدۇ. قىزغا ھەمراھ بولۇپ كەلگۈچىلەر ياغلىققا ئورالغان تۆشنى (ياكى بىرەر پارچە رەختنى) بەرگەندىلا دەرۋازىنى ئاندىن ئاچىدۇ.

### ئىسسىقلىق ئەكېلىش

تويىنىڭ ئەتىسى قىز تەرەپ كۈيئوغۇل تەرەپكە «ئىسسىقلىق» ئەكېلىدۇ. «ئىسسىقلىق» ئۈچۈن تولىراق سامسا، پېتىر مانتا، ئۆپكە ـ ھېسىپ ۋە باشقا خىلدىكى تاماقلارنى ئەكېلىدۇ. ئىسسىقلىقنى قىزنىڭ ئۇرۇق ـ تۇغقانلىرى، قولۇم ـ قوشنىلىرى ئەكېلىدۇ. «ئىسسىقلىق»قا يىگىت، قىز ۋە يىگىتنىڭ ئائىلىسىدىكىلەر ئېغىز تېگىدۇ. «ئىسسىقلىق» ئەكەلگۈچىلەر قانچە ئايال بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، ئۇلارنىڭ ئالدىغا كىيىملىك رەخت قويۇلىدۇ ۋە «ئىسسىقلىق» ئەكەلگەن تاۋاقلارغىمۇ لايىقىدا رەخت سېلىنىدۇ.

### چىللاق

چىللاق تويىنىڭ مۇھىم تەركىبىي قىسمى. چىللاق توي بولغان ھەپتە ئىچىدە بولىدۇ. چىللاقنى ئاۋۋال يىگىت تەرەپ ئۆتكۈزىدۇ، ئاندىن قىز تەرەپ ئۆتكۈزىدۇ. چىللاققا ھەر ئىككى تەرەپ ئۆزلىرىنىڭ ئۇرۇق ـ تۇغقانلىرىنى، يېقىن قولۇم ـ قوشنىلىرىنى تەكلىپ قىلىدۇ. چىللاق ئۆزئارا ھاردۇق سوراشنى، تۇغقانلار بىر ـ بىرى بىلەن تونۇشۇشنى مەقسەت قىلىدۇ. يىگىت تەرەپ چىللاق ئۆتكۈزگەندە قىزنىڭ ئاتا ـ ئانىسى، ئاچا ـ سىڭىللىرى قىزنىڭ ھۇجرىسىنى ئالاھىدە پەتىلەيدۇ. ئۇلار ئەكەلگەن نەرسىلىرى بىلەن ھۇجرىنىڭ كەم نەرسىلىرىنى تولۇقلاپ

بېرىدۇ.

قايسى خىلدىكى توي بولمىسۇن، توي قىلغۇچى تويدا قارىشىپ بېرىشكە تېگىشلىك ئادەملەردىن ئەر - ئايال بولۇپ 20 — 30 ئادەمنى چاقىرىپ «مەسلىھەت چېيى» ئۆتكۈزىدۇ. چايدا تويىنى قانداق ئۆتكۈزۈش توغرىسىدا ئۇلاردىن مەسلىھەت سورىلىدۇ. چايدا خىزمەت تەقسىماتى بولىدۇ، توي كۈنى ئۇلار ئەتىگەندىن كەچكىچە تەرلەپ - پىشىپ ئىشلىشىپ بېرىدۇ. توي تۈگەش بىلەن توي ئىگىسى ئالاھىدە داستىخان ھازىرلاپ ئۇلارغا «ھاردۇق چېيى» بېرىپ ئۆز رەھمىتىنى بىلدۈرىدۇ.

## 3. ئۇيغۇرلاردا «توي»

ئۇيغۇرلاردا «نىكاھ تويى»، «بۆشۈك تويى»، «سۈننەت تويى»، «جۇۋان تويى» دېگەندەك تويلار بار. بۇ تويلارنىڭ تۈرلۈك قائىدە - يوسۇنلىرى بار. بۇلارغا ئۇيغۇرلار ئۆزلىرى ئېتىقاد قىلغان تۈرلۈك دىنلارنىڭ ئەقىدىلىرى سىڭگەن. تۆۋەندە بۇ تويلار قىسقىچە تونۇشتۇرۇلىدۇ:

### قىز - يىگىت تويى

قىز - يىگىت تويى («نىكاھ تويى») ئىنسان ئۆمرىدىكى ئەڭ مۇھىم، ئەڭ ئەھمىيەتلىك ئىشلارنىڭ بىرى. «نىكاھ تويى» ئائىلە جامائەتچىلىكىنىڭ قۇرۇلۇشى ۋە ئۇزۇلمەسلىكى تەرەققىي قىلىشىنىڭ، ئۇرۇق - تۇغقانلار ئارىسىدىكى ئىجتىمائىي مۇناسىۋەتنىڭ تىكلىنىشى ۋە كېڭىيىشىنىڭ مەنبەسى، شۇڭا ئۇ تارىختىن بۇيان شەخسلەرنىڭ، ئائىلىنىڭ ۋە جەمئىيەتنىڭ يۈكسەك ئېتىبار بېرىشىگە ئېرىشىپ كەلدى.

### بۆشۈك تويى

ئۇيغۇرلارنىڭ ئادىتى بويىچە، ياتلىق قىلىنغان قىزنىڭ تۇنجى تۇغۇتى ئۆز ئاتا - ئانىسىنىڭ ئۆيىدە بولىدۇ. ئۇنىڭ قىرىقى توشقۇچە شۇ

ئۆيدە بېقىلىدۇ. قىرىقى توشقاندا قىزنىڭ ئاتا ـ ئانىسى ئۆز ئائىلىسىدە بۆشۈك تويى قىلىپ بېرىدۇ. بۆشۈك تويىغا قۇدىلار (كۈيئو ئوغۇلنىڭ ئاتا ـ ئانىسى)، ئۇرۇق ـ تۇغقان، قولۇم ـ قوشنا ۋە ئەل ـ ئاغىنىلەرنىڭ ئاياللىرى تەكلىپ قىلىنىپ مېھمان قىلىنىدۇ. قۇدىلار بوۋاق ئۈچۈن يۆگەك، ئەدىيال، كىيىم ـ كېچەك قاتارلىق نەرسىلەر؛ كېلىن ئۈچۈن ئىقتىسادىي ئەھۋالىغا قاراپ كىيىم ـ كېچەك ۋە باشقا زىننەت بۇيۇملىرى ئەكېلىپ ئۆلارنى مۇبارەكلەشتىن تاشقىرى، يەنە قىزنىڭ ئاتا ـ ئانىسى ۋە شۇ ئائىلىنىڭ مۇھىم ئەزالىرىغىمۇ سوۋغا ـ سالام ئەكېلىپ، تۇغۇتنى ئوبدان باققانلىقىغا مىننەتدارلىقىنى بىلدۈرىدۇ. مېھمانلار ئۇزاپ كەتكەندىن كېيىن قۇدىلار كېلىن بىلەن نەۋرىسىنى يۆتكەپ ماڭىدۇ. بۆشۈك ھويلىدىن چىقاردا ئۇنىڭغا ئىسرىق سالىدۇ. كېلىن بىلەن بوۋاقنىڭ بېشىدىن ئىسرىق ئۆرۈيدۇ. قىسقىسى، بۆشۈك تويىنىڭ ماھىيىتى سالامەت يەڭگىۋالغان كېلىننى ئۆز ئۆيىگە يۆتكەپ كېلىشتىن ئىبارەت بولغان بىر خىل مۇراسىمدۇر.

### سۈننەت توي

سۈننەت توي بەزى يەرلەردە «خەتنە توي» دەپمۇ ئاتىلىدۇ. «سۈننەت» مۇھەممەد پەيغەمبەر تەرەپتىن قىلىشقا بۇيرۇلغان ئەمەللەردىن بىرى، شۇنداقلا مۇسۇلمانچىلىقنىڭ بەلگىسى. شۇڭا، بۇ ئادەت ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلغۇچى ھەممە خەلققە ئورتاق. سۈننەت توي ئوغۇل بالا بەش ياشتىن يەتتە ياشقا كىرگۈچە بولغان ئارىلىقتا بولىدۇ. بۇ كۆپىنچە كۈز ۋە ئەتىيازدا ئېلىپ بېرىلىدۇ. بۇ مەرىكىگە ئۇرۇق ـ تۇغقان، قولۇم ـ قوشنا، ئەل ـ ئاغىنىلەر تەكلىپ قىلىنىپ مېھمان قىلىنىدۇ. سۈننەت قىلىنىدىغان بالا ئۈچۈن يېڭىدىن يوتقان ـ كۆرپە تەييارلىنىدۇ. بالىغا يېڭى كىيىم ـ كېچەك كىيدۈرۈلىدۇ، قىزىل تاۋاردىن بەلباغ باغلىنىدۇ ياكى مەيدىسىگە گۈل تاقىلىدۇ. مېھماندارچىلىق ئاخىرىدا خەتنە باشلىنىدۇ (بەزى يەرلەردە ئاۋۋال خەتنە قىلىپ، توي كېيىن ئۆتكۈزۈلىدۇ ياكى مەرىكىسىنى ئۆتكۈزۈپ بولغاندىن كېيىن، مۇۋاپىق پەيتتە خەتنە قىلىنىدۇ). خەتنىدىن بۇرۇن بالىنى

چوڭ ـ كىچىك تەرەت قىلدۇرىدۇ. سۈننەتچى ۋە بالىنىڭ تاغىلىرى بالىنىڭ يۈرىكىنى توختىتىدىغان گەپ ـ سۆزلەرنى قىلىدۇ. خەتنە ۋاقتىدا بالىنى تاغىسى ياكى ياخشى كۆرىدىغان ئادەم تۇتۇپ بېرىدۇ.

خەتنە قىلىنىپ بولغاندىن كېيىن، كېسىلگەن يەردىن قان چىقارماسلىق ئۈچۈن، كەسكەن يەرگە كۆيدۈرۈلگەن پاختا بېسىپ قويۇلىدۇ. بالا تولا يىغلاپ قان كەتمىسۇن، دەپ بالىنىڭ ئاغزىغا تۇخۇم كەپلەپ قويۇلىدۇ. سورۇندا بولغۇچىلار بالىنى مۇبارەكلەپ ھەر خىل سوۋغاتلارنى بېرىدۇ. بالا بىر ھەپتىدە ئورنىدىن تۇرۇپ كېتىدۇ. بەزى ئوغۇل بالىلار تۇغۇلۇشتىلا خەتنىلىك تۇغۇلىدۇ. بۇنداق بالىلار خەتنە قىلىنمايدۇ. بەزى مۇسۇلمان ئەللىرىدە ھازىرمۇ ئوغۇل بالا تۇغۇلغاندا كىندىكىنى كېسىپ بولۇپلا خەتنە قىلىۋېتىدۇ، چوڭ بولۇشىنى ساقلاپ تۇرمايدۇ.

**جۇۋان تويى**

ئۇيغۇر ئاياللىرى ئىچىدە خېلى داغدۇغىلىق ئۆتكۈزۈلىدىغان مۇراسىملارنىڭ بىرى جۇۋان تويىدۇر.

ئاياللارنىڭ ياشلىق دەۋرى ئۈز مەزگىلگە قاراپ قىزلىق دەۋرى (بالاغەتكە يەتكەن دەۋرى)، سېكىلەك دەۋرى، چوكان دەۋرى، جۇۋان دەۋرى دەپ تۆت دەۋرگە بۆلۈنىدۇ. ئادەتتە قىزلار ياتلىق بولۇپ 2 — 3 بالىلىق بولغاندىن كېيىن، ئېرى بىلەن مەڭگۈلۈك بىرگە ئۆتۈشكە ئىشەنچ ھاسىل قىلغاندا ھەمدە قىرانلىق مەزگىلگە يېتىپ، ھەر جەھەتتىن سۈلكەت ۋەسلىگە تولغاندا، ئايال ئۇرۇق ـ تۇغقانلىرى ۋە قولۇم ـ قوشنىلىرىنى چاقىرىپ ئۆزىنىڭ «جۇۋان تويى» نى ئۆتكۈزىدۇ. جۇۋان تويى ئۈچۈن ئالاھىدە داستىخان تەييارلىنىدۇ. تەكلىپ قىلىنغان ئايال مېھمانلار جۇۋاننى تەبرىكلەپ ئۆز لايىقىدا ھەر خىل سوۋغا ـ سالاملار ئەكېلىدۇ. جۇۋان تويىدا جۇۋاننىڭ ئائىلىسى ھال ـ ئەھۋالىغا قاراپ ھەر خىل رەڭلىك بىرقانچە ياغلىق، جۇۋانچە كۆڭلەك، پەرىجە تون ۋە تەلپەك تەييارلايدۇ ھەمدە مېھمانلار ئالدىدا جۇۋانغا تەقدىم قىلىدۇ. جۇۋان تويىغا جۇۋان بولغۇچىنىڭ ئېرى ئالتۇن ھالقا، سىرغا،

ياپراقلىق ئايخاگىزا (قوش زىرە يەنى ئۈچ قەۋەت بۆرەكچە چەمبەر قىلىپ ئوتتۇرىسىغا گۈمبەزسىمان ياقۇت كۆز ئورنىتىلغان ئالتۇن زىرىنىڭ بىر خىلى)، سۆكە (ئۈستى زىرىسىمان، ئاستى 1 ــ 2 سانتىمېتىر ئۇزۇنلۇقتا ساگىلاپ تۇرىدىغان قوش تالالىق بىر خىل ئالتۇن ھالقا) تەييارلاپ سوۋغا قىلىدۇ. بۇ مۇراسىمدا جۇۋان بولغۇچى سېكىلەك چېچىنى ئىككىگە ئايرىيدۇ، جۇۋانچە كۆكلەك ئۈستىگە پەرىجە كىيىدۇ. دولانلار جۇۋان تويىنى «جۇگان تويى» دەپمۇ ئاتايدۇ. بۇ تويدا پۈتۈن يۇرتقا چوڭ چاي بېرىلىدۇ. بۇ تويغا كەلگەنلەر توققۇز ناننىڭ ئۈستىگە سوۋغات قويۇپ ئېلىپ كېلىدۇ. ئاياللار بۇ توققۇز نان بىلەن سوۋغاتنىڭ سىرتىدا بىر قول ياغلىق ئالما ئەكېلىشى شەرت. ھېچبولمىغاندا بىرقانچە ئالما ئەكېلىدۇ، بۇ تويدا مەشرەپ ئۆتكۈزىدۇ. جۇۋان بولغۇچىنىڭ يۈز-كۆزلىرىنى پەردازلاپ گىرىم قىلىپ، چاچلىرىغا ئەتمە سالىدۇ، بېشىغا تاج، نوھۇل قادايدۇ، چېچىغا كۈمۈش گۆيەك ئېسىپ مەشرەپ ئوينايدۇ. بازار كۈنى يەنە شۇنداق گىرىم بىلەن پەردازلاپ كوچىمۇكوچا ئايلاندۇرۇپ تاماشا قىلدۇرىدۇ. ئۇنىڭ گۈزەل سىياقىنى ھەممە خالايىققا كۆرسىتىپ، جۇۋان بولغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ. يۇقىرى تەبىقىدىكىلەر قىزلىرىنىڭ جۇۋان تويىدا چاقپەلەك قاداپ، ئوغلاق سالىدۇ. جۇۋان بولغۇچىنى چاقپەلەكتە ئۇچۇرىدۇ. ۋاقتى بىر ھەپتە داۋاملىشىدۇ. جۇۋان تويى بىر ئائىلىنىڭ ھاياتىدا بولمىسا مۇتلەق بولمايدىغان چوڭ سۈننەت توي. ھازىر چاقپەلەك قاداپ ئوغلاق سالمىسىمۇ، يەنىلا باشقا ئادەتلەرنى بۇرۇنقىدەك ئورۇنلاپ ئۆتكۈزىدۇ. بۇ توي «چاچماق (چاچمىقى) توي» ياكى «چاشۋاق توي» دەپمۇ ئاتىلىدۇ. «چاشۋاق» دېگەن چاچقا سالغان يالغان چاچ ۋە ئەتمىنى بىلدۈرىدۇ.

ئۆتمۈشتە جۇۋان تويى ئۆتكۈزۈلمىگەن ئاياللار ئۆلۈپ كەتسە، مېيىتنىڭ ئۈستىگە جۇۋان كۆكلىكى ۋە پەرىجە توننى كىيدۈرۈپ، شەرتنى ئادا قىلغاندىن كېيىن، ئاندىن بۇ كىيىملەرنى سالدۇرۇپ سۇغا ئالغاندىن كېيىن دەپنە قىلىش ئادىتى بولغان، شۇنداقلا يەنە خەلق ئارىسىدا جۇۋان دەۋرىگە يېتىپ، تېخى جۇۋان تويى ئۆتكۈزمىگەن ئاياللارنى «ئون بالىنىڭ ئانىسى تېخى چوكان سېكىلەك» دەپ

مەسخىرە قىلىش ئادىتىمۇ بار. بۇنىڭدىن قارىغاندا، ئۇيغۇر ئاياللىرى ئىچىدە جۇۋان تويى ئۆتكۈزۈش ئەنئەنىۋى ئادەتكە ئايلانغان بىر خىل مۇراسىم بولۇپ، ئۆزىگە خاس مەزمۇن ۋە ئالاھىدىلىككە ئىگە. خەلقىمىز ئارىسىدىكى «جۇۋان بىلگەننى قىز نە بىلۇر» دېگەن تەمسىلدىن قارىغاندىمۇ، جۇۋان تويى ئۆز ماھىيىتى بىلەن ئىنساننىڭ ھايات مەزگىللىرى ئىچىدە ئەقىل - پاراسەتكە تولۇپ، تۇرمۇش يولىغا تولۇق ئىشەنچ تىكلەش دەۋرىنىڭ خاتىرىسى ئىكەنلىكى مەلۇم بولىدۇ.

**ئات تويى**

مەھمۇد كاشغەرىي «تۈركىي تىللار دىۋانى» (I توم، 525 - بەت) دا «كۈدەن» دېگەن سۆزنى «بالىغا ئات قويۇش زىياپىتى» دەپ چۈشەندۈرگەن. بۇ، بالىغا ئات قويۇش ئادىتىنىڭ ئۇزاق تارىخقا ئىگە ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىدۇ. بۇ ئادەت ئۇيغۇرلار ئارىسىدا ھازىرمۇ داۋاملىشىپ كەلمەكتە. ئۇيغۇرلار بالا تۇغۇلۇپ ئۈچ كۈن ئۆتكەندىن كېيىن ئاتا - ئانا بالىغا ئات قويۇش كويىغا چۈشىدۇ، بالىغا ئىسىم تاللايدۇ. ئىسمنى ئاساسەن بوۋاق ئوغۇل بالا بولسا ئاتىسى، قىز بالا بولسا ئانىسى تاللايدۇ. ئەمما، ئەر بىلەن ئايال بىرلىككە كەلگەندىن كېيىن مۇقىملىشىدۇ. ئەگەر ئۇلارنىڭ بالىسى ئۆلۈپ كېتىپ، تۇرمىغان بولسا، ئوغۇل بولسا تۇردى، توختى، تۇرسۇن، تۇرا دېگەندەك ئىسىملارنى قويىدۇ. قىز بولسا توختىخان، تۇرسۇنخان، تۇردىخان، تۇراخان دەپ ئىسىم قويىدۇ. ئۇلۇغ ئاي، ئۇلۇغ كۈنلەردە تۇغۇلغان بولسا، شۇ ئاي، كۈنلەرنىڭ نامى بىلەن ئات قويىدۇ. ھوشۇر ئېيىدا تۇغۇلغانلىرىغا «ھوشۇر» ياكى «ھوشۇرخان»؛ بارات ئېيىدا تۇغۇلغانلىرىغا «بارات»؛ «قۇربان ھېيت» ئېيىدا تۇغۇلغانلىرىغا «قۇربان»؛ ھېيت ئېيىدا تۇغۇلغانلىرىغا «ھېيت» دەپ ئات قويىدىغان، جۈمە كۈنلىرى تۇغۇلغانلىرىغا «جۈمە» (جۈمەخان) دەپ ئات قويىدىغان ئادەتلەرمۇ بار. ئومۇمەن، پەيغەمبەرلەرنىڭ ئىسىملىرىنى ۋە ئىسلام تارىخىدا ئۆتكەن مەشھۇر باھادىرلار، تارىخىي شەخسلەرنىڭ ئىسىملىرىغا ئوخشاش ئىسىملارنى تاللاپ قويىدۇ. ئىسىم تاللاپ

بولغانلىقىنى كېيىن، تەقۋادار بىر ئادەم تەكلىپ قىلىنىپ، بالىغا ئىسىم قويىدۇرۇلىدۇ. ئات قويغۇچى زاكىلاقلىق بالىنى قولىغا ئېلىپ، قىبلىگە قاراپ تۇرۇپ تەكبىر ئېيتىپ، بالىنىڭ قۇلىقىغا ئەزان تىوۋلاپ، «ئېتىڭىز ×× بولسۇن» دەپ جايىنامازغا دومىلىتىدۇ. سورۇندا ھازىر بولغۇچىلار بوۋاقنى يېڭى ئىسمى بىلەن مۇبارەكلىشىدۇ، ئاندىن سورۇندا ھازىر بولغۇچىلارغا داستىخان سېلىپ ئۇلارنى مېھمان قىلىدۇ. ئات قويغۇچىنىڭ ئالدىغا پۇل ياكى باشقا ماددىي نەرسە قويۇپ رازى قىلىدۇ.

ئۇيغۇرلاردا بالىغا ئات قويۇش بىر خىل مۇراسىم شەكلىنى ئالغان بولۇپ، بۇ مۇراسىمغا ئات قويغۇچى موللىدىن باشقا يەنە يېقىن ئۇرۇق-تۇغقانلار ۋە دوست - بۇرادەرلەر تەكلىپ قىلىنىدۇ. بوۋاقنىڭ قىرقى بولغاندا بوۋاقنىڭ ئەل - ئاغىنىلىرى كۆپ بولسۇن، دەپ كىچىك توقاچ يېقىپ، بوۋاقنىڭ بېشىدىن «ياۋاش بولۇڭ بالام، ياۋاش» دەپ تۆكىدۇ ۋە قىرىق بالىغا تارقىتىپ يېگۈزىدۇ.

### نىكاھتىن ئاجرىشىش ۋە يېنىشىش

**نىكاھتىن ئاجرىشىش:** نىكاھتىن ئاجرىشىش ئۇيغۇر جەمئىيىتىدە كۆپ ئۇچرايدىغان بىر خىل ئىجتىمائىي ھادىسە. ئۇنىڭ سەۋەبلىرى كۆپ. مۇھىملىرى: ①ئوتتۇرىدا پەرزەنت بولماسلىق؛ ② ئەرنىڭ ئايالغا ياكى ئايالنىڭ ئەرگە كۆڭلى چۈشمەسلىك؛ ③ ئەر - ئايالنىڭ مىجەزىدە تەدرىجىي پەيدا بولغان ئۆزگىرىشلەر ئارقىسىدا دەسلەپكى مۇھەببەت ئاساسىنىڭ بۇزۇلۇشى؛ ④ ئۆزئارا ساداقەتسىزلىك؛ ⑤ ئۈچىنچى بىر تەرەپ ئارىلىشىش؛ ⑥ ئايال تەرەپ ھەددىدىن زىيادە خورلۇققا ئۇچراش؛ ⑦ئادەتتىكى ئائىلە ماجىرالىرى قاتارلىقلار. مۇشۇ سەۋەبلەرنىڭ بىرەرسى كۆرۈلگەندە، شۇنىڭدەك مۇناسىۋەتلىك ئادەملەرنىڭ كېلىشتۈرۈشى، نەسىھەتلىرى ئۈنۈم بەرمىگەندە نىكاھتىن ئاجرىشىش تەلىپى قويۇلىدۇ. بۇنىڭ بىلەن ئەر تەرەپ «قويدۇم» ياكى «تالاق» دەپ لەۋزى قىلسا نىكاھتىن ئاجرىشىش ۋەزىيىتى شەكىللىنىپ، ئەر- ئايال بىرگە ئۆتۈشكە بولمايدۇ.

بۇرۇن مۇنداق نىكاھتىن ئاجرىشىشقا توغرا كەلگەندە باشقا قانۇنىي رەسمىيەتلەر ئۆتەلمەيتتى، قولۇم - قوشنا ۋە مەھەللە جامائىتىنىڭ بىلىپ قېلىشى بىلەن كۇپايىلىنەتتى. ئۆي - مۈلكى ئوتتۇرىدا تەڭ بۆلۈنەتتى (ئۆي - مۈلكىدىن پۈتۈنلەي ۋاز كېچىدىغان ئەرلەر، ئاياللارمۇ ئۇچرايدۇ). ئەگەر ئوتتۇرىدا بالا بولغان تەقدىردە بالىنى ئىختىيار قىلغان تەرەپ ئېلىپ قالاتتى ياكى ئىككى تەرەپ كېلىشىپ بۆلۈشۈۋالاتتى. بالا ۋە مۈلۈك مەسىلىسىدە ئىككى تەرەپ كېلىشەلمىسە مەھكىمە شەرئىنىڭ بىر تەرەپ قىلىپ بېرىشىگە ئىلتىماس قىلىناتتى ۋە مەھكىمە شەرئىنىڭ چىقارغان ھۆكمىگە بويسۇناتتى.

نىكاھتىن ئاجراشقان ئايال ياتلىق بولماقچى بولسا، ئۈچ ئاي ئون كۈن ئىددەت تۇتۇشقا توغرا كېلىدۇ. چۈنكى، بۇ جەرياندا ئايالنىڭ ھامىلىدار ياكى ئەمەسلىكى ئېنىقلىنىدۇ. ئەگەر ھامىلىدارلىقى ئېنىقلانسا، تۇغۇلغان بالا ئادەتتە ئەر تەرەپكە تەۋە بولىدۇ. بالىنىڭ راسخوتىنىڭ مەلۇم قىسمىنى ئەر تەرەپ ئۈز ئۈستىگە ئالىدۇ. مۇنداق ئەھۋالدا دادىسى بالىنىڭ دادىلىق ھوقۇقىدىن ئىختىيارىي ۋاز كېچىپ، ئايالنىڭ بولغۇسى ئېرىگە بېرىۋېتىدىغانلارمۇ ئۇچرايدۇ.

**يېنىشىش:** نىكاھتىن ئاجرىشىش شارائىتىنىڭ ئوخشاشماسلىقىغا قاراپ يېنىشىش ئۇسۇلىمۇ ئوخشاشمايدۇ. ① ئادەتتىكى ئائىلە ماجىراسى ئۈستىدە ئەر تەرەپ بىرپەسلىك ئاچچىق تۈپەيلى يېنىكلىك قىلىپ «قويدۇم» دەپ لەۋزى قىلىپ تاشلىغان بولسا، مەزىن ياكى نىكاھ ئوقۇشنى بىلىدىغان مەھەللىدىكى بىرەر كىشىگە قايتا نىكاھ ئوقۇتۇپ، ئەر - خوتۇنلۇق مۇناسىۋىتى ئەسلىگە كەلتۈرۈلىدۇ؛ ② يۇقىرىقى بىرەر سەۋەب تۈپەيلىدىن ئاجراشقان ئىككى تەرەپ يېنىششنى ئىستىسە ياكى ئاتا - ئانا، جامائەت ئارىغا كىرىپ رايىلاشتۇرغان بولسا، ئەر تەرەپ بىرەر قۇر تويلۇق ئېلىپ قايتىدىن ئاددىي يارىشىش تويى ئۆتكۈزۈلىدۇ؛ ③يۇقىرىقى بىرەر سەۋەب تۈپەيلىدىن ئەرنىڭ ئاغزىدىن ئۈچ قېتىم «قويدۇم» ياكى «تالاق» سۆزى چىقىپ كەتكەن بولسا، قايتا يېنىششقا مۇمكىن بولمايدۇ. چۈنكى، يېنىششقا توغرا كەلسە، ئەر

تەرەپ قوبۇل قىلىش مۇمكىنچىلىكى بولمىغان رەسمىيەت ئۆتەشكە يەنى باشقا بىر ئەرگە ۋاقىتلىق ياتلىق بولۇپ، ئاجراشقاندا يېڭىشىشقا توغرا كېلىدۇ. ئەگەر شۇنداق رەسمىيەت ئۆتەلىسە، ئاندىن يېڭىشىشقا بولىدۇ. ئۇيغۇرلارنىڭ ئائىلە قۇرۇلمىسى جەھەتتىكى ئالاھىدىلىك جەھەتتىن مۇنداق ئەھۋاللارمۇ مەۋجۇت[1].

قىزلار ياتلىق قىلىنغاندىن كېيىن، مەيلى پەرزەنتلىك بولغان ياكى بولمىغان بولسۇن، ئەگەر ئېرى ئۆلۈپ كەتسە ئۆز ئۆيىگە كېتىش ياكى ياتلىق بولۇش هوقۇقىغا ئىگە. ئايالى (ئېرى) ئۆلۈپ كەتكەنلەر ئۆيلەنمەكچى ياكى ياتلىق بولماقچى بولسا، بىر - ئىككى يىلدىن كېيىن ياكى ئاز دېگەندە ئۆلگۈچىنىڭ يىلى توشقاندىن كېيىن ئاندىن ئۆيلىنىدۇ (ياتلىق بولىدۇ). ئادەتتە كۆپ ساندىكى كىشىلەر بۇ ئادەتكە رىئايە قىلىدۇ. ئەگەر بويتاق ياكى تۇل قالغۇچىنىڭ چوڭ بولۇپ قالغان پەرزەنتلىرى بولغان تەقدىردە، ئۆيلەنمەكچى ياكى ياتلىق بولماقچى بولسا، ئالدى بىلەن پەرزەنتلىرىنىڭ، جۈملىدىن قېيىنئاتا - قېيىنئانىسىنىڭ، ئۆز ئاتا - ئانىسىنىڭ هېسداشلىقىنى قولغا كەلتۈرۈپ ئۆيلىنىدۇ (ياتلىق بولىدۇ). يۇقىرىقى ئادەت - قائىدىلەرگە خىلاپلىق قىلغۇچىلار جامائەتچىلىكنىڭ نەپرىتىگە ئۇچرايدۇ. يىغىپ ئېيتقاندا، ئۇيغۇر جەمئىيىتىدە ئەرلىك هوقۇقى مۇقەددەس دەپ قارىلىپ كەلگەن. ئاياللار ئەرلەرنىڭ بىر خىل ئەرمىكى بولۇپ، ئۇلارنىڭ جەمئىيەتتە هېچقانداق ئورنى يوق ئىدى. بۇ ئاياللارنىڭ ئۇيغۇر جەمئىيىتىدە هۆكۈم سۈرۈپ كەلگەن «ئايال جىنس ئادەمنىڭ سول قوۋۇرغىسىدىن ئاپىرىدە بولغان»، شۇڭا «چېچى ئۇزۇن، ئەقلى قىسقا»، «پېشكەل» ۋە «ئەر— ئايالنىڭ يېرىم خۇداسى»، «ئەرنىڭ قۇلى» دېگەن فېئودال ئەدەپ- قائىدىنىڭ قۇربانى قىلىپ كېلىنگەنلىكىدە تېپىك ئىپادىلىنىدۇ[2].

---

[1] ئابدۇرەھىم ھەبىبۇللا: «ئۇيغۇر ئېتنوگرافىيەسى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1993 - يىلى 4 - ئاي نەشرى، 250 - ، 253 - بەتلەر.

[2] ئابدۇرەھىم ھەبىبۇللا: «ئۇيغۇر ئېتنوگرافىيەسى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1993 - يىلى 4 - ئاي نەشرى، 250 - ، 253 - بەتلەر.

# 4. پەرزەنتلىك بولۇش

**بالا تەشنالىقى**

ئۇيغۇرلاردا پەرزەنت كۆرۈش ۋە ئۆز پەرزەنتىنى قاتارغا قوشۇش جەھەتلەردە بىرمۇنچە ئادەتلەر ساقلىنىپ كەلگەن. بۇلارغا ئۇلار ئۆزلىرى ئېتىقاد قىلغان دىنلارنىڭ ئەقىدىلىرى چوڭقۇر سىڭگەن.

1. بىراۋنىڭ بوۋىقى ساغلام، بۇدرۇق ئۆسۈپ تېز كۆزگە كۆرۈنگەن بولسا، بۇنىڭغا مەستلىكى كەلگەن باشقا بىرى بالىنىڭ ئانىسىدىن: «بالا قانچە ئايلىق بولدى؟» دەپ سورىسا، «كۆز تېگىدۇ» دەپ، گەرچە بوۋاق 5 ــ 6 ئايلىق بولغان بولسىمۇ، قەستەن «بىر ياشقا كىردى» ياكى «يېشىدىن ئاشتى» دەپ يالغان ئېيتىدۇ. بەزى ئاتا-ئانىلار بالىغا كۆز تېگىپ چەتنەپ كېتىدۇ، دېگەن خىيال بىلەن بوۋاققا قۇراق كىيىم تىكىپ كىيدۈرۈپ قويىدۇ؛ بالىنىڭ يۈزىگە قارا سۈركەپ سەتلەشتۈرۈپ قويىدۇ، ھەتتا بوۋاقنى تالا - تۈزگە چىقارماي ئۆيدىلا باقىدۇ. بەزىلەر بوۋاققا مەستلىكى كېلىپ ماختاپ سۆزلەپ قويسا، بۇنى ئاڭلىغان ئانا ئاچچىقى كېلىپ «تىلىڭغا تاش» دەپ غودۇڭشىپ نارازى بولىدۇ.

2. بالىسى تۇرمىغان ئاتا - ئانا بالا كۆرۈپ قالسا، ئۆز بالىسىنىڭ ئۆمرى ئۇزاق بولۇشىنى ئۈمىد قىلىپ، ئۇزاق ئۆمۈر كۆرگەن ئۇرۇق-تۇغقانلىرىنىڭ كونا كىيىمىنى تىلىۋېلىپ، ئۇنىڭ بىلەن ئۆز بوۋىقىغا كىيىم تىكىپ بېرىدىغان ياكى بالىسى قاتارغا قوشۇلغان ئۇرۇق-تۇغقانلىرىنىڭ بالىلىرى بوۋاق ۋاقتىدا كىيگەن كىيىملىرىنى سورىۋېلىپ بالىسىغا كىيدۈرىدىغان ئەھۋاللار ھازىرمۇ مەۋجۇت.

3. بۇرۇن ئۇيغۇرلاردا ئاياللارنىڭ تۇغماس بولۇپ قېلىشى ئەيىب ئىشلاردىن بولۇپ سانىلاتتى. شۇڭا، تۇغمىغان ئايال باشقىلار تەرەپتىن «قېچىر» دەپ ھاقارەتلىنەتتى. تۇغماس ئايالنىڭ ئالدىدا بىرى، باشقىلار تەرىپىدىن ھاقارەتلىنىش، يەنە بىرى، ئۆزىنىڭ تۇغمىغانلىقى سەۋەبىدىن ئېرىنىڭ ئۆزىنى قويۇپ بېرىش ياكى بولمىسا ئۆزىنىڭ

ئۈستىگە خوتۇن ئېلىۋېلىش خەۋپى بولاتتى. شۇڭا، بىچارە ئايال بىرەر بالا كۆرۈش ئۈچۈن تۈرلۈك سەۋەبلەرگە باش ئۇراتتى. ئېيتايلى، دوختۇر، تېۋىپلارغا كۆرۈنەتتى، ئۆزىنى مولللارغا ئوقۇتاتتى، «ئانىلار»نى سېغىنىپ ئۇلارنىڭ روھىغا ئاتاپ سەدىقىلەر بېرەتتى، مازار- ماشايىخلارغا بېرىپ يىغلايتتى، يالۋۇراتتى، بۆۋىلەرگە بېلىنى تاڭدۇراتتى. بۆۋىلەر بالا تەلەپ قىلغۇچىنىڭ بېلىنى تېڭىپ بولۇپ، سۆيۈرگىنى «بالا» قىلىپ قولىغا تۇتقۇزۇپ، ئۇ ئايالنى تەبرىكلىشەتتى، ھەتتا بەزىلەر يېڭى تۇغقان ئايالنىڭ ئىسسىق ئىچى (بالا ھەمراھى)نى سورىۋېلىپ، ئۇنىڭغا ئولتۇراتتى. ئۇ ئايالدا «ئەشكە ئولتۇرسام چوقۇم تۇغىمەن» دېگەن ئەقىدە بولاتتى.

يۇقىرىقىدەك سەۋەبلەر بىلەن يەنە تۇغمىسا، بۇ ئايال ئۆز رازىلىقى بىلەن ئېرىگە كىچىك خوتۇن ئېلىپ بېرەتتى، ھەتتا بىرەر بالا بېقىۋالاتتى ياكى ئېرى مەجبۇرىي ھالدا بۇ ئايالنى قويۇپ بېرەتتى.

ئۇيغۇرلارنىڭ ئەنئەنىۋى ئەقىدىسى بويىچە تۇغۇلغان بوۋاق مەيلى ئوغۇل ياكى قىز بولسۇن ياكى ھەر خىل سەۋەبلەر بىلەن ئەيىبناق (مېيىپ) تۇغۇلۇشىدىن قەتئىينەزەر، ھەممىسى «ئالالنىڭ ئىلتىپاتى» دەپ قاراپ ئوخشاش قەدىرلىنىدۇ. تۇغۇلغان بوۋاق قىز ياكى مېيىپ بولغانلىق سەۋەبىدىن ئۇلارنى خارلاشنى كەچۈرگۈسىز ئەڭ چوڭ گۇناھ دەپ بىلىدۇ.

**بوۋاقلارنى بېقىش**

ئۇيغۇرلار ياتلىق قىلىنغان قىزلىرى ھامىلىدار بولۇپ توققۇز ئاي، توققۇز كۈن، توققۇز سائەت،توققۇز مىنۇت، توققۇز سېكۇنت، توققۇز دەقىقە قورساق كۆتۈرۈپ تەۋەللۇت قىلغان يېڭى جاننى «بوۋاق» دەپ ئاتايدۇ. بوۋاق مەيلى ئوغۇل ياكى قىز بولسۇن، ئۇنىڭ ئەقىدىسىدە «خۇدانىڭ بەندىسى» دېيىلىپ، ئوخشاش ئۇلۇغلىنىدۇ ۋە قەدىرلىنىدۇ.

بوۋاق تۇغۇلۇشى بىلەن ئۇنىڭ كىندىكى كېسىلىپ بولغاندىن كېيىن، ئۇنى ساغلام بەدەن، چىداملىق قىلىپ يېتىشتۈرۈش ئۈچۈن تۇزلانغان ئىلمان سۇدا پاكىز يۇيۇپ (بوۋاقنى تۇنجى قېتىم يۇغان سۇغا

ھەر خىل ئىرىملىك دورا ـ دەرمانلارنى يەنى ئالما قېقى، ئادراسمان، ئارتىش ياپرىقى قاتارلىقلارنى ئارىلاشتۇرۇشتىن تاشقىرى، ئالتۇن ئۈزۈك ياكى ئالتۇن ياپرىقنى داستىكى تەييارلانغان سۇغا تاشلاپ قويىدۇ)، سېغىزلىغان (ئۇپىلىغان) دىن كېيىن، ئوبدان زاكىلايدۇ.

بوۋاق تۇغۇلۇپ يەتتە ـ توققۇز كۈن ئىچىدە بۆشۈككە بۆلىنىدۇ. بوۋاقنى بۆشۈككە سېلىش ئۇيغۇرلاردا قەدىمدىن بۇيان كەڭ ئومۇملاشقان ئادەت ھېسابلىنىدۇ.

ئۇيغۇرلار بوۋاقلارنى ئاساسەن ئانا سۈتى بىلەن باقىدۇ، قوشۇمچە قوي مېيى بىلەن بۇغداي ئۇنىدا ئېتىلگەن بۇلماق، يۇمشاق پىشۇرۇلغان خام شويلا، قورۇلمىغان شورپىلىق يېمەكلىكلەرنى يېگۈزىدۇ. قوينىڭ قۇيرۇق مېيىنى پىشۇرۇپ سوسكا ئورنىدا شورىتىدۇ. ئومۇمەن، بالىنىڭ يىلىكى توشىدۇ، دەپ ئانا سۈتى ھەم قۇۋۋەتلىك تاماق بىلەن باقىدۇ. بالىنىڭ يىلىكى توشمايدۇ ھەم سوغۇقچان (سوغۇق مىجەز) بولۇپ قالىدۇ، دەپ بىر ياشتىن بىر يېرىم ياشقىچە ئاساسەن كالا سۈتى ئىچۈرمەيدۇ. خەلق ئارىسىدا تۇغۇلۇپ كالا سۈتى بىلەن بېقىلغان بالا كالا مىجەز، گومۇش بولۇپ قالىدۇ، دېگەن قاراشمۇ بار. شۇ سەۋەبتىن، بالىسىنى بىر ياشتىن بىر يېرىم ياشقىچە ئارىلىقتا ئېمىتمىگەن ئانىلار باشقىلار تەرىپىدىن ئەيىبلىنىدۇ. ھازىر بۇ قاراشلار ئاساسەن تۈگىتىلدى.

ئۇيغۇرلار ئارىسىدا ئەگەر ئانا كېسەللىك ياكى باشقا سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن بوۋاقنى ئېمىتىشكە ئىمكانىيىتى بولمىسا، شۇ پەيتتە بالا ئېمىتىۋاتقان ئۇرۇق ـ تۇغقانلىرى ياكى قولۇم ـ قوشنىلىرى ۋاكالىتەن ئېمىتىپ بېرىدىغان ئادەتمۇ بار. بۇنداق بالىلار «ئېمىلداش» دېيىلىدۇ. ئېمىلداشلار ئارا نىكاھلىنىش مەنئى قىلىنىدۇ.

## 5. ئۆلۈم ـ يېتىم ئادەتلىرى

### 1. ئۇيغۇرلارنىڭ ئۆلۈم ـ يېتىم ئادەتلىرىنىڭ شەكىللىنىشى ۋە ئۇيغۇرلاردىكى ئۆلۈم پەرھىزى

ئۆلۈم ھاياتلىقنىڭ ئەڭ ئاخىرقى نۇقتىسى بولۇپ، ئىنسان

ھاياتلىقىنىڭ ئاخىرلىشىشىدۇر.
ئۆلۈم ــ ئىنسان ئۈچۈن ئالدىن ھېس قىلغىلى بولىدىغان غايەت زور ۋەھىمىلىك كۆلەڭگە ۋە ھاياتلىقتىكى ئەڭ ۋەھىمىلىك ھادىسە. ئۇ ھەربىر ئىنسان ئۈچۈن ھاياتتىكى بارلىق ھادىسىلەردىن ئۈستۈن تۇرىدىغان، قايتا تەكرارلانمايدىغان ھادىسە.
ئۆلۈم ئېڭى مانا شۇنداق دىن ۋە مەدەنىيەت كاتېگورىيەسىگە ئاستا ـ ئاستا سىڭىپ كىرىشكە باشلاپ، ئۆلۈمگە دائىر بىر قاتار ئۆرپ ـ ئادەت، قائىدە ـ يوسۇنلارنى ۋە ئۆلۈم پەرھىزلىرىنى شەكىللەندۈرگەن[1].
ئادەتتىكى ئادەملەرگە نىسبەتەن ئۆلۈم بالا ـ قازادىن ئىبارەت بولۇپ، دائىم «ئىنسان تەبىئىتىنىڭ يوقىلىشى»نىڭ يامانلىقى دەپ قارىلىدۇ. ئۆلۈم قەدىمدىنلا پەرھىز قىلىنىدىغان سۆز تېمىسىغا ئايلىنىپ قالغان. كۆپ ساندىكى كىشىلەر ئۆلۈم توغرۇلۇق سۆزلىشىپ قالغىنىدا، باشقا سىلىقراق ئۇسۇلدا ئىپادىلەشنى خالايدۇ. شۇنداق دېيىشكە بولىدۇكى، ئۆلۈمگە مۇناسىۋەتلىك بۇ خىل ئىپادىلەش ئۇسۇلى «ئۆلۈم» دىن ئىبارەت بۇ سۆز تېمىسىنىڭ چەكلەپ قىلىشىدىن ساقلىنىشنىڭ قائىدە ـ نىزاملىرىغا ئايلىنىپ قالغان.
كىشىلەر باشقىلارنىڭ ئۆلۈپ كەتكەنلىكى توغرىسىدا سۆزلەشكەندە دائىم «قازا قىلدى»، «تۈگەپ كەتتى»، «ئالەمدىن ئۆتتى»، «تۇپراققا كىرىپ كەتتى»، «ئۇ دۇنياغا سەپەر قىلدى»، «چىرىغى ئۆچتى» دېگەنگە ئوخشاش سۆزلەرنى قوللىنىپ ئىپادىلەيدۇ ۋە بۇ خىل سىلىق سۆزلەرنى ئىشلەتكەندىن سىرت، بالىلارنىڭ ئائىلىلەردە ئۆلۈمنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرۈشىگە، ئۆلۈمدىن كېلىپ چىقىدىغان تەشۋىش ۋە قالايمىقانچىلىقلارنى بېشىدىن كەچۈرۈشىگە يول قويمايدۇ (كىنو ـ تېلېۋىزىيەدىكى ئۆلۈم كۆرۈنۈشلىرى چەكلەنمىگەندىن سىرت)، شۇنداقلا كۆپىنچە ئەھۋاللاردا كىشىلەر ئۆلۈم خەۋىرىنى باشقىلارغا تۇيۇقسىز يەتكۈزمەيدۇ.

---

[1] ئاينۇرە دولات: «ئۇيغۇرلاردىكى ئۆلۈم پەرھىزى توغرىسىدا»، «شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى»، 2000 ـ يىلى 4 ـ سان، 58 ـ، 59 ـ بەتلەر.

ھازىر كىشىلەر كېسىلى ئېغىرلىشىپ قالغان ياكى ياشانغان ئادەمنىڭ ئۆزىگە ئۆلۈم توغرۇلۇق ھېچنېمىنى بىلدۈرمەسلىككە ئادەتلەنگەن.

ئۇنىڭدىن باشقا، دوختۇرخانا ياكى ئائىلىلەردە تاۋۇت ساقلاش چەكلىنىدۇ، بۇنداق قىلىشمۇ كىشىلەرگە سۈرلۈك ھەم سوغۇق تەسىرات بېرىشتىن ساقلىنىشتۇر. شۇڭلاشقا، كىشىلەر ئادەم ئۆلگەندىن كېيىن، تاۋۇتنى مەسچىتلەردىن ئېلىپ كېلىپ، ئاندىن دىنىي مۆتىۋەر (ئىمام، ئاخۇن) بىلەن بىرلىكتە جىنازا نامىزىنى چۈشۈرىدۇ.

ئۇيغۇرلار ئۆزلىرىنىڭ تارىخىي تەرەققىياتى جەريانىدا ھەرقايسى دەۋرلەردىكى دىنلار بىلەن زىچ باغلانغان ھەر خىل ئۆلۈم پەرھىزلىرىنى شەكىللەندۈرگەن بولۇپ، بۇ خىل پەرھىزلەر شۇ دەۋرلەردىكى دەپنە - مۇراسىم ئادەتلىرىدە ئالاھىدە گەۋدىلەنگەن.

ئىپتىدائىي توتېم دەۋرىگە نەزەر سالغاندا، گەرچە بۇ دەۋرگە ئائىت ئۆلۈم پەرھىزلىرى ئېنىق خاتىرىلەپ قالدۇرۇلمىغان بولسىمۇ، ئەمما توتېم ئېتىقاد - ئادەتلىرىدىن شۇ دەۋردىكى ئۆلۈم پەرھىزلىرىنى ئازراق بولسىمۇ چۈشەنگىلى بولىدۇ. ئەجدادلىرىمىز توتېمغا ئېتىقاد قىلغان دەۋرلەردە ئۆزلىرىنىڭ كېلىش مەنبەسىنى دەل - دەرەخ، تاغ - دەريا ۋە ھايۋانلارغا باغلاپ چۈشەنگەچكە، ئۆزلىرى ئېتىقاد قىلغان دەرەخلەرنى كېسىش، ھايۋانلارنى تۇتۇش، ئۆلتۈرۈش، ھەتتا ئۇلارنىڭ گۆشلىرىنى يېيىشتىن ساقلانغان[1].

شامان دىنى دەۋرىدىمۇ ئۆلۈم پەرھىزلىرى شەكىللەنگەن. شامان دىنى ئوتقا چوقۇنۇشنى ئاساس قىلغان ئىپتىدائىي خاراكتېردىكى دىن بولۇپ، سىستېمىلىق دەستۇرى، دىنىي تەشكىلاتى بولمىغان كۆپ خۇدالىق دىن ئىدى. ئۇنىڭ ئېتىقاد قىلىدىغان مۇھىم نەرسىلىرىنىڭ بىرى ئوت بولۇپ، ئوت ئەڭ مۇقەددەس، ئەڭ پاك ھېسابلىناتتى. شۇڭلاشقا، بۇ دەۋردىكى كىشىلەر ئۆلگەن ئادەملەرنى يەرگە بىۋاسىتە كۆممىگەن، ئۆلگۈچى ئاۋۋال ئوتتا كۆيدۈرۈلۈپ، كۈلى كومزەككە

[1] ئاينۇرە دولات: «ئۇيغۇرلاردىكى ئۆلۈم پەرھىزى توغرىسىدا»، «شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى»، 2000 - يىلى 4 - سان، 61 - بەتتىكى نەقىل.

قاچىلىنىپ، ئاندىن كۆمۈلگەن. بۇنى ھەرقايسى جايلاردىن قېزىۋېلىنغان شۇ دەۋرگە تەۋە ئارخېئولوگىيەلىك قېزىلمىلار ئىسپاتلاپ بېرىدۇ.

قەدىمكى دەۋردە «ناخشا ـ قوشاق ئۆلۈكلەرنىڭ ئازابىنى يەڭگىللىتىدۇ، ئوت بولسا ئۇنىڭ روھىنى ئېلىپ كېتىدۇ» دېگەن قاراش بولغاچقا، ئۆلۈكنى كۆيدۈرۈپ ئۇزىتىش ۋە ئۇنىڭغا ناخشا ـ ئۇسسۇل، مۇزىكا بىلەن جور بولۇش قاتارلىق ئادەتلەر تۈركىي تىللىق قوۋملاردا ئۇزاق زامان ساقلانغان.

ئومۇمەن، شامان دىنىغا ئېتىقاد قىلغان دەۋردە دەپنە ـ مۇراسىملاردا ئوت، ناخشا ـ ئۇسسۇل، مۇزىكا قاتارلىقلار ئۆزئارا بىرىكىپ كەتكەن بولۇپ، ئۇلار شۇ ۋاقىتلاردىكى پەرھىز ئادەتلىرى، ئىسلامىيەتتىن كېيىنكى ئۆلۈم پەرھىزلىرى بىلەن تۈپتىن ئوخشاشمايدۇ.

ئاسمان جىسىملىرىغا چوقۇنۇش شامانىزمنىڭ يەنە بىر مۇھىم ئېتىقاد شەكلى بولۇپ، ئۇلار قۇياش (كۈن)، ئاسمان (كۆك)، يۇلتۇزلارغا چوقۇنۇپ، بۇلارنى ئىلمىي دەرىجىگە كۆتۈرگەن. كۆككە چوقۇنۇش ئەينى ۋاقىتتا ئەجدادلىرىمىزنىڭ ئىجتىمائىي تۇرمۇشىدا سىياسىي ـ مەدەنىيەت ساھەلىرىگە ئومۇميۈزلۈك سىڭىپ كەتكەنلىكى ئۈچۈن، بۇ دەۋرگە ئائىت قەبرىلەردىكى جەسەتلەرنىڭ يۈزى كۆككە (ئاسمانغا) قارىتىپ قويۇلغان، شۇنداقلا قۇياش شەرقتىن چىققانلىقى ئۈچۈن، شەرق تەرەپنى ئۇلۇغلاش ئادىتى شەكىللىنىپ، بۇ ئادەت دەپنە ـ مۇراسىملارغىمۇ سىڭگەن.

شامان دىنىدىن كېيىن ئوتتۇرىغا چىققان زوروئاستېر ياكى زەردۇشت (ئاتەشپەرەسلىك) دىنىدىمۇ ئوتنى مۇقەددەس بىلىپ ئۇنىڭغا چوقۇنغان، بەلكى بۇ خىل چوقۇنۇش ئىلگىرىكى دىنلار ئاساسىدا تېخىمۇ راۋاجلانغان، لېكىن زەردۇشت دىنىنىڭ دەپنە ـ مۇراسىملىرىدىكى پەرھىزلەر شامان دىنىدىن پەرقلىق بولغان، يەنى زەردۇشت دىنىدا كىشى ۋاپات بولغاندىن كېيىن ئۇنىڭ گۆشلىرى ئۇستىخىنىدىن ئاجرىتىپ ئېلىنىپ، ئۇستىخان كومزەك ئىچىگە بەدەنىنىڭ رەت تەرتىپى بويىچە (ئاۋۋال پۇت ـ بارماق، كاسا، بەل، گەۋدە، قول ۋە ئەڭ ئاخىرىدا باشنىڭ سۆڭىكى) تىزىپ قويۇلىدۇ ۋە بۇ كومزەكنى يەرگە

كۆمىدۇ. بۇنىڭدىكى ئاساسىي سەۋەب، زەردۇشت دىنىدا «ئادەم ئۆلگەندىن كېيىن، بەدەندىكى گۆشلەر يامان، پاسكىنا، هارام، كىر» دەپ قارىلىدۇ. شۇڭلاشقا، بۇ دىندىكى دەپنە ـ مۇراسىم ئادەتلىرىدە مېيىتنى گۆش بىلەن بىللە دەپنە قىلىش پەرھىز تۇتۇلغان بولۇپ، پەقەت ئۇستىخانلىرىلا دەپنە قىلىنىدۇ. تۇرپاننىڭ ئاستانىدىن تېپىلغان زەردۇشت دىنى دەۋرىگە تەئەللۇق بىرنەچچە جەسەت ئۇستىخانلىرى قاچىلانغان كومزەكلەرنىڭ تېپىلىشى بۇنىڭ جانلىق پاكىتى بولالايدۇ.

بۇددىزم دەۋرىدىكى ئۆلۈم ئادەتلىرىدە شامان دەۋرىدىكى جەسەتنى كۆيدۈرۈپ، كۈلىنى كومزەككە قاچىلاپ كۆمۈشتەك ئادەت ساقلانغان بولسىمۇ، ئەمما پادىشاھلارنىڭ، خانلارنىڭ جەسىتىنى كۆيدۈرۈش پەرھىز تۇتۇلۇپ، ئۇلار ئاساسلىقى يىراق داللارغا كۆمۈلگەن.

قۇللۇق جەمئىيەتنىڭ ئاخىرقى دەۋرلىرىدە بۇددىزمنىڭ دەپنە ئادەتلىرى قۇللۇق تۈزۈمنىڭ بەزىبىر قائىدە ـ يوسۇنلىرىنى ئۆزىدە مۇجەسسەملەشتۈرگەن. بۇ دەۋردىكى دەپنە ـ مۇراسىملاردا قۇلدار ۋە قۇللارنى دەرىجە بويىچە ئېنىق ئايرىغان بولۇپ، قۇلدارلارغا كۆپلىگەن بۇيۇملارنى قوشۇمچە كۆمگەن بولسا، قۇللارغا ھېچ نەرسە قوشۇپ كۆممىگەن، بەلكى بۇنداق قىلىش پەرھىز تۇتۇلغان.

مانى دىنى دەۋرىدە مېيىت كېپەنلەنمەي، ئاندىن تۇغما ھالەتتە دەپنە قىلىنىدىغان بولدى. مانى دىنى ئىدېئولوگىيەسى بويىچە «ئادەم بۇ دۇنياغا يالىڭاچ كەلگەنىكەن، يەنە يالىڭاچ كېتىشى كېرەك» دەپ قارىلىپ، دەپنە ـ مۇراسىملاردا مېيىتنى تۇغما ھالغا كەلتۈرۈپ ئاندىن دەپنە قىلاتتى.

10 ـ ئەسىردە ئۇيغۇرلار ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلغاندىن كېيىن، ئۆلۈم ئىشلىرىدىمۇ ئىسلامىيەت پىرىنسىپلىرىنى ئۈلگە قىلىشقا باشلىغان. «ئىسلام ئەقىدىسى بويىچە، ئاللا بەندىلەرنى تۇپراقتىن ياراتقانلىقى ئۈچۈن، ئۇلارنى ئەسلىي ماكانىغا — تۇپراققا دەپنە قىلىش كېرەك» دەپ قارىلىپ، شامان دىنى دەۋرىدىن تاكى بۇددىزم دەۋرىگىچە داۋاملاشقان مېيىتنى ئوتتا كۆيدۈرۈپ دەپنە قىلىشتەك ئادەتلەرگە خاتىمە بېرىلىپ، مېيىت كېپەنلىنىپ، يەرلىك كولانغاندىن كېيىن دەپنە قىلىنىدىغان

بولغان[1].

ئۇيغۇرلار زاراتگاھلىقلارنى ئادەتتە مال قوتىنى ياكى جەك بولغان جايلاردىن قىلمايدۇ. زاراتگاھلىق ئىچىگە غەربىنىڭكىگە ئوخشاش دەل-دەرەخ تىكىپ باغچە قىلىپمۇ كەتمەيدۇ، زاراتگاھلىقلار كۆپىنچە يول بويلىرىدا بولىدۇ. بۇنىڭدا يولدىن ئۆتكۈچىلەرنىڭ ئۆلگەنلەر روھىغا ئاتاپ دۇئا قىلىپ ئۆتۈشى كۆزدە تۇتۇلىدۇ. قەبرىستانلىققا بارغاندا قەبرە ئىچىگە كىرىش، قەبرىنىڭ ئارىسىغا تولا كىرىپ - چىقىپ يۈرۈش، قەبرىنى ئايلىنىش، قەبرىنىڭ بېشىغا بىرەر نەرسە ئېلىش، قەبرىگە يۆلىنىش، قول ئۈزىتىش، دەسسەش، قەبرىنى رېمونت قىلىش، قەبرىگە تام قوپۇرۇش، قەبرىستانلىقلارنىڭ گىياھلىرىنى كېسىش، ئوتۇن، ئوت-چۆپلەرنى ئىشلىتىش، ئوتۇن - چاۋارلىرىنى تېرىش، يەرلىكنىڭ توپىسىنى ئىشلىتىش، قەبرىستانلىقتا ناشايان ئىشلارنى قىلىش، مال بېقىش، تاماق يېيىش، خاتىرە تاشلاردىكى خەتلەرنى ئوقۇش، دۇئا قىلماي، باشقا پاراڭلارنى سېلىش، بەدىنى ناپاك ئادەملەرنىڭ قەبرە بېشىغا چىقىشى قاتارلىقلار قاتتىق پەرھىز قىلىنىدۇ[2].

## 2. ئۇيغۇرلاردا ئۆلۈم - يېتىم ۋە ئۇنى ئۈزىتىش ئادەتلىرى

1. ئۇيغۇرلاردا ۋاپات بولغۇچى ئىنتايىن ھۆرمەتكە ئىگە. شۇڭا، ۋاپات بولغۇچى ئەر بولسا «مەرھۇم»، ئايال بولسا «مەرھۇمە» دېگەندەك سۆزلەر ئىشلىتىلىدۇ. ۋاپات بولغۇچىنىڭ ھۆرمىتى ئۈچۈن ئۇنىڭ تاۋۇتى قەبرىستانغا قەدەر كۆتۈرۈپ بېرىلىدۇ. ۋاپات بولغۇچىنىڭ بىۋاسىتە تۇغقانلىرى قارىلىق تۇتۇپ، ئەرلەر بېلىگە ئاق باغلايدۇ، ئاياللار بېشىغا ئاق ياغلىق سالىدۇ. تاۋۇت ئۈزىتىلگەنگە قەدەر ئارىلىقتا ئۆلۈم پەتىسىگە كەلگەن ئاياللارغىمۇ ئاق ياغلىق سېلىپ قويىدۇ. ۋاپات بولغۇچىنىڭ «يەتتە نەزىرى» بېرىلمىگۈچە بىۋاسىتە ئەر تۇغقانلار بېلىدىكى ئاقنى

---

[1] ئاينۇرە دولات: «ئۇيغۇرلاردىكى ئۆلۈم پەرھىزى توغرىسىدا»، «شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى»، 2000 - يىلى 4 - سان، 62 -، 64 - بەتلەر.

[2] ئاينۇرە دولات: «ئۇيغۇرلاردىكى ئۆلۈم پەرھىزى توغرىسىدا»، «شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى»، 2000 - يىلى 4 - سان، 65 - بەت.

يەشمەيدۇ، ساقال - بۇرۇتنى ئالمايدۇ. بېۋاستە ئايال تۇغقانلار ۋاپات بولغۇچىنىڭ قىرىقى بولمىغۇچە (بەزىدە يىلىغىچە) بېشىدىكى ئاقنى ئالمايدۇ. قىزىل، يېشىل كىيىم كىيمەيدۇ، «قىرىق نەزىرى» ياكى «يىل نەزىرى» دە ياشانغان بىرەر ئايال تەسەللى سۆزلەرنى قىلىپ ئاق سالغۇچىلارنىڭ بېشىدىكى ئاقنى ئېلىۋېتىپ، باشقا ياغلىق سېلىپ قويىدۇ. بۇ «قارىسىنى ئۇشتۇش» دەپ ئاتىلىدۇ. ھازىدار ئائىلىدە ئويۇن - كۈلكە ۋە باشقا تاماشا ئىشلىرى زادى بولمايدۇ، ھەتتا قولۇم-قوشنىلارمۇ ئۆز ئۆيىدە كۆڭۈل ئاچىدىغان پائالىيەتلەرنى ئېلىپ بارمايدۇ. ۋاپات بولغۇچىنىڭ ھۆرمىتى ئۈچۈن ئۇرۇق - تۇغقانلار ئىچىدە تەييار بولۇپ قالغان توي كېچىكتۈرۈلىدۇ. توينى قىلمىسا بولمايدىغان ئەھۋال بولسا ھازىدار ئائىلىنىڭ رازىلىقىنى ئالىدۇ.

2. ۋاپات بولغۇچى ئۈچۈن «ئۈچ نەزىرى»، «يەتتە نەزىرى»، «قىرىق نەزىرى»، «يىل نەزىرى» دېگەندەك نەزىرلەر ئۆتكۈزۈلىدۇ. «ئۈچ نەزىرى» ئاساسەن مۇردىنى سۇغا ئالغۇچىنى رازى قىلىش مەقسەت قىلىنغىنى ئۈچۈن، ئۇنىڭغا پەقەت يۇغۇچىلار ۋە ئىمام - مەزىنلەر قاتنىشىدۇ. مۇردىنى يۇيۇش ئۈچۈن ئومۇمەن تۆت ئادەم قاتنىشىدۇ. بۇلارنىڭ بىرى «باش يۇغۇچى»، يەنە بىرى «ئاياغ يۇغۇچى»، قالغان ئىككىسى سۇ قۇيۇپ بەرگۈچى. «باش يۇغۇچى» بەلنىڭ ئۈستۈنكى قىسمىنى، «ئاياغ يۇغۇچى» بەلنىڭ ئاستىنقى قىسمىنى يۇيىدۇ. يۇغۇچىلار مېيىتنى يۇيۇپلا قالماستىن، يەنە كېپەننى تىكىپ تەييار قىلىدۇ ۋە مۇردىنى كېپەنگە ئالىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن، ھازىدار ئائىلە ئۇلارنى ئىمكان بار ياخشى رازى قىلىشقا تىرىشىدۇ. ۋاپات بولغۇچىنىڭ نىمكەش كىيىملىرىنى يۇيۇپ تازىلاپ، يۇغۇچىلارغا قويىدۇ. بەزىلەر بولسا ۋاپات بولغۇچىنىڭ كىيىم - كېچكى ئاياغ ئاستى بولۇپ قالىدۇ، دەپ ئەن رەخت، پۇل قويىدۇ. قايسى خىلدىكى نەرسە قويۇلسۇن، «باش يۇغۇچى»، «ئاياغ يۇغۇچى» بىلەن سۇ قۇيۇپ بەرگۈچى پەرقلەندۈرۈلىدۇ. مۇردا يۇيۇلۇپ بولغاندىن كېيىن كېپەنگە ئېلىنىدۇ. كېپەنگە قىزىلگۈل سۈيى ياكى ئالدىن تەييارلاپ قويۇلغان زەمزەم سۈيى سېپىلىدۇ. باشقا نەزىرلەر ئۆز لايىقىدا ئۆتكۈزۈلىدۇ. ئۆلگۈچىنىڭ ئوغۇل-

قىزلىرى ئۆز ئالدىغا نەزىر بېرىدۇ. ھازىر بولسا ئائىلە باشلىقى پەرزەنتلەر نامىدىن بىرلا قېتىم نەزىر بېرىدىغان بولدى. بۇ ياخشى ئەھۋال. ئۇيغۇرلاردا ھەر پەيشەنبە كۈنى «ئەرۋاھ» لارغا ئاتاپ ياغ پۇرىتىدىغان ئەھۋال داۋاملاشماقتا. ئۇلارنىڭ قارىشىچە، ھەممە «ئەرۋاھ» لار جۈمە كۈنى مەككىگە توپلىنىپ جۈمە نامىزى ئوقۇيمىش. مەككىگە بېرىش ئۈچۈن «ئەرۋاھ» تېتىك بولۇشى لازىممىش. ھەر پەيشەنبە كۈنى ياغ پۇرىتىلسا، «ئەرۋاھلار» تېتىكلىشىپ، مەككىگە بالدۇرلا بارارمىش.

3. مۇردا يۇيۇلۇپ كېپەنگە ئېلىنىپ بولغاندىن كېيىن، ۋاپات بولغۇچىنىڭ بالىچاقىلىرى، يېقىن ئۇرۇق - تۇغقانلىرى مۇردا بىلەن ۋىدالىشىدۇ. ۋاپات بولغۇچى ئەر بولسا، ئۇنىڭ ئايالى، ئەگەر ئايال بولسا، ئۇنىڭ ئېرى مۇردا بىلەن ۋىدالاشمايدۇ. سەۋەبى، جان چىققاندىن كېيىن ئەر ئايالغا، ئايال ئەرگە يات بولۇپ كېتىدۇ - دە، بىر - بىرىنى كۆرۈش «نامەھرەم» بولىدۇ، دەيدىغان قاراش ئۇيغۇر دولانلىرىدا ناھايىتى كۈچلۈك.

4. ئېرى ئۆلگەن ئايال ياكى ئايالى ئۆلگەن ئەر ۋاپات بولغۇچىنىڭ ھۆرمىتىنى قىلىپ، ئۆلگۈچىنىڭ يىلى بولمىغۇچە ئەرگە تەگمەيدۇ ياكى ئۆيلەنمەيدۇ (ئايرىم ئەھۋاللار بۇنىڭدىن مۇستەسنا). ئەگەر بۇنىڭغا رىئايە قىلماي ئەرگە تەگسە ياكى خوتۇن ئالسا، پەرزەنتلەر نارازى بولىدۇ، جامائەت تەگەيدۇ.

5. جىنازا نامىزى مەسچىتتە ئوقۇلىدۇ. ناماز چۈشۈرۈلۈپ بولغاندىن كېيىن، ناماز چۈشۈرگۈچىگە ناماز ھەققى، نامازغا قاتناشقان غېرىب - غۇرۋالارغا «ئىسقات» بېرىلىدۇ. ئىسقات ئالغۇچىلار ۋاپات بولغۇچى ئۈچۈن خالىسانە ناماز ئوقۇپ قويىدۇ. ناماز چۈشۈرۈلۈپ بولغاندىن كېيىن، تاۋۇتنى كۆتۈرۈپ قەبرىستانلىققا قاراپ يول ئېلىنىدۇ. نامازغا قاتناشقۇچىلارنىڭ مۇتلەق كۆپچىلىكى قەبرىستانلىققا بارىدۇ. جەسەت گۆرگە قويۇلۇپ بولغاندىن كېيىن، جامائەت ئۇدۇل ھازىدار ئائىلىسىگە يېتىپ كېلىپ قۇرئان تىلاۋەت قىلىپ قايتىدۇ. ئەتىسى بامدات نامىزىدىن قايتقان جامائەت يەنە يېتىپ كىرىپ قۇرئان تىلاۋەت قىلىدۇ. جىنازىدىكى مۇردىنىڭ ئەر ياكى ئايال ئىكەنلىكىنى تاۋۇتقا يېپىلغان

يوپۇقتىن بىلگىلى بولىدۇ. ئايالنىڭ تاۋۇتىغا گۈللۈك ئىپىل رەختلەردىن يوپۇق يېپىلىدۇ. ئەر بولسا ئاق ياكى قارا سىدام رەختتىن قىلىنغان يوپۇق يېپىلىدۇ.

6. قەبرە ئۇچۇن قۇرۇق يەر تاللىنىدۇ. ئۆتمۈشتە ھەربىر جەمەتنىڭ ئۆز ئالدىغا قەبرىستانلىقى بولاتتى. باشقا يۇرتتىن كېلىپ قالغانلار ۋاپات بولسا «مۇساپىرلار قەبرىستانلىقى» دەپ ئاتىلىدىغان ئومۇمىي قەبرىستانلىققا كۆمۈلەتتى. قەبرە ئىگىلىرى قەبرىنى يوقلىغىلى چىقسا، قەبرىنىڭ توپىسىنى يۆلەپ ئېگىزلىتىپ قويىدۇ ھەم ئۇچار قۇشلار يېسۇن دەپ ئۈستىگە دان چېچىپ قويىدۇ. بەزىلەر قەبرىنىڭ توپىسىنى شامال ئۇچۇرۇپ تۇرسا ياخشى، دەپ قارىسا، بەزىلەر بۇنىڭ ئەكسىچە، قەبرىنىڭ توپىسى ئۇچۇپ كەتمەسلىكى ئۈچۈن گۈمبەز ياساپ قويىدۇ. قەبرىنىڭ باش تەرىپىگە قەبرە تېشى ئورنىتىپ، ئۇنىڭغا ۋاپات بولغۇچىنىڭ قىسقىچە تەرجىمھالى يېزىپ قويۇلىدۇ. بەزىلەر قەبرىنى تۆمۈر ياكى ياغاچ رېشاتكا ئىچىگە ئېلىپ قويىدۇ. بەزىلەر قەبرە ئەتراپىغا دەل - دەرەخ تىكىپ، گۈل - گىياھ تېرىپ ئۆستۈرۈشنى ياخشى كۆرىدۇ.

7. بەزىلەر جەسەتنى ئىلاج بار يول بويىدىكى قەبرىستانغا دەپنە قىلىدۇ. يولدىن ئۆتكۈچىلەر قەبرىستاندىكىلەرنىڭ روھىغا ئاتاپ دۇئا قىلىپ قويىدۇ.

8. ۋاپات بولغۇچى ئۈچۈن بېرىلگەن نەزىر تۈگىگەندىن كېيىن، ئائىلە جەمەتى قەبرىستانغا بېرىپ قەبرىنى يوقلاش، شۇنداقلا ھەربىر روزا ھېيت ۋە قۇربان ھېيتلاردا نامازدىن كېيىن قەبرىستانغا بېرىپ قەبرىنى يوقلاش ئادىتى ھازىرمۇ داۋام قىلماقتا.

9. ئۇيغۇرلاردا «ئاتا - ئانامنىڭ ئايىغىدا ياتىمەن» دېگەن ئارزۇ كۈچلۈك بولىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن، ياقا يۇرتلاردا ۋاپات بولغۇچىنىڭ ۋەسىيىتىگە ئاساسەن، ئۇنىڭ جەسىتى يۇرتىغا ئېلىپ بېرىلىپ دەپنە قىلىنىدىغان ئەھۋاللار ياكى جان ئۈزۈشتىن ئىلگىرى ئۆز يۇرتىغا ئەكېتىدىغان ئەھۋاللار ھازىرمۇ بار.

10. بەزى ياشانغان ئادەملەر بالىچاقىلىرىنى ئالدىرىتىپ قويماسلىق ئۈچۈن، ھايات ۋاقتىدىلا ئاخىرەتلىكىنى ھازىرلاپ قويىدۇ، يەرلىكىنى

چاپتۇرۇپ تەييارلاپ قويىدۇ.

11. ئائىلە چوڭلىرىدىن بىرى (مەيلى ئاتا، مەيلى ئانا) ئاغرىپ قېلىپ ساقايمىسا، كېسەلنىڭ تەلىپى بويىچە شۇ ئائىلىدە تەييار بولۇپ قالغان تويىنى قىلىۋېتىدۇ. ئەگەر بۇنىڭغا ئۈلگۈرمەي كېسەل ۋاپات بولۇپ كەتسە، جەسەتنى دەپنە قىلماي تۇرۇپ نىكاھنى ئوقۇتۇپ قويۇپ، ئاندىن جەسەتنى ئۇزىتىدۇ. بۇ ئاتا ـ ئانىنىڭ ئۆز بۇرچىنى ئادا قىلىشقا قانچىلىك ئەھمىيەت بېرىدىغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ.

12. ھازىدار ئائىلە ھازا بىلەن بولۇپ كېتىپ، ئۆز ئائىلىسىدە تاماق ئېتىش ئىمكانىيىتى بولمايدۇ. ئۇرۇق ـ تۇغقان، قولۇم ـ قوشنا ۋە ئەل ـ ئاغىنىلەر ئائىلىسى بىرەر ھەپتە، ھەتتا بىرەر ئايغىچە تاماق ئەكېلىپ تۇرىدۇ. كەلگەن تاۋاققا ھازىدارلار ۋە باشقىلار ئېغىز تېگىدۇ.

13. ئۇيغۇرلاردا ئىگە ـ چاقىسىز يېتىم ـ يېسىرلار، مۇساپىرلار ئۆلۈپ قالسا، ئۇنى «خالىس ئۆلۈم» دەپ، يۇرت ـ مەھەللە بىرلىكتە نامىزىنى چۈشۈرۈپ، بارلىق رەسمىيەتلىرىنى جامائەت خالىسانە ياردەم قىلىپ دەپنە قىلىدىغان ئادەت بار. بۇنداق خالىس ئۆلۈمنى ئۇزىتىشنى ساۋابلىق ئىش دەپ ھېسابلايدۇ[1].

### 3. ئۇيغۇرلاردا قەبرە ياساش ۋە دەپنە قىلىش ئادىتى

ئۇيغۇرلارنىڭ قەبرە ياساش ئادەتلىرى ئۇيغۇرلار تارىختا ئېتىقاد قىلغان ھەرقايسى دىنلار بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك بولۇپ، ناھايىتى ئۇزاق تارىخ ۋە ئېتىقاد ـ ئادەت ئالاھىدىلىكىگە ئىگە، شۇنداقلا ئۇ ئۇيغۇرلارنىڭ يىراق قەدىمكى ئەجدادلىرى ۋە ئۇلارنىڭ قەبرە قاتۇرۇش، دەپنە قىلىش ئادەتلىرى بىلەن تارىخىي ئىزچىللىقىنى، مەدەنىيەت جەھەتتىكى باغلىنىشىنى ساقلاپ كەلگەن.

يەر يۈزىگە تاش دۆۋىسى ئارقىلىق بەلگە سېلىنغان قەدىمىي قەبرىلەر توپىدا يۇملاق شەكىللىك تاش دۆۋىلىرى ئاساسىي ئورۇندا تۇرىدۇ. ئۇنىڭدىن قالسا، تاش دۆۋىلىرى چاسا شەكىلدە ۋە ئۇزۇنچاق

---

[1] ئابدۇكېرىم رەھمان قاتارلىقلار: «ئۇيغۇر ئۆرپ ـ ئادەتلىرى»، شىنجاڭ ياشلار ـ ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى 1996 ـ يىلى 8 ـ ئاي نەشرى 133 ـ، 135 ـ بەتلەر.

چاسا شەكىلدە بولىدۇ. تاش دائىرە، تاش قورشاۋلارنى بەلگە قىلغان قەبرىلەردە يەر يۈزىگە ئالدى بىلەن بىر دەزمال شەكىللىك ياكى تاش قورشاۋ ھاسىل قىلىنىدۇ، ئاندىن ئۇنىڭ ئۇچلۇك بېشىنىڭ ئىككى تەرىپىگە شىېغىل تەكشى ياتقۇزۇلىدۇ، يەنە بىر تەرىپىگە ئۇزۇنچاق تاشلار تىك ئورنىتىلىدۇ، ئاندىن كېيىن تاش قورشاۋنىڭ ئىچىگە يەنى ئۇنىڭ ئۇچلۇق تەرىپىگىرەك قىلىپ سوقىچاق شەكىللىك تىك ئازگال كولىنىپ، تاملىرى تاش بىلەن قوپۇرۇلىدۇ. بۇ خىل تاش قورشاۋلار تەرەققىي قىلىپ، كېيىنچە يۇملاق شەكىلگە ئۆزگەرگەن. بۇ چابخا جىلغىسى (خېجىڭ ناھىيەسىدە) مەدەنىيىتىگە تەۋە تاش قورشاۋلارنىڭ تىپىك شەكلى ھېسابلىنىدۇ. چاسا شەكىل ۋە ئۇزۇنچاق چاسا شەكىللەرنى ئاساس قىلغان بىرقانچە تاش قورشاۋلار ئۆزئارا بىر ـ بىرىگە تۇتىشىپ كەتكەن. ياكى ۋە قوش قورشاۋلار تەك مەۋجۇت بولغان ئەھۋاللار ئارىشاڭدىكى ئاچولۇ (ئارىشاڭ ناھىيەسىدە)، دولاتى (جىمسەي ناھىيەسىدە) قاتارلىق جايلاردىكى تاش دائىرىلىك قەبرىلەردىمۇ كۆرۈلىدۇ. يەنە ئاساسلىق تاش دۆۋىسىنىڭ ئىككى تەرىپىنى ئۇزارتىپ، تاشلارنى ياي شەكلىدە تىزىپ، قەبرە ئۈستىگە «ساقال» شەكلىدە بەلگە چىقىرىلغان قەبرىلەرمۇ بار. تاش قورشاۋ، تاش دائىرە ۋە تاش دۆۋىلىرىنى يەر ئۈستىدىكى بەلگىسى قىلغان قەبرىلەردە قەبرە بەلگىسىنىڭ ئوتتۇرىسىدا تاش دۆۋىسى، ئۇنىڭ سىرتىدا دۇگىلەك، سوقىچاق شەكىللىك تاش دائىرە ياكى چاسا، ئۇزۇنچاق چاسا شەكىللىك تاش قورشاۋدىن تەشكىل تاپقان ياكى، قوش ياكى ئۈچ قات دائىرە بولىدۇ.

بىر قىسىم جايلاردا «ئەرلەرنىڭ قەبرىلىرىنىڭ ئالدى قىسمى بۆشۈك شەكلىدە مۇناردەك چىقىرىلىپلا، قالغان قىسمى بوش قالدۇرۇلىدۇ ھەمدە قورشاۋ تام ئېتىلىدۇ. ئاياللارنىڭ قەبرىلىرىنىڭ ئالدى قىسمى پەلەمپەيسىمان قوپۇرۇلىدۇ. كىشىلەر كۆپىنچە ئەرلەرنىڭ بۇ خىل قەبرىلىرىنى خامان بىلەن تۇلۇقنىڭ شەكلىگە، ئاياللارنىڭ قەبرىلىرىنى بولسا سۇپرا، يېيىلغان خېمىر ۋە نوغۇچنىڭ شەكلىگە سىمۋول قىلىنغان دەپ قارايدۇ. بۇنىڭدىن يەرلىك تىرىم مەدەنىيىتىنىڭ قەبرىلەردە ئۆز

ئىپادىسىنى تاپقانلىق ئېھتىماللىنى ھېس قىلىش مۇمكىن[1].»

يۇقىرىقىلاردىن باشقا، ئۇيغۇرلاردا يەنە قەبرىلەرگە تۆشۈك قالدۇرۇپ قويۇش ئادىتى قىسمەن ھالدا ئۇچرايدۇ. «بۇ ئۈستى يېپىق قەبرىلەردە كۆرۈلىدىغان بىر خىل ھالەتكە قارىتىلغان بولۇپ، مەخسۇس شەكىلدىكى قەبرىلەرنى كۆرسەتمەيدۇ. ئومۇمەن، مەلۇم بىر خىل شەكىلدىكى ئۈستى يېپىق قەبرىنىڭ تۆپىسى ياكى يېنىدىن مەقسەتلىك ھالدا يوچۇق ئېچىلغان بولىدۇ. بۇ ھادىسىنىڭ كېلىپ چىقىشى شۈبھىسىزكى، قەدىمكى روھ چۈشەنچىلىرىگە باغلىق. بىز ئالدىدا سۆزلەپ ئۆتكىنىمىزدەك، ئۇيغۇرلارنىڭ ئەنئەنىۋى قاراشلىرىدىكى ئەرۋاھنىڭ خېلى بىر مەزگىلگىچە قەبرىستانلىق بىلەن ئۆز ئۆيى ئارىسىدا ئايلىنىپ يۈرىدىغانلىقىدىن ئىبارەت ئىشەنچ بۇ يەردە يەنە بىر قېتىم ئۆزىنى نامايان قىلىدۇ. بۇ خىل ئىشەنچ ئاساسىدا ئەرۋاھنىڭ شۇ تۆشۈك ئارقىلىق ‹قەبرىگە كىرىپ - چىقىپ تۇرىدىغانلىقى›، ‹ۋاقتى كەلگەندە يەنە شۇ تۆشۈك ئارقىلىق ئاسمانغا چىقىپ كېتىدىغانلىقى› ئېھتىمالغا يېقىن.»[2]

ئۇيغۇرلار قەدىمدىن تارتىپ قەبرىستانلىقنى بىر خىل مۇقەددەس جاي، دەپ قارايدۇ. يولدىن ئۆتۈپ كېتىۋېتىپ بىرەر قەبرىستانلىقنى كۆرسە ئۇنىڭغا قاراپ دۇئا قىلىپ، ئۆزىنىڭ ياخشى تىلىكىنى ئىپادىلەيدۇ. قەبرىلەرگە قولىنى شىلتىپ سۆزلەشتىن، قالايمىقان چاقچاق قىلىشتىن، ناخشا ئېيتىشتىن، قەبرىستانلىقنىڭ قېشىدا ئىسپىرتلىق ئىچىملىكلەرنى ئىچىشتىن، تاماكا چېكىشتىن، قەبرىستانلىقتا ئۆزئارا سوقۇشۇپ تىللىشىشتىن، قەبرىگە قاراپ سىيىشتىن پەرھىز قىلىدۇ»[3].

---

[1] دىلمۇرات مەھمۇت: «ئۇيغۇر قەبرىلىرىنىڭ ئاساسىي قۇرۇلۇشى ئۈستىدە مۇلاھىزە»، «شىنجاڭ پېداگوگىكا ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى»، 2003 - يىلى 4 - سان، 79 -، 80 - بەتلەر.

[2] دىلمۇرات مەھمۇت: «ئۇيغۇر قەبرىلىرىنىڭ ئاساسىي قۇرۇلۇشى ئۈستىدە مۇلاھىزە»، «شىنجاڭ پېداگوگىكا ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى»، 2003 - يىلى 4 - سان، 79 -، 80 - بەتلەر.

[3] غالىب غوجائابدۇللا: «ئۇيغۇرلارنىڭ قەبرە مەدەنىيىتى ھەققىدە»، «مىراس»ژۇرنىلى 2005 - يىلى 5- سان، 42 -، 43 - بەتلەر.

ئۇيغۇرلار ھېيت - بايراملاردا ئۆزلىرىنىڭ ئاتا - بوۋىلىرىنىڭ، قوۋم-قېرىنداشلىرىنىڭ، يۇرتتىكى مەشھۇر كىشىلەر ۋە دوست-بۇرادەرلىرىنىڭ ئاتا - بوۋىلىرىنىڭ قەبرىلىرىنى يوقلاشنى ئۇنتۇپ قالمايدۇ. قەبرىستانلىقتا چىققاندا قەبرىنى سۈپۈرۈپ تازىلاپ، ئۈستىگە دان (بۇغداي، قوناق، تېرىق، گۈرۈچ دېگەندەك) چېچىپ قويىدۇ. بۇنىڭ مەنىسى — ئۆزلىرى يوقلاپ كېلەلمىگەن ۋاقىتتا ئۇچار قۇشلارنىڭ يوقلاپ تۇرۇشىنى ئۈمىد قىلىشتۇر. بۇ ئارقىلىق ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ مەرھۇملارغا بولغان چوڭقۇر سېغىنىشىنى، گۈزەل ۋە مۇقەددەس تىلەكلىرىنى ئىپادىلەيدۇ. ئەجدادلارنىڭ روھىنى ياد ئېتىپ، ئائىلە تاۋابىئاتلىرىغا ۋە تۇرمۇشىغا بەخت تىلەيدۇ.

ئىسلامىيەتتىن ئىلگىرىكى ئەجدادلىرىمىزنىڭ دەپنە پائالىيەتلىرى مۇرەككەپ ۋە خىلمۇخىل بولۇپ، ئومۇمەن بىردەكلىك ھەم تەكشىلىك يوق ئىدى. ئۇلارنىڭ خىلمۇخىل دەپنە شەكىللىرىدە ۋە دەپنە ئادەتلىرىدە تارىختا ئۇلار ئېتىقاد قىلغان خىلمۇخىل دىنىي ئېتىقاد ۋە ئۇنىڭ ئادەتلىرى ئەكس ئەتكەن.

ئۇيغۇرلارنىڭ قەبرە قاتۇرۇش ئۇسۇلى:

ئۇيغۇرلار قەبرىنى ئىچ گۆر، تاش گۆر قىلىپ كولايدۇ، تاش گۆر 1.5 مېتىر چوڭقۇر بولىدۇ، ئاندىن يان تەرەپتىن ئىچ گۆر قازىدۇ. جەسەت ئىچ گۆرگە قويۇلىدۇ، جەسەت قويۇلۇپ بولغاندا ئىچ گۆرنىڭ ئاغزىنى كېسەك بىلەن ئېتىپ، تاش گۆرنى كۆمۈۋېتىدۇ. ئەگەر زۆرۈر تېپىلسا ھەربىر تاش گۆردىن تۆت ئىچ گۆر كولايدۇ، ئۇنى «شام گۆر» دەپ ئاتايدۇ. جەسەت ياتقان يەرنىڭ ئۈستىگە 80 سانتىمېتىر كەڭلىكتە، 1.5 مېتىر ئۇزۇنلۇقتا، 40 سانتىمېتىر ئېگىزلىكتە سۇپا ياساپ، ئىككى پەلەمپەي سۇپا قىلىپ، ئۇنىڭ ئۈستىگە قەبرە قاتۇرىدۇ. شام گۆر كۆپىنچە ھال - ئوقتى ياخشىراق، نەسەبلىك ئائىلىلەر تەرىپىدىن ئالدىن كولاپ تەييارلىنىپ قويۇلىدۇ. ئۇ پەقەت بىر ئائىلە كىشىلىرىگە خاس بولۇپ، شۇ ئائىلىدە قازا تاپقانلار ئىلگىرى - كېيىن ئۆزىگە تەئەللۇق شام گۆرگە دەپنە قىلىنىدۇ. شام گۆرنىڭ ئۈستىگە گۈمبەز قاتۇرۇلىدۇ.

ئادەتتە ئاياللارنىڭ قەبرىسى ئەرلەرنىڭ قەبرىسىگە قارىغاندا كىچىكرەك (ئۈچتىن بىر نىسبەتتە) قاتۇرۇلىدۇ. ئەرلەرنىڭ قەبرىسىنىڭ سۇپا پەلەمپىيىدىن باشقا، يەنە ئىككى قاتار پەلەمپىيى (بۇلارنىڭ چوڭى «تالالىق»، كىچىكى «ئۆيلۈك»، قاتۇرۇلغان قەبرە «بۆشۈك» دەپ ئاتىلىدۇ) بولىدۇ. ئاياللار قەبرىسى ئۈچ پەلەمپەيلىك بولۇپ، بۇلار «ئۆيلۈك»، «سۇپرا»، «ئاشتاختا»، «نوغۇچ» دەپ ئاتىلىدۇ. مۇشۇنداق شەكىل ئالاھىدىلىكلىرىگە قاراپ ئەر ـ ئاياللارنىڭ قەبرىسى روشەن پەرقلىنىپ تۇرىدۇ.

# ئىككىنچى باب

## ئۇيغۇرلارنىڭ مۇراسىم ۋە ھېيت - بايرام ئادەتلىرى

ھېيت - ئايەملەرنى ئۆز ئىچىگە ئالغان مۇراسىم پائالىيەتلىرى ئىنسان مەنىۋى تۇرمۇشىنىڭ مۇھىم بىر مەزمۇنى ۋە ئادەت شەكلى. ئۇ ئىنسان ئۆمرىنىڭ ھەربىر باسقۇچىغا مۇناسىۋەتلىك بولغان ئەڭ ئەھمىيەتلىك، ئەڭ خۇشاللىق ۋە قايغۇ - ھەسرەتلىك ئىش، ۋەقەلەرنى ئىپادىلەش ئاساسىدا شەكىللەنگەن مەدەنىيەت ھادىسىلىرىدىن ئىبارەت.

مەلۇمكى، ئىنسان ئۆمرى چەكلىك. ئىنسان بۇ چەكلىك ئۆمرىدە تۇرىلىش، ياشاش، ئۆلۈشتىن ئىبارەت ئۈچ باسقۇچلۇق ھالەتتىن ئايرىلالمايدۇ. ئىنسانلار ئۆزلىرىنىڭ ئىپتىدائىي ئاڭ - ئېتىقادى ئاساسىدا بۇ ھالەتلەرنىڭ پەيدا بولۇشىنى شۇنىڭغا مۇناسىپ پائالىيەتلەر بىلەن ئىپادىلەپ كەلگەن. ئەنە شۇنداق پائالىيەتلەر ئومۇملاشتۇرۇلۇپ «مۇراسىم» دېيىلىدۇ. مۇراسىملارنى شەكلى، مەزمۇنىغا قاراپ ئۆمۈر مۇراسىمى، ئىشلەپچىقىرىش مۇراسىمى، دىنىي مۇراسىم دەپ ئۈچ خىلغا ئايرىشقا بولىدۇ. ئۆمۈر مۇراسىمى شەخسنىڭ ئۆمرىدىكى تۇغۇت (تۇغۇلۇش)، تويلىنىش، ئۆلۈم قاتارلىق زور ۋەقەلەرگە مۇناسىۋەتلىك ئادەت - رەسىمىيەتلەرنى؛ ئىشلەپچىقىرىش مۇراسىمى بولسا ئىنسان ئۆمرىدىكى ئىشلەپچىقىرىش پائالىيىتىگە مۇناسىۋەتلىك ئادەت - قائىدىلەرنى؛ دىنىي مۇراسىم دىنىي ئېتىقاد پائالىيىتىگە مۇناسىۋەتلىك ئادەت - قائىدىلەرنى كۆرسىتىدۇ[1].

[1] ئابدۇرەھىم ھەبىبۇللا: «ئۇيغۇر ئېتنوگرافىيەسى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1993 - يىلى 4 - ئاي نەشرى، 259 - ، 260 - بەتلەر.

## 1. ئىشلەپچىقىرىش مۇراسىملىرى

ئىشلەپچىقىرىش مۇراسىملىرىمۇ مىللەتلەرنىڭ ئىشلەپچىقىرىش پائالىيەتلىرى جەريانىدا تەدرىجىي شەكىللەنگەن مەدەنىيەت ھادىسىلىرى جۈملىسىدىن بولۇپ، مىللەتلەرنىڭ ئۆزگىچە خاس ئادەت - ئەنئەنىسىنىڭ مۇھىم مەزمۇنلىرىدىن بىرى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. ئىشلەپچىقىرىش مۇراسىمىنىڭ بەزىلىرى ئەجدادلىرىمىزنىڭ ئىپتىدائىي ئېتىقادى ئاساسىدا شەكىللەنگەن بولۇپ، ئۇنىڭدا تەبىئەتكە چوقۇنۇش، خۇراپاتچىلىق ئەقىدىلىرى كۈچلۈك ئەكس ئەتكەن بولىدۇ. بەزىلىرى كېيىنكى دەۋرلەردە مەيدانغا كەلگەن سۈنئىي دىنىي ئېتىقادى ئاساسىدا شەكىللەنگەن بولۇپ، ئۇنىڭدا شۇ دىندا ۋە شۇ دىنغا ئائىت رىۋايەتلەردە ئوبرازلارشتۇرۇلغان شەخسلەرگە چوقۇنۇش ۋە ئۇلارنى «پىركامىل» دەپ ھېسابلايدىغان ئەقىدىلەر تېپىك ئىپادىلەنگەن بولىدۇ.

ئۇيغۇرلاردا ئىشلەپچىقىرىش مۇراسىمى ئۆتكۈزۈش ئادىتى ئۇزاق تارىخقا ئىگە. «دىۋان» دا بېرىلگەن مۇنۇ قوشاق شۇنىڭ دەلىلى:

ئەسلىسى ۋە يەشمىسى:
يىگىتلىرىك ئىشلەتۇ (يىگىتلەرنى ئىشلىتىپ)
ياغاچ يەمىش ئىرغاتۇ (مېۋىلىك دەرەخلەرنى ئىرغىتىپ)
قۇلان كېيىك ئاۋلاتۇ (قۇلان - كېيىك ئوۋلىتىپ)
بەزرىم قىلىپ ئاۋنالىم (بايرام قىلىپ ئاۋۇنايلى، كۆڭۈل ئاچايلى)
چاغىر بېرىپ قۇشلاتۇ (قارچىغا بېرىپ قۇشلىتىپ)
تايغان ئىزىپ چىشلەتۇ (تايغان سېلىپ چىشلىتىپ)
تۈلكە، توڭگۇز تاشلاتۇ (تۈلكە، توڭگۇزنى تاش بىلەن ئۇرۇپ)
ئەردەم بىلەن ئوكلەلىم (پەزىلەت بىلەن پەخىرلىنەيلى)

بۇ قوشاقتىن ئەجدادلىرىمىزنىڭ ئوۋچىلىق دەۋرىدىلا مۇراسىم ئۆتكۈزۈشكە ئادەتلەنگەنلىكى مەلۇم بولىدۇ. ئېھتىمال ئۇلار مۇنداق

مۇراسىملارنى ئوۋغا چىقىش ئالدىدا ئۆتكۈزۈش ئادىتى، قايتقاندا ئوۋ غەلىبىسىنى تەبرىكلەش يۈزىسىدىن ئۆتكۈزىدىغان بولسا كېرەك. ئەمما، بۇ ئادەت كېيىنكى دەۋرلەردە ئۇنتۇلغان بولسىمۇ، ئۇنىڭ ئىزنالىرى مەشرەپ قاتارلىق كۆڭۈل ئېچىش پائالىيەتلىرىنىڭ بىر مەزمۇنى سۈپىتىدە ھازىرغىچە داۋاملىشىپ كەلمەكتە. مەسىلەن، ھايۋانات سىياقىدا ياسىنىپ ئوينىلىدىغان «شىر ئويۇنى» قاتارلىقلارنىڭ ئۇنتۇلغانلىقىنى ھېسابقا ئالمىغاندا، دولان مەشرىپىدە ئوينىلىدىغان ئوۋچىلىق ھەرىكىتى تەقلىد قىلىنغان ئۇسسۇل؛ بوگۈر، شايار قاتارلىق جايلارنىڭ تارىم ئېقىنى بويىغا جايلاشقان يېزا - قىشلاقلىرىدىكى ئۇيغۇرلاردا ئوينىلىدىغان «جەرەن-كېيىك» ئۇسسۇلى قاتارلىقلار شۇنى ئىسپاتلايدۇ.

«ئات ئويۇنى»، «ئات بەيگىسى» قاتارلىق پائالىيەتلەرنى ئەجدادلىرىمىزنىڭ كۆچمەن چارۋىچىلىق دەۋرىدىكى مۇراسىم ئادەتلىرىنىڭ ئىزنالىرىدىن دەپ ئېيتىشقا بولىدۇ. ئەمما، ئۆز دەۋرىدە ئۇنداق مۇراسىمنىڭ شەكلى، ئۆتكۈزۈلىدىغان ۋاقتى، ئۆتكۈزۈش مەقسىتى توغرىسىدا تەپسىلىي مەلۇماتقا ئىگە ئەمەسمىز. شۇڭا، كېيىنكى دەۋرلەردە دېھقانچىلىق، ھۈنەر - كەسىپ قاتارلىق ئىشلەپچىقىرىش ساھەلىرىدە ئادەت قىلىنغان مۇراسىم پائالىيەتلىرىنى تونۇشتۇرىمىز.

## ئۇيغۇرلارنىڭ دېھقانچىلىق ئىشلەپچىقىرىش مۇراسىملىرى

1. سۇ - يامغۇر تىلەش مۇراسىمى: بۇ مۇراسىم ئەجدادلىرىمىزنىڭ ئىپتىدائىي تېرىقچىلىقى ئاساسىدا شەكىللەنگەن بولۇپ، مۇچەل كالېندار ھېسابىدا ھەر يىلى 3 - ئاينىڭ 22 - كۈنى ئۆتكۈزۈلەتتى. بۇنىڭدا تەڭرىدىن مول ھوسۇل، سۇ - يامغۇر تىلەش مەقسەت قىلىنغاچ، «سۇ-يامغۇر تىلەش» مۇراسىمى دەپ ئاتالغان. بۇ مۇراسىم ئىسلامىيەتتىن كېيىن «زاراخەتمە» دەپ ئاتىلىدىغان بولغان. بىز ئىجتىمائىي تەكشۈرۈش جەريانىدا بەزى يېزا - قىشلاقلاردا بۇ مۇراسىمنىڭ رېئال تۇرمۇش ئەمەلىيىتىگە ماسلاشقان ئاددىي، ئەمما ئەھمىيەتلىك شەكىللىرىنىڭمۇ مەۋجۇتلۇقىنى بايقىدۇق.

ئەجدادلىرىمىزنىڭ سۇ - يامغۇر تىلەش مۇراسىمىنىڭ ئەسلىي

شەكلىنىڭ، مەزمۇنىنىڭ قانداقلىقى توغرىسىدا تەپسىلىي مەلۇماتقا ئىگە ئەمەسمىز. ئەمما، خوتەن رايونىدىكى داڭلىق تېۋىپ ئەمەت ھاجى قاتارلىق 100 ياشتىن ھالقىغان پېشقەدەملەرنىڭ ئۆتكەنكىلەرنىڭ رىۋايەتلىرىنى نەقىل قىلىشىچە، بۇ مۇراسىمنىڭ شەكلى، پائالىيەت مەزمۇنلىرى مۇنداق ئىكەن:

مۇچەل كالېندارى ھېسابى بويىچە 3 - ئاينىڭ 21 - كۈنى ياكى ئۇنىڭ ئالدى - كەينىدە (چۈنكى مۇشۇ كۈندە تۈن بىلەن كۈن تەڭلىشىپ، كۈن نۇرى يەرنىڭ توگىنى ئېرىتىدىكەن) پۈتۈن يۇرت - مەھەللە ئاھالىسى مەھەللە سىرتىدىكى ھاۋالىق، ئېقىن سۇ بويىدىكى كەڭ مەيدانغا چىقىپ، مەھەللە ئاقساقاللىرىنىڭ رىياسەتچىلىكىدە داغدۇغىلىق مۇراسىم ئۆتكۈزىدىكەن. بۇ كۈنگە ئاتاپ مەھەللە ئاھالىسى ئۆز ئىختىيارى بىلەن يىغىش قىلىپ مەلۇم ساندا ئات - تۆگە، قوي - كالا توپلايدىكەن. مۇراسىم كۈنى ئۇ مال - جانىدارلارنى مەيدانغا ئېلىپ چىقىپ دەرياغا قارىتىپ بوغۇزلاپ سويۇپ، قازان - داشلارغا سالىدىكەن. گۆش پىشقۇچە ھەممە ئادەم بىرپەس يۈزىنى كۆككە قاراتقان ھالدا ساما شەكلىدە سەكرەپ پىرقىراشسا، بىرپەس دەريا ئېقىنىغا قاراپ چوقۇنىدىكەن. گۆش تەييار بولغاندا ھەممە ھەرىكەتتىن توختاپ، ئاقساقاللارنىڭ سۇ - يامغۇر تىلەپ تەڭرىگە قىلغان ئىلتىجا ساداسىغا قوشۇلۇپ ۋارقىرىشىدىكەن، ئاندىن نەزىر نىمىتىگە ئېغىز تەگكۈزۈشىدىكەن، گۆشنىڭ تىرىپ ۋە سۆڭەكلىرى دەرياغا، دالىغا چېچىلىدىكەن. مۇراسىم شۇنىڭ بىلەن ئاخىرلىشىدىكەن، ئەتىسىدىن باشلاپ ھەممە ئادەم تېرىلغۇغا كىرىشىدىكەن.

2. زاراخەتمە: بۇ زاراخەتمىنىڭ ماھىيىتى سۇ - يامغۇر تىلەش مۇراسىمىنىڭ ماھىيىتىگە ئوخشاش بولۇپ، بىر پەرقى، ئۇنىڭ ئىسلام ئەقىدىسىگە ماسلاشتۇرۇلغانلىقى بىلەن خاراكتېرلىنىدۇ ۋە مۇنداق ئۇسۇلدا ئۆتكۈزۈلىدۇ:

پۈتۈن يۇرت - مەھەللە ئاھالىسى كۆپىنچە ھاللاردا مەھەللە سىرتىدىكى قەبرىستانلىق ياكى مازار جايلاشقان جايلارنىڭ بويىدىكى كەڭ مەيدانغا توپلىشىپ، ئاخۇنۇم، ئىمام، مەزىن ۋە مۆتىۋەرلەرنىڭ

رىياسەتچىلىكىدە قۇرئان تىلاۋەت قىلىدۇ. خەتمە ئوقۇيدۇ. قۇرئان تىلاۋىتى قىلىنىشتىن بۇرۇن زاراخەتمىگە ئاتالغان مال - جانىدارلار قىبلىگە قارىتىلىپ بوغۇزلىنىپ، سويۇلۇپ، گۆشلىرى پارچىلىنىپ، داش قازانلارغا سېلىنىدۇ. گۆش پىشقۇچە بولغان ئارىلىقتا قۇرئان تىلاۋىتى ئاخىرلىشىپ، باللاردىن باشقا ھەممە ئادەم قولىغا ئۇششاق تاش (تاش يوق يەردە قوي مايىقى ياكى قوناق) ئېلىپ خەتمە ئوقۇيدۇ. قۇرئان تىلاۋىتى، خەتمە ئوقۇش زاراخەتمىنىڭ ئاساسلىق مەزمۇنى بولۇپ، ئۇنىڭدا خۇدادىن يۇرتقا ئامانلىق، نەرخقە ئەرزانلىق (ھەممە نەرسىگە ئەلۋەكچىلىك) ۋە ئاپقا (سۇ - يامغۇرغا) راۋانلىق تىلىنىدۇ. بۇ ئەمەلىيەتتە ئەجدادلىرىمىز كۆك ئىلاھى بىلەن سۇ ئىلاھىدىن سۇ- يامغۇر تىلەش ئەقىدىسىنىڭ ئىسلام شارائىتىغا ماسلاشتۇرۇلغانلىقىدىن دېرەك بەرسە، مۇراسىم پائالىيىتىنىڭ قەبرىستانلىق ياكى مازار جايلاشقان جايلاردىكى كەڭ سورۇندا ئۆتكۈزۈلۈشى ئەجدادلارغا سېغىنىش ئەقىدىسى سىڭدۈرۈلگەنلىكىدىن دېرەك بېرىدۇ. بۇنىڭدىن باشقا يەنە بىر پەرقى شۇكى، زاراخەتمىگە چىققان ھەممە ئادەم ھەربىر ئائىلە بىرلىكى بويىچە قازان - قومۇچ، ئازراقتىن قوناق ئۇنى ئالغاچ چىقىدۇ. قۇرئان تىلاۋىتى، خەتمە ئوقۇش تاماملانغاندىن كېيىن، ھەر ئائىلە قازان ئېسىپ ئۇماچ چالىدۇ. مۇتىۋەللى ئارىلاپ يۈرۈپ، پىشۇرۇلغان گۆشتىن ھەربىر قازانغا بىر پارچىدىن تاشلاپ بېرىدۇ. ھەممە ئادەم غىزالىنىپ بولغاندىن كېيىن، ئاخۇنۇم خەتمىقۇرئان قىلىپ، قول كۆتۈرۈپ «ئامىن» دەپ «يۇرتقا ئامانلىق، نەرخقە ئەرزانلىق، ئاپقا راۋانلىق بەرگەيسەن» دەپ دۇئا قىلىدۇ. سورۇندىكىلەرمۇ قول كۆتۈرۈپ، ئىچىدە ئاشۇ ئۈچ جۈملە سۆزنى تەكرارلاپ، ئاخۇنۇمغا ئەگىشىپ دۇئا قىلىدۇ. مۇراسىم شۇنىڭ بىلەن ئاخىرلىشىدۇ. جايلاردا زاراخەتمىنىڭ شەكلى ھەر خىل بولىدۇ، بىز بىرقەدەر تىپىك شەكلىنى تونۇشتۇردۇق.

## 2. ھۈنەر - كەسىپ مۇراسىملىرى

ئۇيغۇرلار خېلى بۇرۇنقى دەۋرلەردىن باشلاپ ھەر خىل ھۈنەر-

كەسىپ ۋە سودا ـ تىجارەتنى ئۆزلىرىنىڭ تىرىكچىلىك مەنبەلىرىنىڭ بىرى قىلىپ كەلگەن ۋە ئۆز كەسپى، سودا ـ تىجارىتىنىڭ روناق تېپىشىنى ئۈمىد قىلىپ، مەلۇم بىر كەسىپ، سودا ـ تىجارەت بىلەن شۇغۇللىنىش ئالدىدا مۇراسىم ئۆتكۈزۈشنى ئادەت قىلغان. بۇ ساھەدىكى مۇراسىمنى ئۇستاز تۇتۇش مۇراسىمى، شاگىرت چىقىرىش مۇراسىمى، تىجارەت باشلاش مۇراسىمى دەپ ئۈچ خىلغا ئايرىشقا بولىدۇ.

**1. ئۇستاز تۇتۇش مۇراسىمى:** يېڭىدىن ھۈنەر ئۆگەنگۈچى ھەربىر كىشى ئالدى بىلەن مۇراسىم ئۆتكۈزۈپ، ئۆگەنمەكچى بولغان ھۈنەر ـ كەسىپنىڭ ئەھلىدىن بىرىنى ئۇستاز تۇتۇپ، ئۇنىڭغا قول بېرىدۇ، شۇڭا بۇ «ئۇستاز تۇتۇش مۇراسىمى» دەپ ئاتالغان. ھۈنەر ئۆگەنگۈچى كىچىك بالا بولسا، مۇراسىمنى شۇ بالىنىڭ ئاتا ـ ئانىسى ئۆتكۈزىدۇ. ئەگەر چوڭ ئادەم بولسا ئۆزى ئۆتكۈزىدۇ. مۇراسىمغا ئادەتتە شۇ كەسىپ ئەھلىدىن تۆت ـ بەش كىشى، قولۇم ـ قوشنىلاردىن بىر ـ ئىككىسى (چوڭ كىشى بولسا، كەسىپ ئەھلىدىن باشقا ئۆز تەڭتۇشلىرىدىن بىر ـ ئىككىسىنى تەكلىپ قىلىدۇ) تەكلىپ قىلىنىپ، ئائىلە زىياپىتى بېرىلىدۇ. شۇ كۈنى بالىغا يېڭى ئۇستىباش كىيىندۈرۈپ، زىياپەت ئاخىرلاشقاندا ئۇستامغا تاپشۇرۇپ بېرىلىدۇ. ئۇستامغا تون يېپىلىدۇ ياكى بىر كىيىملىك رەخت قويۇلىدۇ.

**2. شاگىرت چىقىرىش مۇراسىمى:** بۇ «دۇكان ئايرىش» دەپمۇ ئاتىلىدۇ. بۇ مۇراسىم شاگىرت بولغۇچى شۇ كەسىپنىڭ ھۆددىسىدىن چىقالايدىغان ئىقتىدارغا ئىگە بولغان چاغدا ئۇستاز تەرىپىدىن ئۆتكۈزۈلىدۇ. ئۇستاز بولغۇچى شۇ كۈنى ئائىلە زىياپىتى ھازىرلاپ، بالىنىڭ دادىسى ۋە ئۆز كەسىپداشلىرىدىن بىرنەچچىنى تەكلىپ قىلىدۇ. زىياپەت ئاخىرلاشقاندىن كېيىن، شاگىرتنىڭ ئالدىغا شۇ ھۈنەردە ئىشلىتىلىدىغان جابدۇق ـ سايمانلارنىڭ ھەر بىرىدىن بىردىن قويىدۇ ۋە شاگىرتتىن تىرىشىپ ئۆز ھۈنىرىنى تېخىمۇ كامالەتكە يەتكۈزۈشنى، ھالال، پىششىق ئىش قىلىشنى ئۈمىد قىلىدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ، ئاندىن شاگىرتنىڭ دادىسى بالىسىنىڭ ئۇستازىغا بىر كىيىملىك رەخت قويۇپ مىننەتدارلىق بىلدۈرىدۇ. مۇراسىم شۇنىڭ بىلەن ئاخىرلىشىدۇ. مۇراسىم ئۆتكۈزۈلۈپ

بولغاندىن كېيىن، شاگىرتنىڭ ئۆز ئالدىغا دۇكان ئېچىش ياكى داۋاملىق شۇ دۇكاندا ئىش قىلىش ئىختىيارى ئۆزىدە بولىدۇ. ئەگەر ئۇستازىنىڭ دۇكىنىدا ئىشلىسە، ئۆزى قىلغان ئىشنىڭ ئىش ھەققىنى ئۆزى ئالىدۇ. شاگىرتلىق جەريانىدا بولسا، قىلغان ئىش ئۇستام ھېسابىغا بولىدۇ. بۇنىڭدىن باشقا، شاگىرت ئادەتتىكى چاغلاردا ئۇستامنىڭ ئىشلىرىنى ھەقسىز قىلىپ بېرىدۇ. بۇ ئەمەلىيەتتە ھۈنەرۋەنلەرنىڭ شاگىرتلارنى ئېكسپلاتاتسىيە قىلىشى ھېسابلىنىدۇ. ئايرىم ساندىكى ئادىل، ئاق كۆڭۈل ھۈنەرۋەنلەرنى ھېسابقا ئالمىغاندا، ئادەتتە ھۈنەرۋەنلەر مۇتەئەسسىپرەك كېلىدۇ. شۇڭا، شاگىرت بولغۇچى بۇرۇن ئۈچ - تۆت يىلسىز ھۈنەر ئۆگىنىپ چىقالمايتتى.

**3. تىجارەت باشلاش مۇراسىمى:** بۇ ئاساسەن سودا - تىجارەت بىلەن شۇغۇللىنىلىدىغانلار ئېچىدە ئۆتكۈزۈلىدىغان مۇراسىم بولۇپ، يېڭى تىجارەت باشلايدىغان كۈنى ئۆتكۈزۈلىدۇ. بۇ كۈنى ئالاھىدە زىياپەت ھازىرلىنىپ، يۇرت مۆتىۋەرلىرى، ئۇرۇق - تۇغقان، يار - بۇرادەرلەر ۋە پېشقەدەم تىجارەتچىلەر، دۇكان ئېچىش تەييارلىقىنى كۆرۈش جەريانىدا ياردەم كۆرسەتكەنلەر تەكلىپ قىلىنىدۇ.

ئۇيغۇرلاردا ھۈنەر - كەسىپ رىسالىلىك ۋە رىسالىسىز ياكى پىرلىق ۋە پىرسىز ھۈنەر دەپ ئايرىلىدۇ. رىسالىلىك ھۈنەرلەر تۆمۈرچىلىك، ياغاچچىلىق، ئاشپەزلىك، ماشىنىچىلىق، تامچىلىق قاتارلىق بىرقەدەر يىرىك تىپتىكى، مۇنتىزىمراق ھۈنەر - كەسىپلەرنى؛ رىسالىسىزلىرى قوشۇمچە خاراكتېردىكى ھەر خىل مەيدە (ئۇششاق، كىچىك) ھۈنەرلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

رىسالە — «دەستۇر»، «قائىدە - نىزام» دېگەنلىكتىن ئىبارەت. «پىر» — دەستۇر، قائىدە - نىزامى بار ھۈنەرنى تۇنجى قېتىم كەشىپ قىلغان «كامالەت ئىگىسى» دېگەن سۆز. شۇنىڭ ئۈچۈن، ھەربىر كەسىپنىڭ بىر پىرى بار دەپ قارىلىدۇ. ئۇيغۇر ھۈنەرۋەنلىرى داۋۇت پەيغەمبەرنى تامچى، قاساپ، تۆمۈرچى، ئاشپەزنىڭ پىرى (كۆمۈر، ئوتۇن كۆيدۈرىدىغان ھۈنەرۋەنلەرنىڭ ھەممىسى بۇ كىشىنى «پىر» ھېسابلايدۇ)؛ نوھ پەيغەمبەرنى ياغاچچىنىڭ پىرى؛ مۇسا پەيغەمبەرنى

قويچىنىڭ پىرى؛ ئىدرىس پەيغەمبەرنى ماشىنىچىنىڭ پىرى دېگەندەك، ھەربىر ھۈنەرۋەن ئۆزى ئۆچۈن پەيغەمبەرلەردىن بىرىنى «پىرىم» دەپ قارايدۇ. ئۇلارنىڭ قارىشىچە، ئۆزلىرى شۇغۇللىنىۋاتقان ھۈنەرنى تۇنجى قېتىم شۇ «پەيغەمبەر» ياراتقانمىش، «رىسالە» شۇلار تەرىپىدىن يېزىلغانمىش. «رىسالە» دە ھەتتا ھۈنەرۋەن ئەتىگەنلىكى دۇكانغا تاھارەتسىز كىرمەسلىك، چاچ، ساقال - بۇرۇتلىرىنى، تىرناقلىرىنى ئۆستۈرمەسلىك، جىنىڭ - تارازىدا ئادىل بولۇش، كىشى ھەققىنى يېمەسلىك، ھارامخورلۇق قىلماسلىق قاتارلىق رىئايە قىلىشقا تېگىشلىك كونكرېت بەلگىلىمىلەر بەلگىلەنگەن. ئۇيغۇرلاردا مەيلى ھۈنەرۋەن بولسۇن - بولمىسۇن، بىرەر ئىش قىلىشتا بەزىدە قىلماقچى بولغان ئىشى يادىغا كېلىپ ئولتۇرغان جايىدىن قوپۇشتا «يا پىر - كامىل» دېيىشى ئەنە شۇ قاراش ئاساسىدا بىر خىل ئادەت تىلغا ئايلىنىپ قالغان. روشەنكى، پەيغەمبەرلەرنى «پىر» ساناش، ئىسلام دىنىغا ئەگىشىپ خەلق ئىچىگە تارالغان رىۋايەتلەر ئاساسىدا مەيدانغا كەلگەن. ھۈنەر - كەسىپ رىسالىلىرىمۇ كېيىنكى ۋاقىتلاردا ھۈنەرۋەن، تەقۋادار ئىسلام مۇرىتلىرى تەرىپىدىن يېزىلغان. چۈنكى قۇيمىچىلىق، تۆمۈرچىلىك، تامچىلىق قاتارلىق ھۈنەر - كەسىپلەر ئىسلام دىنى مەيدانغا كەلمىگەن دەۋرلەردىلا ئەجدادلىرىمىزنىڭ ئىگىلىك تارمىقىنىڭ بىر تەركىبىي قىسمى سۈپىتىدە ئومۇملاشقان كەسىپ ئىدى[①].

## 3. ئۆي سېلىش مۇراسىملىرى

ئۇيغۇرلار جەمئىيىتىدە ئۆي سېلىش ئەر ئۆمرىدە بىر قېتىم بولىدىغان، ھەتتا بەزىلەرنىڭ ئۆمرىدە مۇمكىن بولمايدىغان چوڭ ئىشلاردىن دەپ قارىلىدۇ. شۇڭا، ئۇيغۇرلار ئۆي سېلىشقا ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرىدۇ. ئۆي پۈتكەندىن كېيىن «ئۆي چېيى» ئۆتكۈزىدۇ.

---

① ئابدۇرەھىم ھەبىبۇللا: «ئۇيغۇر ئېتنوگرافىيەسى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1993 - يىلى 4 - ئاي نەشرى، 311 - ، 314 - بەتلەر.

ئۇزاق يىل پۇختا تەييارلىق كۆرۈپ، تەييارلىق پۈتكەندە رەسمىي مۇراسىم ئۆتكۈزۈپ ئۆيگە ئۇل قويىدۇ. ئۆي سېلىش مۇراسىمىنىڭ شەكلى ھەر خىل بولىدۇ. ئومۇمەن قىلىپ ئېيتقاندا، ھەركىمنىڭ ئىقتىسادىي ئەھۋالىغا قاراپ بولىدۇ. بەزىلەر بىرەر مالنى قان قىلىپ جامائەتكە ئاش تارتسا، بەزىلەر قۇيماق - پوشكال سېلىپ، قويۇق - سۇيۇق غىزا ئېتىپ، پېشقەدەم تامچىدىن بىرنى ۋە ئۇرۇق - تۇغقان، يار - بۇرادەرلىرى بىلەن قولۇم - قوشنىلىرىنى تەكلىپ قىلىپ داستىخان سالىدۇ. مۇراسىم مەيلى قايسى شەكىلدە ئۆتكۈزۈلسۇن، داستىخان يىغىلغاندىن كېيىن مەھەللە پېشقەدەملىرىدىن بىرەرسى ياكى پېشقەدەم تامچى ئۇستام ئۆينىڭ قىبلىسىنى توغرىلاپ بېرىش بىلەن ئۇل سىزىقىنىڭ ئوڭ بۇرجىكىدىن بىر كەتمەن توپا ئېلىپ ئۇل تېشى قويۇپ بېرىدۇ. بۇنىڭ بىلەن مۇراسىم ئاخىرلىشىدۇ، ئاندىن مۇراسىمغا ھازىر بولغانلار ئۇستامنىڭ باشچىلىقىدا قولمۇقول ئۇل قويۇپ تام قوپۇرۇشقا باشلايدۇ. ئۆي پۈتكۈچە مەھەللە جامائىتى، قولۇم - قوشنا، يار - بۇرادەرلەر ئۆز چامىغا يارىشا ياردەم بېرىپ، بىرنەچچە كۈندىلا ئۆي پۈتكۈزۈلىدۇ. ھەر خىل سەۋەبلەر تۈپەيلى كونكرېت ياردەم بېرەلمىگەنلەرمۇ بىرەر ۋاق تاماق ئېتىپ ئۆي سېلىۋاتقانلاردىن ھال سورايدۇ. ئۆي ئىگىسى ئۆي سېلىشقا قاراشقانلارنى پەقەت ياخشىراق تاماق بىلەنلا كۈتۈپ، باشقا ھەق بەرمەيدۇ. بۇ ئۇيغۇرلاردىكى ئەھمىيەتلىك بىر خىل ئىجتىمائىي ھەمكارلىق ئادىتى.

**ئۆي چېيى:** ئۆي چېيى ئۆي پۈتۈپ كۆچۈپ كىرگەندىن كېيىن شۇ يېڭى ئۆيدە ئۆتكۈزۈلىدۇ. ئۆي چېيىغا ئۆي سېلىشقا ياردەملەشكەنلەر ئالاھىدە تەكلىپ قىلىنغاندىن تاشقىرى، ئۆز مەھەللىسىنىڭ جامائىتى، قوشنا مەھەللىدىكى تونۇش - بىلىش، يار - بۇرادەرلەر، بارلىق ئۇرۇق- تۇغقانلار تەكلىپ قىلىنىدۇ. ئۆي چېيى ئۆتكۈزۈشتە، بىرىنچىدىن، ياردەملەشكەنلەرگە رەسمىي مىننەتدارلىق بىلدۈرۈش؛ ئىككىنچىدىن، ئۆيگە قۇت تىلەش مەقسەت قىلىنىدۇ.

ئۆي چېيى ھەر ئادەمنىڭ ئىقتىسادىي ئەھۋالىغا قاراپ ئۆتكۈزۈلىدۇ. بەزىلەر ئالاھىدە نان - توقاچ يېقىپ، ھەر خىل يېمەكلىكلەرنى

هازىرلاشتىن تاشقىرى، بىر ـ ئىككى مال سويىدۇ. بەزىلەر بىر مال سويىدۇ ۋە ئۆي چىپىغا ئاتاپ مەخسۇس قۇيماق ـ پوشكال سالىدۇ. ئۆي چىپى ئىككى قەدەمگە بۆلۈپ ئۆتكۈزۈلىدۇ. بىرىنچى قەدەمدە مەھەللىدىكى پېشقەدەم جامائەت، ئىمام، مەزىنلەر ئۈزىتىلىدۇ. ئۇلار كېلىپ جەم بولغاندىن كېيىن، ئالدى بىلەن خەتمىقۇرئان قىلىنىدۇ، خەتمىقۇرئان تاماملانغاندىن كېيىن داستىخان سېلىنىپ چاي قويۇلىدۇ، ئاندىن ئاش تارتىلىدۇ. مەھەللە پېشقەدەملىرى ئۇزاپ بولغاندىن كېيىن باشقىلارغا داستىخان سېلىنىپ مېھمان قىلىنىدۇ. داستىخان يىغىلغاندىن كېيىن، مېھمانلار ئېلىپ كەلگەن تەبرىك، سوۋغاتلىرىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ يېڭى ئۆيىنى مۇبارەكلەيدۇ. ئۇرۇق ـ تۇغقان، دوست ـ ئاغىنىلەر بىرەر پارچە گىلەم، تەڭلىمات كىگىز، ئەدىيال، جوزا ـ شىرە قاتارلىق نەرسىلەرنى سوۋغات قىلىپ كېلىدۇ. بۇنىڭ بىلەن ئۆي چىپى ئاخىرلىشىدۇ، قايتىشنى خالىغانلار خوشلىشىپ قايتىدۇ، قالغانلىرى ئايرىم سورۇن تۈزۈپ نەغمە ـ ناۋا، ناخشا ـ ئۇسسۇل ۋە قىزىق چاقچاق، كۈلكە ـ پاراڭلار بىلەن كەچكىچە ئولتۇرۇپ ئاندىن قايتىدۇ[1].

## 4. دىنىي مۇراسىملار

مىللەتلەرنىڭ ئىجتىمائىي تۇرمۇشىدا ئۇچرايدىغان ھەر خىل مۇراسىم ـ بايراملارنىڭ شەكىللىنىش مەنبەسى مۇئەييەن بىر دىنىي ئېتىقاد ـ ئەقىدە بىلەن مۇناسىۋەتلىك. شۇڭا، مۇراسىم ـ بايرام پائالىيەتلىرىدە دىنىي ئېتىقاد ـ ئەقىدىلەرنىڭ تەسىرى ئوخشاشمىغان دەرىجىدە ئىپادىلىنىپ تۇرىدۇ. روشەنكى، بۇنداق ئېتىقاد ـ ئەقىدىلەر ئىپتىدائىي ئاڭ، ئېتىقاد ۋە سىنىپىي جەمئىيەتتە مەيدانغا كەلگەن ئېتىقاد ـ ئەقىدىلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. پەرقى شۇكى، مەيلى قايسى تۈردىكى ئېتىقاد ـ ئەقىدە بولسۇن، جەمئىيەت تەرەققىياتىغا ئەگىشىپ

---

[1] ئابدۇرەھىم ھەبىبۇللا: «ئۇيغۇر ئېتنوگرافىيەسى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1993 ـ يىلى 4 ـ ئاي نەشرى، 314 ـ، 316 ـ بەتلەر.

ئۇنىڭغا خەلقنىڭ ئىشلەپچىقىرىش پائالىيىتى جەريانىدىكى ھەر خىل ئاررۇ ـ ئىستەك، ئېنتىلىشلىرى ئۇيۇكسىز سىڭىپ، ئۇنىڭ بىر قىسمىنىڭ تەدرىجىي ئەسلىدىكى دىنىي خاراكتېرىنى يوقىتىپ، خەلقنىڭ قەدىمكى ئەنئەنىۋى ئادەت تۇسىنى ئالغانلىقى بىلەن خاراكتېرلەنسە (يۇقىرىدا تونۇشتۇرغانلىرىمىز ئەنە شۇنداق مۇراسىملار جۈملىسىدىن)، بىر قىسمى خەلقنىڭ رېئال تۇرمۇشىدا يەنىلا نوقۇل دىنىي خاراكتېردە مەۋجۇت بولۇپ تۇرغانلىقى بىلەن خاراكتېرلىنىدۇ.

ئۇيغۇرلارنىڭ بۈگۈنكى رېئال تۇرمۇشىدا ئۇچرايدىغان نوقۇل دىنىي مۇراسىملارنىڭ بىر ئالاھىدىلىكى، شەكىللىنىش مەنبەسى ئىسلام دىنى بىلەن بىۋاسىتە مۇناسىۋەتلىك بولۇپ، پائالىيەت جەريانىغا ئىسلام ئەھكاملىرىنىڭ روھى سىڭدۈرۈلگەنلىكى، قىسمەن مۇراسىم پائالىيەتلىرىدىن باشقىلىرىنىڭ بىرلىككە كەلگەن شەكىل ـ قائىدە، ۋاقىت، بىر خىل سورۇن ۋە مەخسۇس دىنىي خادىملارنىڭ رىياسەتچىلىكىدە ئۆتكۈزۈلىدىغانلىقى بىلەن خاراكتېرلىنىدۇ. ناماز، روزا تۇتۇش، مەۋلۇت، ھەج قىلىش قاتارلىق پائالىيەتلەر ئەنە شۇنداق نوقۇل دىنىي مۇراسىملار جۈملىسىدىن.

**1. ناماز:** ناماز ئىسلامىيەتنىڭ تۈۋرۈكى ھېسابلانغان بەش پەرزنىڭ بىرى، شۇنىڭدەك ئەڭ سىستېمىلاشقان، ئەڭ ئاساسلىق مۇراسىم شەكلى بولۇپ، كۈندىلىك بەش ۋاق ناماز، جۈمە نامىزى، ئىككى ھېيت نامىزى، تاراۋى ۋە مېيىت نامىزى قاتارلىق نامازلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. بۇلارنىڭ ئىچىدە بەش ۋاق ناماز مۇسۇلمانلارنىڭ كۈندىلىك ئادا قىلىشىغا تېگىشلىك ئەڭ ئاساسلىق مەجبۇرىيىتى قىلىپ بەلگىلەنگەن. شۇڭا، ھەر كۈنى بەلگىلىك ۋاقىتتا مەسچىتكە بېرىپ بەش ۋاق ناماز ئوقۇلىدۇ. بەش ۋاق ناماز — ناماز بامدات، ناماز پېشىن، ناماز دىگەر، ناماز شام، ناماز خۇپتەن (قىسقارتىپ بامدات، پېشىن، دىگەر، شام، خۇپتەن) دەپ ئاتىلىدۇ. بۇ ئاتالغۇلار پارسچە بولۇپ، ئۇيغۇرچە «ئەتىگەنلىك ئىبادەت»، «چۈشلۈك ئىبادەت»، «ئارىلىقتىكى (چۈش-كەچ ئارىلىقىدىكى) ئىبادەت»، «كەچلىك ئىبادەت»، «كېچىلىك (ئۇخلاش ئالدىدىكى) ئىبادەت» دېگەنلىك بولىدۇ.

**جۈمە نامىزى:** «جۈمە» ئەرەبچە سۆز بولۇپ، ئۇيغۇرچە مەنىسى «يەكشەنبە»، «ھەپتە» دېگەن بولىدۇ. جۈمە نامىزى — «جەملىشىپ» (توپلىشىپ) قىلىنىدىغان «ھەپتىلىك ئىبادەت» دېگەنلىك بولىدۇ. يەكشەنبە، شەنبە كۈنلىرى خرىستىيان دىنى بىلەن كاتولىك دىندىكىلەرنىڭ ئارام ئېلىش كۈنى بولغاچقا، ئىسلام دىنىدا ئۇلاردىن پەرقلەندۈرۈش ئۈچۈن «جۈمە» ئارام ئېلىش كۈنى قىلىپ بەلگىلەنگەن. بۇ خرىستىيان، كاتولىك دىنىنىڭ ئەقىدىسى بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولسا كېرەك. چۈنكى، بۇ ئىككى دىندا «ئاللا دۇنيانى يەكشەنبە كۈنى يارىتىشقا باشلاپ جۈمە كۈنى تاماملىغان» دەپ قارىلىدۇ. ئىسلام دىنىدىمۇ مۇشۇ ئەقىدە ئاساسىدا ئاللانىڭ دۇنيانى جۈمە كۈنى يارىتىپ بولغانلىقىنى خاتىرىلەش يۈزىسىدىن جۈمە دەم ئېلىش كۈنى قىلىنىپ ۋە بۇ كۈنى پېشىن نامىزىغا قوشۇپ مەخسۇس ئىككى رەكەت ناماز ئوقۇش بەلگىلەنگەن بولۇشى مۇمكىن.

جۈمە نامىزى ئەمەلىيەتتە ھەپتىلىك چوڭ دىني مۇراسىم. شۇڭا، ئۇ مەخسۇس چوڭ مەسچىتتە ئوقۇلىدۇ. مۇنداق مەسچىت «ئازنا مەسچىت» دەپ ئاتىلىدۇ. ئۇيغۇرلار ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلغاندىن باشلاپ 20- ئەسىرنىڭ 30- يىللىرىنىڭ ئاخىرىغا قەدەر جۈمە كۈنى ئارام ئېلىپ كەلگەن. جۈمە كۈنى ھەممە ساھەدىكىلەر ئىش- ئوقۇشنى توختىتىپ دەم ئالاتتى. ئەر- ئاياللار بۇ كۈنى ئەتىگەندە يۇيۇنۇپ- تارىنىپ، چاچ- ساقاللىرىنى ئالدۇرۇپ، كىيىملىرىنى يۆتكەپ، پاكىز كىيىنىپ ئارام ئالاتتى، چوڭلارنىڭ ئۆيىگە ئازنىلاپ باراتتى، دوست- ئاغىنىلىرى بىر- بىرىنى يوقلىشىپ ئۆزئارا مېھمان بولۇشاتتى. خەلق ئىچىدىكى «جۈمە كۈنى يولغا چىقسا يامان بولىدۇ» دەپ يول- سەپەرگە چىقماسلىق ئادىتى جۈمە كۈنىنىڭ «خاسىيەتلىك كۈن» دەپ قارالغانلىقى ئاساسىدا شەكىللەنگەن.

ئۇيغۇرلاردا 20- ئەسىرنىڭ 50- يىللىرىنىڭ ئاخىرلىرىدىن باشلاپ يەكشەنبە كۈنى دەم ئېلىش ئادىتى تەدرىجىي ئومۇملىشىپ ئىجتىمائىي ئادەتكە ئايلىنىپ كەتكەن بولسىمۇ، جۈمە نامىزى ئوقۇش خەلق ئىچىدە يەنىلا دىني مۇراسىم سۈپىتىدە داۋاملىشىپ كەلمەكتە.

**ھېيت نامىزى:** ھېيت نامىزى ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلىدىغان مىللەتلەرنىڭ يىلدا بىر ئۆتكۈزۈلىدىغان ئىككى چوڭ بايرىمى — روزا ھېيت، قۇربان ھېيت كۈنى مەخسۇس ئوقۇلىدىغان ئىككى رەكەت نامازغا قارىتىلغان. بۇ ناماز ھەر يىلى شۇ ئىككى بايرام كۈنى ئەتىگەنلىكى تەخمىنەن سائەت 6 — 7 ئارىلىقىدا ئوقۇلىدۇ. بايرام پائالىيىتى نامازدىن كېيىن ئاندىن باشلىنىدۇ. شۇڭا، بۇ ئىككى رەكەت نامازنى بايرام مۇراسىمى دەپ ئاتاشقىمۇ بولىدۇ. بۇ ئىككى بايرام ئۇزاق زامانلاردىن بۇيان ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلىدىغان مىلللەتلەرنىڭ ئۆزىگە خاس ئالاھىدىلىككە ئىگە پائالىيەت شەكلىدە ئۆتكۈزۈلۈپ كەلگەچكە، ئاللىبۇرۇنلا شۇ مىللەتلەرنىڭ ئەنئەنىۋى مىللىي بايرىمىغا ئايلىنىپ كەتكەن بولسىمۇ، ئۇنىڭ ئاساسلىق پائالىيىتى (مەخسۇس ئىككى رەكەت ناماز ئوقۇش) ئۆزىنىڭ نوقۇل دىنىي خاراكتېرىنى يوقاتماي داۋاملىشىپ كەلمەكتە. قۇربان ھېيت نامىزىنىڭ بىر ئالاھىدىلىكى، جامائەت ناماز ئوقۇلىدىغان چوڭ جامە ياكى ۋاقىتلىق بەلگىلەنگەن سورۇنغا بارغۇچىلىك بولغان ئارىلىقتا يەتتە ئورۇندا توختاپ «ئاللاھۇ ئەكبەر (ئاللا ئەڭ ئۇلۇغدۇر)» دەپ تەكبىر ئېيتىپ بارىدۇ. بۇ ئادەت ھازىر ئۇنتۇلۇش باسقۇچىدا تۇرماقتا.

**مېيىت نامىزى:** ئۇيغۇرلارنىڭ بۈگۈنكى دەپنە مۇراسىمىنىڭ بىر ئالاھىدىلىكى — مۇسىبەت بولغاندا يىغا - زار قىلىش، مېيىتنى يەرگە كۆمۈش، قارىلىق تۇتۇش قاتارلىق قەدىمكى ئادەت - قائىدىلىرى بىلەن مېيىتنى سۇغا ئېلىش، كېپەنلەش، مېيىت ئۈچۈن ناماز چۈشۈرۈش قاتارلىق ئىسلام ئادەت - قائىدىسىنىڭ گىرەلەشكەن ھالدا داۋاملىشىپ كېلىۋاتقانلىقى بىلەن خاراكتېرلىنىدۇ. بۇ ئادەت - قائىدىلەر ئىچىدە تەرك قىلغىلى بولمايدىغان ئەڭ مۇھىمى مېيىت نامىزىنى چۈشۈرۈش. چۈنكى، ئىسلام ئەقىدىسى بويىچە جەڭدە ۋە ھەر خىل بالا - قازا تۈپەيلىدىن ئۆلگەنلەرنى دەپنە قىلىشتا مېيىتنى سۇغا ئېلىش، كېپەنلەش قاتارلىق قائىدە - رەسمىيەتلەر ئورۇنلانمىسىمۇ، چوقۇم ئۇلارنىڭ نامىزى چۈشۈرۈلۈشى شەرت. مېيىت نامىزىنىڭ ئوقۇلۇش شەكلى باشقا نامازلارغا قارىغاندا ئاددىي بولۇپ، جامائەت ئالدىدىكى تاۋۇتنى بويلاپ قىبلىگە

قاراپ ئۆرۈسىگە سەپكە تۇرىدۇ، ئىمام ئايەت ئوقۇپ ئۈچ قېتىم تەكبىر ئېيتقاندىن كېيىن ناماز ئاخىرلىشىدۇ. ئۇنىڭ رولى ئۆلگۈچىنىڭ ئاللاغا بەندىچىلىك، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا ئۈممەتچىلىك بۇرچىنى ئورۇنلىغان مۇسۇلمان ئىكەنلىكىنى گەۋدىلەندۈرۈشتىن ئىبارەت.

**2. روزا تۇتۇش:** روزا تۇتۇش ئىسلامىيەتنىڭ تۈۋرۈكى ھېسابلانغان بەش پەرزىنىڭ بىرى. روزا تۇتۇش ئاشۇ پەرزنى ئادا قىلىشنىڭ بىر شەكلى بولۇپ، بۇ پائالىيەت ھىجرىيە كالېندارى بويىچە ھەر يىلى 9 - ئايدا — رامىزان ئېيىدا بىر ئاي ئېلىپ بېرىلىدۇ. «روزا تۇتۇش» دېگەن بۇ سۆز ئەسلىدە پارسچە «كۈن» دېگەن مەنىدىكى روزا سۆزىگە ئۇيغۇرچە «تۇتۇش» دېگەن ھەرىكەت نامىنىڭ قوشۇلۇشىدىن ياسالغان بولۇپ، ئۇنىڭ مەنتىق مەنىسى «پەرز ئادا قىلىش كۈنى» دېگەنلىك بولىدۇ.

روزا تۇتۇش پائالىيىتى رامىزان ئېيى ئاخىرلاشقۇچە 30 كۈن داۋاملىشىدۇ. بۇ جەرياندا روزا تۇتقۇچى ھەر كۈنى تاڭ يورۇماستا (زو ۋاقتىدا) ئورنىدىن تۇرۇپ ( بۇ زوغا قوپماق دەپمۇ ئاتىلىدۇ) تاماق يەپ، روزا تۇتۇشنى نىيەت قىلىش بىلەن كۈنبويى يېمەك - ئىچمەك، كەيپ-ساپا قاتارلىقلاردىن خالىي بولىدۇ، كۈن ئولتۇرغاندىن كېيىن (ئىپتار ۋاقتى بىلەن) ئالدى بىلەن بىر يۇتۇم سۇ ياكى ھۆل مېۋە بىلەن ئىپتار قىلىپ («ئېغىز ئېچىش» دەپمۇ ئاتىلىدۇ)، ناماز شامنى ئوقۇپ، ئاندىن تاماق يەيدۇ. بۇنىڭدىن باشقا، كۈندىلىك بەش ۋاق ناماز تەرك ئېتىلمەي ئوقۇلغاندىن تاشقىرى، ناماز خۇپتەنگە يەنە ئىككى رەكەت تاراۋى نامىزى قوشۇلۇپ ئوقۇلىدۇ، شۇنىڭدەك تاراۋى نامىزىغا قارىيلار تەكلىپ قىلىنىپ، قۇرئان باشتىن - ئاياغ يادقا ئوقۇلىدۇ (بۇ «خەتمە» دەپ ئاتىلىدۇ).

يۇقىرىقى پائالىيەتلەر رامىزان ئېيىنىڭ ئاخىرقى كۈنى (ھىجرىيە كالېندارى بويىچە 10 - ئايغا ئۆتىدىغان كۈنى) يېڭى ئاي كۆرۈنۈش بىلەن ئاخىرلىشىپ، ئەتىسى روزا تۇتۇش پەرزىنىڭ ئادا قىلىنغانلىقى تەنتەنە قىلىنىپ بايرام قىلىنىدۇ.

قەشقەردە ئۇيغۇرلار ئىچىدە رامىزان ئېيىدا يۇقىرىدا بايان قىلىنغان

نوقۇل دىنىي پائالىيەتلەردىن تاشقىرى، ئۆزىگە خاس مىللىي ئالاھىدىلىككە ئىگە پائالىيەتلەرمۇ ئۆتكۈزۈلىدۇ. مەسىلەن، 30 كۈن روزا ئىچىدە كىشىلەر ئۆزئارا ئىپتارغا چىللىشىپ، بىر - بىرىنى مېھمان قىلىشىپ، ھەمسۆھبەتتە بولۇشىدۇ. باللار روزىنىڭ 10 - كۈنىدىن كېيىن مەھەللە ئارىلاپ، ھەربىر ئائىلىنىڭ ئالدىغا كېلىپ رامىزان قوشاقلىرىنى ئېيتىشىپ ئوينايدۇ. ئۆي ئىگىلىرى ئۇلارغا ھەر خىل يېمەكلىكلەرنى ۋە پۇل - مال سوۋغا قىلىدۇ. رامىزان قوشاقلىرى ھەر خىل مەزمۇنلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان (رامىزان قوشاقلىرىنىڭ ۋارىيانتلىرى ناھايىتى كۆپ بولۇپ، ھەر يۇرتتا ئۆزگىچە رامىزان قوشاقلىرى تارقالغان).

**3. مەۋلۇت مۇراسىمى:** مەۋلۇت مۇراسىمى ئىسلام دىنىنىڭ ئاساسچىسى مۇھەممەد پەيغەمبەرنىڭ تۇغۇلغان كۈنىنى خاتىرىلەش يۈزىسىدىن يىلدا بىر ئۆتكۈزۈلىدىغان مۇراسىم.

مەۋلۇت ئەرەبچە سۆز بولۇپ، «تۇغۇلغان ۋاقىت» دېگەنلىك بولىدۇ. مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ئەرەبلەرنىڭ كونا كالېندارى (شەمسىيە) بويىچە رەبىئۇل ئەۋۋەل (3 - ئاي)نىڭ 9 - كۈنى، مىلادىيە 571 - يىلى 4 - ئاينىڭ 21 - كۈنى ئەتىگەندە تۇغۇلغان. كېيىن ئىسلام كىلاسسىكلىرى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ رەبىئۇل ئېيىدا تۇغۇلغانلىقى شەرىپىگە بۇ بىر ئاينى مەۋلۇت ئېيى قىلىپ بەلگىلەشكەن. شۇنىڭ ئۈچۈن، مەۋلۇت مۇراسىمى شۇ ئاينىڭ 9 - كۈنى ئۆتكۈزۈلۈش بىلەن چەكلىنىپ قالماي، ئۇنىڭدىن باشقا كۈنلەرنىڭ ھەممىسىدە ئۆتكۈزۈلۈۋېرىدۇ.

مەۋلۇت مۇراسىمىدا ئاساسلىقى مۇھەممەد پەيغەمبەرگە مەدھىيە - مەرسىيە ۋە ئۇنىڭ نەسەبنامىسى، تەرجىمىھالى، ئىش ئىزلىرى ئوقۇلىدۇ. شۇڭا، بۇ پائالىيەت ئادەتتە «مەۋلۇت ئوقۇش» دەپ ئاتىلىدۇ. بۇ پائالىيەت ئاساسەن مەھەللە مەسچىتلىرىدە، شۇنىڭدەك تەقۋادار كىشىلەرنىڭ ئۆيلىرىدە ئۆتكۈزۈلىدۇ. مۇنداق كىشىلەرنىڭ ئۆيىدە مەۋلۇت مۇراسىمى ئۆتكۈزۈلگەندە ئالاھىدە زىياپەت ھازىرلىنىپ مەھەللە جامائىتى تەكلىپ قىلىنىدۇ. ئالدى بىلەن مەۋلۇت ئوقۇلۇپ، ئاندىن زىياپەت بېرىلىدۇ. مەۋلۇت مەيلى قانداق سورۇندا ئوقۇلسۇن، ئوتتۇرىغا ئەترگە

چىلانغان تۇگۈن پاختا قويۇلىدۇ. مەۋلۇت تامامّلانغاندىن كېيىن كىشىلەر مەۋلۇت خاتىرىسى قىلىپ، تۇگۈن پاختىدىن بىرنەچچىدىن ئېلىپ ئۆيلىرىگە قايتىدۇ.

**4. بارات مۇراسىمى:** بارات مۇراسىمى ئىسلام كالېندارى (ھىجرىيە) بويىچە ھەر يىلى شەبان (8 ـ ئاي) ئېيىنىڭ 14 ـ كۈنى ئاخشىمى ئۆتكۈزۈلىدۇ. بۇ كۈن ئەسلىدە ئىسلام ئەقىدىسى بويىچە مۇسۇلمانلارنىڭ گۇناھىكەبىرلىرىنى يۇيۇش كۈنى. بۇ مۇناسىۋەت بىلەن ھەربىر ئائىلىدە ياغ پۇرىتىپ، پوشكال ـ قۇيماق سېلىپ، چوڭلار، بولۇپمۇ تەقۋادار ئەر ـ ئاياللار ئايرىم ئۆيلەرگە يىغىلىپ تۇۋا ـ ئىستىغپار ئېيتىپ، دۇئا ـ تەلەپ بىلەن تۈنەپ چىقىدۇ. شۇڭا، بۇ «تۈنەك» دەپمۇ ئاتىلىدۇ. ئەمما، كېيىنكى دەۋرلەردە ئۇيغۇرلار ئىچىدە بۇ مۇراسىم پائالىيەت شەكلىگە ئۇيغۇرلارنىڭ ئۆزىگە خاس باشقا شەكىل، مەزمۇنلار قوشۇلۇپ داۋاملىشىپ كەلگەن:

تەقۋادار كىشىلەر تائەت ـ ئىبادەت بىلەن تۈنەپ چىقسا، ياشلار تەڭ يىغىش قىلىپ بىرەر مال سويۇپ، ئون نەچچىدىن بىر سورۇنغا توپلىنىش بىلەن نەغمە ـ ناۋا، ناخشا ـ ئۇسسۇل بىلەن يېرىم كېچىگىچە كۆڭۈللۈك ئولتۇرۇش قىلىدىغان بولغان. ئۆسمۈرلەر كونا ياغلىق قاپاقلارنى ئۇزۇن خادا ياغاچقا بېكىتىپ ئوت يېقىپ كۆيدۈرۈپ:

بارات كەلدى بۈگۈن كېچە،
ئۇخلىماڭلار تاڭ ئاتقۇچە.

بارات كەلدى تۇيدۇڭلارمۇ،
قازانغا ياغ قۇيدۇڭلارمۇ؟

پوشكال ـ قۇيماق سالدىڭلارمۇ،
بىزگە ئاتاپ قويدۇڭلارمۇ؟

دېگەندەك بارات قوشاقلىرىنى ئېيتىپ، مەھەللە ئارىلاپ ئويناپ،

قاپاقلىرى كۆيۈپ تۈگىگەندە بىر يەرگە جەم بولۇپ، ھەرقايسى ئۆيلەردىن سوۋغا قىلىنغان پوشكال - قۇيماق قاتارلىق يېمەكلىكلەرنى يېگەچ ھېكايە - تېپىشماق ئېيتىشىپ يېرىم كېچىگىچە ئوينايدىغان بولغان. بارات مۇراسىمى ئۇيغۇرلار ئىچىدە شۇ تەرىقىدە 40 - يىللارنىڭ ئوتتۇرىلىرىغىچە داۋاملىشىپ كېلىپ، ئۇنىڭدىن كېيىن تەدرىجىي ھالدا بىر مۇراسىم سۈپىتىدە ئۆتكۈزۈلمەيدىغان بولدى. ھازىر ئاز ساندىكى تەقۋادار كىشىلەرمۇ بۇ كۈنى ئۆز ئۆيلىرىدە ياغ پۇرىتىش بىلەن كۇپايىلىنىپ، تۈنىمەيدىغان بولۇپ قالدى.

**5. ھەج تاۋاپ قىلىش:** ھەج قىلىش ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلىدىغان مىللەتلەرنىڭ يىلدا بىر قېتىم ئۆتكۈزىدىغان خەلقئارالىق زور كۆلەمدىكى نوقۇل دىنىي مۇراسىمى. بۇ مۇراسىمنىڭ باشقا دىنىي مۇراسىملارغا ئوخشاشمايدىغان بىر پەرقى شۇكى، بىرىنچىدىن، ھەج قىلىش ئىسلام دىنىدىكى بەش پەرزنىڭ بىرى بولۇش سۈپىتى بىلەن ساغلام، ئىقتىسادى تولۇق ھەربىر مۇسۇلمان ئۆمرىدە بىر قېتىم ئادا قىلىسا بولىدۇ؛ ئىككىنچىدىن، بۇ مۇراسىم پەقەت سەئۇدى ئەرەبىستانىنىڭ مەككە شەھىرىدىلا ئۆتكۈزۈلىدۇ. «ھەج تاۋاپ قىلىش» ياكى «ھەج قىلىش» مەككىدىكى «بەيتۇللا شېرىپ» («ئاللا مۇقەددەس قىلغان ئۆي»، «خانا» دېگەنلىك بولىدۇ) يەنى «كەبە»نى زىيارەت قىلىش دېگەنلىك بولىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن، ساغلام، ئىقتىسادى يار بەرگەن ھەربىر مۇسۇلمان سەپەر ئامانلىقى بولغان شارائىتتا ئۆمرىدە بىر قېتىم مەككىگە بېرىپ زىيارەت قىلىشنى ئۇلۇغ ئىش دەپ قارايدۇ.

ھەج تاۋاپ قىلىش مۇراسىم پائالىيىتى ھىجرىيە 12 - ئاينىڭ 8 - كۈنىدىن 12 - كۈنىگىچە بەش كۈن داۋاملىشىدۇ. بۇ جەرياندا تازىلىق قىلىشتەك تەييارلىق پائالىيىتىنى ھېسابقا ئالمىغاندا، ئاساسەن مەككىدىكى «مەسچىدى ھەرەم» دېگەن مەسچىتكە كىرىپ «كەبە» نى يەتتە قېتىم ئايلىنىپ، ئاندىن شەرقىي جەنۇبىي بۇرجىكىگە قويۇلغان «ھەجرۇلئەسۋەت» نامىلىق قارا تاشنى سىلاپ كۆزگە سۈرتۈش، سۆيۈش، بەيتۇللانىڭ يېنىغا جايلاشقان ئىبراھىم خەلىلۇللانىڭ تۇرغان جايىنى زىيارەت قىلىپ ئىككى رەكەت ناماز ئوقۇش، زەمزەم سۈيى

ئىچىش، ساپا، مەرۋە تېغى ئوتتۇرىسىدا يېنىشلاپ يەتتە قېتىم يۈگۈرۈش، ئاراپات تېغىدا بىر كېچە تۈنەپ، تووا ـ ئىستىغپار ئېيتىپ دۇئا ـ تىلاۋەت قىلىش، شەيتانغا تاش ئېتىش، ھەربىر كىشى بىردىن مال قۇربانلىق قىلىش، ئاخىرقى قېتىم بەيتۇللانى يەنە بىر قېتىم ئايلىنىپ ۋىدالىشىش قاتارلىق پائالىيەتلەر ئۆتكۈزۈلىدۇ، ئاندىن ھەج مۇراسىمى ئاخىرلىشىدۇ. بۇ مۇراسىمغا قاتنىشىپ كەلگەن كىشى «ھاجى» (ھەج قىلىش پەرزىنى ئورۇنلىغان ئادەم) دەپ ئاتىلىدۇ.

**6. مازار تاۋاپ قىلىش مۇراسىمى:** مازا تاۋاپ قىلىشمۇ ئىسلام دىنى بىلەن مۇناسىۋەتلىك بىر خىل دىنىي مۇراسىم. مازار تاۋاپ قىلىش جەنۇبىي شىنجاڭ ئۇيغۇرلىرى ئىچىدە بىرقەدەر ئومۇملاشقان ئادەت.

مازار ئەمەلىيەتتە قەبرىستانلىق بولۇپ، ئۇ ئىسلام دىنىنى دەسلەپ قوبۇل قىلغان مۇسۇلمان ئۇيغۇرلار بىلەن تاتارلار يەنى بۇددىست ئۇيغۇرلار (كېيىنكى دەۋرلەردە «قالماقلار» دەپ ئاتىلىپ كەلگەن) ئوتتۇرىسىدا بولغان ئۇرۇشتا ئۆلگەن مۇسۇلمان ئۇيغۇر قوشۇنلىرىنىڭ ئاتاقلىق سەركەردىلىرى، باتۇرلىرى، جەڭچىلىرى ۋە دىن تارقاتقۇچىلار دەپنە قىلىنغان جاي بولۇش سۈپىتى بىلەن ئادەتتىكى قەبرىستانلىقـ ـلاردىن پەرقلىنىدۇ. مەسىلەن، خوتەن رايونىدىكى «جەپپىرى سادىق»، قەشقەر رايونىدىكى «ئوردام»، «ئارسلانخان»، «ھەسسۇلتان»؛ كۇچادىكى «مەۋلانا راشىدىن»؛ كورلىدىكى «كۆنچى مازىرىم»؛ تۇرپاندىكى «ئەسھابۇلكەئف» يەنى «تۇيۇق غوجام» قاتارلىقلار. بۇ مازارلار ئىچىدە «ئوردام» بىلەن «تۇيۇق غوجام» بىرقەدەر مەشھۇر بولۇپ، بۇ ئىككى جايىنى تاۋاپ قىلىش ئۈچۈن شىنجاڭنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىن ھەر يىلى نۇرغۇن كىشىلەر كېلىپ تۇرغان.

مازار تاۋاپ قىلىش پائالىيىتى شۇ جايلاردا ياتقان مەشھۇر قەھرىمان، باتۇرلارنى خاتىرىلەش يۈزىسىدىن نەزىر ـ چىراغ قىلىش ۋە ئۆلارنىڭ روھىغا سېغىنىپ دۇئا ـ تىلاۋەت قىلىپ، ھەر خىل مۈشكۈللىرى ئۈچۈن مەدەت تىلەشتىن ئىبارەت ئىككى خىل پائالىيەتنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. بۇ پائالىيەت جايلارنىڭ ئادىتى بويىچە كوللېكتىپ ياكى شەخسلەر بويىچە ئۆتكۈزۈلىدۇ. مەيلى قايسى شەكىلدە ئۆتكۈزۈلسۇن، تاۋاپ قىلىش

مۇراسىمى ئاخىرلاشقاندىن كېيىن، تاۋاپ قىلىشقا كەلگەنلەر مازارغا تۇغ-شەددىلەر تاقاپ، ئۆلتۈرگەن قوي - قوشقارلىرىنىڭ بېشىنى ئېسىپ خاتىرە قالدۇرۇپ قايتىدۇ.

مازار تاۋاپ قىلىش مۇراسىمى قەشقەر رايونىدا ئۆتكۈزۈلىدىغان «ئوردام مۇراسىمى»نى مىسال قىلىپ ئالساق، ئۇنىڭ ئۆتكۈزۈلۈش ۋاقتى تۇراقسىز بولۇپ، ئادەتتە ئەتىياز، ياز، كۈز پەسىللىرى تاۋاپ قىلغۇچىلارنىڭ خالىغان كۈنى ئۆتكۈزۈلىدۇ. «ئوردام مۇراسىمى»نىڭ كۆلىمى كەڭ، ۋاقتى تۇراقلىق بولۇپ، ھەر يىلى ھىجرىيە مۇھەررەم ئېيىدا ئۆتكۈزۈلىدۇ. بۇنىڭغا يۇرت - يۇرتلاردىن ئون نەچچە مىڭلاپ كىشى كېلىپ قاتنىشىدۇ. تاۋاپقا كەلگەنلەر ئادەتتە ئۆز ئالدىغا كەپە، سايىۋەن سېلىپ جايلىشىدۇ، مۇراسىم بىرنەچچە كۈن داۋاملىشىدۇ، مۇراسىم كۈنلىرى ھەر خىل ئوقەتچىلەرمۇ چىقىپ تاپاۋەت قىلىدۇ.

مازار تاۋاپ قىلىش گەرچە ئىسلام ئەقىدىسى بويىچە ئۆتكۈزۈلىدىغان دىنىي مۇراسىم بولسىمۇ، كېيىنچە ئۇنىڭغا تەدرىجىي سېھىرگەرلىك، رەمماللىق، داخانلىق قاتارلىق باشقا دىنىي ئەقىدىلەر ئاساسىدا كېلىپ چىققان ھەر خىل خۇراپىي ئادەتلەر ئارىلىشىپ كەتكەن بولۇپ، بەزى مازارلار ئاشۇنداق خۇراپىي ھەرىكەتلەر ئېلىپ بېرىلىدىغان سورۇنغا ئايلىنىپ قالغان. ئازادلىقتىن كېيىن ئىلىم - پەن ساۋاتىنىڭ ئومۇملىشىشىغا ئەگىشىپ مازار تاۋاپ قىلىش ئادىتى ئادەت كۈچىدىن قالماقتا[1].

## 5. ھېيت - بايرام

### نورۇز

باھارنىڭ ئىنسانلارغا ئەكەلگەن خۇشاللىقى مۇناسىۋىتى بىلەن تەنتەنىلىك ۋە دەبدەبىلىك ئۆتكۈزۈلىدىغان قەدىمىي ۋە ئەنئەنىۋى

[1] ئابدۇرەھىم ھەببۇللا: «ئۇيغۇر ئېتنوگرافىيەسى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1993 - يىلى 4 - ئاي نەشرى. 335 -، 348 - بەتلەر.

مىللىي بايراملاردىن بىرى نورۇز بايرىمى بولۇپ، ئۇ ئۇيغۇر، قازاق، قىرغىز، ئۆزبېك، تاتار، تاجىك قاتارلىق ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ قەدىمكى مىللەتلىرىگە ئورتاق بايرام ھېسابلىنىدۇ.

نورۇز ئەسلىدە پارسچە سۆز بولۇپ، «باھار يامغۇرى»، «تۇنجى باھار كۈنى» دېگەن مەنىلەرنى بىلدۈرىدۇ. بۇ بايرام قەدىمدىن باشلاپ شەمسىيە (كۈن) كالېنىدارى بويىچە قىش ئاخىرلىشىپ، باھارنىڭ باشلىنىش كۈنى (ھەر يىلى 3 - ئاينىڭ 21 - كۈنى) يەنى كۈن بىلەن تۈن تەڭلەشكەن باش باھارنىڭ بىرىنچى كۈنى ئۆتكۈزۈلىدۇ.

نورۇز بايرىمى ئەسلىي ماھىيىتى بىلەن يېڭى يىل بايرىمى بولۇپ، بۇ ئەنئەنىۋى بايرام ئۇيغۇرلارنىڭ تۇرمۇش ئادىتىدە ئىنتايىن چوڭ تەسىرگە ئىگە.

نورۇز بايرىمىنىڭ بىرقەدەر ئومۇملاشقان ئەنئەنىۋى ئادەتلىرى مۇنداق:

نورۇز كىرگەن كۈنى يەتتە ياشتىن يەتمىش ياشقىچە، چوڭ - كىچىك، ئەر - ئاياللار، يۇرت - مەھەللىلەر بويىچە ئۆزلىرىنىڭ مىللىي بايرام كىيىملىرىنى كىيىشىپ، مەنزىرىلىك جايلارغا جەم بولۇشىدۇ ۋە شۇ سورۇندا نورۇز غا ئاتاپ تەييارلىغان ھەر خىل ئويۇنلارنى ئوينايدۇ، خەلق قوشاقچىلىرى نورۇزنى مەدھىيەلەيدىغان شېئىر - قورشاقلارنى ئوقۇشىدۇ، ۋاييىز (مەدداھ) لار داستان ۋە ھېكايە - قىسسىلەرنى كۆيلىشىدۇ. سازەندىلەر مۇزىكىغا تەڭكەش قىلىپ ناخشا ئېيتىپ، ئۇسسۇل ئوينىشىدۇ. بىر تەرەپتە چەۋەندازلار ئوغلاق تارتىدۇ، ئات بەيگىسى ئۆتكۈزىدۇ. دارۋازلار ئېگىز دار ئۇستىدە ئۆز كارامىتىنى كۆرسىتىپ، مىڭلىغان كىشىلەرنى ئۆزىگە جەلپ قىلىدۇ، مەجنۇنتاللارغا ئىلەڭگۈچ سېلىپ لەرزان پەرۋاز قىلىشىدۇ، يەنە بىر تەرەپتە ئولتۇرۇش قىزىپ، «ئون ئىككى مۇقام» داستانلىرى ئەۋجىگە كۆتۈرۈلىدۇ. قىسقىسى، ھەركىم ئۆز ئەھۋالىغا يارىشا ماھارەت كۆرسىتىپ، بايرام خۇشاللىقىنى نامايان قىلىدۇ. نورۇز مۇراسىملىرىغا مەكتەپ بالىلىرىمۇ كوللېكتىپ ھالدا قاتنىشىدۇ. ئۇلار مۇئەللىملىرىنىڭ يېتەكچىلىكىدە سەپ- سەپ بولۇپ، گۈللۈك تاختىلارغا يېزىلغان نورۇزنامىلىرىنى

كۆتۈرۈشۈپ ئۇنلۇك دېكلاماتسىيە قىلىشىدۇ.

نورۇز مۇراسىملىرىدا جامائەتتىن ئىختىيارىي يىغىش قىلىپ مەخسۇس نورۇز ئېشى تەييارلىنىدۇ. نورۇز ئېشى ئەنئەنە بويىچە يەتتە ياكى توققۇز خىل ماتېرىيالدىن تەييارلىنىدىغان كۆجە بولۇپ، بۇغداي، ئارپا، گۈرۈچ، تېرىق، گۆش، سۈت، سۇ قاتارلىقلارنى ئارىلاشتۇرۇپ پىشۇرىدۇ. بەزىدە گۆش ئورنىغا كالا - پاقالچاق ۋە زاسۇيلەرنى قوشىدۇ. نورۇز مۇراسىمىغا قاتناشقانلارنىڭ ھەممىسىنى نورۇز ئېشىغا ئېغىز تەگكۈزۈش شەرت قىلىنىدۇ. شۇنداق قىلىپ، ھەممە كىشى نورۇز بايرىمىدا قانغۇچە كۆڭۈل ئېچىپ، ياخشى تىلەك - ئارزۇلار بىلەن ئۆيلىرىگە قايتىشىدۇ ۋە بايرامنى تەبرىكلەپ ئۆزئارا پەتىلىشىدۇ.

تارىخىي سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن نورۇز بايرىمىنىڭ ئۆتكۈزۈلۈش ۋاقتى ئۇزۇن ياكى قىسقا بولۇشى مۇمكىن. لېكىن، قەدىمكى ئەنئەنىلەردىن قارىغاندا، بۇ بايرامنىڭ ۋاقتى ئىككى ھەپتە يەنى 15 كۈن قىلىپ بەلگىلەنگەن. ھازىر كۆپرەك رايونلاردا نورۇز بايرىمى ئۈچ كۈن قىلىپ خاتىرىلىنىدۇ.

نورۇز بايرىمىدا ئۆتكۈزۈلىدىغان ھەر خىل پائالىيەتلەر ھەمدە ئۇنىڭغا بېغىشلانغان نورۇزنامىلەرنىڭ مەزمۇنىدىن قارىغاندا، قىش - زىمىستاننى قوغلاش، ئاسايىشلىق يېڭى باھارنى كۈتۈۋېلىش، يېڭى يىلنىڭ يېڭىچە خۇشاللىق ئەكېلىشىنى تىلەش، يېشىللىققا پۈركەنگەن تەبىئەتنى كۈيلەش، كىشىلەرنى ئىلىم - مەرىپەتكە ئۈندەش، ئىتتىپاقلىق ۋە ئىناقلىقنى تەشەببۇس قىلىش، ساخاۋەتلىك ۋە دىيانەتلىك بولۇش قاتارلىق ئىلغار ئىجتىمائىي تېمىلارنى ئەكس ئەتتۈرىدۇ. مەسىلەن:

ئېتىراپ قىلدۇق نورۇزدىن ياخشى كۈننى باشلىدۇق،
كۆڭلىمىزنىڭ خۇشلۇقىدىن بۇ ئويۇننى باشلىدۇق،
شايى - تاۋاردا تون كىيىپ، جۇۋا - تۇماقنى تاشلىدۇق،
سايىلەردە ئولتۇرۇپ نەغمە - ناۋانى باشلىدۇق،
ئات مىنىپ، ئوغلاق ئېلىپ، مەشرەپ قىلۇر كۈندۇر بۈگۈن.
كەلدى نورۇز يىل باشى، كەتتى كۆڭۈلنىڭ چىركىنى،

نورۇز دىبان كېلۇرلەر خاتۇنلارنىڭ تۈركىنى،
گۇللەر قىسۇر قىز ـ ئوغۇل، ئەگرى قويار بۆرگىنى،
مەجلىس قىلىپ ئويناشۇر، ئاچۇر كۆكۈل مۈلكىنى،
قايغۇ ـ مېھنەتلەر كېتىپ ئويناشۇر كۈندۇر بۇگۈن.

ئۇيغۇرلار ئارىسىدا نورۇز بايرىمىنىڭ قاچاندىن باشلانغانلىقى ھەققىدە ئىشەنچلىك تارىخىي ماتېرىياللارغا ئىگە ئەمەسمىز. لېكىن، نورۇز بايرىمى ھەققىدىكى كۆپلىگەن گۈزەل ئەپسانە ـ رىۋايەتلەرگە ئاساسلانغاندا، نورۇز بايرىمىنىڭ پەيدا بولۇشى ئۇيغۇرلارنىڭ ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلىشتىن بۇرۇنقى كۆك تەڭرىگە چوقۇنغان دەۋرلىرى بىلەن مۇناسىۋەتلىك. كۆك تەڭرىگە ئېتىقاد قىلغان ئاشۇ قەدىمكى ئۇيغۇرلار كۆكتە جىمىرلاپ تۇرغان يۇلتۇزلارنىڭ ئورۇنلىشىشىغا قاراپ، ئۇلارنى ئوخشاشمىغان سۈپەتلەر بىلەن تەرىپلەشكەن. ئۇلارنىڭ تونۇشىچە، ئاققۇزا (نورۇز — قوزا) يۇلتۇزى ئىنسانلارغا بەخت ئاتا قىلغۇچى ئىلاھ بولۇپ، قۇش، بېلىق (ھوت) يۇلتۇزىنىڭ يوقىلىپ، ئاققۇزا ئىلاھىنىڭ باش كۆتۈرۈپ چىققان كۈنى بولغاچقا، بۇ كۈن ئىنسانلارغا بەخت ۋە تەلەي ئەكېلىدۇ، دېگەن ئەقىدە بويىچە، ئاققۇزا ئېيىنىڭ باشلانغان كۈنى (ھازىرقى كالېندار بويىچە 3 ـ ئاينىڭ 21 ـ كۈنى) نورۇز بايرىمى قىلىپ بەلگىلەنگەن. كۆپلىگەن تارىخىي مەنبەلەردىمۇ نورۇز بايرىمىنىڭ ناھايىتى قەدىمكى دەۋرلەردىن باشلاپ خەلق ئارىسىدا تەنتەنىلىك ئۆتكۈزۈلىدىغانلىقى ھەققىدە نۇرغۇن خاتىرىلەر قالدۇرۇلغان.

# ئۈچىنچى باب

## ئۇيغۇرلارنىڭ ئىجتىمائىي ئالاقە ئادەتلىرى

ئۇيغۇرلار ئۇزاق ئەسىرلىك ئىپتىدائىي توپ جامائە هايات مۇساپىسىدە ئۆزلىرىنىڭ ئاددىي ـ ساددا، سەمىمىي، ئاق كۆڭۈل، ئوچۇق ـ يورۇق، دوستخۇمار، مېھماندوست ئېسىل خىسلەتلىرى بىلەن شۆھرەت قازانغان ھەم ئۆزلىرىنىڭ مەنىۋىيىتىنى بېيىتىپ، ئەۋلادلارغا ئېسىل مەنىۋى مىراسلارنى قالدۇرۇپ كەلگەن. ئۇيغۇرلارنىڭ بۇ خىل ئىجتىمائىي ئەخلاق ئەنئەنىسى يۇرتداشلىق، قوشنىدارچىلىق، ئىتتىپاقلىق ـ ئىناقلىق، چوڭلارنى ھۆرمەتلەش، سالاملىشىش، مېھماندارچىلىق قاتارلىق جەھەتلەردە ئېنىق ئىپادىلىنىدۇ.

### 1. ئىجتىمائىي ئالاقە ئادىتى

**يۇرتداشلىق مۇناسىۋەت**

ئۇيغۇرلار ئولتۇراقلاشقان يۇرت ـ مەھەللىلەر گەرچە يەككە ئائىلىلەردىن تەركىب تاپسىمۇ، لېكىن ئۇلارنىڭ ئارىسىدا مەھەللىنى بىرلىك قىلغان (بەزى جايلاردا «چىراغ» نى ئاساس قىلغان) يۇرتداشلىق مۇناسىۋەت ناھايىتى قويۇق بولىدۇ، بولۇپمۇ قەشقەردە ئۇلارنىڭ ئادىتىدە يۇرت ـ مەھەللىدىكىلەر بىلەن بىر تۇغقاندەك ئىناق ئۆتۈشنى ھەممىدىن ئەلا بىلىدۇ. شۇ سەۋەبتىن، «يىراقتىكى تۇغقاندىن يېقىندىكى قوشنا ئەلا» دېگەن ماقال كېلىپ چىققان. يۇرتداشلار ئارىسىدىكى ئۆزئارا ھەمكارلىشىشنىڭ دائىرىسى ناھايىتى كەڭ بولۇپ، ئىشلەپچىقىرىشتىكى ھەمكارلىق ئادەتلىرى ۋە تۇرمۇشتىكى ھەمكارلىق

ئادەتلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.
ئۇيغۇرلار ھازىر دېھقانچىلىق ئىگىلىكىنى ئاساس قىلىدىغان بولغاچقا، دېھقانچىلىق ئىگىلىكىنىڭ خاراكتېرى بويىچە ھەر جەھەتتىن زىچ ھەمكارلىققا موھتاج بولىدۇ. دېھقانچىلىق ئىشلەپچىقىرىشىنىڭ ۋاقىت خاراكتېرى ناھايىتى كۈچلۈك بولغاچقا، تېرىقچىلىق ۋە يىغىم پەسىللىرىدە ھەق تەلەپ قىلىنمايدىغان بىر خىل ئەنئەنىۋى لاپقۇتلىشىش ئادىتى شەكىللەنگەن. چۈنكى، ھەممە ئائىلىنىڭ ئىشلەپچىقىرىش كۈچى ۋە ئەمگەك ئىقتىدارى ئوخشاش بولمىغاچقا، «كۈندىن قالسا، يىلدىن قالىدۇ» غان جىددىي پەيتنى قولدىن بەرمەسلىك ئۈچۈن ئۆزئارا لاپقۇتلىشىپ تېرىقچىلىق قىلىش ئېھتىياجى تۇغۇلىدۇ.
قەشقەردىكى ئۇيغۇرلار ئارىسىدا تۇرمۇشتىكى ھەمكارلىشىش ئادەتلىرى تېخىمۇ كۆرۈنەرلىك بولۇپ، ئائىلىلەر ئارىسىدىكى دوستانە ئالاقە تۇرمۇشنىڭ ھەممە تەرەپلىرىگە چوڭقۇر سىڭگەن. مەسىلەن، ئۇلار ئارىسىدا توي- تۆكۈن ياكى ئۆلۈم - يېتىم ئىشلىرى يۈز بەرسە، مەھەللە، ھەتتا يۇرت بويىچە خالىسانە ياردەم بېرىدىغان ئېسىل ئادەت بار. مەلۇم ئائىلىدە توي بولماقچى بولسا، ئۇنىڭدىن خەۋەر تاپقان قولۇم - قوشنىلار ئۆزلۈكىدىن شۇ ئائىلىگە بېرىپ «ياردەملىشىدىغان ئىش بارمۇ؟» دەپ، ئىقتىسادىي ۋە باشقا جەھەتلەردىن ياردەم بېرىش قىزغىنلىقىنى ئىپادىلەيدۇ. توينىڭ يېمەك - ئىچمەكلىرىنى تەييارلاشتىن تارتىپ مېھمانلارنى كۈتۈش ۋە ئۇزىتىشقىچە قولۇم - قوشنا ۋە يار - بۇرادەرلەر جەم بولۇپ خالىسانە ياردەملىشىدۇ، ھەتتا ئىقتىسادىي قىيىنچىلىق تۇپەيلىدىن ئۆيلىنەلمىگەن يېتىم - يېسىر، يوقسۇللارنى يۇرتداشلىرى ئىقتىسادىي جەھەتتىن ياردەم قىلىپ ئۆي - ئوچاقلىق قىلىپ قويىدۇ. بۇنداق ياردەمنى «ساۋابلىق ئىش» دەپ ھېسابلايدۇ.
ئۆلۈم - يېتىم ئىشلىرىدا بۇنداق ئۆزئارا ھەمكارلىق تېخىمۇ گەۋدىلىك ئىپادىلىنىدۇ. چۈنكى، ئۆلۈم ئىشى كۈتۈلمىگەن تاسادىپىي يۈز بېرىدىغان بولغاچقا، ئۇنىڭغا ئۆلۈم ئىگىسى ئالدىنئالا تەييارلىق قىلالمايدۇ. بۇنداق ئەھۋالدا ئۆلۈم ئىگىسى باشقىلارنىڭ ياردىمىگە تېخىمۇ موھتاج بولىدۇ.

ناۋادا ئۆلۈمگە ئىگە بولىدىغان ئادىمى يوق يېتىم - يېسىرلار بولۇپ قالسا، ئۇنى دەپنە قىلىش ئىشلىرىغا باشتىن - ئاياغ يۇرت - جامائەت مەسئۇل بولۇپ خالىس ئۆزىتىدۇ.

يۇرت ئىچىدە بىرەر ئائىلە يېڭىدىن ئۆي سالماقچى بولسا، قولۇم - قوشنىلار ۋە يۇرتداشلار ھەرىكەتكە كېلىپ خالىسانە ياردەم بېرىدۇ.

يۇقىرىقىلاردىن تاشقىرى، ھەر خىل تەبىئىي ئاپەت ۋە باشقا سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن ئېغىر زىيان - زەخمەتكە ئۇچرىغان ئائىلىلەرنىڭ تۇرمۇشىغىمۇ ھەمكارلىشىش، ئۇلارغا ماددىي ۋە مەنىۋى جەھەتتىن ياردەم بېرىش قەدىمدىن داۋاملىشىپ كېلىۋاتقان ئەنئەنىۋى ئادەتلەرنىڭ بىرى.

ئۇلاردا كۆپىنچە بىر مەسچىت جامائىتى بىرلىك قىلىنىپ، شۇ دائىرە ئىچىدە ھەر خىل تۈزۈملەر ۋە نىزاملار يولغا قويۇلغان. بىرەر ئەھۋال يۈز بەرسە مەسچىت جامائەتلىرى بىرلىكتە كېڭىشىپ ھەل قىلغان. ئەگەر بىرەر ئائىلىدە ئاغرىق - سىلاق بولسا، مەسچىت جامائەتلىرى بامدات نامىزىدىن يېنىپ، كوللېكتىپ ھالدا ئاغرىقنى يوقلاپ ھال سورايدۇ. بىرقانچە كۈن مەسچىتكە چىقماي ئىز - دېرەكسىز يوق بولۇپ كەتكەنلەرنىڭ ئۆيىگە جامائەت توپلىشىپ بېرىپ ئەھۋال ئۇقۇشىدۇ، بولۇپمۇ ياشانغان قېرى - چۈرىلەرنى داۋاملىق يوقلاپ ھالىدىن خەۋەر ئېلىپ تۇرىدۇ. يۇرت - مەھەللە ئىچىدە ئوغرىلىق، بۇلاڭچىلىق، ئۇرۇش - جېدەل، زىنا قىلىش قاتارلىق نالايىق قىلمىشلار سېزىلسە، يۇرتداشلار بىرلىكتە كېڭىشىپ جازالاش چارىلىرىنى بېكىتىدۇ.

ئومۇمەن ئالغاندا، يۇرتداشلىق مۇناسىۋەت ئىستىخىيەلىك ھالدا شەكىللەنگەن بولۇپ، ئۆرپ - ئادەت تۈسىدە ئىپادىلىنىدۇ.

### قوشنىدارچىلىق مۇناسىۋەت

قەشقەردە ئۇيغۇرلاردا قوشنىدارچىلىق جەھەتتە ئوبدان ئەنئەنىلەر ساقلانغان.

1. قوشنىلار بىر - بىرى بىلەن ناھايىتى ئىناق ئۆتۈشىدۇ، بىر-بىرىنىڭ خۇشاللىقى ۋە قايغۇ - ھەسرىتىگە ئورتاقلىشىدۇ، بىر-بىرىنىڭ دەردىگە دەرمان بولىدۇ، بولۇپمۇ توي - تۆكۈن، ئۆلۈم - يېتىم

بولغانىدا بۇ ئالاھىدە گەۋدىلىك كۆرۈلىدۇ. ئۇ چاغدا ئېغىر - يېنىك ئىشلاردا بىر - بىرىگە ئوبدان ھەمكارلىشىدۇ.

2. قوشنىلار ئەتىگەن - ئاخشاملىرى «بارمۇسەن - يوقمۇسەن؟» دېيىشىپ بىر - بىرىدىن ھال - ئەھۋال سورىشىپ تۇرىدۇ، ئادەتتىكى كۈنلەردە كىرىش - چىقىش قىلىپ تۇرىدۇ. بۇ، مۇناسىۋەتنى قويۇقلاشتۇرىدۇ.

3. قوشنىلار ئۆزئارا كەم - كوتا نەرسىلىرىنى بىر - بىرىدىن ئۆتنە - يېرىم قىلىشىدۇ، سورالغان نەرسە بارلا بولسا بەرمەي قويمايدۇ.

4. قوشنىلار ئۆزئارا بىر - بىرىگە تاماق سۇنۇشىدۇ. بىراق، چىراغ ئادەتلىرىگە قاتتىق رىئايە قىلىپ، باشقىلار بىلەن تۇز، ئاق ئالماشتۇرۇپ، ئۆزىنىڭكىگە قوشمايدۇ، ئاخشىمى سۈت، قېتىق، پاختا ئارىيەت بەرمەيدۇ، ئالمايدۇ. ئەگەر زۆرۈر بولۇپ قالسا، بىر ئۆيدىن بىر ئۆيگە ئېلىپ چىققۇچە قېتىقنىڭ ياكى سۈت، پاختا قاتارلىقلارنىڭ ئۈستىگە بىر تال كۆيە تاشلاپ قويىدۇ. قوشنىلاردىن بىرى ئوبدان تاماق قىلغان كۈنى شۇ تاماقتىن ئۆز قوشنىسىغا كىرگۈزۈش ئۇزاقتىن بېرى داۋام قىلىپ كەلگەن ياخشى ئەنئەنە. تاماق كىرگۈزۈلگەن قاچا قاچاندا قايتىشىدىن قەتئىينەزەر، ھەرگىز قۇرۇق قايتمايدۇ.

5. يېڭى قوشنىلار كۆچۈپ كەلسە، كونا قوشنىلار ئۇلارنى قىزغىن قارشى ئالىدۇ، ئۆيلىرىگە چاقىرىپ كۈتۈۋالىدۇ، شۇنىڭدەك قوشنىلاردىن بىرەرسى كۆچۈپ كەتسە، قېپقالغان قوشنىلار چاي قىلىپ ئۇزىتىپ قويىدۇ. كۆچۈپ كەتكەن ۋە قېپقالغان قوشنىلار بىر - بىرىنى دائىم ئىزدىشىپ تۇرىدۇ.

6. قوشنىلارنىڭ بىرەرسىنىڭ ئۆيىدە ماتەم - مۇسىبەت بولغان بولسا، باشقىلار، قوشنىلار ئۆز ئۆيىدە كۆڭۈل ئېچىش پائالىيەتلىرى ئېلىپ بارمايدۇ.

7. قوشنىلارنىڭ بىرەرسىنىڭ يىراق ياقا يۇرتلاردىن يېقىن ئۇرۇق - تۇغقانلىرى كەلسە، باشقا قوشنىلار قوشنىسىنىڭ ھەم كەلگەن مېھمانىنىڭ ئىززىتىنى قىلىپ ئۆز ئۆيلىرىگە چاقىرىۋالىدۇ.

8. قوشنىلاردىن بىرەرسى يىراق - يېقىن بىر ياققا كېتىپ قالغاندا،

باشقىلار ئۇنىڭ ئائىلىسىدىن خەۋەر ئېلىپ قويىدۇ. بۇ قوشنىدارچىلىقتا كەم بولمايدىغان ياخشى خىسلەت.

9. قوشنىلار بىر ـ بىرىنىڭ كەينىدىن غەيۋەت ـ شىكايەت قىلمايدۇ، بۇنداق قىلىشنى نومۇس دەپ بىلىدۇ.

10. قوشنىلار پەرزەنتلىرىنى خۇددى بىر ئائىلىنىڭ باللىرىدەك ئىناق ئۆتۈشكە دالالەت قىلىپ تۇرىدۇ.

## ئىتتىپاقلىق ـ ئىناقلىق

ئۇيغۇرلاردا ئەڭ ياخشى ئادەتلەردىن بىرى ئىتتىپاقلىق ـ ئىناقلىق، ئۆزئارا ئاداۋەت تۇتۇشماسلىق.

ئىككى ئادەم ئوتتۇرىسىدا ئاداۋەت پەيدا بولۇپ قالغان بولسا، باشقا بىرى تەشەببۇسكارلىق بىلەن ئاداۋەت تۇتۇشقانلارنى ئەپلەشتۈرۈپ قويىدۇ. ئاداۋەتلەشكەنلەرنىڭ بىرى ئۆز خاتالىقىنى بويىنىغا ئېلىپ يەنە بىر تەرەپكە چاي تۇتۇپ ناماقۇل بولىدۇ، شۇنىڭ بىلەن ئوتتۇرىدىكى ئاداۋەت يۇيۇلۇپ كېتىدۇ. بۇرۇن بەزى يەرلەردە ئاداۋەتلەشكەنلەردىن بىرى ئۆزلۈكىدىن يەنە بىر تەرەپنى ئاشپۇزۇلغا چىللاپ چاي تۇتۇش يولى بىلەن ئاداۋەتنى تۈگىتىدىغان؛ بەزى يەرلەردە بولسا بىر تەرەپ يەنە بىر تەرەپكە چىلىم تۇتۇش يولى بىلەن ئاداۋەتنى يۇيىدىغان ئەھۋال بولغانىدى.

ھېيت ـ ئايەم، ئۆلۈم ـ يىتىم ۋاقىتلىرىدا ئاداۋەت تۇتۇشقانلار بىر ـ بىرىنىڭ ئۆيىگە پەتىگە بېرىش، شۇنداقلا بىر ـ بىرىنىڭ كېسىلىنى يوقلاش ئارقىلىق ئاداۋەتنى يۇيىدۇ. ئاداۋەت تۇتۇشقانلارنىڭ بىرىنىڭ ئائىلىسى بىرەر كېلىشمەسلىككە يولۇققان بولسا، يەنە بىر تەرەپ شۇ ئائىلىگە كۆڭۈل سوراپ بېرىش يولى بىلەن ئوتتۇرىدىكى ئاداۋەتنى يۇيۇش ئۇيغۇر دولانلىرىنىڭ ئەڭ ياخشى خىسلەتلىرىنىڭ بىرى.

## چوڭلارنى ھۆرمەتلەش

ئۇيغۇرلارنىڭ قائىدە ـ يوسۇنلىرى ئىچىدە چوڭلارنى ھۆرمەتلەش ئالاھىدە خاراكتېرلىك. بۇنىڭ ئىپادىلىرى كۆپ تەرەپتە كۆرۈلىدۇ.

1. ياشانغان ئادەملەرنى كۆرگەندە ئوڭ قولنى كۆكسىگە ئېلىپ «ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم» دەپ سالام بېرىدۇ. چوڭلار بولسا «ۋەئەلەيكۇم ئەسسالام» دەپ جاۋاب قايتۇرىدۇ. سالام ۋە جاۋاب بەجا كەلتۈرۈلۈپ بولغاندىن كېيىن، ئىككى قول بىلەن قول ئېلىشىپ تىنچلىق - ئامانلىق سورىشىدۇ. بۇ ئادەت يالغۇز ئەرلەردىلا ئەمەس، خوتۇن - قىزلاردىمۇ بار. لېكىن، ئۇلار ئەرلەر بىلەن قول ئېلىشىپ كۆرۈشمەيدۇ. ياشانغان ئاياللار بىر - بىرى بىلەن مەڭزىنى مەڭزىگە يېقىپ كۆرۈشىدۇ. ياش قىزلار ياكى چوكانلار ئۆزىدىن چوڭ ئەرلەرنى ياكى ئاياللارنى كۆرسە «ئەسسالام» سۆزىنى ئىشلىتىپ، ئازراق ئېگىلىپ تەزىم قىلىدۇ. ياشلارنىڭ ياشانغان ئادەملەرگە «ياخشىمۇسىز» دەپ بىر قول بىلەن قول ئېلىشىپ كۆرۈشۈشى چوڭلارنى ھۆرمەتلەش ئادىتىگە ئۇيغۇن ئەمەس.

2. ياشانغان ئادەملەر ئىسمىنىڭ ئاخىرىغا «دادا، تاغا، ئاكا، ئانا، ھاما، ئاچا» دېگەندەك ھۆرمەت سۆزلىرىنى قوشۇپ چاقىرىش ئەڭ ياخشى ئادىتىمىزدۇر. بىۋاسىتە ئىسمىنى ئاتاپ چاقىرىش تولىمۇ ھۆرمەتسىزلىك ھېسابلىنىدۇ.

3. تاماق ۋاقتىدا تاماقنىڭ ئالدى چوڭلارغا بېرىلىدۇ. تاماقنىڭ ئالدىنى تالىشىش تولىمۇ ئەدەپسىزلىك بولىدۇ.

4. ياشانغان ئادەم ئۆيگە كىرىپ كەلسە، ئۆيدە ئولتۇرغانلار ئورۇنلىرىدىن تۇرۇشۇپ ئۆز ھۆرمىتىنى بىلدۈرۈش، ئورۇن بوشىتىپ ئۇنىڭغا تۆرنى بېرىشمۇ ياخشى ئادەتلىرىمىز جۈملىسىگە كىرىدۇ.

5. ياشانغان ئادەملەرنىڭ ئالدىدىن ئۆتۈشمۇ ھۆرمەتسىزلىك بولىدۇ، شۇڭلاشقا ئارقىدىن ئۆتۈلىدۇ. ناۋادا ئىلاجىسىز ئالدىدىن ئۆتۈشكە توغرا كېلىپ قالسا «ئالدىلىرىدىن ئۆتۈپ قويدۇم» دەپ ئەپۇ سورىلىدۇ. بىر سورۇندا ئولتۇرغانلار ئىچىدە ياشانغانلارغا ئارقىسىنى قىلىپ ئولتۇرۇش بۇمۇ ئەيىب ئىشلار ھېسابلىنىدۇ. نائىلاج ئارقىنى قىلىپ ئولتۇرۇشقا توغرا كېلىپ قالغاندا «ئارقام بولۇپ قالدى» دەپ ئەپۇ سورىلىدۇ. ياشانغان ئادەملەرنىڭ ئالدىدىن ئات - ئۇلاغ ياكى ۋېلسىپىت مىنىپ سالام-سەھەتسىز ئۆتۈشمۇ چوڭلارغا نىسبەتەن ھۆرمەتسىزلىك بولىدۇ. ئات-

ئۇلاغ، ۋېلىسىپىتتىن چۈشۈپ، چوڭلارغا سالام بېرىپ ئۆتۈش ئۇيغۇر دولانلىرىدىكى ئەڭ ياخشى ئادەتلەر جۈملىسىدىندۇر. ياشلار بىر يەردە توپلىشىپ ئولتۇرغاندا، ئۇلارنىڭ ئالدىدىن بىرەر ياشانغان ئادەم ئۆتۈپ قالسا، ئولتۇرغانلار ئورۇنلىرىدىن تۇرۇشۇپ سالام بېرىپ ھۆرمىتىنى بىلدۈرۈش بۇمۇ ياخشى ئادەتلەردىندۇر.

6. توپلىشىپ بىر ئۆيگە كىرگەندە ياكى يول يۈرگەندە چوڭلارغا يول بېرىدۇ. ئۇلاردىن يول تالىشىش ئەيىب ئىشلاردىن بولۇپ سانىلىدۇ. ئۆيگە ئالدىدا كىرىۋېلىش ياكى يولدا چوڭلارنىڭ ئالدىغا ئۆتۈۋېلىش چوڭلارغا نىسبەتەن ھۆرمەتسىزلىك بولىدۇ.

7. ياشانغان ئادەملەرنىڭ ئالدىدا پۇتىنى مىنگەشتۈرۈپ ياكى ئۇزۇن سۇنۇپ ئولتۇرۇشمۇ ئەدەپسىزلىك بولىدۇ.

8. ياشانغان ئادەملەر بىلەن يۈزتۇرا تۇرۇپ سۆزلەشكەندە قولنى يانچۇقىغا سېلىپ تۇرۇپ ياكى قولنى ئارقىغا قىلىپ تۇرۇپ ۋە ياكى پۇتىنى ئوينىتىپ تۇرۇپ سۆزلىشىش ئىنتايىن ھۆرمەتسىزلىك بولىدۇ، شۇنداقلا چوڭلار بىلەن سۆزلەشكەندە قولنى شىلتىپ تۇرۇپ سۆزلەشمۇ ئەيىب ئىشلاردىن بولۇپ سانىلىدۇ.

9. بىرەر ياشانغان ئادەم ئىش قىلىۋاتقان بولسا (ئاساسەن جىسمانىي ئەمگەك)، ئۇنى كۆرگەن ياشنىڭ ئۇنىڭ قولىدىن قورالنى ئېلىپ ئىشلەپ بېرىشى ئۇيغۇر دولانلىرىدىكى ئېسىل ئەخلاقتۇر.

10 ئاتا ـ ئانا، ئۇستاز ياكى ياشانغان ئادەملەرنىڭ ئالدىدا تاماكا چېكىش ۋە باشقا كەيپىي قىلىش قاتتىق ھۆرمەتسىزلىك بولىدۇ. بەزىلەر تاماكا چېكىۋاتقان بولسا، چوڭلارنى كۆرگەن ھامان دەرھال يوشۇرىدۇ، بۇ ئىنتايىن ياخشى ئەھۋال.

11. بىرەر ھۆرمەتلىك كىشىنىڭ ئالدىغا بىرەر ئىش بىلەن كىرگەندە كىيىم ـ كېچەكنى راۋرۇس كىيىپ كىرىش ياخشى ئادەتلەردىندۇر. چاپاننىڭ تۈگمىلىرىنى ئەتمەي، چاپاننىڭ يېڭىنى ساپماي كىرىش ياكى ئىچ كىيىم بىلەن كىرىش ھۆرمەتسىزلىك بولىدۇ.

12. بىرەر سورۇندا ياكى چوڭ كىشىلەرنىڭ يېنىدا گالنى قىرىپ تۈكۈرۈش، مىشقىرىش قاتتىق ئەدەپسىزلىك بولىدۇ. ناۋادا تۈكۈرۈشكە

ياكى مىشقىرىشقا توغرا كەلسە، چەترەك خالىي جايغا ئۆتۈپ باشقىلارغا سەزدۈرمەي ئىشنى بىر تەرەپ قىلىش كېرەك.

13. چوڭلار بىلەن سۆھبەتتە بولغاندا چوڭلارنىڭ سۆزىگە لوقما سېلىش ياكى دىققىتىنى باشقا ياققا بۇراپ ئېتىبارسىز مۇئامىلە قىلىشمۇ ئەدەپسىزلىك سانىلىدۇ.

## سالاملىشىش ئادەتلىرى

ئۇرۇق - تۇغقان، ئەل - ئاغىنە، يۇرتداشلار - قېرىنداشلار ئۆزئارا ئۇچراشقاندا، شۇنداقلا ياش قۇرامى ئۆزىدىن چوڭ بولغان تونۇش ياكى ناتونۇش ئاقساقاللارغا يولۇققاندا سالاملىشىش ھەممە خەلقلەرگە ئورتاق بولغان بىر خىل ئەنئەنىۋى مەدەنىيەت ھادىسىسى ھېسابلىنىدۇ. ئەمما، سالاملىشىشنىڭ شەكلى، قائىدە - يوسۇنلىرى ھەرقايسى مىللەتلەر ئارىسىدا پەرقلىق بولىدۇ.

سالاملىشىش — ئەدەپ - ئەخلاقنىڭ مۇھىم بىر مەزمۇنى. شۇڭلاشقا، ئۇيغۇرلار سالام - سەھەتكە يۈكسەك ئېتىبار بىلەن قارايدۇ. ھەرقانداق ئاتا - ئانا ئۆز پەرزەنتلىرىگە ئادەتتە تىلى چىققاندىن باشلاپ سالاملىشىشنىڭ قائىدە - يوسۇنلىرىنى ئۆگىتىشنى ئادەت قىلغان. چۈنكى، سالام - سەھەتنى بىلمەيدىغان ياكى ئۇنىڭغا ئېتىبارسىز قارايدىغانلارنى جامائەت بىردەك ئەيىبلەشتىن تاشقىرى، ئۇنى ياخشى تەربىيەلىمىگەن ئاتا - ئانىسىنىمۇ ئەيىبلەيدۇ. قىسقىسى، ئۇيغۇرلار ئۆزئارا سالاملىششقا ئەخلاق مىزانى سۈپىتىدە مۇئامىلە قىلىدۇ.

ئۇيغۇرلارنىڭ ئەنئەنىۋى سالاملىشىش ئادىتى ئەر - ئاياللاردا ئوخشاش بولمايدۇ.

1. ئەرلەر ئارىسىدىكى سالاملىشىش

ئۇيغۇر ئەرلىرىنىڭ بىرقەدەر قەدىمكى ئەنئەنىۋى سالاملىشىش قائىدىسىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا، سالاملىشىش ھاجىتى تۇغۇلغاندا ئۆزئارا قول ئېلىشىپ كۆرۈشۈش ئادىتى يوق (لېكىن، مۇتلەق ئەمەس). ئەكسىچە، سالام بەرگۈچى A تەرەپ ئوڭ قولىنى سول كۆكسىگە ئېلىپ، ھۆرمەت ۋە ئېھتىرام تۇيغۇسى بىلەن باشنى ۋە بەلنى مۇۋاپىق دەرىجىدە

ئېگىپ «ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم» دېيىش، سالام قوبۇل قىلغۇچى B تەرەپمۇ يۇقىرىقى شەكىل بىلەن «ۋەئەلەيكۇم ئەسسالام» دەپ سالامغا جاۋاب قايتۇرۇشقا ئادەتلەنگەن.

ئۇيغۇرلاردا ئالدى بىلەن ياش قۇرامى كىچىكلەرنىڭ ئۆزىدىن ياش قۇرامى چوڭلارغا سالام بېرىشى شەرت قىلىنغان.

جامائەت توپلاشقان ئاممىۋى سورۇننىڭ ئالدىدىن بىرەر ئۇلاغلىق (ئات ياكى ئېشەك مىنگەن) كىشى ئۆتۈشكە توغرا كەلسە، جامائەتنى تونۇش ياكى تونۇماسلىقىدىن قەتئىينەزەر، ئۇ كىشى مىنگەن ئېتى ياكى ئېشىكىدىن چۈشۈپ جامائەتكە سالام بېرىپ، ئۇلارنىڭ ئالدىدىن ئۆتۈپ كەتكەندىن كېيىن، ئۇلاغقا قايتا مىنىپ سەپىرىنى داۋاملاشتۇرىدۇ.
ئۇيغۇرلاردا بىرەر كىشىنىڭ ۋاپات بولغانلىق خەۋىرىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، ئۆلگۈچىنى تونۇش - تونۇماسلىقىدىن قەتئىينەزەر، مۇسىبەت بولغان ئۆيگە بېرىپ پەتە قىلىپ هال سوراش ئادىتى بار. هال سوراپ بارغۇچى كىشىنى ئۆلۈم ئىگىلىرى (هازىدارلار) ئىشىك ئالدىدا ياكى ئۆيىدە كۈتۈۋالىدۇ. ئۆلۈم پەتىسىگە بارغۇچى كىشى هازىدارلار بىلەن مۇسىبەت تۇيغۇسى ئىچىدە بىر - بىرلەپ قول ئېلىشىپ (هازىرقى زامان سالاملىرىدەك بىر قولىنى ئەمەس، بەلكى هەر ئىككى تەرەپ ئىككى قولىنى ئۇزىتىپ ئۆزئارا قوللىرىنىڭ ئۇچىنى ئاستا قىسىپ قويۇش) كۆرۈشكەندىن كېيىن، قولىنى ئاجرىتىپ، هەر ئىككى تەرەپ ئۆز ئېڭەكلىرىنى ياكى ساقاللىرىنى يەڭگىل سىيپاپ قويىدۇ. شۇ يوسۇندا هازىدارلارنىڭ هەممىسى بىلەن سالاملىشىپ بولغاندىن كېيىن دۇئا - تەكبىر قىلىدۇ.

توي - تۆكۈنگە بارغاندىمۇ توي ئىگىلىرى بىلەن يۇقىرىقى قائىدە بويىچە قول ئېلىشىپ كۆرۈشۈپ چىقىدۇ. مەلۇم ۋاقىت كۆرۈشۈش پۇرسىتى بولمىغان يېقىن تۇغقانلار ياكى ئەل - ئاغىنىلەر ئۇچراشقاندا چوڭقۇر سېغىنىشنىڭ ئىپادىسى سۈپىتىدە قول ئېلىشىپ كۆرۈشكەندىن باشقا، ئۆزئارا قۇچاقلىشىپ تەبئىي ۋە يەڭگىل هالدا مەڭزىنى مەڭزىگە تەگكۈزۈپ سالاملىشىدىغان ئادەتمۇ بار. تۇغقانلار ۋە يېقىن كىشىلەر يىراق جايلارغا سەپەرگە چىقىشقا توغرا كەلگەندە ياكى سەپەردىن

قايتىپ كەلگەندە كۆچلۈك سېغىنىش ھېسسىياتلىرىنى يوقىرىقىدەك قۇچاقلىشىپ سالاملىشىش ئارقىلىق ئىپادىلەيدۇ.

2. ئاياللار ئارىسىدىكى سالاملىشىش

ئۇيغۇر ئاياللىرىنىڭ ئەنئەنىۋى سالاملىشىش ئادىتىدە ئومۇمەن قول ئېلىشىپ كۆرۈشۈش ئادىتى يوق. ئاياللار ئۆزئارا ئۇچراشقاندا ئالدى بىلەن ئىككى قولىنىڭ پەنجىسىنى كۆكرەك ئۈستىدىن ئالماشتۇرۇپ، بېشىنى ۋە بېلىنى يەڭگىل ئېگىپ، ھۆرمەت تۇيغۇسى بىلەن «ئەسسالام» دەپ سالام بىلدۈرۈپ بولغاندىن كېيىن، ئۆزئارا قۇچاقلىشىپ بىر - بىرىنىڭ سول مەڭزىگە ياكى ئۆزىدىن كىچىك قىزلار بولسا پېشانىسىگە ئاستا سۆيۈپ قويۇش سالاملىشىشنىڭ ئىپادىسى ھېسابلىنىدۇ، ئۇنىڭدىن كېيىن ئۆزئارا ھال - ئەھۋال سورىشىدۇ.

ئىسلام دىنىدا بالاغەت يېشىغا يەتكەن ئايال جىنسلىقلارنىڭ ئەر جىنسلىقلارغا يۈزىنى كۆرستىشى «نامەھرەملىك» دېيىلىپ مەنئىي قىلىنغاچقا، ئۇيغۇر ئاياللىرى يېقىن ئۇرۇق - تۇغقان ۋە بىر ئائىلىدىكى ئەر كىشىلەردىن باشقا ئەرلەر بىلەن سالاملاشمايدۇ. قىزلار بىر ئائىلىگە كېلىن بولۇپ كىرگەندىن باشلاپ ھەر كۈنى سەھەردە ئورنىدىن تۇرۇپ ھويلا - ئارامنى سۈپۈرۈپ، يۈز - قوللىرىنى يۇيۇپ بولغاندىن كېيىن، قېيىنئانىسى ۋە قېيىنئاتىسىنىڭ ئالدىغا كىرىپ «ئەسسالام» دەپ سالام بەرگەندىن كېيىن، «سالامەت تۇردىلىمۇ؟» دەپ تىنچلىق - ئامانلىق سورايدۇ. قارشى تەرەپ سالامغا جاۋاب قايتۇرغاندىن كېيىن، كېلىن ھۆرمەت بىلەن ئارقىسىغا قايتىپ، ئۆزىنىڭ قىلىشقا تېگىشلىك ئىشلىرىنى بېجىرىدۇ.

ئۇيغۇرلارنىڭ ھېيت - بايراملاردا ئۆزئارا سالاملىشىشى بايرام خۇشاللىقىنىڭ بىر كونكرېت ئىپادىسى سۈپىتىدە تېخىمۇ ئەۋجىگە كۆتۈرۈلىدۇ. ھەتتا ھېيت - بايرام كۈنلىرىدە ئۆزئارا ئارازلىشىپ قالغان كىشىلەرمۇ ئۇچرىشىپ قالغاندا كۆرۈشۈپ سالاملىشىش پۇرسىتى ئارقىلىق كۆڭۈل ئارازلىقىنى كۆتۈرۈۋېتىدۇ.

ئۇيغۇر دولانلىرى ئۆيىگە ئەر - ئايال مېھمان چاقىرغاندا، ئومۇمەن ئەرلەر، ئاياللار بىر ئۆيدە كۈتۈلىدۇ، ئارىلاش ئولتۇرىدۇ. ئاياللار ئۆيگە

ئـاۋۋال كىرىـدۇ، تـۆردە ئولتۇرىـدۇ (دولان يۇرتلىرىـدا ئەر - ئايـاللار ئارىلاش بىر سورۇندا مەشرەپ ئۆتكۈزىدۇ). ئايـال مېھمـانلار جەم بولغـان ئـۆيگە يەنە يېڭـىدىن مېھمـان كىرسـە، ئۆيـدىكى ئايـاللار ھەممىـسى ئورنىدىن تۇرىدۇ ۋە يېڭى مېھمان ھەمـمە ئايـاللار بىلـەن بىـر - بىـرلەپ يۇقىرىقى سالامىلىشىش قائىدىسى بويىچە كۆرۈشۈپ چىققاندىن كېيىن ئۆز ئورنىدا ئولتۇرىدۇ.

### مېھماندوستلۇق

مېھماندوسـتلۇق ــ ئۇيغۇرلارنىـڭ ئەڭ ئېـسىل، ئەڭ ياخـشى ئەنئەنىـسى. قەشـقەردە ئۇيغـۇرلار مېھمانـدارچىلىق (ھەر خىـل چـاي، نەزىر- چىراغ، توي - تۆكـۈن) لارنىـڭ ھەممىـسىنى تۆۋەنـدىكى تەرتىـپ بويىچە ئېلىپ بارىدۇ: ئۇلارنىڭ ئۆيىگە مېھمان كېلىپ قالسا ياكى ئۆزى بىرەر سەۋەب بىلەن مېھمان چاقىرماقچى بولـسا، ئىمكانىيەتنىـڭ بارىچە قولۇم - قوشنا، مەھەللىدىكىلەرنىمۇ ئۇنىڭغا قوشۇپ چاقىرىدۇ. ئۇلار بىر مـال سـويۇلغان مېھمانـدارچىلىقنى «بىـر پىيـالە چـاي»، ئىككـى مـال سويۇلغان مېھماندارچىلىقنى «ئىككى پىيالە چاي» دەپمۇ ئاتايدۇ. ئۇلاردا مېھمـانلار «ئېسىل» يـاكى «پەس» دەپ ئايرىلمايـدۇ. مېھمانلارنىـڭ ئـورنى «تـۆر» يـاكى «پەگـاھ» دەپ ئايرىلمايـدۇ. مېھمـانلار كەلـگەن ۋاقىتنىـڭ ئىلگىـرى- كېيىـنلىكىگە قـاراپ ئـورۇن ئېلىـپ ئولتۇرۇۋېرىـدۇ. چاقىرىلمىغان كىشىلەر كېلىپ قالسا، ئۇلارمۇ مېھمان سۈپىتىدە ئوخشاش كۈتۈلىـدۇ. چايغـا سـويغان مالنىـڭ گۆشـىنى پۈتـۈن بـويىچە پىشۇرۇپ سورۇنغا ئېلىپ چىقىدۇ. «بۆكەل» (گۆش پارچىلىغۇچى) لىقنى ئۈستىگە ئالغان كىشى گۆشنى شۇ سـورۇندىكى ئادەملەرنىـڭ سانىغا قـاراپ (ئـۆي ئىگىـسى ۋە ئۇنىـڭ خوتـۇن، بالىچـاقىلىرىمۇ شـۇنىڭ ئىچىـدە) تەكـشى پارچىلايدۇ. مۇلازىملار پارچىلانغان گۆشـنى كاكچانـان ئۈسـتىگە ئېلىـپ، بىر تەرەپتىن مېھمانلارغا تارتىدۇ. مېھمانـدارچىلىققا تەييارلانغان غىزا ۋە نـازۇنېمەتلەرمۇ بىـر باشـتىن تارتىلىـدۇ. مېھماننىـڭ مەرتىۋىـسىنىڭ قانچىلىـك چوڭلۇقىـدىن، ئىززىتىنىـڭ قانچىلىـك ئەزىـز بولۇشـىدىن قەتئىينەزەر، باشقىلارغا ئوخشاش تۆمە ۋە مۇئامىلىدىن بەھرىمەن بولىدۇ.

گۆشىنىڭ چوڭ - كىچىكلىكىنى مېھماننىڭ ئەمىلىنىڭ چوڭ - كىچىكلىكىگە، ئىززەت - ئابرۇيىغا قاراپ پارچىلايدىغان، تائامنىمۇ شۇنىڭغا قاراپ تارتىدىغان خۇشامەت مېھماندارچىلىقنى ھەرگىز قىلمايدۇ. بۇ مېھماندارچىلىققا ئورۇنسىز سەۋەب كۆرسىتىپ، مەنسىتمەي كەلمەيدىغان، نېسىۋىسىنىڭ ئوخشاش بولۇپ قالغانلىقىدىن ئاغرىنىدىغانلار چىقمايدۇ. ئەكسىچە، ھەممە كىشىلەر بۇ خىل مېھماندارچىلىقتىن ئازادىلىك ۋە شاد - خۇراملىق تاپىدۇ[1].

ئۇيغۇرلار ئۆيگە مېھمان كەلسە «بەخت كېلىدۇ» دەپ قارايدۇ. قەشقەردە مېھماندوستلۇق نۇرغۇن جەھەتلەردىن ئالاھىدە ئىپادىلىنىدۇ:

1. ئۆيگە كەلگەن مېھماننىڭ ھۆرمىتى ئۈچۈن ئالاھىدە داستىخان سېلىنىدۇ. ئەقەللىيسى، قايناق سۇ، زاغرا بىلەن بولسىمۇ مېھمان قىلىنىدۇ. ئۇلارنىڭ مېھماندوستلۇقى ھېيت - ئايەملەردە ئالاھىدە گەۋدىلىك كۆرۈلىدۇ.

2. مېھمان ھۆرمەتكە سازاۋەر دەپ قارىلىپ، مېھمانغا چاي ياكى تاماق پەتنۇس بىلەن سۇنۇلىدۇ. نائىلاج بىر قول بىلەن بېرىشكە توغرا كېلىپ قالسا «بىر قولۇم بولۇپ قالدى، ئەپۇ قىلىسلا» دەپ ئۆزرە ئېيتىلىدۇ، شۇنداقلا مېھمان ياكى چوڭلارنىڭ قولىدىن بىرنەرسە ئالغاندىمۇ ئىككى قوللاپ ئېلىش بۇ ئومۇمىي ئادەت. مېھمانغا چاي قۇيغاندا ياكى باشقا نەرسە سۇنۇلغاندا ئوڭ قول ئىشلىتىلىدۇ، سول قولنى ئىشلىتىش مېھمانغا نىسبەتەن تولىمۇ ھۆرمەتسىزلىك بولىدۇ.

3. ئەر - خوتۇن دەرقەمتە تۇرۇپ مېھمان كۈتۈۋاتقاندا، ئۆي ئىگىسى بولغان ئايال ئەر مېھمانغا توغرىدىن - توغرا چاي ياكى تاماق سۇنمايدۇ، پەقەت ئېرى ئارقىلىق سۇنىدۇ.

4. مېھمانغا چاي قۇيۇلغان ياكى تاماق ئۇسۇلغان قاچىنىڭ پۇچۇق ياكى دەز كەتكەن بولۇپ قالماسلىقىغا ئالاھىدە دىققەت قىلىنىدۇ. ئەگەر دىققەتسىزلىكتىن دەز كەتكەن ياكى پۇچۇق قاچىدا چاي ياكى تاماق

---

[1] ئابدۇۋەلى ئابدۇللا: «دولانلىقلارنىڭ يېقىنغىچە ساقلىنىپ كەلگەن مەدەنىيەت ئەنئەنىلىرى»، «ئاۋات تارىخ ماتېرىياللىرى»، 4 - قىسىم، 249 - ، 250 - بەتلەر.

كەلتۈرۈپ قالغان بولسا، ئۆي ئىگىسى سەزگەن ھامان يەڭگۈشلىۋېتىدۇ ۋە مېھماندىن ئەپۇ سورايدۇ. مېھمانغا چاي قۇيغاندا پىيالىنى تولدۇرۇپ قۇيمايدۇ، چاينى پىيالىنىڭ ئوتتۇرىغا قۇيۇپ كۆپۈكلەشتۈرۈۋېتىش ناھايىتى ئەيىب بولىدۇ. شۇڭا، چاي پىيالىنىڭ يان تەرىپىگە قۇيۇلىدۇ. پىيالىدىكى كونا چاي ئۈستىگە يېڭى چاي قۇيۇلماستىن، كونا چاينى تۆكۈۋېتىپ چاينى يېڭىلايدۇ.

5. مېھمان كاڭلىق ـ سۇپىلىق ئۆيگە باشلانغان بولسا، مېھماننىڭ ئاستىغا كۆرپە سېلىنىدۇ.

6. ئۆيگە كەلگەن مېھمان ئىشىك ئالدىدا ياكى دەرۋازا سىرتىدا ئۈزىتىپ قويۇلىدۇ. ئىشىكتىن چىقماي ئۈزىتىپ قويۇش مېھمانغا نىسبەتەن ناھايىتى ھۆرمەتسىزلىك بولىدۇ.

7. بىراۋنىڭ ئۆيىگە ئۇلاغلىق مېھمان كەلسە، ئۆي ئىگىسى ئۆيىنىڭ سىرتىغا چىقىپ قارشى ئالغاندىن سىرت، مېھماننىڭ قولىدىن ئۇلاغنى ئېلىپ باغلايدۇ. مېھمان يانار ۋاقتىدا ئۆي ئىگىسى ئۇلاغنى يېشىپ كېلىپ، مېھماننىڭ قولتۇقىدىن يۆلەپ ئۇلاغقا مىندۈرۈپ قويىدۇ.

### داستىخان ئۈستىدە

كۆپ ھاللاردا توي ـ تۆكۈن، نەزىر ـ چىراغ قاتارلىق مەرىكىلەردە، مېھماندارچىلىقتا تونۇغان ـ تونۇمىغان، ياشانغان ۋە ياشلار بىلەن بىر داستىخاندا ئولتۇرۇپ قېلىشقا توغرا كېلىدۇ. بۇنداق چاغلاردا دىققەت قىلىشقا تېگىشلىك ئەدەپ ـ ئەخلاققا دائىر بىرمۇنچە قائىدە ـ يوسۇنلار بولىدۇ:

1. چوڭلار بىلەن بىر داستىخاندا ئولتۇرغاندا، تاماققا چوڭلار قول ئۇزاتمىغۇچە قول ئۇزىتىش تولىمۇ ئەدەپسىزلىك بولىدۇ. «قېنى، ئېلىپ بەرسىلە» دەپ چوڭلارنى تەكلىپ قىلىش گۈزەل ئەخلاقتۇر، شۇنداقلا ساھىبخانا تاماققا تەكلىپ قىلمىغۇچە تاماققا قول سۇنۇپ تاماق يېيىشكە باشلاش بۇمۇ ئەخلاقسىزلىق بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

2. باشقىلار بىلەن بىر داستىخاندا تاماق يېگەندە، ئۆز ئالدىنى قويۇپ، باشقىلارنىڭ ئالدىغا قول ئۇزىتىش بۇمۇ ئەدەپسىزلىك

ھېسابلىنىدۇ، شۇنداقلا قاچىدىكى تاماقنى ئىلەشتۈرۈپ قوچۇش تولىمۇ ئەدەپسىزلىك بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

3. تاماق ۋاقتىدا گەپدانلىق قىلىپ باشقىلارنىڭ كەيپىنى بۇزۇش ئەيىبلىك ئىشلاردىن بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

4. تاماقنى ئاشۇرۇپ قويۇش، تاماقنى پاكىز يېمەي، قاچىدا تاماق يۇقۇندىلىرىنى قالدۇرۇش بۇمۇ ناچار قىلىقلاردىندۇر. ئۇيغۇر دولانلىرىنىڭ ئەڭ ئېسىل ئادەتلىرىدىن بىرى يېمەك - ئىچمەكنى زايە قىلماسلىق، ئۇنى قەدىرلەش. شۇڭا، يەرگە چۈشۈپ كەتكەن ياكى داستىخانغا چېچىلىپ كەتكەن نان ئۇۋاقلىرىنى تېرىۋېلىپ ئاغزىغا سېلىۋالىدۇ.

5. داستىخان ئۈستىدە چۈشكۈرۈشكە، يۆتىلىشكە توغرا كەلگەندە، قولىنىڭ ئالقىنى بىلەن ئېغىز - بۇرۇننى توسۇۋېلىش بۇ ئەدەپنىڭ بەلگىسى، شۇنىڭدەك داستىخان ئۈستىدە ياكى بىراۋنىڭ يېنىدا مىشقىرىش، گېلىنى قىرىش ئەيىب ئىشلاردىن بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. بۇنىڭدىن باشقا، داستىخان ئۈستىدە چىش كولاش، قاتتىق كېكىرىشمۇ ئەيىب ئىشلاردىن بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. ئەگەر چىشنى كولاشقا توغرا كەلسە، ئاغزىنى ئالقان بىلەن توسۇپ تۇرۇپ كولايدۇ. داستىخان ئۈستىدە ۋە باشقىلار يېنىدا ئەسنەش، كېرىلىشمۇ ئەيىب ئىشلاردىن بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

6. داستىخان سېلىنىشتىن بۇرۇن ھەممە ئادەم قولىنى چايقايدۇ، شۇنداقلا چوڭ - كىچىك تەرەتتىن كېيىنمۇ قول يۇيىدۇ. قولنى يۇيۇپ بولغاندىن كېيىن، قول لۆڭگە بىلەن ئېرتىلىدۇ، قولنى سۈرتمەستىن قولنى سىلكىش ئەيىب ئىشلار بولۇپ سانىلىدۇ.

7. بىراۋ داستىخان ئۈستىگە كىرىپ كەلسە، ئۇنى «كەلسىلە»، «داستىخانغا كەلسىلە» دەپ داستىخانغا تەكلىپ قىلىشمۇ ئەڭ ياخشى ئەخلاق نەمۇنىلىرىنىڭ بىرىدۇر.

8. ياشانغانلار بىلەن بىر داستىخاندا ئولتۇرۇپ تاماق يېگەندە يالاڭباشتاق ئولتۇرۇش ئەدەپسىزلىك ئىشلاردىن بولۇپ ھېسابلىنىدۇ، شۇنداقلا نەزىر - چىراغ، ئۆلۈم - يېتىم مەرىكىلىرىگىمۇ يالاڭباشتاق

بىرىش ئەيىب ئىشلار جۈملىسىگە كىرىدۇ، بۇنى جامائەت ئەيىبلەيدۇ.
9. باشقىلار بىلەن بىر داستىخاندا ئولتۇرۇپ تاماق يېگەندە، داستىخان يىغىلماي تۇرۇپ (دۇئا قىلىنماي تۇرۇپ) ياكى باشقىلار تاماقنى يەپ بولماي تۇرۇپ داستىخاندىن تۇرۇپ كېتىش ناھايىتى ئەدەپسىزلىك بولىدۇ.

## 2. جامائەتچىلىك ئادىتى

جامائەت ئىشلىرىغا قىزغىن قاتنىشىش ئۇيغۇرلارنىڭ يەنە بىر ئېسىل ئەنئەنىسى. بۇ ئەنئەنىنى ئۇيغۇرلاردىكى ئۆملۈك قارىشىنىڭ ئىپادىسى دېيىشكە بولىدۇ. ئۇ گەۋدىلىك ھالدا ئىجتىمائىي ھەمكارلىق، ئىشلەپچىقىرىش، تۇرمۇش قاتارلىق ساھەلەردە ئىپادىلىنىدۇ.
1. ئىجتىمائىي ھەمكارلىق جەھەتتە: مەيلى يېزا ياكى شەھەردە بولسۇن، جامائەت ئىشىغا پايدىلىق ئىشلا بولسا، ئالايلۇق يول، كۆۋرۈك ياساش، ئېرىق - ئۆستەڭ قېزىش، ئاممىۋى سورۇنلارنى ياساش، يار-يۆلەكسىز تۇل خوتۇن، ئاجىز - ئورۇق، يېتىم - يېسىرلارنى يۆلەش، ئاپەتكە ئۇچرىغانلارنى قۇتقۇزۇش...... قاتارلىق ئىشلارنى ھەربىر جامائەت ساۋابلىق ئىش، «ئەلدىن - ئەلگە نەپ» دەپ قاراپ، ئۇنىڭغا جامىسىنىڭ يېتىشىچە قىزغىن قاتنىشىپ ئادەتلەنگەن. مۇنداق ھەمكارلىشىش ماددىي ۋە مەنىۋى جەھەتنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ: يول، كۆۋرۈك، ئېرىق - ئۆستەڭ ياساش ۋە ئاممىۋى سورۇن قۇرۇلۇشلىرىغا كۈچى بارلار كۈچ، كۈچى يوق، مېلى بارلار مال چىقىرىدۇ؛ باشقا نەرسىگە قۇدرىتى يەتمەيدىغانلار چاي قاينىتىپ، تاماق ئېتىپ بېرىش، يۈگۈر- يېتىمگە مېڭىش قاتارلىق ئىشلارنى قىلىش ئارقىلىق ئۆز ھەسسىسىنى قوشىدۇ. ئاپەتكە ئۇچرىغانلارغا پۈتۈن مەھەللە ھەرىكەتكە كېلىپ، جىددىي ماددىي قۇتقۇزۇش قىلىشتىن تاشقىرى، جامائەت بىر - بىرلەپ كېلىپ ھال سوراپ، كۆڭۈل ئېيتىپ تەسەللى بېرىدۇ؛ يوقسۇل، ئاجىز- ئورۇق، تۇل خوتۇن، يېتىم - يېسىرلارنى كونا - يېڭى كىيىم-كېچەك، ئاز - تولا ئوزۇق - تۈلۈك قاتارلىق نەرسىلەر بىلەن ئارىلاپ-

ئارىلاپ يوقلاپ ھالىدىن خەۋەر ئېلىپ تۇرىدۇ، بولۇپمۇ يىغىم- قىرقىمدىن كېيىن ئاز - تولا ئاشلىق، بىرەردىن يۈك - چۆپۈر بىلەن مەخسۇس يوقلايدۇ؛ قولۇم - قوشنىلىرى كۆندە دېگۈدەك بىرەر قاچا غىزا - تاماق سۇنۇپ تۇرىدۇ.

2. ئىشلەپچىقىرىش جەھەتتە: ئىشلەپچىقىرىش جەھەتتىكى ھەمكارلىق يېزا - قىشلاقلاردا كەڭ ئومۇملاشقان. مەلۇمكى، ئازادلىقتىن بۇرۇن مۇتلەق كۆپ ساندىكى دېھقانلار بىرەر پارچىدىن يەرگە تايىنىپ ياشايتتى. بەزىلەرنىڭ يېرى بولسا، بەزىلىرىنىڭ يېرى يوق، ئەمگەك كۈچى ئاز بولۇشتەك ئەھۋال ئومۇميۈزلۈك مەۋجۇت بولۇپ كەلگەن. ئۇنىڭ ئۈستىگە دېھقانچىلىق پەسىل - ۋاقىت خاراكتېرى كۈچلۈك، ئەمگەك سىجىللىقى بىرقەدەر قاتتىق بولۇپ، ۋاقىت - پەيت ئۆتۈپ كەتسە مەھسۇلاتقا بىۋاستە تەسىر يېتىدۇ. بۇ ھال دېھقانلار ئىچىدە تەدرىجىي ئىستىخىيەلىك ھەمكارلىشىش ئادىتىنى شەكىللەندۈرگەن. شۇنىڭ بىلەن تېرىم - يىغىم، قىرقىم، ئوت ئورۇش ۋاقىتلىرىدا ھەمكارلىقنى كەڭ جارى قىلدۇرۇش تەدرىجىي ئىجتىمائىي ئادەتكە ئايلانغان. بۇ خىلدىكى ھەمكارلىشىش شەكلى لاپقۇتلىشىش دەپ ئاتىلىدۇ. لاپقۇتلىشىش ئەمگەك كۈچى بويىچە ياكى ئەمگەك كۈچىگە ئىشلەپچىقىرىش قوراللىرىنى نىسبەتلەشتۈرۈش ياكى ئىشلەپچىقىرىش قوراللىرى بويىچە ھەقسىز نۆۋەتلىشىپ ئالماشتۇرۇش شەكىللىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ئەجدادلىرىمىز بۇ جەھەتتىكى تەجرىبە - ساۋاقلىرىنى يەكۈنلەپ، بىرگە «پەيت كەتسە بەرىكەت قاچار»، «كۆندىن قالغان يىلدىن قالار»، «ئەتىگەن قالغان ئىشنى قارباسار» دېگەن ماقالنى قالدۇرۇپ كەتكەن. ئازادلىقتىن كېيىن خۇسۇسىي مۈلۈكچىلىككە خاتىمە بېرىلگەندىن باشلاپ كەڭ يېزا - قىشلاقلاردا كوللېكتىپ ئىشلەپچىقىرىشنىڭ يولغا قويۇلۇشىغا ئەگىشىپ لاپقۇتلىشىش شەكلىدىكى ھەمكارلىشىشنى كوللېكتىپ ھەمكارلىشىش ئالدى. بۇ كىشىلەردە يېڭىچە ئۆملۈك قارىشى، كوللېكتىپ قارىشىنىڭ يېتىلىشىگە ماددىي، مەنىۋى ئاساس يارىتىپ بەردى. ھازىر ئۇنداق ھەمكارلىشىش ئادىتى يېڭى مەزمۇن بىلەن بېيىپ، يەنىلا ھەر خىل شەكىلدە داۋاملاشماقتا.

مەلۇمكى، ئۆي سېلىش ئەر ئۆمرىدە بىر قېتىم بولىدىغان، ھەتتا بەزىلەرگە نېسىپ بولمايدىغان، جۇملىدىن كۆپ ئەمگەك كۈچى تەلەپ قىلىنىدىغان مۇشكۈل ئىشلاردىن. شۇ سەۋەبتىن، يېزىلاردا ئۆي سېلىش بويىچىمۇ ھەقسىز ھەمكارلىششى ئادىتى كەڭ ئومۇملاشقان؛ ئۆي سالغۇچى تەييارلىغانلىرىنى ئاساسىي جەھەتتىن پۈتكۈرۈپ بولغاندىن كېيىن، قازان ئېسىپ، داستىخان ھازىرلاپ، قولۇم - قوشنا، ئۇرۇق-تۇغقان، دوست - يارەنلىرىنى تەكلىپ قىلىپ مەسلىھەت سالىدۇ. كۆپچىلىك داستىخان ئۈستىدىلا ئۆينى قانداق سېلىش، قايسى كۈنى تۇتۇش قىلىش ئۈستىدە پىكىرلىشىپ بىرلىككە كېلىشىدۇ ۋە بەلگىلەنگەن كۈندە ھەممە بىر ۋاقىتتا يىتىپ كېلىپ، قولمۇقول تۇتۇش قىلىپ، بىر - ئىككى كۈندە ئۆينى پۈتكۈزۈپ، كۆچۈپ كىرگۈدەك قىلىپ بېرىپ قايتىدۇ.

ئىقتىسادىي ۋە سالامەتلىك ئەھۋالى ناچار ھەم ياقا يۇرتلاردىن مۇساپىر بولۇپ كېلىپ، قولىنىڭ قىسقىلىقىدىن ئۆيدىن قىينىلىۋاتقانلار كۆرۈلسە، پۈتۈن مەھەللە تەڭ ھەرىكەتكە كېلىپ، ئۇنداقلارغا ئۆي سېلىپ بەرگەندىن تاشقىرى، بىرەر قۇر ئۆي بىساتىمۇ قىلىپ بېرىدۇ.

3. تۇرمۇش جەھەتتە: تۇرمۇش جەھەتتىكى ھەمكارلىشىشنىڭ دائىرىسى كەڭ، شەكلى كۆپ بولۇپ، توي - تۆكۈن، ئۆلۈم - يېتىم، قوشنىدارچىلىق، يۇرتداشلىق قاتارلىق جەھەتلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

توي - تۆكۈن جەھەتتە: توي ئادەم ئۆمرىدىكى چوڭ خۇشاللىق ئىش بولغانلىقى ئۈچۈن، ئەجدادلار بۇ خۇشاللىققا ئورتاقلىششنى ئادەت قىلغان. شۇنىڭ ئۈچۈن، يۇرت - مەھەللىدە توي بولسا، ئۇنىڭدىن خەۋەر تاپقانلار، بولۇپمۇ قولۇم - قوشنا، ئۇرۇق - تۇغقان، دوست-يارەنلەر ئۆزلۈكىدىن كېلىپ «مۇبارەك بولسۇن، ياخشى ئىشقا قويۇپسىلەر، بىزگە نېمە خىزمەت بار» دەپ ئىش تەلەپ قىلىدۇ. قازان-قومۇچ، قاچا - قۇچا، مەرىكە نازۇنېمەتلىرىنى ھازىرلاش، مېھمان كۈتۈش - ئۇزىتىش، قولغا سۇ ئېلىش، چاي قۇيۇش، چاي قاينىتىش...... بويىچە ئىش تەقسىم قىلىۋېلىشىپ، تا مەرىكە ئاخىرلاشقۇچە خالىسانە ياردەملىشىدۇ. ئايال قولۇم - قوشنا، ئۇرۇق-

تۇغقانلار مەرىكە ھازىرلىقى باشلانغان كۈندىن باشلاپ ھەر كۈنى دېگۈدەك شۇ ئۆيدە بولۇپ، مەرىكە ئىشىنىڭ سەۋزىسىنى قەلەمچە قىلىش قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بارلىق تەييارلىق ئىشىغا يېقىندىن ياردەملىشىدۇ. ئايال مېھمانلارنى كۈتۈش - ئۇزىتىش، چىنە - قاچىلارنى يۇيۇش - تازىلاش، مەرىكە سورۇنىنى يىغىشتۇرۇش قاتارلىق ئىشلارغىچە شۇلار مەسئۇل بولىدۇ.

ئىقتىسادىي قىيىنچىلىق تۈپەيلى ئۇزاققىچە ئۆي - ئوچاقلىق بولالمىغان يوقسۇل، يېتىم - يېسىرلارنى جامائەت يىغىش قىلىپ ئۆيلەپ قويىدۇ.

مەلۇمكى، «ئۆلۈمدىن قاتتىق ئىش يوق»، شۇڭىدەك بەزى ئۆلۈم تۇيۇقسىز يۈز بېرىدۇ. تەبىئىيكى، بۇ ھال كىشىلەر قەلبىدە بىر خىل قايغۇ ۋە ئۆلۈم ئىگىسىگە بولغان ھېسداشلىق تۇيغۇسىنى ئويغىتىدۇ. ئۇيغۇرلاردىكى بۇنداق پىسخىكىلىق ھالەت ھازىرنىڭ قايغۇسىغا ئورتاقلىشىپ، ئۆلارغا كۆڭۈل ئېيتىپ تەسەللى بېرىش، ھەر جەھەتتىن ھەمدەم بولۇش ئادىتىنى شەكىللەندۈرگەن. شۇنىڭ ئۈچۈن، مەھەللىدە بىرەر كىشىنىڭ ۋاپات بولغانلىقىدىن خەۋەر تاپقانلار مەرھۇم ۋە ئۇنىڭ ئائىلە تەۋەلىرى بىلەن تونۇشلۇقى بولۇش - بولماسلىقىدىن قەتئىينەزەر، ھەرقانداق ۋاقىتتا، ھەرقانداق مۇھىم ئىش بولۇشىغا قارىماي كوللېكتىپ ياكى يەككە ھالدا مۇسىبەت بولغان ئۆيگە بېرىپ پەتە ئوقۇيدۇ ۋە دەپنە مۇراسىمىغا قاتنىشىدۇ. قولۇم - قوشنا، ئۇرۇق - تۇغقان، دوست - يارەنلىرى ئۈچ كۈنگىچە، بەزىلىرى يەتتە كۈنگىچە شۇ ئۆيدە تەڭ قارىلىق تۇتۇپ ھەمراھ بولىدۇ. يۇرت - جامائەت ئەھلى ئىسسىقلىق بېرىپ، تەسەللى بېرىپ ھال سوراپ تۇرىدۇ، نەزىر - چىراغ ئىشىغا خۇددى توي ئىشىغا ياردەملەشكەندەك خالىس ياردەملىشىدۇ.

بالىچاقىسى يوق ياكى ئىگىدارچىلىق قىلىدىغان ئادىمى يوق مۇساپىر ۋە يېتىم - يېسىرلار تۈگەپ كەتكەن تەقدىردە، ئۇ «خالىس ئۆلۈم» ھېسابلىنىپ، يۇيۇپ - تاراپ دەپنە قىلىش ئىشلىرىغا قەدەر جامائەت مەسئۇل بولىدۇ.

4. ئۆتنە - يېرىم قىلىش جەھەتتە: ئۆتنە - يېرىم قىلىشمۇ

ئۇيغۇرلاردىكى ئىجتىمائىي ھەمكارلىقنىڭ بىر شەكلى بولۇپ، كۈندىلىك تۇرمۇش بۇيۇملىرى، ئىشلەپچىقىرىش بۇيۇملىرى ۋە ئىقتىسادىي جەھەتتە ئۆتنە ـ يېرىم قىلىشنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ:

تۇرمۇش بۇيۇملىرى جەھەتتە: بۇ ئاساسەن ئۇن، گۈرۈچ، گۆش، ماي، نان، چاي، قەنت ـ شېكەر، كۆكتات، تۇز، ئاچچىقسۇ قاتارلىق كۈندىلىك تۇرمۇش بۇيۇملىرى بويىچە پەقەت قولۇم ـ قوشنىلار ئارا ئېلىپ بېرىلىدۇ.

مەلۇمكى، ھەممە ئادەمنىڭ ھەممىلا ۋاقىتتا توققۇزى تەل بولۇۋەرمىگەندەك، بىر ئۆيدىمۇ تۇرمۇش بۇيۇملىرىنىڭ بىرەر تۈرىنىڭ ئۆكسۈپ قالىدىغان ۋاقىتلىرىمۇ بولىدۇ. دەل شۇنداق پەيتلەردە كۈتۈلمىگەن شۇنداق بۇيۇمغا جىددىي ئېھتىياج تۇغۇلۇپ قالىدۇ ـ دە، قولۇم ـ قوشنىلاردىن سوراشقا توغرا كېلىدۇ. ئەسلىي قائىدە بويىچە مۇشۇنداق قىلىنغان ئۆتنە ـ يېرىم ئەتىسىلا ئەسلىي مىقدارى بويىچە قايتۇرۇلۇشى شەرت، چۈنكى ئۇنىڭ مىقدارى ئاز ۋە ئۇنىڭغا ئېھتىياجلىق قوشنىلار دائىم تۇغۇلۇپ تۇرىدىغانلىقى ئۈچۈن، كۆپىنچە ھاللاردا قوشنىلار قايتۇرۇپ ئېلىشنى رەت قىلىدۇ.

ئىشلەپچىقىرىش بۇيۇملىرى جەھەتتە: بۇ جەھەتتىكى ئۆتنە ـ يېرىم قىلىشنىڭ دائىرىسى كەڭ. ئىشقىلىپ، ئىشلەپچىقىرىشقا كېرەكلىك ئارغامچا ـ توقۇناقچە ئۆتنە ـ يېرىم قىلىنىدۇ. بۇزۇلۇپ، يوقىلىپ كەتسە تۆلەپ بېرىلىدۇ.

ئىقتىسادىي جەھەتتە: بۇ جەھەتتىكى ئۆتنە ـ يېرىم ئاشلىق، چارۋا مال، پۇل ـ ئېرىغ مال، ئاياللار زىننەت بۇيۇملىرى (تويلۇق زۆرۈرىيىتى بىلەن)، كىيىم ـ كېچەك، ئۆي بىساتى قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ئىقتىسادىي ئۆتنە ـ يېرىم ئادەتتە توختام تۈزۈش ياكى بىر ـ ئىككى ئادەمنىڭ شاھىتلىقى ئاساسىدا ئېلىپ بېرىلىدۇ. ۋاقتى كەلگەندە ئەينەن قايتۇرۇلىدۇ. يېقىن ئۆتىدىغان جان دوستلار ئارا ئىقتىسادىي ئۆتنە ـ يېرىمدا ھېچقانداق شەرت قويۇلمايدۇ. چۈنكى، مۇنداق دوستلار ئارا مال ـ دۇنيا دوست تۇتۇلمايدۇ. ۋاقتى كەلگەندە بىرىنىڭ قىلغىنىغا جاۋابەن بىرى ئۇنىڭدىن ئاشۇرۇپ قايتۇرىدۇ.

مەيلى قايسى خىلدىكى ئۆتنە ـ يېرىم سوراش بولسۇن، تاسادىپىي، كۆتۈلمىگەن، جىددىي ئېھتىياج ئارقىسىدا تۇغۇلغاچقا، سورىغۇچى قارشى تەرەپكە مىڭبىر تەسلىكتە ئېغىز ئېچىشقا مەجبۇر بولىدۇ. شۇڭا، ئۇيغۇرلاردا ئۆتنە ـ يېرىم سوراش ئەيىب ئېلىنمايدۇ. مۇمكىنچىلىك بولسىلا قارشى تەرەپنىڭ تەلىپى قاندۇرۇلىدۇ. «بەرگەن باتۇر ئەمەس، سورىغان باتۇر» دېگەن ماقال ئاشۇ ئادەت ـ ئەنئەنە ئاساسىدا مەيدانغا چىققان.

بەش بارماق ئوخشاش بولمىغىنىدەك، ئۆتنە ـ يېرىمغا قېرىق ئادەم، ئائىلىلەرمۇ بار. ئۇنداق ئادەم، ئائىلىلەر «ئېلىشتا مۇلايىم، بېرىشتە نېمە كارىم»، «ئالسام، بەرمىسەم»نىڭ كويىدىلا بولىدۇ. مۇنداق ئادەملەر ئادەتتىكى ئۆتنە ـ يېرىمدىن باشقا ئىشلاردىمۇ «ئېشىكىم كۆۋرۈكتىن ئۆتتۈۋالغۇچە» پوزىتسىيەسىدە بولغاچ، ئۇلارنىڭ قولۇم ـ قوشنا ۋە يۇرت ـ جامائەت ئالدىدا قىلچە ئىناۋىتى بولمايدۇ. مۇنداق ئادەملەرنىڭ ئوبرازى «ياغاچ قازاندا بىر قېتىملا ئاش پىشىدۇ» دېگەن ماقالدا ناھايىتى جانلىق سۈرەتلەنگەن[①].

### مېھمان ئۈزىتىش قائىدە ـ تەرتىپلىرى

ئۇيغۇرلاردا يېمەك ـ ئىچمەك قۇرۇلمىسى ۋە يېمەك ـ ئىچمەك ئادىتىگە مۇناسىپ ئۆزىگە خاس مېھمان ئۈزىتىش قائىدە ـ تەرتىپلىرى شەكىللەنگەن. مېھمان ئۈزىتىشتا بۇ قائىدە ـ تەرتىپلەرگە قاتتىق دىققەت قىلىنىدۇ. ئۇيغۇرلاردا ئادەتتە مۇنداق قائىدە ـ تەرتىپ بويىچە مېھمان ئۈزىتىلىدۇ:

1. يىغىنلىق مېھمانلىرىنى ئۈزىتىش: توي ـ تۆكۈن، نەزىر ـ چىراغقا كەلگەن مېھمانلار «يىغىنلىق مېھمان» دەپ ئاتىلىدۇ. يىغىنلىق مېھمانلىرىنىڭ سانى كۆپ بولسىمۇ، ئۈزىتىش جەريانى قىسقا، قويۇلىدىغان نازۇنېمەتلەرنىڭ تۈرى تۇراقلىق، مېھمانلىرىنىڭ كېلىپ ـ

① ئابدۇرەھىم ھەبىبۇللا: «ئۇيغۇر ئېتنوگرافىيەسى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1993 ـ يىلى 4 ـ ئاي نەشرى. 501 ـ، 507 ـ بەتلەر.

كېتىشى ئۇدۇللۇق بولغاچقا، ئۇزىتىش قائىدە ـ تەرتىپلىرىمۇ ئانچە ئىنچىكە ئەمەس. مەسىلەن، داستىخان (شىرە) گە ئادەتتە پەقەت نان، پوشكاللا قويۇلىدۇ. مېھمانلار ئۆيگە كىرىش بىلەن قولغا سۇ ئېلىنىدۇ، بىر ئۆيگە توشقاندا چاي قويۇلىدۇ؛ ئىككىنچى قەدەمدە ئاش تارتىلىدۇ. ئاش ھەر ئۈچ ئادەمگە ياكى ئىككى ئادەمگە بىر لېگەندىن قويۇلىدۇ. ئاش يېيىلىۋاتقاندا داۋاملىق چاي قۇيۇلۇپ تۇرۇلىدۇ. ئاش يېيىلىپ بولۇشىغا مېھمانلارنىڭ قولىغا مايلىق (لۆڭگە) سۇنۇلىدۇ. قايتقاندا ئىشىك ئالدىدا يەنە قولغا سۇ بېرىلىدۇ. بۇ ئىشلارنىڭ ھەممىسىگە يىغىنلىقتا خالىس ياردەملىشىشكە كەلگەن قولۇم ـ قوشنا، دوست ـ يارەنلەر مەسئۇل بولىدۇ. يىغىنلىق ئىگىسى ئوتتۇرىدا تۇرۇپ كەلگەن ـ كەتكەنلەرگە سالام بېرىپ، خوش ئېيتىپ تۇرىدۇ. بەزى ۋاقىتلاردا يىغىنلىق مېھمانلىرى ھەربىر ئادەمگە بىر كىچىك كاكچا نان ئۈستىگە بىر پارچىدىن گۆش قويۇپ ياكى گۆشلۈك ئۇماچ بىلەن ئۇزىتىلاتتى. مېھمانلار گۆشكە ئازراق ئېغىز تەگكۈزۈپ، ئاندىن ناننىڭ ئارىسىغا ئېلىپ پوتىسىغا چىگىپ ئېلىپ كېتەتتى. بۇ «زەللە» دەپ ئاتىلىدۇ. كېيىنكى ۋاقىتلاردا ھازىرقىدەك ئاش بىلەن ئۇزىتىلىدىغان بولغان. مۇنداق يىغىنلىقلار ئاممىۋى خاراكتېرنى ئالغاچقا، «يۇرتقا ئاش تارتىش» ياكى «يۇرتقا داستىخان سېلىش» دەپمۇ ئاتىلىدۇ.

توي يىغىنلىقى بىلەن نەزىر ـ چىراغنىڭ بىر پەرقى شۇكى، توي يىغىنلىقىدا ھەركىم ياكى بىر داستىخان (بىر ئۈستەل) دىكىلەر ئۆز ئالدىغا ياكى بىرلىكتە قوللىرىنى كۆتۈرۈپ «ئاللاھۇ ئەكبەر، رەھمەت» دەپ ئورۇنلىرىدىن قوزغىلىدۇ. نەزىردە بولسا بىر ئۆيدە ئولتۇرغانلار ياكى بىر ۋاقىتتا ئاش تارتىلغان بىرنەچچە جوزىدىكىلەرنىڭ ئىچىدە مويسىپىت بىرى ئىككى كەلىمە قىرائەت قىلىدۇ. قىرائەت قىلىپ بولغاندا ھەممە تەڭ قول كۆتۈرۈپ «ئامىن» دەپ دۇئا قىلىش بىلەن «نەزىرلىرى قوبۇل بولغاي» دەپ ئورۇنلىرىدىن قوزغىلىدۇ.

2. خالىس مېھماننى ئۇزىتىش: خالىس مېھماننىڭ سانى ئاز بولغاچقا، ئۇزىتىش قائىدە ـ تەرتىپلىرى، جەريانى ئاددىي. ئالدى بىلەن قولغا سۇ ئېلىنىپ، ئاندىن داستىخان سېلىنىپ، مەزە

كەلتۈرۈلۈپ، چاي قۇيۇلىدۇ (بەزىلەر بىر پىيالە چايدىن كېيىن، بىر چىنىدىن قايماق چاي (ئەتكەنچاي) ياكى بىر تەخسە هالۋا ياكى قورۇما قويىدۇ). ئىككىنچى قەدەمدە بىر خىل تاماق قويۇلىدۇ، تاماقتىن كېيىن بىرپەس پاراڭ سېلىشىپ، مېهمان رەھمەت ئېيتىپ قوزغىلىدۇ. ئەمما، كۆپىنچە هاللاردا ساهىبخانا مېهماننى «كەلمەك ئىرادە، كەتمەك ئىجازەت» دەپ ئاسانلىقچە قويۇۋەتمەي، بىرەر قاچىدىن سۇيۇق - سىلەڭ تاماق قىلىپ، ئاندىن يولغا سالىدۇ. مېهماننى ساهىبخانا شەخسەن ئۆزى كۈتىدۇ ۋە ئۆزى هەمراھ بولۇپ ئولتۇرىدۇ.

3. چىللانغان مېهماننى ئۇزىتىش: مۇنداق مېهمانغا بىرقەدەر هەشەمەتلىك تەييارلىق قىلىنىدۇ، ئۇزىتىش تەرتىپىمۇ بىرقەدەر مۇرەككەپ بولىدۇ. مېهمان باغاق ياكى ئېغىز ئارقىلىق تەكلىپ قىلىنىدۇ، ۋاقتى بەلگىلەنگەن بولىدۇ. مېهمانغا ئاتاپ پېچىنە - پىرەنىك، باقالى، تۇش، سامبۇسا پىشۇرۇلۇپ، قەنت - گېزەك، مەزە، يەل - يېمىش قاتارلىق نەرسىلەر بىلەن داستىخان هازىرلىنىدۇ.

ئۇزىتىش تەرتىپى: مېهمانلار كېلىشى بىلەن ئۇدۇللۇق قولغا سۇ ئېلىپ، مېهمانخانىغا باشلىنىدۇ. مېهمانلار ئۆزلىرى ئورۇن تاللاپ ئولتۇرۇۋېرىدۇ. ئاياللار بىر تەرەپتە، ئەرلەر بىر تەرەپتە ئولتۇرىدۇ (بۇرۇن ئاياللار ئايرىم ئۆيدە ئولتۇراتتى). مېهمانلار ئاساسىي جەھەتتىن كېلىپ بولغاندىن كېيىن، بىرىنچى قەدەمدە داستىخان ئېچىلىپ چاي قۇيۇلىدۇ. چاي پەتنۇس ئارقىلىق سۇنۇلىدۇ، ئالدى بىلەن ئەرلەرگە، ئاندىن ئاياللارغا قۇيۇلىدۇ. چاي قۇيۇلۇپ بولغاندىن كېيىن ساهىبخانا ئورنىدىن تۇرۇپ بىر - ئىككى كەلىمە تەكەللۇپ سۆز قىلىپ: «داستىخىنىمىز ئاددىي بولۇپ قالدى، شۇنداق بولسىمۇ كۆڭلىمىز ياخشى، قېنى، كەڭتاشا يەپ - ئىچىپ ئولتۇرساڭلار» دەپ مېهمانلارنى داستىخاندىكى نازۇنېمەتلەرگە تەكلىپ قىلىدۇ ۋە خالىغانلارنىڭ چىنىلىرىگە ئۆز قولى بىلەن قەنت ياكى ناۋات سېلىپ قويىدۇ. بىرەر پىيالىدىن چاي ئىچىلىپ بولغاندىن كېيىن، ئىككىنچى قەدەمدە بىر چىنە قايماق چاي (ئەتكەنچاي) بىلەن ئۈچ ئادەمگە بىر تەخسىدىن توغرىلاپ بىرنەچچە خىل قورۇما قويۇلىدۇ (بۇرۇن قورۇما ئورنىغا هالۋا

قويۇلاتتى)، ئاندىن داستىخان يىغىشتۇرۇلۇپ، نەغمە ـ ناۋا، ناخشا ـ ئۇسسۇل، چاقچاق ـ پاراڭ باشلىنىدۇ. بەزىلەر ئولتۇرۇشنىڭ كۆڭۈللۈك بولۇشى ئۈچۈن مۇسەللەس قويىدۇ. ساھىبخانا مۇسەللەس بىلەن قەدەھنى پەتنۇس بىلەن مېھمانلارنىڭ ئىچىدىكى ئېپى بار، سۆزمەن بىرىگە سۇنىدۇ. ئۇ ساھىبخانىغا ۋاكالىتەن مېھمانلارغا مۇسەللەس قويۇپ بېرىدۇ. بۇ «ساقىي» دەپ ئاتىلىدۇ. مۇسەللەس ئالدى بىلەن تۆردە ياكى ئەرلەر قاتارىنىڭ بېشىدا ئولتۇرغان كىشىدىن باشلاپ سولغا قاراپ قويۇلىدۇ. بىرىنچى قەدەمدە ساقىي ئىككى قەدەھ مۇسەللەسنى قولىغا ئېلىپ، سورۇندىكىلەرنىڭ كۆڭۈللۈك ئولتۇرۇشىنى سوراپ، قەدەھنىڭ بىرىنى ساھىبخانىغا، بىرىنى تۆردە ئولتۇرغان كىشىگە سۇنىدۇ، ئاندىن مۇسەللەس ئاساسەن مېھمانلار ئوتتۇرىسىدا ئىستېمال قىلىنىدۇ. مۇسەللەس ئىختىيارىي ئىچىلىدۇ. ئەڭ ئاخىرىدا قايتىدىن داستىخان سېلىنىپ ئاخىرقى تاماق تارتىلىدۇ. (كۆپىنچە قويۇق ئاش ياكى مانتا، ياكى چۆچۈرە...... قاتارلىق تاماق قويۇلىدۇ). تاماقتىن كېيىن مېھمانلار خوشلىشىپ تارقايدۇ.

4. مەخسۇس زىياپەت: بۇ ئۇيغۇرلار مېھماندارچىلىقىدا ناھايىتى ھەشەمەتلىك ئۆتكۈزۈلىدۇ، دائىرىسىمۇ كەڭ، جەريانى مۇرەككەپ بولىدۇ. شۇڭا، مۇنداق زىياپەتنى ئۇزىتىش تەرتىپىمۇ ئىنچىكە بولىدۇ. مېھمانخانا ئالاھىدە سەرەمجانلاشتۇرۇلىدۇ. ياز كۈنلىرى ھاۋالىق، مەنزىرىلىك بىر جاي ياكى بىرەر كاتتا باغدا مەخسۇس سورۇن تەييار قىلىنىدۇ. داستىخان مەخسۇس يېقىلغان نان ـ توقاچ، ساڭزا، سامبۇسا، قەنت ـ گېزەك، ھۆل ـ قۇرۇق يەل ـ يېمىش، ھەر خىل مۇراببا، نىشالا قاتارلىق نازۇنېمەتلەر بىلەن تولدۇرۇلىدۇ. مېھمانلار كېلىشكە ساھىبخانا ۋە ياردەملەشكۈچىلەر ئىشىك ئالدىغا چىقىپ كەلگەنلەرنى ئۇدۇللۇق قارشى ئېلىپ ئۆيگە باشلايدۇ. ھۆرمەتكە چوڭ مېھمان ۋە مويسىپىت مۆتىۋەرلەر كەلگەندە ئالدىغا بېرىپ، قول قوۋۇشتۇرۇپ سالام بېرىپ، ئىززەت ـ ئىكرام بىلەن ئۆيگە باشلايدۇ. ئۇلار ئەگەر ماشىنا بىلەن كەلگەن بولسا، ئالدىغا بېرىپ ماشىنىنىڭ ئىشىكىنى ئېچىپ قولتۇقىدىن يۆلەپ چۈشۈرىدۇ. ئاتلىق بولسا، سول قولىدا ئاتنىڭ چۇلۋۇرىنى تۇتۇپ،

ئـوك قولـدا قولتۇقـدىن يـۆلەپ ئـاتتىن چۈشـۈرىدۇ. قايتـاردىمۇ شـۇ تەقلىدتە ماشىنىغا چىقىرىدۇ ياكى ئاتقا مىندۈرىدۇ.

مېھمـانلار جەمئىيەتتىكـى ئـورۇن، نوپـۇز ـ ئىمتىيازىغـا قـاراپ ئـورۇن ئالىدۇ، ئەڭ ھۆرمەتلىـك مېھمـان تـۆرگە تەكلىـپ قىلىنىـدۇ، قالغـانلىرى تۆرنىڭ ئوڭ، سـول تەرىپىـدىن ئـورۇن ئالىـدۇ، ئـادەتتىكىلەر شـۇلاردىن كېيىن پەگاھقـا قـاراپ ئـورۇن ئالىـدۇ. چـاي، غىـزا ـ تامـاقمۇ يەنە شـۇ تەرتىپ بويىچە باش تاۋىقى تۆرگە، ئىككىنچى، ئۈچىنچى تاۋىقى ئوڭغا، تـۆتىنچى، بەشـىنچى تـاۋىقى سـولغا قويۇلـۇپ، ئانـدىن باشـقىلارغا قويۇلىدۇ، ھەتتا قولغا سۇ ئېلىشمۇ شۇ تەرتىـپ بـويىچە بولىـدۇ. بـاش مېھمانغا ساھىبخانا شەخسەن ئۆز قولى بىلەن سۇ قۇيـۇپ بېرىـدۇ، چـاي ۋە ھەربىر قېتىملىق تائامنىڭ باش تاۋىقى (قاچىسى)نىمۇ شەخـسەن ئـۆز قولى بىلەن قويىدۇ. چاي، تاماق مەخسۇس ئـادەملەر تەرىپىـدىن ئېلىـپ كىرىلىدۇ. مەيلى چاي، تاماق بولسۇن، باش مېھمان «بىسمىللا» قىلىـپ بەرمىگۈچە ھېچكىم قول ئۇزاتمايدۇ.

مېھمانلار ئورۇنلىرىدا ئولتۇرۇپ، قولغا سۇ ئېلىنىپ بولغاندىن كېيىن كۈتـۈش رەسـمىي باشـلىنىدۇ: بىرىنچـى قەدەمـدە قەنـت ـ نـاۋات بىـلەن چاي قۇيۇلـدۇ. بىـرەر قـۇر چاي ئىچىلىـپ بولغانـدىن كېيىن، تـاۋاق ـ تاۋاقتـا گـۆش كەلتۈرۈلـدۇ. گـۆش قـوي ئەزاسـىنىڭ دەرىجىـسى بـويىچە قويۇلىدۇ. باش تاۋاققا قۇيرۇقى ئاجرىتىلمىغان دۈمبە ۋە دۈمبە جىـگەر، ئـوڭ ۋە سـول تەرەپـكە قويۇلـدىغان ئىككـدىن تـۆت تاۋاقتـا سـۆجە، بوقتان، يىلىك، تاغاق، قالغان تاۋاقلارغا قول ئىلىك، قوۋۇرغـا، بويـۇن ئاسـاس قىلىـپ قويۇلـدۇ. گـۆشـتىن كېيىن ئىككىنچـى قەدەمـدە بىـرەر پىيالىدىن شـورپا يـاكى خـام قىيمـا قىلىنغـان ئـۈگرە قويۇلـدۇ، ئانـدىن داسـتىخان يىغىـشتۇرۇلۇپ، مېھمـانلار بىـردەم ئىختىيـارىي ھاۋالىنىـدۇ. ئۈچىنچى قەدەمدە داستىخان سېلىنىپ، چـاي قۇيۇلـۇش بىـلەن كـاۋاپ ھازىرلىنىدۇ. بۇنداق زىخ كـاۋاپ مەخسۇس يۇلغۇن نوتىـسىدا ياسالغان زىخقا ئۆتكۈزۈلۈپ، مەخسۇس توغراق ياكى سۆكسۆك ياكى ئـۆرۈك ئوتـۇنى قالاپ چۈشۈرۈلگەن چوغدا پىشۇرۇلىدۇ. بۇ خىلـدىكى كـاۋاپ گـۆشـى بىـر تەكـشى چوڭلۇقتـا توغرىلىـپ، پىيـاز، تۇخـۇم، دورا ـ دەرمـان، ئـۇن

ئارىلاشتۇرۇلۇپ، تۇز - تەمى تەڭشىلىپ، بىرئاز دۇملەپ قويۇلىدۇ، ئاندىن كېيىن زىخقا ئۆتكۈزۈلۈپ پىشۇرۇلىدۇ. شۇڭا، بۇ «مەخسۇس كاۋاپ» ياكى «باراۋەت كاۋىپى» دەپ ئاتىلىدۇ. كاۋاپ زىخ بويىچە تاۋاققا تىزىپ ئېلىپ كىرىلىدۇ. تۆتىنچى قەدەمدە قويۇق ئاش ياكى پېتىر مانتا قويۇلىدۇ. بەشىنچى قەدەمدە چۆچۈرە ياكى شۇ كۈندە سويۇلغان قوينىڭ ئىچ - پۇرۇشىدە قويۇلغان ئۆپكە - ھېسىپ قويۇلىدۇ. ھەربىر تاماق ئارىلىقىدا بىرپەس لەتىپە سۆزلىنىپ، چاقچاق - پاراڭ بولۇپ تۇرىدۇ. مېھمانلار ئىختىيارىي تالاغا چىقىپ ھاۋالىنىپ كىرىپ تۇرىدۇ. مۇنداق زىياپەت ئۇچۇن ئاز دېگەندە ئۈچ - تۆت قوينىڭ بېشى كېسىلىدۇ، قوي مېھمانلار كېلىشكە ئۈلگۈرتۈپ سويۇلىدۇ. زىياپەت ئادەتتە يۇقىرىقىدەك تۆت - بەش خىل تاماقسىز ئۆتكۈزۈلمەيدۇ.

مۇنداق زىياپەت ئەرلەر، ئاياللار بويىچە ئايرىم ئۆتكۈزۈلىدۇ. ئايال مېھمانلار ئەر مېھمانلارغا ئوخشاش ئەرلىرىنىڭ نوپۇز - ئىمتىيازىغا قاراپ ئولتۇرغۇزۇلىدۇ، كۈتۈش قائىدە - تەرتىپلىرىمۇ ئوخشاش بولىدۇ. بىر پەرقى، ئايال مېھمانلارغا گۆش قويۇلغاندا باش تاۋاققا پۈتۈن تۆش ياكى بوقتان بىلەن دۇمبە جىگەر قويۇلىدۇ.

مۇنداق مەخسۇس زىياپەتتە مېھمانلارنى مەرتىۋە، نوپۇز - ئىمتىيازىغا قاراپ ئولتۇرغۇزۇش، گۆش قويۇلغاندا قوي ئەزاسىنىڭ دەرىجىسى بويىچە قويۇش قاتارلىق قائىدە - ئادەت ئازادلىقتىن بۇرۇن كەڭ ئومۇملاشقان بولۇپ، ئۇ قائىدە - تەرتىپلەرگە قاتتىق رىئايە قىلىناتتى. مېھمانلار ئارا ياكى ساھىبخاندىن مۇشۇ قائىدە - تەرتىپلەرگە ئاز - تولا سەل قارالغان ئەھۋال بايقالسا، بەزى كۆڭۈلسىزلىكلەرنى كەلتۈرۈپ چىقىراتتى. مەسىلەن، مۆتىۋەرلەردە ئورۇن ئېلىشتا سەل ئېگىز - پەسلىك بولۇپ قالسا، تۆر تالىشىپ بىر - بىرىگە ھومىيىشىدىغان، ھەتتا پەش قېقىشىپ، ئاداۋەتلىشىپ قالىدىغان ھادىسىلەر يۈز بېرىپ كەلگەن. تۆر تالىشىش تولىراق ئايال مېھمانلار ئىچىدە يۈز بېرەتتى. بۇ ئادەتتە يەنە «سورۇن چېپىي» ئۆتكۈزۈش ئادىتىنى كەلتۈرۈپ چىقارغان.

«سورۇن چېپىي» بەزى جايلاردا «سورۇنغا چىقىش چېپىي (تويى)» دەپمۇ ئاتىلىدۇ. بۇ ئەمەلىيەتتە ئابرۇيپەرەسلىك كۈرىشىنىڭ ھەل قىلغۇچ

تەنتەنىسى يۈزىسىدىن مەلۇم ئابرۇيپەرەس شەخس تەرىپىدىن بېرىلىدىغان زىياپەت. بۇنداق زىياپەت ئۆتكۈزۈشتىكى مەقسەت، زىياپەت ئىشتىراكچىلىرى ئالدىدا يۈرت كاتتىلىرىنىڭ ئۆزىنىڭ بۇنىڭدىن كېيىن جامائەت سورۇنلىرىدا ئولتۇرىدىغان ئورۇن دەرىجىسىنى بەلگىلەپ بېرىشىدىن ئىبارەت. شۇنىڭ ئۈچۈن، بۇنداق ئابرۇيپەرەسلەر 10 ــ 20 لەپ قوي سويۇپ، پۈتۈن يۇرتقا داستىخان سېلىپ زىياپەت قىلاتتى. زىياپەت ئۈستىدە يۇرت مۆتىۋەرلىرىدىن 8 ــ 10 كىشىگە تون ياپاتتى (يۇرت كاتتىسىغا يوشۇرۇن قىلىنىدىغان «ئادەمگەرچىلىك» ئايرىم بولاتتى، ئەلۋەتتە). زىياپەت ئاخىرلاشقاندا يۇرت كاتتىسى «×× ئاخۇن بۇنىڭدىن كېيىن تۆرنىڭ ئوڭ ياكى سول تەرىپىدىكى ×× ئورۇندا ئولتۇرىدۇ» دەپ ئېلان قىلىدۇ. شۇنىڭ بىلەن زىياپەت ئاخىرلىشاتتى.

ئۇيغۇرلاردىكى بۇ ئادەت ـ قائىدىلەردىن ئازادلىقتىن بۇرۇن ئۇيغۇر جەمئىيىتىدە فېئودال دەرىجىچىلىكنىڭ نەقەدەر چوڭقۇر يىلتىز تارتقانلىقىنى، ئابرۇيپەرەسلىك كۈرىشىنىڭ نەقەدەر كەسكىنلىكىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ. ئازادلىقتىن كېيىن بۇ ئادەتلەر ئۆزگەرتىلىپ، يىغىنلىق ۋە زىياپەت ھەركىمنىڭ ئىقتىسادىي ئەھۋالىغا يارىشا ئۆتكۈزۈلىدىغان، مېھمانلارغا ئوخشاش مۇئامىلە قىلىنىدىغان يېڭى ئادەت شەكىللەندى. ئەمما، يىغىنلىق زىياپەتلەردە چوڭلارنى ھۆرمەتلەش ئادىتى يەنىلا ئۈزۈلمەي داۋاملىشىپ كەلمەكتە.

يۇقىرىدا تونۇشتۇرۇلغان مېھماندارچىلىق شەكىللىرىدىن باشقا يەنە بىر مېھماندارچىلىق شەكلى بولۇپ، ئۇ «قارا باستى قىلىش» دەپ ئاتىلىدۇ. بۇ ئادەتتە پەقەت دوست ـ ئاغىنىلەر ئوتتۇرىسىدىلا بولىدۇ: يەكشەنبە، دەم ئېلىش كۈنلىرى كوچا ئايلانغىلى چىققان دوستلار ئۆزئارا دوستلارنىڭ ئەھۋالىنى سۈرۈشتۈرگەچ مەلۇم بىرىنىڭ ئۆيىگە بېرىپ كېلىشنى مەسلىھەتلىشىدۇ ـ دە، ئۇنىڭ ئۆيىگە بېرىپ «مېھمان بولغىلى كەلدۇق» دەپ تۇيۇقسىز كىرىپ كېلىدۇ. شۇڭا، بۇنداق مېھمان بولۇش «قارا باستى قىلىش» دەپ ئاتالغان. ساھىبخانا ئۇلارنىڭ مەقستى چۈشىنىشلىك بولغانلىقتىن، ئانچە ئالدىراپ ـ تېنەپ كەتمەي، داستىخان سېلىپ چاي قۇيىدۇ، ئاندىن گۆشلۈك ـ گۆشسىز، ئىسسىق ـ

سوغۇق بىرەر تەخسە غىزا ھازىرلاپ، پاراڭلاشقاچ ئىشتىھا ئېچىشىدۇ، ئاخىرىدا بىرەر تەخسىدىن لەگمەن ياكى بىرەر چىنىدىن ئاچچىق - چۈچۈك سۇيۇقئاش قىلىپ شۇنىڭ بىلەن ئۇزىتىدۇ. مۇنداق مېھماندارچىلىق تولىمۇ كۆڭۈللۈك بولىدۇ. دوستلار قورۇنماي ئېچىلىپ - يېيىلىپ ئولتۇرىدۇ.

بۇلاردىن باشقا يەنە «ناماقۇللۇق چېيى» دېيىلىدىغان مېھماندارچىلىق شەكلى بولۇپ، ئۇ مۇنداق ئىككى خىل ئەھۋال ئاستىدا ئۆتكۈزۈلىدۇ: بىرىنچى، دوستلار ياكى ئىككى ئائىلە ياكى مەھەللە ئارا ھەر خىل سەۋەبلەر تۈپەيلى يىرىكلىشىپ قېلىش ھادىسىسى يۈز بەرگەندە، بىر تەرەپ ئۆزلۈكىدىن ئاددىي داستىخان راسلاپ قارشى تەرەپنى دوستلىرى بىلەن قوشۇپ ئۆيىگە ياكى ئاشخانىغا تەكلىپ قىلىدۇ. داستىخان سېلىنىپ چاي قۇيۇلغاندىن كېيىن، تەكلىپ قىلغۇچى قولىدا بىر چىنە چاينى تۇتقان ھالدا ئۆرە تۇرۇپ، كېلىپ چىققان يىرىكلىشىشكە ئاساسلىقى ئۆزىنىڭ سەۋەبچى بولغانلىقىنى ئۈستىگە ئېلىش بىلەن قارشى تەرەپتىن ئەپۇ سورايدۇ ۋە قارشى تەرەپنىڭ كەچۈرۈشىنى ئۈمىد قىلىپ چاينى ئۇنىڭغا سۇنىدۇ. قارشى تەرەپ مەمنۇنىيەت بىلەن چاينى ئېلىپ ئىچىدۇ. شۇنىڭدىن باشلاپ مۇناسىۋەت ياخشىلىنىپ ئوبدان ئۆتۈشىدۇ؛ ئىككىنچى، يۇرت - مەھەللىدە ھەر خىل خاتا يولدا يۈرۈپ جامائەتنىڭ نەزىرىدىن چۈشۈپ كەتكەنلەر تەرىپىدىن قىلمىشلىرىغا جامائەت ئالدىدا تۇۋا قىلىش يۈزىسىدىن ئۆتكۈزۈلىدۇ. ئاشۇنداق تۇۋا قىلماقچى بولغان كىشى مەھەللە جامائىتىگە چوڭ داستىخان سالىدۇ. جامائەت ئالدىدا بويىنىغا ئارغامچا سېلىپ، كۆزىگە ياش ئالغان ھالەتتە تۇرۇپ، قىلمىش - ئەتمىشلىرىگە قاتتىق تۇۋا قىلغانلىقىنى ئىزھار قىلىدۇ، جامائەتنىڭ ئۆزىنى كەچۈرۈشىنى، قويىنىغا ئېلىپ، ياخشى ئادەم بولۇشقا ياردەم قىلىشىنى ئۈمىد قىلىدۇ، مەھەللە مۆتىۋەرلىرى ئۇنىڭ قىلمىشىغا تۇۋا قىلغانلىقىغا مەمنۇنىيەت بىلدۈرۈپ رىغبەتلەندۈرىدۇ، شۇنىڭ بىلەن چاي ئاخىرلىشىدۇ[1].

---

[1] ئابدۇرەھىم ھەبىبۇللا: «ئۇيغۇر ئېتنوگرافىيەسى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1993 - يىلى 4 - ئاي نەشرى، 517 - ، 526 - بەتلەر.

# تۆتىنچى باب

## ئۇيغۇرلارنىڭ گۈزەللىك ئادەتلىرى

گۈزەللىكنى پەرق ئېتىش، گۈزەللىككە ئىنتىلىش، گۈزەللىكتىن زوقلىنىش ۋە گۈزەللىككە تەقلىد قىلىش ئادەمنىڭ ئىجتىمائىي ئەمگىكى ۋە ئىجتىمائىي ھاياتىدا يىراق قەدىمكى زامانلاردا مەيدانغا كەلگەن. ئىنسانىيەت ئۆزىنىڭ تۇنجى ئەمگىكىدىن باشلاپ رېئال گۈزەللىكنى ھېس قىلغان ھەم شۇ ئاساستا تۇيغۇ قوزغاتقۇچى گۈزەللىك ھادىسىلىرى بىلەن زىچ ئالاقىدار بولۇپ كەلگەن. شۇنىڭ بىلەن ئىنسان ھېس قىلغان ئوبيېكتىپ گۈزەللىك ئاساسىدا كىشىلەردە ئېستېتىك تەپەككۇر ۋە ئېستېتىك ئاڭ شەكىللىنىپ، ئىنساننىڭ ھايۋانات دۇنياسىدىن بۆلۈنۈپ چىقىشىدا ۋە ئۇنىڭ مۇرەككەپ تارىخىي باسقۇچلارنى ئۆز بېشىدىن كەچۈرۈپ، ھازىرقى زامان ئادىمى بولۇپ يېتىلىشىدە تۈرتكىلىك رول ئوينىغان. چۈنكى، ئادەمنىڭ پۈتۈن پائالىيىتى گۈزەللىك قانۇنىيىتى بويىچە بولىدۇ. گۈزەللىك تۇيغۇسىدىن بەھرىمەن بولۇش ۋە گۈزەللىككە ئىنتىلىش ھەممە ئىنسانلار ئۈچۈن ئورتاق ھالەت بولسىمۇ، گۈزەللىك ئىقتىدارىدا ئۆزئارا پەرقلەر بولىدۇ.

گۈزەللىك ئادەتلىرى ئىنسانلارنىڭ گۈزەللىك قارىشى ۋە تۇيغۇسىنىڭ كونكرېت ئىپادىسىدۇر. گۈزەللىك ئادىتىمۇ خۇددى سەنئەتكە ئوخشاش ئىپتىدائىي دىن بىلەن ناھايىتى زىچ مۇناسىۋەتلىك. شۇنداق بولغاچقا، ئۇ تارىخىيلىققا، ئەنئەنىلىككە ۋە مىللىيلىققا ئىگە بولىدۇ[1].

---

[1] ئابدۇكېرىم رەھمان: «ئۇيغۇر فولكلورى ھەققىدە بايان»، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى 1989 - يىلى 7 - ئاي نەشرى، 546 - ، 547 - بەتلەر.

# 1. گۈزەللىك ئادىتى

ئۇيغۇرلارنىڭ مۇتلەق كۆپچىلىكى يېزا ـ قىشلاقلاردا ئولتۇراقلاشقان، دېھقانچىلىق ۋە چارۋىچىلىق ئىگىلىكى بىلەن ياشاپ كەلگەچكە، ئۇلارنىڭ شەخسىي تازىلىق شارائىتى زامانىۋىلاشقان شەھەر خەلقلىرىنىڭ تازىلىق شارائىتىغا سېلىشتۇرغاندا ناچار، لېكىن شارائىتىنىڭ ناچار بولۇشىغا قارىماي ئۇلاردا شەخسىي تازىلىق ئېلىپ بېرىشنىڭ بىر يۈرۈش مىللىي، ئەنئەنىۋى ئادەتلىرى شەكىللەنگەن. بۇ ئادەتلەرنىڭ بەزىلىرى دىنىي ئېتىقاد بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولسا، بەزىلىرى شۇ خەلقنىڭ پسىخىكىلىق تەبىئىتى بىلەن مۇناسىۋەتلىك.

**تازىلىق ئادىتى**

1. تاھارەت ئېلىش: ئۇيغۇرلار ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلىدۇ. ئىسلام دىنىدا ھەر كۈنى بەش ۋاق ناماز ئوقۇش مۇسۇلمانلار ئۈچۈن پەرز دەپ بېكىتىلگەن ھەمدە تاھارەتسىز ناماز ئوقۇشقا بولمايدىغانلىقى، تاھارەت ئېلىشنىڭ شەرتلىرى تەپسىلىي كۆرسىتىلگەن.

تاھارەت ئېلىش ئالدى بىلەن ئىستىنجا (مەقئەتنى سۇ بىلەن پاكىز يۇيۇش) قىلىشتىن باشلىنىدۇ. ئۇنىڭدىن كېيىن ئىككى قولنى جەينەككىچە ئۈچ قېتىم يۇيىدۇ، ئېغىزغا سۇ ئېلىپ ئۈچ قېتىم غار ـ غار قىلىپ چايقايدۇ، يۈزنى پېشانە ۋە قۇلاقنىڭ ئارقىسىغىچە قوشۇپ ئۈچ قېتىم يۇيىدۇ، ئىككى پۇتنى ئوشۇققىچە ئۈچ قېتىم يۇيىدۇ. شۇنىڭ بىلەن تاھارەتنىڭ شەرتى ئادا بولىدۇ. تاھارەت ئۈچۈن پاكىز ۋە سۈزۈك ئېلمان سۇ ئىشلىتىلىدۇ. ئەگەر شارائىت يار بەرسە پۈتۈن بەدەننى يۇيۇشمۇ (ئۇيغۇرلاردا «غۇسۇل قىلىش»، «بويىنى سۇغا سېلىش» دېيىلىدۇ) تاھارەت ئالغانلىق ھېسابلىنىدۇ. دېمەك، ناماز ئوقۇشنىڭ شەرتى قىلىنغان تاھارەت ئېلىش شەخسىي تازىلىقنىڭ ئەڭ ياخشى ۋە ئۈنۈملۈك ئەنئەنىۋى شەكلىدۇر. دەرۋەقە، بۈگۈنكى بەش ۋاق ناماز ئۈچۈن بەش قېتىم تاھارەت ئېلىش ئادىتى شەخسىي تازىلىقنىڭ ئەڭ

ئۇنۇملۇك كاپالىتى بولغاچقا، شەخسىي بەدەن تازىلىقىغا بىۋاسىتە ئالاقىدار بولغان گىمورويى كېسەللىكلىرى يېزا ـ قىشلاقلاردىكى ئۇيغۇر ئەمگەكچىلىرى ئارىسىدا ناھايىتى كەم ئۇچرايدۇ. گەرچە خەلقىمىز تاھارەت ئېلىشنى ئاڭلىق ھالدا «تازىلىق» دەپ قارىمىسىمۇ، تاھارەتسىز يۇرۇشنى «پاسىقلىق» دەپ ئەيىبلەپ، بالىچاقىلىرىنى كىچىك ۋاقتىدىن تارتىپلا تاھارەتلىك يۇرۇشكە ئۈندەيدۇ. «تاھارەتسىز ئۆيدە بەرىكەت بولمايدۇ» دەپ قارايدۇ.

2. بوينى سۇغا سېلىش: سەرراپ (مۇنچا) پەقەت شەھەرلەردىلا ئومۇملاشقان بولۇپ، يېزا ـ قىشلاقلاردا بۇنداق شارائىت يوق. شۇ سەۋەبتىن، كۆپچىلىك ئۇيغۇر ئەمگەكچىلىرى ئېرىق ـ ئۆستەڭلەردە يۇيۇنۇشنى ۋە ئۆز ئۆيىدە بوينى سۇغا سېلىشنى ئادەت قىلغان. ئۇيغۇرلارنىڭ ئۆي قۇرۇلمىسىدا ياتاق ئۆينىڭ بىر بۇلۇڭىدا «قازناق» دەپ ئاتىلىدىغان بىر كىچىك قات ئۆي قوشۇپ ياسىلىدۇ. بۇ قازناقنىڭ ئوتتۇرىسىغا «ئەۋرەز» كولىنىپ، ئۇستى پىششىق كېسەك ياكى تاش بىلەن يېپىلىدۇ. ئەۋرەزنىڭ ئوتتۇرىسىدا بىر تۆشۈك بولىدۇ. مۇۋاپىق پەيتتە ئائىلە ئەزالىرى مۇشۇ قازناققا كىرىپ بوينى سۇغا سالىدۇ. يۇيۇنغان سۇ ئەۋرەز ئىچىگە سىڭىپ كېتىدۇ. بۇ مۇنچا شارائىتى بولمىغان ئەھۋال ئاستىدىكى يۇيۇنۇش شەكلى بولۇپ، ئەر ـ خوتۇنلار بىرگە بولغاندىن كېيىن چوقۇم بوينى سۇغا سېلىش، ئادەتتىكى ۋاقىتلاردا كەم بولغاندا ھەپتىسىگە بىر قېتىم ئاشۇ يەرلىك «مۇنچا» دا بوينى سۇغا سېلىش مۇسۇلمانچىلىقنىڭ شەرتى قىلىنىپ ئەنئەنىۋى نىزامغا ئايلاندۇرۇلغان.

3. يۈز ـ قولنى يۇيۇش: ئۇيغۇرلار يېمەك ـ ئىچمەك تازىلىقىغا ئالاھىدە ئەھمىيەت بەرگەندىن تاشقىرى، ھەرقانداق ئەھۋال ئاستىدا قولنى يۇماي تۇرۇپ داستىخان ئالدىغا كەلمەيدۇ. مەيلى ئۆز ئۆيىدە بولسۇن ياكى مېھماندارچىلىققا بارغاندا بولسۇن، ئۆي ئىگىسى مېھماننىڭ قولىغا سۇ بېرىشنى ھەم ھۆرمەت، ھەم ساۋاب دەپ بىلىدۇ، ھەتتا مېھماندارچىلىقتا ھەربىر تاماق ئالدىدا مېھماننىڭ قولىغا بىر قېتىم سۇ بېرىدۇ. مېھماننىڭ قولىغا سۇ بېرىشنى بىر خىل ئەخلاق دەپ

قارىغاچقا، ئاتا - ئانىلار پەرزەنتلىرىگە باشقىلارنىڭ قولىغا سۇ بېرىشنىڭ قائىدە - يوسۇنلىرىنى ئالاھىدە ئۆگىتىدۇ. مېھمانلارنىڭ قولىغا سۇ بېرىشتە مۇتلەق كۆپچىلىك ئائىلىلەر ئاپتۇۋا - چىلاپچا ئىشلىتىدۇ. چۈنكى، ئاپتۇۋا - چىلاپچا يۇندى چاچرىمايدىغان ئالاھىدىلىككە ئىگە.

## سۇمبۇل چاچلىق قىزلار

سۇمبۇل چاچ ئۇيغۇر قىزلىرىنىڭ گۈزەللىك سىمۋولىدۇر. دەرۋەقە، ئۇيغۇر قىزلىرى قەدىمدىن تارتىپ ئۇزۇن چاچ قويۇشقا ئادەتلەنگەن بولۇپ، چاچ قويۇشتا بىر يۈرۈش ئادەتلەر شەكىللەنگەن.

ئۇيغۇرلاردا ياتلىق بولمىغان قىزلارنىڭ چېچى 15، 17، 21، ھەتتا 41 تال قىلىپ تاق ئۆرۈلىدۇ، ھەرگىز جۈپ ئۆرۈلمەيدۇ ھەمدە بۇنداق تويى قىلمىغان قىزنىڭ پېشانىسىدە كوكۇل چېچى بولىدۇ. ئۇنىڭ پاتاڭ (شىللە) قىسمىدىكى سۇمبۇل چاچنىڭ ئاستى قىسمى ئۇستىرا بىلەن چۈشۈرۈپ تۇرۇلىدۇ. قىزنىڭ تويى بولىدىغان كۈنى ئۇنىڭ شىللە قىسمى ئەڭ ئاخىرقى قېتىم چۈشۈرۈلىدۇ.

تويى قىلىپ ئەتىسى ياكى بىرقانچە كۈندىن كېيىن، ياتلىق قىلىنغان بۇ قىزنىڭ كوكۇل چېچى ئىككى تەرىپىگە قايرىلىدۇ، ئۇزۇن سۇمبۇل چېچى جۈپ ئۆرۈلىدۇ ھەم ئۇنىڭغا ياغاق سېكىلەك چاچ قويۇلىدۇ. چاچنى جۈپ ئۆرۈش ياتلىق بولغانلىقنىڭ ئىپادىسى ھېسابلىنىدۇ. چاچنىڭ بەدىلىگە «چاچ قوشاق تويى» ئۆتكۈزۈلىدۇ.

ياتلىق قىلىنغان ئايال بالىلىق بولغاندا بالىچۇق چاچ (كىچىك ئۆرۈمە چاچ) قويۇلىدۇ، ياغاق چاچمۇ بولىدۇ.

ئېرىدىن ئايرىلغان ياش ئاياللار «جۇۋان» دېيىلىپ، ئۇلار ياغاق چاچ قويۇش بىلەن بىرگە چېچىنى 5، 7، 9 تال قىلىپ تاق ئۆرۈۋالىدۇ. بۇ تۇللۇق بەلگىسى ھېسابلىنىدۇ.

نەۋرىلىك بولغان ئاياللارنىڭ بالىچۇق، ياغاق چاچلىرى بولمايدۇ، ئۇزۇن چېچىنى ئىككى تال قىلىپ ئۆرۈپ، ئۇنى چاچتەڭگە بىلەن جۈپلىۋالىدۇ.

چېچىنى بىر تال قىلىپ ئۆرۈۋالغان ئاياللار باشقىلارنىڭ نەزىرىدە

ئۆزگە ئەر تەلەپ قىلىپ يۈرگەن ئايال دەپ قارىلىدۇ ۋە ئۇنداق ئاياللارنى يامان كۆرىدۇ.

دېمەك، ئۇيغۇر ئاياللىرىنىڭ چاچ تۇرىگە ۋە سۇمبۇل چېچىنىڭ جۈپ ياكى تاق ئۆرۈلگەنلىكىگە قاراپلا ئۇنىڭ قىز، چوكان، جۇۋان، نەۋرىلىك بولغان ئايال، ياشانغان ئايال ۋە ئەخلاقسىز تۇل ئايال ئىكەنلىكىنى پەرقلەندۈرۈۋالغىلى بولىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن، ئۇيغۇرلار ئارىسىدا ئاياللارنىڭ چېچىغا ئالاھىدە ئەھمىيەت بىلەن قارايدۇ.

## گۈلخۇمار ئۇيغۇرلار

سىز مەيلى ئۇيغۇر خەلق ناخشا ـ قوشاقلىرىنى ئاڭلاڭ ياكى ئۇيغۇرلارنىڭ ئىسىملىرىنى تەكشۈرۈڭ، ئۇلارنىڭ مۇتلەق كۆپ قىسمىنىڭ گۈلگە باغلىنىدىغانلىقىنى ھېس قىلىسىز. گۈل — ئۇيغۇرلارنىڭ ئېستېتىك قارىشىدا خۇشاللىق ۋە بەخت ـ سائادەتنىڭ ۋە گۈزەللىك، نازاكەتنىڭ سىمۋولى. شۇ سەۋەبتىن، گۈل ئۆستۈرۈش ۋە ئاسراش ئۇلارنىڭ بىر خىل ئەنئەنىۋى ئادىتىگە ئايلانغان. مەيلى شەھەر، مەيلى يېزىلاردا بولسۇن، ھەرقانداق ئۇيغۇر ئائىلىلىرى ھويلىسىغا ياكى بېغىنىڭ كۆرۈنەرلىك يېرىگە گۈل تېرىيدۇ. ئۇلارنىڭ گۈل ئۆستۈرۈش ئۇسۇلى ئىككى خىل بولۇپ، بىرى، تەشتەكتە گۈل ئۆستۈرىدۇ. بىرەر تەشتەك گۈل ئۆستۈرمىگەن ئائىلىلەر ئۇيغۇرلار ئارىسىدا كەم تېپىلىدۇ. تەشتەكتە ئۆستۈرۈلىدىغان گۈللەر تۆت پەسىلنىڭ ھەممىسىگە مۇۋاپىقلاشقان بولۇپ، قىش ـ ياز دېگۈدەك پورەكلەپ ئېچىلىپ، خۇش پۇراق ھىدى بىلەن ھەممىنى ئۆزىگە جەلپ قىلىدۇ. يەنە بىرى، گۈل ئېتىزلىرىدا ئۆستۈرىدۇ. كۆپىنچە يېزىلاردا ئولتۇراقلاشقان ئۇيغۇر ئائىلىرىنىڭ ھويلىسى ياكى بېغىدا مەخسۇس گۈل ئېتىزلىرى بولىدۇ. بۇنداق گۈل ئېتىزلىرى ناھايىتى تەكشى بولۇپ، ھەر خىل گۈللەر ئۆز رېتى بويىچە تېرىلىدۇ. ئېتىز گۈللىرى باھار بىلەن تەڭ ھۆپپىدە ئېچىلىپ، كىشىلەرنىڭ زوقىنى ئۆزىگە تارتىدۇ. ئېتىزدا ئۆستۈرۈلىدىغان گۈللەر ئىچىدە قىزىلگۈل (گۈلسۈرۈخ)، ھەر خىل رەڭدە ئېچىلىدىغان ئەتىرگۈللەر كۆپ سالماقنى ئىگىلەيدۇ. ئۇيغۇرلار قىزىلگۈلنى بەك

ئەتىۋارلايدۇ ۋە ئۇلۇغلايدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن، «قىزىلگۈل دېگەن نەرسە بېھىشتىن چىققان نەرسە» دېگەن ناخشا ئۇيغۇرلارنىڭ قەلبىدە چوڭقۇر يىلتىز تارتقان. ئۇلار قىزىلگۈل ۋە ئەتىرگۈلنى ياۋا جىغانغا ئۇلاش ئارقىلىق يېتىشتۈرىدۇ. قىش كۈنلىرى بۇنداق گۈللەرنى پاخال بىلەن چۈمكەپ يەڭگىل كۆمۈپ قويىدۇ، يەرنىڭ توڭى كۆتۈرۈلگەن مەزگىلدە ئېچىۋېتىدۇ.

ئۇيغۇر ئاياللىرى چېكىسگە ياكى مەيدىسىگە گۈل تاقاشنى ياخشى كۆرىدۇ. ياش ئاياللار، قىزلار گۈل ئېچىلغان پەسىللەردە قۇلىقىغا ياكى چېچىنىڭ ئارىسىغا، يىگىتلەر ۋە باللار مەيدىسىگە ياكى قۇلىقىغا پورەكلەپ ئېچىلغان گۈللەرنى قىستۇرۇپ، بەخت ۋە خۇشاللىق ئىستىكىنى ئىزھار قىلىشىدۇ. ئۇششاق تىجارەتچىلەر دۇكىنىغا ياكى ئوقەت غالتىكىنىڭ ئۈستىگە ھۈپپىدە ئېچىلغان دەستە گۈللەرنى قاداپ خېرىدارلارنى ئۆزىگە جەلپ قىلىدۇ. ھازىرمۇ شەھەرلەردە تىجارەت قىلىۋاتقان كاۋاپچىلار، لەڭپۇڭچىلار، دوغاپچىلار ۋە ھۆل يېمىش، قۇرۇق يېمىش ساتقۇچىلارنىڭ غالتەكلىرىدە، ئاشپۇزۇللارنىڭ پەشتۇنلىرىدا كۆرۈنەرلىك قاداپ قويغان گۈلدەستىلەرنى ئۇچراتقىلى بولىدۇ.

ئۇيغۇرلارنىڭ تۇرمۇش ئەنئەنىسىدە مەخسۇس گۈل ئۆستۈرۈشنى كەسىپ قىلغان «گۈلچى» لەر بولغان. قەدىمكى خانلارنىڭ ئوردىلىرىغا مۇشۇنداق «گۈلچى» لەر تەكلىپ قىلىنىپ، ئۇلار گۈل ئۆستۈرۈش ۋە گۈلدەستە تىزىشقا مەسئۇل بولغان. قەشقەر شەھىرىدە گۈلچىلىك كەسپى بىلەن داڭ چىقارغان ھەزرەتلىك مەرھۇم پايامەت سوپىنىڭ نەچچە ئەۋلادى گۈلچىلىك بىلەن شۇغۇللىنىپ، خەلق ئارىسىدا يۈكسەك ھۆرمەتكە سازاۋەر بولغان.

گۈل — ئىنسانلارنىڭ كۆڭۈل ھەمراھى بولغاچقا، ئۇلارنىڭ ئەنئەنىۋى ئادىتىدە بىر - بىرىگە گۈل سوۋغا قىلىش ئۆزئارا كۆڭۈل ئىزھار قىلىشنىڭ بىر خىل ۋاستىسى قىلىنغان. «غېرىب - سەنەم» داستانىدا غېرىبنىڭ ئىشقى - پىراقىدا دەردكە مۇپتىلا بولۇپ، ساماندەك سارغىيىپ كۈل بولغان سەنەمجان گۈلچى موماي ئارقىلىق غېرىب يوللىغان بىر دەستە گۈلنى پۇراپ قايتىدىن ھوشىغا كەلگەنلىكى ۋە يار ۋىسالىغا

ئېرىشمەككە ئىشەنچ باغلىغانلىقى...... دەك مىساللار ئۇيغۇرلارنىڭ ئادىتىدە گۈلنىڭ قانچىلىك قىممەتكە ئىگە ئىكەنلىكىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ. ئۇيغۇر يىگىتلىرى ياخشى كۆرۈپ قالغان قىزىغا گۈل سوۋغا قىلىش ئارقىلىق مۇھەببىتىنى ئىزهار قىلىشتەك ئادەتلەرمۇ يېزا-قىشلاقلاردا كەڭ ئومۇملاشقان. ئۇيغۇرلار ئۆستۈرىدىغان گۈلنىڭ تۈرلىرىمۇ ناهايىتى كۆپ بولۇپ، بۇ گۈل تۈرلىرى قىزىلگۈل، ئەتىرگۈل، چىمەنگۈل، سەبدەرگۈل، تاجىگۈل، ئانارگۈل، خېنىگۈل، رەيھانگۈل، كېۋەزگۈل، تۇخۇمگۈل، تىللاگۈل، سۆگەتگۈل، قاراگۈل، لەيلىقازاقگۈل، مودەنگۈل، قوناقگۈل، لالەگۈل، نامازشامگۈل، سېرىق زەپەر، سېرىنگۈل، تاۋاگۈل، تالگۈل...... قاتارلىقناملار بىلەن ئاتىلىدۇ.

ئۇيغۇرلار ئۆزلىرىنىڭ گۈلخۇمار خەلق ئىكەنلىكىنى ئىسىملىرىنىڭ ئاخىرىغا ياكى بېشىغا «گۈل» نامىنى قوشۇپ ئادەم ئىسىملىرى قاتارىدا قوللىنىش ئارقىلىقمۇ ئىپادىلىگەن. بۇ هال كۆپرەك ئاياللارنىڭ ئىسمىدا گەۋدىلەنگەن. مەسىلەن، ئۇيغۇرلار ئارىسىدا تاجىگۈل، رەيھانگۈل، چىمەنگۈل، ئايىمگۈل، گۈلنىسا، گۈلدۆلەت، گۈلئايىم، گۈلنار، مېهرىگۈل، هاۋاگۈل، هەمراگۈل، ئايشەمگۈل...... قاتارلىق ئىسىملار ناهايىتى كۆپ ئۇچرايدۇ. ئېيتىشلارغا قارىغاندا، تۇرپان، قەشقەر قاتارلىق رايونلاردا 60% تىن كۆپرەك ئاياللارنىڭ ئىسىملىرىغا «گۈل» قوشۇپ ئاتىلىدۇ، هەتتا بەزى ئەرلەرنىڭ ئىسىملىرىغىمۇ «گۈل» قوشۇلىدۇ. مەسىلەن، سەيدىگۈل، ئابدۇگۈل دېگەنگە ئوخشاش.

گۈلگە بولغان ئەقىدە ئۇيغۇرلارنىڭ كەشتىچىلىك قول هۈنەر-سەنئىتىدىمۇ تولۇق نامايان بولغان. ئۇيغۇر كەشتىچىلىك سەنئىتىدە هەر خىل گۈل نۇسخىلىرىنى نەقىش قىلىپ ئويۇش ئاساسلىق ئورۇندا تۇرىدۇ. ئۇلار قول ياغلىق ۋە باش ياغلىقنىڭ بۇرجەكلىرىگە پورەكلەپ ئېچىلىۋاتقان رەڭدار گۈل - چېچەكلەرنىڭ نۇسخىلىرىنى كەشتىلەشتىن باشقا، يەنە ئۆي - ئىمارەتنىڭ تاملىرى ۋە تۈۋرۈكلىرىگە، جاۋەن، ساندۇق قاتارلىق ئۆي جاهازلىرىغا كۆركەم گۈل نۇسخىلىرىنى سىزىدۇ. ئۇلار گۈل ئەڭ گۈزەل نەرسە، ئۇ بىزگە بەخت ۋە شاد - خۇراملىق ئەكېلىدۇ، دەپ قارايدۇ.

## 2. تازىلىق ۋە ساغلاملىق ئادەتلىرى

**خوتۇن - قىزلارنىڭ سەھەردىكى ئەنئەنىۋى تازىلىق ئادەتلىرى**

تازىلىق — ئىنسانىيەت مەدەنىيىتىنىڭ ئۆزۈكى، ئىنسانلارنىڭ ئۆز-ئۆزىنى بىلىش دەرىجىسىنىڭ ئىپادىسى، مەنىۋى گۈزەللىكنىڭ رېئاللىققا ئايلىنىشى، ساغلاملىق ۋە روھلۇق بولۇشنىڭ كاپالىتى.

تازىلىق — ھەرقايسى خەلقلەرنىڭ مەدەنىيەت ساپاسىنىڭ يۇقىرى-تۆۋەنلىكىنى بەلگىلەيدىغان توپ ئامىللارنىڭ بىرى.

«ساغلام تەنــدە ســاغلام ئەقــل» دېــگەن ماقــال ئۇيغۇرلارنىــڭ قەدىمدىن تارتىپ تازىلىققا تولىمۇ ئەھمىيەت بېرىدىغانلىقىدىن ئىبارەت مىللىي پسىخىكىسىنى ئەكس ئەتتۈرىدۇ.

ئۇيغــۇرلار ئۆزلىرىنىــڭ ئــۇزاق زامــانلاردىن بۇيــان شــەكىللەندۈرگەن ئەنئەنىۋى ئىش تەقسىماتى نەتىجىسىدە خوتــۇن - قــىزلار بــالا بېقىش، تاماق ئېتىش، كىر يۇيۇش، ئائىلە تازىلىقى ۋە مۇھىت تازىلىقى قاتارلىق ئــۆي ئىــشلىرىنى ئــۆز ئۈســتىگە ئالغــان بولــۇپ، ھەممىــسىدە تــازىلىق مەركىزىــي نۇقتــا قىلىنغــان. شــۇنىڭ ئۈچۈن، ئــۇلار كۈنــدىلىك ئــائىلە ئىــشلىرىنىڭ بىرىنچــى قەدىمىنــى ســەھەردىكى ئــاممىۋى تــازىلىق پائالىيىتىدىن باشلايدۇ.

ئۇيغــۇرلار ئارىــسىدا «ئايالىنىــڭ قېشىغا قــاراڭ، قاچىــسىنىڭ تېــشىغا (قاراڭ)»، «ئىشچان خوتــۇن ســەھەر تــۇرۇپ چېچىنــى تارايــدۇ، ھــۇرۇن خوتــۇن ئــۇخلاپ تــۇرۇپ كۆلــۈڭ كولايــدۇ» دېــگەن تەمسىلنىڭ كېلىــپ چىقىشىمۇ سەۋەبسىز ئەمەس. دەرۋەقە، ئۇيغۇرلارنىڭ ئەنئەنىۋى قارىشىدا تازىلىق ئايالىلارنى باھالايدىغان ئاساسىــي ئۆلچەم قىلىنغان. كۈنــدىلىك تۇرمۇشتىمۇ ئەرنىڭ ياقىسىنىڭ كىــر ياكى پاكىزلىقىغــا قــاراپ ئايالىنىــڭ قانداق تەبىئەتلىــك كىــشى ئىكەنلىكىنــى مۆلچەرلەيــدۇ. شــۇ ســەۋەبتىن، ئانــا بولغــۇچى قىزىنــى كىچىــك ۋاقتىــدىن باشــلاپلا ئــائىلە ئىــشلىرىغا، بولۇپمۇ تازىلىق قىلىشقا ئۆگىتىدۇ، ھەمىــشە ئــۆز پەرزەنتلىــرىگە «ســەھەر تــۇرۇپ تــازىلىق قىلــساڭ ســاۋاب بولىــدۇ، ھــويلا - ئــاران ۋە يــوللارنى

سۈپۈرسەڭ بەختىڭ ئېچىلىدۇ» دەپ تەربىيە بېرىدۇ. مۇشۇنداق ئەنئەنىۋى تەلىم - تەربىيە نەتىجىسىدە ئۇيغۇر دولانلىرى ئولتۇراقلاشقان يېزا - قىشلاق، شەھەر - بازارلاردا ھەر كۈنى تاڭ سۈزۈلۈشى بىلەن تەڭلا ھەممىدىن بۇرۇن ئاياللار - قىزلار ئورنىدىن تۇرۇپ، يۈز - كۆزىنى يۇيۇشتىن ئىلگىرى ئۆي ئىچى، ھويلا - ئارانلىرىنى ۋە ئۆي ئەتراپىدىكى چوڭ - كىچىك كوچىلارنى پاكىز سۈپۈرۈپ سۇ سېپىدۇ، تەرەتخانىلارنى پاكىز تازىلايدۇ، ھويلا - ئاراندىكى گۈللۈكلەرگە ۋە گۈل تەشتەكلىرىگە سۇ قۇيىدۇ. بۇنىڭ بىلەن ئائىلىلەر ۋە يۇرت - مەھەللىلەر ئادەمگە بىر خىل جۇشقۇن كەيپىيات بېغىشلايدۇ. بىر كۈنلۈك ھاياتنىڭ مۇقەددىمىسى ئەنە شۇنداق پاكىز مۇھىت ۋە ساپ ھاۋا بىلەن ئېچىلىدۇ.

## 3. سىمۋوللۇق رەڭ چۈشەنچىلىرى

ئۇيغۇرلار ھەر خىل رەڭدىن ئۆزگىچە ئېستېتىكىلىق زوق ئېلىپلا قالماستىن، رەڭدىكى كىشىگە بېرىدىغان ئوخشاشمىغان تۇيغۇنىڭ تەسىرى بىلەن ئۇنى ئۆزلىرىنىڭ تۇرمۇش ئادىتىدىكى تۈرلۈك پائالىيەت ۋە چۈشەنچىلىرىگە زىچ بىرلەشتۈرۈپ، تۇرمۇشىدىكى ياخشىلىق ۋە يامانلىقنىڭ سىمۋوللۇق بېشارىتى سۈپىتىدە قوللىنىپ ئىشلەتكەن. ھەر خىل رەڭلەرنىڭ ئىچىدە ئاق، كۆك، قىزىل، سېرىق رەڭلەر ئۇيغۇرلارنىڭ پىسخىكىلىق پائالىيىتى ۋە دىنىي ئەقىدىسىگە زىچ ماسلاشقان ھالدا ئۇلارنىڭ تۇرمۇش ئۆرپ - ئادىتىدە بىرقەدەر گەۋدىلىك رول ئوينىغان بولۇپ، ئۇ قەدىمىيلىكى ۋە ئىزچىللىقى بىلەن ئۇيغۇرلارنىڭ ئۆرپ - ئادىتىدە مۇھىم بىر ئالاھىدىلىك بولۇپ شەكىللەنگەن.

ئاق رەڭ: ئاق رەڭ ئۇيغۇرلارنىڭ ئەنئەنىۋى ئېڭىدا بەخت - ئامەت، ياخشىلىق، پاكلىق، ئالىيجانابلىق چۈشەنچىسىنى بەرگەن. بۇ خىل چۈشەنچە ئۇيغۇرلارنىڭ ئىپتىدائىي ئېتىقاد دەۋرلىرىدىن تارتىپ تاكى ھازىرغىچە ساقلىنىپ كەلمەكتە. مەسىلەن، سەپەرگە چىققانلارنى ئۇزىتىشتا «ئاق يول بولسۇن!» دەپ ياخشى تىلەكتە بولۇش، سۈتنى

ئۇلۇغلاش، قارنى بەخت ـ ئامەتنىڭ بەلگىسى دەپ بىلىش، قىزلار تويى بولغان كۈنى ئاق رەڭلىك كۆڭلەك كىيىش، ھازىدار ئەرلەر بېلىگە ئاق باغلاش، ئاياللار ئاق ياغلىق سېلىش، ئۆي ـ ئىمارەتلەرنى ئاقارتىش قاتارلىق ئادەتلەرنىڭ ھەممىسىدە ئاق رەڭ ئۇلۇغلانغان.

كۆك رەڭ: كۆك رەڭمۇ ئۇيغۇرلارنىڭ ئىپتىدائىي دىنىي ئېتىقادى بىلەن باغلانغان ھالدا ياخشىلىق ۋە ئامەتنىڭ، شۇنداقلا ئىلاھىي تۈسنىڭ سىمۋوللۇق بېشارىتى سۈپىتىدە گەۋدىلەنگەن.

كۆك سۆزىنىڭ بىرنەچچە تۈرلۈك مەنىسى بار. مەسىلەن، كۆك — تەڭرى، ئاسمان؛ كۆك رەڭ — ئەسل، ئەجداد (كۆككۆك كىم)، كۆكلە (ياشا، ياشارماق)؛ كۆك (كۆكتات، ئوت ـ چۆپ) قاتارلىقلار. بىزنىڭ بۇ يەردە كۆزدە تۇتۇۋاتقىنىمىز، كۆك سۆزىنىڭ ئىككى خىل مەنىسى بولۇپ، بىرى، تەڭرى يەنى خۇدا مەنىسى؛ يەنە بىرى، رەڭ پەرقىدىكى كۆك مەنىسى. تېخىمۇ كونكرېت ئېيتقاندا، كۆك رەڭنىڭ ئۇيغۇرلارنىڭ ئېڭىدا مۇقەددەس رەڭ چۈشەنچىسىگە كۆتۈرۈلۈشى، ئۇنىڭ خەلق ئېڭىدىكى تەسىرى قاتارلىقلار.

قەدىمكى ئۇيغۇرلارنىڭ ئەقىدىسىدە كۆك رەڭنىڭ بۈيۈكلۈك دەرىجىسىگە كۆتۈرۈلۈپ، ئىلاھىي قۇدرەتنىڭ سۈپىتى ياكى ئىسمى ئورنىدا قوللىنىلىشىنىڭ مەلۇم ئىجتىمائىي ئاساسى بار. ئوتتۇرا ئاسىيادا ياشىغۇچى خەلقلەر، جۈملىدىن ئۇيغۇرلارنىڭ بىرقەدەر ئۇزاق تارىختا ئىگە بولغان ئىشلەپچىقىرىش ئادەتلىرىدە چارۋىچىلىق ئاساس قىلىنغانىدى. چارۋىچىلىق ئاساسەن يېشىللىقنى مەركەز قىلغان يايلاقنى ماكان قىلاتتى. يايلاق مەدەنىيىتىدە يېشىللىق (كۆك — ئوت ـ چۆپ) ھاياتلىقنىڭ ئاساسى دەپ قارىلىپ، ئۇنىڭغا بولغان ئىخلاسمەنلىك كۈچەيگەنىدى.

شامانىزم ئېتىقادى دەۋرىدە تەبىئەت ئىلاھچىلىقىنى مەركەز قىلغان ئاسمان، قۇياش، ئاي، يۇلتۇز، شامال، يامغۇر، چاقماق قاتارلىق ھاسىلاتلارنىڭ يۈز بېرىشىدە «كۆك» سۆزى تەڭرىگە تەققاسلىنىپ، بۈيۈكلۈك دەرىجىسىگە كۆتۈرۈلگەن.

ئۇيغۇرلار ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلغاندىن كېيىن، كۆك (ئىلاھ)

چۈشەنچىسىدىن ئالەمنى بىنا قىلغۇچى «ئاللا» ئۇقۇمى پەيدا بولۇپ، ئۇ «كۆك تەڭرى» چۈشەنچىسىنىڭ ئورنىغا دەسسىدى، لېكىن كۆكنىڭ خەلق ئېڭىدىكى سىمۋوللۇق مەنىسى (ئېستېتىك مەنىسى) ئۆزگەرمىدى، بەلكى ئادەت سۈپىتىدە خەلق ئارىسىدا ھازىرغىچە ساقلىنىپ كەلمەكتە. مەسىلەن، قايغۇ - ھەسرەتكە دۇچار بولغاندا كۆككە قاراپ ئىلتىجا قىلىش، يېشىللىقنى قەدىرلەش، تەبىئەتنىڭ تۇنجى مېۋىسى (كۆكى) گە بولغان ھېرىسمەنلىك، بېدە كۆكىدە كۆك چۆچۈرىسى ئېتىپ، ئۇرۇق- تۇغقان ياكى قولۇم - قوشنىلارغا يېڭىلىق تۇتۇش ئۇدۇمى، كۆك مەشرىپى قاتارلىقلار شۇنىڭ جۈملىسىدىندۇر.

قىزىل رەڭ: ئۇيغۇرلار قىزىل رەڭنى ياخشىلىقنىڭ، خۇشاللىقنىڭ، بەخت - سائادەتنىڭ، گۈزەللىكنىڭ، جەڭگىۋارلىقنىڭ، غەلىبىنىڭ سىمۋوللۇق بېشارىتى، دەپ قارايدۇ.

ئۇيغۇرلاردا قىزىل رەڭنىڭ يۇقىرىقىدەك مەنىلەرگە ئىگە بولۇشى ئۇلارنىڭ ياشىغان جۇغراپىيەلىك شارائىتى، ئىپتىدائىي دىنىي ئېتىقادلىرى بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك بولۇپ، تەدرىجىي ھالدا نىسپىي مۇقىم مەنىسى بىلەن ئۇلارنىڭ ئۆرپ - ئادەتلىرىدە ئەكس ئەتكەن. مەسىلەن، ئۇيغۇرلارنىڭ ئادىتىدە توي - تۆكۈن بولسا «ئاش - سۇ» ھېسابىدا قىز تەرەپكە ئاپىرىدىغان قوينىڭ بېشىغا قىزىل رەخت باغلاپ قويۇلىدۇ، توي كۆچۈرۈش ھارۋىسىغا قوشۇلغان ئاتلارغا ياكى ھازىرقى زاماندىكى توي كۆچۈرۈش ماشىنىلىرىنىڭ ئالدىغا قىزىل رەخت باغلىنىدۇ، ھەتتا توينىڭ ناغرا - سۇنايلىرىغىمۇ قىزىل رەخت باغلاپ قويۇلىدۇ. سۈننەت توي مۇراسىمىدا سۈننەتتى قىلىنغان بالىنىڭ بېلىگە گۈل چىقىرىلغان قىزىل پوتا باغلىنىدۇ. بۇنىڭدىن باشقا، يېڭى تۇغۇتلۇق ئۆيلەرنىڭ ئىشىكىگە قىزىل رەخت ئېسىپ قويۇلىدۇ، ئۇيغۇرلارنىڭ ئەنئەنىۋى تەسۋىرىي ۋاسىتىلىرىدە قىزلارنى قىزىلگۈلگە ئوخشىتىدۇ. قىزلار، ياش چوكانلار قىزىل رەڭلىك كۆڭلەك كىيىشنى ياخشى كۆرىدۇ. قىزىل رەڭنى ياشلىقنىڭ بەلگىسى دەپ قارايدۇ. بۇ قەدىمكى زەردۇشت (ئاتەشپەرەسلىك) دىنىنىڭ تەسىرىدىن ئىبارەت.

سېرىق رەڭ: سېرىق رەڭ ئۇيغۇرلارنىڭ ئېستېتىك ئادىتىدە قۇياشقا،

مول هوسۇلغا، ئالىيجانابلىققا سىمۋول قىلىنىدۇ. ئۇيغۇرلار سېرىق رەڭنى «ئالتۇن رەڭ» دەپ ئاتايدۇ. ئۇيغۇرلارنىڭ رەڭ چۈشەنچىسىدە سېرىق رەڭنى ياخشى كۆرۈش ئادىتى ئۇلارنىڭ قەدىمكى قۇياش تەڭرىسىگە سېغىنىشتىن ئىبارەت ئىپتىدائىي ئېڭى بىلەن مۇناسىۋەتلىك.

ئۇيغۇرلارنىڭ ئەڭ ئەنئەنىۋى گۈزەل سەنئەت بۇيۇملىرى ۋە زىبۇ-زىننەت بۇيۇملىرىنىڭ رەڭگىمۇ ئالتۇن رەڭنى ئاساس قىلىدۇ. ئەنئەنىۋى نەققاشچىلىق سەنئىتىدە ھەشەمەتلىك ئىمارەتلەرنىڭ گىرۋەك نەقىشلىرىگە ئالتۇن رەڭدە ھەل بېرىلىدۇ.

## ئاياللارنىڭ گىرىم قىلىش ئادەتلىرى

ئۇيغۇر ئاياللىرى گۈزەللىكنى سۆيىدۇ، گۈزەللىككە ئىنتىلىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن، ئۇيغۇر ئاياللىرى گۈزەللىك يارىتىش ئەمەلىيىتى جەريانىدا ئۆزىگە خاس مىللىي گىرىم قىلىش ئادەتلىرىنى شەكىللەندۈرگەن. مەسىلەن:

ئوسما: ئوسما قويۇش ئۇيغۇر ئاياللىرى ئىچىدە ئەڭ كەڭ ئومۇملاشقان گىرىم قىلىش ئادىتى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن، كۆپ ئائىلىلەر ھويلا - ئاراملىرىغا مەخسۇس ئوسما تېرىيدۇ، ھەتتا قىش كۈنلىرىمۇ گۈل تەشتەكلىرىدە ئوسما ئۆستۈرىدۇ. ئوسما قۇلاق بولغاندا ئۇنى سىقىپ سۈيىنى چىقىرىپ، پىلتىكۈچ بىلەن قېشىغا قويىدۇ. قىشلىق ئوسما ئۈچۈن ياز كۈنلىرى كۆك ئوسمىنى سىقىپ، سۈيىنى ئۆچكە يېغى بىلەن ئارىلاشتۇرۇپ ئوسما قاتمىسى («تاش ئوسما» دەپ ئاتىلىدۇ) تەييارلىنىۋالىدۇ. ئوسما قاشقا سىڭىپ قۇرۇغاندىن كېيىن، سوغۇق سۇ بىلەن بىر قېتىم يەڭگىل يۇيۇۋېتىدۇ. شۇنىڭ بىلەن قاش تەبىئىي كۆرۈنىدۇ. بەزى جايلاردا قىزلار كۆپرەك ئىككى قېشىنىڭ ئوتتۇرىسى (قوشۇمىسى)غا ئوسمىدا خال (مەڭ) چېكىۋالىدۇ. ئوسما قويۇشتا ھېچقانداق ياش چەكلىمىسى يوق، ھەتتا يېڭى تۇغۇلغان بوۋاقلارنىڭ قېشىغىمۇ ئوسما قويۇش ئادىتى بار. ئوسمىنىڭ تەبىئىتىدىن قارىغاندا، ئۇ يالغۇز قاشنى قارايتىش رولىنى ئويناپلا قالماستىن، يەنە تۈك بەزلىرىگە تەسىر كۆرسىتىپ، قاشنى قويۇقلاشتۇرۇش رولىنىمۇ

ئوينايدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن، ئۇيغۇر ئاياللىرىنىڭ قېشى ھەم قارا، ھەم قويۇق بولىدۇ.

سۈرمە: سۈرمە پامىر تاغ تىزمىلىرىنىڭ قەشقەرگە تۇتاش بىر قىسىم جايلىرىدىن چىقىدىغان تەبىئىي كان بايلىقلىرىدىن بىرى بولۇپ، ئۇيغۇر ئاياللىرى قەدىمدىن تارتىپ ئۈنىڭدىن گىرىم بۇيۇمى سۈپىتىدە پايدىلىنىپ كەلگەن. ئۇلار كۆزلىرىنى يوغان، نۇرلۇق كۆرسىتىش ئۈچۈن كىرپىك ۋە قاپىقىغا سۈرمە تارتىشقا ئادەتلەنگەن. سۈرمە يالغۇز گۈزەللىك رولىنى ئويناپلا قالماستىن، ئەڭ مۇھىمى، كۆزنىڭ روشەن ۋە نۇرلۇق بولۇشىغا ياردەم بېرىدۇ. شۇ سەۋەبتىن، بەزى ئەرلەرمۇ كۆزىگە سۈرمە تارتىدۇ (ئەرلەر كېچىسى ئۇخلاش مەزگىلىدە ئىشلىتىدۇ). ھازىر ئۇيغۇر تېبابىتىدىمۇ سۈرمە كۆز ياشاڭغىراش، كۆز ئاغرىش، كۆز تورلىشىش، يىراقنى كۆرەلمەسلىك قاتارلىق كۆز كېسەللىكلىرىگە دورا ئورنىدا ئىشلىتىلىدۇ.

خېنە: قولغا خېنە قويۇش — ئۇيغۇر ئاياللىرىنىڭ ئەنئەنىۋى گۈزەللىك ئادەتلىرىدىن بىرى. خېنە بىر خىل ئالاھىدە گۈل بولۇپ، كۆپچىلىك ئائىلىلەر خېنىگۈلنى ئەتىۋارلاپ ئۆستۈرىدۇ. گۈل ئېچىلىشتىن بۇرۇن خېنىنىڭ غولىنى ئۇششاق چاناپ ياكى سوقۇپ، زەمچە بىلەن ئارىلاشتۇرۇپ، قولنىڭ ئالقىنىغا قويۇپ، ئۈستىدىن ياغلىق بىلەن مەھكەم چىگىپ قويۇلىدۇ. بۇ «خېنە قويۇش» دېيىلىدۇ. خېنە كۆپىنچە كېچىسى ئۇخلاشتىن بۇرۇن قويۇلىدۇ. بىر كېچە تۇرغاندىن كېيىن، ئەتىسى ئورنىدىن تۇرغاندا ياغلىقنى يېشىپ، قولنى سوغۇق سۇدا يۇيۇۋېتىدۇ. خېنە ئېچكەندىن كېيىن قول، تىرناقلارنىڭ رەڭگى قىزىل ياكى قىزغۇچ سېرىق ھالغا كىرىدۇ. خېنىنىڭ رەڭگى قولدا خېلى ئۇزاق ۋاقىتقىچە ساقلىنىدۇ. خېنە قويۇش ئۇيغۇرلارنىڭ قىزىل رەڭنى ئالاھىدە ياخشى كۆرۈش ئادىتى بىلەن مۇناسىۋەتلىك. خېنە بىر تەرەپتىن قول ۋە تىرناقلارنى تەبىئىي قىزارتىپ گۈزەللەشتۈرۈش رولىنى ئوينىسا، يەنە بىر تەرەپتىن قول تەرلەش ۋە يېرىلىشنىڭ ئالدىنى ئالىدۇ، قولنى سىلىقلاشتۇرۇپ، تىرناقنى پارقىرىتىدۇ.

ئۇپا ـ ئەڭلىك: مەھمۇد كاشغەرىي «تۈركىي تىللار دىۋانى»

(I توم، 156 ـ بەت) دا «ئەڭلىك» نى «خوتۇنلارنىڭ مەڭزىگە سۈركىلىدىغان ئاچ قىزىل بوياق»، «ئۇپا ــ يۈزگە سۈركىلىدىغان ئۇنسىمان ئاق نەرسە» («تۈركىي تىللار دىۋانى»، I توم، 117 ـ بەت) دەپ ئىزاھلايدۇ. «تۈركىي تىللار دىۋانى» دىكى بۇ مەلۇماتتىن قارىغاندا، ئەڭلىك بىر خىل مەڭزىنى قىزارتىدىغان بوياق، ئۇپا يۈزنى سىلىقلاشتۇرىدىغان «گىرشەن» دەپ ئاتىلىدىغان ئۇنسىمان نەرسە بولۇپ، بۇ مەلۇماتلاردىن قارىغاندا، ئۇيغۇر ئاياللىرىنىڭ ئۇپا ـ ئەڭلىك سۈركەش تارىخىنىڭ ناھايىتى ئۇزاق ئىكەنلىكىنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇ.

چاچ پەردازلىرى: چاچ ــ ئۇيغۇر ئاياللىرىنىڭ گۈزەللىك ئۆلچەملىرىدىن بىرى. شۇڭا، ئۇلار چاچلىرىنىڭ كۆپ ۋە ئۇزۇنلۇقى بىلەن پەخىرلىنىدۇ. چاچلىرىنى ئاسراشقا ھەممىدىن كۆپ ئەھمىيەت بېرىدۇ. شۇ سەۋەبتىن، ئۇلار چاچنى مۇھاپىزەت قىلىدىغان بىر يۈرۈش يەرلىك ئادەتلەرنى ياراتقان. ئاياللار چاچنى كۆپەيتىش ۋە قارايتىش ئۈچۈن بادام مېغىزى ۋە شاپتۇل مېغىزىنى چالا كۆيدۈرۈپ «ياغلىقار» ياساپ، ئۇنى چېچىغا سۈرىدۇ. ئادەتتە قاشنى قارايتىش ۋە قويۇقلىتىش ئۈچۈنمۇ ئاشۇ «ياغلىقار»نى ئىشلىتىدۇ. چېچىنى تېز ئۆستۈرۈش ئۈچۈن زەيتۇن يېغىنى سۈرىدۇ. چاچنى پارقىرىتىش، چاچ چۈشۈشنىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋە تومۇلۇقىنى ساقلاش ئۈچۈن جىگدە يېلىمىنى سۇيۇق مەلھەم قىلىپ چاچقا چاپىدۇ. جىگدە يېلىمى ئۇيغۇر ئاياللىرىنىڭ ئەڭ كەڭ ئومۇملاشقان تەبىئىي «چاچ مېيى» دۇر. ئۇنىڭدىن باشقا، چېچى شالاڭ ۋە قىسقا ئاياللار جا چاچ (سۈنئىي چاچ) سالىدۇ. «تۈركىي تىللار دىۋانى» دا سۈنئىي چاچ سېلىشنىڭ مۇنداق ئىككى تۈرى تونۇشتۇرۇلغان: بىرى، ئۇزۇن چاچ سېلىش؛ يەنە بىرى، ماڭلاي چاچ سېلىش. مەھمۇد كاشغەرىي ئاياللار سالىدىغان مۇنداق سۈنئىي چاچلارنىڭ چۈپۈردىن ياسىلىدىغانلىقىنى كۆرسەتكەن.

يۈزنى سىلىقلاش شەكلىدىكى پەردازمۇ ئۇيغۇر ئاياللىرى ئارىسىدا خېلى كەڭ ئومۇملاشقان. بۇنداق پەرداز ئاساسەن يۈزدىكى سېرىق تۈكلەرنى يېپىلاپ تېرىشنى ۋە تەكشى ئۆسمىگەن قاشلارنى تېرىپ تەكشىلەشنى كۆرسىتىدۇ. «تۈركىي تىللار دىۋانى» دا ئۇيغۇر

ئاياللىرىنىڭ بۇنداق پەرداز ئادىتىنى تونۇشتۇرۇپ مۇنداق مەلۇمات بەرگەن: مەڭدەشتى ــ يىپ سىپلىشتى ــ ئىككى خوتۇن يىپ سىپلىشتى، يەنى يىپ بىلەن بىر ـ بىرىنىڭ يۈزىدىكى تۈكلەرنى ئېلىشتى. بۇ ئادەت ھازىرغىچە داۋاملىشىپ كەلگەن بولۇپ، بەزى جايلاردا ھەتتا «يىپلاش تويى» ئۆتكۈزۈلۈپ، بەلگىلىك دەرىجىدە مۇراسىم تۈسىنى ئالغان.

ئۇيغۇر ئاياللىرى يۈزىدىكى تۇغۇتتىن قېپقالغان داغنى چۈشۈرۈش ئۈچۈن، كاۋاش سۇمۇق (زەمچە) قا ئوخشاش نەرسىلەرنى ئېزىپ يۈزىگە سۈرىدۇ. بۇ ئارقىلىق داغنى يوقىتىپ، يۈزنى پارقىرىتىدۇ.

ئۇيغۇر ئاياللىرى خۇش پۇراقلىق نەرسىلەرنى ياخشى كۆرىدۇ ۋە ئەتىۋارلايدۇ. ئىپار، سەندەل، ئەنبەرلەرنى يېنىدا ساقلايدۇ. بۇ دورىلار مەززىلىك پۇراپ، ئادەم بەدىنىدىكى سېسىق پۇراقلارنى يوقىتىدۇ.

دېمەك، ئۇيغۇر ئاياللىرىنىڭ يۇقىرىقىدەك بىر يۈرۈش تەبىئىي پەرداز بۇيۇملىرى نوقۇل ھالدا گۈزەللىك ئۈچۈنلا ئەمەس، شۇنداقلا يەنە ساغلاملىق ۋە سالامەتلىك ئۈچۈنمۇ خىزمەت قىلغان.

# بەشىنچى باب

## ئۇيغۇرلارنىڭ ئىسىم قويۇش ئادەتلىرى

مەلۇمكى، ئادەم ئىسىملىرىمۇ مەدەنىيەت ھادىسىلىرىدىن بولۇپ، ئادەمنىڭ بىر خىل ئىجتىمائىي شەرتلىك بەلگىسى. ھەر مىللەت ئۆزىگە خاس ئىسىم قويۇش ئەنئەنىسىگە ئىگە.

### 1. ئۇيغۇر ئىسىملىرىنىڭ تارىخى ۋە مەدەنىيەت قاتلىمى

ئۇيغۇرلاردا ئىسىم قويۇش ئادىتى بىرقانچە باسقۇچنى باشتىن كەچۈرگەن. بۇنى مۇنداق ئۈچ دەۋرگە بۆلۈپ چۈشەندۈرۈش مۇمكىن:

1. ئىسلامىيەتتىن بۇرۇنقى كىشى ئىسىملىرى؛
2. ئىسلامىيەتتىن كېيىنكى كىشى ئىسىملىرى؛
3. ئازادلىقتىن كېيىنكى كىشى ئىسىملىرى.

ئۇيغۇر خەلقى ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلىشتىن بۇرۇن ئاساسەن ئۇيغۇرچە سۆز بىلەن ئىسىم قويۇشقا ئادەتلەنگەن. مەسىلەن، بايتەمىر، ئىلتەمىر، بەگ بۇقا، قارابۇقا، قاراباخشى...... دېگەندەك. بۇنىڭدىن باشقا، ھەرقايسى رايونلاردا ياشىغان ئۇيغۇرلاردا ئۆزلىرىگە شەھەر، يەر ناملىرىنى ئىسىم قىلىپ قويۇش بىر ئەنئەنە ئىدى. چىڭگىزخاننىڭ مۇھىم مەسلىھەتچىلىرىدىن بىرى بولغان قارىياغاچ بۇيرۇقنىڭ «قارىياغاچ» دېگەن يەرنىڭ نامىنى ئۆزىگە ئىسىم قىلىپ قويۇشى، شۇنىڭدەك ئۇيغۇر ئىدىقۇتى بارچۇق ئارت تېكىننىڭ بارچۇق (ھازىرقى مارالبېشى ناھىيەسىنىڭ قەدىمكى نامى) سۆزىنى ئۆزىگە ئىسىم قىلىپ قويۇشى بۇنى ئىسپاتلايدۇ.

ئۇيغۇر خەلقى ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلغاندىن كېيىن، ئىسلام دىنى ئۇيغۇرلارنىڭ ئىسىملىرىغىمۇ تەسىر كۆرسەتتى. شۇنىڭدىن باشلاپ ئۇيغۇرلارنىڭ ئىسىملىرىدا ئەرەبچە ۋە پارسچە سۆز بىلەن قويۇلغان ئىسىملار كۆپىيىشكە باشلىدى. مەسىلەن، ئابدۇللا (ئاللانىڭ قۇلى)، ھەبىبۇللا (ئاللانىڭ دوستى)، سەيپۇللا (ئاللانىڭ قىلىچى)، مۇتىئۇللا (ئاللانىڭ ئىتائەتچان قۇلى)، رەھمىتۇللا (ئاللانىڭ رەھمىتى) دېگەن ئىسىملارغا ئوخشاش.

ئىسلام دىنىغا بولغان ئېتىقاد ـ ئىشەنچ كۈچەيگەن ۋە چوڭقۇرلاشقانسېرى بۇرۇنقى ساپ ئۇيغۇرچە سۆز بىلەن قويۇلغان ئىسىملارنىڭ ئورنىنى ئەرەبچە سۆز بىلەن قويۇلغان ئىسىملار ئىگىلەشكە باشلىدى. ھەربىر مۇسۇلمان ئۇيغۇر ئۆزىنىڭ ئاللاغا، مالائىكىلەرگە، پەيغەمبەرلەرگە، چاريارلارغا، ئانىلارغا بولغان سېغىنىشىنى ئىزھار قىلىش ئۈچۈن، ئۇلارنىڭ ئىسمىنى ئۆزلىرىگە ئىسىم قىلىپ قويۇشقا باشلىدى. مەسىلەن:

1. ئاللانىڭ سۈپەتلىرىنى ئىسىم قىلىپ قويۇش بىرقەدەر كۆپ ئۇچرايدۇ. مەسىلەن، خالىق (مەخلۇقاتنى ياراتقۇچى)، قادىر (ھەممىگە كۈچى يەتكۈچى)، غوپۇر (ئەپۇ قىلغۇچى) دېگەندەك.

2. مالائىكىلەرنىڭ ئىسىملىرىنى ئىسىم قىلىپ قويۇشمۇ ئادەتكە ئايلانغان. مەسىلەن، ئىسراپىل، مىكائىل...... دېگەندەك.

3. پەيغەمبەرلەرنىڭ ئىسمىنى ئىسىم قىلىپ قويۇش. مەسىلەن، داۋۇت، مۇسا، ئەيسا، مۇھەممەد، ئىسھاق، ئىبراھىم، ئىسمائىل، ياقۇپ، يۈسۈپ...... دېگەندەك.

4. چاريارلارنىڭ ئىسمىنى ئىسىم قىلىپ قويۇش. مەسىلەن، ئابابەكرى، ئۆمەر، ئوسمان، ئەلى دېگەندەك.

5. مۇقەددەس ئانىلارنىڭ ئىسمىنى ئىسىم قىلىپ قويۇش. مەسىلەن، ھەۋۋا، مەريەم، سارە، ئايشە، خەدىچە، پاتىمە، ھەجەر...... دېگەندەك.

بۇنىڭدىن باشقا، ئىسلام دىنىغا ئائىت سۆزلەرنى ئىسىم قىلىپ قويغۇچىلارمۇ كۆپ ئۇچرايدۇ. مەسىلەن، ئىسلام، ئىمام، رەسۇل، ئىمان،

جەنــنەت...... دېگەنــدەك. يەنە ئىــسلام دۇنياســىدىكى مــۇقەددەس يەرلەرنىڭ نامىنى ئۆزىگە ئىسىم قىلىپ قويىغۇچىلارمۇ بولغان. مەسىلەن، مەدىنە، قۇددۇس دېگەندەك.

لېكىن، ئىسلامىيەتتىن كېيىن ئۇيغۇرچە سۆز بىلەن ئىسىم قويۇش ئادىتى پۈتۈنلەي ئۈزۈلۈپ قالغان ئەمەس. مەسىلەن، كېپەك، سۈپۈرگە، كەكە، پالتا، چورۇق، يانتاق، توقا، سامساق، قوزا، تايلاق، بوسۇق، چاۋار، بۇلاق، مايسا، ئالما، ئاي، ئالتۇن، چولپان، يۇلتۇز، تۇرسۇن، توختى، ئارسلان...... دېگەندەك.

ئازادلىقتىن كېيىن ئەرەبچە سۆزلەر ئىچىدىن مەنىسى ياخشى، دىنىي تۈس ئالمىغان ئادالەت، ئادىل، پازىل، ئالىم، ئارىپ، ئازاد، خېلىل، جېلىل، مەھمۇد، مەخسۇت، پەزىلەت، سائادەت، زۆھرە...... دېگەندەك ئىسىملارنى قويۇشتىن تاشقىرى، يەنە ئۇيغۇر تىلىنىڭ ئۆزىگە خاس سۆز ياساش ئۇسۇلى بىلەن دەۋرگە لايىق، دەۋرنىڭ خاراكتېرىنى ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرىدىغان ئىسىملارنى قويۇش ئومۇملىششقا باشلىدى. مەسىلەن، ئەركىن، ئۆتكۈر، قۇتلۇق، تۇرغۇن، تۇيغۇن، ئۈركەش، يالقۇن، يولداش...... دېگەندەك ئىسىملارغا ئوخشاش.

ئۇيغۇرلارنىڭ ئىسىم قويۇش ئادىتىدە ئۇلار ئۆز تارىخىدا ئېتىقاد قىلغان دىنلارنىڭ تەسىرى ئەكس ئەتكەن. مەسىلەن، بەزى پەرزەنت كۆرمىگەن، كۆرگەن بولسىمۇ، بالىسى تۇرمىغانلار بىرلا پەرزەنت كۆرگەن بولسا، بالىنىڭ تۇرۇپ قېلىشى ئۈچۈن ئاللاغا ئىلتىجا قىلىپ، بالىغا «نىياز» (يالۋۇرۇش دېگەن مەنىدە) دەپ ئىسىم قويۇپ، بېشىغا سېكىلەك قويۇپ قوياتتى.

بالىسى تۇرمىغانلار بىرەر پەرزەنت كۆرۈپ قالسا، بالىنى باشقا بىرى (ئاساسەن تۇغقانلىرى) گە بېرىۋېتەتتى. بىر مۇددەتتىن كېيىن ئۇ بالىنى «سېتىۋالاتتى» ـ دە، بالىسىغا «سېتىۋالدى» ياكى «تىلىۋالدى» دېگەنــدەك ئىــسمىنى قوياتتى. «سېتىۋالغۇچى» نىڭ قول ـ ئىلكىدە بولسا ئالاھىدە خۇشاللىق مەرىكىسى ئۆتكۈزۈپ بېرەتتى. بالا يۈزى كۆرمەي، كېيىن پەرزەنت كۆرگەنلەر بالىنىڭ ئۆمرى ئۇزاق بولۇشىنى ئۈمىد قىلىپ، ئۆز بالىلىرىغا تۇرسۇن، پولات، تۆمۈر، توختى، تۇردى،

تاشپولات، تاشتۆمۈر...... دېگەندەك ئىسىملارنى قوياتتى، شۇنداقلا ئۇزاق مەزگىل پەرزەنت كۆرمىگەنلەر تاسادىپىي پەرزەنت كۆرۈپ قالغان بولسا، خۇشاللىقىدا ئاللابەردى، خۇدابەردى، ئىگەمبەردى...... دېگەندەك ئىسىملارنى قويۇشقان. ئۇنىڭدىن باشقا، ئۆز پەرزەنتىنىڭ ئۇزاق ئۆمۈر كۆرۈشىنى ئۈمىد قىلىپ، ئۇزاق ئۆمۈر كۆرگەن ئادەملەرنىڭ ئىسمىنى قويىدىغان ئادەتلەرمۇ بولغان.

ئۆز پەرزەنتىنىڭ چوڭ بولغاندا بىلىملىك، دۆلەتمەن بولۇشىنى ئۈمىد قىلغان ئاتا - ئانا ئۆز بالىلىرىغا ئالىم، پازىل، سۇلتان، دۆلەت، مەلىكە، غەنى...... دېگەندەك ئىسىملارنى قويغان.

ياد ئېتىش، سېغىنىش يۈزىسىدىن ئۆز بالىلىرىغا ۋاپات بولۇپ كەتكەن ئاتا - ئانا، يېقىن تۇغقانلىرىنىڭ ئىسمىنى ئىسىم قىلىپ قويغۇچىلارمۇ بولغان. بۇنىڭ تەتۈرىسىچە، بالىلارنىڭ ئۆمرى قىسقا بولۇپ قالىدۇ، دېگەن قاراش بىلەن ۋاپات بولغۇچىنىڭ ئىسمىنى ئۆز بالىلىرىغا قويماسلىقتەك ئەھۋاللارمۇ بار.

بالىلارغا قويۇلماقچى بولغان ئىسىمنىڭ ئۇرۇق - تۇغقانلار ئىچىدىكى ئىسىملار بىلەن ئوخشاش بولۇپ قالماسلىقىغا ئالاھىدە دىققەت قىلىناتتى.

بالىلارغا قويۇلغان ئىسىملار ئىچىدە بالىلارنىڭ تۇغۇلغان مەزگىلى بىلەن مۇناسىۋەتلىك ئىسىملار خېلى كۆپ ئۇچرايدۇ. ھېيت، جۈمە، ئازنا، نورۇز، سەپەر، ھوشۇر، بارات، رەجەپ، روزى، ئاپرېل...... دېگەندەك.

ئاسمان جىسىملىرى ۋە تەبىئەت ھادىسىلىرىگە مۇناسىۋەتلىك ئىسىملار. مەسىلەن، چولپان، زۆھرە، يۇلتۇز، سەييارە، ئەختەر، يەشىن (چاقماق)، قەمەر...... دېگەنلەرگە ئوخشاش.

بەزىبىر ئۆسۈملۈك، گىياھ ۋە مېۋىلەرنىڭ نامىنى ئىسىم قىلىپ قويۇش. مەسىلەن، ئانار، ئالما، جىنەستە، زەيتۇن، چىنار، سامساق، مايسا، يانتاق، رەيھان...... دېگەنلەرگە ئوخشاش.

بەزىبىر ھايۋان، قۇشلارنىڭ ئىسمىنى ئىسىم قىلىپ قويۇش. مەسىلەن، ئارسلان، يولۋاس، مايمۇن، تۇتى، قۇندۇز، ئەسئەت

(شىر)...... قاتارلىقلار.

بەزى مەدەن، يەر ئاستى قېزىلمىلىرىنىڭ نامىنى ئىسىم قىلىپ قويۇش. مەسىلەن، ئالتۇن، كۈمۈش، ئالماس، مارجان، زۇمرەت دېگەنلەرگە ئوخشاش.

ئۇيغۇرلار ئۆز بالىلىرىغا ئىسىم قويغاندا تۆۋەندىكىدەك ئەھۋاللارغا ئالاھىدە دىققەت قىلاتتى:

1. قوشكېزەك ئىككى ئوغۇل تۇغۇلغان بولسا، ياد ئېتىش، سىغىنىش يۈزىسىدىن ئەلنىڭ پاتىمەدىن تۇغۇلغان ئوغۇللىرى ھەسەن-ھۈسەنلەرنىڭ ئىسمىنى قوياتتى. قوشكېزەك تۇغۇلغانلار بىرى ئوغۇل، بىرى قىز بولسا، ئوغۇلنىڭ ئىسمىنى ھەسەن، قىزنىڭ ئىسمىنى پاتىمە دەپ قوياتتى. ئەگەر ھەر ئىككىسى قىز بولسا، بىرىنىڭ ئىسمىنى پاتىمە، يەنە بىرىنىڭ ئىسمىنى زۆھرە دەپ قوياتتى.

2. ياقۇپ ئىسىملىك بىر ئادەم ئوغۇل پەرزەنت كۆرگەن بولسا، ئۇنىڭ ئىسمىنى يۈسۈپ دەپ قوياتتى. ئىسمائىل ئىسىملىك بىر ئادەم ئوغۇل پەرزەنت كۆرگەن بولسا، ئۇنىڭ ئىسمىنى ھەرگىز ئىبراھىم دەپ قويمايتتى. چۈنكى، يۈسۈپ ياقۇپ پەيغەمبەرنىڭ، ئىسمائىل بولسا ئىبراھىم پەيغەمبەرنىڭ ئوغلى بولغانلىقىدىندۇر.

## 2. ئۇيغۇرلارنىڭ ئىسىم قويۇش ئادىتى ۋە ئىسىملىرىدىكى ئالاھىدىلىك

ئۇيغۇرلارنىڭ ئىسىم قويۇش ئالاھىدىلىكى ئىسىملارنىڭ كۆپ خىل، كۆپ مەنىلىك، تەكرار، سىمۋوللۇق ۋە كۆپىنچە لەقەملىك كېلىشىدە گەۋدىلىنىدۇ. ئېپادىلىرى:

1. قەدىمكى ئەنئەنە ئاساسىدا ئىسىم قويۇش: بۇنداق ئىسىملار ئەجدادلىرىمىز ئۆزىنىڭ ئېتىقادى ئېتىقادى بويىچە ئۇلۇغلىغان، قەدىرلىگەن شەيئىلەر نامىدا قويغان ئىسىملارغا تەقلىد قىلىپ قويۇلغان ئىسىملارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. مەسىلەن، چولپان، ئاي، يولۋاس،

ئارسلان، يۇلتۇز، ئالتۇن قاتارلىقلار. بۇنىڭدىن باشقا، ئەجدادلىرىمىز بالا تۇغۇلغان ۋاقىتتا ئالدى بىلەن كۆزگە كۆرۈنگەن نەرسىنى بالىغا ئات قىلىپ قويۇشنىمۇ ئادەت قىلغان. تاش، تۆمۈر، سۈپۈرگە، كېپەك، چىمەن، پاسار، كەكە، پالتا، جۇۋا، چوڭ، كىچىك، باتىش قاتارلىق ئىسىملار ئاشۇنداق ئادەت ئاساسىدا قويۇلغان ئىسىملاردىن.

2. ئارزۇ ـ تىلەك، مۇراد ـ مەقسەت ئاساسىدا ئىسىم قويۇش: ئەجدادلىرىمىز ئىز ـ نىشانىمىز، چىرىغىمىز ئۆچمىسۇن دېگەن مەقسەتتە ئارزۇ ـ تىلەك، مۇراد ـ مەقسەت ئۇقۇمى ئاڭلىنىدىغان سۆز ـ ئىبارىلەرنى بالىلىرىغا ئىسىم قىلىپ قويۇشنى ئادەت قىلغان. توختى (خان)، تۇردى (خان)، تۇرسۇن (خان)، تۇرغۇن، سېتىۋالدى، خۇدابەردى قاتارلىقلار.

3. ئەرەبچە، پارسچە ئىسىم قويۇش: ئەرەبچە، پارسچە ئىسىم قويۇش ئادىتى ئەجدادلىرىمىز ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلغاندىن كېيىن شەكىللەنگەن. ئۇيغۇر جەمئىيىتىدە ئىسلام دىنى ھۆكۈمرانلىق ئورۇنغا ئۆتكەندىن كېيىن، ئىسلام ئەقىدىلىرى بويىچە ئىسىم قويۇش ۋە ئۇنىڭغا ئەگىشىپ ئەرەبچە، پارسچە ئىسىم قويۇش تەدرىجىي مىللىي ئادەت تۈسىنى ئالغان. بۇنىڭ بىلەن خۇدانىڭ پەزىلەت ـ سۈپەتلىرىنى، مالائىكە ــ پەرىشتىلەرنىڭ ۋە پەيغەمبەرلەرنىڭ ئىسىملىرىنى، ئىسلام، ئەرەب، پارس تارىخى، ئەدەبىياتىدىكى مەشھۇر شەخسلەرنىڭ ئىسىملىرىنى ئىسىم قىلىپ قويۇش ۋە ئەرەبچە ـ ئۇيغۇرچە بىرىكمە ئىسىم قويۇش ئادىتى شەكىللەنگەن. ئابدۇلھېمىت (ھەممىگە ھىممەت ئاتا قىلغۇچى)، غوپۇر (ئەپۇ قىلغۇچى)، ئابدۇكېرىم (خۇدانىڭ بەندىسى)، ئابدۇرەھىم (ھەممىگە رەھىم قىلغۇچى)، پەيزۇللا (خۇدانىڭ پەزىلەتلىك پەندىسى)، ئابدۇقادىر (ھەممىگە قادىر خۇدانىڭ بەندىسى) ۋە باشقىلار؛ ئىسراپىل، ئىسرائىل؛ ئىبراھىم، ئىسمائىل، ياقۇپ، مۇھەممەد، ئەيسا، ئىدرىس، مۇسا، ئىسھاق؛ ئوسمان، ئەلى، ئۆمەر، ئابابەكرى، خەدىچە، ھەۋۋا، مەريەم، پاتىمە، زۆھرە، ھەسەن ـ ھۈسەن، ھارۇن، ئىسكەندەر، تاھىر ـ زۆھرە؛ ئايجامال، توختىنىياز، گۈلباھار، توختىباقى، تۇرنىسا، گۈلنىسالار شۇ ئادەت بويىچە قويۇلغان ئىسىملاردىن. ئۇيغۇرلاردىكى ئىسىملارنىڭ تەكرارلىنىش ھالىتى كۆپىنچە

ئەرەبچە، پارسچە ئىسىملاردا ئۇچرايدۇ.

بۇنىڭدىن باشقا، ئىسلام ئەقىدىسى بويىچە بالىنىڭ تۇغۇلغان ئاي، كۈن نامىنى ئات قىلىپ قويۇش ئادىتىمۇ كېلىپ چىققان. مەسىلەن، جۈمە (ئاخۇن ياكى خان)، روزى (ئاخۇن ياكى خان)، بارات، ھوشۇر (ئاخۇن ياكى خان)، رەجەپ قاتارلىقلار.

4. نەسەب قوغلىشىپ ئىسىم قويۇش: ئۇيغۇرلاردا ھازىر نەسەبچىلىك، شەجەرىچىلىك ئادىتى ئۆزگەرگەن بولسىمۇ، نەسەب قوغلىشىپ ئىسىم قويۇش ئادىتى بۈگۈنگە قەدەر داۋاملىشىپ كەلمەكتە. بۇ ئادەتتە يەنىلا ئاتا - بوۋىلىرىنىڭ ئىزنىنى ئۈچ- ئۇرمەي ئەسلەپ تۇرۇش مەقسەت قىلىنغان بولۇپ، ھەر ئۈچ ئەۋلادتا بىر ئىسىم يۆتكەش ئومۇملاشقان. بۇ ئادەت بويىچە تولىراق نەۋرىلەرگە بوۋاي - مومايلارنىڭ ئىسمى قويۇلىدۇ. بۇنىڭ بىلەن شۇ ئىسىملارنى تىلغا ئېلىش ئارقىلىق بوۋاي - مومايلارنى ئەسلەش مەقسىتى جارى قىلىنىپ كەلگەن.

5. سىمۋول خاراكتېرلىك ئىسىم قويۇش: ئەجدادلىرىمىز باتۇر، قەيسەر، گۈزەل شەيئىلەرنى سىمۋول قىلىپ، شۇنداق شەيئىلەرنىڭ ئېتىنى ۋە نازاكەت، لاتاپەت تۇيغۇسىنى ئويغىتىدىغان سۆز - ئىبارىلەرنى ئىسىم قىلىپ قويۇشنىمۇ ئادەت قىلغان. مۇنداق ئىسىملار تولىراق قىز- ئاياللارغا قويۇلىدۇ. مەسىلەن، قۇندۇز، پەرىزە، نۇر، گۈلجامال، ئايتىللا، گۈلبوستان، ئىپار، چىمەن، نازاكەت، مەدەنىيەت، ئايتۇران، سۇمۇرغ، چىنار، مايسىخان قاتارلىقلار. مۇشۇ ئادەت بويىچە قىزلار ئىسىملىرىنىڭ ئاخىرىغا دائىم «خان»، «قىز»، «گۈل» دېگەن سۆيەت قوشۇمچىلىرى قوشۇپ چاقىرىلىدۇ.

6. پەرقلىق ئاتاش ئادىتى: ئەجدادلىرىمىز ئادەم تۇغۇلۇپ ئىسىم قويۇلغاندىن كېيىن، ئۇلارنىڭ ئىسمىنى ياش باسقۇچى بويىچە پەرقلىق ئاتاپ ئادەتلەنگەن. بۇ ئادەت بويىچە بالا تۆت - بەش ياشقا كىرگۈچە ئۆز ئىسمى بىلەن ئاتالماي، سىمۋول خاراكتېرىگە ئىگە ئەركىلەتمە نام بىلەن ئاتىلىدۇ. مەسىلەن، ئوغۇل بالىلار «قوزام»، «بوتام»، «بېگىم (بەگ)، «پاقلىنىم»، «پاشايىم»، «گاڭ»، «قارچىغام»؛ قىزلار «پەرى»، «ئاي»، «خان»، «خانەك»، «گۈل - گۈلۈم»،

«مونچىقىم» ، «ئىپار» ، «چولپىنىم» ، «تۇمۇچۇقۇم» قاتارلىق. بەش ياشتىن ئۆيلۈك ـ ئوچاقلىق بولغۇچە ئۆز ئىسمىغا «گۈل» ، «قارى» ، «ئاخۇن» ، «بەگ» قاتارلىق سۈپەت قوشۇمچىلىرى قوشۇپ ئاتىلىدۇ. مەسىلەن، ئابلىمىتجان، توختى ئاخۇن، يۈسۈپبەگ، يۇنۇس قارى، تۇرسۇنقىز، رەيھانگۈل قاتارلىق. ياشانغانلار ئىسمىنىڭ ئاخىرىغا «دادا» ، «ئاتا» ، «بوۋا» ، «موما» ، «ئانا» ، «تاغا» قاتارلىق ئىسىملار قوشۇپ ئاتىلىدۇ. بىر قىسىم يۇرتلاردا چوڭلارنىڭ ئىسمىنىڭ ئاخىرىغا «خان» قوشۇلىدۇ. مەسىلەن، مامۇتخان، مەمەتخان.

7. لەقەم قويۇش ئادىتى: ئۇيغۇرلاردا بۇرۇن فامىلە قوللىنىش ئادىتى بولمىغان، فامىلە ئورنىغا ئۆز ئىسمىنىڭ ئاخىرىغا دادىسىنىڭ ئىسمىنى ياكى لەقىمىنى قوشۇپ ئاتاش ئادەت بولۇپ كەلگەن. مەسىلەن، تۇرسۇن ۋاجىت، رىزۋان قاسىم، ئەخمەتجان قاسىمى، ئاتىكەم ئىمىن، ئايىم باتىش، توختى بۇقا، كېرەم توقۇم، نىياز پاتقاق، ساۋۇت بۇرۇت، تۇرسۇن بۇغرا قاتارلىقلار.

لەقەم قويۇش قەدىمدىن داۋاملىشىپ كېلىۋاتقان تارىخىي ئەنئەنە. ئەجدادلىرىمىز ئۆزلىرىنىڭ ئىز ـ نىشانلىرىنى ئۈچۈرمەسلىك ئۈچۈن لەقەم قويۇشنى ئادەت قىلغان. ئەجدادلىرىمىزدىكى «لەقەم» غەربلىكلەردىكى «فامىلە» گە ئوخشاش رولغا ئىگە ئىدى. «فامىلە» ئىنگلىزچە ئەسلىي «ئائىلە» ، «بىر جەمەت» ، «بىر قوۋم» دېگەندەك مەنىنى بىلدۈرىدىغان سۆز بولۇپ، كېيىنچە ئادەملەرنىڭ ئىجتىمائىي شەرتلىك بەلگىسى — ئىسىم ئۇقۇمىنى ئالغان. بىزدە يەنىلا ئۆز ئەنئەنىمىز بويىچە ئۆز دادىسىنىڭ ئىسمى فامىلە قىلىنىپ كېلىنمەكتە.

يېقىنقى يىللاردا، لەقەم ئەجدادتىن ئەۋلادقا مىراس، ئەنئەنە بولۇپ كەلمەكتە. «ئاتالمىغان ئەردىن ئاتالغان دۆڭ ياخشى» ، «لەقەمسىز ئەر بولماس، ئويماقسىز خوتۇن» دېگەن ماقال ئەنە شۇ ئەنئەنە ئاساسىدا كېلىپ چىققان بولۇپ، ئۇنىڭدا ئۇيغۇرلارنىڭ مىللىي پىسخىكىلىق ئالاھىدىلىكى ئوبرازلىق ئىپادىلەنگەن.

ئۇيغۇرلاردا قويۇلىدىغان لەقەملەرنىڭ ئالاھىدىلىكى: لەقەم شۇ لەقەم ئىگىسىنىڭ كوللېكتىپ ئادەت ـ ئەنئەنىسى، مىجەز ـ خۇلقى، ھۆسن ـ

چىرايى، ھەتتا فىزىيولوگىيەلىك ئالاھىدىلىكى، يۇرتى، كەسپى قاتارلىق نام ـ ئەھۋالىغا ناھايىتى ماسلاشقانلىقى بىلەن خاراكتېرلىنىدۇ. مەسىلەن، ئادەت ـ ئەنئەنىسى بويىچە قويۇلغان لەقەملەر ئۇرۇق ـ جەمەت تەۋەلىكىنى بىلدۈرىدۇ. «غازلار»، «لايۋاشلار»، «دۆلەر»، «ئاق چىغىللار»، «تورپاقلار»، «توخۇلار»، «بۆرىلەر»، «توقۇناقلار»، «قارا قوشۇنلار»، «جوداقلار» قاتارلىق لەقەملەر شۇنداق لەقەملەردىن. بۇنداق لەقەملەرنىڭ بەزىلىرى يەر ـ جاي نامىنىمۇ بىلدۈرىدۇ.

مىجەز ـ خۇلق لەقەملىرى: قاسىم تەرسا، كېرەم پاشا، زۇنۇن سەپرا، رەھمەت كۆك (ئۇششۇق)، ئۆمەر قاقباش، ئاسىم تادان، ياقۇپ قانجىق (قانجۇق)، قاسىم كالۋا، راخمان پايىز، رەقىب تۈلكە، مۇسا كالا، خېۋىر شەيتان، ئىبراھىم تۆگە ۋە باشقىلار.

كەسپىي لەقەملەر: بارات بورىچى، بەختى قويچى، ئايشەم سەيپۇڭ، روزى پالۋان، ھاشىم سوپۇنچى، قېيۇم ياغچى، ئابدۇل قاسساپ، شۈكۈر ناۋاي، كېرەم كاتىپ، يۈسۈپ خەتچى، ئىمىن سۇناي، داۋۇت ئىمام، تالىپ دەرۋىش، يۈسۈپ ئىشان، ئابلا سوپى قاتارلىق دىنىي ۋە خۇراپاتچىلىق كەسپىدىكى لەقەملەرمۇ ئۇچرايدۇ.

سىن ـ تۇرق لەقەملىرى: باتۇر قارىلاق، راخمان سېرىق، تۆمۈر پالكۆز، غەيرەت پاناق، تۇران قونچاق (قورچاق)، مۇقىيىت پۇچۇق، رەھىم قاراقاش، ئېلى كۆككۆز، سېلىم جىرتاق، گايىت پاخشەك، بەكرى كالچۇك، خالىق سەتەڭ ۋە باشقىلار.

فىزىيولوگىيەلىك لەقەملەر: يەھيا گاس، روزى ئەلەس، ھەمدۇل خىر ـ خىر، غوپۇر پاڭ، تۇرغۇن گاچا، سەمەت خىڭ ـ خىڭ، بايىز توكۇر، ئەھمەد دۇمچەك ۋە باشقىلار.

تەقلىد لەقەملەر: سادىر پالۋان، ئايۇپ قاۋان، كېرەم بۇقا، سۇتۇق بۇغرا، تۇرسۇن دەريا، ھېمىت دەۋران ۋە باشقىلار. بۇنىڭدىن باشقا، تۇغۇلۇپ ئۆسكەن يۇرت ـ جاي نامى ۋە يۇرت ـ مەھەللىنىڭ ئورتاق ئالاھىدىلىكى ئاساسىدا قويۇلغان لەقەملەرمۇ كۆپ ئۇچرايدۇ. مەسىلەن، مەھمۇد كاشغەرىي، ساۋۇت خوتەن، ماناپ تۇرپان، موللا مۇسا سايرامى، موللاق ئاتۇشى، غېنى باغراش، ئىلھام بوغدا، قايىنام

ئۆركەش...... بۇ خىلدىكى لەقەملەر ئەدەبىي تەخەللۇس سۈپىتىدىمۇ قوللىنىلىدۇ؛ «پۇرلا»، «چومچىلار»، «توخۇلار»، «لايۋاشلار»، «تورپاقلار»...... بۇ خىلدىكى لەقەملەر ئادەتتە يۇرت - مەھەللىگە، شۇنىڭدەك شۇ يۇرت - مەھەللە، ئاھالىسىگە قارىتا قوللىنىلىدۇ. ئۇيغۇرلاردا لەقەم قويۇش ۋە ئۇنىڭ بىلەن ئاتاش ياكى لەقىمىنىلا ئاتاش ھەرگىز ئىبىر ئىپلىنمايدۇ، بەلكى بىر خىل يېقىملىق ئىش دەپ قارىلىدۇ[1].

كىشى ئىسىملىرى يەرلىك ئالاھىدىلىككە ۋە ئىجتىمائىيلىققا ئىگە. چۈنكى، ئۇ ئىسىم قويۇلغۇچى تۇرغان دۆلەت، رايون، يۇرت، شۇنىڭدەك ئىجتىمائىي مۇھىتنىڭ تەسىرىگە ئۇچرايدۇ. يەنە ئوخشاشمىغان دەۋر، دىن، مىللەت، ئىجتىمائىي تۈزۈم، ئۆرپ - ئادەت، ئەخلاق ئەنئەنىسى، جۇغراپىيەلىك شارائىت، مەدەنىيەت جەھەتتىكى تەربىيەلىنىشى قاتارلىقلار كىشىلەرنىڭ ئىپتىدا ئوخشاشمىغان دەرىجىدە مۇجەسسەملىشىدۇ. تەبىئىيكى، بۇ كىشىلەرنى ھەر خىل ئىسىملارنى تاللاشقا ۋە ئۇنى ھەر خىل قوللىنىشقا يېتەكلەيدۇ. شۇنىڭ بىلەن كىشى ئىسىملىرى مۇئەييەن ئىجتىمائىي مۇھىتتا يەرلىك ئالاھىدىلىكنى ۋە ئىجتىمائىيلىقنى گەۋدىلەندۈرىدۇ.

---

[1] ئابدۇرەھىم ھەبىبۇللا: «ئۇيغۇر ئېتنوگرافىيەسى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1993 - يىلى 4 - ئاي نەشرى. 574 - ، 579 - بەتلەر.

# ئۈچىنچى بۆلۈم

## ئۇيغۇرلارنىڭ ئېتىقاد فولكلور مەدەنىيىتى

# بىرىنچى باب

## ئۇيغۇرلارنىڭ ئېتىقاد ئادەتلىرى

### 1. ئىپتىدائىي دىنىي ئېتىقاد ئادەتلىرى

ئېتىقاد ئادەتلىرى ئىجتىمائىي ئاڭ فورمىسىنىڭ بىر خىل ئەنئەنىۋى شەكلى بولۇپ، ئۇنىڭ پەيدا بولۇش، تەرەققىي قىلىش ۋە ئۆزگىرىشتەك تارىخىي جەريانلىرى بولىدۇ. ئىپتىدائىي ئېتىقاد ئەجدادلىرىمىزنىڭ ئۆز ئەتراپىنى ئوراپ تۇرغان تەبىئەت ۋە جەمئىيەت ھادىسىلىرى ھەققىدىكى ساددا چۈشەنچىلىرىدىن پەيدا بولغان، ئەينى مەزگىلدە بىر خىل ئىپتىدائىي دىن بولۇپ شەكىللەنگەن.

ئىپتىدائىي ئېتىقاد مۇھىمى، تەبىئەتكە ۋە روھقا ئېتىقاد قىلىش قاتارلىق كۆپ خىل شەكىلگە ئىگە بولۇپ، ئۇ كېيىنكى ئېتىقاد ئادەتلىرىنىڭ پەيدا بولۇشىدىكى ئاساسىي مەنبەدۇر[①].

ئۇيغۇرلارنىڭ ئۆرپ ـ ئادەت مەدەنىيىتىدە قەدىمكى ئەجدادلارنىڭ ئىپتىدائىي ئېتىقاد ئادەتلىرىنىڭ قالدۇق تەسىرلىرى بىرقەدەر كۆپ بولۇپ، بىر تەرەپتىن بۇ خىل ئىپتىدائىي ئېتىقاد ئادەتلىرى ئۇيغۇرلارنىڭ قەدىمكى ئەجدادلىرى ئوتتۇرىسىدىكى باغلىنىشنى، مەدەنىيەت جەھەتتىكى ئىزچىللىقنى نامايان قىلسا، يەنە بىر تەرەپتىن بۇ خىل ئىپتىدائىي ئېتىقاد ئادەتلىرى ئۇيغۇرلارنىڭ بىر پۈتۈن ئۆرپ ـ ئادەت مەدەنىيىتىدە تۈۋرۈكلۈك رول ئويناپ، ئۇيغۇرلارنىڭ ئۆرپ ـ ئادەت مەدەنىيىتىنىڭ تېخىمۇ بېيىشى ۋە مۇكەممەللىشىشىنى ئىلگىرى سۈرگەن.

---

① ئابدۇكېرىم رەھمان: «ئۇيغۇر فولكلورى ھەققىدە بايان»، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى 1989 ـ يىلى 7 ـ ئاي نەشرى، 446 ـ ، 447 ـ بەتلەر.

**تەبىئەت ئېتىقادچىلىقى**

مەلۇمكى، ئۇيغۇرلار دەسلەپتە ئىپتىدائىي دىنغا ئېتىقاد قىلىپ، تەبىئەتكە چوقۇنغان بولۇپ، كېيىنكى دەۋرلەرگە كەلگەندە تەبىئەتكە چوقۇنۇش تەرەققىي قىلىپ، توتېملارغا چوقۇنۇش كېلىپ چىققان.

توتېم — ئىنسانىيەت تارىخىدىكى ئەڭ بۇرۇن پەيدا بولغان بىر خىل ئىپتىدائىي ئېتىقاد شەكلى، شۇنداقلا ئىنسانىيەتنىڭ بارلىق مەدەنىيەت هادىسىلىرى ئىچىدىكى ئەڭ ئالاھىدە مەدەنىيەت هادىسىسى. ئۇ بارلىق ئۇرۇق ئەزالىرى مۇقەددەس هېسابلىغان مەخلۇقلار، ئۆسۈملۈكلەر، تەبىئەت هادىسىلىرى ۋە جانسىز نەرسىلەرنى كۆرسىتىدۇ.

ئۇيغۇرلاردا توتېم ئېتىقادىنى مەنبە قىلغان تەبىئەتكە چوقۇنۇش، زېمىننى ئۇلۇغلاش (مۇقەددەس بىلىش)، تاغ - دەريالارنى ئۇلۇغلاش ئېتىقادى؛ كۆك تەڭرى ۋە كۆك (ئاسمان) مەركەز قىلىنغان كۈن تەڭرى، ئاي تەڭرى، هۆل - يېغىن ئىلاهى، شامال ئىلاهى، ئوت ئىلاهى، ئوۋ تەڭرىسى قاتارلىق ئىلاهىي ئېتىقاد ئوبيېكتلىرى بارلىققا كېلىپ، تەدرىجىي توتېم مەيدانىغا كەلگەن.

توتېمنىڭ پۈتكۈل ئۇيغۇر جەمئىيىتىدە هازىرغىچە ساقلىنىپ قالغان قالدۇق تەسىرلىرىدىن ئۇيغۇرلارنىڭ تۇرمۇش ئادىتى، ئەنئەنىۋى مەدەنىيىتى ۋە پسىخىكىلىق هالىتىدە باشقا ئۇرۇنلارغا نىسبەتەن كۈچلۈكرەك ساقلىنىپ قالغانلىرىنى مۇنداق تۈرلەر بويىچە بايان قىلىشقا بولىدۇ:

**كۆك (ئاسمان) كە چوقۇنۇش**

بۇ، قۇياشنى مەركەز قىلغان ئاي، يۇلتۇز قاتارلىق ئاسمان جىسىملىرىغا چوقۇنۇشنى ئۆز ئىچىگە ئالغان. هازىر رېئال تۇرمۇشتا كۈن، ئايغا قاراپ تۈكۈرۈشنى، چوڭ - كىچىك تەرەت قىلىشنى، ئەتىگەندە يۈزنى يۇماي تۇرۇپ كۈنگە قاراشنى «يامان بولىدۇ» دەيدىغان؛ كۈن چىققۇچە ئورنىدىن تۇرماي ياتقاننى «قىزىل قان ئىچىدە ياتقانغا ئوخشاش» دەپ يامان ئالىدىغان؛ كۈن ئولتۇرغان ۋاقىتتا (زاۋال بولغان چاغدا) ياتقاننى «ئۇششاق كېسەلگە گىرىپتار

بولىدۇ» دەپ يامان كۆرىدىغان؛ ھەرقانداق ئىش قىلىشتىن بۇرۇن يۇلتۇزغا قاراپ تەبىر ئالىدىغان؛ ھەر قېتىم يېڭى ئاي چىققاندا ئۆزلىرىگە ئامانلىق تىلەيدىغان؛ يۇلتۇز ئاقسا، ئاققان يۇلتۇزغا قاراپ «خۇدا ئۆز پاناھىڭدا ساقلىغايسەن» دەپ كۆككە ئىلتىجا قىلىپ دۇئا قىلىدىغان ئادەتلەر ھەمدە ئاي، يۇلتۇز نامىنى كىشى ئىسمى قىلىپ ئىشلىتىدىغان ئەھۋال مەۋجۇت.

### يەر (تۇپراق) نى ئۇلۇغلاش

تۇپراق ئېتىقادىمۇ تەڭرى ئېتىقادىغا ئوخشاش ئەجدادلىرىمىزنىڭ ئىپتىدائىي ئېتىقاد ئادەتلىرىدىن بىرى. خۇددى باشقا مىللەتلەرگە ئوخشاشلا، ئۇيغۇرلارمۇ ئۆزلىرىنىڭ يارىلىشىنى تۇپراققا باغلايدۇ ھەمدە ئۇنى ئەڭ مۇقەددەس، پاك نەرسە سۈپىتىدە ئۇلۇغلايدۇ. مەسىلەن، سودىدا پۈتۈشكەندە ئىككى تەرەپ رازىمەنلىك بىلەن «بەرىكەت تاپ» دېيىشىپ، ئوڭ قوللىرىنى يەرگە سۈۋاش (بۇ، يەر ئىلاھىنى گۇۋاھلىققا تارتقانلىقنىڭ بەلگىسىدۇر)؛ تۇنجى سودىدا غەللىگە چۈشكەن پۇلنى ئاۋۋال يەرگە تاشلاپ، ئاندىن ئېلىش؛ يەرنى ئۇرسا، قاتتىق دەسسىسە (يەرنى تەپسە) «يامان بولىدۇ» دەپ قاراش؛ ئىسرىق سېلىشتا داڭگال (چالما) ياكى خام كېسەكنى ئويۇپ ئىسرىق قاچىسى قىلىش؛ مېيىتنى يەرگە كۆمۈش، مېيىتنى يەرلىككە قويغاندىن كېيىن، جامائەت بىر سىقىمدىن توپىنى (بۇ «ئىخلاس توپىسى» دەپ ئاتىلىدۇ) ئېتەككە تاشلاپ، ئۇنى مېيىتنىڭ ئۈستىگە چېچىپ قويۇش قاتارلىقلار.

### قۇياش ئېتىقادچىلىقى

قۇياش (كۈن) ئېتىقادچىلىقى — دۇنيادا بىرقەدەر قەدىمىي، تارقىلىش دائىرىسى بىرقەدەر كەڭ، ئېتىقاد قىلغان ئادەملەر بىرقەدەر كۆپ بولغان بىر خىل ئېتىقاد شەكلى.

قۇياش ئۆزىدىن ئىسسىقلىق ۋە نۇر تارقىتىپ، پۈتكۈل مەۋجۇداتنى نۇر ۋە ئىسسىقلىق بىلەن تەمىن ئېتىدىغان ئاسمان جىسمى. ئىنسانلار قۇياشنىڭ بۇ خىل ئالاھىدىلىكىنى تونۇپ يېتىپ، ئۇنىڭغا ئېتىقاد

قىلىشقا ياكى ھۆرمەت بىلدۈرۈشكە باشلىغان.

تارىم ئويمانلىقى ناھايىتى سىرلىق ماكان بولۇپ، ئۇنىڭغا ناھايىتى كۆپ سىرلار يوشۇرۇنغان. بەزى سىرلار خېلىدىن بېرى ئىلىم دۇنياسىغا مەلۇم بولسا، بەزى سىرلار يېڭىدىن بايقىلىۋاتىدۇ. قۇياش ئېتىقادچىلىقىغا مۇناسىۋەتلىك ئارخېئولوگىيەلىك تېپىلمىلار ئەنە شۇ سىرلار ئىچىدىكى بىر قىسمى ھېسابلىنىدۇ.

**سۇنى ئۇلۇغلاش**

سۇ ئىنسانلارنىڭ تۇرمۇشىدا كەم بولسا بولمايدۇ. ئۇ ئىنسانلار جەمئىيىتىنى ياشىنىتىدىغان ھەم خاراب قىلىدىغان تەبىئىي ئامىللارنىڭ بىرى بولۇپ، قەدىمدىن تارتىپ ئىنسانلار سۇ ۋە ئوت ـ چۆپ قوغلىشىپ ياشىغان ۋە تېرىقچىلىق قىلغان، شۇنداقلا سۇدىن مۇداپىئە كۆرگەن ھەم پاناھلانغان. دېمەك، ئىنسانلاردا سۇغا نىسبەتەن خېلى بۇرۇنلا ئالاھىدە ئېتىقاد شەكىللەنگەن بولۇپ، بۇ ئۇلارنىڭ كېيىنكى تۇرمۇشىدا ئېتىقاد ئادەتلىرى سۈپىتىدە چوڭقۇر ئۆزلىشىپ يىلتىز تارتقان. قەدىمدىن تارتىپ ئۇيغۇرلار ياشىغان جايلارنىڭ جۇغراپىيەلىك مۇھىتى ئىنتايىن مۇرەككەپ ھەم بىرقەدەر ناچار بولغاچقا، سۇنىڭ ئۇيغۇر خەلقىنىڭ تۇرمۇشىدا تۇتقان ئورنى ئىنتايىن مۇھىم. شۇڭا، ئۇيغۇرلار ئەجدادلىرىدىن قالغان ئۇدۇمغا ھەم ئۆزلىرىنىڭ ياشاش شارائىتىدا ھايات ـ ماماتلىق بىلەن باغلانغان سۇ ئېتىقادىغا ئائىت نۇرغۇن ئادەتلەرنى ساقلاپ قالغان. ھازىر رېئال تۇرمۇشتا سۇغا تۈكۈرۈش، چوڭ ـ كىچىك تەرەت قىلىش «يامان بولىدۇ» دېيىلىپ، قاتتىق چەكلىنىدۇ. «سۇ يەتتە يۇملىسا ھالال بولىدۇ»، «ئادەم سۇ ئۈزۈپ چۈش كۆرسە، شۇ ئادەمنىڭ گۇناھى يۇيۇلىدۇ ھەم بەختلىك بولىدۇ» دەيدىغان قاراشلار بار. ئۇنىڭدىن باشقا يەنە يازدىكى كەلكۈن مەزگىلىدە يۇرتنىڭ ئامانلىقى ئۈچۈن دەريا بويىغا چىقىپ قۇربانلىق قىلىدىغان، ئەتىيازدىكى قۇرغاقچىلىق مەزگىلىدە دەريا بويىدا سۇ تىلەپ نەزىر ـ چىراغ قىلىدىغان ئادەتمۇ بار. «ئورداكۆل»، «خانكۆل»، «خازانكۆل»، «قوش ئېقىن»، «يېڭئۆستەڭ»، «ئۆستەڭبويى»، «قاشبويى»، «ياركۆل»،

«غازكۆل»، «لايداڭ»، «سېرىقكۆل»، «قوشئۆستەڭ» دېگەندەك سۇغا مۇناسىۋەتلىك يەر ـ جايناملىرى كۆپ قويۇلغان بولۇپ، بۇلارنىڭ ھەممىسى ئەنە شۇ سۇ ئېتىقادىنىڭ رېئال تۇرمۇشتىكى ئىنكاسى ھەم ساقىندىلىرىدۇر.

## ئوتنى ئۇلۇغلاش

ئوت ئېتىقادىمۇ ئىنسانلار ئارىسىدا نىسبەتەن كەڭ تارقالغان ئىپتىدائىي ئېتىقاد ئادەتلىرىنىڭ بىرى. ئىنسانلارنىڭ ئوت بىلەن بولغان زىچ ئالاقىسىنىڭ بارلىققا كېلىشى ئىنسانلار جەمئىيىتىنىڭ ياۋايىلىق باسقۇچىدىن مەدەنىي ھايات باسقۇچىغا كىرگەنلىكىنىڭ مۇھىم بەلگىسى ھېسابلىنىدۇ. ئىنسانلار ئوتنى بايقاپ، ئۇنى ئىشلىتىشنى بىلگەندىن كېيىن، ئۆزىنىڭ مەدەنىيلىك دەۋرىنى باشلاپ ناھايىتى زور تەرەققىياتلارغا ئېرىشتى. بىراق، ئۇلارنىڭ ئوتنى دەسلەپ بايقىشى ناھايىتى سىرلىق تۇس ئالغان بولغاچقا، ئۇ ئىپتىدائىي ئېتىقادقا تەسىر كۆرسەتكەن، يەنى ئۇ چاغدا ئىنسانلار ئۇنى مەلۇم بىر ئىلاھىي قۇدرەت تەرىپىدىن يارىتىلغان دەپ قارىغان. شۇڭا، ئىپتىدائىي ئېتىقاد تۇسىنى ئالغان كۆپلىگەن قەدىمكى دىنلاردا مەخسۇس «ئوت ئىلاھى» بارلىققا كەلگەن. ئوتقا بولغان بۇ خىل ئېتىقادنىڭ تەسىرى ئۇيغۇرلار ئارىسىدا ھېلىمۇ ساقلىنىپ كېلىۋاتىدۇ. ئوت پاكلىنىشنىڭ، ياخشىلىقنىڭ سىمۋولى قىلىنغان. شۇڭا، توي ـ تۆكۈنلەردە قىز كۆچۈرۈش ۋاقتىدا گۈلخان يېقىلىدۇ؛ دولان مەشرەپ ـ مۇقاملىرى گۈلخانسىز ئۆتمەيدۇ. ئۇيغۇرلارنىڭ ئوۋچىلىقى ۋە ئوۋ مەشرەپلىرى ئوتقاش ۋە گۈلخانلارنىڭ ھىمايىسىدە ئېلىپ بېرىلىپ، غەلىبىگە ئوتقاش ۋە گۈلخان يېقىش بىلەن تەنتەنە قىلىنىدۇ. بۇ ھال ئۇيغۇر دولانلىرى ئارىسىدا ئەجدادتىن ئەۋلادقا داۋام قىلىپ كېلىۋاتقان ئومۇمىي ئەھۋالدۇر[1].

شامان دىنىدىكى ئادەم، تەبىئەت ۋە ئالەم توغرىسىدىكى ئىپتىدائىي تەسەۋۋۇرلاردىن شەكىللەنگەن روھ ۋە ئىلاھ قاراشلىرى ئۇيغۇرلارنىڭ

---

[1] ئادىل مۇھەممەت تۇران: «قەدىمكى دىنلارنىڭ مەكىت رايونىدىكى قالدۇق تەسىرلىرى»، «قەشقەر پېداگوگىكا ئىنستىتۇتى ئىلمىي ژۇرنىلى»، 2001 ـ يىللىق 4 ـ سان، 68 ـ، 70 ـ بەتلەر.

دۇنيا قاراشلىرى، روھىيىتى، تىل - ئەدەبىياتى، مۇزىكا - ئۇسسۇللىرى، تاشكىمىر سەنئىتى، تىبابىتى كۇندىلىك تۇرمۇشىدىكى ئۆرپ - ئادەتلىرى ۋە ئەنئەنىلىرىگە چوڭقۇر سىڭگەن بولۇپ، ئۇنىڭ ئىزنالىرى ھازىرقى زامان ئۇيغۇرلىرىنىڭ تۇرمۇشىدا ناھايىتى كۆپ ئۇچرايدۇ. ھازىرقى ساما ئۇسسۇلى، ياغ پۇرىتىش، پېرە ئويىنىتىش، جىن - شاياتۇنلارنى قوغلاش، تويدا يېڭى كېلىننى ئوتتىن ئاتلىتىش ياكى ئايلاندۇرۇش، كېسەلنى ئوت (ياكى سۇ) بىلەن ئۇچۇقلاش، ئىسرىق سېلىش، مۇسىبەتلىك ئۆيگە چىراغ يېقىپ قويۇش، كۆن ۋە ئاينى ئۇلۇغلاش، تۇمار پۈتۈش، قورچاق ياساپ ئاچا يولدا قويۇپ قويۇش، پال سېلىش قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسى شامان دىنىنىڭ قالدۇقلىرىدۇر، بولۇپمۇ ئوتنى ئۇلۇغلاش، ئوتنى مۇقەددەس بىلىش ۋە ئۇنىڭغا چوقۇنۇشتەك ئىپتىدائىي چۈشەنچىلەر ئىسلاملاشقان ھالەتتە ئۇيغۇرلارنىڭ بۈگۈنكى تۇرمۇشىدا مەلۇم دائىرىدە داۋاملىشىپ كەلمەكتە.

ئوت ئارقىلىق كېسەل داۋالاش شامانىزمدىكى ئەڭ گەۋدىلىك بىر ئالاھىدىلىك بولۇپ، شامانلار ئوت ئارقىلىق، ھەتتا كۈل ئارقىلىقمۇ كېسەل داۋالىغىلى بولىدۇ دەپ ئىشەنگەن. شامان دىنىدىكى پائالىيەتلەردە ئوت ئىنتايىن زۆرۈر بولۇپ، «شامان دىنىدىكى ھەرقانداق مۇراسىمدا چوقۇم ئوت بار بولغان بولىدۇ. نەزىر - چىراق قىلىنغان نەرسە قايسىلا روھقا بېغىشلانغان بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، بىر پارچىسى ئالدى بىلەن ئوت ئىلاھىغا تەقدىم قىلىنىدۇ.»

تۈركىي تىللىق خەلقلەرگە ئورتاق بولغان ئوتنى ئۇلۇغلاش، ئۇنىڭغا چوقۇنۇش، ئوتنى يامان نەرسىلەردىن ساقلايدۇ دەپ ئىشىنىش، ئوت ئارقىلىق يامان روھلارنى قوغلاش ۋە جىنلارنى قورقۇتۇش قاتارلىق ئىپتىدائىي ئېتىقادلار نۇرغۇنلىغان مىللەتلەردە ھازىرغىچە ساقلىنىپ كەلدى. ئۇيغۇرلاردىكى دەستار كىيدۇرۇش، پېرىخونلۇق قىلىش، ئىسرىق سېلىش، ئىدە ئېسىش (چىقىرىش)، ھورداش ئارقىلىق كېسەل داۋالاش، چىراغ يېقىش قاتارلىقلار ئوتنى ئۇلۇغلاشنىڭ ئىپادىلىرىدۇر.

پېرىخونلۇق قىلىش. ئۇيغۇرلاردىكى پېرە ئوينىتىپ كېسەل داۋالايدىغان بۇ خىل ئادەت ھېلىھەم بەزى جايلاردا ساقلىنىپ كېلىۋاتىدۇ

(ئۇيغۇرلار شامانىنى «باخشى»، «قام»، «داخان»، «پېرىخون» دېگەن ناملار بىلەن ئاتاپ كەلگەن بولۇپ، ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلغاندىن كېيىن، شامانىنىڭ رولىنى ئۆتەيدىغان كىشىلەرنى «موللا» دەپمۇ ئاتىغان). پېرىخونلار بىر قاتار پېرىخونلۇق ھەرىكەتلىرى ئارقىلىق كېسەللەرنى (بولۇپمۇ نېرۋا كېسىلىنى) داۋالاشقا تىرىشىدۇ. بۇنداق پېرىخونلۇق پائالىيەتلىرىدە تۇغ تىكىلىدۇ، ئوت يېقىپ يامان روھلار قوغلىنىدۇ، كېسەلنىڭ روھىنى چىرمىۋالغان يامان روھلار ئوت ئارقىلىق قورقۇتۇلىدۇ. گۇننار ياررىڭ «ئۇيغۇر خەلق ئەدەبىياتى جەۋھەرلىرى» دېگەن كىتابىدا قەشقەردە ئۆز كۆزى بىلەن كۆرگەن بىر قېتىملىق پېرە ئويىنىتىش پائالىيىتىنى يازىدۇ ۋە «پېرىخون: كەتسەڭ كېتىسەن! كەتمىسەڭ بويۇڭغا بورا يۆگەپ ئوت قويىمەن! دەپ دۇئا ئوقۇدى» دەيدۇ.

ئىسرىق سېلىش. بۇمۇ ئوتقا چوقۇنۇشنىڭ بىر خىل ئۆزگىچە ئىپادىسى بولۇپ، شامانلار ئوتنىڭ ئىسىدىمۇ بىر خىل ئىلاھىي قۇدرەت بار، شۇ ئارقىلىقمۇ يامانلىقنى قوغلىۋەتكىلى بولىدۇ دەپ قارىغان. قەدىمكى خەلقلەردە ئاق قېيىن دەرىخى ئاستىنقى ۋە ئۈستۈنكى ئالەمنى تۇتاشتۇرىدىغان ئىلاھىي دەرەخكە سىمۋول قىلىنغان بولۇپ، ئۇنىڭ شېخى ئوتقا چوقۇنۇش مۇراسىملىرىدا ئىشلىتىلگەن. ئادەتتە يىراق سەپەردىن قايتىپ كەلگەنلەر ئۆيگە كىرىشتىن ئىلگىرى دەرەخ شېخى كۆيدۈرۈلۈپ، سەپەردىن كەلگۈچىنىڭ بېشىدىن ئايلاندۇرۇلىدۇ. بۇنداق قىلغاندا يامان روھ، جىنلارنى ھەيدەپ، ئۇلارنىڭ ئۆيگە كىرىۋېلىشىنىڭ ئالدىنى ئالغىلى بولىدۇ دەپ قارىلىدۇ.

تۇغۇتلۇق ئايال بار ئۆينىڭ ئىشىكىگە قىزىل لاتا ئېسىپ قويۇش. بەزى ئۇيغۇرلار ئادەتتە يېڭى تۇغۇتلۇق ئايال بار ئۆيلەرنىڭ ئىشىكىگە قىزىل لاتا ئېسىپ قويىدۇ (بۇ لاتا 40 كۈنگىچە ئېسىقلىق تۇرىدۇ). بۇ خىل ئادەت بەزى جايلاردا «ئىدە ئېسىش» (چىقىرىش) دەپمۇ ئاتىلىدۇ. كەڭلىكى 10 سانتىمېتىر، ئۇزۇنلۇقى 40 سانتىمېتىر ئەتراپىدىكى قىزىل تاۋار (قىزىل رەخت) دىن كىچىك بايراقچە ياسىلىپ، ئۆينىڭ ئىشىكىگە ئېسىپ قويۇلىدۇ. بۇ بىر تەرەپتىن ئۆيدە تۇغۇتلۇق ئايال بارلىقىنى،

ناتونۇش كىشىلەرنىڭ كىرىشىگە بولمايدىغانلىقىنى ئىپادىلىسە، يەنە بىر تەرەپتىن قىزىل رەڭ ئوتقا سىمۋول قىلىنىپ، يامان روھلارنى قوغلايدۇ دېگەن مەقسەتنى ئىپادىلەيدۇ.

چىراغ يېقىش. بۇ ئۇيغۇر مازارلىرىدىكى مازار ئىگىسىگە چوقۇنۇشنىڭ بىر خىل شەكلى بولۇپ، مازارغا تاۋاپ قىلغۇچىلار ئىلاھلارنىڭ ياردىمىگە ئېرىشىش ۋە شۇ ئارقىلىق ئۆز مەقسەتلىرىگە يېتىش ئۈچۈن، بىۋاسىتە ياكى شەيخ (مازارنى باشقۇرغۇچى) نىڭ ياردىمىدە بەلگىلەنگەن جايلارغا بېرىپ، پاختىدىن ئېشىپ ياسالغان پىلىكلەرنى سۇ مايغا چىلاپ چىراغ ياقىدۇ.

دېمەك، ئوت ئىلاھىغا چوقۇنۇش، ئۇنى ھۆرمەت قىلىش، ئۇنىڭدىن قورقۇش نەتىجىسىدە ئوتقا مۇناسىۋەتلىك نۇرغۇن پەرھىزلەر شەكىللەنگەن بولۇپ، بۇلارمۇ ئوت ئېتىقادچىلىقىدىكى مۇھىم مەزمۇنلارنىڭ بىرى. ئۇيغۇرلاردا «ئوتقا تۈكۈرسە يامان بولىدۇ»، «ئوتنى كۆچۈرسە يامان بولىدۇ» دېگەندەك بىر قاتار پەرھىزلەر ئۇلارنىڭ ئوت ئىلاھىغا بولغان ھۆرمىتىنى ئىپادىلىگەن. ئۇنىڭدىن باشقا، ھەتتا ئوتۇن، كۈل قاتارلىقلارغا ئائىت پەرھىزلەرمۇ بار. مەسىلەن، كىشىلەر «كۈل تۆككەن يەرگە دەسسىسە يامان بولىدۇ» دەپ كۈلنى ئادەم، ھايۋانلار بارمايدىغان يىراق جايلارغا ئاپىرىپ كۆمۈۋېتىدۇ. بۇلارمۇ ئوتنى ئۇلۇغلاش ۋە ئوتقا چوقۇنۇشتىن كەلگەن ئىپتىدائىي قاراشلاردۇر.

ئۇيغۇرلاردىكى ئوتقا سېغىنىش، ئۇنىڭغا چوقۇنۇش، ئوتنى ئۇلۇغلاش ۋە ئۇنى ھۆرمەتلەش قاتارلىق ئادەتلەر خورازمىي تۇس ئالغان بولۇپ، ئىسلام يېيىنچىسى ئاستىدىكى شامان دىنىنىڭ قالدۇقلىرى، ئىپتىدائىي مەدەنىيەتنىڭ ساقىندىلىرى ھېسابلىنىدۇ[1].

**دەل ـ دەرەخلەرنى ئۇلۇغلاش**

دەل ـ دەرەخلەرنى ئۇلۇغلاش ئادىتىمۇ تەبىئەتكە چوقۇنۇشتىن

---

[1] پەرھاد مۇھەممەد: «ئۇيغۇرلاردىكى ئوتقا چوقۇنۇش ئادەتلىرى توغرىسىدا»، «قەشقەر پېداگوگىكا ئىنستىتۇتى ئىلمىي ژۇرنىلى»، 2004 ـ يىللىق 1 ـ سان، 54 ـ بەت.

ئىبارەت ئىپتىدائىي ئېتىقادنىڭ بىر مەزمۇنى ھېسابلىنىدۇ. قەدىمكى ئىنسانلارنىڭ ئىپتىدائىي ئېڭىدا دەل ـ دەرەخلەردىمۇ باشقا مەۋجۇداتقا ئوخشاش روھ بولىدۇ، دەپ قارالغان. شۇنىڭ بىلەن دۇنيانىڭ ھەرقايسى جايلىرىدا دەل ـ دەرەخلەرگە ئېتىقاد قىلىدىغان ئۆرپ ـ ئادەتلەر بارلىققا كەلگەن، جۈملىدىن قەدىمكى ئۇيغۇرلار ئارىسىدىمۇ دەل ـ دەرەخلەرنى ئۇلۇغلاش ئېتىقادى كەڭ ئومۇملاشقان، ھەتتا ئۆزلىرىنىڭ كېلىپ ـ چىقىشىنى دەرەخ بىلەن باغلاپ چۈشەندۈرگەن. «ئىدىقۇت قوچۇ خانلىقى تۆھپە مەڭگۈتېشى» دا مۇنداق بىر ئەپسانە خاتىرىلەنگەن: « ئۇيغۇرلار يۇرتىدا خېلىن دېگەن بىر تاغ بولۇپ، ئۇ يۇرتتىكى ئىككى دەريا ئەنە شۇ تاغنى مەنبە قىلغان. ئۇنىڭ بىرى توغۇسى دەرياسى، يەنە بىرى سولىڭگا (سېلىنگا) دەرياسى دەپ ئاتىلىدۇ. بىر كۈنى كەچتە ئاسماندىن دەرەخكە شولا چۈشۈپتۇ. ئىككى دەريا ئارىلىقىدىكى خەلقلەر ئۇنى كۆزىتىپ تۇرۇپتۇ. بۇ دەرەخ خۇددى ئادەم قورساق كۆتۈرگەندەك قورساق سېلىپ قاپتۇ، بۇ شولا دەرەخكە ئۇدا توققۇز ئاي، توققۇز كۈن چۈشكەندىن كېيىن ھېلىقى دەرەخنىڭ قورسىقى يېرىلىپتۇ. ئۇنىڭدىن بەش بالا چىقىپتۇ، بۇلارنىڭ ئەڭ كىچىكى ئەردەن بۆگۈ خاقان ئىكەن، قەددى ـ قامەتلىك ئىكەن، ئۇ خەلقنى ئاينىتىپتۇ ۋە يۇرتنى گۈللەندۈرۈپتۇ. بۇنىڭ بىلەن ئۇ ئاقساقال بوپتۇ.»[①] بۇ خىل مەزمۇندىكى ئەپسانە ـ رىۋايەتلەر ئۇيغۇرلارغا ئائىت كۆپلىگەن تارىخىي مەنبەلەردە ئۇچرايدۇ. ئۇلارنىڭ ھەممىسى دەل ـ دەرەخلەرنى ئۇلۇغلاش ۋە ئىلاھىيلاشتۇرۇش قەدىمكى دەۋرلەردە خەلقىمىز ئارىسىدا خېلى كەڭ ئەۋج ئالغانلىقىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ.

ھازىرمۇ قەشقەرنىڭ بەزى جايلىرىدا ئۇيغۇرلار ئارىسىدا ئەنە شۇ قەدىمكى ئىپتىدائىي ئېتىقادنىڭ تەسىرى بىلەن بەزى دەرەخلەرنى ئالاھىدە ئەتىۋارلاپ، ئۇنىڭغا سېغىنىش ئادىتى ساقلانماقتا.

ئۇيغۇرلار ئارىسىدا پېرىخونلۇق ئادىتىدە، توغ باغلىغاندا ئۇنىڭ ئۈستىگە بىر تال ئالما شېخى ئېسىپ قويۇلىدۇ. پېرىخونىنىڭ قولىدىمۇ

---

[①] «ئوغۇزنامە»، مىللەتلەر نەشرىياتى 1981 ـ يىلى نەشرى، «مۇقەددىمە»، 12 ـ بەت.

ئالما شىخى بولىدۇ. چۈنكى، كىشىلەرنىڭ ئېتىقادىدا ئالما «يامان روھ»لاردىن خالىي بولغان خاسىيەتلىك دەرەخ، دەپ قارىلىدۇ. شۇڭا، ئەرۋاھلارنىڭ روھىغا تەگسۇن، دەپ ئالما پوستى ياكى ئالما قېقى بىلەن ئىسرىق سالىدۇ.

ئۇيغۇرلار قېرى، يالغۇز دەرەخلەرنى تىلسىملىق دەرەخ دەپ قاراپ، كەسمەيدۇ، ھەتتا بۇنداق دەرەخلەرنىڭ يېنىدىن ئۆتۈشكە توغرا كەلگەندە، ئۇلاغلىق بولسا ئۇلاغدىن چۈشۈپ دۇئا قىلىش ئارقىلىق شۇ دەرەخكە بولغان ھۆرمىتىنى ئىپادىلەيدۇ.

خەلقىمىز ئۈجمە دەرىخىگىمۇ ئالاھىدە ئېتىبار بىلەن قارايدۇ. كىشىلەر ئارىسىدا «ئۈجمە قويۇش ساۋابلىق» دېگەن ئەنئەنىۋى ئەقىدە بولغاچقا، ھەربىر ئائىلىدە دېگۈدەك ئۈجمە دەرىخى ئۆستۈرۈش ئادەت بولۇپ كەلگەن. ئادەتتە ياشقا چوڭ كىشىلەر ئوتۇننىڭ ئۈۋىقىنى ناننىڭ ئۈۋىقى بىلەن باراۋەر دەپ قارايدۇ، بالا تۇغۇلۇپ 40 كۈنگە توشقاندا مەخسۇس مۇراسىم ئۆتكۈزۈپ بۆشۈككە سېلىش ئادىتىنىڭ ئېتىنىك مەنبەسى ۋە پەيدا بولۇش سەۋەبى دەل ـ دەرەخلەرنى ئۇلۇغلاشتىن ئىبارەت قەدىمكى ئېتىقاد بىلەن مۇناسىۋەتلىك. ئۇيغۇرلارنىڭ تۇرمۇش ئادىتىدە دەل ـ دەرەخلەرنى ئۇلۇغلاشقا ئائىت مىساللار كۆپ تېپىلىدۇ.

### تۇزنى ئۇلۇغلاش

ئوتنىڭ كەشپ قىلىنىشى بىلەن ئىنسانىيەت پىششىق يېمەكلىكلەر دەۋرىگە قەدەم قويىدى، شۇنىڭ بىلەن بىرلىكتە يەنە ئىنسانلار تۇزدىن ئىبارەت بۇ تەبىئىي ماددىنىڭ خاسىيىتىنى بايقىدى. تۇزنىڭ بايقىلىشى ۋە ئۇنىڭ ھاياتلىق ئېھتىياجى ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرۇلۇشى ھەققىدە ھەرقايسى خەلقلەر ئارىسىدا خىلمۇخىل رىۋايەتلەرنىڭ پەيدا بولغىنىغا ئوخشاش، ئۇيغۇرلار ئارىسىدىمۇ بۇ خاسىيەتلىك ماددىنى ئۇلۇغلايدىغان ۋە مۇقەددەسلەشتۈرىدىغان قىزىقارلىق ئەپسانە ـ رىۋايەتلەر بارلىققا كەلگەن. بۇنداق ئەپسانە ـ رىۋايەتلەردە تۇزنىڭ بايقىلىشىنى نوھ ئەلەيھىسسالامنىڭ بىرىنچى ئوغلى ياپەسكە باغلاپ چۈشەندۈرىدۇ. قىسقىسى، تېخى تەبىئەتنىڭ سىرىنى ئىلمىي ھالدا بىلىش

ئىمكانىيىتىگە ئېرىشمىگەن قەدىمكى ئىنسانلار تەبىئەتتىكى بارلىق نەرسىلەرنى سىرلىقلاشتۇرۇپ ئىلاھىي تۈس بەرگىنىگە ئوخشاش، تۇزغىمۇ بىر خىل ئىلاھىي تۈس بېرىپ ئۇلۇغلىغان ۋە قەدىرلىگەن.

خەلقىمىز ئارىسىدىكى تۇزغا بولغان ئەقىدىنىڭ پەيدا بولۇشى ئۇنىڭ ئىنسانلار تۇرمۇشىدا ناھايىتى كەڭ قوللىنىلىدىغانلىقى بىلەن مۇناسىۋەتلىك.

ئۇيغۇرلار تۇزنى تاماققا تەم كىرگۈزۈش ئۈچۈنلا ئىشلىتىپ قالماستىن، يەنە تۇرمۇشىنىڭ باشقا تەرەپلىرىدىمۇ ئۇنىڭدىن كۆپ تەرەپلىمە پايدىلىنىدۇ. مەسىلەن، ئۇيغۇرلار باقما ھايۋانلارنىڭ يەم-خەشەكلىرىگىمۇ مۇۋاپىق مىقداردا تۇز ئارىلاشتۇرۇپ بېرىشكە ئادەتلەنگەن. شىنجاڭ چارۋىلىرىنىڭ گۆشىنىڭ تەملىك بولۇشى ئەنە شۇنىڭ بىلەن مۇناسىۋەتلىك. ئۇنىڭدىن باشقا، ئۇيغۇرلار تۇز ئارقىلىق ئادەملەر ۋە ھايۋانلاردا بولىدىغان بەزى كېسەللىكلەرنى داۋالاشنىڭ بىر يۈرۈش يەرلىك ئۇسۇللىرىنىمۇ ئىجاد قىلغان. ئادەتتە ماغدۇرسىز، كۆپ تەرلەيدىغان كىشىلەرگە تۇزنى كۆپرەك ئىستېمال قىلىشنى بۇيرۇيدۇ. بەل ئاغرىقى، سانجىق، قورساق ئاغرىقى قاتارلىق سوغۇق يەلدىن پەيدا بولغان ئاغرىقلارغا شور تۇز پارچىلىرىنى ئوتتا قىزىتىپ لاتىغا ئوراپ، ئاغرىغان يەرگە تېڭىپ كېسەلنى ئاغرىق ئازابىدىن قۇتۇلدۇرىدىغان داۋالاش ئادەتلىرى كەڭ تارقالغان. ئۇنىڭدىن باشقا، بەزى تېرە كېسەللىكلىرىنى تۇز بىلەن داۋالاشتىن تاشقىرى، ئۆي ھايۋانلىرىنىڭ ئىشتىھاسىنى ئېچىش، ھايۋانلاردىكى ھەر خىل يۇقۇملۇق كېسەللىكلەرنىڭ ئالدىنى ئېلىشتىمۇ تۇزدىن پايدىلىنىدۇ. ئۇيغۇرلار تۇزنىڭ ھەر خىل چىرىتكۈچى مىكروبلارنى يوقىتىش خۇسۇسىيىتىگە ئىگە ئىكەنلىكىنى بىلگەنلىكى ئۈچۈن، گۆش قۇرۇتۇش (سۈرلەش)، مېۋە قاقلىرىنى تەييارلاش، پەمىدۇر، لازا ۋە باشقا كۆكتاتلارنى قۇرۇتۇپ ساقلاش قاتارلىقلاردىمۇ تۇزغا تايىنىدۇ.

ئۇيغۇرلار ئارىسىدا كىشىلەرنى قاقشاتقان، بوزەك قىلغان نائەھلىلەرنى، ۋاپاغا جاپا قىلىدىغان يۈزسىزلەرنى «تۇزكور قىلسۇن» دەپ قارغايدىغان ئادەت بار. قارغاش يۈزىسىدىن ئېيتىلىدىغان بۇ

تۇراقلىق ئىبارىگە تۇزنى ئۇلۇغلاشتىن ئىبارەت ئەقىدە سىڭگەن. بۇ ئەقىدە ئۇيغۇرلارنىڭ نىكاھ تويى رەسمىيەتلىرىدىمۇ ئىپادىلىنىدۇ. توي قىلغان قىز - يىگىتلەرنىڭ نىكاھى ئوقۇلۇپ بولغاندىن كېيىن، يىگىت بىلەن قىزغا شاكىراب (تۇز سۈيى) قا چىلانغان نان بۇردىسى يېگۈزۈلىدۇ. ئۇيغۇرلارنىڭ قارىشىچە، تۇز ئىككى ياشنىڭ مۇھەببىتىنى چىڭىتارمىش، ئائىلە تۇرمۇشى تۇزى تەگىشەلگەن تاماقتەك لەززەتلىك بولارمىش.

يۇقىرىقىلاردىن باشقا، ئۇيغۇرلاردا تويدىن بۇرۇنقى «چوڭ چاي» دا قىز تەرەپكە ئېلىپ بېرىلىدىغان تويلۇق سوۋغا - سالاملىرى ئىچىدە تۇز بولۇشى شەرت قىلىنغان، توي داستىخىنىنى ئاچىدىغان كىشىمۇ ئالدى بىلەن تۇزنى داستىخانغا تىزىپ گۇۋاھلىقتىن ئۆتكەندىن كېيىن، ئاندىن باشقا سوۋغا - سالاملارنى تونۇشتۇرىدۇ. ئاتا - ئانىلار توي قىلغان بالىلىرىنىڭ ئۆيىنى تۇنجى قېتىم مۇبارەكلەپ بارغاندىمۇ تۇز ئېلىپ بارىدۇ. بۇ ئادەتلەرنىڭ ھەممىسىگە تۇزنى ئۇلۇغلاشتىن ئىبارەت ئەقىدە سىڭگەن.

## ناننى ئۇلۇغلاش

ئۇيغۇر خەلقى ناننى قەدىرلەيدۇ ۋە ئۇلۇغلايدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن، داستىخانغا چېچىلىپ كەتكەن نان ئۇۋاقلىرىنى تېرىۋېلىپ ئاغزىغا سالىدۇ، چېچىلىپ كەتكەن نان ئۇۋاقلىرىنى «يامان بولىدۇ» دەپ ھەرگىز دەسسىمەيدۇ. چېچىلغان نان ئۇۋاقلىرىنى كۆرسە تېرىۋېلىپ، ئادەم دەسسىمەيدىغان يەرگە قويۇپ قويىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا، ناننى ئۇلۇغلاشقا ئائىت خىلمۇخىل قاراشلار بار.

1. بىراۋ ئۇزاق يەرگە سەپەرگە چىقماقچى بولغاندا، ئۇرۇق - تۇغقان ۋە باشقىلار ئۇنى ئۇزىتىپ ئۇنىڭغا ئاق يول تىلەيدۇ ۋە نان يوللۇق تۇتىدۇ؛ بۇ ئۇيغۇرلارنىڭ ياخشى ئادەتلىرىدىن بىرى. ئۇيغۇر خەلقىنىڭ قارىشىچە، نان يۇملاق بولغىنى ئۈچۈن، ئۇ دىدارنىڭ تىمسالى. نان يوللۇق تۇتۇش «دىدار كۆرۈشۈش نېسىپ بولسۇن» دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

2. بىر ئادەم چۈشىدە نان چۈشىگەن بولسا، بۇنى ئايرىلىپ كەتكىلى ئۇزاق بولغان يىراقتىكى ئۇرۇق ـ تۇغقانلار يۈز كۆرۈشىمىز، دەپ قارايدۇ.

3. تويى بولغان قىزنى يىگىتنىڭ ئۆيىگە كۆچۈرۈپ مېڭىش ئالدىدا قىز ئاتا ـ ئانىسى بىلەن خوشلىشىدۇ. ئاتا ـ ئانا قىبلىگە قاراپ تۇرۇپ قول كۆتۈرۈپ دۇئا قىلىپ قىزنىڭ بەختلىك بولۇشىنى تىلەيدۇ ھەمدە قىزنىڭ بېشىدىن نان، سۇپرا قاتارلىقلارنى ئۆرۈيدۇ.

4. ئۇيغۇرلار ھالقىلىق پەيتلەردە ئەڭ قاتتىق، ئەڭ ئىشەنچلىك قەسەم ئورنىدا «نان ئۇرسۇن»، «نان دەسسەپ بېرەي» دېگەن ئىبارىنى ئىشلىتىدۇ. بۇ خىل تۇراقلىق ئىبارىلەرنىڭ ھەممىسىدە ناننى ئۇلۇغلاشتىن ئىبارەت مۇقەددەس ئەقىدە ئىپادىلەنگەن.

## 2. توتېم ئېتىقادى

ئۆرپ ـ ئادەتلەر بىر مىللەتنىڭ ئاساسلىق مىللىي ئالاھىدىلىكىنىڭ بىرى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ ئۆرپ ـ ئادەتلىرىنى تەكشۈرگىنىمىزدە، خېلى بىر قىسىم جانلىق ئادەتلەرنىڭ بىۋاستە توتېم ئېتىقادى نەتىجىسىدە كېلىپ چىققانلىقىنى بايقايمىز[1]. شۇڭا، فىرېئود: «قەدىمكى ۋە ھازىرقى دەۋرلەرنىڭ ئوخشاش بولمىغان جەمئىيەتلىرىدە ۋە ئۆرپ ـ ئادەتلىرىدە مەلۇم دەرىجىدە توتېم دەۋرىنىڭ قالدۇقلىرى ساقلىنىپ قالغان» دەپ كۆرسىتىدۇ[2].

قەدىمدە ئۇيغۇر ئەجدادلىرىنىڭ ئېتىقاد ئادەتلىرى ئىچىدە توتېم ئېتىقادى بىرقەدەر زور سالماقنى ئىگىلىگەن بولۇپ، ئۇ داۋاملاشقان ۋاقىتنىڭ ئۇزاقلىقى، چېتىلىش دائىرىسىنىڭ كەڭلىكى بىلەن كېيىنكى

---

[1] ئەسئەت سۇلايمان: «ئۇيغۇر توتېم مەدەنىيىتى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 2001 ـ يىلى 2 ـ ئاي نەشرى، 291 ـ بەت.

[2] سىگموند فرېئود (ئاۋستىرىيە): «توتېم ۋە پەرھىز»، 130 ـ بەت، جۇڭگو خەلق ئەدەبىيات ـ سەنئىتى نەشرىياتى 1989 ـ يىلى خەنزۇچە نەشرى (ئەسئەت سۇلايمان: «ئۇيغۇر توتېم مەدەنىيىتى»، 291 ـ بەتتىكى نەقىل).

ئۇيغۇر ئۆرپ ـ ئادەت مەدەنىيىتىنىڭ بارلىققا كېلىشى، سىستېمىلىشىشى جەريانىدا ناھايىتى چوڭ رول ئوينىغان.

**بۆرە توتېمى**

يازما مەنبەلەر ۋە ئارخېئولوگىيەلىك ماتېرىياللارغا قارىغاندا، ئۇيغۇر مىللىتىنى شەكىللەندۈرگۈچى قەدىمكى ھەرقايسى ئۇرۇق، قەبىلىلەردە توتېم ئېتىقادى چۈشەنچىسى كەڭ تارقالغان. «ۋېينامە. ھۇنلار تەزكىرىسى» دە: «ھۇن قىزى بىلەن بۆرىنىڭ ئالاقىسىدىن تەگرىقۇت تۇغۇلغان» دېيىلىدۇ. «جۇنامە. تۈركلەر تەزكىرىسى»دە: «تۈركلەرنىڭ بايرىقىغا ئالتۇن رەڭلىك بۆرە بېشى چۈشۈرۈلگەن، نۆكەرلەر فولى دەپ ئاتالغان. بۇ بۆرە دېگەنلىك، ئۇلار ئەسلىي بۆرىدىن تۇغۇلغان دېگەن سۆزدۇر، شۇڭا بۇ ئەسلىنى ئۇنتۇماسلىقنىڭ نىشانى قىلىنغان» دېيىلگەن. «يېڭى تاڭنامە. تۈركلەر تەزكىرىسى» دە: «ئوردىنىڭ ئىشىكى ئالدىدىكى ياغاچقا ئالتۇن رەڭلىك بۆرە بېشىنىڭ رەسىمى چۈشۈرۈلگەن تۇغ ئېسىلغان، ئۇلار شەرققە قاراپ ئولتۇرىدۇ» ، «خاقان تەختكە ئولتۇرىدىغان چاغدا...... ئالدى بىلەن بۆرە بېشى تۇغىغا تەزىم قىلغاندىن كېيىن ئاندىن ئولتۇرىدۇ» دېيىلگەن. سابىق سوۋېت ئىتتىپاقى ئارخېئولوگلىرى تاشقى موڭغۇلىيە تەۋەسىدىن بىر بۇتخانا خارابىسىنى قازغاندا بىر كەمەر تېپىلغان، كەمەر توقىسىغا بىر چىشى بۆرىنى تۆت تۈرك ئوغۇل بالا ئېمىپ تۇرغان كۆرۈنۈش چۈشۈرۈلگەن؛ 1957 ـ يىلى تاشقى موڭغۇلىيەنىڭ ئارخېئولوگى دورومجاسولو مىلادىيە 570 ـ يىلى تۈرك قاغانى مويۇنچۇرنىڭ ئورناتقان بىر ئابىدىسىنى تاپقان، مۇشۇ ئابىدىگە بىر كۆك ئانا بۆرىنى ئېمىپ تۇرغان بىر بالىنىڭ رەسىمى ئويۇلغان. خەنزۇچە يازما ھۆججەتلەردە خاتىرىلەنگەن ئۇيغۇرلارنىڭ ئەجدادلىرىغا ئائىت ئەپسانىلەردە بۆرىدىن ئادەم تۇغۇلغانلىقى، «ئاشىنا» ناملىق چىشى بۆرىنىڭ ئىسمىنى ئۇيغۇر ئۇرۇقلىرىدىن بىرى ئۆزىگە فامىلە قىلغانلىقى سۆزلەنگەن. «ئوغۇزنامە» دە كۆك تۈكلۈك، كۆك ياللىق بىر ئەركەك بۆرىنىڭ قوشۇنغا يول باشلاپ ماڭغانلىقى، شۇنداقلا ئوغۇزخاننىڭ «بۆرە بىزنىڭ بەلگىمىز بولسۇن»

دىگەنلىكى سۆزلىنىدۇ. تۈركىي خەلقلەرنىڭ قەدىمكى ئېتىقادىدا قۇرت (بۆرە) بەخت تەڭرىسىنى كۆرسىتىدۇ. يۇقىرىقىلارنىڭ ھەممىسى بۆرە تۈركىي خەلقلەرنىڭ قەدىمكى ئەڭ چوڭ توتېمى ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلايدۇ.

ئۇيغۇر قاتارلىق تۈركىي تىللىق خەلقلەردە يىراق قەدىمكى دەۋرلەردىن تارتىپ ھازىرغا قەدەر بۆرە توتېمى بىلەن باغلانغان ئۆرپ - ئادەتلەر ئىزچىل ساقلىنىپ كەلمەكتە. گەرچە ئۇلارنىڭ بېشىدىن قانچىلىك دىنىي ئېتىقادلار ئالماشقان، ئىلگىرىكى نۇرغۇنلىغان ئىپتىدائىي ئادەتلەر سۇسلاشقان بولسىمۇ، لېكىن بۆرە توتېمى ئېتىقادى گويا بىر يوشۇرۇن كۆلەڭگىدەك ئۇلارنىڭ ئۆرپ - ئادەتلىرىدە ئىزچىل ساقلىنىپ كەلدى[1]. ئۇيغۇرلار ئارىسىدا بۆرە توتېم ئېتىقادىنىڭ تەسىرلىرى خېلى چوڭقۇر ساقلانغان بولۇپ، ئۇيغۇرلارنىڭ ئېتىقاد ئادەتلىرىدە بۆرىگە مۇناسىۋەتلىك قىسىملىرى خېلى بار. ئۇيغۇرلار بۆرىنىڭ ئوشۇقىنى تۇمار ئورنىدا بويۇنلىرىغا ئېسىۋالىدۇ، بۆرىنىڭ چىشىنى ۋە تىلىنى تۇمار ئورنىدا باللىرىنىڭ چاپانلىرىنىڭ ياقىسىغا تىكىپ ساقلايدۇ، چارۋا ماللىرى ئاۋۇمىغان ياكى ياخشى تۆل بەرمىگەندە مال قوتىنىدىن «بۆرىنى چاپتۇرىدۇ» (بۇ دېگەنلىك بۆرىنى قەستەن قوتانغا باشلاپ، چارۋا ماللارنى سەگىتىدۇ - شاشلاشتۇرىدۇ، بۇنىڭ بىلەن چارۋىلارنىڭ كۆپىيىشى، تۆل بېرىشى كۆپ بولىدۇ).

ئۇنىڭدىن باشقا، ھازىرمۇ ئۇيغۇر قاتارلىق تۈركىي تىللىق مىللەتلەردە «بۆرە ئوشۇقىنى بويىنىغا ئېسىۋالسا ئامەتلىك بولىدۇ» دەيدىغان ئادەت قارىشى مەۋجۇت بولۇش بىلەن بىرگە، بۆرە تەرىپىدىن بوغۇپ ئۆلتۈرۈلگەن قوي گۆشىنى ھالاللاپ يېيىش ئادىتى ساقلىنىپ كەلمەكتە. ناھايىتى ئېنىقكى، گەرچە كېيىنكى مەزگىللەردە جۇغراپىيەلىك مۇھىت ۋە مەدەنىيەت قاتلىمىنىڭ ئۆزگىرىشى بىلەن بۆرە توتېم ئېتىقادى

---

[1] ئەسئەت سۇلايمان: «ئۇيغۇر توتېم مەدەنىيىتى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 2001 - يىلى 2 - ئاي نەشرى، 291 - ، 292 - بەتلەر.

سۇسلاشقان بولسىمۇ، لېكىن تۈركىي تىللىق مىللەتلەرنىڭ ئېڭىغا چوڭقۇر سىڭىپ كەتكەن بۆرە توتېم چۈشەنچىسى ئىزچىل داۋاملىشىپ كەلدى. تۈركىي تىللىق خەلقلەر كېيىن شامان، بۇددا، مانى ۋە ئىسلام دىنلىرىغا ئېتىقاد قىلغان بولسىمۇ، يەنىلا ئەڭ دەسلەپكى بۆرە توتېم ئېتىقادىنى سۇسلاشتۇرمىغان[①].

قەدىمكى ئۇيغۇرلار ئارىسىدا بۆرە قاتارلىق بەزى ھايۋانلارغا چوقۇنۇش ئېتىقادىدىن باشقا، يەنە بەزى قۇشلارغا سېغىنىش، ئېتىقاد قىلىش ئادەت چۈشەنچىسىمۇ بولغان. بەزى تارىخىي مەنبەلەرگە قارىغاندا، ئاق قۇ، شۇڭقار، قارلىغاچ قاتارلىقلار قەدىمكى ئۇيغۇرلارنىڭ نەزىرىدە ئالاھىدە قۇش ھېسابلىناتتى. ئۇيغۇرلار قەدىمدىن تارتىپ ئۇۋچىلىقنى ئۆز تۇرمۇشىنىڭ ئاساسىي تەركىبىي قىسمى قىلغان بولغاچقا، شۇڭقار، بۈركۈت، قارچىغا قاتارلىق ئوۋ قۇشلىرىغا ئالاھىدە ئېتىبار بىلەن قارايدۇ ۋە چوڭقۇر ھۆرمەت بىلەن مۇئامىلە قىلىدۇ؛ قارلىغاچنى «ئىنسانلارنى خەۋپ - خەتەردىن قۇتۇلدۇرغان ھاياتلىق ئەلچىسى» دەپ قاراپ، «بۇرۇنىنىڭ بۇرۇنىسىدا يىلان دۇنيادا قايسى مەخلۇقنىڭ قېنى ئەڭ تاتلىق ئىكەنلىكىنى بىلىپ كېلىشنى پاشىغا ۋەزىپە قىپتۇ. پاشا دۇنيادىكى ھەممە مەخلۇقلارنىڭ قېنىنى تېتىپ چىقىپ، ئاخىرىدا ئادەمنىڭ قېنى ھەممىدىن تاتلىق ئىكەنلىكىنى بايقاپتۇ ھەم بۇ خەۋەرنى تېزدىن يىلانغا يەتكۈزۈش ئۈچۈن ئۇچۇپ كېتىۋاتسا، ئالدىغا قارلىغاچ ئۇچراپ قاپتۇ. قارلىغاچ ئەھۋالنى سورىغانىكەن، پاشا ھەممىنى ئېيتىپ بېرىپتۇ. قارلىغاچ ئىنسانلارغا كېلىدىغان بالا - قازانى ھېس قىلىپ، دەرھال پاشىنىڭ تىلىنى چوقۇۋاپتۇ. شۇنىڭ بىلەن پاشا غىڭىلداپ، يىلانغا ھېچ نەرسە ئېيتىپ بېرەلمەپتۇ. شۇنداق قىلىپ ئىنسانلار يىلانلاردىن كېلىدىغان زور بالا- قازادىن قۇتۇلۇپ قاپتۇ» دەپ رىۋايەت قىلىشىدۇ ھەمدە «قارلىغاچ ئۆلتۈرسە قولى تىترەيدىغان بولۇپ قالىدۇ» دېيىشىپ،

---

① ئۆمەرجان ئىمىن: «بۆرە توتېمى ھەققىدە ئىزدىنىش»، «مىراس» ژۇرنىلى، 1993 - يىللىق 3 - سان، 24 - بەت.

قارلىغاچقا ئەقىدە قىلىدۇ. ئاشۇ ئەقىدە تۇپەيلى ئۇيغۇرلار ئۆزلىرىنىڭ پېشايۋان ـ ئايۋانلىرىغا قارلىغاچ ئۇۋا سالسا بەك خۇشال بولىدۇ، ھېچكىم ئۇنىڭغا چېقىلمايدۇ، تېخى «قارلىغاچ ئۇۋا تىزغان ئۆيگە بەخت كېلىدۇ» دەپ قارايدۇ.

# ئىككىنچى باب

## ئۇيغۇرلارنىڭ دىنىي ئېتىقاد ئادەتلىرى

دىن ــ ئىنسانىيەت جەمئىيەت تەرەققىياتىنىڭ مۇئەييەن باسقۇچىنىڭ مەھسۇلى. ئۇ ئىنسانىيەت جەمئىيىتىنىڭ تارىخىي تەرەققىياتىغا ئەگىشىپ ئۈزلۈكسىز تەرەققىي قىلىپ كەلگەن. ئىپتىدائىي جەمئىيەتتە سىنىپىسىز، مەزمۇنى ئاددىي، مۇكەممەل بولمىغان، كۆپ خۇدالىق ئىستىخىيەلىك دىنلار بارلىققا كەلگەن بولسا، سىنىپىي جەمئىيەتكە كەلگەندە سىنىپىلىق، بىر پۈتۈن مەزمۇنغا ئىگە، ئىجتىمائىي خاھىشچانلىقى كۈچلۈك بولغان بىر خۇدالىق سۈنئىي دىنلار بارلىققا كەلدى. دىن ھامان كىشىلەرنىڭ ئەقىدە ـ ئېتىقادى، باشقىچە قىلىپ ئېيتقاندا، مەنىۋى ئادىتى تۈسىدە ئىپادىلىنىدۇ. مەنىۋى دۇنيادا شەكىللىنىدىغان ھەرقانداق بىر ئېتىقاد ھادىسىسى مۇئەييەن بىر دىنىي قاراشنىڭ ئىنكاسىدىن ئىبارەت.

قەدىمكى ئۇيغۇرلار ئۆزىنىڭ ئۇزاق ئەسىرلىك تارىخىي تەرەققىياتى جەريانىدا باشقا مىللەتلەرگە ئوخشاش ئىلگىرى ـ كېيىن بولۇپ توتېم، شامان، زوروئاستېر (ئاتەشپەرەسلىك) دىنى، بۇددا دىنى، مانى دىنى، نېستورى (خىرىستىيان دىنىنىڭ بىر مەزھىپى) دىنى ۋە ئىسلام دىنى قاتارلىق دىنلارغا ئېتىقاد قىلغان. بۇ دىنلار ئۇيغۇرلارنىڭ تارىخىي تەرەققىيات جەريانىنىڭ ھەرقايسى باسقۇچلىرىدا ئۈزلۈكسىز يېڭىلىنىپ، ئۆزئارا ئورۇن بوشىتىپ، تاشلىنىپ قېلىشتەك قىسمەتلەرنى باشتىن كەچۈرگەن. بۇ دىنلار ئۆزلىرىنىڭ مەۋجۇتلۇقىنى ئاستا ـ ئاستا يوقاتقان بولسىمۇ، ئۇلارنىڭ كىشىلەرنىڭ ئەقىدە ـ ئېتىقادىغا ئايلىنىپ كەتكەن قالدۇق تەسىرلىرى ئۇيغۇرلارنىڭ تۇرمۇشىدا ھازىرغىچە ساقلىنىپ كەلدى.

بۇ خىل ئەھۋال ئۇيغۇرلار مەركەزلىك ئولتۇراقلاشقان، بىرقەدەر چەت - ياقا، قاتنىشى قولايسىز، سىرت بىلەن بولغان ئالاقىسى قويۇق بولمىغان جايلاردا ناھايىتى روشەن ئالاھىدىلىك بىلەن ئۇچراپ تۇرىدۇ. ئۇيغۇرلارنىڭ بىر قىسمى ھازىر ئولتۇراقلاشقان جايلار مۇشۇنداق ئالاھىدە جۇغراپىيەلىك ئورۇنغا ئىگە بېكىنمە رايونلارنىڭ بىرى بولۇپ، بۇ جايلاردا قەدىمكى دىنلارنىڭ ھەر خىل قالدۇق تەسىرلىرى كىشىلەرنىڭ مەھەللىۋى تۇرمۇشىنىڭ، مىللىي ئۆرپ - ئادىتىنىڭ ئاساسىي مەزمۇنى سۈپىتىدە ھازىرغىچە مەۋجۇت بولماقتا.

تۆۋەندە ئۇيغۇرلارنىڭ دىنىي ئېتىقادى ۋە دىنىي ئېتىقاد ئادەتلىرىنىڭ ئىجتىمائىي تۇرمۇشتىكى قالدۇق تەسىرلىرىنى بايان قىلىپ ئۆتىمىز.

## 1. شامان دىنى

شامان دىنى ئىنسانلار جەمئىيىتى ئۇرۇقداشلىق دەۋرىگە كىرگەندىن كېيىن، ئىپتىدائىي دىنلارنىڭ ئاخىرقى مەزگىلىدە يەنى «ئىستىخىيەلىك دىن» دىن «سۈنئىي دىن» غا ئۆتۈش مەزگىلىدە پەيدا بولغان ئىپتىدائىي دىنىنىڭ بىر خىل يۇقىرى شەكلى. ئۇ كۆپ تەڭرىلىك دىن بولۇپ، ئۇيغۇرلارنىڭ قەدىمكى ئەجدادلىرى ئۇنىڭغا ئېتىقاد قىلغان.

شامان دىنى پۈتۈن ئالەمنى ئەرش (ئاسمان)، زېمىن (يەر)، تەھتىئەسرا (يەر ئاستى) دىن ئىبارەت ئۈچ قىسىمغا بۆلۈپ، بۇ ئۈچ قىسىمدا پەرىشتىلەر، ئىنسانلار، جىن - شاياتۇنلاردىن ئىبارەت ئۈچ خىل قوۋم ياشايدۇ دەپ قارايدۇ. باخشىلار ئىنسانلار بىلەن جىن - شاياتۇنلار ئوتتۇرىسىدا يۈرۈپ، پەرىشتىلەرنىڭ ياردىمى بىلەن ئىنسانلارنى يۆلەپ، جىن - شاياتۇنلارنى يوقىتىدىغان ساخاۋەت ئەلچىسى دېيىلىدۇ. ئۇنىڭ ئاساسىي ۋەزىپىسى ئۇرۇقلارنىڭ (ھەرقايسى ئۇرۇقلارنىڭ ئۆز ئالدىغا باخشى، داخان، پېرىخونلىرى بولغان) دۇئا - تەلەپ، نەزىر - چىراغ

مۇراسىملىرىنى باشقۇرۇش، «ئىلاھنىڭ ئىرادىسى» نى كىشىلەرگە يەتكۈزۈش، ئىلاھتىن ئۇرۇق (قەبىلە) ئەزالىرىنىڭ ئامانلىقى ۋە سالامەتلىكىنى تىلەش، ئۆز ئۇرۇقى ئۈچۈن ئىلاھ ۋە ئەجدادلاردىن مەدەت تىلەش، ئۇرۇق ئەزالىرىنىڭ كېسىلىنى داۋالاش، ئۇرۇق ئەزالىرىغا پەرزەنت تىلەش، مول هوسۇل ئېلىش ئۈچۈن دۇئا ـ تىلاۋەت قىلىش قاتارلىقلاردىن ئىبارەت بولغان. بۇ دىنىنىڭ ئۇيغۇرلار ئارىسىغا تارقىلىشى ئىنتايىن چوڭقۇر ئىجتىمائىي ئاساسقا ئىگە بولغان بولۇپ، ئۇيغۇرلار كېيىنكى چاغلاردا شامان دىنىدىن باشقا، زورو ئاستېر (ئاتەشپەرەسلىك)، بۇددا، مانى، خرىستىيان ۋە ئىسلام دىنلىرىنى قوبۇل قىلغان بولسىمۇ، بىراق ئاشۇ دىنلارنىڭ ئەقىدە ـ ئەهكاملىرى قاتارىدا شامان دىنىنىڭ ئەقىدە ـ ئېتىقادىمۇ داۋاملىق ساقلىنىپ كەلدى.

بۇ دىنىنىڭ ئۇيغۇرلار ئارىسىدا ساقلىنىپ كېلىۋاتقان ئەقىدە ـ ئادەتلىرى ئاساسلىقى پېرە ئويناپ كېسەل داۋالاش، ئىسرىق سېلىش، نۆكچە قاداش، پال ئېچىش، رەمماللىق قىلىش، هورداش، ئەملەش، ئوت كۆچۈرۈش، قان چېكىش، تېرىگە ئېلىش، ئۈچۈقداش (تەرلىتىش)، ياندۇرۇش، ئاۋاق ئېشى ئېتىش، چاچراتقۇ سېلىش، تۇمار پۈتۈش، ئەجدادلارغا چوقۇنۇش (ياغ پۇرىتىش)، ئىسسىتقۇ ـ سوۋۇتقۇ قىلىش (جادۇ قىلىش دەپمۇ ئاتىلىدۇ)، كۆچۈرۈش (قورچاق ياساپ يول بويىغا قويۇپ قويۇش ئارقىلىق كىچىك باللاردىكى كېسەللەر كۆچۈرۈلىدۇ) قاتارلىقلار بولۇپ، بۇ ئادەتلەر هازىرمۇ قەشقەرنىڭ بەزى جايلىرىدا كەڭ تارقالغان. بۇلاردىن باشقا يەنە ئۇيغۇرلاردا قاراڭغۇ ئۆڭكۈر، ئېگىز چوققىلارنى «ئىلاھىي ماكان»؛ يالغۇز دەرەخ، ئەسكى خارابىلەرنى «جىن ـ شاياتۇنلارنىڭ ئۇۋىسى» دەپ قاراش؛ چوڭلار ئۇخلىغاندا ياستۇق (تەكىيە) ئاستىغا، كىچىك باللارنىڭ بۆشۈكى ئاستىغا «قارا باسمايدۇ» دەپ، پىچاق قاتارلىق تىغلىق ئەسۋابلارنى قويۇش، چوڭ دەرەخلەرنى ئۇلۇغلاش، مازارلارغا (قەبرە بېشىغا) دەرەخ تىكىش، قەبرە بېشىغا ئالىيېشىل لاتا ۋە بايراقلارنى تۇغ ـ ئەلەم قىلىپ باغلاش، كالا ـ قوتاز، قوچقار مۈڭگۈزلىرىنى ئېسىش قاتارلىق ئادەتلەر

ساقلىنىپ كېلىۋاتىدۇ. «پېرە ئويناپ كېسەل داۋالاش» مەكتەپ قاتارلىق چەت - ياقا جايلاردىكى ئومۇمىي ئەھۋال بولۇپ، ئۇنىڭ جەريانى كىشىلەرگە بەك تونۇش.

شامان دىنىدا ئاياللار ئوبرازى ئالاھىدە ھۆرمەتكە سازاۋەر بولۇپ، ئايال ئىلاھى «ئوماي» ئانا تەڭرى ياكى ئايال پەرىشتە سۈپىتىدە ئىنتايىن مۇقەددەس ئورۇندا تۇرىدۇ. مەكتەپتە ھېلىمۇ ئاياللارنى ئالاھىدە ھۆرمەتلەپ سورۇننىڭ تۆرىگە باشلايدۇ، مېھمانخانىدارچىلىقتا ئۆيگە ئاۋۋال ئاياللار كىرىدۇ، مەشرەپ - مۇقاملاردا ئەر - ئايال ئوخشاش، باراۋەر ئۇسسۇل ئوينايدۇ.

### پېرە ئويناش

پېرە ئويناش شامان دىنىدىكى ئېتىقاد ئادەتلىرىنىڭ بىرى بولۇپ، ئۇ ئادەتتە «پېرە ئويناپ كېسەل داۋالاش» شەكلىدە ئۇيغۇرلار ئارىسىدا ھازىرغىچە ساقلىنىپ كەلمەكتە.

شامان ئەقىدىسىدە پۈتۈن ئالەمنى ئەرش (ئاسمان)، زېمىن (يەر)، تەھتىئەسرا (يەر ئاستى) دىن ئىبارەت ئۈچ قىسىمغا بۆلۈپ، بۇ ئۈچ قىسىمدا پەرىشتىلەر، ئىنسانلار، جىن - شاياتۇنلاردىن ئىبارەت ئۈچ خىل قوۋم ياشايدۇ دەپ قارايدۇ. باخشىلار ئىنسانلار بىلەن جىن - شاياتۇنلار ئوتتۇرىسىدا يۈرۈپ، پەرىشتىلەرنىڭ ياردىمى بىلەن ئالدىنقىسىنى يۆلەپ، كېيىنكىسىنى يوقىتىدىغان ساخاۋەت ئەلچىسى دېيىلىدۇ. ئۇلار قەدىمكى كىشىلەرنىڭ كېسەل بولۇپ قالغاندا جىن چاپلاشتى دەپ قارايدىغان ئاددىي ئېڭىدىن پايدىلىنىپ ئەرۋاھلارنى قارغاپ، نۇرانە پەرىشتىلەرنى مەدھىيەلەپ ۋە ياردەمگە چاقىرىپ، ئەپسۇن ئارقىلىق ئوت چېچىپ سېھىرگەرلىك قىلىدۇ. ئۇسسۇل ئويناپ، كىشىلەرنىڭ ياخشىلىق ۋە يامانلىقلىرىنى سۆزلەيدۇ، چۈشكە تەبىر بېرىدۇ، رەمماللىق، مۇنەججىملىك قىلىدۇ. گېپى راست چىقسا، كارامىتىنى كۆككە كۆتۈرىدۇ، يالغان چىقسا، «كېسەل كىشىنىڭ ئالۋاستىسى جاھىلكەن» ياكى «گېپىمگە شەك كەلتۈرگەنلىكلار ئۈچۈن شۇنداق بولدى» دېيىلىدۇ، ئەمما ئۇلارنىڭ كېسەل ساقايتىش ھۈنەرلىرى بەزىدە نەتىجىگىمۇ ئېرىشىپ

قالىدۇ[1].

«پېرە ئويناپ كېسەل داۋالاش» تا باش باخشى (پېرىخون، داخان) ۋە ئۇنىڭ جەللىۋارە (داپچى) شاگىرتلىرى قاتار ئولتۇرۇشقان، ئۆينىڭ تۆت بۇلۇڭىغا نۆكچە يېقىلىپ، كېسەل كىشىنىڭ تۇغقانلىرى ئولتۇرۇشقان بولىدۇ. باش باخشى قاچىدىكى ياغقا پىلتە كىرگۈزۈپ، چىراغ ياققاندىن كېيىن، يەنە بىر قاچىدىكى سۇغا ئايەت ئوقۇپ دەمىدە قىلىدۇ ۋە كېسەل كىشىگە پۈركۈيدۇ. ئۇ قولىدا يامان روھلارنى قوغلايدىغان تاياق (بەزىلىرىدە ئېشىلگەن لاتا قامچىلارمۇ تۇتۇلىدۇ) ياكى بىر تۇتام سۆگەت شوپۇكى تۇتقان ھالدا ئەپسۇننى باشلايدۇ، شاگىرتلىرى داپلىرىنى چالىدۇ، ئارقىدىن پېرە مۇناجىتىنى ئوقۇپ، كېسەل كىشىنى تۇغ ئەتراپىنى چۆرگۈلەشكە سالىدۇ، قوشاقلارنى ئاھاڭغا كەلتۈرۈپ ئوقۇشقا باشلايدۇ. باش باخشى ئارىلاپ قولىدىكى نەرسە بىلەن تۇغ ئەتراپىنى چۆرگۈلەۋاتقان كېسەل كىشىنى ئۇرۇپ ـ ئۇرۇپ قويىدۇ. باخشىلارنىڭ جەرىسى تازا يۇقىرى كۆتۈرۈلگەندە كېسەل كىشى «ھوشسىزلىنىپ يىقىلىپ چۈشىدۇ.» بۇنىڭ بىلەن باخشىلار ئوقۇشتىن توختايدۇ. باش باخشى يالاڭ ئاياغ پۇتى بىلەن كەتمەندىكى چوغقا ياكى قىزىق كەتمەنگە دەسسەپ كىشىلەرنى ھاڭ ـ تاڭ قالدۇرىدۇ. كېسەل كىشىمۇ «روھلىنىپ»، ساقايغاندەك ھالەتكە كېلىدۇ[2].

## 2. بۇددا دىنى

بۇددا دىنى مىلادىيەدىن 5 ــ 6 ئەسىر بۇرۇن شىمالىي ھىندىستاندا پەيدا بولغان. ئۇنىڭ ئىجادچىسى گوئاتاما (مىلادىيەدىن ئىلگىرىكى تەخمىنەن 565 ــ 485 ـ يىللار) بولۇپ، بۇددىستلار ئۇنى ساكيامۇنى («ساكيا قەبىلىسىنىڭ پەيغەمبىرى» دېگەن مەنىدە) دەپ

---

[1] مۇختار قادىر: «‹پېرە ئويناپ داۋالاش› نىڭ سىرى»، «قەشقەر پېداگوگىكا ئىنستىتۇتى ئىلمىي ژۇرنىلى»، 1996 ـ يىللىق 4 ـ سان، 92 ـ بەت.

[2] ئادىل مۇھەممەت تۇران: «قەدىمكى دىنلارنىڭ مەكتەپ رايونىدىكى قالدۇق تەسىرلىرى»، «قەشقەر پېداگوگىكا ئىنستىتۇتى ئىلمىي ژۇرنىلى»، 2001 ـ يىللىق 4 ـ سان، 71 ـ بەت.

ئاتايدۇ. بۇددا دىنىنىڭ دىنىي كالامى «نوم» دېيىلىدۇ. بۇ دىنىنىڭ ئەقىدىسى بويىچە ئادەمنىڭ تۇغۇلۇشى، قېرىشى، كېسەل بولۇپ ئۆلۈشى ئازاب دېمەكتۇر؛ ئازابنىڭ مەنبەسى تۇرلۇك ئارزۇ ـ ھەۋەس. بارلىق ئارزۇ ـ ھەۋەسنى يوقاتقاندىلا، ئاندىن تۇغۇلۇش ـ ئۆلۈش بولمايدىغان مەنزىلگە يەتكىلى بولىدۇ. بۇنىڭ ئۈچۈن ئۆزىنى پاك تۇتۇپ، تائەت ـ ئىبادەت قىلىش كېرەك. شۇنداق قىلغاندىلا راھەت ـ پاراغەت دۇنياسىغا يەتكىلى بولىدۇ، دېگەندىن ئىبارەت.

بۇددا دىنى مىلادىيەدىن ئىلگىرىكى 1 ـ ئەسىردە شىنجاڭغا تارقىلىپ، ئازغىنە كەم 1500 يىلدەك مەۋجۇت بولۇپ تۇرغان ھەم ئۇيغۇرلار ئارىسىدا چوڭقۇر تەسىر قالدۇرۇپ، ئۇيغۇرلارنىڭ قەدىمكى مەدەنىيىتىدە پارلاق بىر سەھىپە ئاچقان. تارىم ئويمانلىقىنى مەركەز قىلغان بۇ رايوندا بۇددا دىنىنىڭ تازا گۈللەپ، تەرەققىي قىلغان بىرقانچە مەركىزى بارلىققا كەلگەن. بۇددا ئەقىدىلىرىنىڭ تۇرلۇك شەكىللىرى خەلق ئارىسىغا كەڭ تارقىلىپ، چوڭقۇر يىلتىز تارتقان. بىراق، بۇ دىنىنىڭ بىر قىسىم جايلاردىكى ئۇيغۇرلار ئارىسىدىكى قالدۇق تەسىرلىرىنى بەك روشەن دەپ كەتكىلى بولمايدۇ ھەم ئانچە كۆپ ئۇچراپ كەتمەيدۇ. بۇ ئېھتىمال بۇ بىر قىسىم جايلارنىڭ قەدىمكى يىپەك يولى بويىدىن يىراق بولغانلىقى، جۇغراپىيەلىك مۇھىتىنىڭ مۇرەككەپ ھەم ئالاھىدە بولغانلىقىدىن بولسا كېرەك؛ يەنە بىر جەھەتتىن ئىسلام ئەقىدىسىنىڭ تەسىرىدىن بولسا كېرەك. شۇنداقتىمۇ ھازىر ئۇيغۇرلاردا بۇ دىنىنىڭ بىر قىسىم ئەقىدە ـ ئادەتلىرىنى يەنىلا كۆرۈشكە بولىدۇ. مەسىلەن، يالغۇز مەھەللە، يالغۇز دەرەخلەرنى ئىلاھىيلاشتۇرۇپ ھېيىقىدىغان، پۈتى يوغان ئاياللارنى كەمسىتىدىغان، قومۇش ئۆسكەن جاينى يامان كۆرۈپ تاشلاپ كېتىدىغان، ئۆينىڭ تۆت بۇلۇڭىغا نۆكچە يېقىپ قويىدىغان، دائىم ياغ پۇرىتىپ تۇرىدىغان ئادەتلەر ھېلىمۇ بار.

## 3. زوروئاستېر (ئاتەشپەرەسلىك) دىنى

بۇ دىن مىلادىيەدىن ئىلگىرىكى 4 ـ ئەسىردە زوروئاستېر تەرىپىدىن

قەدىمكى پېرسىيە (ئىران) نىڭ شەرقىدىكى داسا دېگەن جايدا (بۈگۈنكى ئافغانىستاننىڭ بارخا ئەتراپىدا) ئىجاد قىلىنغان. پېرسىيەنىڭ قەدىمكى دىنىي كىتابى «ئاۋېستا» نى بىردىنبىر مۇقەددەس كىتاب دەپ قارىغان بۇ دىننىڭ ماھىيىتى ياخشىلىق بىلەن يامانلىق، يورۇقلۇق بىلەن قاراڭغۇلۇق تەلىماتى بولغانلىقى ھەمدە ئۆز مۇخلىسلىرىدىن ياخشىلىق ئىلاھىغا سەمىمىي ئېتىقاد قىلىشنى، يىرتقۇچ ھايۋان، زەھەرلىك يىلانلارنى يوقىتىشنى، مال ـ چارۋا قىلىشنى، زىرائەت، ئوت ـ چۆپ تېرىشنى، باغۋاراڭ قىلىشنى، قۇرغاق رايونلاردا سۇ قۇرۇلۇشى بىلەن شۇغۇللىنىشنى تەلەپ قىلغانلىقى ئۈچۈن، ئەجدادلىرىمىز تەرىپىدىن تېزلا قوبۇل قىلىنغان.

زوروئاستېر دىنى مىلادىيەدىن ئىلگىرىكى 4 ـ ئەسىردە غەربىي يۇرتقا ـ شىنجاڭغا تارقىلىپ كىرىپ، مىلادىيە 10 ـ ئەسىرگىچە 1000 يىلدىن ئارتۇق مەۋجۇت بولۇپ تۇرغان ۋە قوچۇ (تۇرپان)، ئاگنى (قاراشەھەر)، سۇلى (قەشقەر)، ئۇدۇن (خوتەن) قاتارلىق جايلارغا تارقالغان. ئاتەشپەرەسلەر ئوتنى ياخشىلىقنىڭ سىمۋولى دەپ قارىغاچقا، زوروئاستېر (ئاتەشپەرەسلىك) دىنى ئېتىقادچىلىرى ئارىسىدا ئوتنى ئۇلۇغلاش، ئوتقا چوقۇنۇش ئادەتلىرى ئۇزاققىچە ساقلانغان. شىنجاڭدىكى ئۇيغۇرلار ئارىسىدا ئاتەشپەرەسلىك دىنىنىڭ ئېتىقاد ـ ئادەتلىرى كەڭ ساقلانغان. مەسىلەن، قاپاق كۆيدۈرۈش (قاپاق كۆيدۈرۈپ دۇئا ـ تىلاۋەت قىلىش)، ئىسرىق سېلىش، يېڭى كېلىننى ئوتتىن ئاتلىتىپ، ئوتنىڭ چۆرىسىنى ئايلاندۇرۇش (بۇ گەرچە شامان دىنىنىڭ قالدۇق تەسىرلىرى بولسىمۇ، بىراق زوروئاستېر دىنى تارقالغاندىن كېيىن تېخىمۇ بېيىپ، كۈچلىنىپ بارغان)، نۆكچە ياندۇرۇش، قەبرە بېشىغا چىراغ يېقىش، سۈخلاش، ئوتلاپ قېقىش (بىر تۇتام قومۇشقا ئوت يېقىپ، ئاغرىق بالا ئۈستىدىن ئۆرۈپ ـ چۆرۈش)، زاراخەتمە ئۆتكۈزۈش، ئىشتانسىز ئوت ئالدىدا ئولتۇرماسلىق، دولان مەشرەپ ـ مۇقام سورۇنلىرىدا ئاغزىدىن ئوت پۈركۈش، ئوت يېقىلغان چىراغنى بېشىغا ئېلىپ ئۇسسۇل ئويناش قاتارلىق ئادەتلەر ھېلىمۇ مەۋجۇت.

## 4. مانى دىنى

مانى ۋە خىرىستىيان (نېستورى) دىنلىرىنىڭ ئۇيغۇرلارنىڭ ئارىسىدا تارقالغان ۋاقتى بىرقەدەر ئۇزاق ھەم مەركەزلىك بولۇپ، بۇ دىنلار مەلۇم سىياسىي ئىستەك ھەم ئىقتىسادىي ئېھتىياج قاتارلىق سەۋەبلەر بىلەن تارقالغان ھەم بىر مەزگىل دەۋر سۈرگەن. بىراق، ئومۇمىي ئەھۋال شۇكى، بۇ دىن كەڭ ئاساسنى شەكىللەندۈرەلمىگەن ۋە ئانچە چوڭقۇر يىلتىز تارتالمىغان. ئەمما، خەلقنىڭ ئارزۇ - ئىستەكلىرىگە مەلۇم دەرىجىدە ئۇيغۇن كېلىپ، ئۇلارنىڭ ھىمايىسىگە ئېرىشكەن بولۇپ، ئۇيغۇرلارنىڭ تۇرمۇش ئادەتلىرىدە بۇ دىنلارنىڭمۇ قىسمەن تەسىرلىرىنى ئۇچراتقىلى بولىدۇ. مەسىلەن، مانى دىنى ئەقىدىلىرىدىن يورۇقلۇقنى ئۇلۇغلاش، ئاي، كۈن كۆيسە ياكى تۇتۇلسا نەزىر قىلىپ، دۇئا - تەكبىر ئېيتىپ، ئاي، كۈننىڭ تېزرەك ئەسلىگە كېلىشىنى تىلەش؛ پەرزەنتلىرىگە ئىسىم قويغاندا ئاي، كۈن، يۇلتۇز نامىنى ياكى ئۇنىڭغا تەقلىد قىلىنغان ئىسىملارنى قويۇش قاتارلىقلار ساقلانغان.

## 5. ئىسلام دىنى

ئىسلام دىنى مىلادىيە 610 — 632 - يىللاردا ئەرەب يېرىم ئارىلىنىڭ مەككە شەھرىدە بارلىققا كېلىپ، مۇھەممەد پەيغەمبەر تەرىپىدىن كۈچلۈك تەرەققىياتقا ئېرىشتۈرۈلگەن. 10 - ئەسىردە شىنجاڭغا تارقىلىپ كىرگەن بولۇپ، قاراخانىيلار خانلىقىنىڭ خاقانى سۇلتان سۇتۇق بۇغراخان قەشقەردە تۇنجى بولۇپ ئۇنى دۆلەت دىنى دەپ جاكارلىغان. شۇنىڭدىن باشلاپ ئىسلام دىنى ئىلگىرى - كېيىن خوتەن ۋە تەڭرىتاغنىڭ جەنۇبى، شىمالى ھەمدە شەرقىدىكى جايلارغا كەڭ تارقىلىپ ئومۇملاشقان.

ئىسلام دىنىنىڭ تارقىلىشى ئۇيغۇرلارنىڭ قەدىمكى مەدەنىيىتىگە

يېڭىلىنىش ئېلىپ كەلدى، يەنى بۇ دىن 1000 يىلدىن ئارتۇق جەريانىدا ئۇيغۇرلارنىڭ ئاڭ ـ ئېتىقادىدا ھۆكۈمران ئورۇنغا ئۆتۈپ، شىنجاڭدىكى دىنلار ئىچىدە تارقىلىش دائىرىسى ئەڭ كەڭ، تەسىرى ئەڭ چوڭ، ئېتىقاد قىلغۇچىلار ئەڭ كۆپ بولغان دىنغا ئايلىنىپ، ئۇيغۇرلارنىڭ سىياسىي، ئىقتىسادىي، مەدەنىيەت ۋە ئىجتىمائىي تۇرمۇشىنىڭ ھەرقايسى تەرەپلىرىگە چوڭقۇر تەسىر كۆرسەتتى. ئۇيغۇرلار ئىچىدىكى كۆپ سانلىق ئېتىقاد قىلغۇچىلار ئىسلام دىنىنىڭ ئىمان، ئىبادەت، ئېھساندىن ئىبارەت ئاساسىي ئەقىدىسىگە؛ ئىسلام دىنىدىكى ئاللاغا ئىشىنىش، پەرىشتىلەرگە ئىشىنىش، ئاللانىڭ كالامىغا ئىشىنىش، ئاللانىڭ ئەلچىسىگە ئىشىنىش، قىيامەتكە ئىشىنىش، قىسمەتكە ئىشىنىش قاتارلىق ئېتىقادلارغا؛ ئىمان ئېيتىش، ناماز ئوقۇش، روزا تۇتۇش، ئۆشرە ـ زاكات بېرىش، ھەج قىلىش قاتارلىق پەرزلەرگە ئەمەل قىلىدۇ. ئىسلام دىنىدىكى روزا ھېيت، قۇربان ھېيت، مەۋلۇت، قەدىر كېچىسى ۋە بارات، مىراج قاتارلىق بايرام ۋە خاتىرە كۈنلىرىنى مۇناسىپ پائالىيەتلەر بىلەن ئۆتكۈزىدۇ. ئىسلام دىنىنىڭ مۇقەددەس كىتابى «قۇرئان» ۋە ھەدىسلەرنى ئوقۇيدۇ، توي قىلغاندا موللىلارغا نىكاھ ئوقۇتىدۇ، ئوغۇل بالىلارنى خەتنە قىلدۇرىدۇ، بالىلارغا ئىسىم قويغاندا قۇلىقىغا ئەزان تووۋلايدۇ، ئادەم ئۆلگەندە مېيىت نامىزى ئوقۇيدۇ؛ تاماقتىن كېيىن دۇئا قىلىدۇ. ئاز ساندىكى بىر قىسىم كىشىلەردە مازارنى تاۋاپ قىلىدىغان، مازارنى ئۇلۇغلاپ دۇئا ـ تىلاۋەت قىلىدىغان، زىكىر قىلىدىغان، ھاپىزلىق، ۋائىزلىق، بۇۋىلىك قىلىدىغان ئادەتلەرمۇ مەۋجۇت. ئۇنىڭدىن باشقا، ئىسلام دىنىدىكى يالغانچىلىق قىلماسلىق، چوڭلارنى ھۆرمەتلەش، يېتىم بالىلارنىڭ بېشىنى سىلاش، ھاراق ئىچمەسلىك، تاماكا چەكمەسلىك، ئوغرىلىق قىلماسلىق، زىنا قىلماسلىق، ھارامنى يېمەسلىك قاتارلىق ئەخلاق ئۆلچەملىرى ئۇيغۇرلارنىڭ ئەمەلىي تۇرمۇشىدا مۇئەييەن تەسىرگە ئىگە. بىراق، شۇنىسى ناھايىتى ئېنىقكى، ئۇيغۇرلار ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلىش بىلەن ئۇلارنىڭ ئىجتىمائىي تۇرمۇش ۋە ئىدېئولوگىيەسىدە بۇ دىنغا خاس چوڭقۇر ئەقىدە ـ ئادەت بارلىققا كەلگەن بولسىمۇ، بىز يۇقىرىدا

كۆرۈپ ئۆتكەندەك، ئىسلام دىنىدىن ئاۋۋال ئۇيغۇرلار ئېتىقاد قىلغان دىنلارنىڭ تەسىرىمۇ ئۇيغۇرلارنىڭ تۇرمۇشىغا چوڭقۇر سىڭىپ كەتكەن، ھەتتا بەزى ئېتىقاد - ئادەتلىرى ئۇيغۇرلارنىڭ مىللىي ئۆرپ - ئادەتلىرىگە ئايلىنىپ كەتكەن بولغاچقا، ئۇ ئىسلام دىنىنىڭ ئەقىدە - ئادەتلىرى بىلەن يۇغۇرۇلۇپ، بىرگە مەۋجۇت بولۇپ كەلدى ھەمدە نۇرغۇن تەرەپلەردە ئۆزئارا قوشۇلۇپ، بىر - بىرىنى تولۇقلاپ باردى. شۇڭلاشقا، ئۇيغۇرلارنىڭ ھازىرقى ئىجتىمائىي تۇرمۇشىدا ساقلىنىپ كېلىۋاتقان ئەقىدە - ئېتىقاد ئادەتلىرى ۋە بىر قىسىم مىللىي ئۆرپ - ئادەتلەرنىڭ قايسى دىنىنىڭ ئىكەنلىكىنى ئايرىۋالغىلى بولمايدىغان ھالەت شەكىللەندى. ھالبۇكى، مەكىت قاتارلىق رايونلار ئۆزىنىڭ ئالاھىدە جۇغراپىيەلىك ئورنى بىلەن پۈتكۈل ئۇيغۇر جەمئىيىتىدە ھازىر مەۋجۇت بولغان ئىجتىمائىي ھالەتتىن باشقا، قەدىمكى دىنلارنىڭ ئۆزىگە خاس ئېتىقاد - ئادەتلىرى، ئەقىدە - ئەھكاملىرىنى ناھايىتى روشەن ساقلاپ كەلمەكتە[1].

### ئىسلام دىنىغا ئائىت ئېتىقاد ئادەتلىرى

**جۈمە نامىزى:** مۇسۇلمانلاردا، جۈملىدىن ئۇيغۇرلاردىمۇ جۈمە كۈنى ئارام ئېلىش ئادەت بولۇپ قالغاچقا، شۇ كۈنى ھۈنەرۋەن - كاسىپ، تىجارەتچى ۋە باشقىلار ئۆز ئىشىنى توختىتىدۇ. ھەرقايسى مەھەللىنىڭ كىچىك مەسچىتىنىڭ جامائىتى چوڭ جامەگە يىغىلىپ جۈمە نامىزى ئوقۇيدۇ. بىر ھەپتە ئۆز ئىشى بىلەن بولۇپ بىر - بىرى بىلەن يۈز كۆرۈشمىگەن ئادەملەر مۇشۇ مۇناسىۋەت ئارقىلىق بىر - بىرى بىلەن يۈز كۆرۈشىدۇ. شۇنداق بولغىنى ئۈچۈن، جۈمە كۈنى يول (سەپەر) غا چىقمايدۇ. مۇسۇلمانلار جۈمەنى ئۇلۇغ بىلگىنى ئۈچۈن، بىراۋ شۇ كۈنى ۋاپات بولسا ياكى يەرلىككە قويۇلسا ناھايىتى خۇشال بولۇشىدۇ. جۈمە نامىزىغا كېلىدىغان جامائەت كۆپ بولغىنى ئۈچۈن، ۋاپات بولغۇچىنىڭ

---

① ئادىل مۇھەممەت تۇران: «قەدىمكى دىنلارنىڭ مەكىت رايونىدىكى قالدۇق تەسىرلىرى»، «قەشقەر پېداگوگىكا ئىنستىتۇتى ئىلمىي ژۇرنىلى»، 2001 - يىللىق 4 - سان، 70 - ، 74 - بەتلەر.

مېيىت نامىزى جامەدە ئوقۇلىدۇ. ھازىدارلار «ناماز تاپتى» دەپ، خۇرسەن بولۇشىدۇ. بۇنىڭدىن باشقا، ياش كېلىنلەر جۈمە كۈنى ئاتا - ئانىسىنىڭ ئۆيىگە يا ئۇلاغلىق، يا ھارۋا بىلەن جۈمەلەپ بېرىپ ئاتا - ئانىسىنى كۆرۈپ كېلىدۇ.

**مەۋلۇت ئوقۇش:** ئىسلام دىنىنىڭ شىنجاڭغا كىرىشىگە ئەگىشىپ ئۇنىڭ ھېيت - بايرام مۇراسىملىرىمۇ بىزگە سىڭىپ كىردى. ئەنە شۇنداق دىنىي مۇراسىملارنىڭ بىرى مەۋلۇت ئوقۇش مۇراسىمىدۇر. ئادەتتە ھەر يىلى رەبىئۇل ئەۋۋەل ئېيى (ئىسلام كالېندارىدا 3 - ئاي) نىڭ 12 - كۈنى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ تۇغۇلغان كۈنى بولۇپ، بۇ خاتىرە كۈنىگە بېغىشلاپ «مەۋلۇت مۇراسىمى» ئۆتكۈزۈلىدۇ. بۇ كۈنى كىشىلەر ئۆي - ئۆيگە يىغىلىپ مۇھەممەد پەيغەمبەر ۋە ئۇنىڭ ئانىسى ئامىنەنىڭ روھىغا ئاتاپ دۇئا - تىلاۋەت، خەير - ساخاۋەت قىلىدۇ. شائىرلار پەيغەمبەرلەرگە بېغىشلانغان مەدھىيە نامىلىرىنى ئوقۇيدۇ، ھاپىزلار جەم بولۇپ ھۆكمەت ئېيتىدۇ.

رەبىئۇل ئەۋۋەل ئېيى ئادەتتە «مەۋلۇت ئېيى» دەپمۇ ئاتىلىدۇ. مۇشۇ ئاي ئىچىدە بەزى ئائىلىلەردە مەخسۇس مەۋلۇتچى موللىلارنى چاقىرىپ، ئۇرۇق - تۇغقان، قولۇم - قوشنىلارنىڭ قاتنىشىشى بىلەن «مەۋلۇت چېيى» ئۆتكۈزۈلىدۇ. مۇراسىم ئۈچۈن ئالاھىدە داستىخان تەييارلاپ، پوشكال، قەنت - گېزەك ۋە مېۋە - چېۋىلەرنى تىزىدۇ ھەمدە بىر تەخسىگە ئەتىر چېچىلغان يېڭى پاختا پارچىلىرىنى تىزىپ قويىدۇ. موللىلار مەۋلۇت ئوقۇپ بولغاندىن كېيىن ھەممە كىشى دۇئا - تەكبىر قىلىدۇ. مەۋلۇتقا قاتناشقان ھەربىر كىشى دەمىدە قىلىنغان پاختا پارچىلىرىنى بىر تالدىن ئېلىپ پۇرايدۇ ۋە ئاۋايلاپ خاس يانچۇقلىرىغا سېلىۋالىدۇ، داستىخاندىكى قەنت - گېزەكلەردىنمۇ ئىككى - ئۈچ تالدىن ئېلىشىدۇ. ئۆيلىرىگە قايتقاندىن كېيىن بالىچاقىلىرىغا بۇ خاسىيەتلىك دەمدىنى ئۈلەشتۈرۈپ بېرىدۇ.

مەۋلۇت ئوقۇغان موللىلارنى چاقىرغۇچى كىشى مەۋلۇتنىڭ خاتىرىسى سۈپىتىدە پۇل ياكى باشقا سوۋغا - سالاملار بىلەن ئۇزىتىدۇ. مەۋلۇت ئوقۇش بىر خىل دىنىي ئادەت بولۇپ، ئۇنى ھەممە كىشىنىڭ

ئۆتكۈزۈشى شەرت ئەمەس.

**بارات كېچىسى:** بۇ دىنىي مۇراسىم ھەر يىلى رامىزان ئېيىدىن ئىلگىرى (شەبانىنىڭ 17 ـ كۈنى كېچىسى) ئۆتكۈزۈلىدۇ، شۇڭا ئۇ «بارائەت كېچىسى» ياكى خەلقنىڭ جانلىق تىلىدا «بارات كېچىسى» دەپمۇ ئاتىلىدۇ. بۇ كۈنى كىشىلەر ئۆي ـ ئۆيدىن ياغلىق قاپاق، قوغاچ (تېرەك دەرىخىنىڭ قوۋزىقىنى سويۇۋېلىپ، كاناي شەكلىدە قۇرۇتۇلغان يېقىلغۇ) لاردىن يېقىلغان مەشئەللەرنى كۆتۈرۈپ، قەبرىستانلىقلارغا توپلىنىپ ئەرۋاھلارنىڭ روھىغا دۇئا ـ تىلاۋەت قىلىدۇ، مۇقام ۋە ھۆكمەتلەرنى ئوقۇپ ساما سالىدۇ. ھېكايە ـ چۆچەك ۋە قىسسە ئېيتىشىدۇ، شۇنداقلا مەھەللىدىكى ياشلار ـ باللار جەم بولۇپ، ياغلىق قاپاقنى ئۇزۇن بادرىنىڭ ئۇچىغا بېكىتىپ، مەسچىتنىڭ ئۆگزىسى ياكى مەھەللىدىكى ھەممە كىشى كۆرەلەيدىغان ئېگىزلىككە چىقىپ مەشئەل يېقىپ:

> بارات كەلدى تۇيدۇڭلارمۇ،
> قازانغا ياغ قۇيدۇڭلارمۇ؟

دەپ باشلىنىدىغان «بارات قوشىقى» نى يۇقىرى ئاۋازدا ئۆزگىچە خاس ئاھاڭ بىلەن توۋلاپ ھەممە كىشىنى بارات كېچىسىنىڭ كىرگەنلىكىدىن خەۋەردار قىلىدۇ. بۇنى «ۋەششەمىسى توۋلاش» دەپ ئاتايدۇ. «ۋەششەمسى» توۋلىغانلارغا كىشىلەر ئۆيلىرىدىن پىشۇرۇلغان پوشكال-قۇيماقلارنى ھەدىيە قىلىشىدۇ. بارات كېچىسى ئەرۋاھلارنى يوقلاش مۇراسىمى بولۇپ، كونا بارات، يېڭى بارات دەپ ئىككىگە بۆلۈنىدۇ. بۇرۇن ئۆلۈپ كەتكەن ئەجدادلارنىڭ روھىغا سېغىنىش كونا بارات، شۇ يىل ئىچىدە ئۆلگەنلەرنىڭ روھىنى يوقلاش يېڭى بارات دېيىلىدۇ.

بارات كېچىسى گەرچە دىنىي مۇراسىم دەپ قارالسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ مەزمۇنىغا «ئەجدادلار روھىغا سېغىنىش»تىن ئىبارەت ئىپتىدائىي ئېتىقادنىڭ روھى سىڭگەن.

**ئىددەت:** ئەردىن ئاجرىغان ياكى ئېرى ئۆلگەن ئايالنىڭ ھامىلىدارلىقى ئېنىقلانغۇچە شەرىئەتتە ئەرگە تېگىش مەنئى قىلىنغان 100 كۈنلۈك

مۇددەت ئىددەت تۇتۇش دەپ ئاتىلىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن، ئەردىن ئاجرىغان ياكى ئېرى ئۆلگەن بىر ئايال شەرىئەتكە ئاساسەن 100 كۈن ئىددەت تۇتۇشقا مەجبۇر بولىدۇ. ئەگەر بىر ئايال شەرىئەتنىڭ بۇ قائىدىسىگە رىئايە قىلماي ئەرگە تەگسە، قورساقتىكى بالىنىڭ ئاۋۋالقى ئەردىن ياكى كېيىنكى ئەردىن ئىكەنلىكىنى ئايرىش قىيىن بولىدۇ. بۇنى پەقەت ئىددەت ئارقىلىقلا ئېنىقلىغىلى بولىدۇ. ئىددەت كۆرۈنۈشتە خۇراپىي ئادەتتەك كۆرۈنسىمۇ، لېكىن مەلۇم قانۇنىي ۋە ئىلمىي ئاساسقا ئىگە. شۇنىڭ ئۈچۈن، ئۇيغۇر خەلقى شەرىئەتنىڭ بۇ قائىدىسىگە قاتتىق رىئايە قىلىپ كەلگەن ۋە ئىددەت تۇتۇشنى ئادەت قىلغان.

**غۇسۇل:** مۇسۇلمانلاردا، جۈملىدىن ئۇيغۇرلاردا ناماز ئوقۇش ئۈچۈن بەدەننىڭ پاك بولۇشى، كىيىم - كېچەكنىڭ پاك بولۇشى ۋە ناماز ئوقۇلىدىغان يەرنىڭ پاك بولۇشى شەرت. شۇنىڭ ئۈچۈن، ئۇلار ھەر قېتىملىق نامازدا يېگىدىن تاھارەت ئالىدۇ. ئەرلەر سۈيدۈك چاچراپ كېتىپ كىيىمنى بۇلغاپ قويىدۇ، دەپ ئۆرە تۇرۇپ سىيمەيدۇ، ناماز ئوقۇيدىغان ئاياللار يەنە تەرەت لاتىسى تۇتىدۇ. بۇنىڭدىن باشقا، ئەر - خوتۇن بىر ئورۇندا بولغاندا، شۇنداقلا كېچىسى ئېھتىلام بولغاندا غۇسۇل قىلىپ (پۈتۈن بەدەننى باشتىن - ئاياغ يۇيۇپ) پاك بولۇشى شەرت. ئۇلارنىڭ قارىشىچە، ناپاك، جۇنۇپ تۇرۇپ كۈنگە قارىسا گۇناھ بولىدۇ؛ ناپاك تۇرۇپ تاماق يېسە يېگەن تامىقى ھارام بولىدۇ؛ بالا ئەمدۇرۇۋاتقان ئاياللار بالا ئەمدۈرسە يامان بولىدۇ، دەپ بىلىدۇ. بۇنىڭدىن باشقا، ئاياللار ھەيز كۆرگەندە ھەيز توختىغان ھامان بويىنى سۇغا سېلىپ پاكلىنىدۇ. غۇسۇل قىلىشنىڭ بەزى تازىلىق ۋە ساغلاملىق جەھەتلەردىكى رولى ناھايىتى زور. دەرۋەقە، غۇسۇلغا ئەمەل قىلغان كىشىلەرنىڭ ئارىسىدا گېمورويى، ھەر خىل جىنسىي كېسەللىكلەرنىڭ كۆرۈلمەسلىكى ياكى ئاز كۆرۈلۈشى ئەنە شۇ غۇسۇل بىلەن مۇناسىۋەتلىك.

**تۇنەك كېچىسى:** قەمەرىيە يىل ھېسابىدا 8 - ئاي — بارات ئېيىنىڭ 15 - كۈنى كېچىسى مۇھەممەد پەيغەمبەرگە پەيغەمبەرلىك ۋەھىي كەلگەن كېچە. شۇنىڭ ئۈچۈن، مۇسۇلمانلار، جۈملىدىن ئۇيغۇرلار بۇ كۈننىڭ خاتىرىسى ئۈچۈن تۇنەك كېچىسى ئۆتكۈزىدۇ. ئۇلار تۈن بويى

ئىبادەت قىلىدۇ، بۇنى سۈننەت دەپ قارايدۇ. بۇ كېچىدە مەسچىت ـ خانىقالاردا ئىبادەتتە بولغۇچىلار كۆپ بولىدۇ، ئاياللار بولسا ئۆيلىرىدە ئولتۇرۇپ خەتمە ئۆتكۈزىدۇ. كىشىلەر يەنە ياغلىق قاپاق (بىرنەچچە يىل ياغ ئالغان قاپاق)نى كۆيدۈرۈپ بادرا ئۇچىغا باغلاپ، مەشئەل ئورنىدا ئېگىز كۆتۈرۈپ قەبرىستان، مازار ـ ماشايىخلارغا بېرىپ ئەرۋاھلارنى يوقلايدۇ. شۇ كېچىسى مەخسۇس تاماق قىلىپ يېگۈچىلەرمۇ بولىدۇ. بۇ بارغانسېرى كۈچىدىن قېلىۋاتقان دىنىي ئادەتلەرنىڭ بىرى.

## 6. خىرىستىيان (نېستۇرى) دىنى

بۇ خىرىستىيان دىنىنىڭ نېستۇرى مەزھىپىنىڭ جۇڭگودىكى نامى، نېستۇرى دىنى خىرىستىيان دىنىنىڭ ئەڭ بالدۇر شىنجاڭغا ۋە جۇڭگونىڭ ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك رايونىغا تارقىلىپ كىرگەن بىر دىنىي مەزھىپى. بۇ دىن قۇرغۇچىسى نېستۇرىنىڭ نامى بىلەن ئاتالغان دىن بولۇپ، يەنە «پارس دىنى»، «مىشكا دىنى» دەپمۇ ئاتىلىدۇ. نېستۇرى دىنىنىڭ شىنجاڭغا تارقىلىپ كىرگەن ۋاقتى ئاساسەن مانى دىنى بىلەن بىر ۋاقىتتا بولۇپ، مىلادىيە 6 ـ ئەسىرنىڭ ئالدى ـ كەينىگە توغرا كېلىدۇ. دەسلەپتە ئۇ ئاساسەن تۇرپاندا تارقالغان، نېستۇرى دىنىغا ئېتىقاد قىلىدىغانلار ئاز ساندىكى ئۇيغۇرلاردىن باشقا، ئاساسلىقى جۇڭگوغا كەلگەن سۇرىيەلىكلەر، سوغدلار ۋە پارسلار ئىدى. تاڭ سۇلالىسى، سۇڭ سۇلالىسى مەزگىللىرىدە تۇرپان نېستۇرى دىنىنىڭ شىنجاڭدىكى مەركىزىگە ئايلانغان، باشقا جايلاردىمۇ خېلى كۆپساندا نېستۇرى مۇخلىسلىرى بار ئىدى. مىلادىيە 10 ـ ئەسىردە ئۆتكەن ئەرەب ساياھەتچىسى مىسار چىرا ناھىيەسى تەۋەسىدە نېستۇرى دىنىنىڭ مۇخلىسلىرىنى يولۇقتۇرغان، غەربىي لياۋ سۇلالىسىدىن موڭغۇللار ھۆكۈمرانلىق قىلغان يۈەن سۇلالىسى مەزگىلىگىچە دىنىي ئەركىنلىك سىياسىتى يولغا قويۇلغانلىقى ئۈچۈن، نېستۇرى دىنى شىنجاڭنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدا تېز تارقىلىپ، گۈللىنىش دەۋرىگە كىرگەن. ئەينى زاماندا شىجاڭدىكى ئىسلام دىنىنىڭ مەركىزى بولغان قەشقەردە نېستۇرى

دىنىمۇ مىسلىسىز تەرەققىي قىلغان بولۇپ، قەشقەر نېستورى دىنىنىڭ 25 دىنىي رايونىنىڭ 19 ـ رايونى بولۇپ قالغان. ئىتالىيەلىك ئاتاقلىق ساياھەتچى ماركوپولو شىنجاڭغا كەلگەندە يول ئۈستىدە قەشقەر، يەكەن، خوتەن، بۈگۈر، ئىلى، تۇرپان، قومۇل قاتارلىق جايلاردا ئەينى زاماندىكى نېستورى دىنىنىڭ چېركاۋلىرىنى ۋە نېستورى دىندارلىرىنى يولۇقتۇرغان. ئەينى زاماندا نېستورى دىنىغا ئاساسەن ئۇيغۇرلار ئېتىقاد قىلغان. شۇنىڭ ئۈچۈن، شۇ چاغلاردا ئۇيغۇرلار رايونىغا كەلگەن بەزى غەربلىك ساياھەتچىلەر: «ئۇيغۇرلار نېستورى مەزھىپىدىكى خىرىستىيان مۇخلىسلىرى ئىكەن»، «ئۇيغۇرلار بار شەھەرلەرنىڭ ھەممىسىدە نېستورى مەزھىپىدىكى دىندارلار بار ئىكەن» دېگەن. تۇرپاندىن تېپىلغان نېستورى دىنىغا ئائىت تارىخىي ماتېرىياللارنىڭ كۆپ ساندىكىلىرى ئۇيغۇر يېزىقىدا يېزىلغان بولۇپ، بۇنىڭ ئىچىدىكى ئۇيغۇرچە يېزىقتا يېزىلغان «مەدھىيەنامە» مەخسۇس ئۇيغۇر نېستورى دىنى مۇخلىسلىرى توي قىلغاندا توي ئۈستىدىكى قىز ـ يىگىتلەرنىڭ ئېيتىشىشى ئۈچۈن يېزىلغان. بۇ پاكىت نېستورى دىنىنىڭ ئۇيغۇرلارنىڭ ئىجتىمائىي تۇرمۇشىغا سىڭىپ كىرگەنلىكىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ. ئىسلام دىنىنىڭ تارقىلىشىغا ئەگىشىپ نېستورى دىنىنىڭ مۇخلىسلىرى تەدرىجىي ھالدا ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلغان. يۈەن سۇلالىسىدىن كېيىن ئىلى رايونىدىن باشقا جايلاردا نېستورى دىنى ئاستا ـ ئاستا يوقالغان.

# ئۈچىنچى باب

## ئۇيغۇرلارنىڭ ئېتىقاد تۈسى ئالغان خۇراپىي ئادەتلىرى

خۇراپاتلىق ئىپتىدائىي ئېتىقادتىن قالغان ئاڭ ۋە ئۇسۇل بولۇپ، ئۇ يالغۇز نەرسە ۋە ھادىسىلەرنىڭ پەيدا بولۇش سەۋەبىنى بۇرمىلايدىغان بىر خىل تونۇش، ھادىسە بولۇپ قالماستىن، بەلكى ئۇ ئىلىم - پەنگە زىت ھالدا ئىجتىمائىي تۇرمۇشنىڭ تەرەققىياتىغا توسقۇنلۇق قىلىدىغان ھەرىكەتتۇر. ئۇ ئىجتىمائىي تۇرمۇشتا ئىپتىدائىي ئېتىقادنىڭ داۋامى سۈپىتىدە ساقلىنىپ قالغان بولۇپ، كېيىنكى ۋاقىتلاردا بارلىققا كەلگەن دىنلارنىڭ مۇتلەق كونترول قىلىشى ۋە بۇ خىل خۇراپىي ئېتىقاد ئادەتلىرىنى ئۆزىگە سىڭدۈرۈپ بېرىشى سەۋەبىدىن ھازىرغىچە ساقلىنىپ كەلگەن.

خەلق ئىچىدە نوقۇل دىنىي خاراكتېر ئالغان ئادەتلەردىن تاشقىرى، ئەجدادلارغا چوقۇنۇشنى ئۆز ئىچىگە ئالغان كەسىپ سۈپىتىدە داۋاملىشىپ كېلىۋاتقان پېرىخونلۇق، داخانلىق، قەسىدىچىلىك، ئاچلاش (ئوت كۆچۈرۈش)، تۇمارچىلىق، پالچىلىق (رەممالliق، قۇرچىلىق) قاتارلىقلارنى مەزمۇن قىلغان سېھىر - ئەپسۇنكەشلىك ئادىتىمۇ مەۋجۇت. بۇ ئادەتلەر ئەجدادلىرىمىزنىڭ ئىپتىدائىي ئاڭ - ئېتىقادى بىلەن شامانىزم ئەقىدىلىرىنىڭ بىرىكىشىنىڭ مەھسۇلى، شامانلار تەرىپىدىن يارىتىلغان «ياخشى روھ»لار ئارقىلىق «يامان روھ»لار (جىن - شاياتۇنلار)نى قوغلاش ۋە ئۇلارنى «ئىشقا سېلىش» چارە - تەدبىرلىرىدىن ئىبارەت. بۇ ئادەتلەر كېيىنكى دەۋرلەردە، بولۇپمۇ فېئودالىزم دەۋرىدە تېخىمۇ تەرەققىي قىلىپ بىر خىل سىرلىق كەسىپ

بولۇپ شەكىللەنگەن. شۇنىڭ ئۈچۈن، ئىسلامىيەت شارائىتىغىمۇ ماسلىشىپ، ئۇنىڭ قالدۇق تەسىرلىرى ھازىرغىچە داۋاملىشىپ كەلگەن.

## 1. سېھرىي ئادەتلەر

**«يادا تاش»**

بۇ بىر خىل سېھرگەرلىك بولۇپ، يامغۇر، شامال ۋە باشقىلارنى تىلەش ئۈچۈن مەخسۇس تاشلار (يادا تاشلار) ياردىمى بىلەن سېھىر قىلىنىدۇ. بۇ ئادەت بۇرۇن ئۇيغۇرلار ئارىسىغا كەڭ تارقالغان. «ئاسمان جىسىملىرىنىڭ روھىغا تەسىر ئۆتكۈزۈش» ئۈچۈن ئوقۇلىدىغان ئەپسۇنلارنىڭ بىرى «يادا تاش» ئەپسۇنى بولۇپ، «يادا تاش»ئۇيغۇرلار ئارىسىدا «يادا تاش» ئەپسۇنى ئاساسىدا ئەل - يۇرت بويىچە «زاراخەتمە» نامى بىلەن ئېلىپ بېرىلىدىغان «يامغۇر تىلەش» ئادىتى بارلىققا كەلگەن. ئەلىشىر نەۋايى «ۋاقائىدۇلكىبەر» ناملىق ئەسىرىدە «يادا تاش سېھرى»نى تىلغا ئېلىپ مۇنداق يازغان:

«يادا تاشقا قان تەگكەچ ياغىن ياققۇدەك، ئەي ساقىي، ياغار يامغۇردەك ئەشكىم چون نۇرسىراپ ئالۇد.»[1] مەھمۇد كاشغەرىينىڭ مەلۇمات بېرىشىچە، «يادا تاش ئەپسۇنى» ئارقىلىق سېھىرلەش ئادىتى تۈركىي خەلقلەر ئارىسىدا ناھايىتى كەڭ ئەۋج ئالغان، ھەتتا «يادا تاش» سېھرگەرلىرىنىڭ «yelviqi» دەپ مەخسۇس تۈركچە ئىسمىمۇ بولغان. Isrik — باللارنى جىن - ئالۋاستىلاردىن ۋە كۆز تېگىشتىن ساقلاش ئۈچۈن ئەپسۇن ئوقۇغاندا ئېيتىلىدىغان سۆز. ئىسرىقنىڭ ئىسى بالىنىڭ يۈزىگە تەگكۈزۈلۈپ «ئىسرىق، ئىسرىق - Isrik، Isrik - ھەي جىن كۆچ - كۆچ!» دېيىلىدۇ.[2]

**ئەجدادلارغا چوقۇنۇش**

1. ياغ پۇرىتىش: ئۆلۈم - يېتىمدا مەخسۇس نەزىر - چىراغ قىلىشتىن

---

[1] «قەدىمكى تۈرك دىنى تارىخى»، 1976 - يىلى، ئىستانبۇل، تۈركچە، 135 - بەت.
[2] «تۈركىي تىللار دىۋانى»، I توم، 134 - ، 184 - بەتلەر.

تاشقىرى، ئازنا - پەيشەنبە، ھېيت - ئايەم كۈنلىرى (ساڭزا سېلىشتىن ئىلگىرى ئالدى بىلەن ساڭزا خېمىرىدا بەش - ئالتە پوشكال سېلىش)، سەپەرگە چىقىش ئالدىدا، «چۈش بۇزۇلغان» چاغلاردا مەخسۇس پوشكال سېلىنىپ ئاددىي دۇئا - تىلاۋەت ئۆتكۈزۈلىدۇ. مۇشۇنداق مەخسۇس پوشكال سېلىشتا ئالدىنقى ئىككى - ئۈچ پوشكال (قۇيماق) «يا بىسمىللا، بوۋىلىرىم، موملىرىمنىڭ روھىغا تەگسۇن!» ياكى «بوۋىلىرىم، موملىرىمنىڭ روھى مەدەت قىلغاي» ياكى «يا، ئۇلۇغلىرىم- پىركامىللارنىڭ روھىغا تەگسۇن (...... روھى مەدەت قىلغاي)!» دەپ سېلىنىدۇ. (بۇ ئىبارىلەرنى ئادەتتە پوشكال سالغۇچى ئىچىدە ئوقۇيدۇ). ئادەتتىكى كۈنلەردە ئائىلە ئاياللىرى تاماق ئېتىشتە قازانغا ماي قۇيۇشتىمۇ ئىچىدە ئاشۇ ئىبارىلەرنى يادلاپ تۇرۇپ ماي قۇيىدۇ. بۇ ئادەت ئومۇملاشتۇرۇلۇپ «ياغ پۇرىتىش» ياكى «ھۇد سېلىش» دەپ ئاتىلىدۇ. بۇنىڭدا «ياغنىڭ پۇرىقى (ھىدى) كۆككە كۆتۈرۈلۈپ ئەجدادلارنىڭ روھىغا يېتىدۇ، بۇنىڭ بىلەن ئۇلارنىڭ روھى يار - يۆلەك بولىدۇ» دېگەن ئەقىدە ئىپادىلەنگەن.

2. ئەجدادلارنى ھۆرمەتلەپ ياخشى تىلەك بىلەن تىلغا ئېلىش: تۇگەپ كەتكەن چوڭلار توغرىسىدا گەپ - سۆز بولغاندا، ئالدى بىلەن «مەرھۇمنىڭ (رەھمەتلىكنىڭ) ياتقان يېرى جەننەت بولغاي!» ياكى «مەرھۇمنىڭ روھى قورۇنمىغاي» دەپ بولۇپ ئاندىن گەپ باشلىنىدۇ. تاماقتىن كېيىن «××× نىڭ روھىغا تەگسۇن» دەپ دۇئا قىلىنىدۇ.

3. ياشانغانلار جان ئۈزگەن ئۆي ئەقىدىسى: ياشانغانلار يېتىپ- قوپۇپ جان ئۈزگەن ئۆيگە «ئۇنىڭ چىرىغى ئۆچمىسۇن» دەپ يەتتە كۈنگىچە (بەزىلەر 40 كۈنگىچە) تۈندە ئۈزۈلدۈرمەي چىراغ يېقىلىدۇ، بەزىلەر ئۆلگۈچىنىڭ «روھى غېرىبسىنىپ قالىدۇ» دەپ، ئۇ ئۆيدىن ئاسانلىقچە كۆچمەيدۇ.

4. روھىناتلارغا داستىخان سېلىش: بۇ ئادەت ئاياللار ئىچىدە بىرقەدەر ئومۇملاشقان بولۇپ، ئۇلۇغلار، پىركامىللارنىڭ روھىغا سېغىنىپ مەخسۇس دۇئا - تىلاۋەت قىلىش ئارقىلىق ئۆزلىرىگە ياخشىلىق، ئامەت تىلەش مەقسىتىدە ھەر خىل نازۇنېمەتلەرنى ھازىرلاش بىلەن

روھناتلارغا ئاتاپ مەخسۇس داستىخان سېلىنىدۇ. شۇڭا، بۇ ئادەت «روھناتلارغا داستىخان سېلىش» دەپ ئاتالغان. جەريانى مۇنداق:

داستىخان سالغۇچى كەچ كۈز كۈنلىرىنىڭ مەلۇم بىر چارشەنبە كۈنىنى تاللاپ مېھمانخانا ئۆيىنى چىرايلىق جابدۇيدۇ. ئوتتۇرىغا چوڭ داستىخان سالىدۇ، داستىخاننى ئايلاندۇرۇپ يېكەنداز سالىدۇ. داستىخانغا قويۇلغان ھەر خىل نازۇنېمەتلەرگە ئايلاندۇرۇپ توققۇز ياكى يەتتە پىيالە قويۇلىدۇ. ھەربىر پىيالىگە توغرىلاپ ئاشمانتا، سامبۇسا، جۇۋاۋا قاتارلىق تائاملاردىن ئاز - ئازدىن سېلىنغان تەخسىلەر قويۇلۇش بىلەن ئۇنىڭ يېنىغا بىردىن يېڭى ياغاچ قوشۇق دۈم قىلىپ قويۇلىدۇ. ھەممە نەرسە تەق قىلىنغاندىن كېيىن، داستىخان سالغۇچى ئايال كەينىگە بۇرۇلۇپ، ئارقىسىغا قارىماي ماڭغىنىچە ئىشىكنى ئوچۇق قويۇپ چىقىپ كېتىدۇ، بىر كېچە - كۈندۈز كىرمەيدۇ. ۋاقتى - سائىتى توشقاندا كىرىپ قارىسا، ئارىلاپ قوشۇقلار ئۆگدىسىغا بولۇپ قالارمىش. بۇ روھناتلارنىڭ كىرىپ مېھمان بولغانلىقىنىڭ، ھاجەتمەنىنىڭ تەلپىنىڭ ئىجابەت بولغانلىقىنىڭ بېشارىتىمىش. بۇ ئادەتنىڭ يەنە بىر ئالاھىدىلىكى، داستىخان سېلىش ھەرىكىتى ھويلا - ئاران ئەر كىشىدىن خالىي قالغان چاغدا ئورۇنلىنىدۇ ۋە ناھايىتى سىرلىق تۇتۇلىدۇ.

### سېھىر - ئەپسۇنكەشلىك

بۇ قەسىدىچىلىك، جادۇگەرلىك دەپمۇ ئاتىلىدۇ. سېھىر - ئەپسۇنكەشلىك ئۇيغۇرلار ئىچىگىمۇ كەڭ تارقالغان بولۇپ، تۈرىمۇ كۆپ. يازما تارىخىي يادىكارلىقلارغا ئاساسلانغاندا، سېھىر - ئەپسۇنكەشلىك ئۇيغۇرلار ئىچىدە ئوتتۇرا ئەسىردىن بۇرۇنلا كەڭ تارقالغان. بۇ توغرىدا «تۈركىي تىللار دىۋانى»دا قۇلباق دېگەن بىر ئەۋلىيانىڭ «تەڭرىنىڭ قۇلى قۇلباق» دېگەن ئىبارىنى قارا تاشقا يازسا ئاق، ئاق تاشقا يازسا قارا چىقىدىغان كارامىتى[1]، يادا تاش ئارقىلىق يادا (سېھىر) قىلىنىپ يازدا قار ياغدۇرۇلغانلىقىنى ئاپتورنىڭ كۆرگەنلىكى[2]، باللارنى كۆز

---

[1] «تۈركىي تىللار دىۋانى»، I توم، 620 - بەت.

[2] تۈركىي تىللار دىۋانى»، I توم، 1 - ، 2 - بەتلەر.

تېگىش ۋە جىن ـ ئالۋاستىلاردىن ساقلاش ئۈچۈن ئەپسۇن ئوقۇپ «ئىسرىق، ئىسرىق» دەپ ئىسرىقلايدىغانلىقى[1]، «جىن تەگكەن ئادەمنى داۋالاشتا يۈزىگە سۇ سېپىپ تۇرۇپ «قۇۋۇچ ـ قۇۋۇچ» دەپ ئادراسمان ۋە ئۇد ھىندى بىلەن ئىسرىق سېلىنىدىغانلىقى[2] قاتارلىق ئادەتلەر توغرىسىدا مەلۇمات بېرىلگەن. روشەنكى، رېئال تۇرمۇشىمىزدا ساقلىنىپ كېلىۋاتقان، سىرلىق ھېسابلىنىدىغان «يادا تاش» سۆزى ئەنە شۇ «يادا» سۆزىدىن كېلىپ چىققان، شۇنىڭدەك تېخى يېقىنقى دەۋرلەرگىچە داۋاملىشىپ كەلگەن يادا تاشقا ئايەت ئوقۇپ سۇ، يامغۇر تىلەپ زاراخەتمە ئۆتكۈزۈش ئادىتى قاتارلىق ئادەتلەرمۇ ئۆز دەۋرىدىكى «يادا» قىلىش ئادىتىنىڭ داۋامى.

### سېھرگەرلىك

سېھرگەرلىك دۇنيادىكى ھەرقايسى رايونلار ۋە ئەللەردە كەڭ تارقالغان، ھەرقايسى تارىخىي باسقۇچلاردا نىسبەتەن ئىزچىل رەۋىشتە داۋاملىشىپ كەلگەن بىر خىل دىنىي ھادىسە بولۇپ، ئۇنىڭ دائىملىق ئىپادىلىنىش شەكلى بولسا مۇئەييەن مۇراسىملار ئارقىلىق تەبىئەتتىن تاشقىرى مەلۇم سىرلىق كۈچلەرنى تىزگىنلەپ، ئىنسانلار تۇرمۇشىغا ياكى تەبىئەت دۇنياسىدىكى ئەھۋاللارغا تەسىر كۆرسىتىپ، مۇئەييەن مەقسەتكە يېتىش كۆزلىنىدىغان بىر خىل پائالىيەت ياكى كۆزقاراشتۇر. سېھرگەرلىكتە قوللىنىدىغان مۇراسىملار دائىم سىمۋول خاراكتېرلىك ئۇسسۇل ۋە ناخشىلار، شۇنداقلا كۆلىمى ھەر خىل بولغان چوڭ ـ كىچىك مۇراسىملاردىن ئىبارەت. مۇئەييەن سېھرگەرلىك پائالىيىتىدە يەنە سېھرىي قۇۋۋەتكە ئىگە دەپ قارالغان ئەمەلىي نەرسىلەر ۋە سېھرلىك تىللار (جۇملىدىن ئەپسۇن ـ ئەرۋەشلەر) بولماي قالمايدۇ. شۇنداق بولغاندا، سېھرگەرلىك ھەققىدە شۇنى ئېيتىشىمىز مۇمكىنكى، ئۇ مۇئەييەن ماددىي نەرسە ۋە تىللارنى (سۆزلەرنى) سېھرىي قۇۋۋەتكە ئىگە دەپ قاراپ، ئۇلارنىڭ ياردىمىدە ئىنسان تۇرمۇشىغا، تەبىئەتكە

---

[1] «تۈركىي تىللار دىۋانى»، I توم، 134 ـ بەت.

[2] «تۈركىي تىللار دىۋانى»، I توم، 223 ـ بەت.

تەسىر كۆرسىتىپ، مۇئەييەن مەقسەتكە يېتىش كۆزلىنىدىغان بىر خىل دىنىي شەكىلدۇر[①].

ئۇيغۇرلار ناھايىتى قەدىمكى زامانلاردىن تارتىپلا «مۇئەييەن سېرلىق شەيئى ۋە سېرلىق سۆزلەر ئارقىلىق تەبىئەتتىن تاشقىرى كۈچلەرنى تىزگىنلەپ، ئۇلاردىن پايدىلىنىپ، تۇرمۇشقا ۋە تەبىئەتتىكى باشقا شەيئىلەرگە تەسىر كۆرسىتىش» مەنىسىدىكى ئۇقۇمنى «باخشىلىق»، «شامانلىق»، «پېرىخونلۇق»، «ئەرۋەشچىلىك»، «سېھىرگەرلىك»، «داخانلىق»، «كاھىنلىق» ۋە «جادۇگەرلىك» ناملىرى بىلەن ئاتىغان بولسا، يۇقىرىقىدەك پائالىيەتلەر بىلەن شۇغۇللانغۇچىلارنى «شامان»، «قام»، «باخشى»، «پېرىخون»، «سېھىرگەر»، «كاھىن»، «يەلۋىچى»، «ياداچى»، «داخان» ۋە «جادۇگەر» ناملىرى بىلەن ئاتىغانىدى. بۇلار ئىچىدە «شامان»، «شامانلىق»، «باخشى»، «باخشىلىق»، «ئەرۋەشچى»، «ئەرۋەشچىلىك»، «قام»، «ياداچى» ئاتالغۇلىرىنىڭ تارىخى بىرقەدەر ئۇزاق. «تۈركىي تىللار دىۋانى» دىكى مەلۇماتلارغا ئاساسلانغاندا، «يەلۋى» ۋە «يەلۋىچى» سۆزلىرى ئۇيغۇر قەدىمكى تىلىدا «سېھىر» ۋە «سېھىرگەر» مەنىلىرىنى بىلدۈرەتتى. مەھمۇد كاشغەرىي «يەلۋى» سۆزىگە «سېھىر» دەپ، «يەلۋىچى» سۆزىگە «سېھىرچى، سېھىرگەر» دەپ ئىزاھ بەرگەنىدى. «ئەرۋەش» سۆزى قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدا كۆپىنچە تىل سېھىرگەرلىكىنى كۆرسەتكەنىدى، بۇ ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدىكى «ئەپسۇن» سۆزىگە ئۇدۇل كېلىدۇ. مەھمۇد كاشغەرىي «تۈركىي تىللار دىۋانى» دا «ئەرۋەشتى»، «ئەۋەلدى»، «ئەرۋەدى» سۆزلىرىگە بىردەك «ئەپسۇن ئوقۇماق» مەنىسىدە ئىزاھ بەرگەن. «بەخشى» سۆزى ھەققىدە بەزى ئىلىم ساھىبلىرى بۇ سۆزنى خەنزۇ تىلىدىكى «مول بىلىملىك، مەلۇماتلىق، كېسەل داۋالىيالايدىغان ئادەم» مەنىسىدىكى سۆز «博士» (boshi) دىن ئۆزگىرىپ كەلگەن بولۇشى مۇمكىن دەپ قارايدۇ. بىزمۇ بۇ

---

① ئەنۋەر سەمەت غەرىبىي: «سېھىرگەرلىك ھەققىدە»، «شىنجاڭ پېداگوگىكا ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى»، 2002 ـ ييللىق 4 ـ سان، 73 ـ بەت.

پىكىرگە قوشۇلىمىز. چۈنكى، قەدىمكى زامان خەنزۇ تىلىدىن قەدىمكى زامان ئۇيغۇر تىلىغا مەلۇم تاۋۇش ئۆزگىرىشى ياساپ كىرىپ كەلگەن «باخشى» سۆزى ھەققىدە چەت ئەللىك نوپۇزلۇق ئىلىم ساھىبلىرىنىڭ پىكرى بىردەك.

ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدا سېھىرگەرلىك مەنىسىدە ئىستېمال قىلىنىۋاتقان «سېھىر»، «سېھىرگەر»، «سېھىرگەرلىك»، «پېرىخون»، «پېرىخونلۇق»، «داخان»، «داخانلىق»، «كاھىن»، «كاھىنلىق» سۆزلىرى ئۇيغۇرلار ئىسلام دىنىنىڭ تەسىرىدە ئەرەب - پارس مەدەنىيىتىنى قوبۇل قىلغاندىن كېيىن، ئەرەب - پارس تىللىرىدىن قوبۇل قىلىپ ئۆزلەشتۈرگەن ئاتالغۇلاردۇر.

دەرۋەقە، مەيلى دىن بولسۇن ياكى سېھىرگەرلىك بولسۇن، ئۇلار تەبىئەتتىن تاشقىرى كۈچلەرنىڭ مەۋجۇتلۇقىنى ئېتىراپ قىلىشنى ئىدىيەۋى ئاساس قىلىدۇ. ئەمما، دىندا تەبىئەتتىن تاشقىرى كۈچلەرگە تېۋىنىش، دۇئا - تىلاۋەت بىلەن سېغىنىش ئاساسىي مەزمۇن قىلىنسا، سېھىرگەرلىكتە تەبىئەتتىن تاشقىرى كۈچلەردىن پايدىلىنىش، تىزگىنلەش ۋە شۇ ئارقىلىق مەلۇم مەقسەتكە يېتىش ئاساسىي مەزمۇن قىلىنىدۇ[1].

روھ ئانالىز ئىلمىنىڭ ياراتقۇچىسى فىرېئود ئىنسانىيەتنىڭ قەدىمكى دىن مەدەنىيىتىنى ئۆز تەلىماتى بويىچە يېشىپ چۈشەندۈرگەن «توتېم ۋە پەرھىز» ناملىق كىتابىدا سېھىرگەرلىكنىڭ پىسخىكىلىق ئاساسىنى يەنىمۇ ئىنچىكە چۈشەندۈرۈپ، «سېھىر» ۋە «جادۇ» دېگەن ئىككى ئاتالغۇنى ئوتتۇرىغا قويىدۇ ۋە بۇ ئىككى ئۇقۇمنى پەرقلەندۈرۈپ مۇنداق دەيدۇ: «سېھىرگەرلىك، ماھىيەتتە ئادەمگە تۇتقان بىر خىل مۇئامىلە قاتارىدا روھلارغا تەسىر كۆرسىتىش ئۇسۇلى بولۇپ، ئۇلارنىڭ غەزىپىنى بېسىپ، ئۇلار بىلەن مۇناسىۋەتنى ياخشىلاپ، كۈچكە ئېرىشىپ، ئۇلارنى بۇيرۇققا بويسۇندۇرغان قىلىش ھەمدە تىرىك ئادەملەرنىڭ بەدىنىگە تەسىر كۆرسىتەلەيدىغان بارلىق ئۇسۇللارنى قوللىنىشنى كۆرسىتىدۇ.

---

[1] ئەنۋەر سەمەت غەرىبىي: «سېھىرگەرلىك ھەققىدە»، «شىنجاڭ پېداگوگىكا ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى»، 2002 - يىللىق 4 - سان، 73 - ، 76 - بەتلەر.

جادۇگەرلىك بۇنىڭغا سەل ئوخشىمايدۇ. ماھىيەتتە ئۇنىڭدا روھلارنىڭ بار - يوقلۇقىغا ئېتىبار بېرىلمەي، كۆندىلىك تۇرمۇشتىكى پىسخىك ئۇسۇلغا ئوخشىمايدىغان ئالاھىدە جەريانلار بېسىپ ئۆتۈلىدۇ...... ئەگەر ۋارقىراش - جارقىراش يولى بىلەن بىر روھنى قوغلىماقچى بولسا، بۇ خىل ھەرىكەت سېپى ئۆزىدىن سېھرىگەرلىكتۇر. ئەگەر ئاۋۋال ئاشۇ روھنىڭ ئىسمىنى تېپىپ چىقىپ، ئاندىن ئۇنى زورلاش ئۇسۇلى بىلەن قوغلىماقچى بولسا، ئۇ چاغدا جادۇگەرلىك ئىشقا سېلىنغان بولىدۇ.»

ئۇيغۇرلار كۆپ خىل دىنغا ئىشەنگەن، ئۇزاق تارىخقا ئىگە سىلەت بولۇش سۈپىتىدە ئۇلارنىڭ ئەنئەنىۋى مەدەنىيىتىدە زور بىر تۈركۈم سېھرىگەرلىك پائالىيەتلىرى ۋە سېھرىي قاراشلار مەۋجۇت. ئۇنىڭ ئۈستىگە بۇنداق سېھرىگەرلىك چۈشەنچىلىرى ۋە ھەرىكەتلىرى دىنىي ئەقىدە ۋە ئېتىقاد پائالىيەتلىرى بىلەن سىڭىشىپ، تېخىمۇ مۇستەھكەم ئاساسقا ئىگە بولغان. دائىرە ئېتىبارى بىلەن قارىغاندا، ئۇيغۇرلارنىڭ نەزىر - چىراغ مۇراسىملىرى، روھىناتلارغا ئالاقىدار پائالىيەتلىرى، پەرزەنت تىلەش ۋە ھامىلىدارلىق جەريانىدىكى پائالىيەتلەر، ئەنئەنىۋى ئەمچىلىك، ئىشلەپچىقىرىشنىڭ ھەرقايسى ساھەلىرى، تۇرالغۇ ئادەتلىرى، شۇنداقلا توي - تۆكۈن، ئائىلە مۇناسىۋەتلىرى، ھەتتا تىل ئادەتلىرى ۋە دىنىي ساھەلەردىمۇ زور بىر تۈركۈم سېھرىي پائالىيەتلەر ساقلىنىپ تۇرماقتا. ئۇيغۇرلاردىكى سېھرىگەرلىك ھەققىدە شۇنى بايقاش مۇمكىنكى، سېھرىي قاراشلار كۆپىنچە پەرھىزلەر ۋە ئىرىملىك قاراشلار شەكلىدە مەۋجۇت بولسا، سېھرىي پائالىيەتلەر ھەر خىل تۇرمۇش ۋە ئىشلەپچىقىرىش پائالىيەتلىرى بىلەن بىرىكىپ كەتكەن ئۇدۇم شەكلىدە ساقلانماقتا[1].

سېھىر - ئەپسۇنكەشلىكنىڭ تۇرمۇشىمىزدا ئۇچرايدىغان تۈر - شەكىللىرى:

**1. قەستىچىلىك:** بۇمۇ بىر خىل كەسىپ سۈپىتىدە داۋاملىشىپ كېلىۋاتقان خۇراپىي ئادەت بولۇپ، ئادەتتە قەستە ئوقۇتۇش (ئوقۇش)،

---

[1] ئەنۋەر سەمەت غەرىبىي: «سېھرىگەرلىك ھەققىدە»، «شىنجاڭ پېداگوگىكا ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى»، 2002 - يىللىق 4 - سان، 78 - ، 79 - بەتلەر.

جۇدا قىلىش (قىلدۇرۇش)، ئىسسىتقۇ قىلىش (قىلدۇرۇش) ۋە سوۋۇتقۇ قىلدۇرۇش دەپمۇ ئاتىلىدۇ. قەسىدە ئوقۇغۇچىلار خەلق ئىچىدە ئەر- ئاياللار ئوتتۇرىسىدىكى مۇرەككەپ ھەر خىل مۇشكۈلچىلىكلەرنى ئاسانلاشتۇرغۇچى دېگەن ئاتاققا ئىگە. شۇڭا، كىشىلەر، بولۇپمۇ ئاياللار ئۇلارغا تولىراق ئەقىدە باغلاپ «ھال» ئېيتىپ بارىدۇ. قەسىدىچىلەر كەلگەن ھاجەتمەنلەرنىڭ تەلىپىگە قاراپ قەنت - ناۋات، چاي، رەخت، قورچاق، ساقىندى تۇخۇم قاتارلىق نەرسىلەرگە سېھىر - ئەپسۇن يەنى قەسىدە ئوقۇپ بېرىدۇ. بۇ «ئوقۇلغان» قەنت - ناۋات ياكى چاي بىلەن چاي دەملەپ نىشانلانغان ئادەمگە ئىچۈرۈلسە، رەختتە كۆڭلەك ياكى ئىشتان تىكتۈرۈپ كىيدۈرۈلسە، شۇنى ئىچكەن ياكى كىيگەن قىز (ئايال) بولسا، يىگىتتىگە (ئەرگە)، ئەگەر يىگىت (ئەر) بولسا، قىز (ئايال)غا ئاشىق (رام) بولارمىش ياكى ئۇلار ئوتتۇرىسىغا سوغۇقچىلىق چۈشۈپ مۇناسىۋىتى بۇزۇلارمىش. شۇڭا، بۇ «ئىسسىتقۇ» ۋە «سوۋۇتقۇ» دەپ ئاتالغان، شۇنىڭدەك بەزى كۈنداش، ھەسەتخور رەقىبلەر قەسىدە ئوقۇلغان قورچاق ياكى ساقىندى تۇخۇمنى رەقىبىنىڭ ئۆيىنىڭ بوسۇغىسى ئاستىغا كۆمۈپ تاشلايدۇ. مۇنداق قورچاقنىڭ باش - كۆزىگە ۋە كۆكرىكىگە يىڭنە سانجىلغان بولىدۇ. كۈنلەرنىڭ ئۆتۈشى بىلەن قورچاققا سانجىلغان يىڭنىلەر ياكى ساقىندى تۇخۇم چىرىگەندە قەسىدە ئۆز كۈچىنى كۆرسىتەرمىش. نىشانلانغۇچى ئايال بولسا، ئىسسىتقۇ كېسىلىگە گىرىپتار بولۇپ ئۆلەرمىش، ئەر بولسا، ئالدى بەند بولۇپ قالارمىش. بۇ بەزى جايلاردا «جۇدۇ قىلىش» ياكى «جادۇ» قىلىش دەپمۇ ئاتىلىدۇ.

كېلىنى بىلەن چىقىشالمىغان بەزى قېيىنئانىلار كېلىنىنىڭ ئوغلى بىلەن مۇناسىۋىتىنىڭ ياخشىلىقىغا قاراپ، ئوغلۇمغا قېيىنئانىسى «ئوقۇتۇۋەتكەن»دەپ باشقىلارغا دادلاپ بېرىدىغان ئادەتمۇ ئاشۇ خۇراپىي ئەقىدە ئاساسىدا شەكىللەنگەن.

**2. قان قىلىش:** كىشىلەر قەسىدىچىلىككە بولغان ئەقىدىسى بويىچە بەزى پۇت، بەل ئاغرىقى قاتارلىق سوزۇلمە ئاغرىقلارنى ۋە بەزى بىرنەرسە كىرىپ - سانجىلىپ كەتكەن باھانە - سەۋەبلەر بىلەن يۇقۇملىنىپ

پەيدا بولغان سۆرەلمە چاقا ـ جاراھەتلەرنى قەسىدىچىلەرگە ئوقۇتىدۇ. قەسىدىچىلەر مۇنداق ھاجەتمەنلەر كەلگەندە كېسەلگە قاراپ «شامالدارىپتۇ»، «خىزىر ياكى قىتمىر غوجام ئۆتىدىغان يولغا ھاجەت قىلىپ قويۇپتۇ»، «ئىگىلىك يەرگە بىتاھارەت دەسسەپ سالپتۇ»، «ئىگىلىك يەردىكى ياكى قىتمىر غوجامنىڭ چۈشكەن يېرىدىكى دەرەخنى كېسىپ قويۇپتۇ» دېگەندەك «دىياگنوز» لارنى قويىدۇ. قارا قوي ياكى ئۈچ ـ تۆت قارا توخۇغا يەتتە كۈن ئوقۇپ، ئاندىن شۇ «گۇمانلىق» يەرگە قان قىلىش زۆرۈرلۈكىنى ئېيتىدۇ. ھاجەتمەنىنىڭ ھازىرلىقى پۈتۈشى بىلەن «ئوقۇش» باشلىنىدۇ، «ئوقۇش» جەريانىدا ئاغرىق ياتقان ئۆينىڭ تۆت بۇلۇڭىغا تۆت دانە نۆكچە يېقىلىق تۇرىدۇ. «ئوقۇش» تۈگىگەندىن كېيىن، شۇ ئۆينىڭ ئەتراپىغا يەتتە كۈنگىچە يەتتە يەرگە نۆكچە يېقىلىشى شەرت. موللام ئوقۇيدىغىنىنى ئوقۇپ بولۇپ، قوينى گۇمانلىق يەرگە قان قىلىدىغىنىنى ئېيتىپ، توخۇدىن بىرەرسىنى ئاغرىقنىڭ كۆز ئالدىدا قان قىلىپ، ئالىدىغانىنى ئېلىپ ماڭىدۇ. دېمەك، شۇنداق ئوقۇپ، قان قىلىنغاندىن كېيىن ئاغرىق تەدرىجىي ساقىيارمىش. شۇڭا، ئۇلارنىڭ بۇ داۋالاش ئۇسۇلى «قان قىلىش» دەپ ئاتالغان. خەلق ئىچىدە بەزى خېيىم ـ خەتەردىن ئامان قالغاندا ياكى چۈشى بۇزۇلۇپ خەتەرلىك ھېس قىلغاندىمۇ بىرەر مالنى ئۆلتۈرۈپ خالىس نەزىر قىلىش ئادىتى؛ «غايىب خەزىنە» ئۇچراپ قالغاندا بىر مالنى، ھېچبولمىغاندا قول بارماقلىرىنىڭ بىرىنى چىشلەپ بولسىمۇ قان قىلىش، دېگەن ئەقىدىلىك قاراشمۇ ئاشۇ «قان قىلىش»تىن كېلىپ چىققان.

**3. كۆچۈرۈش:** كىچىك باللار تۇيۇقسىز ئاغرىپ قېلىپ ساقىيالماي بارغانسېرى ئورۇقلاپ، ئاجىزلىشىش ھالىتى يۈز بەرسە، كىشىلەر بۇنىمۇ يۇقىرىقىدەك ئەقىدە بويىچە «شامالدارىغانلىقتىن بولغان»، «يامان نەرسە — جىن چاپلاشقانلىق» دەپ قاراپ، موللام، بۇۋىملەرگە ئوقۇتىدۇ. بۇ «كۆچۈرۈش» دەپ ئاتىلىدۇ. ئورۇنلىنىشى مۇنداق:

ئاغرىغۇچىغا سىمۋول قىلىپ (ئوغۇل بولسا ئوغۇلچە، قىز بولسا قىزچە) چىرايلىق قورچاق ياسىلىپ، چىرايلىق كىچىك داستىخان ۋە

تۈتۈلمىغان بىر كىچىك تاۋاق هازىرلىنىدۇ، يەتتە ئۆيدىن بىر بۇردىدىن نان تىلەپ كېلىنىدۇ، موللام ياكى بۇۋىم بالىغا ئەپسۇن ئوقۇپ بولغاندىن كېيىن، هېلىقى يەتتە بۇردا ناننى سۇپكۆچلەپ بالىنىڭ بېشىدىن ئايىغىغا قەدەر يەتتە قېتىم «كۆچ - كۆچ» دەپ ئايلاندۇرۇپ چىقىدۇ، ئاندىن تۇن يىرىملاشقاندا قورچاق كىشىگە تۇيدۇرۇلماي يولنىڭ دوقمۇشىغا ئېلىپ بېرىلىپ ئولتۇرغۇزۇپ قويۇلۇش بىلەن هېلىقى داستىخان ئالدىغا سېلىنىدۇ، ئۈستىگە سۇپكۆچلەنگەن يەتتە بۇردا نان سېلىنىپ، هېلىقى تاۋاق قويۇپ قويۇلىدۇ، بۇ نەرسىلەرنى ئېلىپ بارغۇچى ئىشنى تۈگىتىپ ئارقىسىغا قارىماي ئۆيگە يېنىپ كېلىدۇ. بەزى جايلاردا يەتتە بۇردا نان ئورنىغا يەتتە ئۆيدىن ئاز - ئازدىن قۇرۇق ئۇن تىلەپ، ئۇنىڭدا چامغۇرلا توغرالغان قۇرۇق سۇيۇقئاش ئېتىلىدۇ. ئاش تەييار بولغاندا بالا يالىڭاچلىنىپ ئۇنىڭ هورىدا هوردىتىلىدۇ (باشقا جەريانلىرى يۇقىرىقى ئۇسۇلغا ئوخشاش). بۇ «ئاۋاق ئېشى» دەپ ئاتىلىدۇ. بەزى جايلاردا بولسا جىن - شاياتۇنلارنى قوغلاش مەقسىتىدە يەتتە تۈگمەندىن ئۇن توزانى تىلەپ كېلىنىپ، سەيشەنبە چىقىپ چارشەنبە كىرىش ئاخشىمى ئاغرىق بالىنى يالىڭاچلاپ بەدىنىگە يەتتە قېتىم سۈرۈلىدۇ. بۇ «توزلاندۇرۇش» دەپ ئاتىلىدۇ. تۈگمەندىن ئۇن توزانى تىلىنىشى ئادەتتە تۈگمەننىڭ خىلۋەترەك بولغانلىقى، جىنلارنىڭ ماكانى دەپ قارالغانلىقى بىلەن مۇناسىۋەتلىك.

**4. ئاچلاش:** بوۋاقلار تولغىنىپ، ئىڭىرىغۇسى كېلىپ يىغلاپ بىئارام بولسا ۋە ياش - ئۆسمۈرلەر، هەتتا ياش قۇرامىغا يەتكەنلەر مېهماندارچىلىقتىن ياكى تالا - تۈزدىن يانغاندا تۇيۇقسىز مەيدىسى ياكى قورسىقى ئاغرىپ كەتسە، بۇ كىشىلەرنىڭ «ئىچى كىرىپتۇ» ياكى «ئۇتى تۇتۇپتۇ»، «كۆز تېگىپتۇ» دەپ قارىلىپ بۇۋىملەرگە ياكى بۇۋىملەردىن ئۆگەنگەن ئاياللارغا ئوقۇتۇلىدۇ. بۇ «ئاچلاش» دەپ ئاتىلىدۇ. ئورۇنلىنىشى مۇنداق:

بىر پىيالىگە لىق كېپەك ئېلىنىپ دۇم قىلىنىپ، داكا ياكى دەسمالغا ئورىلىدۇ. ئاچلىغۇچى ئۇنى قولىغا ئېلىپ ئىچىدە ئوقۇغاچ پىيالىنىڭ ئاغزى تەرىپىگە ئۈچ قېتىم هۈرۈپ قويۇپ، ئاندىن بوۋاقنىڭ

(ئاغرىغۇچىنىڭ) پېشانىسىدىن تا ئايىغىغىچە «كۆچ - كۆچ! بۇ يەردە نېمە قىلىسەن؟ ئەسكى تۇگمەن (تاملىق)گە بار! قوشۇما قاشقا بار! يالغۇز دەرەخكە بار! قوش خوتۇنلۇققا بار!» دەپ جىنلارغا خىتاب قىلىپ، ئالا قويماي ئۇقۇپ چىقىدۇ. بۇ ھەرىكەت شۇ تەرىقىدە ئۈچ قېتىم تەكرارلىنىدۇ. كېيەك يوق شارائىتتا ئاچلىغۇچى كېيەك ئورنىغا ئالىقىنىغا يەتتە بۇردا نان ئېلىپ ئاچلايدۇ. ئاچلىغۇچى ئاچلاش جەريانىدا ئەسنەك ئارىلاش «ھۇك!» دەپ تۇرىدۇ. «كىشى بىرنەرسە يېگەندە يېگۈسى كېلىپ قارىسا ئېچى كىرىپ قالىدۇ»، «كۆرمىگەن بىرنىگە ھەۋەسلىنىپ قاراپ قالسا، ئوتى تۇتۇپ قالىدۇ» دەپ يامان ئالىدىغان ئادەت شۇ ئەقىدە ئاساسىدا مەيدانغا كەلگەن.

**5. ئوت كۆچۈرۈش:** ئەتىگەن - كەچ تەرەپلەردە كىشىنىڭ بەدىنى تىكەنلىشىپ، تىترەك بېسىپ ئاغرىسا «ئۈچۈنۈپتۇ»، «قوقاقداپتۇ» دەپ قارىلىپ، ئۇنىڭ سەۋەبىمۇ شامالدارىغانغا تاقىلىش بىلەن ئوت كۆچۈرۈلىدۇ. ئورۇنلىنىشى مۇنداق:

ناماز شام ۋاقتىدا يەتتە ھويلا جايلاشقان كوچا ئارىلىقىدىكى ياكى تۆت كوچا ئاغزىدىن چاۋار - تەرمەچ تېرىپ كېلىنىپ، بەلگۈرجەككە تىزىلىپ، ئۇستىگە ئازراق كېپەك سېپىلىدۇ، ئاندىن ئاغرىقنى قىبلىگە قاراپ ئولتۇرغۇزۇپ، تەمەچكە ئوت يېقىلىدۇ. بۇ جەرياندا «ئوت كۆچۈرگۈچى» ئىچىدە «ئوقۇپ» تۇرىدۇ. ئوت تۇتىشىپ ئىس چىقىش بىلەن تەڭ ئاغرىقنىڭ باش - كۆزىگە سۇپكۆچلەپ تۇرۇپ، ئۇنىڭ بېشىدىن پۇتىغا بارغۇچە ئارىلىقنى يەتتە قېتىم ئايلاندۇرۇپ چىقىدۇ. شۇڭا، بۇ «ئوت كۆچۈرۈش» دەپ ئاتالغان. بەزىلەر بىر باغلام قارا سۆگەت قىپچىسىنى سوغۇق سۇغا چىلاپ تۇرۇپ، ئاغرىقنىڭ كېيىمىنى قايرىپ تۇرۇپ دۇمبىسىگە «كۆچ - كۆچ» دەپ ئۈچ قېتىم ئۇچۇقلايدۇ. بۇ ھەرىكەتمۇ پەقەت ناماز شام ۋاقتىدىلا ئورۇنلىنىدۇ. بۇمۇ ئوت كۆچۈرۈشنىڭ بىر تۈرى بولۇپ، «ئۇچۇقلاش» دەپ ئاتىلىدۇ.

**6. چاچراتقۇ سېلىش:** كىچىك بالىلارنىڭ ئېغىز - بۇرنىغا ئۇشتاق سۇلۇق چاقا چىقىپ، بىرى ساقىيا - ساقايمايلا يەنە بىرى چىقىپ يۈز - كۆزىنى بېسىپ كەتسە، بۇ «چاچراتقۇ» دەپ ئاتىلىدۇ. بۇ كېسەلنىڭ

سەۋەبمۇ جىن ـ شاياتۇنلارغا تاقىلىپ «كۆل ـ ئەخلەتخانىغا تەرەتكە ئولتۇرۇپ قويغانىكەن ياكى قوغۇن شاپىقىغا سىيىپ قويغانىكەن» (ئەپسۇنچىلار ئەخلەت، كۆل تۆكۈلىدىغان يەرلەرمۇ يامان روھلارنىڭ ماكانى دەپ قارايدۇ) دەپ «دىياگنوز» قويۇلىدۇ. بۇنى داۋالاش ئۇسۇللىرىمۇ ھەر خىل: ① موللام، بۇۋىملەر ئۈچ كۈن ياكى يەتتە كۈنگىچە ھەر كۈنى ئەتىگەنلىكى ئايەت ئوقۇپ تۇرۇپ چاچراتقۇ ئۈستىگە ئۈچ قېتىم سۈپكۈچلەپ «تۈكۈرۈپ» قويىدۇ. ② قۇرۇق قوغۇن شاپىقىنى سوقۇپ، كېپەككە ئارىلاشتۇرۇپ، چوغ ئېلىنغان بەلگۈرجەككە سېلىش بىلەن بالىنىڭ باش ـ كۆزى ئىسرىقلىنىدۇ، بۇ ئۇسۇل پات ـ پات قوللىنىلىدۇ. بۇ ھەرىكەت ئۆينىڭ ئايال غوجايىنى تەرىپىدىن ئورۇنلىنىدۇ. ③ پاق ـ پاق سېلىش: يەتتە ئۆيدىن بىر قوشۇقتىن ئۇن تىلەپ چىقىپ، كەپتەر تۇخۇمى چوڭلۇقىدا ئۈچ پارچە خېمىر يۇغۇرۇلىدۇ، ئاندىن بۇ ئۈچ پارچە خېمىر بىرلەشتۈرۈلۈپ توقاچ زۇۋۇلىسى چوڭلۇقىدا زۇۋۇلا قىلىنىدۇ. موللام ياكى داخان ئوچاق ئالدىدا ئولتۇرۇپ ئۇنىڭغا ئوقۇپ، ھۈرۈپ تۇرۇپ قوقاسقا كۆمىدۇ ۋە داۋاملىق ئوقۇپ قوقاسقا ھۈرۈپ ئولتۇرىدۇ. خېمىرغا قىزىق ئۆتۈپ بىرئازدىن كېيىن «پاق» قىلىپ ئېتىلىپ چېچىلىپ كېتىدۇ. موللام (داخان) «مانا ئايەتنىڭ كۈچى، خېمىر يېرىلىپ چېچىلىپ كەتتى، ئەمدى چاچراتقۇمۇ كۆچىدۇ» دەپ ئالىدىغاننى ئېلىپ يولىغا راۋان بولىدۇ. ④ ياندۇرۇش: كىچىك بالا تۇغۇلۇشتا كۆزى ئاجىز تۇغۇلۇپ، بارا ـ بارا ئەلەس بولۇش ياكى ئاق چۈشۈش خەۋپى تۇغۇلسا ياكى چوڭلارنىڭ كۆزىگە ئاق چۈشۈپ قالسا، بۇمۇ «شامالدارىغانلىق» دەپ قارىلىپ، موللام (داخان)لارغا ئوقۇتۇلىدۇ. ئورۇنلىنىشى: موللام (داخان) بۆرە ئۆلتۈرۈلگەن پىچاق تاپتۇرۇپ كېلىدۇ، ئەگەر ئۇنداق پىچاق تېپىلمىسا، قارا توخۇ ياكى كۆك كەپتەرگە ئوقۇپ ئۇنى بوغۇزلايدۇ، ئاندىن شۇ قان يۇقى پىچاقنى (بۆرە ئۆلتۈرگەن پىچاقنى) ئاغرىقنىڭ كۆزىنىڭ ئاستىدىن ئۈستىگە قارىتىپ ئۈچ قېتىم ياندۇرمىلاپ قايرىيدۇ. شۇڭا، بۇ «ياندۇرۇش» دەپ ئاتالغان. ⑤ پېرىخونلۇق (داخانلىق، باخشىلىق دەپمۇ ئاتىلىدۇ): پېرىخون ــ ئەپسۇنچىلارنىڭ پىر ـ ئۇستازى دېگەنلىك

بولىدۇ. ئۇ سېھىر - ئەپسۇنكەشلىكنىڭ مۇھىم بىر تۈرى. ئۇنىڭ ئالاھىدىلىكى شۇكى، بىرىنچىدىن، بىر يۈرۈش قائىدە - يوسۇنلىرى، قورال ۋە مەخسۇس كىيىملىرى بولۇپ، ئادەتتە ئىككى - ئۈچ داخان (باخشى) بىرلىكتە ھەرىكەتلىنىدۇ. ئىككىنچىدىن، ئادەتتە نېرۋا خاراكتېرلىك سەۋدا، باش ئاغرىقى، شەقىقە ۋە تۇغۇتتىن قالغان ھەر خىل كېسەللىكلەرگە ئوقۇشنى ئاساس قىلىدۇ. ئۈچىنچىدىن، جىن-شاياتۇنلارنى غەيرىي مۇسۇلمانلار جىنى ۋە مۇسۇلمان جىنى دەپ ئىككى خىلغا ئايرىيدۇ. ئۇلارنىڭ ئوقۇپ داۋالاش ئۇسۇلى مۇنداق: باخشىلار ئاجايىپ - غارايىپ جەندە - كۇلالىرىنى كىيىشىپ تەق بولىدۇ، ئاندىن ئۆي قاراڭغۇ قىلىنىپ، ئوتتۇرىسىغا قوزۇق قېقىلىدۇ، ئۇنىڭغا چۇپۇردا ئېشىلگەن ئارغامچا باغلىنىپ، ئارغامچىنىڭ يەنە بىر ئۇچى تۈگۈلۈككە باغلىنىدۇ. مانا بۇ «تۇغ باغلاش» دەپ ئاتىلىدۇ. ئارغامچىنىڭ تۈگۈلۈككە باغلانغان قىسمىغا ئالىيېشىل قىيىقچە لاتىلار چىگىلگەن بولىدۇ. ئارغامچا باغلىنىپ بولغاندىن كېيىن ئاغرىققا مەھكەم تۇتقۇزۇپ ئولتۇرغۇزۇلىدۇ. بۇ چاغدا باخشىلار سۈرلۈك قىياپەتكە كىرىپ ئاغرىقنى چۆرىدەپ ئۆرە تۇرۇش بىلەن چوڭ باخشى ئەپسۇن - ئەرۋىش ئوقۇشقا باشلايدۇ، بۇ چاغدا ئۆينىڭ تۆت بۇلۇڭى ۋە تاملىرىغا نۆكچە يېقىلىدۇ. قالغان باخشىلار ئۇنىڭغا تەڭكەش قىلىپ داپ چېلىشقا باشلايدۇ، ئاندىن ئاغرىق ئۆرە تۇرغۇزۇلۇپ، داپ ساداسى ئىچىدە پىرقىراتقۇزۇلىدۇ. چوڭ باخشى ئارىلاپ قولىدىكى قارا سۆگەت تايىقى ياكى ئېشىلگەن لاتا «قامچا» بىلەن پىرقىراۋاتقان ئاغرىقنى ئۇرۇپ - ئۇرۇپ قويىدۇ، ئۆينىڭ تۆت بۇلۇڭىنىمۇ ئۇرۇپ چىقىدۇ. ئەپسۇن - ئەرۋىش ئوقۇشنىڭ ئەۋجىگە كۆتۈرۈلۈشى ۋە چوڭ باخشىنىڭ ھە دەپ ئۈچۈغلىشىغا ئەگىشىپ ئاغرىقنىڭ پىرقىرىشىمۇ تېزلىشىپ، ئاخىر ھوشسىزلىنىپ يىقىلىپ چۈشىدۇ. بۇنىڭ بىلەن باخشىلارنىڭ ئوقۇشىمۇ توختاپ، «داۋالاش» ئاخىرلىشىدۇ. بۇ خىل «داۋالاش» «پېرە ئوينىتىش» دەپ ئاتىلىدۇ. بۇ يەردە تۇغنىڭ بىر ئۇچىنىڭ تۈگۈلۈككە باغلىنىشى كۆكتە ئايلىنىپ يۈرگەن روھناتلارغا سىغىنىشنى، بىر ئۇچىنىڭ يەرگە باغلىنىشى جىن-شاياتۇنلارنى جەھەننەمگە قوغلاشنى مەقسەت قىلغان. دېمەك، ياخشى

روھلار تۈگۈلۈكتىن كىرىپ يامان روھلارنى جەھەننەمگە قوغلارمىش، بۇنىڭ بىلەن ئاغرىق ساقىيارمىش.

بۇنىڭدىن باشقا، باخشىلار يەنە بەزى سوزۇلما بەل، پۇت ئاغرىقلىرىنىمۇ «كەتمەن بېسىش» ئۇسۇلى بىلەن «داۋا»لايدۇ. باخشىلار ئالدى بىلەن بىر كەتمەننى ئوتتا قىزدۇرىدۇ، كەتمەن قىپقىزىل ھالەتكە كەلگەندە ئىچىدە «ئوقۇغاچ» تاپىنىنى كەتمەنگە بىر سۈرۈۋېتىپ، ئاندىن كېسەلنىڭ ئاغرىغان يېرىگە پۇتىنى سۈرتىدۇ، شۇ تەرىقىدە ئۈچ قېتىم تەكرارلايدۇ، شۇڭا بۇ «كەتمەن بېسىش» دەپ ئاتالغان.

7. **پالچىلىق:** پالچىلىق رەمماللىق، قۇرچىلىق دەپمۇ ئاتىلىدۇ. بۇمۇ شامانىزم ئەقىدىلىرىدىن قالغان سېھىر ـ ئەپسۇنكەشلىكنىڭ بىر تۈرى بولۇپ، ئۇيغۇرلار ئىچىگە قەدىمكى دەۋرلەردىلا كەڭ تارقالغان. 5 ـ ئەسىرگە ئائىت تۇرپاندىن تېپىلغان قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدا يېزىلغان پال چۈكىلىرى ۋە 9 ـ ئەسىرگە ئائىت «ئىرق بىتىگ» (پالنامە) ۋە ھېكايە ـ چۆچەكلەردىكى كىشىنىڭ مۇشكۈلچىلىكىنى ئاسانلاشتۇرغۇچى سۈپىتىدە يارىتىلغان «خىزىر ئەلەيھىسسالام» (قۇرئەنداز دەپمۇ ئاتىلىدۇ) نىڭ ئوبرازى، خان ـ پادىشاھلارنىڭ «ئەقىلدارلىرى» سۈپىتىدە يانلىرىدا قۇرئەندازلاردىن ئايرىلمايدىغانلىقلىرى توغرىسىدىكى بايانلار ئەنە شۇ نۇقتىنى چۈشەندۈرىدۇ. بۇ ئەقىدە ـ ئادەت ئىسلامىيەتكىمۇ ماسلاشتۇرۇپ رىسالىلىك كەسىپ سۈپىتىدە دەۋرىمىزگىچە يېتىپ كەلگەن. پالچىلار دانىيال ئەلەيھىسسالامنى ئۆزلىرىنىڭ پىرى ھېسابلايدۇ. شۇڭا، پال سالغاندا «پاھ! مېنىڭ پالىم ئەمەس، دانىيال ئەلەيھىسسالامنىڭ پالى» دەپ تۇرۇپ پال سالىدۇ. بۇ ھال ئۇلارنىڭ جەمئىيەتتە بازار تېپىشىغا سەۋەب بولغان.

پالچىلىقنىڭمۇ تۈرى بىرقەدەر كۆپ. ئۇيغۇرلار ئىچىدە ئاساسەن رىسالىگە قاراپ پال ئېچىش (سېلىش)، تاش ـ مارجان (قوناق ـ قوممۇلاق) ۋە چوكا بىلەن پال سېلىش كۆپرەك ئۇچرايدۇ. لوپنۇر ئۇيغۇرلىرى ئىچىدە بېلىقنىڭ دولا سۆڭىكىنى ئوتقا سېلىپ پال سېلىش ئادىتى بىرقەدەر ئومۇملاشقان. بۇنىڭدا سۆڭەكتە پەيدا بولغان

قاپارتمىلارنىڭ چوڭ - كىچىكلىكى، قاپارتمىلارنىڭ توپ - شالاڭلىقى، ئارىلىقىنىڭ كەڭ - تارلىقى قاتارلىق ھالەتلەرگە قاراپ مەنە ئېيتىش ئاساس قىلىنغان. پالچىلار ئىچىدە رىسالىگە قاراپ پال ئاچقۇچىلار بىرقەدەر داڭلىق بولۇپ، ئادەتتە ئۇلار يۇرت ئارىلاپ يۈرىدۇ. بەزى ھاجەتمەنلەر يۇرت كېزىپ يۈرۈپ شۇنداق پالچىلارنى ئىزدەپ تېپىپ پال سالدۇرىدۇ. پالچىلارغا ھاجىتى چۈشىدىغانلار تولىراق مال - ۋارانلىرى يىتكەن (ئوغرىلانغان)لەر، يىراقتىكى ۋە سەپەر ئۈستىدىكى يېقىنلىرىنىڭ ھال - ئەھۋالىدىن خەۋەردار بولماقچى بولغانلار، ئۆمۈر - تەلەي سىناپ كۆرگۈچىلەر ۋە چۈش ئۆرۈتمەكچى بولغانلاردىن ئىبارەت.

پالچىلارنىڭ ئالاھىدىلىكى شۇكى، ئالدى بىلەن ھاجەتمەنلەرنىڭ روھىي ھالىتىگە، مۇددىئاسىغا دىققەت قىلىدۇ. چۈنكى، بەزىلەر پال سالدۇرماقچى بولغانلار مۇددىئاسىنى ئېيتىدۇ، پالچى شۇنىڭغا قاراپ رىسالىسىنى ئېچىپ بىردەم قاراپ ئولتۇرۇپ ياكى پال دەستۇرى قېپىنى يەرگە يېيىپ (بەزىلەر يەرگىلا)، ئۈستىگە تاش - مونچاقلىرىنى ياكى پال چوكىسىنى قويۇش بىلەن ئۇياق - بۇ ياققا ئايرىپ، ھەر خىل شەكىللەرنى چىقىرىپ، ئاندىن ھاجەتمەندە مەلۇم بىر ئۈمىد ھاسىل بولغۇدەك قىلىپ، «پالىڭىز مۇنداق چۈشتى، بۇ....... نىڭ بېشارىتى» دەپ سۆزلەيدۇ. مەيلى تاش - مونچاق ياكى پال چوكىسى بولسۇن، ھەممىسىدە تەخمىن سان بولىدۇ. بەزىلەرنىڭ 43 دانە (تال) بولسا، بەزىلەرنىڭ 38، بەزىلەرنىڭ 28 دانە (تال) كېلىدۇ. جەنۇبىي شىنجاڭنىڭ قەشقەر، يەكەن، خوتەن قاتارلىق رايونلىرىدا يەنە بىر خىل پال تۈرى بولۇپ، ئۇنىڭ ئادەتتىكى پال تۈرلىرىدىن بىر پەرقى، چوكا ياكى تاش - مارجانلارنى ئالدى بىلەن تۆت قۇر تىزىپ، كېيىن بۇلۇڭلارغا ئايرىپ، تاق - جۈپلىرىگە قاراپ 16 خىل شەكىل چىقىرىلىدۇ. بۇ 16 خىل شەكىلنىڭ ئۆزىگە خاس نامىغا 16 پەيغەمبەرنىڭ نامى ۋە كۈن، ئاي، يۇلتۇز، ئوت، سۇ، شامال ھەم بىر ھەپتىدىكى يەتتە كۈننىڭ نامى شېپى كەلتۈرۈلۈپ سۆزلىنىدۇ. پال تۈرلىرى ئىچىدە بۇ پال بىرقەدەر مۇرەككەپ، نامىمۇ غەلىتە بولۇپ، «ئۇستىرلاپ پالنامىسى» دەپ ئاتىلىدۇ.

يۇقىرىقىلاردىن باشقا، پالنىڭ قولنىڭ ئالقىنىغا قاراپ ئاچىدىغان بىر تۈرىمۇ بار. پالچى ھاجەتمەننىڭ ئالقىنىنىڭ ئىچىدىكى سىزىقلىرىنىڭ شەكلى، شاخچىلىرى ۋە قوشۇلغان - قوشۇلمىغانلىقى، قايسى نۇقتىدا ۋە قانداق شەكىلدە قوشۇلغانلىقى قاتارلىق ئالاھىدىلىكىگە قاراپ تەبىر ئېيتىدۇ. ئېيتىلىدىغان تەبىر ئاساسەن «تەلەيلىك ئىكەنسىز؛ قولىڭىز ئوچۇقكەن؛ پىششىق ئادەم بولىدىكەنسىز؛ × نىكاھلىق بولىدىكەنسىز؛ × پەرزەنت كۆرىدىكەنسىز» دېگەن دائىرىدىن نېرى چىقمايدۇ، شۇڭا بۇ «ئالقان پال» دەپ ئاتالغان.

**8. چۈشكە تەبىر بېرىش:** چۈشكە تەبىر بېرىش ئەسلىي پالچىلىقنىڭ مۇھىم بىر مەزمۇنى بولۇپ، كېيىنچە تەدرىجىي ئۇدۇملۇق ئادەتكە ئايلىنىپ قالغان. شۇڭا، ياش قۇرامىغا يەتكەنلەرنىڭ ھەممىسى چۈشكە تەبىر بېرىۋېرىدۇ. 9 - ئەسىرگە ئائىت قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدا يېزىلغان «ئىرق بىتىگ»نى مەلۇم مەنىدىن ئېيتقاندا «چۈش تەبىرى» ياكى «چۈش تەبىرنامىسى» دەپ ئاتاشقا بولىدۇ. چۈنكى، ئۇنىڭدا چۈش تەبىرىگە ئائىت نۇرغۇن بايانلار بار. ئۇنىڭدا كىشىنىڭ چۈشىدە كۆرگەن ھەر خىل شەيئىلەر بىر خىل ياخشىلىق - يامانلىقنىڭ سۈرى سۈپىتىدە بايان قىلىنغان بولۇپ، ئۇنىڭ بىر قىسمى چۈشكە تەبىر بېرىشتە خەلق ئىچىدە ھازىرمۇ ئەينەن قوللىنىلىپ كەلمەكتە. مەسىلەن، قارا قۇش كۆرۈپ چۈشىسە ئامەتلىك بولىدۇ؛ (ئاسماندا) ئۇچۇپ چۈشىسە پايدا ئالىدۇ؛ قوي پادىسى كۆرۈپ چۈشىسە باي بولىدۇ؛ بۇغا كۆرۈپ چۈشىسە بالا - قازادىن قۇتۇلىدۇ؛ ئورۇق ئات مىنىپ چۈشىسە كۆڭۈلسىزلىك يۈز بېرىدۇ قاتارلىقلارغا ئوخشاش. ھازىر خەلق ئىچىدە قوللىنىلىۋاتقان تەبىرلەرنىڭ ھەممىسى «ئىرق بىتىگ» دىكى ياخشىلىق- يامانلىقنىڭ سۈرى قىلىپ بايان قىلىنغان شەيئىلەرگە تەقلىد قىلىنغان. مەسىلەن، ئارغامچا (يىپ ياكى لەگمەن) كۆرۈپ چۈشىسە يول چىقىدۇ؛ سۇ ئۈزۈپ چۈشىسە ئامەتلىك، مەرتىۋىلىك بولىدۇ (غەم - غۇسسىدىن خالىي بولىدۇ)؛ ئېشەك مىنىپ چۈشىسە دۆلەتمەن بولىدۇ؛ ئاياللار پىچاق كۆرۈپ چۈشىسە ئوغۇل تۇغىدۇ، ئالتۇن ئۈزۈك كۆرۈپ چۈشىسە قىز تۇغىدۇ؛ ئەرلەر ئالتۇن ئۈزۈك كۆرۈپ چۈشىسە

ئوغۇل پەرزەنت كۆرىدۇ، هارۋىغا ئولتۇرۇپ چۈشىسە جىنازىنىڭ سۈرى، خام گۆش كۆرۈپ چۈشىسە ئاغرىقنىڭ سۈرى، ئايىغىنىڭ چەمى ئاجراپ كېتىپ چۈشىسە نىكاھتىن ئاجرىشىشنىڭ سۈرى، ئۇرۇشۇپ چۈشىسە خۇشاللىقنىڭ سۈرى، شاد - خۇراملىق چۈشىسە كۆڭۈلسىزلىكنىڭ سۈرى، ۋەھاكازالار.

چۈشكە تەبىر بېرىشكە مۇناسىپ هالدا بىر ئەتىگەندە، بىر كەچتە چۈش ئۆرۈشنى ۋە كۆرۈنگەنلا ئادەمگە چۈش ئۆرۈشنى يامان ئالىدىغان ئادەتمۇ شەكىللەنگەن. «دوستۇڭغا ئۆرۈسەڭ چۈش، يامىنى ئوڭ دەر، دۈشمىنىڭگە ئۆرۈسەڭ چۈش، ياخشىنى يامان دەر» دېگەن ماقالمۇ شۇ ئادەت ئاساسىدا مەيدانغا كەلگەن.

يۇقىرىقىدەك خۇراپاتلىق ئادەت - ئەقىدىلەر خەلق ئىچىگە كەڭ تارقالغان بولسىمۇ، خەلق ئۆزاق مۇددەتلىك تۇرمۇش ئەمەلىيىتىدە «پالغا ئىشەنمە، پالسىزمۇ يۈرمە» دېگەن ئاددىي ئىلمىي چۈشەنچىگە كەلگەن[1].

## تۇمارغا ئەقىدە قىلىش

سەن قاياقتىن كېلىسەن،
چىرايلىقىم كۆزى خۇمار.
ساڭا تىلىم تەگمىسۇن،
بوينۇڭغا ئاسقىن تىلتۇمار.

دېگەن بۇ بىر كۇپلېت قوشاق ئۇيغۇر خەلقى ئارىسىدا تۇمارغا بولغان ئېتىقادنىڭ بىر خىل ئەنئەنىۋى ئەقىدىگە ئايلانغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ.

تۇمار پۈتۈش ئەسلىدە شامان ئەقىدىسىدىكى ئەم - ئىرىملىك سېھرىي ئادەتلەرنىڭ بىر خىلى بولۇپ، شامانىزم دەۋرىدە ئۇ مەخسۇس

---

[1] ئابدۇرەھىم ھەبىبۇللا: «ئۇيغۇر ئېتنوگرافىيەسى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1993 - يىلى 4 - ئاي نەشرى، 394 -، 407 - بەتلەر.

«كاھىن» ، «قام» دەپ ئاتىلىدىغان دىن ئادىمى شامان تەرىپىدىن پۈتۈلەتتى. كېيىنچە بۇ ئادەت خەلق ئارىسىدا داۋاملىشىپ، قانداقتۇر كىشىگە روھىي خاتىرجەملىك بەخش ئېتىش خاسىيىتىگە ئىگە بولغان مەنىۋى ئەقىدىگە ئايلىنىپ كەتتى.

ئۇيغۇرلارنىڭ ئەنئەنىۋى ئەقىدىسىدە تۇمار «تىل تېگىش» ، «كۆز تېگىش» تىن ساقلايدۇ، دەپ قارىلىدۇ. شۇڭا، ئۇلار سېرىق ئىتنىڭ تۈكى، قېرى سۆگەتنىڭ پورى، كونا چاپاننىڭ مېزى، ئادراسماننىڭ بەرگى، ئاتا ـ ئانىسىنىڭ كىرپىكى قاتارلىق ئىرىملىك نەرسىلەرنى كىچىككىنە رەخت پارچىسىغا ئوراپ، ئۇنى ئۈچ بۇرجەك قىلىپ تىكىپ، ئۇدۇملۇق كىشىلەر: «كۆزى يامانىنىڭ كۆزىدىن، تىلى يامانىنىڭ سۆزىدىن، ئىچى يامانىنىڭ ئىچىدىن ساقلىغايسەن خۇدايىم!» دەپ دۇئا قىلىپ ھۆرگەندىن كېيىن، بۇ «كۆز تۇمار» نى ئارزۇلۇق پەرزەنتلىرىنىڭ بوينىغا ياكى قولتۇقىغا ئېسىپ قويىدۇ. بۇنداق «كۆز تۇمار» كىرلىشىپ، قاسماق بولۇپ كەتسىمۇ ئالدىراپ ئېلىۋەتمەيدۇ. «كۆز تۇمار» يەنە يۇملاق، تۆت بۇرجەك ۋە ئالتە بۇرجەك شەكىلدىمۇ ياسىلىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا، قارا ياكى ئالا ـ بۇلىماچ يۇملاق مارجانغا يىپ ئۆتكۈزۈپ باللارنىڭ بوينىغا ياكى بۆشۈكىگە ئېسىپ قويىدىغان ئادەتمۇ بار. بۇمۇ تۇمارنىڭ بىر خىلى بولۇپ، «كۆز مونچاق» دەپ ئاتىلىدۇ.

خەلق ئارىسىدا يەنە بولۇق ئۆسكەن ھەر خىل زىرائەت ئېتىزلىرىغا، ئازادە ياسالغان گۈل ـ گۈلىستانلىق ھويلا ـ ئارانلىرىغا، ئۈزۈمى ئوخشىغان تال بېدىشلىرىگە، مەي باغلاپ پىشۋاتقان ئەنجۈر ۋە باشقا مېۋىزارلىقلارغا «كۆز تېگىش» تىن ساقلاش ئۈچۈن، ئىتنىڭ بېشى، ئېشەكنىڭ كاللىسى، قاغىنىڭ ئۆلۈكى قاتارلىقلارنى ياكى كۆرۈمسىز «جىن قورچاق» لارنى ئېسىپ قويىدۇ. بۇمۇ بىر خىل تۇمار بولۇپ، ئۇنىڭدىمۇ گۈزەللىكنىڭ يارقىنلىقىنى خىرەلەشتۈرگۈچى «كۆز تۇمار» لىق خاسىيەت بار، دەپ قارايدۇ.

تۇمار مەيلى قايسى خىل شەكىلدە بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، خەلقنىڭ نەزىرىدىكى ئارزۇلۇق ۋە قەدىرلىك نەرسىلەرنى «يامان كۆز» ، «يامان تىل» لاردىن ساقلاپ قېلىش مەزمۇنى سىڭدۈرۈلگەن.

**«چىراغ» ئادىتى**

ئۇيغۇرلارنىڭ ئىجتىمائىي تۇرمۇشىدا قەدىمكى دىنلارنىڭ قالدۇق تەسىرلىرىنىڭ ئىنتايىن كۆپ ئىكەنلىكىنى بىلىمىز. لېكىن، بۇ دىنلارنىڭ قالدۇق تەسىرلىرى ئىجتىمائىي تۇرمۇشتا ماددىي شەكىلدە ساقلانغان ئەمەس ۋە ياكى ساقلانغان بىر قىسىملىرىنىڭ ئالاھىدىلىكى ئانچە روشەن ئەمەس. ھالبۇكى، ئۇيغۇرلاردا ھازىر ساقلىنىۋاتقان «چىراغ» ئادەتلىرى بولسا ئۆزىنىڭ ئالاھىدە سەۋەبلىرى، تەسىرچانلىقى ۋە شەكىللىرى بىلەن كىشىلەرنىڭ تۇرمۇشىغا چوڭقۇر سىڭگەن ھەمدە ئۆزلىرىنىڭ تەسىرىنى ساقلاپ كەلگەن.

كونا تاش قورال دەۋرىدىلا (مىلادىيەدىن 30 — 70 مىڭ يىللار ئىلگىرى) ئىنسانلار ئەڭ دەسلەپكى ئىپتىدائىي چىراغنى كەشىپ قىلغان. ئەينى ۋاقىتتا تاش، قۇلۇلە قېپى ۋە باشقا مۇۋاپىق جىسىملارنىڭ ئوتتۇرىسىغا مۇخ ۋە ھايۋانلارنىڭ مېيىنى قويۇپ ياندۇرۇش ئارقىلىق يورۇقلۇق چىقارغان.

يىراق قەدىمكى زامانلاردىن تارتىپلا شىنجاڭنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدا تىرىكچىلىك قىلغان قەدىمكى ئاھالىلەر ئۆزلىرىنىڭ ھەر خىل ئىجتىمائىي پائالىيەتلىرىدىكى يورۇقلۇققا بولغان ئېھتىياجىنى قاندۇرۇش ئۈچۈن ناھايىتى بۇرۇنلا پىلىكلىك ماي چىراغنى ئىشلىتىشكە باشلىغان. ھازىرغا قەدەر ئېلىپ بېرىلغان ئارخېئولوگىيەلىك تەكشۈرۈش ۋە قېزىشلاردا تېپىلغان ئەمەلىي بۇيۇملار بۇ نۇقتىنى ئىسپاتلاپ بېرىدۇ. ئىگىلىگەن ماتېرىياللاردىن بىلىشىمىزچە، چىراغلار ئاساسەن تاش، ساپال، مىس، تۆمۈر، لاي، ياغاچ ۋە قاشتاش قاتارلىق ماتېرىياللاردا ياسالغان، شەكىللىرىمۇ ھەر خىل. ئۇلار دەسلەپكى مەزگىلدىكى ئىپتىدائىي شەكىلدىكى چىراغلارنى ۋە كېيىنكى مەزگىللەردىكى ياسىلىشى بىرقەدەر نەپىس بولغان چىراغلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ھازىرغا قەدەر شىنجاڭ تەۋەسىدىن نۇرغۇن قەدىمكى زامان چىراغلىرى تېپىلدى[①].

---

[①] مىراجىگۈل ۋاھاپ: «چىراغ ھەققىدە»، «شىنجاڭ مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى»، 2004 ـ يىللىق 1 ـ سان، 116 ـ، 118 ـ بەتلەر.

هازىر مەكىت رايونىدىكى ئۇيغۇرلار ئارىسىدا «چىراغ» دەپ ئاتىلىدىغان بىر خىل ئەنئەنىۋى ئادەت بولۇپ، بۇ ئادەت مەكىت ناھىيەسىدىكى ئۇيغۇرلار مەركەزلىك ئولتۇراقلاشقان جايلارغا يەنى يانتاق، غازكۆل، قۇمقىسار ۋە تۇمەنتال، قۇرما يېزىسىدىكى كىشىلەر ئارىسىدا كۆپرەك ساقلانغان. بۇ خىل ئادەت بويىچە بولغاندا، چىرىغى بارلار يەنى بىر خىل چىراغدىكىلەر يەنە بىر خىل چىراغدىكىلەرگە ئاق بەرمەيدۇ (پاختا، ئۇن، تۇز، سۈت - قېتىق قاتارلىق). قەشقەر، يەكەن قاتارلىق سىرتقى جايلاردىن مەكىتكە كېلىپ ئولتۇراقلىشىپ قالغان كىشىلەر دولانلارنىڭ چىراغ ئادىتىگە قارىتا مۇنداق دەيدۇ: «دولان خەلقى ئوخشمايدىغان تائىپىكەن. ئۆيدە ئۇن، تۇز تۈگەپ كېتىپ دولانلىقلارنىڭ ئۆيىگە سوراپ چىقساق ئۇلار بەرمەيدىكەن. ئەگەر قېتىق سوراپ كىرسە ئىچىگە كۆمۈر سېلىۋېتىپ بېرىدىكەن. چىرىغى ئۆتۈلۈپ قالىدۇ دەيدىكەن. بۇ دېگىنى دولانلىقلار كۆزى ئۆتۈلۈپ قالىدۇ ياكى ئاغرىپ قالىمىز دەپ قارايدىكەن. دولانلىقلار ئۆزئارا ئېلىشىپ تېگىشىدىكەن، لېكىن باشقىلارغا قىز بەرمەيدىكەن. تۇز بەرسە ئۆزىگىزنىڭكىنى ئاۋۋال ئىشلىتىپ تۈگىگەندە ئاندىن مېنىڭكىنى ئىشلىتىڭ، ئارىلاشتۇرۇۋەتمەڭ، بولمىسا چىراغ ئۆتۈلۈۋالىدۇ دەيدىغان گەپلىرى بار ئىكەن.») («شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيەسىنىڭ «مەكىت ناھىيەسىنىڭ مەدەنىيەت بايلىقلىرىنى ئېچىش توغرىسىدا تەتقىقات» تېما گۇرۇپپىسىنىڭ 2004 - يىلى دېكابىردا مەكىت ناھىيەسىدە ئېلىپ بارغان تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىش ماتېرىياللىرى توپلىمىدىن ئېلىندى). بۇ ئاق كۆڭۈل، مېھماندوست ئۇيغۇر خەلقىنىڭ بېخىللىقىدىن ئەمەس، بەلكى چىراغ ئارىلىشىپ كەتسە بالا - قازا كېلىدۇ دەپ قارىغانلىقىدىن بولۇپ، ئۇنداق چىراغلاردىن قالپاق چىراغ، ئاقساق چىراغ، ئىشتان سالدى چىراغ، چولاق چىراغ دېگەنگە ئوخشاش 4 ـ 5 خىل چىراغ بار. بۇ چىراغلارنىڭ ھەرقايسىسىنىڭ ئۆزلىرىگە خاس ئىشلىتىلىش ئادىتى ۋە قائىدىسى بولۇپ، ئۇلار چىراغلار ئارىلاشسا يەڭگىل، بولسا كۆزگە ئاق چۈشىدۇ، ئېغىر بولسا ئۆلۈم - يېتىم بولۇپ، ئۇرۇق - جەمەت قۇرۇپ تۈگەيدۇ، دەپ قارايدۇ. كۆزگە ئاق چۈشسە

«چاچراتقۇ سېلىش» (چىراغ ئارىلاشقان ئۆيلەردىن ئۇن تىلەپ چىقىپ خېمىر يۇغۇرۇلىدۇ ۋە ئوچاقتىكى قوقاس ئوتقا كۆمۈلىدۇ. موللام ياكى داخان ئوچاق ئالدىدا ئولتۇرۇپ ئۇنىڭغا ئوقۇپ هۇرۇيدۇ. خېمىرغا قىزىق ئۆتۈپ بىر مەزگىلدىن كېيىن «پاق» قىلىپ ئېتىلىپ چېچىلىپ كېتىدۇ. داخان بۇنى ئايەتنىڭ كۈچىدىن بولدى دەيدۇ) ئارقىلىق داۋالايدۇ. چىراغ ئادىتى ئۇيغۇرلارنىڭ يىراق قەدىمكى زاماندىن قالغان، ئۆرپ-ئادەتكە ئايلىنىپ كەتكەن ئېتىقاد - ئادەتلىرىنىڭ بىر خىلى بولۇپ، ئۇنىڭ كېلىش مەنبەسىنى ئۇيغۇرلارنىڭ شامان دىنى ئېتىقادىغا باغلاشقا بولىدۇ[1].

ئۇيغۇرلارنىڭ تارقالغان جايلىرى كەڭرى، تارىختا ئۇلار جايلاشقان ئورۇنلارنىڭ تەبىئىي شارائىتى بىرقەدەر ناچار، قاتنىشى قولايسىز، بولۇپمۇ يەكەن دەرياسىدىن باشلىنىپ تارىم دەرياسىغا قۇيۇلغان ھەم ئاخىرى لوپنۇر كۆلىگە تۇتاشقان دەريا ئېقىنىنىڭ، تەكلىماكان قۇملۇقىنىڭ چەكلىمىسى تۈپەيلىدىن دەريانىڭ ئىككى قىرغىقىدىكى خەلقنىڭ ئۆزئارا بېرىپ - كېلىشى زور چەكلىمىگە ئۇچرىغان بولغاچقا، ئۇلارنىڭ تۇرمۇش ئادەتلىرىدە بەزى پەرقلەر پەيدا بولغان ۋە ساقلانغان. مۇشۇ قاتاردا ئۇيغۇرلارنىڭ چىراغ ئادەتلىرىدىمۇ قىسمەن پەرقلەر مەۋجۇت بولۇپ، مەكىت، مارالبېشى، ئاۋات رايونلىرىدىكى ئۇيغۇرلارنىڭ چىراغ ئادەتلىرىدە چىراغلارنىڭ نامى، چىراغ ئۆتكۈزۈش تەرتىپ - جەريانلىرىدا ئوخشاشماسلىق كېلىپ چىققان. شۇڭا، «چىراغ» دېگەنىدىمۇ بىرقانچە خىل بولىدۇ. بۇلار «ئاق چىراغ»، «قالپاق چىراغ»، «ئاقساق چىراغ»، «چولاق چىراغ»، «ئىشتان سالدى چىراغ»، «چەلپەك چىراغ» قاتارلىقلاردىن ئىبارەت بولۇپ، قەدىمدىن تارتىپ چىراغنى ئاساس قىلىپ، بىر چىراغدىكىلەر بىر جايغا توپلىشىپ رايون ياكى مەھەللە بولۇپ ئولتۇراقلىشىپ كەلگەن. بىر چىراغدىكىلەر ئەۋلادتىن-ئەۋلادقا ئۆز چىرىغىنى داۋاملاشتۇرغان بولغاچقا، ھەرقايسى چىراغنىڭ

---

[1] ئادىل مۇھەممەت تۇران: «مەكىت تارىخىدىن تېزىسلار»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 2001 - يىلى 10 - ئاي نەشرى، 132 -، 133 - بەتلەر.

ئۆزىگە خاس ئالاھىدىلىكلىرى ئۆز ئالدىغا ئايرىم ۋارىيانت بولۇپ، رەسمىيەت ـ ئىنتىزاملىرى شەكىللەنگەن.

چىراغنى يىلدا بىر قېتىم، بەزى رايونلاردا ئىلگىرى ـ كېيىن ئۆتكۈزىدۇ. ئاۋاتلىقلار «ئاق چىراغ» ئۆتكۈزىدۇ. چىراغ ئۆتكۈزگەندە نەچچە يىلدا بىر ئۆتكۈزگەن بولسا، بىر ئادەمگە ھەربىر يىلغا ئاتاپ بىر ئوچۇمدىن ئۇن سېلىپ، سۈت قۇيۇپ ئۇماچ قىلىدۇ ياكى زاغ ئېتىپ بىر چۆمۈچتىن سۈت قۇيىدۇ. ئىشىك تۈۋىگە قوي يېغىدا بۆي سالىدۇ (بەزى جايلاردا بۆي سالمايدۇ). نەزىر ئېشىنى يەپ بولۇپ دۇئا قىلىدۇ ۋە ئىپتىدائىي بوۋىلىرىنىڭ (جەمگى بوۋا، چولپان ئانىغا) روھىغا ئاتاپ ئۇلاردىن مەدەت تىلەيدۇ، باشقا چىراغلارمۇ بۇنىڭدىن ئانچە يىراقلاشمايدۇ.

چەلپەك چىراغ، ئىشتان سالدى چىراغنى ئاياللار ئۆتكۈزىدۇ. قازانغا ياغ قۇيماي، نېپىزناننى چاپلاپ قۇرۇق ئۇن بىلەن پىشۇرۇپ، پىشقان ناننى ئۇ تەرەپ ـ بۇ تەرەپكە ئۆرۈپ ئولتۇرۇپ دۇئا قىلىدۇ، ئاندىن كېيىن ناننى يەپ بولۇپ، «چولپان ئانا»(ئىپتىدائىي ئەجدادى) غا بېغىشلاپ دۇئا قىلىپ مەدەت تىلەيدۇ، ئاندىن كېيىن ئاياللار ئىشتانلىرىنى سېلىپ ئۆينىڭ بىر بۇرجىكىدە قويۇپ، ئۆينى قاراڭغۇ قىلىپ ئۆز ئىشتانلىرىنى تاپىدۇ، ئۆز ئىشتىنىنى تاپالىسا چىرىغى ئىزىغا چۈشكەن بولىدۇ، نەزىر قوبۇل بولىدۇ؛ تاپالمىسا چىراغ ئىزىغا چۈشمىگەن بولۇپ، تاكى ئۆز ئىشتانلىرىنى تاپقانغا قەدەر نەزىرنى قايتا ئۆتكۈزىدۇ. بىر چىراغدىكىلەر يەنە بىر چىراغدىكىلەر بىلەن قۇدىلاشمايدۇ. چۈنكى، بىر ئائىلىدە ئىككى چىراغدىكى كىشىلەرنىڭ تۇرۇشىغا مۇمكىن بولمايدۇ، يەنى كېلىن بولۇپ كىرگۈچى ھەر خىل بالا ـ قازاغا مۇپتىلا بولۇپ قالىدۇ دەپ قورقىدۇ. بىر چىراغدىكىلەر يەنە بىر چىراغدىكىلەرگە «ئاق» (سۈت، قېتىق، پاختا) بەرمەيدۇ؛ تۇز بەرمەيدۇ. تۇزنى تۇزغا، سۈتنى سۈتكە ئارىلاشتۇرمايدۇ. ئاخشىمى ئۇ ئۆيدىن بۇ ئۆيگە سۈت، قېتىق كۆتۈرمەيدۇ ۋە سۈت، قېتىقنى، تۇزنى يەرگە تۆكمەيدۇ. بىر چىراغدىكىلەر يەنە بىر چىراغدىكىلەرنىڭ ئوچىقىنى (ئوچاق بېشىنى) ئاتلىمايدۇ، كۆلگە سىيمەيدۇ، تۈكۈرمەيدۇ.

«چىراغ» ئۆتكۈزۈش ئادىتى ئازادلىقتىن كېيىن تەدرىجىي ئەمەلدىن قېلىپ، ئاساسەن تۈگەپ قالغان بولسىمۇ، يەنىلا چەت - ياقىلاردا كىچىك دائىرىدە ئاددىي رەسمىيەتلەر بىلەن ئۆتكۈزىدۇ. ئەمما، «چىراغ ئارىلىشىپ قالسا بالا - قازاغا مۇپتىلا بولىدۇ» دېگەن تەسىرات ھەممە ئادەمنىڭ مېڭىسىگە سىڭىپ كەتكەنلىكى ئۈچۈن، تۇز ئارىلاشتۇرماسلىق، ئاق ئارىلاشتۇرماسلىق، تۆكمەسلىك، كىشىنىڭ ئوچىقىغا تۈكۈرمەسلىك، ئوچاق بېشىنى ئاتلىماسلىق قاتارلىق چىراغ ئادەتلىرىگە ھازىرمۇ قاتتىق رىئايە قىلىدۇ. «چىراغ» ئۆتكۈزۈش قانداق نام ياكى قانداق شەكىلدە ئۆتكۈزۈلمىسۇن، ئۇنىڭدا ئەتكەن تاماقنى جامائەتكە بەرگەنلىكى ئۈچۈن «نەزىر» ھېسابلىنىدۇ. شۇڭا، «چىراغ» ئۆتكۈزۈشمۇ نەزىر ئۆتكۈزۈشنىڭ ئۆزگىچە بىر خىل شەكلى بولغانلىقى ئۈچۈن، چىراغ بىلەن نەزىرنى تەڭداش ھېسابلاپ «نەزىر - چىراغ» دەپ ئاتايدۇ[1].

[1] مۇھەممەت ئوسمان ئەمرى: «ئاۋات دولان مەدەنىيىتىدىكى تارىخىي نامايانلىدىلەر»، «ئاۋات تارىخ ماتېرىياللىرى»، 4 - قىسىم، 2004 - يىلى 4 - ئاي، 33 - ، 36 - بەتلەر.

# تۆتىنچى باب

# ئۇيغۇرلارنىڭ ئېتىقاد ئادەتلىرىدىكى مۇقەددەسلىك

## 1. سان مۇقەددەسلىكى

**خاسىيەتلىك سان «توققۇز»**

«توققۇز» نى ئۇلۇغلاش قەدىمكى ئاتا - بوۋىلىرىمىز تۇرمۇشىدا خېلى بۇرۇنلا شەكىللەنگەن بولۇپ، ئەجدادلىرىمىزنىڭ بۇ ساننى ئۇلۇغلىشى ھەققىدە تارىخىي ماتېرىياللاردا «خاسىيەتلىك ‹9› سان چۈشەنچىسى تۈركىي خەلقلەرگىلا خاس بولغان بىر خىل مىللىي ئەنئەنە قارىشىدۇر» دەپ ئېنىق خاتىرىلەنگەن.

كۆپلىگەن مەلۇماتلارنىڭ گۇۋاھلىق بېرىشىچە، «توققۇز» نىڭ خاسىيەتلىك سان بولۇپ قېلىشى قەدىمكى ئۇيغۇرلارنىڭ شامانىزملىق ئېتىقادى بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولۇپ، قەدىمكى ئۇيغۇر شامانىستلىرىنىڭ ئېپتىدائىي تەسەۋۋۇرىدىكى كۆك تەڭرى ئېتىقادىدىن «يەتتە يۇلتۇز ئىلاھى» چۈشەنچىسى كېلىپ چىققان ۋە بۇ يەتتە يۇلتۇز (يەتتە سەييارە) ئايرىم - ئايرىم ناملار بىلەن ئاتىلىپ، يەتتە ئىلاھ سۈپىتىدە ئۇلۇغلانغان ھەمدە يەتتە «ئىلاھ» نىڭ ھەر بىرى بىر ھاياتلىق ئالىمى ھېسابلىنىپ، ئۇنىڭغا يەنە پانىي ئالەم (تۇپراق) ۋە يەر ئاستى ئالەم (روھىناتلار ماكانى) قوشۇلۇپ، پۈتۈن ئالەم توققۇز ھاياتلىق مەنبەسىدىن قۇرۇلغان دېگەن ئېپتىدائىي چۈشەنچە بارلىققا كەلگەن. شۇنداق قىلىپ قەدىمكى ئۇيغۇرلارنىڭ تۈپ ئالەم قارىشى «توققۇز» غا مۇجەسسەملەشكەن. شۇ سەۋەبتىن، بۇ سان ئۇلۇغلۇقى مەڭگۈتاش

تېكىستلىرىدىمۇ ئۆز ئىپادىسىنى تاپقان. مەڭگۈتاش پۈتۈكلىرىدە تىلغا ئېلىنغان «توققۇز» كۆپىنچە ھالدا قەبىلە نامى سۈپىتىدە كەلگەن. چۈنكى، ئۇيغۇر قەبىلە ئىتتىپاقى تەركىبىدە قەبىلىلەرنىڭ «ئىچكى توققۇز قەبىلە»، «تاشقى توققۇز قەبىلە» دەپ ئاتىلىشى، ھاكىمىيەت تۈزۈلمىسىدە «توققۇز»لۇق تۈزۈمنىڭ يولغا قويۇلۇشى ئەنە شۇ «توققۇز»نى مۇقەددەس بىلىشتىن ئىبارەت ئەقىدىدىن كەلگەن[1]. شۇ سەۋەبتىن، مەڭگۈتاش پۈتۈكلىرىدىكى قەبىلە نامى سۈپىتىدە تىلغا ئېلىنغان «توققۇز»نى ئەجدادلىرىمىزنىڭ ئەينى دەۋردىكى ساننى ئۇلۇغلاش قارىشىدىن ئايرىپ قارىغىلى بولمايدۇ. ئۇيغۇرلاردا «توققۇز» مۇقەددەسلىكى ناھايىتى چوڭقۇر ئادەت كۈچىگە ئايلانغان بولۇپ، ئۇلارنىڭ ھايات ۋە تۇرمۇش كۆزقاراشلىرىدىكى نۇرغۇن نەرسىلەر مۇشۇ سان بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولغان. ئەڭ گەۋدىلىك مىساللاردىن بىرى شۇكى، ئۇيغۇرلار ئۆزى چوڭ كۆرگەن نەرسىلەرنى ياكى ئۆزى ھۆرمەت قىلغان كىشىلەرگە سوۋغات قىلغان نەرسىلەرنى مانا شۇ «توققۇز» سانى بىلەن بىر پۈتۈنلۈككە ئىگە قىلىدۇ. مەسىلەن، توي - تۆكۈنلەردە تويلۇق سوۋغاتلىرى «بىر توققۇز نان» بىلەن ئوتتۇرىغا قويۇلىدۇ.

## خاسىيەتلىك سان «توققۇز» ۋە ئۇيغۇر مەدەنىيىتى

ئىنسانلار تارىخىدا «ئۈچ توققۇز» قاتار كەلگەن يىللار تالاي قېتىم بولغان.

«خاسىيەتلىك توققۇز» نىڭ تارىخى ئۇزاق بولۇش بىلەن بىرگە قوللىنىلىشىمۇ ئىنچىكە بولغان. ئۇ نوقۇل سان ئۇقۇمىنىلا ئىپادىلەپ قالماستىن، بەلكى ئىجتىمائىي ئېتىنىكلىق چۈشەنچە، فولكلورلۇق قىممەت ياراتقان.

«توققۇز» ــ تولۇق، مۇكەممەل، پۈتۈن، ئۇيۇل تاشتەك، ئىتتىپاق - ئىناق قاتارلىق ئۇقۇملارنى ئىپادىلىگەن. ئۇيغۇرلارنىڭ ئەجدادلىرى

[1] ليۇ زىشاۋ: «ئۇيغۇر تارىخى»، 1 - قىسىم، مىللەتلەر نەشرىياتى 1987 - يىلى 10 - ئاي ئۇيغۇرچە نەشرى، 40 - ، 41 - بەتلەر.

ھەرقايسى تارىخىي دەۋرلەردىكى ئۇيغۇرلارنىڭ قەبىلىلەر ئىتتىپاقى، بۇ ئىتتىپاققا قاتناشقان قەبىلىلەرنىڭ بەزىلىرى، كېيىنكى زامانلاردىكى بىرلىككە كەلگەن ئۇيغۇر مىللىتىنى شەكىللەندۈرۈشكە ھەر خىل نىسبەتتە قاتناشقان قانداش ۋە غەيرىي قانداش قەبىلە ـ قوۋملار ۋە ئۇيغۇر خانلىقى تەۋەسىدە بولغان قوۋملار «توققۇز» سانى بىلەن ئېنىقلىنىپ ئاتىلىشنى بىر خىل ئەنئەنىۋى ئاتاش ئادىتى قىلغان.

مەلۇمكى، ئىپتىدائىي ئىنسانلاردا مۇرەككەپ سانلار ئۇقۇمى بولمىغان. دۇنيادىكى ھەرقايسى خەلقلەرنىڭ قەدىمكى زامان تۇرمۇشىدا 10 ئىچىدىكى سان ئاساس قىلىنغان، يەنى ئىپتىدائىي ئادەملەرنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك ئەڭ دەسلەپ بارمىقى بىلەن ساناق سانايتتى، يەنى ئىنسانلار ئىككى قولىنى بىرلەشتۈرسە ئون بولىدىغانلىقىنى، ئوندىن تۆۋەن سانلارنىڭ ھەممىسى ئوندىن كېيىن كەلگەندە تەكرارلىنىدىغانلىقىنى، ئوندىن تۆۋەن سانلارنىڭ ئىچىدە توققۇز سانى ئەڭ چوڭ سان ئىكەنلىكىنى بايقىدى. بۇ خىل بايقاش جەريانىدا يەنە ھەرقايسى خەلقلەردە 1، 3، 7، 9 دىن ئىبارەت تاق سانلارنى سىرلىق سان دەپ قارايدىغان قاراشلارمۇ شەكىللىنىپ بولغان. بۇ خىل تاق سانلارنىڭ سىرلىقلاشتۇرۇلۇشىدا بۆلۈنمەس سان ئىكەنلىكى ئالدىنقى ئورۇنغا قويۇلغان، يەنى بۇ سانلار تەڭ نىسبەتتە پۈتۈن بۆلۈنمەيدۇ. دېمەك، «توققۇز» تەكرارلانماس سانلارنىڭ ئەڭ چوڭى بولغانلىقى، يەنە بىرى تەڭ نىسبەتتە بۆلۈنمەس سانلارنىڭ ئەڭ چوڭى بولغانلىقى ئۈچۈن، ئىپتىدائىي ئىنسانلارنىڭ نەزىرىدە خاسىيەتلىك ساندىن ئىبارەت مەدەنىيەت ئاملىغا چوڭ، ئۇلۇغ، كەڭ، مۇكەممەل، پۈتۈن، مۇقەددەس، ئۆتۈق دېگەنگە ئوخشاش مەزمۇنلار، كېيىنچە شانۇشەۋكەت، ئىنئام، ئۆلچەم ۋە مىزان دېگەنگە ئوخشاش مەزمۇنلارمۇ مۇجەسسەم قىلىنغان. ئىپتىدائىي جەمئىيەتتىلا بارلىققا كەلگەن «خاسىيەتلىك سان توققۇز» دىكى چوڭ ۋە پۈتۈن ئۇقۇمى ھەرقايسى دەۋرلەرنى بېسىپ ئۆتۈپ، بارغانسېرى مەزمۇن جەھەتتىن تاكامۇللاشقان. ھەرقايسى مىللەت خەلقىنىڭ ئىككى قولى، ئون بارمىقى بولغانلىقى ئەقەللىي ساۋات. ئۇلار ئىپتىدائىي جەمئىيەت ۋە قەدىمكى زاماندا مۇشۇ ئىككى قولى ئارقىلىق

ئون سان ئىچىدىكى ئىپتىدائىي ماتېماتىكىلىق چۈشەنچىگە ئېرىشكەن ھەم ئۇنىڭ ئىچىدىن سانلارنىڭ ئەمەلىي رولى ۋە سېمانتىكىلىق ئەھمىيەتكە ئىگە رەقەملەرنى ئايرىپ چىقىپ، ئۆزلىرىنىڭ ئىجتىمائىي ۋە ئىستېتىك چۈشەنچىلىرىنى مەركەزلىك يوسۇندا ئىپادىلەش ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرغان. مەدەنىيەت دەۋرىگە كەلگەن چاغدا ھەرقايسى خەلقلەردە ئىجتىمائىي، مەدەنىي ئالاقىلەرنىڭ كۆپىيىشىگە ئەگىشىپ خاسىيەتلىك سانلاردىكى ئىلغار تەركىبلەر ئۆزئارا ئۆتۈشۈپ، بىر - بىرىنىڭ كەم يېرىنى تولۇقلاپ، سىستېمىلاشقان ھەم رايون خاراكتېرىگە ۋە مىللىي خاراكتېرگە ئىگە خاسىيەتلىك سان چۈشەنچىسى بارلىققا كەلگەن.

ئۇيغۇرلار ئارىسىدىكى خاسىيەتلىك سان «توققۇز» ئۇزاق تارىخىي، ئىجتىمائىي ئاساس ۋە چوڭقۇر مەدەنىيەت ئاملىغا ئىگە. تارىختىن بېرى ئۇ خەلقنىڭ ئەمەلىي تۇرمۇشىدىكى ھېسابات ئېھتىياجىدىن ئۇنۇملۇك چىققاندىن باشقا، خاسىيەتلىك ۋە قۇتلۇق بىر سان بولۇش سۈپىتى بىلەن مىللىي مەدەنىيەتنى خاسلىققا ئىگە قىلىشتا، خەلق روھىيىتىنى جانلاندۇرۇشتا، ئەنئەنىۋى ئۆرپ - ئادەتلەرنى نامايان قىلىشتا ئۆزىگە خاس رول ئوينىغان[1].

ماتېماتىكىلىق ھېسابلاش كاتېگورىيەسىگە تەئەللۇق سانلارنىڭ ئەسلىي ماتېماتىكىلىق مەنىسى ئۆزگىرىپ، مەنىۋى تۈس ئېلىشى بىرقەدەر ئومۇملاشقان ئەنئەنىۋى مىللىي مەدەنىيەت ھادىسىسى ھېسابلىنىدۇ. بەزى سانلار سىرلىق تۈس ئېلىپ «خاسىيەتلىك سان» غا ئايلىنىپ قېلىشىنىڭ سەۋەبلىرى ناھايىتى مۇرەككەپ؛ ئەينى ۋاقىتتا بۇ سانلار ئىنسان تەپەككۇرىدىكى مەۋھۇم ھادىسىلەرنىڭ كونكرېت بەلگىسى بولۇش رولىنى ئوينىغانىدى. مانا شۇ ئاساستا بۇنداق سانلار بارغانسېرى قېلىپلىشىپ، ئەقىدە - ئېتىقادتا، تۇرمۇش ئادەتلىرىدە، ئاغزاكى ئەدەبىيات ئىجادىيەتلىرىدە ئۆز ئەكسىنى تاپتى. ئۇيغۇرلارنىڭ ئەنئەنىۋى قاراشلىرىدا تاق سانلار، بولۇپمۇ ھەممىدىن كۆپ ئۇچرايدىغان

---

[1] غەيرەتجان ئوسمان: «خاسىيەتلىك سان ‹توققۇز› ۋە ئۇيغۇر مەدەنىيىتى»، «مىراس»، 1999 - يىللىق 6 - سان، 57 - ، 67 - بەتلەر.

7، 9، 40 قاتارلىق سانلار ئۇزاق زامانلار مابەينىدە شۇ خەلقنىڭ ئېڭى ۋە ئەقىدىسىگە ماس ھالدا خاسىيەتلىك تۈس ئالغان. ئالايلۇق، «تويغان يەرگە توققۇز تەزىم»، «توققۇز قىزنىڭ تولغىقى بىر كۈندە تۇتۇپتۇ»، «مەن قىلارمەن ئوتتۇز، خۇدايىم قىلار توققۇز»، «توققۇزى تەل» قاتارلىق ماقال - تەمسىل ۋە ئىدىيوملار بار. «ئوغۇزنامە» داستانىدا «...... ئوغۇزخاننىڭ ئېتى مۇز تاغ ئىچىگە كىرىپ كەتتى، بۇنىڭ بىلەن ئوغۇزخان ئۇزاقتىچە ئازاب چەكتى، توققۇز كۈندىن كېيىن ئوغۇزخاننىڭ ئايغىرىنى ھازىر قىلدى» («ئوغۇزنامە»، 54 - بەت)؛ «گۆر ئوغلى» داستانىدىكى «گۆر ئوغلى پەرىزات ۋە ئادەمزاتتىن بولۇپ، ئارقا - ئارقىدىن توققۇز خوتۇن ئالدى»، «توققۇز قات شاھ كىيىم كىيدى»، «مىنگەن ئېتى توققۇز كۆكنى كۆزلەيدۇ»، «ئوڭ يېنىدا توققۇز تۈمارى بار»؛ «كۆلتېگىن مەڭگۈتېشى» دىكى «كۆلتېگىن ئىلگىرى - كېيىن توققۇز قېتىم باشقا - باشقا ئاتقا مىنىپ جەڭگە كىردى»، «كۆلتېگىن توققۇز ئەسكەرنى نەيزىلىدى، توققۇز ئەسكەرنى ئايلاندۇرۇپ سالدى»...... دېگەنگە ئوخشاش تارىخى بايانلار؛ «خان تەختكە يېڭى چىققاندا ئۇ مەھرەملىرى بىلەن بىللە كىگىزدە ئولتۇرىدۇ، خان كۈنگە قاراپ ئۇلارنى توققۇز قېتىم ئايلىنىدۇ» («جونام»، 50-جىلد) دېيىلىدۇ. قومۇل ئۇيغۇرلىرىنىڭ ئارىسىدىكى «كۆك مەشرىپى»نىڭ قوشاقلىرىدا «غازنى ئوتتۇز، قوينى توققۇز، ھەممىنى تەڭ راسلىدۇق» دېگەن مىسرا ئۈچ خىل ۋارىيانتىنىڭ ھەممىسىدە ئۇچرايدۇ. «يۈز ئاچقۇ بېيىتى»نىڭ بايانىدا «...... توققۇز قېتىم تەزىمگە بارىدۇ»، «...... توققۇز غېرىچلىق قوي بەرگەندىلا يول ئېچىلىدۇ»، «...... قىزنى ئاق كىگىزگە ئولتۇرغۇزۇپ ئۈچ يەرگە يېقىلغان ئوت ئۈستىدىن توققۇز قېتىم چۆرگۈلىتىدۇ»، «توينىڭ توققۇزىنچى كۈنى يىگىت تەرەپ قىز تەرەپكە سالامغا بارىدۇ» («قومۇل نەزمىلىرى»دىن)، «...... ئوغۇل تەرەپ تويلۇق ئۈچۈن توققۇز كىيىملىك رەخت، توققۇز تۇياق قوي، توققۇز كۈرە بۇغداي، توققۇز شىڭ گۈرۈچ، توققۇز جىڭ ياغ، توققۇز شىرە مېۋە - چېۋە قاتارلىق نەرسىلەرنى قىز تەرەپكە داغدۇغا بىلەن ئاپىرىپ بېرىدۇ» («ئىز»

رومانىدىن) ۋە باشقىلار.

كۆرۈپ تۇرۇپتىمىزكى، ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ئەنئەنىۋى ئۆرپ - ئادەت ۋە مۇراسىملىرىدا كۆپ تىلغا ئېلىنغان «توققۇز» تاسادىپىي ھادىسە بولماستىن، بەلكى ناھايىتى چوڭقۇر تارىخىي ئاساسقا ۋە يىراق ئەنئەنىۋى مەنبەگە ئىگە بولغان بىر خىل مەنىۋى ئادەت ھادىسىسىدىن ئىبارەت. دەرۋەقە، يۇقىرىقى بايانلارنىڭ ھەممىسى «توققۇز»نىڭ ناھايىتى قەدىمكى زامانلاردىن باشلاپ ئۇيغۇرلارنىڭ ئېتىقاد - ئادىتىدە خاسىيەتلىك سان تۈسىنى ئالغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ. مۇشۇ خاسىيەتلىك سان ئېتىقادى تۈپەيلىدىن ئۇيغۇر قەبىلىلەر ئىتتىپاقىغا كىرگەن قەبىلە ناملىرىمۇ «توققۇز ئۇيغۇر» (ئىچكى توققۇز) ۋە «توققۇز ئوغۇز» (تاشقى توققۇز) دەپ ئاتالغان. مەھمۇد كاشغەرىي ئۆزىنىڭ «تۈركىي تىللار دىۋانى» ناملىق ئەسىرىنىڭ III توم، 175 - ، 176 - بەتلىرىدە: «خاننىڭ قول ئاستىدىكى ۋىلايەتلەر ھەرقانچە كۆپىيىپ يۇقىرى كۆتۈرۈلسىمۇ، تۇغلىرى توققۇزدىن ئاشمايدۇ، چۈنكى توققۇز سانى خاسىيەتلىك ھېسابلىنىدۇ» دەپ كۆرسەتكەن. ئۇيغۇرلارنىڭ قەدىمكى دەپنە قىلىش ئادەتلىرىدە نوپۇزلۇق ئەرباپلار ئۆلسە قەبرە توپىسىنىڭ ئۈستىگە توققۇز دانە تاشنى تىزىپ قويىدىغانلىقىمۇ مەلۇم.

كۆپلىگەن مەلۇماتلارنىڭ گۇۋاھلىق بېرىشىچە، «توققۇز»نىڭ خاسىيەتلىك سان بولۇپ قېلىشى قەدىمكى ئۇيغۇرلارنىڭ شامانىزملىق ئېتىقادى بىلەن مۇناسىۋەتلىك. قەدىمكى ئۇيغۇر شامانىستلىرىنىڭ ئىپتىدائىي تەسەۋۋۇرىدىكى كۆك تەڭرى ئېتىقادىدىن «يەتتە يۇلتۇز ئىلاھى» چۈشەنچىسى كېلىپ چىققان ۋە بۇ يەتتە يۇلتۇز (يەتتە سەييارە) ئايرىم - ئايرىم ناملار بىلەن ئاتىلىپ، يەتتە ئىلاھ سۈپىتىدە ئۇلۇغلانغان. بۇ يەتتە «ئىلاھ»نىڭ ھەر بىرى بىر ھاياتلىق ئالىمى ھېسابلىنىپ، ئۇنىڭغا يەنە پانىي ئالەم (تۇپراق) ۋە يەر ئاستى ئالەم (روھىناتلار ماكانى) قوشۇلۇپ، پۈتۈن ئالەم توققۇز ھاياتلىق مەنبەسىدىن قۇرۇلغان دېگەن ئىپتىدائىي چۈشەنچە بارلىققا كەلگەن. شۇنداق قىلىپ قەدىمكى ئۇيغۇرلارنىڭ تۈپ ئالەم قارىشى «توققۇز»غا مۇجەسسەملەشكەن.

دېمەك، ھېسابلاش جەھەتتىن قارىغاندا، «توققۇز» سان چەكسىز ئۇقۇمنى بىلدۈرىدىغان ئەڭ چوڭ ساننىڭ ئاخىرقى چېكى دەپ قارالغان ۋە ئېتنىك جەھەتتىن «كۆپلۈك»، «ئۇلۇغلۇق»، «بۈيۈكلۈك» مەنبەسىگە سىمۋول بولغان. ئۇ «ئۈچ»، «يەتتە»، «قىرىق» قاتارلىق خاسىيەتلىك سانلارنىڭ پەيدا بولۇش خاراكتېرىگە ئوخشىمىغان ھالدا ئېتنىك مەنبە جەھەتتىن بىۋاستە ھالدا قەدىمكى ئۇيغۇرلارنىڭ شامانىزملىق ئېتىقادىغا باغلىنىدۇ. مۇشۇ جەھەتتىن ئۇ ھەم قەدىمىيلىككە، ھەم قويۇق مىللىي خاراكتېرگە ئىگە.

### خاسىيەتلىك سان «يەتتە»

خاسىيەتلىك سان «يەتتە» چۈشەنچىسى «توققۇز» ساننىڭ سىرلىق خاراكتېرىدىن كېلىپ چىققان بولۇپ، «يەتتە» بىلەن باغلىنىشلىق بولغان ئادەتلەر ئۇيغۇرلار ئارىسىدا ناھايىتى كەڭ تارقالغان. بىر قىسىم ماتېرىياللاردا «ئۇيغۇرلار ئارىسىغا ئىسلام دىنى تارقىلىشتىن بۇرۇنقى خاتىرىلەردە ‹يەتتە› نىڭ سىرلىق خاراكتېرگە ئىگە بولغانلىقى ھەققىدە مەلۇماتلار ئۇچرىمايدۇ» دەپ يېزىلغان. ئەمما، مەڭگۈتاش پۈتۈكلىرىدىكى «يەتتە» بىلەن مۇناسىۋەتلىك سۆز - جۈملىلەر يۇقىرىقى قاراشنى ئاغدۇرۇپ تاشلايدۇ.

ھەممىمىزگە مەلۇم بولغىنىدەك، مەڭگۈتاشلار 5 - ، 6 - ئەسىرلەردە ئورنىتىلغان. ئىسلام دىنى بولسا 9 - ، 10 - ئەسىرلەردە ئۇيغۇرلار ئارىسىغا تارقالغان. ئەمما، ئاشۇ مەڭگۈتاش پۈتۈكلىرىدە ئەجدادلىرىمىزنىڭ سان مۇقەددەسلىكى ئېڭىدىكى «يەتتە» گە دائىر كۆپلىگەن بايانلار ئۇچرايدۇ. شۇ نۇقتىدىن چۈشىنىشكە بولىدۇكى، «يەتتە» ئۇلۇغلۇقى ھەرگىزمۇ ئىسلام دىنى بىلەن مۇناسىۋەتلىك ئەمەس، بەلكى ئىسلام دىنى تەسىرىدە تېخىمۇ مۇكەممەللەشكەن. «سىرلىق سان ‹يەتتە› ئالدى بىلەن پارسلارنىڭ زوروئاستېر (ئاتەشپەرەسلىك) دىنى مەدەنىيىتى تەسىرىدە بارلىققا كەلگەن. ئۇنىڭ مانىي دىنى ئارقىلىق ئۇيغۇرلار ئارىسىغا سىڭىپ كىرگەنلىكى ۋە ئىسلام ئەقىدىلىرى بىلەن بىرلىشىپ مۇئەييەن بىر ئادەت تۈسىنى ئالغانلىقى

مەلۇم.»

ئۇيغۇرلارنىڭ سان چۈشەنچىسىدىكى «يەتتە» ئۇلۇغلۇقى ھەرگىزمۇ ئىسلام دىنىنىڭ تارقىلىشى بىلەن شەكىللەنگەن بولماستىن، بەلكى ئۇنىڭدىن ئىلگىرىكى دەۋرلەردە بارلىققا كەلگەن.

ئۇيغۇرلارنىڭ ئەنئەنىۋى قاراشلىرىدا تاق سانلار كۆپرەك خاسىيەتلىك، سىرلىق تۇس ئالغان (3، 7، 9 دېگەنگە ئوخشاش). بۇنداق خاسىيەتلىك سانلار توغرىسىدا «ئوغۇزنامە»، «كۆلتېگىن مەڭگۈتېشى»، «ئالتۇن يارۇق»، «چاستانى ئېلىگ بەگ»...... قاتارلىق كىلاسسىك ئەسەرلەردىمۇ كۆپلىگەن بايانلار ئۇچرايدۇ. بۇلاردىن باشقا، ئۇيغۇر خەلق ماقال - تەمسىللىرى، ئۇيغۇر خەلق قوشاقلىرىدا ۋە بېيىتلىرىدە بۇ خاسىيەتلىك سانلارنىڭ تېگىشلىك ئورۇن ئالغانلىقىنى كۆرىمىز. كۆرۈپ تۇرۇپتىمىزكى، ئۇيغۇرلارنىڭ ئەنئەنىۋى ئۆرپ - ئادەت ۋە مۇراسىملىرىدا كۆپ تىلغا ئېلىنىدىغان بۇ خاسىيەتلىك سانلار تاسادىپىي ھادىسە بولماستىن، بەلكى ناھايىتى چوڭقۇر تارىخىي ئاساسقا، ئاسترونومىيەلىك ۋە مېتېئورولوگىيەلىك باشلانغۇچ بىلىمگە ۋە يىراق ئەنئەنىۋى مەنبەگە ئىگە بولغان بىر خىل ھادىسىدۇر[1].

خاسىيەتلىك سانلارنى پەقەت ئىسلام ئەقىدىلىرىنىڭ تەسىرىدىن قېپقالغان دەپ قارىساق تولىمۇ يۈزەكى يەكۈن چىقىرىپ قويغان بولىمىز. لېكىن، خاسىيەتلىك سان «يەتتە» توغرىسىدا بۇددا دىنى ۋە مانى دىنىغا ئائىت قەدىمكى كىلاسسىك ئەسەرلەردىمۇ نۇرغۇن بايانلار بار.

«يەتتە» گە چوقۇنۇش ئۇيغۇرلار ئارىسىدا بۇددا دىنى، مانى دىنى دەۋرلىرىدىمۇ ئومۇملاشقان. بۇنداق مىساللار «بىلگە خاقان مەڭگۈتېشى» «ئالتۇن يارۇق» «كۆلتېگىن مەڭگۈتېشى» قاتارلىقلاردىمۇ كۆپ ئۇچرايدۇ. ھەم بۇ كىلاسسىك ئەسەرلەردە «يەتتە يىگىرمە» «يەتتە ئوتتۇز» «ئارتۇق يەتتە» دېگەندەك سۆزلەر ناھايىتى كۆپ ئۇچرايدۇ. بۇ قانداقتۇر شۇنداق توغرا كېلىپ قېلىش ئەمەس، بەلكى روشەن

---

[1] مەرھەمنىسا مەتنىياز: «ئۇيغۇرلاردا خاسىيەتلىك سان ‹يەتتە› ۋە ھەپتە ئۇقۇمى توغرىسىدا»، «شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر تەتقىقاتى»، 2003 - يىللىق 1 - سان، 62 - ، 63 - بەتلەر.

ئاسترونومىيەلىك ۋە ئىپتىدائىي كالېندارچىلىق ئاساسىدىكى ساۋات ۋە شۇ ئاساستا كېلىپ چىققان ئادەت تۇسىدىنلا ئىبارەت.

يەتتە يۇلتۇز ۋەكىللىك قىلىدىغان بۇ يەتتە كۈن توختاۋسىز دەۋر قىلىدىغان بىر ۋاقىت بىرلىكى قىلىنغانلىقى ئۈچۈن، بۇ ۋاقىت بىرلىكى ئىچىدىكى كۈنلەرگە بولغان ئېتىقاد ئادەتلىرىمۇ ئوخشاش ئەمەس. ئۇيغۇرلاردا بۇ خىل ئېتىقاد ئادىتى كۆپىنچە شۇ كۈنگە ۋەكىللىك قىلىدىغان يۇلتۇزلارنىڭ ئوبرازلاشتۇرۇلغان خۇسۇسىيەتلىرىگە ئاساسەن بەلگىلەنگەن.

1. ساتۇرىن. ئۇيغۇرلار ساتۇرىننى سەكەنتىر، زۆھەل دەپ ئاتىغان. ئەنئەنىۋى ئېتىقادتا ساتۇرىننىڭ كۆرۈنۈش مەزگىلى تومۇز ئىسسىقنىڭ يېنىپ، هاۋانىڭ سالقىنلاشقا باشلىغان مەۋسۇمى بولغاچقا، ئۇيغۇرلار ئۇنى تۇپراق يۇلتۇزى دەپ ئاتاپ، نىسپىي ياخشىلىق ۋە نىسپىي خۇشاللىققا سىمۋول قىلغان. شۇڭا، ئۇيغۇرلاردا دۈشەنبىنى خەيرلىك كۈن هېسابلاپ ئۇلۇغلايدىغان ئادەت پەيدا بولغان.

2. يۇپىتېر. ئۇيغۇرلار بۇ يۇلتۇزنى ئوڭاي، مۇشتەرى دەپمۇ ئاتىغان ھەم ئۇنى «ئوت يۇلتۇزى» دەپمۇ سۈپەتلىگەن بولۇپ، ياخشىلىق ۋە بەخت - سائادەتكە سىمۋول قىلغان ۋە سەيشەنبىنى مۇشۇ يۇلتۇز بىلەن ئاتىغان. پۈتۈن مەۋجۇدات ئۈچۈن سۇ بىلەن هاۋا قانچە مۇھىم بولسا، تۇپراقمۇ شۇنچە مۇھىم ئورۇندا تۇرىدۇ. شۇڭا، «تۇپراق» (دۈشەنبە) كۈنى باشقا كۈنلەرگە قارىغاندا ئۇلۇغ دەپ قارىلىدۇ. شۇ سەۋەبتىن، ئۇيغۇرلارغا دۈشەنبە كۈنى ئۆلۈپ كەتكەن ئۇرۇق - تۇغقانلىرىنىڭ «تۇپراق بېشى»نى يوقلاش ئۇدۇم بولۇپ قالغان. جەنۇبىي شىنجاڭدا هازىرغىچە دۈشەنبە كۈنى تۇپراق بېشىنى يوقلاش ئادىتى داۋام ئەتمەكتە. بۇ ئادەتنىڭ ئىسلام دىنى تارقىلىشتىن بۇرۇنمۇ مەۋجۇت ئىكەنلىكى تارىخىي مەنبەلەردە قەيت قىلىنىدۇ. ئىسلام دىنى ئۇيغۇرلار ئارىسىغا تارقالغاندىن كېيىن، پەيشەنبە كۈنى تۇپراق بېشىنى يوقلاشمۇ ئادەت بولۇپ سىڭىپ كىرگەن، بۇ باشقا بىر مەسىلە.

3. مارس. ئۇيغۇرلار قەدىمدىن تارتىپ بۇ يۇلتۇزنى كۈرۈد، مەرىخ دەپ ئاتاپ كەلگەن ھەم ئۇنى بالايىئاپەتكە سىمۋول قىلغان ھەمدە

چارشەنبىنى مۇشۇ يۇلتۇز نامى بىلەن ئاتىغان. جەنۇبىي شىنجاڭدىكى ئۇيغۇرلار ئارىسىدا ھازىرغىچە چارشەنبە كۈنى باشلانغان ئىش خەيرلىك بولمايدۇ، چارشەنبە كىرىدىغان كېچىسى يامان چۈش كۆرۈپ قالسا، شۇملۇقتىن، بالا - قازادىن دېرەك بېرىدۇ دەيدىغان ئېتىقاد قارىشى بار.

4. قۇياش. بۇ ياشىق، شەمس دەپمۇ ئاتىلىدۇ. ئۇ پەيشەنبە كۈنىگە ۋەكىللىك قىلدۇرۇلغان بولۇپ، قۇياش پۈتۈن زېمىنغا يورۇقلۇق ۋە ئىسسىقلىق بەرگۈچى، قاراڭغۇ زۇلمەتنى ۋە زېمىستان سوغۇقنى ھەيدىگۈچى (قوغلىغۇچى) بولۇپ، پۈتۈن ئىنسانىيەت قۇياشنى ئۇلۇغلايدۇ، ئۇنىڭغا چوقۇنىدۇ، ئۇيغۇرلارمۇ ئوخشاشلا قۇياشنى بەك ئۇلۇغلايدۇ، قۇياشقا قاراپ تۈكۈرمەيدۇ، قۇياشقا قاراپ چوڭ - كىچىك تەرەت قىلمايدۇ. ئۇيغۇرلارنىڭ نەزىرىدە پەيشەنبە كۈنى باشلانغان ئىش خەيرلىك ئىش، پەيشەنبە كۈنى باشلانغان سەپەر ئاق يوللۇق سەپەر دەپ قارىلىدۇ.

5. ۋېنېرا. بۇنى ئۇيغۇرلار سەۋىت، زۆھرە، چولپان دەپ بىرنەچچە خىل ئاتىغان ۋە ئۇنى جۈمە كۈنىگە ۋەكىللىك قىلدۇرۇپ، خۇشاللىقنىڭ، بەخت - سائادەتنىڭ سىمۋولى قىلغان. غەربلىكلەر بولسۇن، خەنزۇلار بولسۇن ياكى ئۇيغۇرلار بولسۇن، ھەممىسىدە جۈمە كۈنى ۋېنېرا كۈنى دەپ قارىلىدۇ. ئۇيغۇرلار غەربلىكلەر ۋە باشقا مۇسۇلمان ئەللىرىگە ئوخشاش جۈمە كۈنىنى بەكمۇ ئۇلۇغلايدۇ. جۈمە كۈنى جېدەل - ماجىرا، بەتقىلىقلارنى قىلىشتىن، بىر - بىرىنىڭ كۆڭلىگە ئازار بېرىشتىن قاتتىق ئېھتىيات قىلىدۇ.

6. مېركۇرىي. بۇ ئارزۇ، ئاتارۇد دەپمۇ ئاتىلىدۇ. بۇ، شەنبە كۈنىگە ۋەكىللىك قىلدۇرۇلغان، شۇنداقلا ھۆل - يېغىنغا ۋە يازنىڭ ئاياغلىشىش، سوغۇقنىڭ باشلىنىشىغا سىمۋول قىلىنغان. ھەممىمىزگە مەلۇمكى، مەيلى يازدا بولسۇن ياكى قىشتا بولسۇن، ھۆل - يېغىن ئومۇمەن ھاۋا كىلىماتىنىڭ ئەڭ تۆۋەن ۋاقتىدا يۈز بېرىدۇ. ھاۋا ئوچۇق بولۇپ ئاپتاپ چىققان كۈنلەردە يامغۇر ياغمىغىنىدەك، قىشتىمۇ ھاۋا ئوچۇق، قۇياش پارلاپ تۇرغان كۈنلەردە قار ياغمايدۇ. قەدىمىي «يېزىقسىز ۋاقىت كالېندارى»دا ئاتارۇد (مېركۇرىي) يازنىڭ

ئاخىرلىششى، سوغۇقنىڭ باشلىنىش ۋاقتىغا سىمۋول قىلىنغان. شۇڭا، ئۇيغۇرلاردا شەنبە كۈنى هۆل - يېغىن بولۇپ قالسا توختىمايدۇ، دەيدىغان ئېتىقاد قارىشى پەيدا بولغان. شۇڭا، هۆل - يېغىننىڭ ياغىدىغان كۈنگە ئاساسەن، «جۈمە ياغسا شەنبە توختار، شەنبە ياغسا قاچان توختار» دەيدىغان تەمسىل پەيدا بولغان. چۈنكى، باشقا كۈنلەر مېركۇري كۈنى بولمىغاچقا، هۆل - يېغىن بولسا ئۇزاق داۋام قىلالمايدۇ، شەنبە دەل مېركۇري كۈنى بولغاچقا، هۆل - يېغىن بولسا توختىمىقى تەس دەپ قارالغان.

7. ئاي. بۇ يالچىق، قەمەر دەپمۇ ئاتىلىدۇ ۋە يەكشەنبە كۈنگە ۋەكىللىك قىلدۇرۇلىدۇ. ئاي ئۇيغۇرلارنىڭ نەزىرىدە گۈزەل چىرايىنىڭ، خۇشخۇيلۇقنىڭ، جەلپكارلىقنىڭ سىمۋولى، ئاي هۆر - پەرىلەرنىڭ ماكانى، گۈزەل قۇشلار سايراپ تۇرىدىغان چىمەنزار جەننەت دەپ قارىلىدۇ. قىزلىرىنىڭ خۇددى ئايدىكى هۆر - پەرىلەردەك چىرايلىق بولۇشىنى ئارزۇ قىلىشىپ، «ئايجامال»، «ئايگۈل»، «ئاينۇر»، «ئايگۈزەل»، «ئايپەرى» دېگەندەك ئىسىملارنى قويۇشىدۇ. خەنزۇلارمۇ ئايدا چاڭئې مەلىكە ۋە ئاق توشقانلار تۇرىدۇ دەپ قارايدۇ. غەربلىكلەرمۇ ئايدا هۆر - پەرىلەر بار دەپ قارايدۇ. ئۇيغۇرلار يەكشەنبە كۈنگە ئاينى ۋەكىللىك قىلدۇرۇش ئارقىلىق، هەپتىنىڭ بىرىنچى كۈنى هاۋانىڭ ئوچۇق بولۇشىنى، كىشىلەرنىڭ رەڭگارەڭ كىيىملەرنى كىيىپ خۇشال يۈرۈشىنى ئارزۇ قىلغان بولسا كېرەك[1].

### خاسىيەتلىك سان «ئۈچ»

«ئۈچ» مۇ خۇددى «توققۇز» ۋە «يەتتە» گە ئوخشاشلا ئەجدادلىرىمىزنىڭ سان قارىشىدىكى خاسىيەتلىك سانلارنىڭ بىرىدۇر. ئۇنىڭ ئۇلۇغلىنىشىمۇ قەدىمكى شامان دىنى بىلەن مۇناسىۋەتلىك. هازىرقى تۇرمۇشىمىزدىمۇ «ئۈچ» نى ئۇلۇغ سان دەپ بىلىدىغان

[1] مەرھەمنىسا مەتنىياز: «ئۇيغۇرلاردا خاسىيەتلىك سان ‹يەتتە› ۋە هەپتە ئۇقۇمى توغرىسىدا»، «شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر تەتقىقاتى»، 2003 - يىللىق 1 - سان، 65 - ، 67 - بەتلەر.

ئادەتلەر ساقلىنىپ كەلمەكتە. مەسىلەن، ئاخۇنۇم توي نىكاھىنى ئوقۇغاندا قىز ۋە يىگىتتىن نىكاھنى قوبۇل قىلغان - قىلمىغانلىقىنى پەقەت ئۈچ قېتىملا سورايدۇ. ئەر ئۆزىنىڭ ئايالىنى «ئۈچ تالاق» قىلسا نىكاھتىن ئاجراشقانلىق بولىدۇ. كىشى ئۆلگەندە مېيىتنى يۇغاندىن كېيىن، ئەر كىشى بولسا كېپەنلىكى ئۈچ قەۋەت، ئايال كىشى بولسا بەش قەۋەت تىكىلىدۇ. يولدا ۋە باشقا جايلاردا بىرەر كىشىنىڭ ئالدىنى غايىبتىن نەرسە - كېرەك ئۈچراپ قالسا «بۇ نەرسە كىمنىڭ؟» دەپ ئۈچ قېتىم توۋلاش شەرت، ئىگىسى چىقمىسا، ئاندىن ئۇ كىشى ئۇچرىغان نەرسىنى قولىغا ئالسا بولىدۇ. ناماز ئوتەش ئۈچۈن تاھارەت ئالغاندا ئېغىزغا ئۈچ قېتىم سۇ ئېلىپ غار - غار قىلىش، بۇرنىغا ئۈچ قېتىم سۇ ئېلىپ مەزە قىلىش...... قاتارلىقلارمۇ ئەنە شۇ «ئۈچ» سانىنى ئۇلۇغلاشنىڭ ئىپادىلىرىدۇر. مەڭگۈ تاش پۈتۈكلىرىمىزدىمۇ ئەجدادلىرىمىزنىڭ سان قارىشىدىكى «ئۈچ» توغرۇلۇق بايانلار خېلى كۆپ بولۇپ، ئۇ بىزنىڭ «ئۈچ» مۇقەددەسلىكىگە بولغان تونۇشىمىزنى چوڭقۇرلاشتۇرۇشتا مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە.

مەڭگۈتاش پۈتۈكلىرىدە تىلغا ئېلىنغان سۆز - جۈملىلەر گەرچە ئاز ۋە ئاددىي بولسىمۇ، لېكىن ئۇلاردا سان مۇقەددەسلىكى خېلى يۇقىرى ئورۇنغا قويۇلغان. شۇڭلاشقا، ئۇ «خەلقىمىزنىڭ ئىپتىدائىي ئېتىقادلىرىنىڭ بىرى»[1] بولغان «ئۈچ» مۇقەددەسلىكىگە نىسبەتەن چۈشەنچىمىزنى ئاشۇرۇشتا بىزنى قىممەتلىك ئۇچۇر بىلەن تەمىنلەيدۇ.

### تاق سان

ئۇيغۇرلارنىڭ تۇرمۇش ئادىتىدە تاق سانلار ئۇلۇغلىنىدۇ. شۇڭا، ئۇلارنىڭ بەزى تۇرمۇش ئادەتلىرىدە تاق سانلار تاللاپ ئىشلىتىلىدۇ. مەسىلەن، ئۇلار ھەر كۈنى بەش قېتىم (بەش ۋاق) ناماز ئوقۇيدۇ؛ ھەر ھەپتىنىڭ بەشنچى كۈنى بىر قېتىم جۈمەگە يىغىلىپ جۈمە نامىزىغا

[1] ئىبراھىم ئىزاقى: «مۇقەددەس سان (ئۈچ)»، «شىنجاڭ ياشلىرى» ژۇرنىلىنىڭ 1993 - يىللىق 8-سانى، 41 - بەت.

داخىل بولىدۇ؛ بىر ھەپتە يەتتە كۈن بولىدۇ؛ مەسچىتلەرنىڭ پەشتاق-پەلەمپىيى تاق بولىدۇ؛ ئاپتۇۋا بىلەن مېھمانلارنىڭ قولىغا ئۈچ مەرتەم سۇ قۇيىدۇ؛ قىزلارنىڭ چېچى تاق ئۆرۈلىدۇ؛ ئۆي ياپقاندا ئىشلىتىدىغان جەگە ياغاچ (لىم) ۋە تۈۋرۈكلەرمۇ تاق بولىدۇ؛ باللارنىڭ سۈننەتنى قىلىشقا توغرا كەلگەندە تاق كۈن تاللىنىدۇ ھەمدە سۈننەت قىلىش يېشىمۇ تاق بولىدۇ. كىشى ئۆلگەندە مېيىتنى سۇغا ئالغاندىن كېيىن، ئەگەر ئەر كىشى بولسا كېپەنلىكى ئۈچ قەۋەت، ئايال بولسا بەش قەۋەت تىكىلىدۇ؛ تۆگە كارۋانلىرىدىكى تۆگىنىڭ سانىمۇ تاق بولىدۇ. ئومۇمەن، بۇ خىل تاق سانلار ئەقىدىسى ئۇيغۇرلارنىڭ تۇرمۇش ئادەتلىرىدە ناھايىتى كۆپ ئۇچرايدۇ. ئۇيغۇرلاردىكى بۇنداق ئادەت ئاساسەن ئىسلام ئەقىدىسىدىن كېلىپ چىققان. ئىسلام دىنىدا خۇدا مۇتلەق بىر، يېگانە دەپ قارىلىدۇ. مۇشۇ ئېتىقاد ئۇلارنىڭ تۇرمۇش ئادىتىگە سىڭىپ، ئىستىخىيەلىك ھالدا تاق سانلارنى ئۇلۇغلاش ئەقىدىسىنى كەلتۈرۈپ چىقارغان. يەنە بىر تەرەپتىن، تاق سانلار ئەقىدىسى ئۇيغۇرلارنىڭ قەدىمكى ئەنئەنىۋى ئېڭىدا شەكىللەنگەن مۇقەددەس سانلار چۈشەنچىسى بىلەنمۇ مۇناسىۋەتلىك بولۇشى مۇمكىن. تۆۋەندە ئۇيغۇرلار ئارىسىدىكى مۇقەددەس سانلار ھەققىدە ئايرىم توختىلىمىز.

## 2. مۇقەددەس تەرەپلەر

**«ئوڭ» ۋە «سول»**

ئۇيغۇر خەلقى «ئوڭ» بىلەن «سول» غا ئالاھىدە مۇئامىلە قىلىدۇ. بۇ مۇئامىلە كۈچ ۋە ئەپچىللىك جەھەتتىن پەرقى بولىدىغانلىقى ئۈچۈنلا ئەمەس، مۇھىمى، بۇنىڭغا بەزىبىر دىنىي ئەقىدە سىڭگەنلىكى ئۈچۈندۇر. بۇنى «قۇتادغۇبىلىك»تىكى مۇنۇ قۇرلار بىلەن ئىسپاتلىغىلى بولىدۇ:

917. ئېرۇر ياخشىلىق ئوڭ، يامانلىق ئۇ، سول،
جەھەننەم سولۇڭدا، بېھىش ئوڭدا ئول.

بۇ مىسال ئۇيغۇرلاردا «ئوك» بىلەن «سول» غا بولغان ئەقىدىنىڭ ناھايىتى ئۇزاق تارىخقا ئىگە ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىدۇ.

ئۇيغۇرلاردا «ئوك» بىلەن «سول» غا بولغان مۇئامىلە نۇرغۇن جەھەتتە كۆرۈلىدۇ:

1. ئۇيغۇرلار ئوڭ قاپاق تارتسا ياخشىلىقتىن بىشارەت، سول قاپاق تارتسا يېشكەللىكتىن بىشارەت، دەپ قارايدۇ. شۇڭا، تارتىۋاتقان سول قاپاقنى داۋاملىق تارتقۇزماسلىق ئۈچۈن، ئۇنىڭغا سامان پارچىسى ياكى قەغەز چاپلىۋالىدۇ ۋە ياكى تۈكۈرۈك بىلەن قولنى ھۆللەپ، تارتىۋاتقان سول قاپاقنى سىلاپ قويىدۇ.

2. ياشانغان ئادەملەر مەسچىت قاتارلىق مۇقەددەس يەرلەرگە ياكى بىراۋنىڭ ئۆيىگە كىرگەندە «بىسمىللا» دەپ، بوسۇغىدىن ئوڭ پۇتنى ئېلىپ كىرىدۇ. بۇ ھەقتە يۈسۈپ خاس ھاجىپ مۇنداق يازىدۇ:

4057. ئىشىكتىن كىروردە كىر ئوڭ پۇت بىلەن،
ئەمر قىلسا ئاڭلا پاراسەت بىلەن.

3. ئۇيغۇرلاردا مېھمانغا ياكى ھۆرمەتلىك ئادەملەرگە چاي، تاماق ياكى باشقا نەرسە سۇنۇشقا توغرا كەلگەندە ئوڭ قولنى ئىشلىتىدۇ. سول قولنى ئىشلىتىش تولىمۇ ھۆرمەتسىزلىك بولىدۇ. بۇ ھەقتە يۈسۈپ خاس ھاجىپ مۇنۇلارنى يازىدۇ:

4797. سۇنۇلغاي بىسمىللا بىلەن ئوڭ قولۇڭ،
بولۇپ بەرىكەت يېمەكتە، يېيسەن ئۆزۈڭ.

4. ئۇيغۇر خەلقى بىراۋ بىلەن كۆرۈشكەندە ئوڭ قولنى كۆكسىگە ئېلىپ «ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم» دەپ سالام بېرىدۇ ياكى ئوڭ قولى بىلەن قول ئېلىشىپ كۆرۈشىدۇ.

5. ئۇيغۇرلار كېچىسى ياتقاندا سول يانىنى بېسىپ ياتسا «يامان بولىدۇ» دەپ ئوڭ يانىنى بېسىپ ياتىدۇ. سول يانىنى بېسىپ ياتسا

كېچىسى قارا بېسىپ قېلىپ مىجەزى چۈشلىشىپ قالسا، باشقىلار ئۇنى «بۆگۈن ئوك يېنىدىن قوپماي، سول يېنىدىن قوپقان ئوخشايدۇ» دەيدۇ.

6. ئۇيغۇرلار بىرەر ئامەتكە يولۇقسا ياكى ئىشى ئوڭۇشلۇق بولسا «ئىشىم ئوڭدىن كەلدى» ياكى «ئىشىم ئوڭغا تارتتى» دېگەندەك ئىبارىلەرنى قوللىنىدۇ. «مېنىڭ ئوڭغا يەتكۈچە، يولۇڭ ئوڭ بولسۇن» دېگەن تەمسىلمۇ مۇشۇنىڭغا قارىتىلغان.

**«قىبلە» نى ئۇلۇغلاش**

«قىبلە»نى ئۇلۇغلاش پۈتۈن مۇسۇلمانلارغا، جۈملىدىن ئۇيغۇرلارغا ئورتاق. «قىبلە» تولىمۇ مۇقەددەس جاي ھېسابلىنىدۇ. چۈنكى، بەيتۇللا قىبلە تەرەپتە بولغىنى ئۈچۈن، ئۇيغۇرلار ھەرگىز قىبلىگە قاراپ تۈزۈپ چوك - كىچىك تەرەت قىلمايدۇ، ھاجەتخانىلارمۇ شىمال ۋە جەنۇب تەرەپكە قاراپ ئولتۇرۇشقا ماسلاشقان. ئاخشىمى ياتقاندا پۇتىنى ھەرگىز قىبلە تەرەپكە قىلىپ ياتمايدۇ، باشنى قىبلە تەرەپكە قىلىپ ياتىدۇ، شۇنداقلا مۇردا گۆرگە قويۇلغاندىن كېيىن يۈزىنى قىبلە تەرەپكە قىلىپ قويىدۇ. مال بوغۇزلىغاندىمۇ مالنىڭ بېشىنى قىبلە تەرەپكە توغرىلاپ بوغۇزلايدۇ.

خۇددى مۇسۇلمانلارنىڭ مەسچىت، خانىقا مېھرابلىرىغا ئوخشاش، ئۇيغۇرلارنىڭ ئۆي قۇرۇلمىسىدىكى مېھمانخانا ئۆيىنىڭ قىبلە تەرىپىگە ئورۇن - كۆرپىلەرنى تىزىپ قويىدىغان مېھراب ئويۇلىدۇ. ئۆيدە ناماز ئوقۇشقا توغرا كەلگەندە ئەنە شۇ مېھرابقا قاراپ ناماز ئوقۇلىدۇ. ئۆيلەرنىڭ ئىشىكى قىبلە تەرەپكە قارىتىلمايدۇ، بەلكى ئىشىك شەرق تەرەپكە قارىتىپ قويۇلىدۇ. بۇلارنىڭ ھەممىسى «قىبلە»نى ئۇلۇغلىغانلىقنىڭ ئىپادىلىرىدۇر.

«قىبلە»نى ئۇلۇغلاش نوقۇل ئىسلام دىنىدىن كېيىن پەيدا بولغان دىنىي ئادەت ئەمەس. ئۇيغۇرلار تەبىئەتكە چوقۇنغان ئىپتىدائىي دەۋرلەردە تەبىئەت ھادىسىلىرى ۋە ئىجتىمائىي ھادىسىلەرنىڭ پەيدا بولۇش سەۋەبلىرىنى چۈشىنەلمىگەچكە، ئۇنى «ئىلاھىيلاشتۇرۇپ»

تەسەۋۋۇر قىلغان. كۆك (ئاسمان) كە چوقۇنۇش ئەۋج ئالغان ئاشۇ ئېپتىدائىي دەۋردە ئەجدادلىرىمىز كۆككە بولغان ئېتىقادنى كۈن (قۇياش) گە مەركەزلەشتۈرۈپ، قۇياشنى پۈتكۈل كائىناتقا يورۇقلۇق بەرگۈچى باش «تەڭرى» دەپ، ئۇنىڭغا يۈكسەك ئېتىبار بىلەن قارىغان. قۇياشنىڭ شەرقتىن كۆتۈرۈلۈپ، غەربكە پېتىشىنى ئۇلار «تەڭرىنىڭ قۇدرىتى» دەپ بىلگەچكە، بۇ ساددا چۈشەنچىدىن تۆت تەرەپنىڭ «خاسىيىتى» ھەققىدە سىرلىق قاراشلار شەكىللەنگەن، يەنى قۇياش پاتقان غەرب تەرەپنى «تەڭرىنىڭ ئۆيى» دەپ قاراپ، «قۇياش تەڭرىسى» گە بولغان يۈكسەك ئېتىقادى تۈپەيلىدىن غەرب (قىبلە تەرەپ) ئالاھىدە ئۇلۇغلانغان، مۇقەددەسلەشتۈرۈلگەن. مۇشۇ ئېپتىدائىي ئېتىقاد ئادەتلىرى كېيىنچە ئىسلام دىنىنىڭ ئەقىدىلىرى بىلەن يۇغۇرۇلۇپ، «قىبلە» نى ئۇلۇغلاش بىر خىل ئادەت شەكلىدە داۋاملىشىپ كەلگەن.

# بەشىنچى باب

## ئۇيغۇرلاردا ئېتىقاد تۈسىنى ئالغان پەرھىزلىك ئادەتلەر

پەرھىز ــ پۈتكۈل ئىنسانىيەتكە ئورتاق بولغان مەدەنىيەت ھادىسىسى بولۇپ، خەلقئارادا بىردەك «تابو» (Taboo) ياكى «تابۇ» (Tabu) دەپ ئاتىلىدۇ.

تابۇ دېگەن بۇ سۆز ئەسلىي تۈنگان (جۇڭگودىكى تۈنگان ياكى خۇيزۇ مىللىتى ئەمەس ــ ئا) تىلىدىن ئېلىنغان. ئۇ تۈنگان پادىشاھلىقىنىڭ خەلق تىلى بولۇپ، پولىنېزىيەدىكى بىر كىچىك ئارال (بەزىدە دوستلۇق ئارىلى دەپمۇ ئاتىلىدۇ)نى كۆرسىتىدۇ ھەم «مۇقەددەس» ياكى «تېگىشكە بولمايدۇ» دېگەن مەنىلەرنى بىلدۈرىدۇ.

تابۇ دۇنيادىكى ھەممە مىللەتلەردە بار بولۇپ، ئۇ مەلۇم خەلقلەرنىڭ ئىجتىمائىي مۇناسىۋەتلەردە مەلۇم شەيئى، ھادىسە، ھەرىكەت ياكى تۈرلۈك مۇناسىۋەتلەر توغرىسىدا ئاشكارا سۆزلەشكە بولمايدىغان تىلنى كۆرسىتىدۇ. قوبۇل بولمايدىغان ئىش ـ ھەرىكەت ۋە پائالىيەتلەرمۇ تابۇ كاتېگورىيەسىگە كىرىدۇ.

تابۇ دېگەن ئاتالغۇ ئىككى خىل چۈشەنچە بېرىدۇ: بىرىنچى، دىنىي جەھەتتە بەك مۇقەددەس ياكى بەك يامان، شۇڭا تېگىشكە بولمايدۇ، ئېتى ـ نامى بىلەن ئاتاشقا ياكى ئىشلىتىشكە بولمايدۇ، دېگەنلىك. مەسىلەن، ئۇيغۇرلار باشقا مىللەت ياكى دىنىي ئېتىقادى ئوخشىمايدىغان ئادەملەر بىلەن ئاساسەن توي قىلمايدۇ. ئىككىنچى، ئاممىۋى سورۇنلاردا قىلىش مەنئى قىلىنغان ئىش ياكى سۆزلەرگە قارىتىلغان. مەسىلەن،

ئاممۋى سورۇنلاردا قىز ـ يىگىتلەر ئۆزئارا سۆيۈشۈشكە بولمايدۇ.

مانا مۇشۇنداق خەلق ئارىسىدىكى تېگىشكە بولمايدىغان، مەنئى قىلىنغان نەرسىلەرگە تەگمەسلىك، دېيىشكە بولمايدىغان گەپلەرنى دېمەسلىك ياكى قىلىشقا بولمايدىغان ئىشلارنى قىلماسلىقنىڭ ئۆزى تابۇ ھېسابلىنىدۇ. مەسىلەن، يېقىنغىچە لاتىن ئامېرىكىسىدىكى كۆپ كىشىلەر باشقىلارنى ھۆرمەتلەپ سۆزلىگەندە « bull» (بۇقا) دېگەن سۆزنى ئىشلەتمەي، ئۇنىڭ ئورنىغا «he ـ cow» (ئۇي) ياكى «male beast» (ئەركەك ھايۋان) دېگەن سۆزلەرنى ئىشلىتىپ كەلمەكتە.

دېمەك، تابۇ خەلقنىڭ دىنىي ئېتىقادىغا، رەسىم ـ قائىدىلىرىگە مۇناسىۋەتلىك ئېتنوگرافىيەلىك چۈشەنچىلىرىنىڭ تىلدىكى كۆرۈنۈشىدۇر. بۇنداق بىر شەيئى ياكى ھادىسىنى ئۆزىنىڭ ھەقىقىي ئېتى ـ نامى بىلەن ئاتىماستىن، ئۇنى ئىككىنچى بىر سۆز بىلەن سىلىقلاشتۇرۇپ ئاگلىتىش ئۇيغۇر تىلىدا ئېۋفېمىزمىلىق ۋاستە ھېسابلىنىدۇ.

ئېۋفېمىزم گىرېكچە سۆز بولۇپ، ئۇيغۇرچە ماتېرىياللاردا «سىلىقلاشتۇرۇش» دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ. گىرېك تىلىنىڭ ئەسلىي مەنىسىدە «ياخشى گەپ بىلەن سۆزلەش» نى بىلدۈرىدۇ. ئىنگلىزچە «Euphemism» (تەلەپپۇز يۇفېمىزم) دەپ ئاتىلىدۇ. ئېۋفېمىزم قوپال، ئەدەپسىز ئىبارىنى ياكى سۆزنى باشقا سۆز ـ ئىبارە بىلەن پەردازلاپ ئېيتىشقا قارىتىلغان. ئېۋفېمىزملار مەنىلىرىدىكى بەزى قوپاللىق پەرقىگە قاراپ، ئەدەبىي تىلدا كۆپ قوللىنىلمايدىغان ۋە تابۇ خۇسۇسىيىتىگە تولۇق ياكى قىسمەن ئىگە بولغان سۆزلەرنى ئالماشتۇرۇش ئېھتىياجلىرىغا ئاساسەن ۋۇجۇدقا كەلگەن.

ئىنگلىزلاردا «تابۇ» دېگەن سۆزنى ھەممە ئادەم، ھەتتا باللارمۇ بىلىدۇ. «ئېۋفېمىزم» ئاتالغۇسى بولسا ناھايىتى ئاز ئۇچرايدۇ. شۇڭا، ئۇنى مەخسۇس ئەدەبىيات بىلەن شۇغۇللىنىدىغانلار بىلىدۇ. ئەمما، بۇلارنىڭ ھەر ئىككىسى مۇھىم.

كۆپىنچە تابۇدا قوپال سۆزلەر ياكى چەكلىنىشكە تېگىشلىك ھەرىكەتلەر ئېۋفېمىزم ئۇسۇلى بىلەن، فىرازېيولوگىيەلىك بىرىكمىلەر ـ

ئىدىيوملار ۋە ماقال - تەمسىل قاتارلىقلار ئارقىلىق ئىپادىلىنىدۇ. نۇرغۇن سۆز - جۈملىلەر شۇ مۇناسىۋەت ئارقىلىق پەيدا بولغان. مەسىلەن. «كەمبەغەل» دېگەن سۆزنى سىلىقلاشتۇرۇپ «قول ئىلكىدە يوق»، «قولى قىسقا» دەيمىز؛ «ئۆلۈپ كەتتى» دېگەن سۆزنى سىلىقلاشتۇرۇپ «قازا قىلدى»، «ۋاپات بولدى»، «چىرىغى ئۆچتى» دەيمىز ۋە باشقىلار.

خەلق پەرھىزلىرىنىڭ كېلىپ چىقىشىدىن قارىغاندا، ئۇ قەدىمىي بولغان بىر خىل مەدەنىيەت ھادىسىسى بولۇپ، ئىنسانلار مۇئەييەن ئىجتىمائىيلىقنى شەكىللەندۈرگەندىن كېيىن بارلىققا كەلگەن ئىلاھ قارىشىنىڭ يېتەكچىلىكىدە مەيدانغا چىققان. ئىپتىدائىي ئىنسانلارنىڭ «روھ» قارىشى نەتىجىسىدە شەكىللەنگەن دىنىي مۇراسىملار، پەرھىز ئۆز ئىچىگە ئالغان بارلىق تىلسىز بۇيرۇقلار گەرچە زامان، ماكان، شارائىتقا ئەگىشىپ نۇرغۇنلىغان ئۆزگىرىشلەرنى ھاسىل قىلسىمۇ، ئەمما پەرھىزنىڭ پەيدا بولۇشىدا روھنىڭ غەزەپلىنىپ قېلىشىدىن ساقلىنىشتەك ئىدىيەۋى خەلق پەرھىزلىرىنىڭ بارلىققا كېلىشىدە مۇھىم ئورۇنغا ئىگە. ئىپتىدائىي ئىنسانلارنىڭ تەبىئەتتىن قورقۇش ئىدىيەسى ۋە ساددا تەپەككۇرى، مول بولمىغان تەجرىبىلىرى تۈپەيلىدىن كېلىپ چىققان مەغلۇبىيەتلىرى ۋە تەبىئەت دۇنياسىغا نىسبەتەن تۇغۇلغان خاتا قاراشلىرى ئاخىرىدا يەكۈنلىنىپ بەلگىلىك پەرھىزلىك تىل، پەرھىزلىك قائىدىلەرنى پەيدا قىلدى، مەغلۇبىيەتلىرى ئۇلارنىڭ ئىشەنچلىرىنى يوقىتىپ قويدى، تەبىئەت دۇنياسى بىلەن قايتا ئاكتىپلىق بىلەن كۈرەش قىلىشقا جۈرئەت قىلالماسلىقتەك سىرلىق پىسخىكىلىق ھالەتلىرىنى شەكىللەندۈرۈپ قويدى، تەبىئەت دۇنياسىنىڭ يەڭگىلى بولمايدىغان ئالاھىدە تەرەپلىرىنى مۇتلەقلەشتۈرۈپ ۋە مۇبالىغىلەشتۈرۈپ قويدى. نەتىجىدە ئۆزلىرىنىڭ ھەرىكەت پائالىيەتلىرىنى چەكلەيدىغان قائىدە، مۇراسىملار بارلىققا كەلدى[1].

ھەر مىللەتنىڭ ئىجتىمائىي تۇرمۇشىدا يامان ئېلىنىدىغان قىلمىش-

[1] ئادىل مۇھەممەت تۇران: «مەكىت تارىخ - مەدەنىيىتى» (1)، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى 2006 - يىلى 4 - ئاي نەشرى، 608 - ، 610 - بەتلەر.

ئادەتلىرى بولىدۇ، ئەمما ئۇنىڭ ئىپادىسى ھەر خىل. ئۇيغۇرلارنىڭ ئىجتىمائىي تۇرمۇشىدا تۆۋەندىكىدەك قىلمىش - ئادەتلەر «يامان بولىدۇ» دېگەن ئەقىدە بويىچە يامان ئىلىنىپ تەقىبلىنىپ كەلگەن:

1. ياشانغانلارنى، چوڭلارنى، يۇرت مۆتىۋەرلىرىنى، ئۇستازلارنى كۆرگەندە ئىككى قولىنى كۆكسىگە ئېلىپ «ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم!» (تەڭتۇش، تونۇش - بىلىشلەر ئوڭ قولىنى كۆكسىگە ئېلىپ سالام دەيدۇ) دەپ ھۆرمەت بىلدۈرۈش لازىم. سالام بەرمەسلىك ئەدەپسىزلىك، ھاكاۋۇرلۇق قىلغانلىق دەپ يامان ئېلىنىدۇ.

2. چوڭلارنىڭ، ئاتا - ئانىنىڭ، كۈيئوغۇل (كېلىن)، قېيىنئاتا - قېيىنئانىنىڭ ئالدىدىن توغرا ئۆتۈشكە بولمايدۇ.

3. ئاياللار ئەرلەرنىڭ ئالدىدىن توغرا ئۆتۈشكە بولمايدۇ. ئەرلەر تۇرغان يەردىن ئۆتۈشكە توغرا كەلسە، ئەرلەرنىڭ كەينىدىن ياكى ئۇلارنى يانداپ ئۆتۈشى لازىم.

4. چوڭلار كىچىكلەرنى «بالام، ئوغلۇم (قىزىم)» دەپ ئاتىشى لازىم، بولمىسا «ئالجىغان»، «قېرىغىنىنى تۇيمىغان» دەپ ئەيىبلىنىدۇ. كىچىكلەر چوڭلارنى «دادا»، «بوۋا»، «موما»، «ئانا»، «ئاكا»، «ئاچا» دەپ ئاتىشى لازىم. بولمىسا «ئەدەپسىز»، «تەربىيە كۆرمىگەن» دەپ قارىلىدۇ.

5. كۆرۈشمىگەن (سەپەردىن كەلگەن) ئۇرۇق - تۇغقان، دوست - ئاغىنىلەر كۆرۈشكەندە، چوڭلار، تەڭتۇشلار قۇچاقلىشىپ مەڭزىنى مەڭزىگە يېقىپ كۆرۈشىدۇ، كىچىكلەرنى بولسا بېشىنى باغرىغا بېسىپ پېشانىسىگە سۆيىدۇ. ئاياللار، چوڭلار، تەڭتۇشلار مۈرىلىرىنى تۇتۇشۇپ، يۈزلىرىنى يۈزىگە يېقىپ كۆرۈشىدۇ. كىچىكلەرنى باش - كۆزىنى سىلاپ پېشانىسىگە، مەڭزىگە سۆيۈپ كۆرۈشىدۇ. بولمىسا «كۆيۈمسىز»، «مېھرى يوق»، «باغرى قاتتىق»، «كۆڭلى بۆلۈنۈپ كەتكەن» دەپ ئەيىبلىنىدۇ.

6. سىرداش دوست - ئاغىنىلەردىن باشقىلار ئادەتتە بىر - بىرىنى «سىز»، «سىلى»...... دەپ ئاتىشى لازىم. «سەن» دېيىلسە «كۆزگە ئىلمىغانلىق»، «پەس كۆرگەنلىك» دەپ يامان ئېلىنىدۇ.

7. ئىشىك ئالدى ياكى ئۆيگە يېقىن ئارىلىقتا تونۇش - بىلىشلەر

ئۆچرىشىپ قالغان تەقدىردە، سالاملاشقاندىن كېيىن، «ئۆيگە باشلاي»، «خىزمەتتە بولاي» دېيىش لازىم. بولمىسا «قىزغانچۇق»، «ئادەمگەرچىلىكى يوق» دەپ ئەيىبلىنىدۇ.

8. مېھمان ياكى بىرەر ئىش بىلەن كەلگەن ئادەم ئۆيگە «ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم» دەپ كىرىپ ئولتۇرۇپ بولغاندىن كېيىن، «ئاللاھۇئەكبەر» دەپ ئورنىدىن تۇرۇپ (ياكى يېرىم تۇرۇپ) ئاندىن ئولتۇرۇشى لازىم. بۇ بىرىش - كېلىشتە بىلىشكە تېگىشلىك ئاساسلىق قائىدە، بولمىسا «قائىدىسىز»، «ھاكاۋۇر» دەپ ئەيىبلىنىدۇ.

9. تاماقتىن بۇرۇن ۋە كېيىن، چوڭ - كىچىك تەرەتتىن كېيىن قول يۇيۇش لازىم. بولمىسا «تەبىئىتى يوق، مەينەت» دەپ ئەيىبلىنىدۇ.

10. قول يۇغاندا، بولۇپمۇ ساھىبخانا مېھمان قولىغا سۇ ئالغاندا قولنى سىلكىمەي، لۆڭگە ياكى قول ياغلىقتا ئېرتىش لازىم.

11. مېھمانغا چاي، تاماق قويۇلۇپ، ساھىبخانا «قېنى ئالىلى، باقىلى» دەپ تەكلىپ قىلمىغۇچە ئالدىراپ چايغا ياكى تاماققا قول ئۇزىتىشقا بولمايدۇ.

12. مېھمانغا چاي، تاماق سۇنغاندا ئوڭ قول بىلەن سۇنۇش لازىم. بولمىسا «كۆزگە ئىلمىغانلىق» دەپ قارىلىدۇ.

ئۇيغۇرلار كۈندىلىك تۇرمۇشتا ئوڭ، سولغا ئالاھىدە دىققەت قىلىدۇ. بۇ ئۇيغۇرلاردىكى ئەجدادلىرىمىزدىن داۋاملىشىپ كېلىۋاتقان «ئوڭ، سول قارىشى»نىڭ ئىپادىسى. مەلۇمكى، ئادەم ھەرىكەتلەنگەندە ھامان ئوڭ قول، ئوڭ پۇت ئەپچىل، يېنىك ھەرىكەتلىنىدۇ، سول قول، سول پۇت سۆرەلمە كېلىدۇ. بەدەندىكى كۈچ سالمىقىمۇ ئوڭ قول، ئوڭ پۇتتا ئارتۇق بولىدۇ. بۇ ھال ئەجدادلىرىمىزدا ئوڭ، سول قارىشىنى كەلتۈرۈپ چىقارغان بولۇشى مۇمكىن. بۇنىڭ بىلەن بۇ قاراشقا مۇناسىۋەتلىك خېلى نۇرغۇن ئادەت شەكىللەنگەن:

سالام بەرگەندە ئوڭ قولنى كۆكرەك ئۈستىگە قويۇپ سالام بېرىش، مېھمانغا چاي، تاماق قويۇش، سوۋغات تەقدىم قىلىش ياكى بىرىگە بىرنەرسە بېرىشتە ئوڭ قول بىلەن بېرىلىشى شەرت، سول قول بىلەن

بىرىلسە ھۆرمەتسىزلىك بولىدۇ. ئۆيگە كىرىشتە ئالدى بىلەن ئوڭ پۇتنى كۆتۈرۈپ بوسۇغىدىن ئۆتىمىز؛ ئات ـ ئۇلاغقا مىنگەندە ئالدى بىلەن ئوڭ پۇتنى ئارتىلدۇرۇپ ئاندىن مىنىمىز؛ كىيىم كىيگەندە ئالدى بىلەن ئوڭ يەڭگە ئوڭ قولنى ساپىمىز؛ ئىشتان كىيگەندە ئالدى بىلەن ئوڭ پۇتقا پۇچقاق ساپىمىز، ئاياغ كىيگەندىمۇ شۇنداق، ھەتتا بىرەرسىنىڭ ئىشتا پەملىكلىكى، مىجەز ـ خۇلقىنىڭ يېقىملىقلىقى...... «ئوڭلۇق» دېگەن بۇ ئىبارە بىلەن تەرىپلىنىدۇ. بىر ئىشنىڭ ئوڭۇشلۇق بولغان ـ بولمىغانلىقى، ياتقاندا قارا بېسىش، بەزى كۆڭۈلسىز ئىشنىڭ سەۋەبىنى ئوڭ بىلەن بىر قاتارلىقلارمۇ ئوڭ، سول قارىشىغا باغلىنىدۇ. مەسىلەن، «ئىشىمىز (تەلىيىمىز) ئوڭغا تارتىپ (ئوڭدىن كېلىپ) يۈرۈشۈپ كەتتى»؛ «ئىشىمىز سولغا تارتىپ ئىلگىرى باسمىدى»، «سول تەرىپىمنى بېسىپ ياتقانىكەنمەن، قارا بېسىپ قالدى»، «سول يېنىنى بېسىپ ياتقانمۇ، قاپاقلىرى چۈشۈپ كېتىپتىغۇ» دېيىلگەنلەرگە ئوخشاش. بۇنىڭدىن باشقا، ئادەتتە «ئوڭ گەپ قىلغىنا!»، «تۈگمەنمۇ ئوڭ چۆرگىلەيدۇ» دېگەندەك تەمسىل سۆزلەرمۇ كۆپ ئىستېمال قىلىنىدۇ، باشقا مىللەتلەردىكىدەك ئۇيغۇرلاردىمۇ خوتۇن كىشى «ئادەمنىڭ سول قوۋۇرغىسىدىن يارالغان» دەپ كەمسىتىدىغان ئادەت بار. بۇمۇ ئۇيغۇرلاردىكى ئوڭ، سول قارىشى بىلەن مۇناسىۋەتلىك.

13. ئادەتتە مېھمان ئالدىغا قويۇلغان تاماقنى ئاشۇرۇپ قويماسلىقى، تاماق ئاغزىغا تېتىمىغان تەقدىردىمۇ «ۋاي مەززىلىك بوپتۇ، ئوخشاپتۇ» دەپ مەمنۇنىيەتلىك بىلدۈرۈش لازىم. بولمىسا كىشىنى ياراتمىغانلىق بولىدۇ.

14. مېھمان باشقىلارنىڭ ئالدىدا پۇتىنى مىنگەشتۈرۈپ ئولتۇرماسلىقى، بولۇپمۇ داستىخانغا قارىتىپ پۇتىنى سۇنۇپ ئولتۇرماسلىقى لازىم. ئۇنداق قىلىش ساھىبخانغا، داستىخانغا ھۆرمەتسىزلىك قىلغانلىق بولىدۇ. چوڭلار ئالدىدا پۇتىنى مىنگەشتۈرۈپ ئولتۇرۇشمۇ ئەدەپسىزلىك ھېسابلىنىدۇ.

15. مېھمان ساھىبخانىنىڭ ئۆيىدىكى نەرسە ـ كېرەكلىرىنى قالايمىقان تۇتماسلىقى، ئاختۇرماسلىقى، ئۇ ئۆيدىن بۇ ئۆيگە كىرىپ

يۇرمەسلىكى، بولۇپمۇ قىز ـ ئاياللار يېنىغا، قازان بېشىغا بېرىۋالماسلىقى لازىم. بۇ يات قىلىق دەپ يامان ئېلىنىدۇ.

16. مېھمـــان داســـتىخان يېغىلىـــشتىن بـــۇرۇن ئالـــدىراپ تـــۇرۇپ كەتمەسـلىكى كېـرەك. تالاغـا چىقىـش زۆرۈرىيىتـى بولغانـدا داسـتىخاننى دەســـەپ يـــاكى ئـــاتلاپ ئۆتۈشـــكە، مېھمانلارنىـــڭ ئالدىـــدىن ئۆتۈشـــكە بولمايدۇ، ئۇنداق قىلىش ساھىبخاننى، مېھمـانلارنى كـۆزگە ئىلمىغـانلىق بولىدۇ.

17. مېھمانـــدارچىلىق ســـورۇنىدا، تامـــاق ئۈســـتىدە بـــۇرۇن تـــارتىش، بـــۇرۇن ـ قـــۇلاق كـــولاش، مـــشقىرىش، تۈكـــۈرۈش، تىرنـــاق ئـــېلىش، ئوسۇرۇش تەبىئەتسىزلىك ۋە ئەڭ چوڭ ئەدەپسىزلىك ھېسابلىنىدۇ.

18. مېھمانلار، جۈملىدىن باشقىلار پاراڭلاشقاندا ئىشىك مارىماسلىق، چوڭلار گەپ قىلغاندا لوقما سېلىپ ئېغىز غېرىچلىماسلىق لازىـم. ئۇنـداق قىلىش يامان قىلىق، ئاقساقاللىق، ئاتىكارچىلىق ھېسابلىنىدۇ.

19. مېھماندارچىلىق ئۈستىدە ۋە ئادەتتە غەيۋەت ـ شىكايەت قىلىش يامـان ئېلىنىـدۇ. چـۈنكى، كىـشىلەر ئوتتۇرىـسىدىكى بەزى ئـاداۋەتلەر ئاشۇنداق غەيۋەت ـ شىكايەتتىن كېلىپ چىقىدۇ.

20. مېھمانـــدارچىلىقتا بـــالا ئەگەشتۈرۈپ بېـــرىش يامـــان ئېلىنىـــدۇ. چۈنكى، بالىلارنىڭ غەلۋىسىدىن مېھمانـدارچىلىقمۇ كۆڭۈللۈك بولمايـدۇ، بالا ئاپارغۇچىمۇ ئارامخۇدا يەپ ـ ئىچـىپ ئولتۇرالمايـدۇ. «تويغـا بارسـاڭ تويۇپ بار، بەش بالاڭنى قويۇپ بـار» دېـگەن ماقـال شـۇنداق ئـادەتكە قارىتا مەيدانغا چىققان.

21. مېھمان داســتىخان يېغىلغانــدىن كېــيىن «ئـاللاھۇئەكبەر» دەپ دۇئـا قىلـىپ، «رەھـمەت» دەپ ئورنىـدىن تـۇرۇپ يـاكى يېـرىم تـۇرۇپ ساھىبخانىغا مىننەتدارلىق بىلدۈرۈشى لازىم.

22. مېھمانغـــا ئېيتقـــان يەردىـــن قالماســـلىق، ئېيتمىغـــان يەرگە بارماســـلىق لازىـــم. چـــۈنكى، ســـىزنى مېھمانغـــا چاقىرىلغـــانلىق ســـىزنى ھۆرمەتلىگەنلىـك، بارمىغـانلىق قارشـى تەرەپنـى كـۆزگە ئىلمىغـانلىق، ئېيتمىغـان يەرگە بېـرىش قېلىنلىـق ۋە تاماخورلۇق قىلغـانلىق بولـىدۇ. «ئېيتقان يەردىن قالما، ئېيتمىغان يەرگە بارما» دېـگەن ئـىدىيوم شۇ

ئاساستا شەكىللەنگەن.

23. يالاڭباش ۋە ئۆرە تۇرۇپ تاماق يېيىش يامان ئېلىنىدۇ.

24. غىزا - تاماقنى چاچماي، پاكىز يېيىش، ئاش - تاماقنى بۇزۇپ- چېچىپ ئىسراپ قىلماسلىق لازىم. بولمىسا «ئادەمنىڭ رىزقى قالىدۇ»، «ئادەمنىڭ رىزقى كالتە بولىدۇ» دەپ يامان ئېلىنىدۇ.

25. مېھمان، جۈملىدىن بىرەر ئىش بىلەن كەلگەن ئادەم ئۆي ئىگىسىنىڭ ئالدىدا كىچىك بالا ۋە باققان مال - جانىدارنى «ئەجەب چىرايلىق بالا بوپتۇ»، «ئەجەب چىرايلىق سەمرىپتۇ»...... دەپ تىكىلىپ قاراپ تۇرۇپ ماختىماسلىقى شەرت، ماختىسا «كۆز تېگىدۇ» دەپ يامان ئېلىنىدۇ. ئاشۇنداق ماختاش بولسا، قارشى تەرەپ ئىچىدە «ئاغزىڭغا تاش» دەپ قارغايدۇ.

26. بىرى بىرنەرسە يەۋاتقاندا ئۇنىڭغا مەستلىكى كېلىپ قارىماسلىق لازىم، ئۇنداق قارىسا «ئېچى كىرىپ قالىدۇ» دەپ يامان ئېلىنىدۇ.

27. تاماق ئۈستىگە بىرى كىرىپ كەلسە، ئۇنىڭغا تاماق قويماسلىق «قىزغانچۇقلۇق»، «ئاچ كۆزلۈك» دەپ يامان ئېلىنىدۇ.

28. مەيلى ئۇرۇق - تۇغقان، دوست - ئاغىنە بولسۇن، تالادىن كىرگەندە، بولۇپمۇ سەپەر ئۈستىدىن كەلگەندە شۇ ئۆيدىكى كىچىك بالىنى ئالدىراپ قولغا ئالماسلىقى لازىم. بالا ئالدىراپ قولغا ئېلىنسا «يول ئىسسىقى ئۆتۈپ ئۇچۇنۇپ قالىدۇ» دەپ يامان ئېلىنىدۇ.

29. يىگىت- قىزلارنىڭ ئۆي ئىچىدە ئۆزئارا چاقچاقلىشىپ ئويناشلىرى دۇرۇس ئەمەس. چۈنكى، ئۆي ئىگىسى بىرەر كۆتۈلمىگەن ئەھۋال تۇغۇلغاندىمۇ؟ دەپ غەم - غۇسسىگە قالىدۇ.

30. ئۆيدە ئەخلەت قوندۇرماسلىق لازىم، ئەخلەت قونۇپ قالسا «بەرىكەت قاچىدۇ» دەپ يامان ئېلىنىدۇ.

31. ئىشىك ئالدىغا كىر سۇيى ۋە يۇندى تۆكمەسلىك لازىم. كىر سۇيى، يۇندى تۆكسە ئادەمنى مەينەت باسىدۇ، ئادەمنى سوغۇق تەلەت قىلىدۇ، دەپ قارىلىدۇ.

32. يۈز - كۆزنى سۇنى ئېقىتىپ تۇرۇپ يۇيۇش لازىم. بولمىسا يۇندىدا يۈز يۇغانغا باراۋەر دەپ قارىلىدۇ.

33. ئوچاق بېشى، قۇدۇق بېشىغا كىر يۇيىدىغان ۋە قول چايقايدىغان داس قاتارلىق نەرسىلەرنى قويۇشقا؛ قۇدۇققا، سۇ ئىدىشىغا چېلەك، ساپلىق ـ نوگايدىن باشقا نەرسىلەرنى سېلىشقا بولمايدۇ.

34. ئىشىك ئالدىغا، جۇملىدىن ئۆيگە (كىچىك بالا، ئاغرىقلار بۇنىڭ سىرتىدا) ۋە ئۇدۇل كەلگەن يەرگە چوڭ ـ كىچىك تەرەت قىلسا تەبىئەتسىزلىك، هاياسىزلىق دەپ يامان ئېلىنىدۇ.

35. كۈن، ئايغا قاراپ چوڭ ـ كىچىك تەرەت قىلىش، سۇغا سىيىش، ئاسمانغا قاراپ تۈكۈرۈش، ئەتىگەندە يۈز يۇماي تۇرۇپ كۈنگە قاراش يامان ئېلىنىدۇ. «ئاسمانغا قاراپ تۈكۈرسەڭ يۈزۈڭگە چۈشەر» دېگەن ماقال شۇ ئادەتتىن كېلىپ چىققان.

36. زىرائەت ۋە يۇمران ئوت ـ چۆپلەرنى دەسسەش، يۇلۇش، بولۇپمۇ ئۈستىگە سىيىش يامان ئېلىنىدۇ. دەسسەلسە، يۇلۇنسا، ئۈستىگە سىيسە ئۇلار «يورۇقلۇقتىن مەھرۇم بولىدۇ» دەپ قارىلىدۇ.

37. تۇزغا، ئوتقا تۈكۈرۈش يامان ئېلىنىدۇ.

38. نان پارچىلىرىنى، تۇزنى دەسسەشكە، نان سالغان ساندۇق ۋە تۇز خالتىسىنىڭ ئۈستىدە ئولتۇرۇشقا بولمايدۇ، بۇنداق قىلىش نان ـ تۇزغا ھۆرمەت قىلمىغانلىق دەپ يامان ئېلىنىدۇ. چۈنكى نان ـ تۇزنى ئەجدادلار جاندەك ئۇلۇغلاپ كەلگەن. يېڭى توي قىلغان ئىككى ياشقا تۇزغا چىلانغان نان يېگۈزۈش ئادىتى، ناننى تىلغا ئېلىپ («نان تۇرۇپتۇ»، «نان ئېلىپ ئۇرسۇن»، «نان دەسسەپ بېرەي» دەپ) قەسەم قىلىش ئادىتى، ۋاپاغا جاپا قىلغۇچىنى، يۇرت ـ جامائەتتىن يۈز ئۆرۈگەن كىشىنى «تۇزۇم ئېلىپ ئۇرسۇن»، «تۇزكور» دەپ قارغاش ئادىتى ئەنە شۇ ئەقىدە ئاساسىدا كېلىپ چىققان. شۇنىڭ ئۈچۈن، ئادەتتە شۆھرەت، هارام دۇنيا، ھۇزۇر ـ مەئىشەت قوغلىشىپ ۋەتەنگە، خەلققە، دوست ـ يارەنلىرىگە خائىنلىق قىلغانلار «تۇزكور» دەپ قارغىلىدۇ.

39. ئۆيدىن خوشلىشىپ چىققاندىن كېيىن ئارقىسىغا يانماسلىق لازىم، ئارقىسىغا يانسا «سەپەر ئوڭۇشلۇق بولمايدۇ» دەپ قارىلىدۇ.

40. سەيشەنبە، جۈمە كۈنى يولغا چىقىشقا بولمايدۇ. چۈنكى،

كۈنلەر ئىچىدە سەيشەنبە قۇتسىز كۈن، شۇ كۈنى «توڭگۇزمۇ موينى تاشلىمايدۇ»، جۈمە روھىناتلارنىڭ سېغىنىشلىق كۈنى، جۈمە كۈنى ئەجدادلار روھىغا دۇئا ـ تەكبىر قىلماي، تۇپراق بېشىنى يوقلىماي بولمايدۇ، دەپ ھېسابلىنىدۇ. شۇڭا، بۇ ئىككى كۈندە يولغا چىقىش «يامان بولىدۇ»، «پېشكەللىككە ئۇچرايدۇ» دەپ قارىلىدۇ.

41. چارۋا مالنى، بولۇپمۇ قوينى ئۇرماسلىق، تەپمەسلىك لازىم. چۈنكى، قوي ئامەت، بەختىنىڭ سىمۋولى دەپ قارىلىدۇ. ئەتىگەندە قوي ئۇچرىسا «ئامەت كېلىدۇ» دېيىش ئاشۇ ئەقىدە ئاساسىدا مەيدانغا كەلگەن. شۇڭا، قوينى ئۇرۇش، تېپىش يامان ئېلىنىدۇ.

42. ئاياللار ئارغامچا ۋە كىر سۈيىنى ئاتلىماسلىق لازىم. ئارغامچىنى ئاتلىسا، ھەمراھى ئاسان چۈشمەيدىغان، كىر سۈيىنى ئاتلىسا، تۇغۇتتا ھال باسىدىغان بولۇپ قالىدۇ، دەپ قارىلىدۇ.

43. يېڭى تۇغۇتلۇق ئۆيگە يات كىشى كىرىشكە بولمايدۇ. شۇڭا، ئىشىك بېشىغا قىزىل لاتا ئېسىپ قويۇلىدۇ. ئادەتتە تۇغۇت يوقلاپ كېلىدىغانلارمۇ ئون ئىككى ئىدىردىن كېيىن يوقلايدۇ.

44. كىشىگە قول شىلتىپ تۇرۇپ گەپ قىلىش يامان ئېلىنىدۇ. چۈنكى، ئۇنداق قىلىش كىشىنى كۆزگە ئىلمىغانلىق، پەس كۆرگەنلىك بولىدۇ.

45. ئۇيىنىشىپ بولسىمۇ كىشىگە تىغ تەڭلەشكە بولمايدۇ. چۈنكى، تىغ شەرتلىك، يامان بولىدۇ، دەپ قارىلىدۇ.

46. چوڭلارنىڭ، جۈملىدىن ئۇستازلارنىڭ ئالدىدا تاماكا چەكمەسلىك، ئىچىملىك ئىچمەسلىك لازىم. ئۇنداق قىلىش ھۆرمەتسىزلىك بولىدۇ.

47. كىشى ئوتتۇرىسىدا گەپ توشۇش تولىمۇ يامان ئېلىنىدۇ. گەپ توشۇغۇچى «سۇخەنچى»، «تەخسىچى»...... دەپ ئەيىبلىنىدۇ.

48. ئەتىگەندە ۋە ياتاردا چۈش ئۆرۈشكە بولمايدۇ. بۇنداق چاغدا ئۆرۈلگەن چۈش ئوڭغا تارتمايدۇ، دەپ قارىلىدۇ.

49. ئەتىگەندە يىغلاش ۋە قايغۇ، قورقۇنچ ئۇقۇمىدىكى سۆزلەرنى قىلىش يامان ئېلىنىدۇ. چۈنكى، ئەتىگەندە يىغلاش، ئۇنداق سۆزلەرنى

قىلىش پېشكەللىك ئېلىپ كېلىدۇ، دەپ قارىلىدۇ.

50. پۇتنى قىبلىگە سۇنۇپ يېتىش يامان بولىدۇ، دەپ قارىلىدۇ.

51. چاچ - ساقال، بۇرۇت، تىرناقنى ۋە ئەۋرەت مويى، قولتۇق موينى زىيادە ئۆستۈرۈۋېتىش يامان بولىدۇ، دەپ قارىلىدۇ.

52. ئەر - ئايال بىللە بولغاندىن كېيىن، شۇنىڭدەك بالاغەتكە يەتكەن ئوغۇل - قىزلار ۋە چوڭلار چۈشىدە جىنسىي مۇناسىۋەتتىن ھۇزۇرلانغان بولسا غۇسۇل قىلىش كېرەك. غۇسۇل قىلمىسا يامان بولىدۇ، «ئادەمنى پالاكەت باسىدۇ» دەپ قارىلىدۇ. ئاياللار ھەر قېتىم ئادەت توختىغاندا يۇيۇنمىسىمۇ «پالاكەت باسىدۇ» دەپ يامان ئېلىنىدۇ.

53. ئات - كالا، قوي، تۆگە، جەرەن - كېيىك قاتارلىق ھايۋانلار، غاز، ئۆردەك، توخۇ، كەكلىك قاتارلىق ئۇچار قاناتلاردىن باشقا، چوشقا، ئېشەك - قېچىر، ئىتنى ئۆز ئىچىگە ئالغان يىرتقۇچ ھايۋانلارنى ھارام دەپ يېمەيدۇ، قوي - كالىلارنىڭمۇ رەسمىي بوغۇزلانغانلىرىنى يەيدۇ. قېنىنى ئىچمەيدۇ، ئۆزى ئۆلۈپ قالغاننى يېمەيدۇ.

54. ناماز ئوقۇغاندا ۋاراڭ - چۇرۇڭ قىلىش، ئەزان تۈۋلىغاندا پاراڭ سېلىش يامان بولىدۇ، دەپ قارىلىدۇ.

55. ناماز ئوقۇۋاتقاندا سەپنىڭ ئالدىدىن ئۆتۈشكە بولمايدۇ.

56. زاراتلىققا قالايمىقان كىرىش مەنئى قىلىنىدۇ.

57. ناماز ئوقۇيدىغان ئۆيگە، بولۇپمۇ قىبلە تامغا ئادەم سۈرىتى ئېسىشقا بولمايدۇ.

58. ئىسلام دىنىدىن غەيرىي دىندىكىلەرنىڭ مەسچىتكە كىرىشى، مەسچىت ئەتراپى ۋە ئىچىدىغان سۇ بويىدا چوشقا بېقىشى يامان ئېلىنىدۇ.

59. كىشىنى تىللاش، بولۇپمۇ بىراۋنىڭ ئايالىنى ئاتاپ تىللاش بەك ئېغىر ئېلىنىدۇ.

60. كەيپخورلۇق، قىمارۋازلىق پۈتۈن جەمئىيەتنىڭ ئەيىبلىشىگە ئۇچرايدۇ.

61. قۇدۇق، ئېرىق - ئۆستەڭ بويىغا ھاجەتخانا، قوتان سېلىش مەنئى قىلىنىدۇ.

62. زىنا قىلىش، كىشىگە قارا ساناش، كىشى ھەققىنى يېيىش قاتارلىق ئىشلارغا پۈتۈن جەمئىيەت لەنەت - نەپرەت ياغدۇرىدۇ.

ئومۇمەن قىلىپ ئېيتقاندا، تۇرمۇشىمىزدا يامان ئېلىنىپ كېلىۋاتقان بۇنداق قىلمىش - ئادەتلەرنىڭ مۇتلەق كۆپ قىسمى ئەنئەنىۋى مىللىي ئەخلاق مىزانىمىز ئاساسىدا تەقىبلەنگەن، بىر قىسمى ئىسلامىيەت ئەخلاق مىزانى ئاساسىدا تەقىبلەنگەن بولسىمۇ، ئۇ قەدىمكى ئەنئەنىمىز بىلەن مۇجەسسەملىشىپ، مىللىي ئەخلاق مىزانىمىزنىڭ تەركىبىي قىسمىغا ئايلانغان[1].

[1] ئابدۇرەھىم ھەبىبۇللا: «ئۇيغۇر ئېتنوگرافىيەسى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1993 - يىلى 4- ئاي نەشرى 528- ، 538 - بەتلەر.

## ئۈچىنچى بۆلۈم

# ئۇيغۇرلارنىڭ ئەدەبىيات ـ سەنئەت فولكلور مەدەنىيىتى

# بىرىنچى باب

## ئۇيغۇرلارنىڭ تىل ئادەتلىرى

ئەدەبىيات ـ سەنئەت بىر مىللەتنىڭ ئەڭ مۇرەككەپ، ئەڭ نازۇك، ئەڭ تىپىك مىللىي خۇسۇسىيىتى ۋە پسىخىكىلىق ئالاھىدىلىكىنى يەنى گۈزەللىك زوقىنى تىل ماتېرىيالى ۋە ئۇسسۇل ـ نەغمىسى، ھۈنەر ـ سەنئەت، رەسساملىق، نەققاشلىق، ھەيكەلتىراشلىققا ئوخشاش بىر قاتار سەنئەت ۋاستىسى ئارقىلىق ئوبرازلىق ئىپادىلەيدىغان بىر خىل ئالاھىدە ئادەت شەكلى. بۇ ئالاھىدە ئادەت شەكلىنى كونكرېتلاشتۇرۇپ «تىل سەنئىتى ۋە سەنئەت ئادىتى» دەپ ئاتاشقا بولىدۇ. روشەنكى، تىل سەنئىتى ھەر خىل ئادەت تىل ئارقىلىق گەۋدىلىنىدۇ، تىل شۇڭلاشقا ئاغزاكى (جانلىق) تىل، يېزىق (ئەدەبىي) تىلى دەپ؛ ئاغزاكى تىل ئادەتلىرى ئارقىلىق ئىپادىلىنىدىغان تىل سەنئىتى «ئاغزاكى ئەدەبىيات»، يېزىق تىل ئادىتى بىلەن ئىپادىلىنىدىغىنى «يازما ئەدەبىيات» دەپ ئاتالغان.

ئاغزاكى تىل ئادەتلىرىدىن باشقا، ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ يەنە بىرمۇنچە سەنئەت ئادەتلىرى بولۇپ، بۇلارنىمۇ تەتقىق قىلىشقا ئەرزىيدۇ. مەسىلەن، خەلق مۇزىكىسى، گۈزەل سەنئەت، ئۇسسۇل، ھەر خىل ئاممىۋى تەنھەرىكەت ماھارەتلىرى، ئويۇن ـ تاماشا قاتارلىقلار. بۇ خىل ئادەت ھادىسىلىرىمۇ خۇددى ئاغزاكى تىل ئادەتلىرىگە ئوخشاشلا خەلقنىڭ ماددىي ۋە ئىجتىمائىي ئادەتلىرى بىلەن باغلانغان ھالدا مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدۇ. خەلق ئارىسىدا تارقىلىپ يۈرگەن مۇزىكا، ئۇسسۇل، قول ھۈنەر ـ سەنئىتى (رەسساملىق ۋە ھەيكەلتىراشلىق)، ماھارەت كۆرسىتىش سەنئىتى ۋە باشقا ئويۇنلارنىڭ گەرچە ماددىي

ئىپادىلىنىش شەكلى بولسىمۇ، لېكىن تېگى ـ تەكتىدىن ئالغانـدا، ئۇلار يەنىلا بىر خىل مەنىۋى مەدەنىيەت ھادىسىلىرىدۇر.

## 1. ئاغزاكى تىل ئادەتلىرى

بۈگۈنكى ئۇيغۇرلار مىللەت بولۇپ شەكىللىنىشتىن بۇرۇنقى ئۇزاق، مۇرەككەپ تارىخىي جەرياندا ۋە ھازىرغا قەدەر ئۆز تىلىنى ئىزچىل ھالدا ئورتاق ئالاقىلىشىش قورالى قىلىپ كەلدى ۋە كەلمەكتە. مەلۇمكى، ئۇيغۇر تىلى ئالتاي تىللىرى سىستېمىسى تۈركىي تىللار ئائىلىسى، غەربىي ھۇن تىل سىستېمىسى تۈركىي تىللار ئائىلىسى، غەربىي ھۇن تىل تارمىقى ئۇيغۇر ـ قارلۇق تىل گۇرۇپپىسىغا مەنسۇپ.

ئۇيغۇر تىلى ئۇيغۇر مەدەنىيىتىنىڭ ئەڭ تىپىك نامايەندىلىرىدىن بولۇپ، 4 ـ، 5 ـ ئەسىرلەردىلا ئۇرۇق، قەبىلە تىلى ئاساسىدا بىرلىككە كېلىشكە، ئومۇملىششقا قاراپ يۈزلەنگەن. ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقى دەۋرىگە كەلگەندە لۇغەت فوندى ۋە گىرامماتىكا قۇرۇلمىسى قاتارلىق جەھەتلەردە مۇئەييەن تۇراقلىققا ئىگە رەسمىي يېزىق تىلى بولۇپ شەكىللىنىش بىلەن خاندانلىق تەۋەسىدە قوللىنىلىدىغان ئورتاق تىلغا ئايلانغان. خاندانلىق مەيدانغا كېلىش بىلەن ئۇيغۇرلارنىڭ ئېتنىك ئومۇملۇقىدا كەڭ كۆلەملىك بىرلىشىش، قوشۇلۇش ۋەزىيىتى مەيدانغا كېلىپ، بىرلىككە كەلگەن ئۇيغۇر تىلى ئاساسىدا ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ ئاساسىي گەۋدىسى شەكىللەندى، بىرلىككە كەلگەن ئۇيغۇر تىلى ۋەزىيەتىنىڭ تەرەققىياتى ۋە مۇستەھكەملىنىشىنى تېخىمۇ ئىلگىرى سۈردى، ئۇيغۇر قەبىلىلەر ئىتتىپاقى تەركىبىدىكى قەبىلىلەر خاندانلىق تەۋەسىدىكى تۈركىي تىلدا سۆزلىشىدىغان باشقا قەبىلىلەرنى «ئۇيغۇر» دېگەن نام ئاستىغا جەملىشى ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ شەكىللىنىشىدە ھەل قىلغۇچ رول ئوينىدى ۋە ئۇيغۇرلارنىڭ بىر پۈتۈن گەۋدە سۈپىتىدە مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشىدا داۋاملىق رول ئويناپ كەلدى. بۇ جەريان ئۇيغۇرلارنىڭ ئېتنىك تەركىبىگە ئۈزلۈكسىز سىڭىپ كىرگەن قەبىلە ـ قوۋملار تىلىدىن يېڭىدىن ـ يېڭى ئۇزۇق قوبۇل قىلىپ، لۇغەت

تەركىبىنىڭ داۋاملىق بېيىش، ئىپادىلەش ئىقتىدارىنىڭ ئومۇمىيۈزلۈك ئۆسۈش جەريانى بولدى. بۇنىڭ بىلەن ئۇيغۇر تىلى ئۆز دەۋرىدە تۈركىي تىلدا سۆزلىشىدىغان قوۋملارنىڭ ھەممىسى چۈشىنىدىغان ئورتاق تىلغا ئايلىنىپ قالدى، خانىدانلىق يىمىرىلگەندىن كېيىنمۇ 14 - ئەسىرگىچە بولغان ئۇزاق تارىخىي جەرياندا ئوتتۇرا ئاسىيادا ياشىغۇچى تۈركىي قوۋملارنىڭ ئورتاق ئەدەبىي تىلى بولۇپ كەلدى. شۇڭا، ئۇيغۇر تىلىدا كەسپىي ئاتالغۇلار بىلەن ئايرىم سۆزلەردىكى فونېما پەرقلىرىنى ھېسابقا ئالمىغاندا، ئاساسىي جەھەتتىن دىيالېكت پەرقى يوق.

قەدىمكى ئۇيغۇر تىلى ئۆز دەۋرىدە يۇقىرىدا تىلغا ئېلىنغان بىر قاتار تارىخىي ۋەزىپىلەرنىڭ ھۆددىسىدىن چىقىشتىن تاشقىرى، ئۇيغۇرلارنىڭ يىپەك يولىنىڭ تۈگۈنىدە ياشىغانلىقىغا مۇناسىپ شەرق بىلەن غەرب مەدەنىيىتىنىڭ ئالمىشىشىدا ۋە شۇ ئاساستا ئۆز مەدەنىيىتىنىڭ گۈللىنىشىدە ئىنتايىن زور رول ئوينىدى. مۇشۇنداق بىرلىككە كەلگەن، تەرەققىي قىلغان تىل بولغاچقا، نۇرغۇن نامىسىز مۇنەۋۋەر ئەدىبلەر (قەدىمكى مەڭگۈتاش پۈتۈك ئاپتورلىرى نەزەردە تۇتۇلىدۇ) ۋە ئوتتۇرا ئەسىردىن ئىلگىرى - كېيىنكى تارىخىي دەۋرلەردە ئىلىم - پەن تارماقلىرى بويىچە مەھمۇد كاشغەرىي، يۈسۈپ خاس ھاجىپ، ناسىردىن رابغۇزى، خۇيلىن، سىڭقۇ سەلى، بىلان ناسىلى، لىيەن خۇيشەن قايا، سارابان، لىيۇ مىڭشەن ۋە فارابى، ئەھمەد يۈكنەكى، ئابدۇرەھىم نىزارىي قاتارلىق مۇتەپەككۇر، ئالىم، تىلشۇناس، ئەدىب، شائىر، تارىخشۇناس، تەرجىمشۇناس، تېۋىپ قاتارلىق نۇرغۇن ئەربابلار يېتىشىپ چىققان. ئۇلار بىزنىڭ پەخىرلىنىشىمىزگە ئەرزىيدىغان مەڭگۈتاش پۈتۈكلىرى، ھەر خىل تېمىدىكى شېئىرىي پارچىلار، «ئوغۇزنامە»، «ئالتۇن يارۇق»، «ئىككى تېكىننىڭ ھېكايىسى»، «چاشتانى ئىلىك بەگ» قاتارلىق ئىجادىي، ئەدەبىي ۋە تەرجىمە ئەسەرلەر، «تۈركىي تىللار دىۋانى»، «قۇتادغۇبىلىك»، «قىسەسۇلئەنبىيا»، «جامئۇل ھېكايەت» قاتارلىق پارلاق مەدەنىي مىراسلارنى قالدۇرۇپ كەتكەن. يۇقىرىقى تىلغا ئېلىنغان نەمۇنىلەر ئۇيغۇرلار نىڭ تىل - ئەدەبىياتىنىڭ ئاجايىپ زور مۇۋەپپەقىيەتلىرىدىن

گۈۋاھلىق بېرىدۇ. قەدىمكى يازما يادىكارلىقلار تىلىنىڭ ئىخچاملىقى، بەدىئىيلىكىنىڭ ئۇستۇنلۇكى، سۆزلەرنىڭ ئېنىق ۋە تۇراقلىقلىقى يادىكارلىقلارنى تەتقىق قىلغان ئالىملارنىمۇ ھەيران قالدۇرماقتا.

ئومۇمەن، ئۇزاق تارىخىي دەۋرنىڭ چايقاش - سىناقلىرىدىن ئۆتكەن ئۇيغۇر تىلى دەۋرىمىزگە كەلگەندە تېخىمۇ تەرەققىي قىلىپ تاكامۇللاشتى[1].

ئۇيغۇر تىلىنىڭ ئىپادىلەش ئىقتىدارىنىڭ ئۇستۇنلۇكىگە مۇناسىپ ئۇيغۇرلارنىڭ تىل سەنئىتىمۇ ئومۇميۈزلۈك تەرەققىي قىلغان. بۇ ئەجدادلىرىمىزنىڭ يىراق ئۆتمۈشتىكى ئىتىقاد ئادەتلىرى، تارىخى ۋە تۇرمۇش ئادىتى مەزمۇن قىلىنغان تىلى گۈزەل، بەدىئىيلىكى يۇقىرى ئېغىز ئەدەبىياتىنىڭ كەڭ ئومۇملاشقانلىقى، تەرەققىي قىلغانلىقى بىلەن خاراكتېرلىنىدۇ.

مەلۇمكى، ئېغىز ئەدەبىياتى — يازما ئەدەبىياتنىڭ ئاساسى. ئېغىز ئەدەبىياتى بولسا ئەجدادلىرىمىزنىڭ ئىشلەپچىقىرىش پائالىيىتى جەريانىدا ئېغىز تىلى ئارقىلىق يارىتىلىپ، تارقىلىپ، بايان قىلىنىپ كەلگەن. شۇنىڭ ئۇچۇن، ئۇنىڭ تۇرى كۆپ، مىللىيلىقى كۇچلۇك بولۇپ، ئەپسانە، رىۋايەت (مەدداھلىق)، ھېكايە - چۆچەك، بېيىت (نەزم)، قوشاق (ناخشا - غەزەل)، ماقال - تەمسىل، تېپىشماق، مەسەل قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

ئۇيغۇرلارنىڭ تىل ئادىتى يەنى ئاغزاكى تىل ئادەتلىرىنى ئۇنىڭ ئالاھىدىلىكى ۋە ئىجرا قىلىنىش ئۇسۇلىغا ئاساسەن تۆۋەندىكىدەك ئۇچ تۈرگە بۆلۈشكە بولىدۇ:

**مەدداھلىق**

مەدداھلىق ئاغزاكى تىل ئادەتلىرىنىڭ كەڭ تۇردە ئومۇملاشقان ئەنئەنىۋى شەكىللىرىدىن بىرى. ئۇيغۇرلار ئارىسىدا مەدداھلىق ناھايىتى

---

[1] ئابدۇرەھىم ھەبىبۇللا: «ئۇيغۇر ئېتنوگرافىيەسى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1993 - يىلى 4 - ئاي نەشرى، 412 - ، 414 - بەتلەر.

تەرەققىي قىلغان ئەنئەنىۋى ئادەتلەرنىڭ بىرى بولۇپ، مۇشۇ كەسىپ بىلەن شۇغۇللانغۇچى كىشى «مەدداھ» (ۋائىز) دەپ ئاتىلىدۇ. مەدداھلار خەلق ئارىسىدىكى تالانتلىق ۋە ئىقتىدارلىق سۆز سەنئەتكارلىرى بولۇپ، ئۇيغۇر ئەلنەغمە سەنئىتى ئەنە شۇ مەدداھلىق ئادىتىدىن ئۆسۈپ چىققان.

مەدداھلىق ناخشا، مۇزىكا ۋە دىراماتىك ھېرىكەتنى بىر گەۋدىگە ئايلاندۇرغان ئۇنىۋېرسال سەنئەت شەكلى بولۇپ، ئۇنىڭ كىشىلەرنى جەلپ قىلىش كۈچى ناھايىتى زور. شۇنىڭ ئۈچۈن، ئۇزاق زامانلاردىن بۇيان مەدداھلار خەلق ئارىسىدا زور ئىناۋەتكە ئىگە بولۇپ كەلگەن. مەدداھلىق ئادىتى بولۇپمۇ خوتەن، قەشقەر، يەكەن قاتارلىق جايلاردا كەڭ ئەۋج ئالغان. بازار كۈنلىرى ئاتاقلىق مەدداھلار تەرەپ - تەرەپتىن بۇ جايلارغا يىغىلىپ، مۇۋاپىق سورۇندا بەس - بەس بىلەن مەدداھلىق قىلغان. چوڭ سورۇنلاردا مەدداھلىق قىلغۇچىلار بىرقانچە مەدداھتىن تەركىب تاپقان بولۇپ، بىرى ئاساسلىق رول ئالغۇچى باش مەدداھ، بىر ياكى ئىككىسى «دوست تارتىپ بېرىدىغان» قوشۇمچە مەدداھ ھېسابلىنىدۇ. بەزىدە مۇزىكا تەڭكەش قىلىپ بەرگۈچى سازەندە ئايرىم بولسا، بەزىدە باش مەدداھ ئۆزى ھەم مۇزىكا چالىدۇ، ھەم ناخشا ئېيتىدۇ، ھەم سۆزلەيدۇ. مەدداھنىڭ سۆزلەيدىغانلىرى كۆپىنچە قەدىمكى تارىخىي قىسسىلەر، ئاتاقلىق خەلق داستانلىرى، ئەپسانە- رىۋايەتلەر، قىزىقارلىق ھېكايە - چۆچەكلەر، جەڭنامىلەر ۋە بەزى داڭلىق كىلاسسىك ئەسەرلەرنىڭ مەزمۇنى قاتارلىقلاردىن ئىبارەت بولۇپ، ھېكايە قىلغاندا خۇددى دىراما ئارتىسلىرىدەك يالغۇز ئۆزى بىرقانچە پېرسوناژنىڭ ئوبرازىنى جانلىق گەۋدىلەندۈرۈپ بېرەلەيدۇ. شۇڭا، مەدداھ سورۇن تۈزمەكچى بولۇپ چاقىرىش دۇمبىقىنى ياكى ناغرىسىنى چالغان ھامان مەدداھقا ئۆگىنىپ قالغان خەلق توپى ئۇنىڭ ئەتراپىغا دەرھال يىغىلىپ، ئۆزلۈكىدىن چەمبەر شەكلىدە مەيدان ھازىرلايدۇ. مەدداھنىڭ سەنئەت ماھارىتىگە مەپتۇن بولغان خەلق ئۇنىڭ مەدداھلىق پائالىيىتى ئاخىرلاشقۇچە بىرقانچە سائەت مىدىرلىماي ئولتۇرىدۇ ياكى ئۆرە تۇرۇپ ئاڭلايدۇ.

ئۇيغۇرلار ئارىسىدا يۇقىرىقىدەك كەسىپلەشكەن مەدداھلىقتىن باشقا، يەنە بەزى رايونلاردا ياشانغانلار بىرەر ئۆيگە توپلىشىپ ھەركىم ئۆزى بىلگەنچە قىسسە ياكى ھېكايە ئېيتىشىدىغان، قىزىقارلىق قەدىمكى كىتاب - رىساللەرنى ئوقۇپ ئاڭلايدىغان ئادەتمۇ بار. مەسىلەن، تۇرپان رايونىدىكى ياشانغانلار ئارىسىدا قەرەللىك ئۆتكۈزۈلۈپ تۇرىدىغان «دادۇر مەشرىپى» ئەنە شۇنداق خاراكتېرگە ئىگە. بۇمۇ مەزمۇن ماھىيىتىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا مەدداھلىقنىڭ بىر خىل تۈرى ھېسابلىنىدۇ.

مەدداھلىق ئۇيغۇرلارنىڭ ئاممىۋى مۇراسىم ۋە ھەر خىل سەيلە پائالىيەتلىرىدە ناھايىتى قىزىپ كېتىدۇ. قەشقەرنىڭ «ھەزرەت سەيلىسى»، ئوپالدىكى «نورۇز بۇلاق سەيلىسى»، يېڭىساردىكى «ئودىخېنىم سەيلىسى»، خوتەندىكى «كوھمارىم سەيلىسى» قاتارلىق كۆلىمى چوڭ مۇراسىم پائالىيەتلىرىنىڭ ئاساسىي مەزمۇنلىرىدىن بىرى مەدداھلىق بولۇپ، مۇشۇ سەيلە مەزگىللىرىدە يۇرت - يۇرتلاردىن كەلگەن مەدداھلار تەرەپ - تەرەپتە سورۇن تۈزۈپ، مىڭلىغان سەيلىچىلەرنى ئۆزىگە جەلپ قىلىدۇ.

مەدداھلىق ئەدەبىياتىنىڭ مەزمۇنى ئىچىدە گەرچە ساغلام بولمىغان بەزى دىنىي تەركىبلەرنىڭ بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، ئۇنىڭ خەلق سەنئىتىنى يۈكسەلدۈرۈش، خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىنى تارقىتىش ۋە بېيىتىش، خەلقنىڭ ئەدەبىي مىراسلىرىنى ساقلاپ قېلىش قاتارلىق جەھەتلەردە ئوينىغان رولىنى تۆۋەن مۆلچەرلەشكە بولمايدۇ[1].

مەدداھلارنىڭ سەييارە مەدداھلىق قىلىش ئادىتى ئۇلار ئۈچۈن ئۆز ماھارىتىنى ئۆستۈرۈش، ئۆگىنىش، توپلاش، تارقىتىش جەريانىدىن ئىبارەت. خەلق ئىچىدە تارقىلىپ يۈرگەن رىۋايەت، ھېكايە - چۆچەك، داستان - قىسسە قاتارلىقلار شۇلارنىڭ ئۆگىنىشى، توپلىشى، رەتلەپ قايتا ئىجاد قىلىپ تارقىتىشى ئارقىلىق ئەۋلادتىن - ئەۋلادقا داۋاملىشىپ بۈگۈنكى كۈنگە يېتىپ كەلگەن دېيىشكە بولىدۇ. بىز مەدداھلىقنىڭ بۇ

---

[1] ئابدۇكېرىم رەھمان، رەۋەيدۇللا ھەمدۇللا، شېرىپ نىياز خۇشتار: «ئۇيغۇر ئۆرپ - ئادەتلىرى»، شىنجاڭ ياشلار - ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى 1996- يىلى نەشرى، 197-، 198- بەتلەر.

ئالاھىدىلىكى، رولىغا قاراپ ئاغزاكى تىل ئادىتى بويىچە مەدداھلىقنى «مەدداھلىق ئەدەبىياتى» ياكى ئاممىۋى ئەدەبىي سەنئەت پائالىيىتى دەپ، مەدداھلارنى تالانتلىق ئەدىب ۋە سەنئەتكار، تەرغىباتچى دەپ ئاتىساق ھەرگىز مۇبالىغە قىلغان بولمايمىز.

مەدداھلىق ئاغزاكى تىل ئادەتلىرىنىڭ كەڭ تۈردە ئومۇملاشقان ئەنئەنىۋى شەكىللىرىنىڭ بىرى بولۇپ، ئۇ تىل ئىشلىتىش جەھەتتە بايان تىلىنى قوللىنىدۇ. مەدداھلىقتا قوللىنىلغان باياني تىل بىۋاستە ھالدا ئەپسانە، رىۋايەت ۋە ھېكايە - چۆچەك قاتارلىقلارنى بايان قىلىشتا ئىپادىلىنىدۇ.

«مەدداھ» ماختىغۇچى دېگەن مەنىدىكى سۆز بولۇپ، مەدداھلارنىڭ نۇتۇق ماھارىتى يۇقىرى، ھېسسىياتى ئىنتايىن كۈچلۈك بولىدۇ. ئۇلار ھېكايە سۆزلىگەندە سۆزگە قوشۇپ ناخشا توۋلايدۇ. ئۇلار ئوقۇغان ناخشىلارنىڭ ئاھاڭدارلىقى كۈچلۈك بولۇپ، ئۇدارى ئەركىن ياكى 7/8 لىك ئۇداردا بولىدۇ. ئاھاڭىنىڭ شەكلى ھەم ئېگىز، ھەم ئەۋرىشىم بولۇپ، كىشىلەرنى مەپتۇن قىلىش كۈچىگە ئىگە. مەدداھلار ھېكايە ئېيتقاندا بىر ياكى ئىككى كىشى «دوست» تارتىپ ماسلىشىپ بېرىدۇ.

ئۇيغۇر دىنىي مۇزىكىلىرىنىڭ بەزىلىرىدە خۇراپاتلىق ئامىللىرى بولسىمۇ، ئۇنىڭ ئەنئەنىۋى مۇزىكىلار بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى ئىنتايىن زىچ، شۇڭا ئۇنىڭ مۇزىكا جەھەتتىكى قىممىتىگە سەل قاراشقا بولمايدۇ[1].

## چاقچاق

چاقچاق ئۇيغۇرلارنىڭ ئەنئەنىۋى ئادەتلىرىنىڭ بىر تۈرى بولۇپ، خەلق ئاغزاكى ئىجادىيىتىنىڭ ھەجۋىي تۈرىگە خاس ئاممىۋى ژانىردۇر. چاقچاق ئۇيغۇرلار ئارىسىدا شۇنچىلىك كەڭ ئومۇملاشقانكى، ئۇيغۇرلارنىڭ كۈندىلىك تۇرمۇشىنى چاقچاقسىز تەسەۋۋۇر قىلىش مۇمكىن ئەمەس. ئۆزىنىڭ شەكلى بويىچە چاقچاق ئالاھىدە بىر خىل دىيالوگ بولۇپ، ئۇ ئادەتتە ئىككى ياكى ئۇنىڭدىنمۇ كۆپ ئادەملەر ئارىسىدا

---

[1] سەپەر ھۇسسىين: «ئۇيغۇرلاردا ئەنئەنىۋى دىنىي مۇزىكا»، «شىنجاڭ تارىخىدىن تەرمىلەر»، 1993 - يىللىق 1 - سان، 72 -، 73 - بەتلەر.

قانات يايىدۇ، ئەمما چاقچاق خاراكتېر جەھەتتىن كىشىلەرنىڭ ئادەتتىكى سۆھبىتى ئەمەس، چاقچاقنىڭ يادروسى جاراڭلىق كۈلكە بولغاچقا، ئۇ كىشىلەردە ئىختىيارسىز تەبىئىي كۈلكە قوزغاشنى مەقسەت قىلىدۇ.

ئىنسان كۈلكىگە موھتاج. شۇڭا، كىشىلەر «بىر قېتىم كۈلسەڭ ئون يىل ياشىرىسەن» دېيىشىدۇ.. مۇشۇ نۇقتىدا چاقچاق بىر خىل مەنىۋى كۈچ سۈپىتىدە ئىنسان قەلبىگە ئىستېتىكىلىق زوق بېغىشلاپ، روھنى ئۇرغۇتۇپ، ھايات مەئىشەتلىرىدىن ھۇزۇرلاندۇرىدۇ.

ئۇيغۇرلار خۇش چاقچاق، يۇمۇرغا باي خەلق. شۇڭا، ئۇلار قەدىمدىن تارتىپ چاقچاقنى ئۆز تۇرمۇشىغا ھەمراھ قىلىپ كەلگەن. ئۇلار ئۆزئارا بىر- بىرى بىلەن كۆرۈشكەندە گېپىنى چاقچاق بىلەن باشلايدۇ. ئۇيغۇرلارنىڭ تۇرمۇشىدىكى توي - تۆكۈن، خاتىرە مۇراسىملىرى، مېھماندارچىلىق، سەيلە - ساياھەت، ھەمشىرىلەر سۆھبەتلىرىنىڭ ھەممىسى چاقچاقسىز ئۆتمەيدۇ. شۇڭا، كۈلكە - چاقچىقى بولمىغان ئولتۇرۇشلارنى «راھىبلارنىڭ بۇتخانىدىكى تىلاۋىتى» گە ئوخشىتىپ، ئۇنىڭدىن رازى بولمايدۇ. ئۇيغۇرلار ئارىسىغا كەڭ تارالغان «نەسىرىدىن ئەپەندى لەتىپىلىرى»، «موللا زەيدىن لەتىپىلىرى»، «سەلەي چاققان لەتىپىلىرى» دىن تارتىپ بۈگۈنكى رېئال تۇرمۇشىمىزغا كۈلكە بېغىشلاۋاتقان ھېسام قاتارلىق لەتىپىچىلەرنىڭ خۇشخۇي ئوبرازلىرى ئۇيغۇرلاردىكى ئەنە شۇ چاقچاق ئادىتىنىڭ جانلىق سىماسى. ئۇيغۇرلارنىڭ سۆز سەنئىتىدە چاقچاق ژانىرىنىڭ شۇنچىلىك ئەۋج ئېلىشى ئۇلارنىڭ مىللىي پسىخىكىسىدىكى يۇمۇرلۇق خاراكتېرى بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك. بۇنداق يۇمۇرلۇق خاراكتېرنىڭ يېتىلىشىدە ئۇيغۇر جەمئىيىتىنىڭ تەبىئىي جۇغراپىيەلىك شارائىتى، ئىقتىسادىي شارائىتى، ئىجتىمائىي شارائىتى، تارىخىي شارائىتى، مەدەنىيەت قاتلىمى...... قاتارلىق ئىچكى - تاشقى ئامىللارنىڭ مىللىي خاسلىقى سەۋەب بولغان.

ئۇيغۇر چاقچاقلىرىنىڭ ئالاھىدىلىكى كۆپ تەرەپلىمىلىك بولۇپ، ھازىرجاۋابلىق، مەنتىقلىقلىق، دەلمۇدەللىك، قاراتمىلىق، يوشۇرۇن مەجازلىق، ئوبيېكتىپلىق (پىكىر مەزمۇنىنىڭ بىر - بىرىگە چەمبەرچاس

باغلىنىشى) قاتارلىق ئالاھىدىلىكلەرگە مەركەزلىشىدۇ. ھەرقانداق ۋاقىتتا چاقچاق بىر تېمىغا، بىرەر نىشان (ئوبيېكت)غا مەركەزلىشىدۇ، ئۇنىڭدىن چەتنەپ كەتسە چاقچاقنىڭ كۈچى بولمايدۇ ھەمدە كۈلكە پەيدا قىلالمايدۇ.

ئۇيغۇرلاردا چاقچاقنىڭ تۈرلىرى سورۇنغا قاراپ ھەر خىل بولىدۇ. مەسىلەن:

«ئۇچۇم قىلىش» خاراكتېرىدىكى چاقچاقلار، يەنى كونكرېت بىر ماۋزۇ ئەتراپىدا ئايلىنىپ تۇرغان چەمبەر ئىچىدە چاقچاقلىشىش. چاقچاقنىڭ بۇ خىل شەكلىدە بىرەر شەخسنى چۆرىدىگەن ھالدا ئۇنىڭ ھاياتىدىكى ھەربىر ئېپىزوت ۋە قىزىق سۈپەتلىرىنى، خاراكتېرىدىكى ئۆزگىچىلىكلەرنى كۈلكىلىك تەسۋىرلەش، مۇبالىغىلەشتۈرۈش ئارقىلىق غەيرىي «ئادەم» ياساپ چىقىش «ئۇچۇم قىلىش» دېيىلىدۇ. چاقچاقنىڭ ئاجايىپ ماھارەت بىلەن ئۆز ئوبيېكتىنى «ئۇچۇم» قىلغاندىن كېيىن، ئاخىرىدا ئەپچىل ئۇسۇل بىلەن ئۇنى قايتۇرۇپ قاتارغا قوشۇۋالىدۇ. نەتىجىدە چاقچاقنىڭ ئوبيېكتى، جۈملىدىن باشقىلارمۇ بۇنىڭدىن ھېچقانداق غەيرىيلىك ھېس قىلمايدۇ.

«لەقەملىك چاقچاق» — چاقچاقنىڭ ئەڭ كەڭ تارقالغان تۈرى. ئۇيغۇرلاردا شەخسلەرنىڭ خاس ئىسىملىرىغا قانداقتۇر بىر لەقەمنى قوشۇپ ئاتاش ئادەتكە ئايلانغان. خەلق ئارىسىدا «لەقەمسىز كىشى بولماس» دېگەن ئىبارە بار. دەرۋەقە، ئۇيغۇرلاردا شەخسىي لەقەمدىن باشقا، ئاتىدىن بالىغا، بالىدىن بالىغا مىراس قالىدىغان ئەۋلادلار لەقىمى، ھەتتا يۇرت - مەھەللىلەرگە ئورتاق يۇرت لەقەملىرى بولىدۇ. لەقەملىك چاقچاقتا چاقچاق ئوبيېكتىنىڭ لەقىمىنى توغرىدىن - توغرا تىلغا ئالماي، خىلمۇخىل بوياق بىلەن پەردازلاپ ئىشارىلىك سۆرەتلەش ئارقىلىق كۈلكە پەيدا قىلىدۇ. لەقەملىك چاقچاقتا چاقچاقچىنىڭ ھازىرجاۋاب بولۇشى، تەسەۋۋۇر ۋە تەپەككۇر ئىقتىدارىنىڭ كۈچلۈك بولۇشى تەلەپ قىلىنىدۇ.

ماقال - تەمسىللىك چاقچاقلار: چاقچاقنىڭ بۇ تۈرى كۆپ ھاللاردا لەقەملىك چاقچاقلار بىلەن ئوخشىشىپ كېتىدۇ. مەسىلەن، بىر

كىشىنىڭ لەقىمى «تۆگە» بولۇپ، ئۇ بىر ئولتۇرۇشتا قوپال، قاملاشمىغان ئىش قىلىپ قويسا، بۇنى بايقىغان چاقچاقچى «تۆگىنىڭ مازار بىلەن ئىشى يوق» دېگەن ماقالدىن پايدىلىنىش ئارقىلىق چاقچاق باشلايدۇ. چۈنكى، ھەرقانداق ماقال ـ تەمسىل پەيدا بولۇش جەھەتتىن قاراتمىلىققا ئىگە. شۇنىڭ ئۈچۈن، چاقچاقچىلار خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى ئىچىدىكى ماقال ـ تەمسىللەردىن، نەسرىدىن ئەپەندى لەتىپىلىرىدىن، خەلقنىڭ ھېكمەتلىك سۆزلىرىدىن ئۇستىلىق بىلەن پايدىلىنىشقا ماھىر بولۇشى كېرەك.

چاقچاقنىڭ «ئوخشىتىش» شەكلىدە، ئوبيېكت قىلىنىدىغان شەخسنىڭ قىياپىتىدە، خۇلق ـ مىجەزىدە كۆزگە چېلىقىدىغان غەلىتە كۆرۈنۈش ۋە غەيرىي ھالەتلىرىنى خۇددى شۇنىڭغا ئوخشىشىدىغان تۈرلۈك نەرسىلەرگە ــ ھايۋانات، ئۇچار قانات ۋە باشقا نەرسىلەرگە ئوخشىتىش، تەڭلەشتۈرۈش ۋە تەقلىد قىلىش ئۇسۇلى ئارقىلىق چاقچاقنى راۋاجلاندۇرىدۇ.

قاپىيەلىك چاقچاق: چاقچاقنىڭ بۇ شەكلى شېئىرىي شەكىلدە قاپىيە قوغلىشىش ئۇسۇلى بىلەن ۋۇجۇدقا چىقىدۇ. قاپىيەلىك چاقچاق ئۇيغۇر تىلىنىڭ پاساھەتىنى نامايان قىلىش بىلەن بىرگە كىشىلەرگە بەدىئىي لەززەت بېرىدۇ. خەلق ئارىسىدا «قاپىيەگە كەلگەندە ئاناڭدىن قايتما» دېگەن ئىبارە بار. بۇ قاپىيەلىك چاقچاق شەكلىنىڭ خەلقىمىز ئارىسىدا ئالاھىدە ئېتىبارغا ئىگە ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىدۇ.

«سۆز ئويۇنى» مۇ چاقچاقنىڭ ئۆزىگە خاس بىر تۈرى بولۇپ، ئۇ ئۇيغۇر تىلىدىكى مۇبالىغە، ئوخشىتىش، سىمۋول، مېتافورا قاتارلىق ئىستىلىستىكىلىق ۋاستىلەرگە تايىنىدۇ.

دېمەك، خەلق دانىشمەنلىكىنىڭ يۈكسەك بىر ئىپادىسى بولغان چاقچاقتا خەلق تىلىنىڭ ھەقىقىي بايلىقى، رەڭمۇرەڭلىكى، ئەۋرىشىملىكى، مەنىدارلىقى، تەسۋىرىي قۇۋۋىتى قاتارلىق ئالاھىدىلىكلىرى نامايان قىلىنىدۇ.

بۇ يەردە شۇنى ئەسكەرتىپ ئۆتۈش كېرەككى، ھەقىقىي مەنىدىكى چاقچاق بىلەن ئادەتتىكى مازاق قىلىش ماھىيەت جەھەتتە ئوخشىمايدۇ.

چۈنكى، مازاق قىلىشتا، بىرىنچىدىن، مەنتىق يوق؛ ئىككىنچىدىن، ئەجابىي مەزمۇندىن كۆرە، ئۇنىڭدا تەنە ۋە دوق قىلىش ئىپادىسى ياكى بىراۋنىڭ زىتىغا، غۇرۇرىغا تېگىش، شەخسنى كەمسىتىش، مەسخىرە قىلىشقا ئوخشاش سەلبىي مەزمۇندىكى پىكىرلەر ھۆكۈم سۈرىدۇ. ئەكسىچە، چاقچاق ئىلمىي بولىدۇ، كىشىلىك مۇناسىۋەتكە ۋە ئەدەپ-ئەخلاق مىزانلىرىغا قاتتىق رىئايە قىلىدۇ، كىشىنىڭ ئەيىبىنى ئېچىپ دىلىنى رەنجىتىشتىن ساقلىنىدۇ. شۇڭا، ئۇيغۇرلار ئارىسىدا چاقچاق سورۇنغا ۋە ئوبيېكتقا قاراپ ئۆزگىرىپ تۇرىدۇ. كىچىكلەر چوڭلارغا، ئەرلەر ئاياللارغا چاقچاق قىلىشتىن ساقلىنىدۇ. قىسقىسى، چاقچاق تۇرمۇشقا خۇشخوي مەزمۇن بېرىشنى مەقسەت قىلىدۇ.

**لەتىپە**

لەتىپە - چاقچاق ئۇيغۇر خەلقىدە ئەڭ ئومۇملاشقان، ئەڭ جانلىق، ئەڭ يۇمۇرلۇق ئاغزاكى تىل ئادىتى. ئەمگەك مەيدانلىرى، ھەرقانداق كۆڭۈل ئېچىش سورۇنلىرى لەتىپە - چاقچاقسىز ئۆتمەيدۇ. ئاددىيسى، كىشىلەر كۆرۈشۈپ سالاملاشقاندا، تاماق ئۈستىدە، ھەتتا تۇپراق بېشىدەك جىددىي سورۇنلاردىمۇ چاقچاقتىن خالىي بولغىلى بولمايدۇ. ئومۇمەن، ئۇيغۇر خەلقىنىڭ كۈندىلىك تۇرمۇشى چاقچاقسىز ئۆتمەيدۇ. چاقچاقخۇمارلىق ئۇيغۇرلارنىڭ پىسخىكىلىق ئالاھىدىلىكىدىن بولغان خۇش پېچىملىق خۇسۇسىيىتىنىڭ گەۋدىلىك ئىپادىسى.

ئۇيغۇر خەلقى لەتىپە - چاقچاقنى شاد - خۇراملىق، كۆڭۈل ئازادىلىكىنىڭ مۇھىم ۋاسىتىسى قىلىپ ئادەتلەنگەندىن تاشقىرى، جەمئىيەتتىكى، كىشىلەر مۇناسىۋىتىدىكى، كىشىلەر مىجەزىدىكى غەيرىي نورمال ئەھۋاللارغا قارىتا ئۆتكۈر تەنقىدىي قورال قىلىپمۇ ئادەتلەنگەن. «نەسىردىن ئەپەندى لەتىپىلىرى»، «سەلەي چاققان لەتىپىلىرى»، «ھېسام چاقچاقلىرى» قاتارلىق لەتىپىلەر شۇنداق لەتىپىلەر جۈملىسىدىن[1].

---

[1] ئابدۇرەھىم ھەبىبۇللا: «ئۇيغۇر ئېتنوگرافىيەسى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1993 - يىلى 4 - ئاي نەشرى، 423 - بەت.

## 2. نەزمىي تىل ئادەتلىرى

نەزمىي تىل ئادەتلىرى ئادەتتە «غەزەلخانلىق» دەپ ئاتىلىدۇ. ئۇ ناخشا ـ قوشاق ئېيتىش ئادىتىگە قارىتىلغان.

غەزەلخانلىق ـ قوشاقچىلىق ئۇيغۇرلاردىكى ناھايىتى ئۇزاق تارىخقا ئىگە، كەڭ ئومۇملاشقان ئادەت. خەنزۇچە مەنبەلەردە خاتىرىلەنگەن «تېپىلار قوشىقى» ئەجدادلىرىمىزدا بۇ ئادەتنىڭ مىلادىيەدىن ئىلگىرىكى ۋە كېيىنكى دەۋرلەردىلا شەكىللىنىپ ئومۇملاشقانلىقىدىن گۇۋاھلىق بېرىدۇ.

قوشاقچىلىق ئۇيغۇرلارنىڭ بىر پۈتۈن تۇرمۇش ئادىتى بىلەن شۇنداق زىچ باغلىنىپ كەتكەنلىكى، ئەمگەك مەيدانلىرى، ئائىلە ئەمگىكى، يول يۈرۈش، توي مۇراسىمى، ئۆمۈر مۇراسىملىرى، ھېيت ـ ئايەم پائالىيەتلىرى، مېھماندارچىلىق، سەيلە ـ مەشرەپ ۋە ھەر خىل ئاممىۋى مەدەنىي پائالىيەتلەر، ھەتتا بوۋاقلارنى ئۇخلىتىش (ئەللەي قوشىقى)، ھازا ئېچىش ۋە مەۋلۇت مۇراسىمى، روزا ـ رامىزان پائالىيىتى قاتارلىق دىنىي مۇراسىملارمۇ قوشاقسىز بولمايدۇ. ئەجدادلىرىمىز ئاشۇنداق بىر قاتار مۇراسىم، ھەرىكەت ـ پائالىيەتلەرنىڭ مەزمۇنىغا مۇناسىپ بېيىت ـ قوشاقلارنى توقۇپ ئېيتىپ، ئۆزلىرىنىڭ ھەر خىل تۇيغۇ ـ ھېسسىيات، ئەقىدە، كۆزقاراشلىرىنى كۈيلەپ، شاد ـ خۇراملىق ئىچىدە ئىش ـ ئەمگەك قىلىشقا ۋە يىغىدىن ـ يىغى بېيىت ـ قوشاق، كۈيلەر (ئاھاڭ) توقۇپ، ئىجاد قىلىپ، مەنىۋى تۇرمۇشىنىڭ مەزمۇنىنى بېيىتىش ۋە جانلاندۇرۇشقا ئادەتلەنگەن. باشقا مىللەتلەرنىڭ ئۇيغۇرلارنى «ناخشا ـ ئۇسسۇلچى مىللەت»، ئۇيغۇرلار رايونىنى «ناخشا ـ ئۇسسۇل ماكانى» دەپ ئاتىشى دەل ئۇيغۇرلارنىڭ مۇشۇ ئالاھىدىلىكىگە قارىتىلغان.

ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ئەمگەك قوشاقلىرى، ئۆرپ ـ ئادەت قوشاقلىرى، تارىخىي قوشاقلىرى، مۇھەببەت قوشاقلىرى ۋە تېپىشماقلىق قوشاقلارنىڭ مۇتلەق كۆپ قىسمى غەزەل (ناخشا) قىلىپ ئېيتىلىدۇ. قوشاقلار ماھىيەت جەھەتتىن ئېيتقاندا ناخشا قىلىپ ئېيتىش ئۈچۈن توقۇلغان بولىدۇ.

غەزەلخانلىق (ناخشا ئېيتىش) ئەڭ دەسلەپ پەيدا بولغان ۋاقىتتا بىر خىل كوللېكتىپ ھالدا ئىجرا قىلىنىدىغان ئۆرپ - ئادەت پائالىيىتى بولغان.

غەزەلخانلىق ئادىتىنىڭ ئەڭ دەسلەپ كوللېكتىپ ھالدا ئىجرا قىلىنىدىغان پائالىيەت بولغانلىقىنى ئۇيغۇر خەلقىنىڭ مەشرەپ پائالىيىتىدە ئېيتىلىدىغان ناخشىلاردىنمۇ كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ. مەشرەپ ناخشىلىرى ئادەتتە ھەرگىزمۇ بىر ئادەم تەرىپىدىن ئېيتىلمايدۇ. ئۇ بىر توپ ناخشىچىنىڭ كوللېكتىپ ھالدا ئۆزئارا ماسلىشىشى بىلەن ئىجرا قىلىنىدۇ.

غەزەلخانلىق ئادىتى ئەڭ دەسلەپ ئىشلەپچىقىرىش ئەمگىكىنى تەشكىللەش ۋە ئۇنى ئۇنۇملۇك ئېلىپ بېرىش ئېھتىياجىدىن كېلىپ چىققان. كېيىنكى ۋاقىتلاردا غەزەلخانلىق ئادىتى تۇرمۇشنىڭ باشقا ساھەلىرىگىمۇ ئومۇميۈزلۈك سىڭىپ كىرگەن بولسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ ئەمگەك بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى يەنىلا ساقلىنىپ قالدى. مەسىلەن، ئۇيغۇرلارنىڭ «خامان ناخشىسى»، «ئورما ناخشىسى»، «ئۆستەڭ ناخشىسى»، «ھارۋىكەش ناخشىسى» قاتارلىقلار ھازىرغىچە ئەمگەك مەيدانلىرىدا ئىجرا قىلىنىپ، ئىشلەپچىقىرىش ئۈنۈمدارلىقىنى ئاشۇرۇش ئۈچۈن خىزمەت قىلىپ كەلمەكتە. ناخشا - قوشاقلارنىڭ تۇرمۇش بىلەن بولغان زىچ مۇناسىۋىتى ھەرقايسى مىللەت خەلقلىرىنىڭ ئۆرپ - ئادىتى ۋە مىللىي مۇراسىملىرىدا تېخىمۇ روشەن ۋە كەڭ ئىپادە قىلىنىدۇ. ئۇيغۇر خەلقىنىڭ نۇرغۇن تۇرمۇش پائالىيەتلىرى ۋە ھەممە مۇراسىملىرى ناخشا - قوشاقلار ياردىمىدە ئېلىپ بېرىلىدۇ. ئاللىيۇق، مېھرىبان ئانىلار بالىلىرىنى ئۇخلىتىشتا مۇڭلۇق ئەللەي قوشىقىنى ئېيتىدۇ. ھەر خىل مېھماندارچىلىق پائالىيەتلىرى ۋە ئولتۇرۇشلارنىڭ ھەممىسىدە ناخشا - قوشاق ئېيتىلىدۇ. ئىنسان تۇرمۇشىدا ئىنتايىن مۇھىم بولغان توي مۇراسىمىنى ئۇنىڭسىز ئۆتكۈزۈش تېخىمۇ مۇمكىن ئەمەس، ھەتتا ۋاپات بولغان كىشىلەرنىڭ مۇسىبەت مۇراسىملىرىمۇ مەرھۇمنىڭ قېرىنداشلىرىنىڭ مۇڭلۇق مەرسىيە قوشاقلىرى ئارقىلىق جانلىنىپ تۇرىدۇ. ھەر خىل ھېيت - بايراملار، مەسىلەن نورۇز پائالىيەتلىرى، روزا

ھېيت ۋە قۇربان ھېيتلارنى تەبرىكلەش ۋاقتىدىكى مۇراسىملار؛ دائىم ئۆتكۈزۈلۈپ تۇرىدىغان ئاممىۋى سەنئەت پائالىيەتلىرى، مەسىلەن مەشرەپ ـ سەيلە پائالىيىتى قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسى ئەمەلىيەتتە ناخشا ـ قوشاقلارنىڭ ئورۇنلىنىش ۋە تارقىلىش سەھنىسىدۇر.

ھەر خىل دىنىي ئېتىقاد بىلەن مۇناسىۋەتلىك پائالىيەتلەرنىڭ نۇرغۇنى ئوخشاشلا ناخشا ـ قوشاقلار ياردىمىدە بولىدۇ. ھازىرغىچە جەنۇبىي شىنجاڭنىڭ بەزى رايونلىرىدا ئۆتكۈزۈلىدىغان يامغۇر تىلەش (زاراخەتمە) مۇراسىملىرىدا ئوقۇلىدىغان قوشاقلار، پېرىخونىنىڭ پېرە ئوينىغاندا ئېيتىدىغان قوشاقلىرى، رامىزان قوشاقلىرى، مەۋلۇت قوشاقلىرى ۋە بارات كېچىسى ئوقۇلىدىغان قوشاقلار بۇنىڭ جۈملىسىدىندۇر. خەلق ئاممىسىنىڭ بۇ خىل ئۆرپ ـ ئادەت ۋە دىنىي ئېتىقاد بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولغان پائالىيەتلىرىنى قوشاقلاردىن ئايرىۋېتىش ھەرگىز مۇمكىن ئەمەس ياكى تېخىمۇ ئېنىقراق ئېيتقاندا، ناخشا ـ قوشاقلارسىز بۇ خىل پائالىيەتلەرنى ئېلىپ بارغىلى بولمايدۇ. ئۇ خەلقنىڭ ئۆرپ ـ ئادەتلىرىگە ئاجراتقىلى بولمايدىغان ھالدا سۇغا سۈت قوشۇلغاندەك ئارىلىشىپ كەتكەن.

خەلق ئارىسىدىكى غەزەلخانلىق ئادىتى داڭلىق ناخشىچىلارنى مەيدانغا كەلتۈرگەن بولۇپ، ئۇلار بىر مىللەتنىڭ ئەقىل ـ پاراستى ۋە تالانتىنىڭ سىمۋولىغا ئايلانغان. شۇڭا، ئۇيغۇر خەلقىنىڭ داڭلىق غەزەلخانلىرى توي مۇراسىمى، مەشرەپ ۋە باشقا سورۇنلاردا ئىنتايىن ئىززەتلىك مېھمان قاتارىدا كۈتۈۋېلىنىدۇ. بۇ خىل غەزەلخانلار مەخسۇس شاگىرت قوبۇل قىلىپ، ئۇلارنى ئىشتىن سىرتقى ۋاقىتلاردا تەربىيەلەيدۇ، ئارقىسىغا سېلىپ توي ـ تۆكۈن، مەشرەپلەرگە ئېلىپ بارىدۇ. شاگىرتلار ئۇستازلىرىغا ئۆز ئاتا ـ ئانىسىدىنمۇ بەكرەك ھۆرمەت قىلىدۇ ۋە ئۇنىڭ ماھارەتلىرىنى قېتىرقىنىپ ئۆگىنىدۇ. شۇنداق قىلىپ، غەزەلخانلىق پائالىيىتى ئەۋلادمۇئەۋلاد داۋاملىشىپ كېلىدۇ. مانا شۇ سەۋەبتىن، فولكلور تەتقىقاتى غەزەلخانلارغا ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرىدۇ[1].

---

[1] ئابدۇكېرىم رەھمان: «ئۇيغۇر فولكلورى ھەققىدە بايان»، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى 1989 ـ يىلى 7 ـ ئاي نەشرى، 528 ـ، 530 ـ بەتلەر.

مۇراسىم قوشاقلىرى پەقەت مۇراسىمدىلا ئېيتىلىدۇ، باشقا قوشاقلارنى ئېيتىش سورۇن چەكلىمىسىگە ئۇچرىمايدۇ. بېيىت، تېپىشماقلىق قوشاقلار ئاساسەن كوللېكتىپ سورۇنلاردا ئىككى كىشى ئوتتۇرىسىدا ئېيتىلىدۇ. بېيىت ئېيتىشىشتا ئۆزئارا كۆڭۈل سىرلىرىنى ئىپادىلەش، ماختاش ياكى چۈشۈرۈش ئاساس قىلىنسا، تېپىشماقلىق قوشاقتا ئۆزئارا ئەقىل، تالانت سىناش ئاساس قىلىنىپ، سورۇندىكىلەرگە شاد - خۇراملىق بەخش ئېتىش مەقسەت قىلىنغان. شۇنىڭ ئۈچۈن، بېيىت، تېپىشماقلىق قوشاقلارنىڭ ئورۇنلىنىشى تەبىئىي ھالدا مۇسابىقە تۈسىنى ئالغان.

ئومۇمەن، ئېيتىشىش قوشاقلىرىنىڭ، بولۇپمۇ بېيىتنىڭ تەييار تېكىستى بولمايدۇ. مەيدانغا چۈشكۈچىلەر مەيداندىكى ئەھۋالنىڭ زۆرۈرىيىتىگە قاراپ نەق مەيداندا ئۇدۇللۇق توقۇپ ئېيتىدۇ. بۇ ناھايىتى چېۋەرلىك، ماھىرلىق تەلەپ قىلىدۇ. «ئەللەي» قوشىقىنىڭمۇ قېلىپلاشقان، تەييار تېكىستى بولمايدۇ، چۈنكى بالا بۆشۈككە كۈنىگە نەچچە ۋاق بۆلۈنىدۇ، شۇنىڭدەك بۆشۈكنى چوڭلارمۇ، كىچىكلەرمۇ تەۋرىتىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن، ئېيتىلىدىغان قوشاق قاپىيەسىز، قىسقا - قىسقا سۆز - ئىبارىلەردىن ۋاقىتلىق قۇراشتۇرۇلىدۇ ۋە «ئەللەي» سۆزىنىڭ سوزۇپ ئېيتىلىشىغا ماسلاشتۇرۇلۇپ پەس، مۇڭلۇق ئاۋازدا ئېيتىلىدۇ.

ئۇيغۇر قوشاقلىرىنىڭ يەنە بىر ئالاھىدىلىكى مەھەللىۋىلىكى ۋە تىپىكلىكى بىلەن خاراكتېرلىنىدۇ. شۇڭلاشقا، قوشاقلار ئومۇملاشتۇرۇلۇپ يەر - جاي ناملىرى بىلەن ئاتىلىپ كەلگەن. مەسىلەن، ئاتۇش ناخشىسى، كۇچا ناخشىسى، لوپنۇر قوشىقى، ئىلى ناخشىسى، تۇرپان (قومۇل) ناخشىسى قاتارلىقلار. بۇ رايوننىڭ قوشاقلىرى كۆي (ئاھاڭ) جەھەتتىمۇ پەرقلىق كېلىدۇ. بۇ ناخشا - قوشاقلار ئىچىدە لوپنۇر قوشىقى ئۇيغۇرلارنىڭ كۆچمەن چارۋىچىلىق تۇرمۇشىنى ئەسلىتىدىغان تەسىر، كۆي (ئاھاڭ)، كۆيلەش ئۇسلۇبىنىڭ تىپىكلىكى بىلەن ئۇيغۇر قوشاقچىلىقىدا ئالاھىدە ئورۇن تۇتىدۇ. قوشاق ئېيتىش مۇشۇ ئەسىرنىڭ 30 - ، 40 - يىللىرىغا قەدەر لوپنۇرلۇقلارنىڭ ئەڭ مۇھىم كۆڭۈل

ئىچىش پائالىيىتى بولۇپ كەلگەن (توي ـ تۆكۈنىدە ئوغلاق تارتىشىش مۇسابىقىسىمۇ بولىدۇ). مەخسۇس يالغۇز كىشىلىك ياكى ئىككى كىشى ئېيتىشىش ئادىتى ناھايىتى كەڭ ئومۇملاشقان بولۇپ، مۇنداق پائالىيەت دائىم ئۆتكۈزۈلۈپ تۇرىدۇ. ئۇنىڭدىن خەۋەر تاپقانلار بىر ـ بىرىنى كۈنلۈك يىراقلىقتىن كېلىپ ئاڭلايدۇ، كۆرىدۇ. ئېيتىشىش كۈننى تۈنگە ئۇلاپ داۋاملاشتۇرۇلىدۇ.

ئومۇمەن، قوشاقچىلىق ئۇيغۇرلاردا ناھايىتى بۇرۇنلا ئىجتىمائىي كەسىپ سۈپىتىدە مەۋجۇت بولۇپ كەلگەن، قوشاقچىلار خەلق ئىچىدە چوڭ ھۆرمەتكە ئىگە. توي ـ تۆكۈن، سەيلە ـ مەشرەپ، مېھماندارچىلىق ۋە ھەر خىل كۆڭۈل ئېچىش پائالىيەتلىرى قوشاقچىلارنىڭ ئىشتىراكىسىز ئۆتكۈزۈلمەيدۇ. كەسپىي قوشاقچىلار ئۆز ماھارىتىنى مۇزىكا ئارقىلىق گەۋدىلەندۈرىدۇ. شۇڭا، كەسپىي قوشاقچىلارنىڭ ھەممىسى تالانتلىق نەغمىچى كېلىدۇ. ئۇلار تارىخىي قوشاقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ھەر خىل قوشاقلارنىڭ، ھەر خىل كۈيلەرنىڭ ئەۋلادتىن ـ ئەۋلادقا داۋاملىشىشىدا، يېڭى قوشاق، كۈيلەرنىڭ مەيدانغا كېلىشى ۋە تارقىلىشىدا غايەت زور رول ئويناپ كەلگەن. شۇنىڭ ئۈچۈن، ئۇلار خەلق تەرىپىدىن ھۆرمەتلىنىپ «ئەلنەغمىچى» دەپ ئاتىلىپ كەلگەن.[1]

نەزمىي تىل ئادەتلىرىنىڭ يەنە بىر مۇھىم مەزمۇنى ماقال ـ تەمسىل ۋە تېپىشماقلار بولۇپ، ئۇلار بىر خىل قىسقا ھەجىمدىكى ئەدەبىي شەكىلدۇر.

ماقال ـ تەمسىل ـــ خەلق تىلىنىڭ مۇھىم تەركىبىي قىسمى. ئۇنى ئادەتتە كىشىلەر ئۆز سۆھبەتلىرىدە ۋە نۇتۇق پائالىيەتلىرىدە قوللىنىدۇ، ئەمما ئۇ خەلقنىڭ ئاددىي تىلى ئەمەس، بەلكى چوڭقۇر مەزمۇنلۇق، ئىنتايىن ئىخچام، ئوبرازلىق ۋە ئاھاڭدار تىلدۇر. ماقال ـ تەمسىل كىشىلەرنىڭ ئىشلەپچىقىرىش كۈرىشى ۋە ئىجتىمائىي تۇرمۇش پائالىيەتلىرى داۋامىدىكى قىممەتلىك تەجرىبە ـ ساۋاقلارنى خۇلاسىلەپ بېرىدۇ. بۇنداق تەجرىبە ـ ساۋاقلار كىشىلەرنىڭ بىۋاسىتە ۋە قايتا ـ

---

[1] ئابدۇرەھىم ھەبىبۇللا: «ئۇيغۇر ئېتنوگرافىيەسى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1993 ـ يىلى 4 ـ ئاي نەشرى، 427 ـ، 431 ـ بەتلەر.

قايتا ئەمەلىيەتتىن ئۆتكۈزۈشى ئارقىلىق ھاسىل قىلىنغان بولۇپ، ئۇ بىر خىل ئۆلمەس ھەقىقەت سۈپىتىدە كىشىلەرنىڭ تۇرمۇشىدا مۇھىم يېتەكچىلىك رول ئوينايدۇ. ئەمما ماقال - تەمسىل كىشىلەرنىڭ تۇرمۇش بىلىملىرىنى مەنتىقلىق ئۇسۇل بىلەن ئەمەس، بەلكى كونكرېت، ھېسسىي، جانلىق نەرسىلەرنىڭ بەدىئىي ئوبرازى ئارقىلىق ئىپادىلەپ بېرىدۇ. دېمەك، ئۇ خەلق ئاممىسىنىڭ ئوبرازلىق پەلسەپەسىدۇر. ئۇنىڭ ئۈستىگە ماقال - تەمسىل يەنە ئاھاڭدارلىققا ئىگە. ئۇنىڭ قۇرۇلۇشى رەتلىك، ئاھاڭ تاۋۇشى يېقىملىقتۇر. ماقال - تەمسىللەر يۇقىرىقىدەك ئالاھىدىلىكلەرگە ئىگە بولغانلىقى ئۈچۈن، كىشىلەرنىڭ ئوتتۇرىغا قويماقچى بولغان پىكرىنى دەل جايىدا ئىپادىلەپ بېرەلەيدۇ ۋە پىكرىنىڭ مەنتىقىي كۈچىنى ئاشۇرىدۇ.

ماقال - تەمسىللەر «كونىلاردىن قالغان سۆز»، «ئاتىلار سۆزى» سۈپىتىدە دەۋردىن - دەۋرگە كۆچۈپ كەلگەن. ئۇ خەلق ئارىسىدا ئىنتايىن كەڭ ئومۇملاشقان بولۇپ، ماقال - تەمسىل بىلمەيدىغان ۋە ئۇنى ئۆز نۇتقىدا قوللانمايدىغان بىرمۇ ئادەم يوق دېيىش مۇمكىن، بولۇپمۇ ياشانغانلار ئۆز نۇتقىدا ماقال - تەمسىللەردىن پايدىلىنىشقا ئىنتايىن ماھىر بولۇپ، ئۇلارنىڭ سۆزىدە چوڭقۇر مەزمۇنلۇق ماقال-تەمسىللەر ئورۇن ئالغان[1].

ماقال - تەمسىل ئۇيغۇرلار سۆز - نۇتۇقلىرىدا كۆپ ئىشلىتىلىدىغان ئادەت تىلىنىڭ ئالاھىدە بىر شەكلى. ئۇنىڭ ئالاھىدىلىكى شۇكى، ئۇنىڭدا ئەجدادلىرىمىزنىڭ مول ئىشلەپچىقىرىش ۋە تۇرمۇش تەجرىبىلىرى ئاددىي، ئىخچام، مەنتىقلىق، ناھايىتى ئوبرازلىق ئىپادىلەنگەن بولۇپ، ئۇنى ئەجدادلىرىمىزنىڭ ھەممە ساھەدىكى تەجرىبە - ساۋاقلىرىنىڭ جەۋھىرى دېيىشكە بولىدۇ. مەسىلەن، «ئىش ئۆملۈكتە، كۈچ بىرلىكتە»، «بەخت نەدە، پېشانەڭدىكى تەردە»، «ئەقىل ياشتا ئەمەس، باشتا»، «ياقا يۇرتنىڭ سۇلتانلىقىدىن ئۆز يۇرتنىڭ قەلەندەرلىكى ئەلا»، «تەن ساقلىق — زور بايلىق»، «ئون

---

[1] ئابدۇكېرىم رەھمان: «ئۇيغۇر فولكلورى ھەققىدە بايان»، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى 1989 - يىلى 7 - ئاي نەشرى، 530 - 531 - بەتلەر.

ئۆلچەپ بىر كەس» ، «سەۋر قىلساڭ غورىدىن ھاۋا پۈتەر» ، «يىلان ئۆزۈم ئەگرى ئەمەس، يولۇم ئەگرى دەر» ، «باي باينىڭ قاياشى، كەمبەغەل كەمبەغەلنىڭ قاياشى» ۋەھاكازا.

ماقال - تەمسىللەر شۇنداق ئالاھىدىلىكى بىلەن ھەممە ئېتىراپ قىلغان ھەققەت سۈپىتىدە ئۇيغۇر خەلقى قەلبىدىن چوڭقۇر ئورۇن ئالغان. شۇڭلاشقا، كىشىلەر سۆز - نۇتۇقلىرىدا پىكىر - قاراشلىرىنىڭ ئورۇنلۇق ۋە توغرىلىقىنى ئىسپاتلاشتا، ھەتتا، سالا - سۆلھى ئىشلىرىدا، كىشىلەرگە تەسەللى بېرىشتە ھۆرمەت - ئېتىخارلىق تۇيغۇسىدا «ئاتىلار سۆزى» دەپ ماقال - تەمسىلگە مۇراجىئەت قىلىشقا ئادەتلەنگەن. ئومۇمەن، ئۇيغۇرلار ئىچىدە سۆز - نۇتۇقلىرىدا ماقال - تەمسىل ئىشلەتمەيدىغان ئادەم ئاز ئۇچرايدۇ[1].

### تېپىشماق

تېپىشماق ئېيتىشمۇ نەزمىي تىل ئادەتلىرىنىڭ بىرى. ئۇ ئەقىل - پاراسەتنى سىنايدىغان ۋە يېتىلدۈرىدىغان بىر خىل پائالىيەتتۇر. تېپىشماق ئېيتىش بىرەر سورۇننىڭ چەكلىمىسىگە ئۇچرىمايدۇ. ئومۇمەن، ئىككىدىن ئارتۇق ئادەم بار ھەرقانداق جايدا ئىشلەۋېتىپ، يولدا كېتىۋېتىپ ۋە ئارام ئېلىۋېتىپ بەھۇزۇر ھالدا بۇ خىل پائالىيەت بىلەن شۇغۇللىنىش مۇمكىن. ئۇنىڭ ئۈستىگە تېپىشماق ئېيتىش ۋە ئۇنى تېپىش ئىنتايىن قىزىقارلىق مەنىۋى مەشغۇلات بولغاچقا، ئۇنى بالىلارمۇ، چوڭلارمۇ ياخشى كۆرىدۇ[2].

## 3. بىر قىسىم تىل - يېزىق ئادەتلىرى

### رىسالىچىلىك

ئۇيغۇرلاردا رىسالىچىلىك بىرقەدەر بۇرۇن تەرەققىي قىلغان بولۇپ،

---

[1] ئابدۇرەھىم ھەبىبۇللا: «ئۇيغۇر ئېتنوگرافىيەسى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1993 - يىلى 4 - ئاي نەشرى، 425 - ، 426 - بەتلەر.

[2] ئابدۇكېرىم رەھمان: «ئۇيغۇر فولكلورى ھەققىدە بايان»، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى 1989 - يىلى 7 - ئاي نەشرى، 531 - ، 532 - بەتلەر.

ئۇلار يېزىق پەيدا بولغاندىن باشلاپ ئۆزلىرى ئىختىرا قىلغان ھۈنەر- كەسىپ تارىخىنى، ئۇنىڭدىكى قائىدە - يوسۇن، نىزاملارنى، ئىشلەش ئۇسۇلى ۋە ئىشلىتىلىدىغان ئەسۋاب قاتارلىقلارنى تونۇشتۇرىدىغان ھۈنەر- كەسىپ رىسالىلىرىنى يېزىپ قالدۇرغان.

ساقلىنىۋاتقان 300 نەچچە خىل ھۈنەر - كەسىپ رىسالىسىدە ئۇيغۇرلار ئارىسىدىكى قەدىمكى زامانلاردا ئەۋج ئالغان ھۈنەر - كەسىپ تۈرلىرى، ئۇنىڭغا ئىشلىتىلىدىغان ئەسۋابلار، ئىشلەش تەرتىپلىرى، ھەرقايسى كەسىپنىڭ ئىختىراچىلىرى رىۋايەت شەكلىدە بايان قىلىنغان. بۇ خىل رىسالىلەر ئۇيغۇر ھۈنەر - سەنئىتىنى تەتقىق قىلىشتا بەلگىلىك قىممەتكە ئىگە. رىسالە — خەلق ئارىسىدىكى ئاممىۋى تەزكىرە ئەدەبىياتىنىڭ بىر تەركىبىي قىسمى. شۇڭلاشقا، ھەرقايسى ھۈنەر- كەسىپ رىسالىلىرىنىڭ مەزمۇنى بەزى ئەپسانىۋى، دىنىي قاراشلاردىن خالىي ئەمەس. شۇنداق بولسىمۇ، رىسالىچىلىك خەلقىمىزنىڭ بىر خىل ئەنئەنىۋى مەدەنىيەت ئادىتىنىڭ ئىنكاسى سۈپىتىدە ئۇيغۇرلارنىڭ ھۈنەر- سەنئەت تارىخىنى تەتقىق قىلىشتا بەلگىلىك قىممەتكە ئىگە.

**ئەنئەنىۋى تەسۋىرىي ۋاستىلەر**

ھەرقايسى خەلقلەرنىڭ مەنىۋى ئادىتىدە ئۇلارنىڭ ئىپتىدائىي دىنىي ئېتىقادلىرى ۋە پىسخىكىلىق ئالاھىدىلىكلىرى بىلەن يۇغۇرۇلۇپ، بەلگىلىك دەرىجىدە قېلىپلاشقان تەسۋىرىي ۋاستىلىرى بولىدۇ. سىمۋوللۇق مەنىگە ئىگە بولغان بۇ تەسۋىرىي ۋاستىلەر خەلقنىڭ كۈندىلىك تۇرمۇش ئادىتى بىلەن ماسلىشىپ، مىللىي ئاڭنىڭ ئىنكاسى سۈپىتىدە ئۇلارنىڭ ئاغزاكى ئۇتۇقلىرىدا، يېزىق ئىجادىيەتلىرىدە، ئېستېتىكىلىق قاراشلىرىدا ئۆز ئىپادىسىنى تاپقان، شۇنداقلا نىسپىي مۇقىم مەنىسى بىلەن خەلقنىڭ تىل سەنئىتىگە سىڭىپ كىرىپ، فىرازىيولوگىيەلىك بەدىئىي ئامىل بولۇپ قالغان.

دەرۋەقە، ھەرقايسى خەلقلەرنىڭ مىللىي ئەدەبىياتىدا قوللىنىلغان تەسۋىرىي ۋاستىلەر ناھايىتى كۆپ ۋە خىلمۇخىلدۇر. لېكىن، بىزنىڭ دېمەكچى بولغىنىمىز، پەقەت خەلقنىڭ تىل ئۆرپ - ئادەتلىرى شەكلىدە

قىلىپلىشىپ، ئېتىقاد دەرىجىسىگە كۆتۈرۈلگەن بەزى ئەنئەنىۋى تەسۋىرىي ۋاستىلەردۇر. مەسىلەن:

بۇلبۇل ۋە قىزىلگۈل: ئۇيغۇرلارنىڭ ئەنئەنىۋى گۈزەللىك ئادىتىدە ۋە پىسخىكىلىق ئېڭىدا قىزىلگۈل دائىم سۆيۈملۈك يارنىڭ، ئەركىن مۇھەببەتنىڭ، گۈزەللىك ۋە ساپلىقنىڭ؛ بۇلبۇل بولسا ساداقەتمەن ئاشىقنىڭ، يار ۋىسالىدا پەرياد چەككۈچىنىڭ سىمۋولى بولۇپ كەلگەن. بۇ ۋاستىنىڭ قىلىپلىشىشىغا بۇلبۇلنىڭ قىزىلگۈل ئىشقىدا خەندان ئۆرۈشى مەزمۇن قىلىنغان «بۇلبۇل ئۇيقۇسى» ناملىق رىۋايەت سەۋەب بولغان.

كاككۇك بىلەن زەينەپ: ئۇيغۇرلار ئارىسىدا مۇرادىغا يېتەلمىگەن ئاشىق - مەشۇقلارنى كاككۇك بىلەن زەينەپكە ئوخشىتىش ئادىتى شەكىللەنگەن. ئۇيغۇر خەلق قوشاقلىرىدىكى «كاككۇك ئاشىقى زەينەپ، بىرى باغدا، بىر تاغدا» دېگەن مىسرالارمۇ كاككۇك بىلەن زەينەپنىڭ خەلقىمىز ئەقىدىسىدىكى سىمۋوللۇق مەنىسىنى ئىپادىلىگەن.

كۈن، ئاي، يۇلتۇز، چولپان: خەلقىمىزنىڭ گۈزەللىك ئادىتىدە بۇ ئاسمان جىسىملىرى ياخشىلىق ۋە گۈزەللىكنىڭ تۇراقلىق سىمۋولى بولۇپ كەلگەن ھەمدە خەلقنىڭ ئاغزاكى تىل ئادىتىدە ئەڭ كۆپ قوللىنىلىدىغان ئىجابىي مەنىدىكى تەسۋىرىي ۋاستىلەردۇر. بۇنىڭ ئەنئەنىۋى ئادەتكە ئايلىنىشى كۆككە چوقۇنۇشتىن ئىبارەت ئەجدادلىرىمىزنىڭ ئىپتىدائىي ئېتىقادى بىلەن مۇناسىۋەتلىك.

بۇلاق: كۆزنى بۇلاققا ئوخشىتىپ سۈرەتلەش ئۇيغۇرلاردا قەدىمدىن تارتىپ داۋاملىشىپ كېلىۋاتقان بىر خىل ئەنئەنە.

ھەممىگە مەلۇمكى، كۆز بىلەن سۇ ئىنسانلار ئۈچۈن ئىنتايىن مۇھىم بولغان ئىككى ئامىل. سۇ بىلەن كۆزنىڭ قىممەت ۋە ماھىيەت جەھەتتىكى ئوخشاشلىقى، شۇنداقلا كۆز بىلەن بۇلاقنىڭ شەكىل جەھەتتىكى مەلۇم ئوخشاشلىقى خەلقىمىزنىڭ ئېستېتىكىلىق قاراشلىرىدا ئەكس ئېتىپ، كۆزنى بۇلاققا ئوخشىتىش ئەنئەنىسىنى ھەمدە بۇلاقنى ئۇلۇغلاش ئادىتىنى كەلتۈرۈپ چىقارغان.

يارنىڭ يۈزىنى ئالمىغا ئوخشىتىش، چىنارنى باتۇرلۇققا، جاسارەت ۋە

ئىرادىگە سىمۋول قىلىش، قارىياغاچنى يەكلەنگەن، ئەمما چىدامىلىق مۇھەببەتكە سىمۋول قىلىش، ئەجدىھا، يىلاننى ۋەھشىيلىك ۋە ياۋۇزلۇقنىڭ سىمۋولى قىلىش قاتارلىق تەسۋىرىي ۋاستىلەرنىڭ قېلىپلىشىش سەۋەبلىرىمۇ بەلگىلىك بىر ئېتىقاد بىلەن مۇناسىۋەتلىكتۇر.

ئۇنىڭدىن باشقا، «لەيلى ـ مەجنۇن»، «پەرھاد ـ شېرىن»، «تاھىر ـ زۆھرە»، «غېرىب ـ سەنەم» قاتارلىق نامىلارمۇ ھەم خەلق ئارىسىدىكى شۇ خىل داستاننىڭ ئىسمى ھەم سىمۋوللۇق مەنىدىكى تەسۋىرىي ۋاستە ھېسابلىنىدۇ.

خەلقنىڭ گۈزەللىك ئادەتلىرىدىن كېلىپ چىققان مۇنداق ئەنئەنىۋى تەسۋىرىي ۋاستىلەر ناھايىتى كۆپ بولۇپ، ئۇ نوقۇل ئەدەبىي ھادىسىلا ئەمەس، بەلكى مۇئەييەن ئېتىقاد تەسىرىدە شەكىللەنگەن تىل ئادىتىدۇر.

**ئىرسالنامە**

ئىرسالنامە — «يوللانما»، «پوتوكنامە» دېمەكتۇر. ئىرسالنامە ئەۋەتىش (دوستلىرىغا، سۆيگەن يارىغا سالام خەت يوللاش) ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ئۆزئارا خەت يۈزىدە كۆڭۈل ئىزھار قىلىشتىن ئىبارەت ئەنئەنىۋى ئادىتى بولۇپ، ئۇيغۇر خەلقى ئىچىدە بىرقەدەر كەڭ ئومۇملاشقان. ئىرسالنامىنىڭ تۈرى كۆپ بولۇپ، كۆپرەك بېيىت شەكلىدە ھەم نەسرىي شېئىر شەكلىدە يېزىلىدۇ. بەزىدە ئىرسالنامە ئورنىدا قىزىلگۈل دەستىلىرىنى ياكى گۈلدەستىلەر بىلەن قوشۇپ بۇغداي سامانلىرىنىمۇ ئەۋەتىدىغان ئادەتلەر بار. بۇلارنىڭ ھەممىسى كۆڭۈلنى سىمۋوللۇق ئىزھار قىلىش شەكلى بولۇپ، مۇئەييەن مەزمۇنغا ئىگە. ئۇيغۇرلارنىڭ ئەنئەنىۋى ئېستېتىكىلىق ئېڭىدا پورەكلەپ ئېچىلغان گۈللەردىن تەييارلانغان گۈلدەستىلەر ئومۇمەن مۇھەببەتكە سىمۋول قىلىنغان. شۇڭا، گۈلدەستە سۇنۇش قىز ـ يىگىتلەرنىڭ ئۆزئارا مۇھەببەت ئىزھار قىلىش ۋاستىسى. گۈلدەستىنىڭ ئارىسىغا سامانىنى قوشۇپ ئەۋەتىش «سېنىڭ دەردىڭدە ياكى سېنى سېغىنىپ چىرايىم ساماندەك سارغىيىپ كەتتى» دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

ئىرسالنامە مەزمۇن جەھەتتىن كۆپىنچە مۇھەببەتنى، مۇھەببەت جۇدالىقىنى، يارىغا ۋە دوستلىرىغا بولغان سېغىنىشنى ئىپادىلەيدۇ.

ئىرسالنامە ئەۋەتىش كىشىلەرنىڭ مۇھەببەت ئەركىنلىكى بوغۇلغان، ئىنسانىي ئەركىنلىككە يول قويۇلمىغان فېئودالىزم دەۋرىدە پەيدا بولغان بىر خىل ئادەت ھېسابلىنىدۇ. قىزلارنىڭ ياخشى كۆرگەن يىگىتىگە قول ياغلىق ۋە تاماكا خالتىسى سوۋغا قىلىشىمۇ ئىرسالنامە دائىرىسىگە كىرىدۇ. بۇنداق قول ياغلىق ۋە تاماكا خالتىسىغا خەت ئورنىدا پورەكلەپ ئېچىلىۋاتقان گۇللەرنىڭ نۇسخىسى، گۈل شېخىدا سايراۋاتقان بۇلبۇل ياكى كاككۇكنىڭ رەسىمى، يار ئىشقىدا كۆيۈپ سوقۇۋاتقان يۈرەكنىڭ شەكلى مەشۇت يىپ بىلەن كەشتىلىنىدۇ. قەغەزگە پۈتۈلىدىغان ئىرسالنامىلەر ناھايىتى تەسىرلىك، جانلىق ۋە ھېسسىياتلىق بولىدۇ. ئۆز زامانىسىدا ئىرسالنامە يېزىشنى كەسىپ قىلغان خەتتات ۋە رەسساملار بولغان. ئۇلار پاتلانغان «خوتەن قەغىزى» گە بېيت ياكى نەسرىي شېئىر شەكلىدىكى پۈتۈكنامىلەرنى ھۆسنخەت شەكلىدە پۈتۈپ، ئۇنىڭ گىرۋەكلىرىگە تەشنالىق ۋە جۇدالىقنى ئىپادىلەيدىغان ياكى مۇھەببەت غايىسىنى سۈرەتلەيدىغان رەسىملەرنى سىزىپ تەييارلىغان. ئىرسالنامە ئەۋەتىشكە ھاجىتى بار كىشىلەر ئۇلارغا مۇۋاپىق ھەق بېرىپ، ئۆزلىرىگە مۇۋاپىق كېلىدىغانلىرىنى تاللاپ سېتىۋالغان ۋە ئۇنى قىممەتلىك مۈلۈك سۈپىتىدە ساقلىغان.

ئىرسالنامە كۆپىنچە ئۇيغۇرلارنىڭ ئەنئەنىۋى تەسۋىرىي ۋاسىتىلىرىدىن پايدىلىنىپ، پاساھەتلىك تىل، ئوخشىتىش، سېلىشتۇرۇش، سىمۋول، مېتافورا، مۇبالىغە قاتارلىق ۋاسىتىلەر ئارقىلىق ئوقۇرمەنلەردە روشەن ئېستېتىكىلىق زوق قوزغايدۇ.

**باللار تىلى**

باللارنىڭ ئۆزىگە خاس ئويۇنلىرى بولغاندەك، ئۆزىگە خاس باللىق تىلىمۇ بولىدۇ. مەلۇمكى، بالا تۇغۇلۇپ ئاددىي تىلى چىققۇچە بولغان مەزگىلدە ئۆزىنىڭ مەقسەت ـ ھېسسىياتىنى يىغلاش ئارقىلىق ئىپادىلەيدۇ. بۇ دەۋردە ئانا بولغۇچى بالىنىڭ يىغلاش ھالىتىگە قاراپ

ھەر خىل پەرەزگە كېلىپ، شۇنىڭغا مۇناسىپ سۆزلەرنى قىلىپ بەزلەيدۇ، ئەركىلىتىدۇ ۋە ئاتا - ئانىلىق مېھرى ئۇقۇمى قاتارلىق ئۇقۇملارنى بىلدۈرىدىغان سۆزلەرنى سۆزلەپ، سوراپ، سۆزلىتىپ مەشىق قىلدۇرىدۇ. بۇ سۆزلەرنىڭ بىر قىسمى بالىلارنىڭ تەلەپپۇزىغا ماسلاشتۇرۇلغان، بىر قىسمى ھەر خىل قىياپەت - ھەرىكەت ئاۋازىغا تەقلىد قىلىنغان، بەزىلىرى مەخسۇس ياسالغان، قېلىپلاشمىغان سۆزلەردىن بولۇپ، پەقەت بالىلارنىڭ ئاددىي تىلى چىقىش مەزگىلىدىلا ئىستېمال قىلىنىدۇ. مەسىلەن:

ئەركىلىتىش قاتارلىق ئۇقۇمنى بىلدۈرىدىغان سۆزلەر:

پىخ - پىخ! قىش - تىش! پاقە، پاق - پاق(باق - باق)، پاقام (قۇچاقلاش)؛ ئاپا، ئاپام، ئاپپا، ئابۇ، ئابۇش (سۆيۈش).

يېمەك - ئىچمەك ئۇقۇمىدىكى سۆزلەر:

مە - مە، مەم - مەم، مەمــمە، مەمەق (بــۇ ئەمچەكــكە ســمۇول قىلىنىپ ياسالغان)؛ ھۇ-م ھۇمۇ - ھۇمۇ ھۇمە: نەن - نەن، نانىنا - نانىنا (نان).

ھاجەت ئۇقۇمىدىكى سۆزلەر:

جوجو، ئىششى، ئىششە، مېڭئە (ئىنجىق) پوققە......

ئاتا - ئانىلىق مېھرى ئۇقۇمىدىكى سۆزلەر:

دە - دە، دادا - دادا - دادا - داداش. ئەنە - نە، ئانە ئانا-نا، ئاناش (ئابە ئاپا - ئاپاش) ئا- جە ئاچ-چا ئاچچا، ئاچاش؛ ئاكى، ئەكا، ئاكا، ئاكاش.

پا، پا - پا، ھۇپا ھۇپاپا (ئىسسىق)؛ ھۇۋ، ھۇۋە، ھۇۋۋە، ھۇۋۋەق (سوغۇق).

مېڭىشقا تەقلىد قىلىنغان سۆزلەر:

دەم - دەم ، دەي - دەي، تەي - تەي (شۇڭا بالىنىڭ يېڭى ئايىغى چىققانلىقى «دەم - دەم بولدى» دېيىلىدۇ). بۇلاردىن باشقا، پاكىزلىق، گۈزەللىك ئۇقۇمى «ھاي - ھاي»؛ مەينەت ئۇقۇمى «ھەلەق، ھىششە»؛ قورقۇش ئۇقۇمى «بۆجۇ»، «ھۇجۇ»؛ ئاغرىق ئۇقۇمى «ئۇۋە- ئۇۋە»، «ۋايجان- ۋايجان»؛ يىقىلىپ كېتىش ئۇقۇمى

«دۈك» ، «دۈم» ؛ ئۇخلاش ئۇقۇمى «ئۇخخا» ، «ئۇخخە» سۆزلىرى بىلەن ئىپادىلىنىدۇ. پىچاق - تىغ قاتارلىق نەرسىلەر بۆجە - پىخام، قوي قاتارلىق ھايۋانلارنى ئۆلتۈرۈش «پىخام قىلماق» دەپ ئىپادىلىنىدۇ، شۇنىڭدەك بالىلارنى ھەر خىل تىغ ئويناشتىن قورقۇتۇش ئۈچۈنمۇ «پىخام بولماق» دېيىلىدۇ[①].

---

① ئابدۇرەھىم ھەبىبۇللا: «ئۇيغۇر ئېتنوگرافىيەسى» ، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1993 - يىلى 4 - ئاي نەشرى، 497 - ، 498 - بەتلەر.

# ئىككىنچى باب

## ئۇيغۇرلارنىڭ كۆڭۈل ئېچىش ئادەتلىرى ۋە خەلق ئويۇنلىرى

ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئۆزىگە خاس كۆڭۈل ئېچىش پائالىيەتلىرى بولىدۇ. ئۇيغۇرلارنىڭ كۆڭۈل ئېچىش پائالىيەتلىرىنىڭ مەزمۇنى مول، شەكلى ھەر خىل بولۇپ، مەشرەپ - بەزمە، سەيلە - باراۋەت، ھەر خىل ئويۇن ۋە تەنتەربىيە پائالىيەتلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. بۇ پائالىيەتلەر ئىچىدە مەشرەپ تارىخى ئۇزاق، قويۇق مىللىيلىققا، كەڭ ئاممىۋىلىققا ئىگە ئۇنىۋېرسال مەدەنىي كۆڭۈل ئېچىش پائالىيىتى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. «تۈركىي تىللار دىۋانى» دا مەشرەپنىڭ «سوغدىچ - قاتارى بەزمە، قىش كۈنلىرى دوستلار ئارا نۆۋەت بىلەن بولىدىغان مەشرەپ»[1] دەپ تونۇشتۇرۇلۇشىدىن مەشرەپنىڭ ئوتتۇرا ئەسىردىن بۇرۇنقى دەۋرلەردىلا ئاممىۋى كۆڭۈل ئېچىش ئادىتى شەكلىدە ئومۇملاشقانلىقى مەلۇم بولىدۇ.

### 1. كۆڭۈل ئېچىش ئادەتلىرى

**ئۇيغۇر مەشرەپلىرى**

ئۇيغۇر مەشرەپلىرىنىڭ ئىچىدە قەشقەر مەشرەپلىرى قويۇق مىللىيلىققا، كەڭ ئاممىۋىلىققا ئىگە بولۇشتەك ئالاھىدىلىكى، ئۇنىڭدا ئۇيغۇرلارنىڭ مىللىي پسىخىكىلىق ئالاھىدىلىكى روشەن ئىپادىلىنىدىغان

---

[1] مەھمۇد كاشغەرىي: «تۈركىي تىللار دىۋانى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1980 - يىلى 8 - ئاي 1 - نەشرى، I توم، 593 - بەت.

نەغمە ـ ئۇسسۇللاردىن تاشقىرى، تەربىيەۋى ئەھمىيەتكە ئىگە ھەر خىل مەخسۇس قىزىق ئويۇنلارنىڭمۇ ئوينىلىدىغانلىقى بىلەن خاراكتېرلىنىدۇ. مەشرەپ ئوينىلىش شەكلى بويىچە ئوخشىمىغان دەرىجىدە مەھەللىۋى ئالاھىدىلىككىمۇ ئىگە بولۇپ، تۈرىمۇ كۆپ، نامىمۇ ھەر خىل. مەسىلەن، دولان مەشرىپى، مېيلىس، قېيىت، كۆك (مايسا) مەشرىپى، توي مەشرىپى، بەزمە دېگەنلەرگە ئوخشاش. بۇنىڭدىن باشقا، ھېيت ـ بايراملاردا ئۆتكۈزۈلىدىغان ئولتۇرۇشلار ۋە تونۇشۇش چېيى، خوشلىشىش چېيى، ناماقۇللۇق چېيى قاتارلىقلارمۇ مەشرەپ تۈسىنى ئالغان بولۇپ، ئۇنىڭدا كۆڭۈل ئېچىش مەقسەت قىلىنغان. بۇ مەشرەپلەر ئىچىدە دولان مەشرىپى بىلەن تۇرپان، قومۇل مەشرەپلىرى (مېيلىس)، كۆك (مايسا) مەشرىپىدە نەغمە ـ ناۋا، ناخشا ـ ئۇسسۇل ئاساس قىلىنغان بولۇپ، قوشۇمچە ھالدا كومېدىيە خاراكتېرلىك ھەر خىل ئويۇنلار ئوينالسا، باشقىلىرىدا نەغمە ـ ناۋا، ناخشا ـ ئۇسسۇل، لەتىپە ـ چاقچاق ئاساس قىلىنغان بولۇپ، باشقا ئويۇنلار ئوينالمايدۇ.

دولان مەشرىپىدە ئادەتتە ئەجدادلىرىمىزنىڭ ئوۋچىلىق، ئەمگەك پائالىيىتى ئەكس ئەتتۈرۈلىدىغان تۆت ئۆزگىرىشلىك «ئەمگەك ئۇسسۇلى» ئاساسلىق ئۇسسۇل بولۇپ، ئەر ـ ئايال كوللېكتىپ ئورۇنلايدۇ. تۇرپان، قومۇل مەشرەپلىرىدە «پوتا ئۇسسۇلى» ئاساسلىق ئۇسسۇل بولۇپ، يەككە ھالدا قاتارى تەكلىپ قىلىش شەكلىدە ئوينىلىدۇ. قاتارى بەزمە ـ مەشرەپ، ئولتۇرۇشلاردا نەغمە ـ ناخشا، لەتىپە ـ چاقچاق ۋە ھەر خىل قىزىق ئويۇنلار ئاساس، ئۇسسۇل قوشۇمچە ئورۇندا بولىدۇ.

بۇ مەشرەپ ـ بەزمە، ئولتۇرۇشلارنىڭ تەرتىپلىك، كۆڭۈللۈك ئۆتۈشىنى كاپالەتلەندۈرۈش يۈزىسىدىن تۈزۈلگەن بىر يۈرۈش قائىدە ـ تۈزۈملىرى ۋە خىزمەتچى خادىملىرى بولىدۇ. بۇ قائىدە ـ تۈزۈملەر مەشرەپ قاتناشقۇچىلىرىنى ياخشى ئەخلاق، ياخشى پەزىلەتنى دوست تۇتۇشقا، تەرتىپلىك، ئەخلاقلىق بولۇشقا يېتەكلەش ـ رىغبەتلەندۈرۈشنى مەقسەت قىلغان. مەشرەپ خىزمەتچى خادىملىرى يىگىتبېشى، قازى، پاششاپ...... دەپ ئاتىلىدۇ. مەشرەپ

قاتناشقۇچىلىرى ئادەتتە «ئوتتۇز ئوغۇل» دەپ ئاتىلىدۇ. ئەگەر خىزمەتچى خادىملار، بولۇپمۇ قازى ئىقتىدارسىز چىقىپ قالسا، ئوتتۇز ئوغۇل ئۇلارنى ھەر ۋاقىت ئەمەلدىن قالدۇرۇپ، باشقىنى سايلايدۇ. قائىدە - تۈزۈمگە ئېغىر خىلاپلىق قىلغۇچىلارنى ئوتتۇز ئوغۇل قاتارىدىن قوغلاندى قىلىدۇ، بۇ قائىدە - تۈزۈم مەشرەپكە كېچىكمەسلىك، سەۋەبسىز، رۇخسەتسىز كەلمەي قويماسلىق، راستچىل بولۇش، كەيىپ قىلماسلىق، چوڭلارنى ھۆرمەتلەپ، كىچىكلەرنى ئاسراش، خوتۇن- قىزلارغا بىھۇدە چاقچاق قىلماسلىق قاتارلىق ماددىلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بولىدۇ.

مەشرەپ ھەر يىلى كەچ كۈزدىن باشلاپ ئەتىيازلىق تېرىلغۇغا قەدەر بولغان ئارىلىقتا ئوينىلىدۇ، ئادەم سانى 20 — 30 دىن ئاشمايدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن، بىر مەھەللىدە مىجەز - خۇلقى كېلىشىدىغانلار بىر يۈرۈش بولۇپ ئوينايدۇ. ئەنئەنىۋى ئادەت بويىچە 18 ياشتىن تۆۋەنلەر مەشرەپكە قاتناشتۇرۇلمايدۇ. مەشرەپ قاتناشقۇچىلىرىدا ھەر خىل سەۋەبلەر تۈپەيلى ئۆزگىرىش بولۇپ تۇرغاچقا، مەشرەپمۇ ھەر يىلى قايتا ئۇيۇشتۇرۇلىدۇ. باشقىدىن «سايلام» بولىدۇ. شۇ يىلقى مەشرەپ بىرىنىڭ ئۆزلۈكىدىن خالىس چاي ئۆتكۈزۈشى بىلەن ياكى ئوتتۇز ئوغۇل قاتارىغا يېڭىدىن بىرەر ياشنىڭ قوشۇلغانلىقى يۈزىسىدىن شۇ ياشنىڭ ئۆتكۈزۈپ بېرىدىغان چاي مۇناسىۋىتى بىلەن باشلىنىپ داۋاملىشىدۇ. يېزىلاردا بىرەر ياشنىڭ مەشرەپكە قاتناشقانلىقى ئۇنىڭ ئۆزىنى تۇتۇۋالغانلىقىنىڭ بەلگىسى ھېسابلىنىپ، شەرەپلىك ئىش دەپ قارىلىدۇ. شۇڭا، شۇ ياشنىڭ ئاتا - ئانىسى بالىسى ئۈچۈن بىرەر مال سويۇپ ئوتتۇز ئوغۇلغا داستىخان سالىدۇ[1].

ئۇيغۇر مەشرەپلىرى ھەم مىللىي سەنئىتىمىزنى راۋاجلاندۇرىدىغان، ھەم خەلقىمىزنىڭ كۆڭلىنى كۆتۈرىدىغان، ھەم ئەدەپ - ئەخلاق ئۆگىتىدىغان ئۇنىۋېرسال مەكتەپتۇر.

---

[1] ئابدۇرەھىم ھەبىبۇللا: «ئۇيغۇر ئېتنوگرافىيەسى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1993 - يىلى 4 - ئاي نەشرى، 443 - ، 446 - بەتلەر.

## 2. ئۇيغۇرلارنىڭ ئەنئەنىۋى تەنتەربىيەسى ۋە خەلق ئويۇنلىرى

ھەرقايسى خەلقلەرنىڭ ئېتنىك تۇرمۇشىدا ئاممىۋى كۆڭۈل ئېچىش ھەممە بەدەننى چېنىقتۇرۇپ غەيرەتلىك ۋە چىداملىق بولۇپ يېتىلىش ئۈچۈن كۆپلىگەن خەلق ئويۇنلىرى مەيدانغا كەلگەن. بۇ ئەنئەنىۋى ئويۇنلار تۇرمۇشنىڭ بىر مەزمۇنى سۈپىتىدە ئۇزاق تارىخىي باسقۇچلارنى ئۆز بېشىدىن كەچۈرۈپ، تېخىمۇ مۇكەممەل ۋە مۇقىم شەكىلگە كىرگەن. بۇ ئويۇنلاردىن چېلىش ئويۇنى، قوچقار سوقۇشتۇرۇش، چاي تۇتۇش ئويۇنى، «توپۇق» ئويۇنى، «قوشماق ئاداش» ئويۇنى، چامغۇرچەك ئويۇنى، ئالارغاز ئويۇنى، دۈم - دۈم ئويۇنى، ئودىكام (ئوردا كۆچ-كۆچ)، پاپۇز ئويۇنى، غۇزژەك ئويۇنى، چالما ئېتىپ ئويناش، چالما تىقىش ئويۇنى، سوزماق (رەگەتكە) ئېتىپ ئويناش، ئارغامچىدىن ئاتلاش ئويۇنى، ياغلىق تاشلاش ئويۇنى، مۆكمۆكىلەك ئويۇنى، تاقمۇ-جۈپمۇ ئويۇنى، ياڭاق سوقۇشتۇرۇش ئويۇنى، ئاق سۆڭەك ئويۇنى، ئىلەڭگۈچ ئويۇنى، لىڭگىرتاقتاق ئويۇنى، جىجىق ئويۇنى، لەگلەك ئويۇنى، تاققا - تۇققا ئويۇنى، «چىم - چىم» ئويۇنى، جىلدىرچاق ئويۇنى، ئاق تاش - كۆك تاش ئويۇنى، چىۋىق ئات ئويۇنى، تەپكۈچ ئويۇنى، قارلىق ئويۇنى، بالىچۇق - چۈككا ئويۇنى، دارۋازلىق، ئوغلاق تارتىشىش، جانبازلىق، چەۋەندازلىق، «قاچ - قاچ» (كويلا توپ) ئويۇنى، سارغايدى (چاقپەلەك)، ياڭاق ئويۇنى، توپ ئويۇنى، تاشتەرمەك، «قارا - قارا قۇشلارىم» ئويۇنى، «ئاق تېرەك، كۆك تېرەك» ئويۇنى قاتارلىقلار بار.

# ئۈچىنچى باب

## ئۇيغۇرلارنىڭ سەنئەت ئادەتلىرى

ئۇيغۇرلار ئەزەلدىن سەنئەتخۇمار خەلق. ئۇيغۇرلارنىڭ سەنئەتخۇمارلىقى ئۇسسۇل، مۇزىكا، ئويمىچىلىق (نەققاشلىق)، ھەيكەلتىراشلىق، ھۈنەر - سەنئەت، رەسساملىق، كەشتىچىلىك قاتارلىقلارنى ئىجتىمائىي كەسىپ سۈپىتىدە داۋاملاشتۇرۇپ كەلگەنلىكى ۋە ئۇنى ئۇزاق زامانلاردىن بۇيان ئۆزىنىڭ مەنىۋى تۇرمۇشىدىكى شادىيانىلىق، ھۇزۇر - لەززەت دەپ بىلىپ، ئىشتىياق باغلاپ كەلگەنلىكى بىلەن خاراكتېرلىنىدۇ.

## 1. ناخشا - ئۇسسۇل ئادەتلىرى

ئۇيغۇرلارنىڭ ھەر خىل بايرام تەنتەنىلىرى، بارلىق كۆڭۈل ئېچىش پائالىيەتلىرى ئۇسسۇل - مۇزىكىسىز بولمايدۇ، شۇنىڭدەك ئۇسسۇل بىلمەيدىغان ئادەممۇ ئاز ئۇچرايدۇ، ھەتتا ئۇسسۇل ئويناش بەش - ئالتە ياشلىق بالىلارنىڭمۇ بىر خىل مەدەنىي پائالىيىتىگە ئايلىنىپ كەتكەن. كۆپ ۋاقىتلاردا 70 — 80 ياشلىق بوۋاي - مومايلارمۇ ئۇسسۇلغا چۈشۈپ مەيداندىكىلەرگە خۇشاللىق بېغىشلايدۇ. ئۇيغۇرلاردا ئۇسسۇلنىڭ شۇ قەدەر ئومۇملاشقىنىغا مۇناسىپ ئۇنىڭغا نەغمە قوشۇلۇپ، ئۇلارنىڭ گۈزەللىك زوق - ھەۋىسىگە تېخىمۇ ئۇيغۇنلاشقان. بۇ ھال ئۇيغۇر سەنئىتىنىڭ موللۇقى، كۆپ خىللىقىنى بەلگىلىگەن. ئۇيغۇر ئۇسسۇلىنى ھەرىكەت مەزمۇنىغا، ئوينىلىدىغان سورۇنىغا قاراپ ئەمگەك ئۇسسۇلى، كۆڭۈل ئېچىش ئۇسسۇلى، مۇراسىم ئۇسسۇلى دېگەندەك تۈرلەرگە

بۆلۇشكە بولىدۇ. ئۇسسۇل ئەمگەك پائالىيىتىنىڭ مەھسۇلى بولغاچقا، قەدىمكى دەۋردە ئەمگەك پائالىيىتىنى ئەكس ئەتتۇرەتتى. كېيىنچە كۆڭۈل ئېچىشقا ئۇيغۇنلاشقان ھەر خىل ئوبرازلىق ھەرىكەتلەرنىمۇ ئىپادىلەيدىغان بولغان. مەيلى قايسى خىلدىكى ئۇسسۇل بولسۇن، ئەجدادلىرىمىز لەرزان، يېقىملىق، شادىيانە، شوخ ياكى مۇڭلۇق مۇزىكا ساداسى ئىچىدە رىتىملىق، نەپىس، نازۇك، ئوبرازلىق بەدەن ھەرىكىتى ئارقىلىق ھەر خىل ھېسسىيات - كەيپىيات، شەكىل - قىياپەت، مۇھەببەت - مەنزىرىلەر ئوبرازىنى ئىپادىلەپ، ئۆزلىرىنى مەنىۋى ئوزۇق بىلەن تەمىنلەپ كەلگەن.

ئۇيغۇرلارنىڭ قەدىمكى ئەنئەنىۋى كۆڭۈل ئېچىش پائالىيەتلىرىدىن بولغان مەشرەپنى ئەنئەنىۋى ئۇسسۇل كۆرىكى دەپ ئاتاشقا بولىدۇ. چۈنكى، مەشرەپتە ھەر خىل يۇمۇرلۇق، ساتىرىك ئوبرازلار ئىپادىلىنىدىغان كومېدىيەلىك ئويۇنلار ئوينىلىشتىن تاشقىرى، يۇقىرىدا ئېيتىلغاندەك ھەر خىل ئوبرازلىق ھەرىكەتلەر ئىپادىلىنىدىغان يەككە، ئىككى كىشىلىك ۋە كوللېكتىپ ئۇسسۇللارمۇ ئوينىلىدۇ. مەسىلەن، دولان (مەشرەپ) ئۇسسۇلى، جەرەن ئۇسسۇلى، ئۆچكە ئۇسسۇلى، توخۇ ئۇسسۇلى، پوتا ئۇسسۇلى، نارىزكوم ئۇسسۇلى، پىيالە ئۇسسۇلى، رومال ئۇسسۇلى، گۈل ئۇسسۇلى، چاچقوشاق ئۇسسۇلى، يۈز ئاچقۇ ئۇسسۇلى قاتارلىق ئۇسسۇللار. بۇلاردىن باشقا، ئىقابىلىق يولۋاس ئۇسسۇلى، سۇ چېچىپ ئوينايدىغان سۇ - مۇز ئويۇنى، ئارغىماق ئويۇنى قاتارلىق ئۇسسۇل، ئويۇنلارمۇ بولغان.

دولان مەشرىپىدە ئەر - ئايال كوللېكتىپ ئوينايدىغان تۆت ئۆزگىرىشلىك ئۇسسۇلنى ئۇيغۇر ئەمگەك ئۇسسۇلىنىڭ قەدىمكى شەكلى دېيىشكە بولىدۇ. بۇنىڭدا ئەجدادلىرىمىزنىڭ ئوۋچىلىق پائالىيىتى ناھايىتى ئوبرازلىق ئىپادىلەنگەن. بۇ ئۇسسۇل ئوينالغاندا ھەربىر ئۆزگىرىشتە ئورۇنلىنىۋاتقان ھەرىكەت ۋە ئۇنىڭغا تەڭكەش قىلىنغان مۇزىكا ساداسىدىن كىشى ئۆزىنى خۇددى ئېدىر - جىلغىلاردا، ئورمان- چاتقاللىقلاردا ئوۋ كۆزىتىپ كېتىۋاتقاندەك، ئوۋ بىلەن جىددىي ئېلىشىۋاتقاندەك، ئوۋنى قورشاپ ئاخىر غەلىبە تەنتەنىسى قىلىۋاتقاندەك

ھېس قىلىدۇ. جەرەن ئۇسسۇلى بۇگۇر، شايارنىڭ تارىم بويلىرىغا جايلاشقان ئۇيغۇرلار ئىچىدە ئومۇملاشقان بىر خىل گىرىملىك ئۇسسۇل. بۇ ئۇسسۇل مەخسۇس داپقا تەڭكەش قىلىپ ئوينىلىدۇ. ئۇنىڭدا جەرەننىڭ خۇلق - مىجەزى، ياشاش قانۇنىيىتى ۋە ئۇنى ئوۋلاش ئۇسۇلى ئوبرازلىق ئىپادىلىنىدۇ. خەنزۇچە مەنبەلەردە خاتىرىلىنىشىچە، ئىچكى ئۆلكىلەردە ئوينىلىدىغان شىر ئۇسسۇلى، ئوقيا ئۇسسۇلى، باتۇر ئۇسسۇلى قاتارلىق ئۇسسۇللار تاڭ دەۋرىدىلا ئۇيغۇرلاردا ئومۇملاشقان ئۇسسۇللاردىن بولۇپ، ئىچكىرىگە ئۇيغۇرلاردىن تارقالغانلىقى مەلۇم. ئەمما، بۇ ئۇسسۇللار كېيىنكى دەۋرلەردە تەدرىجىي ئۇنتۇلغان. دېمەك، بۇنىڭدىن ئۇسسۇلنىڭ ئەمگەك پائالىيىتىنىڭ مەھسۇلى ئىكەنلىكىنى، ئۇنىڭ تەدرىجىي تەرەققىي قىلىپ كۆڭۈل ئېچىش پائالىيىتىگە ئايلانغانلىقىنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇ. بۇنىڭدىن باشقا، ئۇيغۇرلارنىڭ شامان دىنى ئېتىقادىدىن كەلگەن «پېرە ئۇسسۇلى» مۇ بولغان. بۇ ئۇسسۇل ئۇيغۇرلاردا دەسلەپكى دەۋرلەردە مۇراسىم ئۇسسۇلى سۈپىتىدە يەنى شامانلارنىڭ جىن - شاياتۇنلارنى قوغلاش پائالىيىتىدە سېھىر-ئەپسۇن ئوقۇش مۇراسىمى سۈپىتىدە داۋاملىشىپ كەلگەن بولسىمۇ، كېيىنكى دەۋرلەردە مۇراسىم ئۇسسۇل شەكلىنى يوقىتىپ، باخشىلارنىڭ تۇغ باغلاپ، دۇئا ئوقۇشىدىكى بىر خىل ھەرىكەتكە ئايلىنىپ قالغان.

دولان مەشرىپىدىن باشقا، قەشقەر سەنىمى، يەكەن سەنىمى، كۇچا سەنىمى، كورلا سەنىمى، تۇرپان - قۇمۇلنىڭ مېيلىس (كۆك مايسا) مەشرىپى، ئىلى سەنىمى ۋە نەغمىلىك ئولتۇرۇشلىرى قاتارلىقلارمۇ ئۇيغۇر ناخشا - ئۇسسۇلىنىڭ ئەنئەنىۋى نامايەندىسى سۈپىتىدە دەۋرىمىزگىچە يېتىپ كەلگەن. ئۇسسۇل تارىختا ئۆتكەن ئۇيغۇر خاقانلىرىنىڭ ئوردا مۇراسىملىرىنىڭمۇ كەم بولسا بولمايدىغان مۇھىم مەزمۇنىغا ئايلىنىپ قالغان، مەشھۇر تارىخنامىلەردە «ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ كاتتا ئەربابلىرى ياكى چەت ئەل ئەلچىلىرى قاغان بىلەن كۆرۈشمەكچى بولغاندا ئالدى بىلەن بارگاھ ئالدىدا مۇراسىم ئۆتكۈزۈلۈپ، ساما سېلىپ، ئۇسسۇل ئوينىلاتتى» دېگەن خاتىرىلەردىن ئۇسسۇلنىڭ ئەجدادلىرىمىزنىڭ ئىجتىمائىي ھاياتىدا نەقەدەر مۇھىم رول ئويناپ كەلگەنلىكىنى

كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ[1].

مۇزىكا - ئۇسسۇل سەنئىتى ئەڭ دەسلەپ ئەمگەك ۋە دىنىي ئېتىقاد بىلەن مۇناسىۋەتلىك ھالدا پەيدا بولغان. ئەمما، ئۇ ئۆزىنىڭ كېيىنكى تەرەققىياتى داۋامىدا ئۆز تەركىبىدىكى ئەمگەك ۋە دىنىي مەزمۇننى بارغانسېرى يوقىتىپ (ئىككىنچى تۈرلۈك قىلىپ ئېيتقاندا، ئەمگەك ۋە دىنىي پائالىيەتلەر بىلەن بولغان يېقىن مۇناسىۋىتىنى تەدرىجىي يىراقلاشتۇرۇپ)، ئويۇن - تاماشا ئادەتلىرىنىڭ بىر قىسمىغا ئايلاندى. شۇنىڭ بىلەن خەلق ئۇسسۇللىرى ئەۋرىشىملىك، نەپىسلىك، نازاكەتلىك ۋە يۇمۇرلۇق خاراكتېرگە قاراپ تەرەققىي قىلىپ، ھەقىقىي ئېستېتىكىلىق ئەھمىيەتكە ئىگە بولدى. ئۇيغۇر خەلقىنىڭ «تەخسە ئۇسسۇلى»، «پىيالە ئۇسسۇلى»، «چىراغ ئۇسسۇلى» (خوتەن)، «ئوت ئۇسسۇلى»، «رومال ئۇسسۇلى»، «پوتا ئۇسسۇلى» (قومۇل)، «گۈل ئۇسسۇلى» (كۇچا)، «ئاتۇش ئۇسسۇلى»، «گۈل لەيلى ئۇسسۇلى» قاتارلىق نۇرغۇن ئۇسسۇللىرى مۇزىكىلىق رىتىملىرى، ئۇسسۇللۇق ھەرىكەتلىرى، ھەتتا كىيىم - كېرىمىلىرىگىچە كىشىلەرنىڭ ساپ ئېستېتىكىلىق زوقىغا ماس ھالدا مەيدانغا كەلگەن. شەرقىي شىنجاڭ رايونلىرىدىكى «نازىركوم» ئۇسسۇلىدا ھەر خىل يۇمۇرلۇق، ساتىرىك ئوبرازلار كۆرسىتىلىدىغان نۇرغۇن ئۇسسۇللۇق ھەرىكەتلەر (ئات مىنىش، ئەينەككە قاراش، نازلىنىش، تولغىنىپ مېڭىش، مۇھەببەت ئىزھار قىلىش، قۇشتەك بىر پۇتلۇق تاقلاش قاتارلىقلار) بولۇپ، ئۇ كىشىلەرنىڭ كۆڭۈل ئېچىش ھەۋەسلىرىگە ئۇيغۇنلاشتۇرۇلغان.

دولان مەشرەپلىرىدىن باشقا، قەشقەر سەنەملىرى، غۇلجا نەغمىلىك ئولتۇرۇشلىرى، قاغىلىق، يەكەن، كۇچا، كورلا، قومۇل مەشرەپلىرى، قومۇل مايسا مەشرىپى قاتارلىقلار ئۇيغۇر خەلقى ئارىسىدا ئۇزاق زامانلاردىن بېرى داۋام قىلىپ كېلىۋاتقان ناخشا - ئۇسسۇلنىڭ مول بۇلىقى سۈپىتىدە ھازىرمۇ ساقلانماقتا. زامانىمىزغىچە يېتىپ كەلگەن «ئون ئىككى مۇقام» مۇزىكا - ئۇسسۇللار سىستېمىسى، مەشھۇر «غېرىب-

[1] ئابدۇرەھىم ھەبىبۇللا: «ئۇيغۇر ئېتنوگرافىيەسى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1993 - يىلى 4 - ئاي نەشرى، 433 - ، 435 - بەتلەر.

سەنەم»، «تاھىر - زۆھرە»، «يۇسۇپ - زۇلەيخا»، «نۇزۇگۇم»، «مايىمخان»، «سادىر پالۋان» قاتارلىق ناخشا - مۇزىكا گۇرۇپپىلىرى، «راۋابىڭنى ئالساڭچۇ»، «تاشۋاي»، «شادىيانە»، «چارزەپ»، «بۇ تاغلار ئېگىز تاغلار»، «ھەيرانەي»، «ھەي دادەي»، «بوم پەدە»، «نىم پەدە»، «گۇندىپاي»، «گۇل مەشۇق»، «سوۋار»، «ئويناڭ دەردى بار باللا»، «مىزانگۇل»، «يارۇ»، «ئەزىم دادەي»، «ۋادەرىخا»، «كىيدىم كېپىنەك تونىنى»، «گۇل يارەي»، «ئەۋرىشىم»، «ئاھ ئۇرارمەن»، «دەردىڭ يامان»، «ئۆستەڭ ناخشىسى»، «سېپىل ناخشىسى»، «جۇنۇن»، «زىمىن»، «شەرى خۇمارەي»، «مايىسخان»، «دولان قىزى»، «تۆمۈر خەلپە»، «ئالمىخان» قاتارلىق مۇزىكا، ناخشا - ئۇسسۇللار ئۇيغۇر خەلق ناخشا - ئۇسسۇللىرىنىڭ كەڭ ئومۇملاشقان نادىر ئۇلگىلىرىدۇر[1].

### ھېيتگاھتىكى ساما ئۇسسۇلى

ئۇيغۇرلارنىڭ قەدىمكى مەدەنىيەت مەركىزىگە جايلاشقان ھەيۋەتلىك ۋە سەلتەنەتلىك ھېيتگاھ جامەسىنىڭ ئالدىدىكى كەڭ كەتكەن مەيدان ھەر يىلى قۇربان ھېيت ۋە روزا ھېيت كۈنلىرى ئادەم دېڭىزىغا ئايلىنىدۇ. بۇ مەيداندا قەشقەر ئۇيغۇرلىرى ئۆزىگە خاس مىللىي ئۇسلۇبقا ئىگە بولغان ساما ئۇسسۇلىنى ئويناش ئارقىلىق ئۆزلىرىنىڭ تولۇپ تاشقان خۇشاللىق ھېسسىياتلىرىنى نامايان قىلىدۇ.

ھېيتنىڭ بىرىنچى كۈنى سەھەردە نەچچە ئون مىڭ كىشى ھېيتگاھ جامەسىنىڭ ئىچى ۋە سىرتىدا سەپ - سەپ بولۇپ ھېيت نامىزىنى ئوقۇپ بولغاندىن كېيىن، جامە دەرۋازىسىنىڭ ئۈستىگە سېلىنغان پىششىق كېسەكلىك ئېگىز پەشتاق ئۈستىدە ناغرا بىلەن سۇنايىنىڭ يېقىملىق ئاۋازى ياڭرايدۇ. پەشتاق ئالدىدىكى ئازادە، كەڭ مەيدانغا ھېيت نامىزىدىن يانغان جامائەت توپلىشىپ، مىڭلىغان كىشى ئارقا - ئارقىدىن ساما ئويناشقا باشلايدۇ. ھەش - پەش دېگۈچە بۇ جايغا ساما

---

[1] ئابدۇكېرىم رەھمان: «ئۇيغۇر فولكلورى ھەققىدە بايان»، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى 1989 - يىلى 7 - ئاي نەشرى، 543 -، 544 -، 545 -، 546 - بەتلەر.

كۆرگـۈچىلەر توپلىـشىپ نەچـچە رەت چەمـبەر ھاسـىل قىلىـدۇ، ھەتتـا پەشتاقنىڭ ئىككى يېنىدا قەد كۆتۈرگەن 30 نەچچە مېتىر ئېگىزلىكتىكى مۇنارنىڭ ئۈستىمۇ ئادەم بىلەن لىق تولىدۇ.

ساما ئاساسەن ئەرلەر تەرىپىدىن ئوينىلىدىغان ئۇيغۇرلارنىڭ تارىخىي ۋە ئەنئەنىۋى ئۇسسۇلى بولۇپ، چوڭ كىشىلەردىن تارتىپ بالىلارغىچە ھەممىسى ئىشتىراك قىلىدۇ. كىم ئويناشنى خالىسا مەيدانغا چۈشۈپ ئويناۋېرىدۇ. ساماچىلارنىڭ سانى چەكلىمىگە ئۇچرىمايدۇ، ھەتتا بىر قېتىمدا نەچچە يۈز كىشى ساما ئوينايدۇ. ساماغا چۈشكەن ئادەملەرنىڭ كۆپ بولۇشىغا قارىماي، چېلىنىۋاتقان ناغرا ـ سۇنايىنىڭ رىتىمغا ماس ھالدا ناھايىتى رەتلىك ۋە قائىدىلىك ئوينىلىدۇ.

ساما ئۇسسۇلى باشقا ئۇيغۇر ئۇسسۇللىرىغا ئوخشىمىغان ھالدا ئەڭ زور كوللېكتىپچانلىققا ۋە ئـۆزىگە خـاس ئۇسـسۇل ھەرىكـىتىگە ئىـگە بولغاچقـا، ئـادەتتىكى ئۇسـسۇلچىلارنىڭ ھەممىـسىنىڭ ئوينىيالىـشى ناتايىن، ئۇنىـڭ ئۈسـتىگە سـاما ئۇسـسۇلى مەردانىلىـك ۋە بـاتۇرلۇقنى ئىپادىلەيدىغان سىرلىق مەزمۇنغا ئىگە.

ساما ئۇسسۇلى ئۇچۇن «ئون ئىككى مۇقام»نىـڭ ئىچىـدىكى بـايرام تەنتەنىسىنى ئىپادىلەيدىغان ناخشا ـ كۈيلەر تاللىنىپ چېلىنغان بولغاچقا، بۇ ئۇسسۇلنىڭ مۇزىكىدارلىقى ۋە تەنتەنىنى ئىپادىلەش خاراكتېرى ناھـايىتى كۈچلۈك بولىدۇ. ئۇسسۇل ھەرىكەتلىرى ناغرا ـ سۇنايىنىڭ ياڭراق ئاۋازىغا مـاس ھالـدا سـاماچىلارنىڭ پۇت ۋە قـوللىرى بىـر خىـل تەرتىپلىـك ۋە رىتىملىـق ھەرىـكەت قىلىـدۇ، ئـايلىنىش ھەرىكەتلىرىـمۇ تەكـشى ۋە قائىدىلىك بولغاچقا، بىرلا ۋاقىتتا يۈزلىگەن كىـشى ساما سالـسىمۇ بىـر ـ بىـرىگە سـوقۇلۇپ كېتىـدىغان قوپـال ھەرىكەتـلەر كۆرۈلمەيـدۇ. باشـقا جـايلاردىن كېلىـپ قالغـان سـاياھەتچىلەر بۇنـداق ھەيۋەتلىـك ئۇسـسۇل مەنزىرىسىنى كۆرۈپ، «بۇنـداق چـوڭ كوللېكتىـپ ئۇسـسۇلنى قانچىلىـك ۋاقىت مەشىق قىلىپ بىرلىككە كەلتۈرگەندۇ؟» دەپ ھەيـران قېلىـشلىرى مۇمكىن. لېكىن، سـاما ئۇسـسۇلى ئۇچـۇن ئالـدىنئالا تەييـارلىق مەشـقى قىلمايدۇ. ئۇ پەقەت خەلقنىـڭ بىـر خىـل ئەنئەنىـۋى پائـالىيىتى بولـۇپ، بايرام تەنتەنىسى ھەممە كىشىنى ئىختىيارسىز ساما سېلىشقا ئۈندەيدۇ.

ساما ھېيت كۈنلىرى ئەتىگەندىن كەچكىچە كۈنبويى ئۈزۈلمەي داۋاملىشىدۇ. ساماچىلار قانچىلىك ۋاقىت ئوينىسا ئۆزىنىڭ ئىختىيارى. ناغرا - سۇنايچىلار ئادەتتە بىرەر سائەت ئەتراپىدا بىر خىل ئاھاڭغا ئۆزگەرتىپ ھارماي چالىدۇ. بىرەر مۇقام ئاخىرلاشقاندا 10 — 15 مىنۇت دەم ئېلىنىپ يەنە باشلايدۇ. ساماچىلار ھېرىپ - چارچىسا ئۆزلۈكىدىن توختاپ، تاماشىچىلارنىڭ قاتارىغا قوشۇلىدۇ، لېكىن ساما مۇزىكا توختىمىغۇچە زادى توختاپ قالمايدۇ، بەلكى بەس - بەستە بىرىنىڭ ئورنىغا بىرى مەيدانغا چۈشۈپ ئۈزۈكسىز داۋاملىشىۋېرىدۇ. بەزى ساما مەستانىلىرى ئۇسسۇلنى كۆپ ئويناپ ھېرىپ - چارچىغانلىقتىن ھوشىدىن كېتىپ يىقىلىپ قالىدىغان ئەھۋاللارمۇ يۈز بېرىدۇ. قىسقىسى، ساما سېلىش قەشقەر ئۇيغۇرلىرىنى بىر خىل تىلسىملىق كۈچ بىلەن ئۆزىگە مەھلىيا قىلىدۇ.

ساما ئۇسسۇلىنىڭ خاراكتېرىدىن قارىغاندا، ئۇنىڭدا غەلىبىنى ۋە شاد - خۇراملىقنى تەنتەنە قىلىش مەزمۇن قىلىنغان.

ساما ئۇسسۇلىنىڭ تارىخىمۇ ناھايىتى ئۇزاق. قەدىمكى كوللېكتىپ ئوۋچىلىق دەۋرىدىلا ئوۋدىن غەلىبىلىك قايتىپ كەلگەندىن كېيىن ئۇرۇق - قەبىلىلەر بويىچە بىر يەرگە جەم بولۇپ، ئوۋ غەلىبىسىنى تەبرىكلەپ كوللېكتىپ ئۇسسۇل ئويناش ئادىتى بار ئىدى. شامانىزم دەۋرىدە ساما (كۆك)غا چوقۇنۇش ئاساسىي ئورۇندا تۇرغاچقا، غەلىبە تەنتەنىسى بەدىلىگە ئوينىلىدىغان بۇنداق كوللېكتىپ ئۇسسۇل ساما ئۇسسۇلى (خەلق تىلىدا ساما سېلىش) دەپ ئاتالغانلىقى مەلۇم. ئېھتىمالچە، ئىسلام دىنىنىڭ غازات ئۇرۇشلىرىدا جەڭگە ئاتلىنىش ئالدىدا ناغرا بىلەن سۇناي چېلىنىدىكەن، جەڭدە غەلىبە قىلسا غەلىبىنى تەنتەنە قىلىش يۈزىسىدىن ناغرا بىلەن سۇنايىنىڭ ئاۋازىغا تەڭكەش قىلىپ كوللېكتىپ ئۇسسۇل ئوينالغان. ئۇيغۇرلار ئارىسىدا يەقەت قۇربان ھېيت بىلەن روزا ھېيت كۈنلىرىدىلا مۇشۇنداق كوللېكتىپ ساما ئۇسسۇلى ئارقىلىق ھېيت خۇشاللىقنى تەنتەنە قىلىش ئادىتى شۇ قەدىمكى ئەنئەنە بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولسا كېرەك. مەيلى ئۇ قايسى تارىخي ئەنئەنىگە باغلىنىشىدىن قەتئىينەزەر، ئۆزگىچە

ئالاھىدىلىككە ئىگە بولغان ساما ئۇسسۇلى شىنجاڭدىن ئىبارەت ناخشا-ئۇسسۇل ماكانىنىڭ سىمۋولىدۇر.

**خامان ناخشىسى**

خامان تېپىش دېھقانچىلىق ئەمگىكىنىڭ ئەڭ جىددىي ۋە ئەڭ ئۇمىدلىك مەزگىلى بولغاچقا، دېھقانلار خامانىنىڭ مول ھوسۇللۇق بولۇشىنى تىلەپ ھەر خىل ئىرىملىك ئادەتلەرگە ئەمەل قىلىدۇ. ئەنە شۇنداق ئىرىملىك ئادەتلەرنىڭ بىرى ئۇيغۇرلارنىڭ خامان قاتقاندا ئېيتىدىغان «خامان ناخشىسى» دىن ئىبارەت. «خامان ناخشىسى»نى ھەممە دېھقان ئېيتمايدۇ ۋە ئېيتالمايدۇ. يۇرت ۋە مەھەللە ئىچىدە «خامان ناخشىسى»نى ئېيتىدىغان بىرنەچچە تەجرىبىلىك پېشقەدەم دېھقانلار بولۇپ، ئۇلار تەكلىپ بىلەن ياكى ئۆز ئىختىيارلىقى بىلەن يۇرت - مەھەللىدىكى خامانلىقلارنى ئارىلاپ قەرەللىك ھالدا «خامان ناخشىسى»نى ئېيتىش بىر خىل ئەنئەنىگە ئايلانغان.

«خامان ناخشىسى» ئۇيغۇرلار ئارىسىدا «لاي - لاي» دېگەن مەخسۇس نام بىلەن ئاتالغان. «لاي - لايچىلار» ئادەتتە ئوڭ دولىسىغا ئارىنى ئېلىپ، قولى بىلەن سول قۇلىقىنى تۇتۇپ، خامانغا قاتقان ئات-ئۇلاغلارنىڭ مومنى دەۋر قىلىپ ئايلىنىشىغا ئەگىشىپ، مەھەللە - كويىغا ئاڭلانغۇدەك يۇقىرى ئاۋاز بىلەن «لاي - لاي» سالىدۇ. «لاي - لاي» ئېيتقاندا، ئۇنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلىغان ھەرقانداق كىشى قىلىۋاتقان ئىشىنى توختىتىپ، دىققەت بىلەن تىڭشايدۇ. دېھقانلار ئارىسىدا «لاي-لايچىلار» يۇقىرى ئىناۋەتكە ئىگە. دېھقانلارنىڭ قارىشىچە، «لاي-لاي» جىن - شەيتانلارنى قوغلاپ، ئەرۋاھلارنى خامانغا چاقىرىش ئۈچۈنمىش. «خامان ناخشىسى» نىڭ رىتىمى خامانغا قاتقان ئات-ئۇلاغلارنىڭ مېڭىشىغا ماسلاشقان بولۇپ، ئاھاڭى ناھايىتى سوزۇلۇڭ ۋە جۇشقۇن بولۇپ، ئاڭلىغۇچىلارنىڭ قەلبىنى تىترىتىدۇ. ناخشىدا دېھقاننىڭ ھوسۇلنى تېزرەك يىغىۋېلىش ئارزۇسى ۋە مول ھوسۇل ئېلىش ئۈمىدى. تېرىلغۇ ئۇلاغلىرىنىڭ دېھقانلار ھاياتىدا ناھايىتى چوڭ ئورۇن تۇتىدىغانلىقى ۋە دېھقانلارنىڭ بۇ ھايۋانلارغا بولغان مۇھەببىتى قاتارلىق

مەزمۇنلار كۆيلىنىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىللە بۇ قوشاقلار خامان تېپىش ئەمگىكىنىڭ ئېھتىياجىغا بىۋاستە ماسلاشقان بولۇپ، ھارغىنلىقنى ئازايتىش، ئەمگەك ئۈنۈمدارلىقىنى ئۆستۈرۈپ، ئەمگەك مەيدانىغا جۇشقۇن كەيپىيات بېغىشلاش قاتارلىق جەھەتلەردە ناھايىتى چوڭ رول ئوينايدۇ. مەسىلەن:

لاي ـ لاي......
دەسسەڭلار، يانجىڭلار، جانىۋارلىرىم
مەيدە بولسۇن.
دانىنى ئايرىپ چەشلەڭلار، جانىۋارلىرىم
خامان تولسۇن.
لاي ـ لاي ـ لاي......
نەقرات:
دەسسەڭلارەي ـ يانجىڭلار، جانىۋارلىرىم
خامان تولسۇن.
لاي ـ لاي ـ لاي......

ئۇيغۇرلار ئارىسىدىكى «لاي ـ لاي» دەپ ئاتالغان «خامان ناخشىلىرى»نىڭ تېكىستى ھەممە رايونلاردا بىردەك، مۇقىم بولۇۋەرمەيدۇ. ئەمما، ئاھاڭ، رىتىملىرى بىرقەدەر ئوخشاشلىققا ئىگە.

## 2. مۇزىكا ئادەتلىرى

ئۇيغۇر مۇزىكا سەنئىتىنى ئۇسسۇل سەنئىتى بىلەن قوشماق ياكى بىر گەۋدە دەپ ئاتاشقا بولىدۇ. چۈنكى، ئۇ ئىككىسىنىڭ تەرەققىياتى ئۇيغۇرلارنىڭ پسىخىكىلىق ئالاھىدىلىكىگە مۇناسىپ ھالدا بىر ـ بىرىنى ئۆزئارا شەرت قىلىشقان. ئۇسسۇل ئۇيغۇرلارنىڭ شوخ، تېتىك، مەردانە، غەيۇر، شادىيانە، خۇش پىچىم، قەيسەر مىجەز ـ خۇلقىنى نەپىس، نازۇك، ئەۋرىشىملىك ھەرىكەت تىلى بىلەن ئوبرازلىق ئىپادىلەش

ئارقىلىق خەلقىنىڭ مەنىۋى تۇرمۇشىنى جانلاندۇرۇپ كەلگەن بولسا، ئۇيغۇر مۇزىكا سەنئىتى بەدىئىيلىكىنىڭ ئۈستۈنلۈكى، ئاھاڭىنىڭ كۆپ خىللىقى، رىتىمىنىڭ مۇرەككەپلىكى، ۋەزنىنىڭ ئېنىق - ئۆلچەملىكلىكى قاتارلىق ئالاھىدىلىكلىرى بىلەن ئۇيغۇر ئۇسسۇل ھەرىكىتىگە جان كىرگۈزۈپ، ئۇنى ئۇيغۇرلارنىڭ مىللىي پىسخىكىلىق ئالاھىدىلىكىگە تېخىمۇ ئۇيغۇنلاشتۇرغان.

ئۇيغۇر مۇزىكا تىلىنىڭ بۇ ئالاھىدىلىكىگە مۇناسىپ چالغۇلىرىنىڭمۇ تۈرى كۆپ بولۇپ، ئۇيغۇر مۇزىكىسىنىڭ ئاھاڭىنىڭ كۆپ خىللىقى، مۇرەككەپلىكى قاتارلىق ئالاھىدىلىكلىرىنى تولۇق ئىپادىلەش ئىقتىدارىغا ئىگە.

ئۇيغۇرلارنىڭ ئۆرپ - ئادىتىدە مەھەللىۋى ئالاھىدىلىكلەر مەۋجۇت بولغىنىدەك، ئۇيغۇر مۇزىكىسىمۇ شۇنداق مەھەللىۋى ئالاھىدىلىكلەردىن مۇستاسنا ئەمەس. مۇنداق مەھەللىۋى ئالاھىدىلىكلەر جەنۇبىي شىنجاڭ، شەرقىي شىنجاڭ، شىمالىي شىنجاڭ (ئاساسەن ئىلى رايونى) ئۇيغۇرلىرىنىڭ مۇزىكا - ناخشىلىرىدا ئۇچرايدۇ. بۇ ئالاھىدىلىكلەر جەنۇبىي شىنجاڭ مۇزىكا ئاھاڭىدا مۇرەككەپ ئەگىتمە كۈي - ئاۋازلارنىڭ ئازلىقى، شەرقىي شىنجاڭ ئۇيغۇرلىرىنىڭ مۇزىكا - ناخشا، كۈي- ئاۋازىنىڭ ئاددىيلىقى (كورلا، تۇرپان، قومۇل سەنەملىرىنىڭ كۈي- ئاۋازلىرى ئاساسىي جەھەتتىن ئوخشاش)، ئىلى مۇزىكا - ناخشىلىرىنىڭ ئەگىتمە، سىيرىلما، بۆلۈنمە ئاۋازلارنىڭ كۆپلۈكى بىلەن خاراكتېرلىنىدۇ، ئەمما، بۇ خىل ئالاھىدىلىكلەر «ئون ئىككى مۇقام» كۈي - ئاۋازلىرىنى ئاساس قىلغان بولۇپ، يەنىلا ئۇيغۇر مۇزىكىسىنىڭ ئورتاق سىستېمىسىغا مەنسۇپ[1].

### ئۇيغۇر ئون ئىككى مۇقامى

«ئۇيغۇر بار يەردە ‹ئون ئىككى مۇقام› بار، ‹ئون ئىككى مۇقام›

[1] ئابدۇرەھىم ھەبىبۇللا: «ئۇيغۇر ئېتنوگرافىيەسى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1993 - يىلى 4 - ئاي نەشرى، 436 -، 438 - بەتلەر.

بار يەردە ئۇيغۇر بار» دېگەن بۇ ھېكمەتلىك سۆز چىن ھەقىقەتتۇر. ھەقىقەتەن «ئون ئىككى مۇقام» ئۇيغۇر فولكلورىغا مەنسۇپ بولغان بىر خىل سەنئەت ئۆرپ - ئادەت ھادىسىسى ھېسابلىنىدۇ. ئۇ ئۇيغۇر روھىنىڭ ئەڭ كەڭ ئامموۋىلاشقان تىپىك بەدىئىي كۆرۈنۈشى، سەنئەت ئۆرپ - ئادەتلىرىنىڭ سىستېمىلاشقان مۇجەسسىمى. شۇنىڭ ئۈچۈن، «ئون ئىككى مۇقام» ئۇزاق ئەسىرلەردىن بۇيان خەلقىمىزنىڭ كۈندىلىك ھاياتىغا ھەمراھ بولۇپ، زىمىستان كۈنلەر، ئاچچىق تۈنلەر ئىز قالدۇرغان خەستە كۆڭۈللەرگە شادلىق تۇيغۇسى ئاتا قىلىدىغان روھىي مەبۇد بولۇپ كەلدى. ئۇيغۇرلار ئۆزلىرىنىڭ خۇشاللىق كۈنلىرىدىمۇ، قايغۇ- ھەسرەتلىك ئاچچىق تۈنلىرىدىمۇ «ئون ئىككى مۇقام»غا ئىلتىجا قىلدى. خۇددى ئۇيغۇرلارنىڭ قەدىمكى پەلسەپىلىك قارىشىدا پۈتۈن كائىناتقا ھاياتلىق بەخش ئەتكۈچى ئاسمان بوشلۇقىدىكى يورۇقلۇق سىستېمىسىنى «ئون ئىككى بۇرج»قا تەتبىقلىغىنىغا ئوخشاش، ئۇنى ئۆزلىرىنىڭ بەدىئىي تەسەۋۋۇرى بويىچە «ئون ئىككى مۇقام» تىمسالىدا ئوبرازلاشتۇرۇپ، يۈكسەك مەنىۋى تۈۋرۈككە ئايلاندۇردى. شۇڭا، «ئون ئىككى مۇقام» نوقۇل سەنئەت ھادىسىسى بولماستىن، بەلكى ئالدى بىلەن خەلقىمىزنىڭ ئانا تەبىئەت قوينىدا قوزغالغان بەدىئىي تەسەۋۋۇرلىرى ۋە سەنئەت ئۆرپ - ئادەتلىرىنىڭ مۇزىكىلىق يىغىندىسى دېيىشكە ھەقلىقمىز.

ئۇيغۇر ناخشا - مۇزىكا سەنئىتىنىڭ ئانىسى بولغان «ئون ئىككى مۇقام» بىر ۋاقىتتىلا، بىر يەردە، بىرەر شەخس تەرىپىدىن بىر يولىلا پەيدا بولغان ئەمەس، بەلكى ھەر يەردە، ئۇزاق تارىخىي دەۋرلەر جەريانىدا كوللېكتىپ تەرىپىدىن بىر - بىرلەپ ئىجاد قىلىنغان ئەنئەنىۋى ئون ئىككى سېكىلدىن ئىبارەت ئۇيغۇر مېلودىيەسىنىڭ تىمسالىدۇر. شۇڭا، «ئون ئىككى مۇقام»نىڭ پەيدا بولۇشىنى مۇئەييەن بىر تارىخىي دەۋر بىلەن چەكلەپ قويغىلى بولمايدۇ. تارىخ سەھنىسىدە ئۈزۈلمەس دولقۇندەك ئۆزئارا ئىز بېسىپ كەلگەن ئۇيغۇر ئەجدادلىرى ئوۋچىلىق، چارۋىچىلىق، دېھقانچىلىق تۇرمۇشى بىلەن شۇغۇللىنىش داۋامىدا چۆل - باياۋان، تاغ - دالا، دەريا - ئۆستەڭ، يايلاق ۋە

ئېتىز- ئېرىق كۈيلىرىنى، ئۇنىڭغا مۇناسىپ ناخشا - قوشاقلارنى ۋۇجۇدقا كەلتۈرگەن. بۇ كۈيلەر ئۆزىنىڭ مېلودىيە ئالاھىدىلىكى بويىچە تۈركۈملىنىپ، تەدرىجىي يۈرۈشلەشكەن مۇقام گۇرۇپپىلىرىنى تەشكىل قىلغان.

«مۇقام» سۆزى ئېتىمولوگىيەلىك جەھەتتە قەدىمكى ئۇيغۇر كۇسەن — توخار تىلىدىكى «مەقەۋمە» — maka — yame سۆزىنىڭ ئۆزگەرگەن شەكلى بولۇپ، «چوڭ نەغمە» دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ. ئۇ «ئورۇن»، «دەرىجە» مەنىسىنى بىلدۈرىدىغان ئەرەبچە «مۇقام» بولۇپ ئۆزلەشكەن ۋە چوڭ ھەجىمدىكى يۈرۈشلەشكەن ناخشا- ئۇسسۇللۇق مۇزىكا چۈشەنچىسىنى بېرىدىغان خاس ئىسمغا ئايلىنىپ كەتكەن.

ئۇيغۇر ئون ئىككى مۇقامىنىڭ قېزىلىپ، رەتلىنىپ بۈگۈنكى دەۋرىمىزگە يېتىپ كېلىشىدە سەئىدىيە خانلىقىنىڭ قۇرغۇچىسى ئەبۇ سەئىدخانىنىڭ ئوغلى ئابدۇرەشىدخانىنىڭ ھامىيلىقىدا ۋە مەدەتكارلىقىدا مەشھۇر مۇقامشۇناس، شائىر قىدىرخان ۋە خانىش ئامانىساخانلار ئۆچمەس تۆھپە قوشقان. ئەنە شۇ ئامانىساخان باشچىلىقىدا رەتلىنىپ، مەشھۇر مۇقامشۇناس تۇردى ئاخۇن ئاكا ۋارىسلىق قىلىپ ساقلىغان ۋە 1956- يىلى نوتىغا ئېلىنغان «ئون ئىككى مۇقام» تىزىملىكلىرى تۆۋەندىكىچە:

| | | |
|---|---|---|
| 1. راك مۇقامى | 23 نەغمە | 205 مىسرا |
| 2. چەببيات مۇقامى | 23 نەغمە | 251 مىسرا |
| 3. مۇشاۋرەك مۇقامى | 31 نەغمە | 363 مىسرا |
| 4. چارگاھ مۇقامى | 18 نەغمە | 212 مىسرا |
| 5. پەنجىگاھ مۇقامى | 25 نەغمە | 240 مىسرا |
| 6. ئۆزھال مۇقامى | 29 نەغمە | 224 مىسرا |
| 7. ئەجەم مۇقامى | 17 نەغمە | 143 مىسرا |
| 8. ئۇشەق مۇقامى | 23 نەغمە | 286 مىسرا |
| 9. بايات مۇقامى | 19 نەغمە | 119 مىسرا |
| 10. ناۋا مۇقامى | 20 نەغمە | 209 مىسرا |

| | | |
|---|---|---|
| 11. سىگاھ مۇقامى | 6 نەغمە | 72 مىسرا |
| 12. ئىراق مۇقامى | 8 نەغمە | 102 مىسرا |

«ئون ئىككى مۇقام» جەمئىي 242 نەغمە (مۇزىكا)، 2470 مىسرا، بۇنىڭغا «ئابىچەشمە» مۇقامىدىكى 13 نەغمە، 232 مىسرانى قوشقاندا، تۇردى ئاخۇن ئاكىنىڭ ساقلاپ قالغىنى 255 نەغمە، 2702 مۇزىكىلىق مىسرا بولىدۇ.

لېكىن، «ئون ئىككى مۇقام» باشتىن ـ ئاياغ بىردەك ئون ئىككى بىلەن چەكلەنگەنمۇ ئەمەس. مۇقام ئۆز تارىخىدا كۆپ قېتىم كېمىيىش، كۆپىيىش، قوشۇلۇپ ئىخچاملىنىش، ئوخشاشمىغان يەرلىك ۋارىيانتلارنى پەيدا قىلىش تارىخىنى بېشىدىن كەچۈرگەن.

«ئون ئىككى مۇقام» دا ناخشا ـ مۇزىكا شەكلى بىلەن ئىنسانىي مۇھەببەت، گۈزەل ئارزۇ ـ تىلەكلەر، كىشىلىك ھاياتتىكى شاد ـ خۇراملىق، ھەسرەت ـ نادامەت، جۇدالىق، بىرلىك ـ ئىناقلىق، كۆڭۈل ئازادىلىك، مۇڭ ـ پىغان، غەزەپ ـ نەپرەت، زۇلۇم ـ كۈلپەت قاتارلىق ئۆتمۈشنىڭ تۇرمۇش مەنزىرىلىرى بايان قىلىنغان.

قىسقىسى، «ئون ئىككى مۇقام» ئۇزاق تارىختىن بويان ئۇيغۇر خەلقىنىڭ قەلب تۆرىدىكى مۇقەددەس سەنئەت «ئىلاھى» سۈپىتىدە كىشىلەرگە مەنىۋى قۇۋۋەت ۋە ئېستېتىكىلىق زوق بەخش ئېتىپ كەلگەن؛ تىل بىلەن ئىزھار قىلغىلى بولمايدىغان دەرىجىدە يۈرەك تارلىرىمىزنى تىترىتىپ، پىسخىكىلىق ھالىتىمىز بىلەن ئورگانىك ھالدا بىر گەۋدىگە ئايلىنىپ كەتكەن. «ئون ئىككى مۇقام»نىڭ مۇزىكىلىق سېزىمگە ھەقىقىي ھالدا مەپتۇن بولغۇچى «ساتارنىڭ تارىغا جان رىشتىسىدىن تار ئېشىپ» چېلىشنى ۋە ئۇنىڭ ساداسىدىن «بىناۋانىڭ كۆڭلىنى ئېلىش» نى تەلەپ قىلغۇچىلار، شۈبھىسىزكى، ئالدى بىلەن ئۇنىڭ ھەقداسى ــ ئۇيغۇر خەلقىدۇر[1].

---

[1] ئابدۇكېرىم رەھمان، رەۋەيدۇللا ھەمدۇللا، شېرىپ خۇشتار: «ئۇيغۇر ئۆرپ ـ ئادەتلىرى»، شىنجاڭ ياشلار ـ ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى 1996 ـ يىلى 8 ـ ئاي نەشرى، 142 ـ، 191 ـ بەتلەر.

**ئۇيغۇرلاردا ئەنئەنىۋى دىنىي مۇزىكا**

ئۇيغۇر خەلقىنىڭ دىنىي مۇزىكىلىرىنى بەش تۈرگە بۆلۈشكە بولىدۇ:

1. ئادەتتىكى دىنىي مۇزىكىلار

مۇسۇلمانلارنى نامازغا چاقىرىپ ئېيتىلىدىغان ئەزان، مەسچىت ۋە باشقا ھەر خىل سورۇنلاردا ئوقۇلىدىغان قىرائەت، رامىزان كۈنلىرى مۇسۇلمانلارنى روزا تۇتۇشقا دەۋەت قىلىپ ئېيتىلىدىغان رامىزان ناخشىلىرى، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ تۇغۇلغان خاتىرە كۈنىدە ئوقۇلىدىغان مەۋلۇت قاتارلىقلار بەلگىلىك مۇزىكا رىتىمى ۋە ئاھاڭدارلىققا ئىگە بولۇپ، ئاساسەن ئەركىن ئۇداردا ئېيتىلىدۇ؛ ئۇنىڭ ئاھاڭ شەكلى گويا دېكلاماتسىيە ۋە ئاھاڭدار خىرا (چاقىرىق) غا ئوخشىشىپ كېتىدۇ. مانا بۇلار ئادەتتىكى دىنىي مۇزىكىلاردۇر.

2. خانىقا مۇزىكىسى

سوپى - ئىشانلارنىڭ پائالىيەتلىرىدە ئوقۇلىدىغان زىكرى - تەلقىن (ھەلقە - ساما) لار خانىقا مۇزىكىسى دەپ ئاتىلىدۇ.

سوپى - ئىشانلار ئۆزلىرىنىڭ ئاللاغا بولغان مۇھەببىتى، ئېتىقاد - چوقۇنۇشىنى ھەلقە - ساما قىلىش ئارقىلىق ئىپادە قىلىدۇ. ئۇلار ھەپتىنىڭ مەلۇم بىر كۈنىنى ھەلقە - ساما قىلىش كۈنى قىلىپ بەلگىلەيدۇ، بەلگىلەنگەن كۈندە ئۆزلۈكىدىن خانىقاغا يىغىلىپ، ئىشان ياكى خەلىپىنىڭ باشقۇرۇشىدا پائالىيەت ئېلىپ بارىدۇ.

پائالىيەت باشلانغاندا ئالدى بىلەن ئىشان خەتمە ئوقۇيدۇ، ئۇنىڭ كەينىدىن ھاپىزلار ئەركىن ئۇدار بىلەن مۇقام شەكلىدە ھۆكمەت ئوقۇيدۇ، كېيىن ھۆكمەت مۇقىم ئۇدارغا كۆچىدۇ، بۇ چاغدا ھەممەيلەن بىرلىكتە رىتىملىق ھالدا جەھرە قىلىشقا باشلايدۇ. جەھرىنىڭ سۈرئىتى ۋە ئۇدار تاكتلىرى بارغانسېرى تېزلىشىدۇ. جەھرە قىلغۇچىلار ھالقىسمان بولۇپ بىر - بىرىگە يېقىنلىشىپ، پۈتۈن ۋۇجۇدىنى تەڭ ھەرىكەتلەندۈرۈپ، خۇدىنى يوقاتقان ھالدا ھەرىكەت قىلىدۇ، ئۇنىڭدىن كېيىن ساماغا چۈشىدۇ. ساما يۇقىرى باسقۇچقا كۆتۈرۈلگەندە ھاپىز ئەركىن رىتىم بىلەن ھۆكمەت ئوقۇشنى باشلايدۇ.

ھەلقە - سامادا ئوقۇلىدىغان ئاھاڭلار ئۇيغۇر خەلق ناخشىلىرى،

ئۇسسۇل مۇزىكىلىرى، ھەتتا «ئون ئىككى مۇقام» نىڭ ئاھاڭلىرىغا بەكمۇ ئوخشىشىپ كېتىدۇ. ئۇلار ئەركىن ئۇدارلىق ياكى 2/4 ئۇدارلىق بولۇپ، ئايرىم چاغلاردا 3/4 ۋە 7/8 لىك ئۇدارغا ئۆزگىرىدۇ. كۆپچىلىك قوشۇلۇپ ئوقۇغاندا كۆپ يوللۇق ئاككورد ئۈنۈمى ھاسىل بولۇپ، تەسىرلەندۈرۈش كۈچى ئىنتايىن كۈچلۈك بولىدۇ. ھازىرقى كۈندە ئوينىلىدىغان ساما ئۇسسۇلى سوپىلارنىڭ «ساما»سىدىن تەرەققىي قىلىپ، ئومۇملىشىپ تاكامۇللاشقان.

3. ئاشىقلارنىڭ ناخشا ـ مۇزىكىلىرى

ئاشىقلار راۋاب، تاش، قوشۇق، ساپايى قاتارلىق چالغۇلارنىڭ ۋاستىسى بىلەن ناخشا ئوقۇپ خۇدانى مەدھىيەلەيدۇ. ئۇلارنىڭ بەزىلىرى راۋاب چېلىپ ناخشا ئېيتسا، بەزىلىرى بىر قولىدا ساپايى چېلىپ، يەنە بىر قولىدا تاش ئويىنىتىپ ناخشا ئېيتىدۇ، بەزىدە ئىككى كىشى بىرلىكتە ئېيتىدۇ. ئۇلارنىڭ پائالىيىتى ھېيت ـ بايرام كۈنلىرى ئادەم توپلىشىدىغان بازار ۋە مازارلاردا ئەۋجىگە چىقىدۇ، باشقا چاغلاردا يۇرتمۇيۇرت، ئۆيمۇئۆييۈرۈپ كەسىپ بىلەن شۇغۇللىنىدۇ.

4. باخشى (پېرىخون) لارنىڭ ناخشا ـ مۇزىكىلىرى

باخشىلىق — جىن ـ ئالۋاستىلارنى قوغلاپ، كېسەل داۋالاش پائالىيىتىدىن ئىبارەت بىر خىل خۇراپىي ئىش. باخشىلار كېسەل داۋالىغاندا ئارغامچا بىلەن ئۆينىڭ تورۇسىغا تۇغ باغلايدۇ. باخشى ناخشا ئوقۇش بىلەن تەڭلا كېسەل تۇغنى تۇتۇپ چۆرگىلەيدۇ؛ باخشى ئۇنىڭ كەينىدە خەنجەر ـ پىچاقنى تۇتۇپ كېسەلگە يېنىك تەگكۈزگەن ھالدا ئايلىنىدۇ.

ئۇستا باخشىلار سەنەم، سەلىقە، سۆھبەت قاتارلىق بىر يۈرۈش ئاھاڭلارنى تولۇق ئېيتالايدۇ، ئۇلار ناخشا ئېيتقاندا ئادەتتىكى داپتىن بىر ھەسسە يوغان داپنى چېكىپ ئېيتىدۇ.

## 3. ئۇيغۇر چالغۇلىرى ۋە ئۇلارنىڭ تۈرلىرى

ئۇيغۇرلار قەدىمدىن تارتىپ ناخشا ـ ئۇسسۇل ۋە مۇزىكىغا ماھىر

خەلق. ناخشا - ئۇسسۇل ۋە مۇزىكا ئۇلارنىڭ كۈندىلىك ھاياتى بىلەن زىچ باغلىنىپ كەتكەن. شۇنىڭ ئۈچۈن، قەشقەردىكى ئۇيغۇرلار ئارىسىدا بىرەر خىل مۇزىكا چېلىشنى بىلمەيدىغان كىشىلەر ئاز ئۇچرايدۇ. ئۇيغۇرلار ئارىسىدا ھەتتا مۇزىكا چېلىشنى بىلمەيدىغان كىشىلەرمۇ ئۆيىنىڭ تۆرىگە بىرەر چالغۇ ئەسۋابىنى ئېسىپ قويۇش بىر خىل ئادەتكە ئايلانغان.

ئۇيغۇرلار باشقا قېرىنداش تۈركىي خەلقلەرگە قارىغاندا بۇرۇنراق ئولتۇراق تۇرمۇش ھالىتىگە كۆچكەن. بۇنداق تۇرمۇش مۇھىتى ئۇلارنىڭ ئېستېتىكىلىق تۇيغۇسىغا ۋە سەنئەت پىسخىكىسىغا چوڭقۇر تەسىر كۆرسىتىپ، ئۇيغۇر مۇزىكا كۈيلىرىنىڭ كۆپ ئۇدارلىق، مۇرەككەپ قۇرۇلمىلىق خاراكتېرىنى بەلگىلىگەن. ئۇيغۇر دولانلىرىنىڭ مەشرەپ- مۇقاملىرى ئۇيغۇر خەلق كىلاسسىك مۇزىكىسى «ئون ئىككى مۇقام» نىڭ ئەڭ ئىپتىدائىي مەنبە - ئېقىنلىرىدىن بىرى بولۇش سۈپىتىدە شەكلى خىلمۇخىل، قويۇق مىللىي ۋە يەرلىك پۇراققا ئىگە بولۇپ، ئۇيغۇر خەلقىنىڭ مۇزىكا خەزىنىسى ئىچىدە قېلىپلاشقان ۋە يۈرۈشلەشكەن خەلق مۇقاملىرى، خەلق ناخشىلىرى، مەشرەپ ۋە سەنئەم- ئەلنەغمىلىرىنىڭ گۈل تاجى ھېسابلىنىدۇ.

ئۇيغۇرلارنىڭ مەشرەپ - مۇقام ۋە ناخشا - ئۇسسۇللىرىنى ئورۇنلاشتا خاس ئىشلىتىدىغان قەدىمكى ئەنئەنىۋى چالغۇلىرىدىن ھازىرغىچە ساقلىنىپ قالغان ۋە ئىشلىتىلىپ كېلىۋاتقانلىرى تۆۋەندىكىچە:

**يەللىك چالغۇلار**

يەللىك چالغۇلار چالغۇنىڭ ئاۋاز كۈچى، ئۇلارنىڭ يۇقىرى- تۆۋەنلىكى قاتارلىقلارنى خەرەكتىن چىقىۋاتقان ھاۋا ئېقىمى ۋە ئېغىز شەكلى ئارقىلىق كونترول قىلىدىغان، ئېغىز بىلەن پۈۋلەپ چېلىنىدىغان چالغۇ ئەسۋابلار تۈرىگە كىرىدۇ.

**1. نەي**

نەي — ئەڭ قەدىمكى چالغۇلارنىڭ بىرى. نەينىڭ ئۇزۇنلۇقى ھەر

خىل بولۇپ، سۆڭەكتىن ياسالغانلىرى 20 سانتىمېتىر كېلىدۇ. ئۇ يانتۇ تۇتۇپ پۈۋلەپ چېلىنىدىغان چالغۇ. ئۇنىڭ ئۈستىدە ئاۋاز تۆشۈكلىرى بولىدۇ. تۆشۈكلەرنى بارماقلار بىلەن تولۇق ۋە يېرىم ئېتىش ئارقىلىق خىلمۇخىل پۈتۈن ۋە يېرىم ئاۋازلارنى چىقىرىشقا بولىدۇ. ئۇنىڭ ئاۋازى يۇقىرى، ئاۋاز دائىرىسى كەڭ، ئاۋاز تۈسى مۇڭلۇق بولۇپ، كۆپىنچە يالغۇز ئورۇنلىنىدۇ. ئوركېستىرنىڭ شوخ، تېتىك يۇقىرى ئاۋاز قىسمىدا ئالاھىدە رول ئوينايدۇ. نەينىڭ سەككىز تۆشۈكى بولىدۇ. ئاۋاز دائىرىسى $d^1$ دىن $d^3$ كىچە ئىككى ئوكتاۋا بولىدۇ. ئۇنىڭ ئاۋاز تۈسى $d^1$ دىن $b^1$ گىچە توم، سىلىق، $c^2$ دىن $g$ گىچە ياڭراق، $b^2$ دىن $d^3$ كىچە ئىنچىكە، سۈزۈك كېلىدۇ.

## 2. بالىمان

بالىمان — تۈز تۇتۇپ پۈۋلەپ چېلىنىدىغان چالغۇ. ئۇنىڭ پۈۋلەيدىغان ئۇچى ياپىلاق، توغرىسىغا ياغاچ قىستۇرۇلغان، ئۈستىدە سەككىز تۆشۈكى بولۇپ، بارماقلار بىلەن بېسىپ چېلىنىدۇ. ئۇزۇنلۇقى 28 سانتىمېتىر ئۆپچۆرىسىدە بولىدۇ. ئۇنىڭ ئاۋازى ئوتتۇرا ئاۋازغا مايىلراق بولۇپ، مۇنجاما قەغەزنىڭ تىترىشىدىن پەيدا بولىدىغان ئاجايىپ يېقىملىق بىر خىل تۈسكە ئىگە. بالىمان خوتەن رايونىدا كەڭ تارقالغان. ئاۋاز دائىرىسى $c^1$ دىن $f^2$ گىچە. بارماق بېسىش قائىدىسى نەي بىلەن ئاساسەن ئوخشاش.

## 3. بۇرغا

بۇرغا — ئەڭ قەدىمكى چالغۇ ئەسۋابلارنىڭ بىرى. پۈۋلەپ چېلىنىدىغان چالغۇلار ئىچىدە ئۇنىڭ ئاۋاز كۈچى ئەڭ زور، ئەڭ ياڭراق. بۇرغىنىڭ شەكلى ئەگمە بولۇپ، ئۇزۇنلۇقى 20 — 30 سانتىمېتىر ئۆپچۆرىسىدە، ئۇچىدا بىر دانە پۈۋلەش تۆشۈكى بار. يوغان ئۇچى كاناي شەكلىدە، ئىچى ئويۇپ ياسالغان. بارماق تۆشۈكلىرى يوق. پەقەت ئېغىز بوشلۇقى ۋە ئۆپكىدىن چىققان ھاۋا بېسىمىنى كونترول قىلىش ئارقىلىق ئۇزۇنغا سوزۇلغان تېپىلما خاراكتېرىدىكى «نەرە» ئاۋازىنى چىقىرىشقا

بولىدۇ. ئاۋاز دائىرىسى 5° ئۆپچۆرىسىدە.

### 4. سۇناي

قەدىمكى ئۇيغۇر سۇنىيى چىلان ياغىچىدىن ياسالغان بولۇپ، كىچىك ئۇچىدا قومۇشتىن ياسالغان ئاۋاز چىقىرىش يىپىكى بولىدۇ (ئۇنى خالىغانچە ئالماشتۇرۇپ ئىشلىتىشكە بولىدۇ). سۇنايىنىڭ ئىچكى بوشلۇقى چوڭ ئېغىز تەرەپكە قاراپ بارغانسېرى كېڭىيىپ بارىدۇ. ئۇ نەيگە ئوخشاش بارماق بىلەن بېسىپ پۈۋلەش ئارقىلىق چېلىنىدۇ. سۇناي ئاۋازى ياڭراق چالغۇ بولۇپ، قەدىمكى دەۋرلەردە ناغرا - دۇمباقلار بىلەن قوشۇلۇپ ھەربىي ئىشلاردىمۇ ئىشلىتىلگەن. ھازىرغىچە تەنتەنىلىك مۇراسىملار ۋە توي - تۆكۈنلەردە قوللىنىلىپ كەلمەكتە. سۇنايىنىڭ ئۇزۇنلۇقى 43 سانتىمېتىر، كانايسىمان ئاغزىنىڭ دىيامېتىرى 8 سانتىمېتىر ئۆپچۆرىسىدە. سۇنايدا ئۈستۈنكى تەرىپىدە يەتتە، ئاستىنقى تەرىپىدە بىر، جەمئىي سەككىز ئاۋاز تۆشۈكى بولىدۇ. ئاستىنقى تۆشۈكى ئۈستۈنكى بىرىنچى تۆشۈكنىڭ ئاستىغىراق توغرا كېلىدۇ. ماھارىتى ئۈستۈن چالغۇچىلار ئۇنىڭدا تۈرلۈك تېپىلما ئاھاڭلار ۋە باشقا كۆپلىگەن زىننەت ئاھاڭلارنى ناھايىتى كېلىشتۈرۈپ چالالايدۇ. سۇنايىنىڭ ئاۋاز دائىرىسى $e^1$ دىن $g^2$ گىچە بولىدۇ.

### 5. كاناي

كاناي — بۇرغا ۋە سۇنايلارغا ئاساسەن ئۆزگەرتىلىپ ياسالغان چالغۇ. ئۇ ئاۋازىنىڭ بوملۇقى، ھەيۋەتلىكلىكى سەۋەبىدىن «نەرە» دەپمۇ ئاتالغان. دەسلەپتە تۈرلۈك مۇراسىملار ۋە دىنىي خاراكتېرلىك ئاممىۋى پائالىيەتلەردە كەڭ قوللىنىلغان.

كانايىنىڭ شەكلى سۇنايغا ئوخشىشىپراق كېتىدۇ، ئەمما ئۇنىڭدىن خېلىلا ئۇزۇن، ھەجىممۇ چوڭ، ئۇنىڭ ئۇزۇنلۇقى 1.5 — 2 مېتىر بولۇپ، دەسلەپتە ياغاچتىن، كېيىن مىستىن ياسالغان. كاناي بۇرغىغا ئوخشاش پۈۋلەپ چېلىنىدىغان چالغۇ بولۇپ، پەقەت بىرنەچچىلا تەبىئىي ئاۋازنى چېلىشقىلا بولىدۇ. كاناي ئاۋازىنىڭ يۇقىرى - تۆۋەن

ياكى بوم - ئىنچىكە بولۇشى ئۇنىڭ ئۇزۇن - قىسقىلىقىغا مۇناسىۋەتلىك. ئۇ ئاساسەن قايناق ھېسسىياتلىق سورۇنلاردا داقا - دۇمباقلارغا تەڭكەش قىلىپ، ئۇزاققا سوزۇلغان ھۇۋلاش (نەرە تارتىش) لار ئارقىلىق كەيپىياتنى يۇقىرى كۆتۈرۈشكىلا ئىشلىتىلگەن، كېيىنچە ھەجىمىنىڭ كېلەڭسىزلىكى ھەمدە مېلودىيە ئورۇنلاشقا بولماسلىقتەك كەمچىلىكى تۈپەيلىدىن كىلاسسىك چالغۇلار ئارىسىدىن تەدرىجىي يوقىلىشقا باشلىغان. ھازىر پەقەت قىزغىن كەيپىياتنىڭ سىمۋولى سۈپىتىدە سەھنە قورالى قىلىپ ئىشلىتىلمەكتە.

چالغۇلار ئادەتتە قىللىق چالغۇلار، چەكمە چالغۇلار، سوقما چالغۇلار دەپ ئۈچ تۈرگە بۆلۈنىدۇ.

قىللىق چالغۇلار — ئات قاتارلىق ھايۋانلارنىڭ قۇيرۇق قىلىدىن ياسالغان، كامانچىنى تارغا سۈركەش ئارقىلىق ئاۋاز چىقىرىدىغان چالغۇلار تۈرىدۇر. قىللىق چالغۇلاردىن ساتار، دولان قىل غېجىكى، قومۇل غېجىكى، خۇشتار قاتارلىقلار بار.

چەكمە چالغۇلار — ناخۇن، زەخمەك ياكى بارماقلار بىلەن تارنى چېكىش ئارقىلىق ئاۋاز چىقىرىدىغان چالغۇلارنى كۆرسىتىدۇ. چەكمە چالغۇلاردىن باربىت قەشقەر راۋابى، دولان راۋابى، چاپلىما راۋاب، تەمبۇر، دۇتار، قالۇن، چاڭ قاتارلىقلار بار.

سوقما چالغۇلار — قول ياكى چوكا تاياقلار بىلەن ئۇرۇپ چېلىنىدىغان تارسىز چالغۇ ئەسۋابلارنى كۆرسىتىدۇ. بۇنداق چالغۇ ئەسۋابلار مۇزىكىنىڭ رىتىمىنى بەلگىلەيدۇ، ئاھاڭغا تەسىرلىك ۋە جانلىق كەيپىيات قوشىدۇ. سوقما چالغۇ ئەسۋابلاردىن تەبلىۋاز، ناغرا، داپ، ساپايى، قوشۇق، تاش قاتارلىقلار بار.

## 4. ھۈنەر - سەنئەت ئادەتلىرى

ئويمىچىلىق (نەققاشلىق)، ھەيكەلتىراشلىق، ھۈنەر - سەنئەت، كەشتىچىلىكمۇ ئۇيغۇر سەنئەت مەدەنىيىتىدە مۇھىم ئورۇننى ئىگىلەيدۇ. خەنزۇچە مەنبەلەر ۋە ئارخېئولوگىيەلىك تېپىلمىلارغا ئاساسلانغاندا،

مىمارچىلىق، ئويمىچىلىق، ھەيكەلتىراشلىق، ھۈنەر - سەنئەت ئۇيغۇرلار ئىچىدە 6 - ، 7 - ئەسىرلەردىلا مەخسۇس كەسىپ سۈپىتىدە مەيدانغا كېلىپ تەرەققىي قىلىپ، خېلى يۇقىرى سەۋىيەگە يەتكەن. ئۇيغۇر ئۇستىلىرى بىنا قىلغان سىلىنگا دەرياسى بويىدىكى بايبالىق، ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ پايتەختى — قارا بالاساغۇن خارابىلىرىدىن تېپىلغان نەپىس ھەيكەللەر، نەقىشلەنگەن خىش - ساپاللار ۋە موگۇل دالاسىدىن تېپىلغان مەڭگۈتاش پۈتۈكلىرى ۋە دائىرىسى 25 كىۋادرات كىلومېتر كېلىدىغان كوچا - شەھەر خارابىسى قاتارلىقلار ئۆز دەۋرىدە ئۇيغۇر مىمارچىلىق سەنئىتى بىلەن ئويمىچىلىق، ھەيكەلتىراشلىق سەنئىتىنىڭ تەرەققىي قىلىپ خېلى مۇكەممەللىشىپ قالغانلىقىنىڭ پاكىتى.

8 - ئەسىرلەردە ئۇيغۇرلاردا ھۈنەر - سەنئەت شۇ قەدەر تەرەققىي قىلغانكى، ئالتۇن - كۈمۈش، قاشتاش زىننەت بۇيۇملىرى، تېگىدىن گۈل - گىياھ نۇسخىلىرى چىقىرىلىپ توقۇلغان رەختلەر ئۆز دەۋرىدە ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك ۋە ئوتتۇرا ئاسىيا بويىچە بازىرى ئىتتىك، داڭلىق، بەس - بەستە سېتىۋېلىنىدىغان مەھسۇلاتلارغا ئايلىنىپ قالغان. ئۇيغۇرلار ئىچىگە بۇددا دىنى، كېيىنچە ئىسلام دىنىنىڭ تارقىلىشىغا ئەگىشىپ بۇددا دىنى، ئىسلام دىنى ئېتىقادى ئۈچۈن ئىبادەتخانىلار، مەسچىتلەرنى سېلىشقا توغرا كېلىپ، ئۇنى بۇددا ۋە ئىسلام قائىدىسىگە مۇناسىپ گۈزەللەشتۈرۈش ئۈچۈن نەققاشچىلىق تېخىمۇ تەرەققىي قىلغان بولسا، ساكىيامۇنى ۋە ئۇنىڭ راھىبلىرىنى تەشۋىق قىلىش ئۈچۈن ھەيكەلتىراشلىق، رەسساملىق: بۇتلارنى نازۇك زىبۇ - زىننەتلەر بىلەن بېزەش ئۈچۈن زەرگەرلىك تېخىمۇ تەرەققىي قىلدى.

شۇنداق قىلىپ، يۇنان، ئەرەب، ھىندىستاننىڭ مىمارچىلىق، نەققاشلىق، رەسساملىق سەنئىتى ئۇيغۇر ئۇستىلىرىنىڭ قولىدا ئىجادىي تەرەققىي قىلدۇرۇلۇپ، ئۇيغۇرلارغا خاس مىللىي ئالاھىدىلىككە ئىگە مىمارچىلىق، نەققاشلىق، ھەيكەلتىراشلىق، رەسساملىق ۋە بىر يۈرۈش ھۈنەر - سەنئەت يېتىلىپ چىقتى ۋە ماھىر سەنئەتكارلار قوشۇنى شەكىللىنىپ، بۇ كەسىپلەر ئەۋلادتىن - ئەۋلادقا داۋاملىشىپ بۈگۈنكى

كۈنگە يېتىپ كەلدى. قىزىل، كۇچا قۇمتۇرا، تۇرپان بېزەكلىك، قاراشەھەر مىڭئۆي تاملىرىغا سىزىلغان ھەر خىل رەسىملەر، قەشقەر ھېيتگاھ، ئاپاق خوجا گۈمبىزى، يەكەن مەدرىسەسى، كۇچا قىغ دۆڭ مەدرىسەسى، تۇرپان ئىمىن ۋاڭ مۇنارى ۋە ئاتۇش، كۇچا، كورلا قاتارلىق جايلاردىكى ياغاچ ۋە گەجدە ھەر خىل مۇرەككەپ، كۆركەم گۈل نۇسخىلىرى نەقىشلىنىپ ياسالغان ئۇلتۇراق ئۆيلەر، ھەر خىل مۇرەككەپ، نەپىس، نازۇك ئالتۇن - كۈمۈش زىننەت بۇيۇملىرى، ھەر خىل نۇسخىلىق ئەتلەس قاتارلىق توقۇلمىلار ئۇيغۇر بىناكارلىق، نەققاشلىق، رەسساملىق ۋە ھۈنەر - سەنئىتىنىڭ نادىر نەمۇنىلىرىدىندۇر.

كەشتىچىلىك ئۇيغۇر ئاياللىرى ئىچىدە ئەڭ كەڭ ئومۇملاشقان ئىجتىمائىي كەسىپ، رەڭگارەڭ گۈل نۇسخىلىرىدىن تىكىلگەن دوپپىلار، كەشتىلەنگەن تەكىيە، ياستۇق قاپلىرى، لۆڭگە، رومال، كۆڭلەك، بەلباغ، تاماكا خالتىسى، پايپاق، بوۋاقلار ئىشتانپايپىقى، بۆشۈك ئۇۋدا-تارتقۇسى قاتارلىقلار ئۇيغۇر كەشتىچىلىكىنىڭ كۆزگە كۆرۈنگەن، داڭلىق، مىللىي ئالاھىدىلىكى تىپىك بولغان مەھسۇلاتلىرىدىندۇر، بولۇپمۇ دوپپىچىلىق ناھايىتى ئومۇملاشقان بولۇپ، قەشقەر ئۇيغۇر قىز-ئاياللىرىنىڭ ئەنئەنىۋى ئائىلە قوشۇمچە ئىشلەپچىقىرىشىنىڭ شەكلى بولۇپ قالغان. ئۇيغۇر دوپپىچىلىقىنىڭ كەڭ ئومۇملاشقانلىقى دوپپا كىيمەيدىغان ئەر، ئايال يوقلۇقى، دوپپا تىكىشنى بىلمەيدىغان قىز-ئاياللارنىڭ كەمدىن - كەم ئۇچرايدىغانلىقى بىلەن خاراكتېرلىنىدۇ. دوپپا ئۆز نۆۋىتىدە ئىچكى - تاشقى سورۇنلاردا ئۇيغۇرلارنىڭ سىمۋولىغا ئايلىنىپ قالغان[1].

### خەتتاتلىق

خەتتاتلىق ـــ ئۇيغۇر مەدەنىيىتىنىڭ سەنئەت تۈرلىرى ئىچىدە ئۇزاق

---

[1] ئابدۇرەھىم ھەبىبۇللا: «ئۇيغۇر ئېتنوگرافىيەسى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1993 - يىلى 4 - ئاي نەشرى، 440 - ، 442 - بەتلەر.

تارىخقا، ئۆزگىچە ئالاھىدىلىككە ئىگە بولغان يېزىق سەنئىتى. ئۇنىڭ كېلىپ چىقىشى، تەرەققىياتى يېزىق بىلەن چەمبەرچاس باغلانغان.

ئۇيغۇر خەلقى ئۇزاق تارىخي جەريانىدا تۈرك يېزىقى يەنى ئورخۇن-يېنسەي يېزىقى، قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقى، ئەرەب يېزىقى، چاغاتاي يېزىقى، ئەرەب ئېلىپبەسى ئاساسىدىكى ئۇيغۇر كونا يېزىقى قاتارلىق يېزىقلارنى قوللىنىشتىن باشقا، تارىختا براخما يېزىقى، مانى يېزىقى، قەدىمكى سۇرىيە يېزىقى قاتارلىق يېزىقلاردىن پايدىلىنىپ ھەممە ساھەدە قىممەتلىك يادىكارلىقلار قالدۇرغان. يەنە ئۇزاق تارىخي دەۋرلەردىن يېتىلىپ چىققان يۈكسەك ماھارەتكە ئىگە خەتتاتلارنىڭ ئورخۇن - يېنسەي مەڭگۈتاشلىرىدىن تارتىپ تارىم ۋادىسىدىكى بوستانلىقلاردىن تېپىلغان ھەر خىل يېزىقتىكى بېغىشلىما مەزمۇنىدىكى ھۆسنخەتلەر ۋە ئىسلامىيەتتىن بۇيانقى كىلاسسىك قول يازمىلار، دىيارىمىزدىكى قەدىمكى مەسچىت، مازار ۋە ئىمارەتلەرنىڭ ۋاسا، كاھىشلىرى، مېھراب ۋە تامغا ئويۇپ ھەل بېرىلگەن ھۆسنخەتلەردىن قارىغاندا، ئۇيغۇر خەتتاتلىقى بىناكارلىق سەنئىتىمىزدىمۇ ئۆز كارامىتىنى كۆرسەتكەن.

ئۇيغۇرلاردا ئۇزاقتىن بۇيان قوللىنىپ كېلىۋاتقان تۆز خەت نۇسخىسى، رۇقئى خەت نۇسخىسى، تەئلىق خەت نۇسخىسى، ئەسلىيە خەت نۇسخىسى، سۇلۇس خەت نۇسخىسى بولۇپ، بۇنىڭدىن باشقا، ئۆز ئالدىغا ئايرىم ھەرپ شەكلىگە ئىگە نەسخى خەت نۇسخىسى، كۇفى خەت نۇسخىسى، شەتەرەنجى كۇفى خەت نۇسخىسى، رەيھانى خەت نۇسخىسى، ئىجازەت خەت نۇسخىسى، دىۋانى خەت نۇسخىسى ۋە چەللى دىۋانى خەت نۇسخىسى قاتارلىقلار ۋە تۇۋئەم، تەسۋىرىي، كۇرگۇل، جەللى خەت نۇسخىلىرى بار. ئۇيغۇر خەتتاتلىرى بۇ نۇسخىلاردىن ئاجايىپ گۈزەل خەتلەرنى يازغان. ئۇلارنىڭ خەتلىرىنىڭ بەزىلىرى ئۆركەشلەپ تۇرغان دېڭىز دولقۇنلىرىدەك مەۋج ئۇرۇپ، كىشىگە ئۈمىد ۋە جاسارەت ئاتا قىلسا، بەزىلىرى شىلدىرلاپ ئېقىۋاتقان بۇلاق سۇلىرىنى، خۇش ناۋا سايراۋاتقان بۇلبۇللارنى ئەسلىتىپ، كىشى قەلبىگە شادلىق، خاتىرجەملىك بېغىشلايدۇ. بەزى خەتلەر ساھىبجاماللارنىڭ ھۆسنىنى

ئەكس ئەتتۈرسە، يەنە بەزىلىرى ئۇچار قۇشلارنى، گۈل - گىياھلارنى ئەكس ئەتتۈرۈپ، كىشنى ئۆزىگە مەھلىيا قىلىدۇ.

ئۇيغۇر خەتتاتلىرى مىللىي ئالاھىدىلىككە ئىگە قەلەم، قەغەز، سىياھلارنى ئىشلىتىدۇ. ئۇيغۇر يېزىقى ئېلىپبەلىك يېزىق بولۇپ، ھەرپلىرى ئۇلىنىپ يېزىلىدىغان بولغاچقا، خەتتاتلار خەتنىڭ تەكشى، كۆركەم، چىرايلىق يېزىلىشى ئۈچۈن قومۇش (بامبۇك)، ئىرغاي ياغىچى، قارىغاي ياغىچى قاتارلىقلاردا مەلۇم كەڭلىكتە، مۇقىم ئۆلچەمگە، ئېلاستىكلىق خۇسۇسىيەتكە ئىگە، سىياھ راۋان چىقىدىغان، ياپىلاق ئۇچلۇق قەلەملەرنى ياساپ ئىشلىتىدۇ. قەلەم ئۇچى 2 — 3 سانتىمېتىر ياپىلاق ئۇچلىنىپ بىرئاز ئېلاستىكلىق ھالەتكە كەلتۈرۈلىدۇ، ئۇچىنىڭ ئىككى قىرلىق تەرىپى زۆرۈر بولغان كەڭلىكتە ئۆلچەمگە ئاساسەن سىلىقلىنىدۇ ۋە ئۇچىنى 15 — °35 تەكشىلەپ كېسىپ، ئۇچىنىڭ قاق ئوتتۇرىسىدىن تەخمىنەن 1 — 1.5 سانتىمېتىر جىراق ئېچىپ قويىدۇ.

قەغەز: ئۇيغۇرلار ئۇزاق تارىختىن بۇيان كەندىر، ئۈجمە دەرىخى قوۋزىقىدىن قەغەز (خوتەن قەغىزى) ياساپ، قەغەزنى تاختاي ئۈستىدە قويۇپ، قاشتاش ياكى سىلىق تاش بىلەن سۈرۈپ چىڭداپ، سىلغايتىپ پىششىقلايدۇ.

سىياھ: خەتتاتلار قارا سىياھ ئىشلىتىدىغان بولۇپ، سىياھقا ناۋات ئارىلاشتۇرىدۇ. بۇنداق سىياھ يېپىشمايدۇ، ئاسان توزۇمايدۇ. قەدىمدىن باشلاپ راۋاج تاپقان ئۇيغۇر خەتتاتلىق ئەنئەنىسى بۈگۈنكى كۈندە تېخىمۇ تەرەققىي قىلىپ، دۇنيا جامائەتچىلىكىنىڭ دىققەت - ئېتىبارىنى قوزغايدىغان ئالاھىدە بىر سەنئەت تۈرىگە ئايلاندى.

**ھەيكەلتىراشلىق**

ھەيكەلتىراشلىق ئۇيغۇرلار بۇددا دىنىغا ئېتىقاد قىلغان مەزگىللەردە تازا تەرەققىي قىلغان. بۇنى كېرىيە خارابىسىدىن قېزىۋېلىنغان 5 - ئەسىرگە ئائىت بۇددا ھەيكىلى، خوتەندىكى يوتقان خارابىسىدىن قېزىۋېلىنغان ساپال قۇش، تۇرپاندىن قېزىۋېلىنغان لاي قورچاق، رەڭلىك لاي ئات ھەيكىلى، ساماۋى خانغا تەقلىد قىلىنغان رەڭلىك

ياغاچ ھەيكەل، قاراشەھەردىن قېزىۋېلىنغان ياغاچتىن ئويۇلغان ۋاجرا پالۋان ھەيكىلى، يەنە لايدىن ياسالغان ئەركىشىنىڭ بېشى ۋە بۇدساتۋا بېشى قاتارلىقلار ئىسپاتلايدۇ.

ئۇيغۇرلار 10 - ئەسىردە ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلغان. شۇنىڭدىن كېيىن ھەيكەلتىراشلىق ھەر خىل دىنىي سەۋەب ۋە چەكلىمىلەر بىلەن قاتاردىن قېلىپ، نەققاشلىققا ئۆزگەرگەن. ھەيكەلتىراشلار ئۆز ماھارىتىنى ئۇيغۇر بىناكارلىق سەنئىتىگە قارىتىپ، تام - تورۇس، دېرىزە - ئىشىك گىرۋەكلىرىگە، مېھرابلارغا، مۇنار، گۈمبەزلەرگە ھەر خىل گەج ئويما نەقىشلەر بىلەن گۈل سىياقى، غۇنچە پورەكلىرى، مېۋە - چېۋىلەر، بۇغا - ماراللار، چالغۇ ئەسۋابلار، ئۆي بىساتى، ھۆسنخەتلەرنى چۈشۈرۈش بىلەن نامايان قىلغان.

دەۋرىمىزگە يېتىپ كەلگەن ھەيكەلتىراشلىق تارىخىدىن قارىغاندا، ئۇ ئۆزگىچە ئۇسلۇب ۋە مىللىي ئالاھىدىلىككە ئىگە ئىكەنلىكى بىلىنىدۇ.

ئۇيغۇر ھەيكەلتىراشلار گەج، پولات چۆيۈن، ماتا ياكى پاخال ۋە تۇخۇمنىڭ ئېقىنى ماتېرىيال قىلىدۇ، گەج ئاساسىي ئورۇندا تۇرىدۇ.

ئۇيغۇر ھەيكەلتىراشلار گەجنى بېلىق گەج، توم گەج دەپ ئىككىگە ئايرىيدۇ. بېلىق گەج ئۇزۇنچاق بولۇپ، چىدامىلىق بولىدۇ. توم گەج ئۇيۇل، يوغان بولىدۇ. ئۇيغۇر ھەيكەلتىراشلار بېلىق گەج ئىشلىتىدۇ.

گەج تەييارلاش: بېلىق گەجنى ئۇششاقلاپ تونۇردا پىشۇرۇپ، سوقۇپ ئەلگەكتىن ئۆتكۈزۈپ، مەلۇم مىقداردىكى گەجنى سۇغا سېلىپ دوغاپ تەييارلاپ قويىدۇ، بىرقانچە مىنۇتتا گەج لەخپۇخدەك قاتىدۇ، ئاندىن ئىشلىتىشكە باشلايدۇ.

ھەيكەلتىراشلىق ئەسۋابلىرى: گۈشتە گەردە (ئەندۇۋا شەكلىدە بولىدۇ)، بۇ رەندە گەردە (موزدۇز رەندىسىگە ئوخشاش)، نوكەش گەردە، زىنچى گەردە، ئىسكىنە گەردە قاتارلىق پولات تىغلاردىن ئىبارەت.

ھەيكەل ياساش ئۇسۇلى: ئادەم ياكى ھايۋانات ھەيكىلىنى ياسىماق بولسا، ئالدى بىلەن پولات چۆيۈنتا ئۇنىڭ جازىسىنى قۇرىدۇ. جازىنى سىرلاپ، ئۈستىگە ماتا ياكى پاخال يۆگەپ، ھەيكەلنىڭ ئەزا

كۆرۈنۈشلىرىنى مۇقىملاشتۇرىدۇ، ئاندىن گەجنى ھۆل ۋاقتىدا ماتا ئۈستىگە سۈركەيدۇ، گەج مەلۇم قېلىنلىقتا يەتكەندە كېرەكلىك سايمان بىلەن قىرىپ، ھەيكەلنىڭ تاشقى كۆرۈنۈشىنى پۈتكۈزىدۇ. چاپلىما ھەيكەللەر، مەسىلەن تامغا چاپلىنىپ، بىر يۈزى كۆرسىتىلىپ ياسىلىدىغان ئادەم بېشى ياكى پۈتۈن تۇرقى بولسۇن، بۇ خىلدىكى ھەيكەللەرگە قېلىپ ئىشلىتىدۇ، بىرنى ئەينەن ياساپ، ئۇنىڭدىن قېلىپ ئېلىپ، قالغانلارنى گەج بىلەن قۇيۇپ قۇرۇتۇۋالىدۇ.

ئۇيغۇرلار ھەيكەل پۈتكەندىن كېيىن، تۇخۇمنىڭ ئېقىنى ماتا بىلەن ھەيكەل ئۈستىگە سۇۋاپ پەرداز بېرىدۇ. بۇنىڭدا ھەيكەل پارقىراق، سىلىق بولۇش بىلەن بىرگە يېرىلمايدۇ، يامغۇر، نەملىكنى قوبۇل قىلمايدۇ. ئۇزاق مۇددەت تۇپراق ئاستىدا تۇرسىمۇ ئەسلي ھالىتى ئۆزگەرمەيدۇ.

图书在版编目（CIP）数据

喀什噶尔民俗文化 ：维吾尔文 / 阿布都克里木·热合曼，阿迪力·穆罕穆德编. -- 喀什 ：喀什维吾尔文出版社，2012.6
（《喀什噶尔》系列丛书 ；12）
ISBN 978 — 7 — 5373 — 2711 — 4

Ⅰ. ①喀… Ⅱ. ①阿… ②阿… Ⅲ. ①维吾尔族—少数民族风俗习惯—喀什地区—维吾尔语（中国少数民族语言） Ⅳ. ①K892.315

中国版本图书馆 CIP 数据核字(2012)第 139267 号

责任编辑：阿布力孜·吾麦尔 安加尼
责任校对：拜合提亚尔·阿布力米提

《喀什噶尔》系列丛书（12）

# 喀什噶尔民俗文化

编著：阿布都克里木·热合曼
阿迪力·穆罕穆德

喀什维吾尔文出版社出版发行
（喀什市塔吾古孜路 14 号 邮编：844000）
各 地 新 华 书 店 经 销
喀什维吾尔文出版社印刷厂印刷
880×1230 毫米 1/32 开本 13.125 印张 2 插页
2012 年 7 月第 1 版 2012 年 7 月第 1 次印刷
印数：1 — 3000 定价：39.00 元

如有质量问题，请与我社联系调换 电话：0998 _ 2653927

مۇقاۋىنى لايىھەلىگۈچى: ۋاڭ ياڭ



ISBN 978-7-5373-2711-4

9 787537 327114 >

（民文）定价：39.00 元